ياسىنجان سادىق چوغلان

# باھادىرنامە

3



مىللەتلەر نەشرىياتى · بېيجىڭ

ياسىنجان سادىق چوغلان

3

مىللەتلەر نەشرىياتى



ISBN 978-7-105-11013-1

9 787105 110131 >

定价：45.00元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ياسىنجان سادىق چوغلان

# باھادىرنامە

(تارىخىي رومان)

3

مىللەتلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com



ياسىنجان سادىق چوغلان ◆ 1987 - يىل

## 52

مىلادىيە 1457 ـ يىلى، قەشقەر.

ئۈرۈك پىششىقى، چاچ ـ ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان سەييىدئەلى ئالپقا تولۇق قىرىق يەتكەن بولۇپ، قامەتلىك گەۋدىسى خېلىلا مۈكچىيىپ قالغانىدى. يول ماڭسا پۇت ـ قوللىرى سىرقىراپ ھاسىراپ قالاتتى، ئات مىنەلمەيتتى. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ يول يۈرۈش قورالى مەپە ياكى تەختىراۋان بولۇپ قالغانىدى. ياز كىرىشى بىلەنلا يىللاردىكىدىن بۇرۇن باشلانغان تومۇز كىشىگە قۇياش پەسلەپ كەتكەندەك تۇيغۇ بېرەتتى. قەشقەر شەھىرىدە بىر تامچىمۇ يامغۇر ياغمىغىنىغا بىر ئاي بولاي دەپ قالغانىدى. قەشقەرنىڭ ھاۋاسىنى تەڭشەپ تۇرىدىغان تۈمەن، قىزىل دەريالىرىنىڭ سۈيى سوغۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، دىمىق ھاۋا كىشىنىڭ نەپسىنى بوغاتتى. ئىسسىققا چىدىمىغان سەييىدئەلى ئالپنىڭ تۈمەن دەرياسى بويىغا جايلاشقان ئانارلىق باغقا چىقىۋالغىنىغىمۇ بىر ئاي بولۇپ قالغانىدى. نامى ئانارلىق باغ بولغىنى بىلەن بۇ ئىقلىمدا تېپىلىدىغان بارلىق يەل ـ يېمىشلەر بۇ باغدا بار ئىدى. دادىسى ئەمىر سەييىد ئەھمەد مىرزا زامانىسىدا تىكىلگەن قىرىق ـ ئەللىك تۈپ چىنار قۇچاق يەتكۈسىز يوغىناپ كۆككە بوي سوزغان بولۇپ، چىنارنىڭ سايىسى پاشىنىڭ تولىلىقىنى دېمىگەندە تولىمۇ سالقىن، راھەتلىك ئىدى. ئاپئاق يىپەكتىن تامبال، كۆڭلەك كىيىپ، تۆت تۈپ چىنارنىڭ ئوتتۇرىسىغا تارتىلغان كات سەگۈنچەكتە يانپاشلاپ ياتقان سەييىدئەلى ئالپ كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇۋالغانىدى. تۆت مەھرەم يىگىتتىن بىرى باش تەرىپىدە، بىرى ئاياغ تەرىپىدە ئولتۇرۇپ قوللىرىدىكى قوتاز قۇيرۇقلىرى بىلەن

www.uyghurkitap.com

چىۋىن ـ پاشىلىرىنى قورۇيتتى، يەنە ئىككى مەھرەم يىگىت پۇت ـ قوللىرىنى يۇمشاق تۇتاتتى. كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ ياتقان سەيىدئەلى ئالپىنىڭ خىياللىرى تىنچسىز ئىدى. ئورۇق، ماغدۇرسىز ۋۇجۇدىنى غەم تاغلىرى بېسىۋالغاندەك قىلاتتى. دېمىسىمۇ مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئايغاقچىلارنىڭ ھەپتە ياكى ئاي ئارىلاپ يەتكۈزگەن خانزادە يۇنۇسخانغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەر ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارامىغا ھالاقەت يەتكۈزۈپ، غېمىنى بارغانسېرى ئاشۇرۇۋېتىپ باراتتى. يۇنۇسخاننىڭ تۈركىستان، تاشكەنتنى مەركەز قىلىپ، ئىنىسى سۇلتان ئىسان بۇغاخاندىن موغۇلىستان سەلتەنەتىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ھەدەپ لەشكەر، ئوزۇق ـ تۈلۈك جۇغلاۋاتقانلىقى، دەسلەپ كۆنچى ئەمىرى شىرھاجى بەگكە، كېيىن بەدەخشان ھۆكۈمدارى سۇلتان مۇھەممەدخانغا كۆيۈئوغۇل بولغانلىقى، ئاق كىگىزدە ئولتۇرۇپ ئۆزىنى سۇلتانخان دەپ جاكارلاپ، موغۇلىستان تەۋەسىدىكى بىر قىسىم ۋىلايەت، ئايماقلارنىڭ ئەمىر، بەگلىرى بىلەن ئاستىرتىن تىل بىرىكتۈرۈۋاتقانلىقى، مىركەرىمبەردى بەگ، ھەقبەردى مىرزا ۋە ئەمىر بەگچەكلەرنىڭ يۇنۇسخانغا بەيئەت قىلىپ، ئىسان بۇغاخان سەلتەنەتىنى بايقۇت قىلىپ، ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىسيان بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققانلىقى ئۇنىڭغا سىر ئەمەس ئىدى.

بۇنىڭدىن بەش ـ ئالتە يىل ئىلگىرى ئەندىجاننى ئىشغال قىلىپ، پۈتكۈل ئەندىجان شەھىرىدىكى خەلقنى خۇددى پادا ھەيدىگەندەك كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەلگەن سۇلتان ئىسان بۇغاخان بولسا، تا مۇشۇ كەمگىچە ئىككى گەپنىڭ بىرىدىلا ئەندىجان يۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىدىن ماختىنىپ، دادىسى مەرھۇم سۇلتان ئۇۋەيسخان بىرنەچچە قېتىم لەشكەر تارتىپمۇ ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان شەھەرنى ئۆزىنىڭ ئالغىنىنى داڭلاپ يۈرەتتى. ئەمىر ـ سەركەردىلىرى ئۇنىڭ ئەندىجان شەھىرىنى سەۋەبسىزلا تاشلاپ قايتىپ كەلگىنىنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق يۈزىگە سالالمىغىنى بىلەن بىر ـ بىرىگە قاراپ مەنىلىك كۈلۈشەتتى، كەينىدىن غوتۇل-

دىشاتتى، زاڭلىق قىلىشاتتى. ئەلۋەتتە، ئاقسۇ ئوردىسىدا سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ ئەندىجان يۇرۇشىنى ماختاپ، ئۇچۇرۇپ، كۆككە كۆتۈرىدىغان، ئۇنى تۇغلۇق تۆمۈر، ئەمىر تۆمۈر ھەتتا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنگە تەققاسلاپ خۇشامەت قىلىدىغان بىر تۈركۇم نان قېپى ئەمىرلەرمۇ بار ئىدى.

سەييىدئەلى ئالپ ئاشۇ قېتىمقى ئەندىجان يۇرۇشىنى ئېسىدگە ئالغىنىدا ئىچى ئاچچىق بولۇپ كېتەتتى، خانغا ھەمراھ بولۇپ بارمىغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىلاتتى. شۇ چاغدا ئەندىجان يۇرۇشىدىن قايتىپ كەلگەن پولات باھادىر سەييىدئەلى ئالپقا يەتكۈچە دەرد تۆكتى. سۇلتان ئىسان بۇغاخاننى ئەخمەق، قورقۇنچاقلىقتا، تەدبىرسىزلىكتە ئەيىبلىدى. ئەمما، سەييىدئەلى ئالپ بۇ ئىش ئۈچۈن ئىسان بۇغاخاننى ئەيىبلىيەلمەيتتى. ئۇ پەقەت پولات باھادىرغا تەسەللى بېرىشكە، خاننىڭ نۇسرىتىنى قۇتلۇقلاشقا مەجبۇر بولاتتى.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئەندىجان يۇرۇشىنىڭ نۇسرىتىنى قەشقەردە بىرەر ئاي يەتكۈچە تەبرىكلەپ داۋراڭ قىلغاندىن كېيىن موغۇلىستان تەۋەسىدىكى بارلىق ۋىلايەتلەرنىڭ ئەمىرلىرىنى پايتەخت ئاقسۇغا يىغىلىشقا يارلىق چۈشۈرۈپ، ئاقسۇدا بىر ئايغىچە زىياپەت ـ بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ تەبرىكلىدى. خاننىڭ بۇ زىيادە داغۋازلىقى، بىر قىسىم ئەمىرلەرنىڭ خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن خاننى كۆككە كۆتۈرۈشلىرى كۆڭلىگە ياقمىغان پولات باھادىر بىر قېتىملىق بەزمىدە كەيپىكىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ئەيتاۋۇر خاننى ئەيىبلەشكە جۈرئەت قىلدى:

— بۇ نۆۋەتتىكى ئەندىجان يۇرۇشىنىڭ نۇسرىتى ئەلۋەتتە جانابى ئالەمپاناھىمىزنىڭ شىر پەنجىلىك قۇدرىتىدىن مۇستەسنا ئەمەستۇر. جانابى قىبلىگاھىمىز بېشىمىزدا سايىۋەن بولۇپ تۇرۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا، باھادىر سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىزجان پىدالىق كۆرسىتىپ ئەندىجان شەھىرىنى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولالىدى. ئەمما، تولىمۇ ئەپسۇسكى، يۈزلىگەن ئەزىمەتلىرىمىز-

نىڭ ئىسسىق جېنى بەدىلىگە ئالغان ئەندىجان شەھىرىنى يەنە شۇ پېتىچىلا تاشلاپ بېرىپ قايتىپ كەلدۇق. ئۇشبۇ سورۇندىكى جانابى ئەمىر ـ سەركەردىلەرگە مەلۇمكى، ئەندىجان شەھىرىدە مەزمۇت پۇت دەسسەپ تۇرغان بولساق، باي پەرغانە ۋادىسىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ، ئىككىنچى قەدەمدە سەمەرقەنت شەھىرىگە يۈرۈش قىلىپ ماۋەرائۇننەھر، خۇراسان ۋادىسىنى تەسەررۇپىمىزغا ئېلىشىمىزغا ئاساس سالغان بولاتتۇق. مانا بۇ مۇددىئايىمىز روياپقا چىققان بولسا، يالغۇز ئەندىجان يۈرۈشىنىڭ نۇسرىتىنى ئوردىدا تەبرىكلەپ ئولتۇرۇش بىلەنلا چەكلەنمەي، پۈتكۈل ئەل ـ يۇرتقا بايرام تەنتەنىسى جاكارلىغان، قۇدرەتلىك ئانىھەزرىتىمىنىڭ شانۇ شەۋكىتىنىمۇ ئون سەككىز مىڭ ئالەمگە تاراتقان بولاتتۇق.

شۇ دەقىقىدە خۇشامەت سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆزى يۇمۇلۇپ كەتكەن سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ چىرايىغا زىمىستان بۇلۇتى سايە تاشلىدى، پولات باھادىرغا ياقتۇرمىغان نەزەردە قاراپ قويدى.

ــ بۇ گەپچە قۇدرەتلىك ئالەمپاناھىمىزنىڭ شەۋكىتى خىرەلەشتى دېمەكچىمۇ سىلى؟ ــ دېدى ئوردا ئىشىكئاغىسى زۇنۇن دوغلات ئوتتۇرىغا قىلىپ.

ــ يوقسۇ، ــ دېدى پولات باھادىر زۇنۇن دوغلاتنىڭ كۆزىگە مىختەك تىكىلىپ تۇرۇپ، ــ سۆزۈمدە زىنھار ئۇنداق مەنە يوقتۇر.

ــ بۇ گەپنى ئەمدى دېيىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ــ دېدى زۇنۇن دوغلات تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ، ــ سىلى ئەندىجان يۈرۈشىنىڭ ئەمىر لەشكىرى بولغاندىكىن ئۇشبۇ مۇددىئالىرىدىن قىبلىگاھىمىزنى ئۆز ۋاقتىدا ۋاقىپلاندۇرۇشلىرى كېرەك ئىدى. ئەمدىلىكتە ئەندىجان يۈرۈشىنىڭ نۇسرىتىنى خىرەلەشتۈرىدىغان ئىباردىلەرنى قىلغانلىرى شۈبھىسىزكى ئەندىجان يۈرۈشىنىڭ نۇسرىتىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى بولىدۇ. بۇ خۇددى تاماقنى ئېتىپ مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇپ بولغاندا ئەتكەن ئېشىم ئوخشىماپتۇ دېگەندەك گەپ بولۇپ قالامدۇ؟

پولات باھادىر زۇنۇن دوغلات بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە ئالدىرىمىدى. شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ كۆزى سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىدى. زۇنۇن دوغلات پولات باھادىرنى چۆكۈرۈپ، خانغا خۇشامەت قىلىمەن دەپ، ئەمەلىيەتتە سۇلتان ئىسان بۇغاخاننى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. پولات باھادىر ئۇنىڭ بىلەن زاكۇنلىشاي دېسە خاننىڭ تېخىمۇ ئوسال بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، جىم تۇرۇۋالاي دېسە زۇنۇن دوغلاتنىڭ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ خاننى ئېچىتىشىدىن ۋايىم يەپ قالغانىدى. ئۇ بىرنەچچە دەقىقە ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ قوياي، جانابلىرى كەمىنەنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشىنەلمىگەن ئوخشايدىلا، چۈشەنمىگەن سۆزدىن بىلەرمەنلىك قىلىپ مەنە ئىزدەش تولىمۇ بىمەنىلىكتۇر. ياراتقان ئاللاھ ئىگەم ئاۋامنىڭ ئاسايىشلىقى، ئالەمنىڭ تەرتىپ ـ ئىنتىزامىنى، سەلتەنەتنىڭ شەۋكىتىنى ئالىي مەرتىۋىلىك خان ـ سۇلتانلارنىڭ لۇتۇف ـ ئېھسانى بىلەن قەھرى ـ غەزىپىگە قارايدىغان قىلىپ ياراتقاندۇر ۋە تەسەررۇپىدىكى ھەممە ئەلكۈننى ئۇنىڭ ئىتائىتىدە بولۇشقا بۇيرۇغاندۇر. ئايەت كەرىمدە ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش باشقۇرغۇچىلارغا بويسۇنۇڭلار، ھەر ئىشتا قەتئىي ھۆكۈم قىلغۇچى يەنىلا ئاللاھدۇر دېيىلگەن. بىز پەقەت ئەندىجان يۇرۇشىدە جانابى قىبلىگاھىمىزغا پەرمانبەردارلىق قىلدۇق. ئەلۋەتتە، مەسلىھەت، تەدبىرلىرىمىزنى ھەم ئايىمىدۇق.

پولات باھادىر قىستاپ كەلگەن غەزىپىنى بېسىۋېلىپ ئۆزىگە ھاي بەردى ھەمدە سۆزىنىڭ ئايىغىنى يۇتۇۋەتتى، سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا يەر تېگىدىن قاراپ قويدى.

— جانابى ئەمىرلەرنىڭ ئۇشبۇ بەزمە سورۇنىنى مۇنازىرە سورۇنىغا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ مۇنازىرىنىڭ داۋاملىشىشىغا يول قويسا ياخشى ئاقىۋەت كېلىپ چىقمايدىغانلىقىنى، سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ

www.uyghurkitap.com

تولىمۇ كەيپسىزلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ـــ ئەندىجان يۈرۈشىنىڭ نۇسرىتىنى ئەلۋەتتە بەزمە ھەتتا بايرام بىلەن قۇتلۇقلاشقا لايىقتۇر. پولات باھادىر جانابلىرىنىڭ مۇددىئاسىمۇ ھەم شۇنداقتۇر. جەڭ ـ يۈرۈشلەردە غەلىبە ـ نۇسرەتنىڭ نۆۋىتى بولماس. مەرھۇم جەننەتماكان سۇلتانىمىز ئۇۋەيسخان ئالىيلىرى شۇنچە ئۇرۇنۇپمۇ ئېچىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان ئەندىجان شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ جانابى قىبلىگاھىمىزنىڭ قۇدرىتى سايىسىدا ئېچىلىشى ئەلۋەتتە ياخشىلىقتىن بېشارەتتۇر. ئاللاھ خالىسا يۇختا تەييارلىق كۆرۈپ قايتا يۈرۈش قىلغايمىز. بەلكىم ئەندىجاننىلا ئەمەس، سەمەرقەنت، ھىرات دەرۋازىلىرىنىمۇ ئېچىپ، زەپەر تۇغىمىزنى ئۇشبۇ شەھەرلەرنىڭ دەرۋازا ـ سېپىللىرىغا قادىغايمىز.

سەييىدئەلى ئالپىنىڭ بۇ سۆزلىرى سورۇندىكى جىددىي كەيپىياتنى بىردىنلا يۇمشاتتى. ئىسان بۇغاخاننىڭ چىرايىغىمۇ قايتىدىن ۋىللىدە كۈلكە يۈگۈردى. ئەمىرلەر قايتىدىن قەدەھ سوقۇشتۇرۇپ تىلەك بىلدۈرۈشكە كىرىشتى:

ـــ ئاللاھ ئىگەم شۇنداق قىلىشقا نېسىپ قىلغاي.

ـــ ئالەمپاناھ سۇلتانىمىزنىڭ شىر پەنجىسى ھەرقانداق مۇستەھكەم قەلئەنىڭ دەرۋازا ـ قوۋۇقلىرىنى ئېچىشقا قادىردۇر.

ـــ غەلىبە ئۈچۈن.

ـــ نۇسرەتلىك سەمەرقەنت يۈرۈشى ئۈچۈن.

ـــ نۇسرەتلىك ھىرات يۈرۈشى ئۈچۈن.

ـــ بەلكىم باغداد، دەمەشقلەرگىمۇ يۈرۈش قىلارمىز...

ئانارلىق باغدىن ئۈچۈپ ئۆتكەن قاغىنىڭ قاقىلدىشى سەييىدئەلى ئالپىنىڭ خىياللىرىنى ئۈزۈپ قويدى، ئۇ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنى يەلپۈپ ئولتۇرغان مەھرەم يىگىت بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ ئىزاھات بەردى:

ـــ يېقىندىن بېرى شەھەردە قاغا كۆپىيىپ قالدىغۇ تاڭ. ئاتايلى دېسەك قونماي ئۇچۇپ كېتىدۇ كاساپەت.

سەيىدئەلى ئالپ لام ـ جىم دېمىدى.

ــ ئۇسسۇلۇق ئىچەملا ھەزرىتىم؟

ــ ياق، ــ دېدى سەيىدئەلى ئالپ بېشىنى قايتىدىن ياس- تۇققا تاشلاپ.

مەھرەملەر ئەمىرگە گەپ خۇش ياقمايۋاتقانلىقىنى ھېس قى- لىپ ئۇن ـ تىنسىز چىقىپ ـ پاشا قورۇشقا كىرىشتى.

سەيىدئەلى ئالپقا مەھرەم يىگىتنىڭ: «يېقىندىن بېرى قاغا كۆپىيىپ قالدى» دېگەن سۆزلىرى تەسىر قىلغانىدى.

«شەھىرىمىزدە قاغىنىڭ كۆپىيىپ قېلىشى ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس. ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ: ‹قاغىنىڭ قاقىلدىشى شۇم- لۇقتىن بېشارەتتۇر› دەيدىغان گېپى بار. ھەر ھالدا تېخىمۇ ئېھ- تىياتچان بولغان تۈزۈك. چوڭ ياغى بۇرنىمىزغا پۇراپلا تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا يۇزلەنمەي قۇتۇلغىلى بولماسمۇ زادى...»

سەيىدئەلى ئالپ ئاستا بىر يانغا ئۆرۈلدى ـ دە، بىرنەچچە يىلدىن بېرى تۈركىستاندا لەشكەر، ئوزۇق ـ تۈلۈك جۇغلاپ، مو- غۇلىستانغا خىرىس قىلىپ تۇرغان يۇنۇسخاننى كۆز ئالدىغا كەل- تۈردى.

ئۇ، خانزادە يۇنۇسخاننىڭ شىرازدىن ماۋەرائۇننەھىر ھۆ- كۈمدارى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ تەكلىپى بىلەن قايتىپ كەلگەنلىكىدىن تولىمۇ كېچىكىپ خەۋەر تاپقانىدى. ئۇ يۇنۇسخا- نىڭ قايتىپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان ۋاقتىدا يۇنۇسخان ئاللىقاچان كۆنچى ئەمىرى شىر ھاجى بەگنىڭ قىزى ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەنلا ئەمەس، بەدەخشان ھۆكۈمدارى سۇلتان مۇھەممەد- خاننىڭ قىزى شاھ بېگىم بىلەنمۇ توي قىلىپ بولغانىدى. بۇ خە- ۋەر ئۇنى قاتتىق چۆچۈتتى. ئۆزىنىڭ تولىمۇ بىخۇد تۇرۇپ قالغان- لىقىغا پۇشايمان قىلدى. يۇنۇسخاننىڭ ئەھۋالىنى، ئوي ـ خىيا- لىنى تېخىمۇ تەپسىلىي بىلىپ كېلىش ئۈچۈن تۈركىستان، كۆن- چى، بەدەخشان ۋادىسىغا ئارقىمۇئارقا ئايغاقچى ماڭغۇزدى. ئاقسۇ- غا ــ سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا جىددىي مەلۇمات يوللاپ، ئۇنى

كۇچلۇك دۈشمەندىن ئاگاھلاندۇردى. ئەمما، سۇلتان ئىسان بۇغاخاندىن خېلى مەزگىللىگىچە جاۋاب كەلمىدى. تېخىچىلا ئەندىجان يۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىدىن ھاياجىنى بېسىلمىغان سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئوردا ئىشلىرىنى ئەمىرلىرىگە تاشلاپ قويۇپ يايلاققا ئوۋ تاماشاسىغا چىقىپ كەتكەنىدى.

ھەئە، ئاشۇ چاغدا ئاقسۇدىكى بەزمىدە پولات باھادىر بىلەن زۇنۇن دوغلات ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن مۇنازىرىدىن كېيىن، ئۇزاق ئۆتمەي ئىسان بۇغاخان قومۇل ۋىلايىتى تەۋەسىنى موڭغۇللارنىڭ پاراكەندە قىلغانلىقىنى باھانە قىلىپ، پولات باھادىرنى «شەرقىي چېگرانى تىنچىتقۇچى بۈيۈك سەركەردە» دېگەن نام بىلەن قومۇلغا ئەۋەتىۋەتكەنىدى. بۇ خەۋەر قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندە ئەمىر سەييىدئەلى ئالىپ تولىمۇ ئەپسۇسلاندى. ئەمما، پولات باھادىرنى ئاقسۇغا قايتۇرۇپ كېلىشكە ئامالسىز قالدى. شۇ كۈنلەردە سۇلتان ئىسان بۇغاخاننى سەلتەنەت ئىشلىرىغا دەۋەت قىلىپ، ئويۇن - تاماشا، بەزمە - باراۋەتلەردىن توسۇپ، دۈشمەندىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرغىدەك تۈزۈك ئەمىر ياكى سىپاھلار يوق ئىدى. ئۇلۇسبېگى مىر مۇھەممەد شاھ سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئەندىجان يۇرۇشىدىن قايتىپ كېلىپ ئالتە ئايدىن كېيىن ئاغرىپ قازا قىلغانىدى. ناۋادا ھايات بولغان تەقدىردىمۇ سەلتەنەت ئىشلىرىدىن ئاللىقاچان قول ئۈزگەن قېرى بوۋاينىڭ نەسىھەتلىرىنى ئىسان بۇغاخاننىڭ ئاڭلىشى ناتايىن ئىدى. ئىسان بۇغاخان ئەندىجان يۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى كۆز - كۆز قىلىش خۇمارىدىن چىقالماي بوۋىسىنىڭ قارىسىنى قىرىق كۈن تۇتۇشقا ئاران چىدىغانىدى. ئۇ بەزمە - باراۋەتكە قايتىدىن خۇمار بولۇپ قالغان، بىر توپ خۇشامەتچى ئەمىرلەرنىڭ قورشاۋىدا قالغانىدى. سەييىدئەلى ئالىپ تاغىسى مىر مۇھەممەد شاھنىڭ ئۆلۈم پەتىسى ئۈچۈن بارغاندىن بېرى، ياشىنىپ، تېنى بارغانسېرى ئاجىزلاپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئاقسۇغا قايتا بارالمىدى. گەرچە ئىسان بۇغاخاننىڭ يېنىدا ئىككى ئوغلى — سانىز مىرزا بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بولسىمۇ،

ئۇلار تېخى ياش ئىدى، خانغا مەسلىھەت، يول كۆرسەتكۈدەك ئابرۇيى ھەم تەجرىبىسى يوق ئىدى. ئۇلار پەقەت ئوردىدىكى ئىشلاردىن دادىسىغا پات ـ پات مەلۇمات يوللاپ، خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرالايتتى.

سەييىدئەلى ئالىپ بىر تەرەپتىن ئوردىغا يۇنۇسخاننىڭ ئەھۋالىدىن توختىماي مەلۇمات يوللاپ، سۇلتان ئىسان بۇغاخاننى لەشكىرىي ھازىرلىق كۆرۈشكە دەۋەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قەشقەردە ئۆز ئالدىغا لەشكەر توپلاپ، مەشىقلەندۈرۈپ، ئوزۇق ـ تۈلۈك غەملەپ، شەھەر سېپىلىنى مۇستەھكەملىدى. سەركەردىسى ئالچىنبەگنى بۇيرۇپ مۇھىم ئۆتكەل، داۋان، تاغ ئېغىزلىرىغا لەشكەر ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە يۇنۇسخانغا، ئۇنىڭ تۈركىستانغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى مۇبارەكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، شۇنداقلا قېرىنداشلىقنىڭ يۈز ـ خاتىرىسىنى قىلىپ ئىنىسى ئىسان بۇغاخاندىن تەخت ـ سەلتەنەت دەۋاسى قىلىپ لەشكەر تارتىپ كەلمەسلىككە، ئاتا مىراس زېمىننى رەھىمسىز ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىقا، ئارىدىكى نىزا ـ ئاداۋەتلەرنى سۆھبەت يولى بىلەن تىنچ ھەل قىلىشنىڭ ئىمكانىيىتىنى قىلىشقا ئۈندەپ، ئاگاھلاندۇرۇپ بىرنەچچە قېتىم خەت ئەۋەتتى. لېكىن ئەۋەتكەن خەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى يۇنۇسخان جاۋابسىز قالدۇردى. ئەمما، پۇرسەت پىشىپ يېتىلمىدى دەپ قارىدىمۇ ياكى لەشكىرىي ھازىرلىقلىرى پۈتمىدىمۇ ئەيتاۋۇر بۇ بىرنەچچە يىلدا لەشكەر تارتىپ كەلمىدى. لېكىن سەييىدئەلى ئالىپ بۇنىڭلىق بىلەن خاتىرجەم بولالمىدى. ئۇ ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق يۇنۇسخاننىڭ موغۇلىستانغا يوشۇرۇن ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ ئەمىرلىرى بىلەن مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە، ئۆزىنى قوللاشقا ئۈندەۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ تۇردى، يۇنۇسخاننىڭ تەخت سەلتەنەتنى تەلتۆكۈس قولغا ئېلىش ئۈچۈن، ھە دېگەندە لەشكەر تارتىپ كېلىشكە ئالدىرىماي، بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن تۈزۈۋاتقان بۇ يۇمشاق ھۇجۇم

تەدبىرىگە قايىل بولماي تۇرالمىدى. «ئوچۇق ـ ئاشكارا لەشكەر تارتىپ، قىلىچ يالىڭاچلاپ كەلگىنىدىن، مەخپىي يوسۇندا بۆلگۈنى. چىلىك سالغىنى يامان، چوڭ خانزادە ھەقىقەتەن ھەر تەرەپتىن پىشىپ يېتىلىپتۇ. ئۇنىڭ باغداد، شىراز قاتارلىق كاتتا شەھەرلەردە ئۇستاز يۇنۇس دېگەن نامى بىكارغا تارالمىغانىكەن. تېخىمۇ قاتتىق ئېھتىيات قىلسام بولغىدەك» دەپ ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى.

ئۇ يۇنۇسخان بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىش ئېھتىمالى بار دەپ پەرەز قىلغان بىر قىسىم ۋىلايەت، شەھەرلەرنىڭ ئەمىر ـ بەگلىرىنى ئالماشتۇرۇۋېتىش تەكلىپىنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر سۇلتان ئىسان بۇغاخان بۇ تەكلىپكە ئېتىبارسىز قارىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ خاندىن خېلىلا رەنجىپ قالدى، لېكىن باشقا چارە تاپالمىدى. قېرىپ قالغان، ئىلگىرىكى كۈچ ـ جاسارىتى قالمىغان، ئوردىدا پولات باھادىردەك كۈچلۈك قوللىغۇچىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان سەييىدئەلى ئالپىنىڭ ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىش قىلىشقا ماغدۇرى يەتمەيتتى. شۇڭا ئۇ سۇ كەلگۈچە توغان سېلىش ئۈچۈن، بارلىق زېھنىنى قەشقەردە كۈچلۈك دۆشمەنگە تاقابىل تۇرالىغۇدەك جەڭگىۋار، سەرخىل قوشۇن تەشكىللەشكە قاراتتى.

قىش كىرىشى بىلەن ئۇ خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالدى. چۈنكى، ھەرقانچە قارام سەركەردىمۇ تۈركىستان بىلەن قەشقەرنىڭ ئارىلىقىدىكى خەتەرلىك تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ ماڭالىسۇيە دەپ ئاتىلىدىغان بۇ مۇنبەت بوستانلىققا لەشكەر تارتىشقا پېتىنالمايتتى. شۇنداقتىمۇ سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى قىشلىق ئوۋغا تەشكىللەپ مەشىقلەندۈرۈشنى توختىتىپ قويمىدى. لەشكىرىي ماھارىتى، جەڭ تەدبىرلىرى ۋە قاتتىق قوللۇقى بىلەن موغۇلىستان تەۋەسىدىلا ئەمەس، تۈركىستان، پەرغانە، ماۋەرائۇننەھر، ھەتتا خۇراسان ۋادىسىدىمۇ نامى پۇر كەتكەن سەييىدئەلى ئالپىنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى ھەقىقەتەن ماھارەتلىك، جاسارەتلىك ئە-

زىمەتلەردىن بولۇپ يېتىشكەنىدى. ئۇ قول ئاستىدىكى ئون بەش
مىڭ سەركەردە ـ لەشكىرى بىلەن يۇنۇسخاننىڭ ھەرقانچە لەكمىڭ
لەشكىرى بولسىمۇ چېكىندۇرەلەيدىغانلىقىغا، ئۇنى مەغلۇپ
قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئەمما يېشىنىڭ چوڭىيىپ قېلى-
شىغا ئەگىشىپ ئۆمرىنىڭ يار بەرمەيدىغانلىقىدىن، پۇت ـ قولىدا
ماغدۇر ـ قۇۋۋەتنىڭ قالمىغانلىقىدىن ۋايىم يەيتتى. يۇنۇسخاننىڭ
لەشكەر تارتىپ كېلىشىنى ھەم خالايتتى، ھەم خالىمايتتى. ئۇ-
نىڭچە بولسا يۇنۇسخان مەڭگۇ لەشكەر تارتىپ كەلمىسە، موغۇ-
لىستانغا تەھدىت سالمىسا، ئىنىسى ئىسان بۇغاخاننىڭ تەخت ـ
سەلتەنەتىگە كۆز تىكمىسە، بەلكى ئاغا ـ ئىنى، قېرىنداشلىق
مېھرىنى قايتا ئۇرغۇتۇپ، بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەك بولۇپ، ئىد-
ناق ئۆتسە، ئۆزىمۇ ئەنە ئاشۇنداق مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولغان
گۈزەل مەنزىرىنى كۆرۈپ خاتىرجەم كۆز يۇمسا...

بىراق، يۇنۇسخان ئۇنىڭ بۇ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى، ئوي ـ
خىياللىرىنى كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلغانىدى. ئارقىمۇئارقا
يوللىغان مەكتۇپلىرىنىڭ جاۋابسىز قېلىشى بۇ رېئاللىقنى ئىس-
پاتلاپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ يۇنۇسخاننىڭ تېزرەك لەشكەر تارتىپ
كېلىشىنىمۇ خالاپ قالغانىدى. مۇشۇنچىلىك كۈچ ـ ماغدۇرىنىڭ
بار ۋاقتىدا يۇنۇسخان بىلەن بىر تۇتۇشۇپ باقسا، ئۇنىڭغا روبىرو
كېلىپ ئۆز ئاغزى بىلەن ئىككى ئېغىز نەسىھەت قىلىپ باقسا...

ئۇ يۇنۇسخاننى تامامەن مەغلۇپ قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنەت-
تى. بىراق، مەغلۇپ بولغان خانزادە ئۇنىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق
سالارمۇ؟ ئىنىسى بىلەن ئەپ ئۆتۈشكە ئۇنارمۇ؟ ئەگەر نەسىھەتىگە
قۇلاق سالمىسىچۇ؟

سەييىدئەلى ئالىپ بۇ خىيالىنىڭ داۋامىنى پەرەز قىلىشقا
جۈرئەت قىلالمايتتى. سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ ئاكىسى يۇنۇس-
خانغا رەقىب بولالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. كۆنلەرنىڭ بىر-
رىدە ئۇنىڭ ئاكىسىنىڭ قولىدا تەخت ـ سەلتەنەتتىن ئايرىلىپ
ھالاك بولغىنىنى كۆرۈشنىمۇ، پەرەز قىلىشنىمۇ خالىمايتتى.

شۇنداقلا خانزادە يۇنۇسخاننىڭ ئۆز قولىدا ھالاك بولۇشىنىمۇ ھەم خالىمايتتى.

ئىشقىلىپ، ئەمىر سەييىدئەلى ئالىپنىڭ خىياللىرى زىددىيەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن سۇلتان ئىسان بۇغاخان بىلەن شاھزادە يۇنۇسخان قولىنىڭ ئالىقىنى بىلەن دۈمبىسىگە ئوخشايتتى، قولنىڭ ئالىقىنىنى كەسسىمۇ، دۈمبىسىنى كەسسىمۇ ئوخشاشلا ئاغرىيتتى. ئۇ ھەرقانچە باش قاتۇرۇپمۇ ئاغا ـ ئىنىلەرنىڭ تەخت ـ سەلتەنەت ماجىراسىنى ھەل قىلغۇدەك ياخشىراق تەدبىر تاپالمىدى ـ دە، ئاخىرى يۇنۇسخان لەشكەر تارتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ بىرەر ئامال تېپىش خىيالىغا كەلدى.

سەييىدئەلى ئالىپ قىشنى ئەنە ئاشۇنداق زىددىيەتلىك ئوي ـ خىياللار ئىلكىدە ئۆتكۈزدى. تۇنجى باھارنىڭ شەپىسى كېلىشكە باشلىغان كۈنلەردە، ئوردىدىن تۇيۇقسىز سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ يارلىقى كەلدى. يارلىقتا سەييىدئەلى ئالىپنىڭ نورۇز بايرىمىغا ئۈلگۈرۈپ خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن ئاقسۇغا كېلىشى بۇيرۇلغان، لېكىن سەۋەبى ئەسكەرتىلمىگەنىدى.

يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغان سەييىدئەلى ئالىپ ۋاقىتنى ھېسابلاپ كۆرۈپ دەرھال يولغا چىقمىسا ۋاقتىدا يېتىپ بارالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، چوڭ ئاغىچىسى ئۆز سۇلتان مەلىكە بىلەن ئىككىنچى ئاغىچىسى بىبى ئايەتخېنىمنى دەرھال سەپەرگە جابدۇنۇشقا بۇيرۇدى.

ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل، كاتاڭ يوللاردا مەپىدە يۈرگەندىن ئاتتا يۈرگەن راھەتلىك ئىدى. بىر ئۆمۈر ئاتتا يۈرۈپ ئادەتلەنگەن سەييىدئەلى ئالىپ ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق ئىدى، لېكىن ئورۇقلاپ بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان سەييىدئەلى ئالىپ ئات ئۈستىدە تۈزۈك ئولتۇرالمىدى. ئېگەرنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان كۆرپىمۇ ساغرىسىغا مىختەك پاتاتتى، ئامالسىز مەپىگە ئالمىششقا مەجبۇر بولدى، لېكىن مەپىمۇ ئانچە راھەتلىك ئەمەس ئىدى. ماڭدامدا بىر ئۇچرىغان كاتاڭلاردىن مەپە قاتتىق سىلكىنەت-

تى. ھەر بىر سىلكىنىش ئۇنىڭ جېنىنى قاقشىتاتتى. ئۇ ئەنە ئاشۇنداق مىڭبىر مۇشەققەتتە نورۇز بايرىمىنىڭ ھارپىسىغا ئۇلگۇرۇپ ئاقسۇغا كەلدى. سۇلتان ئىسان بۇغاخاندىن باشقا بارلىق ئەمىرلەر ئۇنى شەھەرنىڭ سىرتىدىن ئۈچ پەرسەخ يىراقلىقتا چىقىپ كۈتۈۋالدى، كاتتا ھەشەم بىلەن ئوردىغا ئېلىپ كىردى. سۇلتان ئىسان بۇغاخان بۇ مۆتىۋەر سەركەردىسىنى توققۇز پايەلىك شاھ سۇپىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قويۇلغان، پەقەت ئۇلۇسبېگلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن كىشىلا ئولتۇرالايدىغان، بوۋىسى مىرمۇھەممەد شاھ ئۆلۈپ كەتكەندىن بېرى بوش تۇرغان كۇرسىدا ئولتۇرغۇزدى.

سەييىدئەلى ئالپ يېقىن ئەتراپتىكى ۋىلايەت، شەھەر، تۇمەنلەرنىڭ ئەمىر ــ بەگلىرىنىڭمۇ ئوردىغا يىغىلغىنىنى كۆرۈپ بىرئاز ھەيران قالدى. خاننىڭ ئادىتىگە خىلاپ ھالدا بۇنچىۋالا ئەمىر ــ بەگلەرنى ئوردىغا يىغىۋالغىنىنى چۈشەنمەي تەئەججۈپلەندى.

«خان ئالىيلىرى ئەجەب بىر بىمەھەل ۋاقىتتا ئوردا يىغىلىشى قىلىپ قاپتا، جاكارلايدىغان قانداق مۇھىم ئىشى بار بولغىيتتى؟ ياكى ئاغىسى يۈنۈسخانىنىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىشىنى كۈتمەيلا تۈركىستانغا لەشكەر تارتىپ بارغۇسى كېلىپ قالدىمىكىن؟ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يوللىغان مەلۇماتلىرىمنى جاۋابسىز قالدۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭغا كىممۇ بۇنداق ئەقىلنى كۆرسەتكەندۇ؟ بىر ھېسابتا بۇمۇ بولغۇدەك. بىراق مەن بۇ ئەھۋالىمدا خان ئالىيلىرىغا ھەمدەم بولۇپ لەشكىرىي يۈرۈشكە چىقالمايمەن ــ دە، ئوردىدا پولات باھادىر تېخى بولمىسا، خان ئالىيلىرىنى قانداقسىگە خاتىرجەم ئەۋەتكىلى بولسۇن؟ ياق، بۇنى توسۇش كېرەك. ئەڭ ياخشىسى يۈنۈسخاننىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىشىنى كۈتۈش كېرەك. تۆت ــ بەش يىلدىن بېرى ھەرقانچە كەم ھازىرلىقلىرى بولسىمۇ پۈتكەندۇ. ھەئە، يۈنۈسخان چوقۇم لەشكەر تارتىپ كېلدۇ. ئالدىغا بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق...»

سۇلتان ئىسان بۇغاخان سەييىدئەلى ئالپنىڭ ھارغىن چىرا-

www.uyghurkitap.com

يىدىكى تەئەججۈپنى كۆرۈپ پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى.

ــ ئۆزلىرىنى ئازادە تۇتسىلا ئەمىرۇل ئۈمەرا جانابلىرى، ــ دېدى ئىسان بۇغاخان ئېغىز ئېچىپ، ــ ھەزرەتلىرىنى ئالدىراپ تېنەپ يارلىق چۈشۈرۈپ ئوردىغا چاقىرتىشىمىزدىكى مۇددىئا شۇلكى، بىرىنچىدىن، ئۆزلە بىلەن دىدار ــ مۇلاقاتتا بولمىغىلى بىرنەچچە يىل بولۇپ قاپتۇ، دىدارلىرىنى سېغىندۇق. ئىككىنچىدىن، ئۇلۇغ نورۇز ئايىمىدە جەم بولۇپ بىرنەچچە ۋاق ھال ــ مۇڭ بولايلى دېدۇق. گەرچە ئالاقە ــ مەكتۇپلار بىلەن مەقسەت ــ مۇددىئالىرىمىزنى بىلىشىپ تۇرغان بولساقمۇ، بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ مۇلاقاتتا بولۇشنىڭ ھۆكمى باشقا بولىدىكەن. ئۈچىنچىدىن، بىزگە ئاغا بولمىش يۇنۇسخان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ كۇشكۇرتۇشى، مىركەرىمبەردى بەگ، ھەقبەردى مىرزا ۋە ئەمىر بەگچەكلەرنىڭ ھەمدەمدە بولۇشى، كۆنچى ئەمىرى شىر ھاجى بەگنىڭ ئىسيان تۇغىنى كۆتۈرۈشى، بەدەخشان ئەمىرى سۇلتان مۇھەممەدخاننىڭ قىزىنى بېرىپ كۈيۈئوغۇل قىلىۋېلىشى بىلەن، ئانا جەمەت زېمىنى بولمىش تۇركىستان ۋادىسىدا بىزگە قارشى ياغى بايرىقىنى تىكلەپ ھەدەپ لەشكەر جۇغلاۋاتقانلىقى ۋە سەلتەنەتىمىزگە تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىغا بىرلىكتە چارە ــ تەدبىر كۆرۈش، ئەڭ مۇھىمى ئەينى يىلى ئەندىجان يۈرۈشىگە ئاتلىنىش ئالدىدا ھەزرەتلىرىگە بەرگەن ۋەدەمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر. بۇل ۋەدىمىزنى بۇ يىل قۇربان ھېيتتا ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى نىيەت قىلغان بولساقمۇ، يوقىلاڭ سەۋەبلەر بىلەن ۋاقىت چىقىرالماي غەيرەتكە كېلەلمىدۇق. ياراتقان ئىگەم ۋاقىت ــ سائەتنى ئەمدى بەرگەن ئوخشايدۇ.

سەييىدئەلى ئالىپ ئىسان بۇغاخاننىڭ ئاخىرقى گېپىنى دەماللىققا زېھنىگە ئالالماي، ئاقىرىپ كەتكەن ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى. خاننىڭ ئەينى يىلى ئۆزىگە قايسى ئىشنى ۋەدە قىلغانلىقىنى ئەسلەشكە تىرىشتى. ئۇ ئىسان بۇغاخاننىڭ جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان كۆزلىرىدىن كۆزىنى ئەپقېچىپ

پەستە ئۇلتۇرغان ئەمىرلەرگە نەزەر تاشلىدى، ئۇڭ تەرەپتىكى ئالدىنقى رەتتە ئۇلتۇرغان ئەمىرلەرنىڭ ئارىسىدا ئوغلى سانىز مىرزا بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ نەزەرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا چۈشۈشى بىلەن سۇلتان ئىسان بۇغا ـ خاننىڭ مەقسىتىنى دەرھال چۈشەندى. ئەس ـ يادى يۇنۇسخاننىڭ لەشكىرى يۈرۈشكە قانداق تاقابىل تۇرۇش بىلەن بولۇپ كەتكەن سەييىدئەلى ئالپ خاننىڭ بۇ ۋەدىسىنى يېقىنقى بىر يىلدىن بېرى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانىدى. شۇ ھامان ۋۇجۇدىغا ئىللىق بىر سېزىم تارالدى، ھاياجاندىنمۇ ئەيتاۋۇر بۇرنىنىڭ ئۇچى ئېچىشىپ كۆزىگە مۆللىدە ياش كەلدى. دەس ئورنىدىن تۇرۇپ خانغا قايتىدىن تەشەككۇر بىلدۈردى:

— جانابى قىبلىگاھىمىزنىڭ ھىممىتىگە تەسەننا. ھاياجاندىن ئاۋازى بوغۇلغان سەييىدئەلى ئالپ ئارتۇقچە گەپ قىلالمىدى. ئەمىرلەر خان بىلەن بۇ قېرى ئەمىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق ۋەدە، پۈتۈم بولغانلىقىنى بىلىشكە قىزىقىپ نەزەرىنى بىردە خانغا، بىردە سەييىدئەلى ئالپقا ئاغدۇرۇشاتتى.

— تەسەننا ئېيتىشلىرى ھاجەتسىز، جانابى ئەمىر، قېنى جاي ئالسۇنلار، — دېدى ئىسان بۇغاخان، ئاندىن تۆۋەندە ئولتۇرغان ئەمىرلەرگە يۈزلەندى، — جانابى ئەمىرلەرگە سىر قالمىسۇنكى، ئەينى يىلى ئەندىجان يۈرۈشكە ئاتلانغاندا ئەمىرزادە سانىز مىرزىنىڭ تويىنى قىلىپ، شۇ باھانىدا ئەل ـ يۇرتقا ئاش بېرىپ، ئەلكۇننىڭ دۇئاسىنى ئالغانىدۇق. شۇ چاغدا جانابى ئەمىرۇل ئۇمەراغا كېيىنچە ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە ئىككىنچى ئەمىرزادە مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا چوڭ مەلىكەم دۆلەتنىگار خېنىمنى نىكاھلاپ بېرىشكە لەۋزى قىلغانىدىم. مانا ئاللاھ ئىگەمنىڭ ئىنايىتى بىلەن ئول ۋەدىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان كۈن ئاخىرى كەلدى. ئەتە نورۇز ئايەم شۇنداقلا ئەمىر زادە بىلەن مەلىكىنىڭ تويى.

چوڭ ـ كىچىك ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ ھەممىسى دۈررىدە ئو ـ

رۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، سۇلتان ئىسان بۇغاخان بىلەن سەييىدئەلى ئالپىنى قۇتلۇقلىدى، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى مۇبارەكلەشتى.

— قۇدرەتلىك ئادالەتپاناھىمىز بىلەن ئەمىرۇل ئۆمەرا جانابلىرىنىڭ قۇدا بولغىنىغا قۇتلۇق بولسۇن!

— خويمۇ خاسىيەتلىك ئىش بوپتۇ.

— ئاللاھ ئىگەم ئۇشبۇ قۇدىلىقنىڭ خاسىيىتىدىن سەلتەنەتىمىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ، ئەل ـ يۇرتقا ئاسايىشلىق ئاتا قىلغۇسى.

— پاناھگاھىمىز ئادالەتنىڭ، باھادىرلىقنىڭ ھامىيسى بولۇپلا قالماستىن، ۋاپا، ساداقەت، لەۋزى ئەھلىنىڭمۇ يېگانە سۇلتانىدۇر.

— قىبىلىگاھىمىز ۋەدىگە قانداق ۋاپا قىلىشنى، لەۋزىدە قانداق تۇرۇشنى بىزگە كۆرسىتىپ قويدى.

— كۆرەگانلىق مەرتىۋىسى مۇبارەك بولسۇن!

— مەلىكە دۆلەتنىگار خېنىم گۈزەللىك مەملىكىتىنىڭ سۇلتانىدۇر.

— ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قويغاندەك ئىش بوپتۇ.

— ...

شۇنداق قىلىپ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىلەن مەلىكە دۆلەتنىگار خېنىمنىڭ توي مەرىكىسى نورۇز بايرىمىنىڭ تەنتەنىسى بىلەن قوشۇلۇپ تولىمۇ تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، قوچقار، توخۇ سوقۇشتۇرۇش... لار ئەۋجىگە چىقتى. دارۋازلىق، سېھىرگەرلىك، مەشرەپلەر ئاقسۇ شەھىرىنىڭ كوچا ـ رەستىلىرىنى قىزىتىۋەتتى. ئۇدا يەتتە كۈنگىچە ئوردا ئالدى ۋە ھەرقايسى چوڭ جامە مەسچىتلىرىنىڭ ئالدىغا ئېسىلغان توي قازانلىرىدا پولۇ، شورپىلار قايناپ تۇردى. ئاقسۇ شەھىرىدىكى بارچە خەلق، جۈملىدىن يېتىم ـ يېسىر، غېرىب ـ مۇساپىرلار، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللار يەتتە كۈنگىچە قورساقنىڭ غېمىدىن قۇتۇلدى.

سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ بۇ تويىنى قىرىق كۈن داۋاملاشتۇرغۇسى بار ئىدى، لېكىن سەييىدئەلى ئالپنىڭ يۇنۇسخاندىن ئىبارەت كۈچلۈك رەقىبىنىڭ تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە قىلىچ يالىڭاچلاپ، تەخت ـ سەلتەنەتكە خىرىس قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى قايتا ـ قايتا سەمىگە سېلىشى بىلەن توي بەزمىسىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى.

سەككىزىنچى كۈنى سەھەردە ئوردىغا قوبۇلغا چىققان سۇلتان ئىسان بۇغاخان سالام ـ سەھەتتىن كېيىن كۈيئوغلى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا كۆرەگانلىق مەرتىۋىسىنى ئىنئام قىلدى، ئاندىن ئوردىدىكى بىر قىسىم ئىچكى①لەرنىڭ مەرتىۋىسىنى رەسمىي ئەمىرلىككە ئۆستۈرۈپ، لەشكىرىي دىۋاننىڭ بىر قىسىم سەركەردىلىرىگە «باھادىر»، «ئارسلان»، «پەھلىۋان»، «ئەزىمەت»، «ئوغلان»، «شىر» دېگەندەك لەشكىرىي ئۇنۋانلارنى بېرىپ يارلىق چۈشۈرۈپ، دەستەك تارقىتىپ بەردى.

مەرتىۋە ـ ئۇنۋانلىرى ئۆستۈرۈلگەن ئەمىر ـ سەركەردىلەر خانغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتى.

بۇ ـــ سەييىدئەلى ئالپنىڭ سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا بەرگەن تەكلىپى ئىدى. مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ سەلتەنەتكە، ئىسان بۇغاخانغا بولغان ساداقىتىنى تېخىمۇ چىڭىتىشنى ئويلىغانىدى.

ھەئە، بۇنىڭغا ئۇلاپلا لەشكىرىي كېڭەش ئېلىپ بېرىلدى. يۇنۇسخانغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى تۈزۈلدى. خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالغان سەييىدئەلى ئالپ ئوغلى سانىز مىرزىنى قەشقەرگە بىللە ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن سۇلتان ئىسان بۇغاخاندىن ئىجازەت سورىدى.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان سەييىدئەلى ئالپنىڭ قېرىپ قالغاندىلىقىنى تونجى قېتىم ھېس قىلدى. بىرپەس خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

① ئىچكى ـــ تۆۋەن دەرىجىلىك ئوردا مەھرىمى.

ــ ئەمىرۇل ئۇمەرا جانابلىرىنى ئەمدى قەشقەرگە ئەۋەتمەي، سەلتەنەت ئىشلىرىنىڭ غېمىدىن خالاس قىلىپ ئۇردىدا خويمۇ ئەپقالغۇم بار ئىدى. تولىمۇ ئەپسۇس، قەشقەرگە يەنىلا ئۆزلىرى بولمىسىلا بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. ئەمىرزادە سانىز باھادىر مىرزىمۇ سىلى بىلەن بىللە بارسۇن.

ــ يارلىق! ــ دېدى ئىسان بۇغاخان مىرزا دىۋاننىڭ پەرمانچىسىغا قاراپ، ــ سانىز باھادىر مىرزا قەشقەرنىڭ نائىب ئەمىرلىكىگە، قوشۇمچە ئورۇنباسار ئەمىرلەشكەرلىككە تەيىن قىلىنسۇن!

شۇ ھامان يارلىق پۈتۈلۈپ سانىز مىرزىغا بېرىلدى.

سەييىدئەلى ئالپنىڭمۇ كۆڭلىگە پۈككىنى دەل مۇشۇ ئىدى، لېكىن مەقسىتىنى خانغا دېيەلمىگەنىدى.

سەييىدئەلى ئالپ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەمۇرىي ئىشلارنى ئوغلى سانىز مىرزىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزى لەشكىرىي ئىشلارنى بىر قوللۇق تۇتتى، تۈركىستان، تاشكەنتكە ئايغاقچى ماڭغۇزدى. ئايغاقچىلارنىڭ ئۈزۈلدۈرمەي يەتكۈزگەن مەلۇماتلىرىدىن يۇنۇسخاننىڭ پات يېقىندا قەشقەرگە لەشكەر تارتىپ كېلىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى.

«يۇنۇسخان ھەرگىزمۇ موغۇلىستاننىڭ باشقا ۋىلايەتلىرىگە ئاۋۋال تېگىش قىلمايدۇ. موغۇلىستانغا كىرىسمۇ قەشقەر ئارقىلىق كىرىدۇ، ئۇ بەكمۇ ئەقىللىق. موغۇلىستاندىن كىچىك ئايرىلىپ كەتكىنى بىلەن، بۇ مەملىكەتنىڭ ئەھۋالىنى نەچچە يىلدىن بېرى پىششىق ئىگىلىدى، بەش قولدەك چۈشەندى. ئۇ قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ، مېنى ئاۋۋال كۆزدىن يوقاتماقچى. شۇنداق قىلالىسىلا موغۇلىستاننىڭ تەخت ـ سەلتەنەتىنى ئاسانلا قولىغا ئالالايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بەلكىم مېنى قېرىپ قالدى، جەڭگە يارىمايدۇ، كارغا كەلمەيدۇ دەپ ئويلاپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. راست، قېرىپ، كۈچ ـ ماغدۇرۇمدىن قالدىم. لېكىن تېنىم ساق، ئەقىل ـ ھوشۇم جايىدا، يۇنۇسخانغا تېتىغۇچىلىكىم بار. قېنى

سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ باقسۇن. ئۇنى ئۆزىنى
چاغلىماي قەشقەرگە لەشكەر تارتقىنىغا پۇشايمان قىلدۇرۇۋەتمە-
سەم، يەنە بەش ـ ئون يىل بۇ تەسەررۇپقا لەشكەر تارتىپ كېلەل-
مەيدىغان قىلىۋەتمىسەم ھېساب ئەمەس. ئۇنىڭغىچە ئۆلۈپ ـ تار-
تىپ قالسامۇ، سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرى سەلتەنەت
ئىشلىرىغا پىششىدۇ. ئىككى ئوغلۇممۇ ھەر خىل قازانلاردا قايناپ
سەلتەنەت ئىشلىرىغا يار ـ يۆلەك بولغۇدەك، بىرەر قوشۇنغا باش-
چىلىق قىلالىغۇدەك بولۇپ قالدى. قالغىنىغا ياراتقان ئىگەم تەق-
دىر ـ پېشانىسىگە پۈتكىنىنى كۆرەر. يىراقنىڭ غېمىنى ئاز
قىلاي...»

— مەلۇم بولغاي. نائىب ئەمىر جانابلىرى كۆرۈشۈشكە ئى-
جازەت سورايدۇ!

كات سەگۇنچەكتە خىيال سۇرۇپ ياتقان سەيىيدئەلى ئالپ
پەر ياستۇقتىن ئاستا بېشىنى كۆتۈردى. ئوتتۇرا ياشلىق مەھرەم
بېگى بېشىنى ئېگىپ قول باغلىغىنىچە بۇيرۇق كۈتۈپ تۇراتتى.

— ئىجازەت.

ھايال ئۆتمەي سانىز مىرزا ئىككى نۆكىرىنى ئەگەشتۈرۈپ
يېتىپ كەلدى ـ دە، ئېگىلىپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى سەيىيدئەلى ئالپ ھازىرلا
جەڭگە چۈشىدىغاندەك جەڭ كىيىمى كىيىۋالغان ئوغلىنىڭ دۇ-
بۇلغا ـ ساۋۇتلىرىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ، — خوش، بۇياققا كې-
لىپ ئولتۇرسىلا ئوغلۇم. سانىز مىرزا كات سەگۇنچەكنىڭ دادى-
سى كۆرسەتكەن تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇردى.

— قېنى خوش، — دېدى ئاتا ئوغلىنى سۆزلەشكە ئۈندەپ.

— ئايغاقچىلاردىن مەلۇمات كەلدى. خانزادە يۇنۇسخان سەر-
كەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن قوزغىلىپتۇ.

«ئاخىرى يولغا چىقىپتۇ ـ دە...»

سەيىيدئەلى ئالپ ئوغلىنىڭ كۆزىگە تىكىلدى.

ــ مەلۇمات ئىشەنچلىكمۇ؟
ــ تازا ئىشەنچلىك.
ــ يۇنۇسخاننىڭ ھازىرقى ئېنىق ئورنى نەدىكەن؟
سانىز مىرزا بىر دەقىقە تۇرۇۋېلىپ جاۋاب بەردى:
ــ ئايغاقچىلارنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا تېخى تەسەررۇپ-
مىزغا كىرمىگەن ئوخشايدۇ. يۇنۇسخان يولغا چىقىشى ھامان ئاي-
غاقچىلار خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن بۇياققا ماڭغانىكەن.
سەيىدئەلى ئالپ كۆزىنى يېرىم يۇمغىنىچە بىر پەس خىيال
سۈرۈۋالدى.
ــ يولغا چىققىنى راست بولسا يەنە ھەپتىدە قاراتاغ ئېغى-
زىغا يېتىپ كېلەلىگۈدەك، ــ ئۇ ئوغلىغا جىددىي تەرزدە قارى-
دى، ــ دەرھال تېرەكدىكاۋان، چىغىنئاش، ئوتسالار، قاراڭغۇلۇق،
مىڭيولدىكى بارگاھ سەركەردىلىرىگە پەرمانىمنى يەتكۈزسۇنلار.
ئۇلار ئەسلىدىكى تەدبىر بويىچە يۇنۇسخان لەشكەرلىرىنىڭ ئالدى-
نى توسۇماي ئۆتكۈزۈۋەتسۇن. ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ بۇ مۇ-
ھىم ئۆتكەللەردە پەقەت لەشكەر تۇرغۇزۇلمىغاندەك ھالەت شەكىل-
لەندۇرسۇن. پەرمان قاتتىق ئىجرا قىلىنغاي!
ــ باش ئۇستىگە! ــ دېدى سانىز مىرزا دەس ئورنىدىن تۇ-
رۇپ.
ــ ئوردىغا دەرھال مەلۇمات يوللانسۇن. خان ئالىيلىرى
ھەمدەمچى لەشكەرلەرنى تېزدىن يولغا سالغاي!
سانىز مىرزا پەرماننى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئالدىراش يان-
دى.
سەيىدئەلى ئالپ يەر ياستۇققا قايتىدىن يۆلەنگىنىچە چوڭ-
قۇر خىيالغا ئەسىر بولدى.
شۇ تاپتا ئۇ خانزادە يۇنۇسخان بىلەن بولىدىغان جەڭ ھەق-
قىدە پىلان تۈزۈۋاتاتتى. لەشكەرلەرنى قەيەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش،
بۆكتۈرمىنى قايەرگە قويۇش، چاغداۋۇللار بىلەن چاپاۋۇللارنى، بە-
رەڭغار قوشۇن بىلەن جىرىنغار قوشۇننى قانداق ماسلاشتۇرۇش،



www.uyghurkitap.com

جەڭ سېپىنى قانداق شەكىلدە تۈزۈش ھەققىدە بۇ پېشقەدەم سەر-
كەردىنىڭ كۆڭلىدە ئېنىق سان بار ئىدى. چۈنكى، ئۇ تۆت ـ بەش
يىل ئىلگىرى يۇنۇسخاننىڭ قايتىپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلى-
غان چاغدىلا گاھى ئاتلىق، گاھى تەختىراۋاندا ئولتۇرۇپ ياۋ لەش-
كەرلىرىنىڭ كېلىدىغان يوللىرىنى، بۇ يوللارنىڭ تەبىئىي شارا-
ئىتىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىققان، مۇداپىئەگە، ھۇجۇمغا ئەپ-
لىك يەرلەرنى كۆڭلىدە مولجالاپ بولغانىدى.

«كەلسۇن، كېلىۋەرسۇن. يۇنۇسخان شۇنچە نەسىھەت قىلىپ
ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرىمغا پەرۋا قىلمىدى. قارىغاندا ياغىي قىلماق-
تىن باشقا ئامال يوق ئوخشايدۇ. ئى ياراتقان ئىگەم، ئۆزۈڭ مەدەت
بەرگەيسەن. بۇ ئەل ـ يۇرتنى، تەخت ـ سەلتەنەتنى پاناھىڭدا
ساقلىغايسەن...»

## 53

مىڭيول داۋىنىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان جىلغا يۇنۇسخاننىڭ
يىگىرمە مىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى، ئۇزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ
خەشەك، قورال ـ ياراغ، چېدىر ـ جابدۇق بېسىلغان نەچچە مىڭ-
لىغان تۆگە ـ قېچىرلار، نەچچە ئون مىڭلىغان كالا، قوي، ئۆچكە
قاتارلىق چارۋىلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ھەئە، يۇنۇسخان بۇ
بەش ـ ئالتە يىلدىن بېرى موغۇلىستان يۈرۈشىگە ناھايىتى پۇختا
تەييارلىق قىلغانىدى. مىڭلىغان تۆگە ـ قېچىرلارغا ئارتىلغان
ئۇزۇق ـ تۈلۈكلەردىن باشقا قوشۇن بىلەن تەڭ ھەيدەپ ماڭغان
مال ـ چارۋىلىرىمۇ ھەر بىر لەشكەرگە ئىككى ـ ئۈچتىن توغرا
كېلەتتى. ئۇ بۈيۈك ئىستىبلاچى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاننىڭ ھاياتى-
نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە شەرققە قىلماقچى بولغان لەشكىرىي

يۇرۇشى ئۈچۈن قىلىنغان ھازىرلىقلىرىغا تەققاسلاپ، موغۇلىستان
يۇرۇشىگىمۇ ئەنە ئاشۇنداق پۇختا تەييارلىق قىلىنغانىدى. بۇنداق
قىلىشتا ئۇ بىرىنچىدىن، ناۋادا ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ ئوزۇق -
تۈلۈك تۈگەپ كەتسە لەشكەرلەرنى ئاشۇ چارۋىلار بىلەن بېقىشنى،
ئىككىنچىدىن، موغۇلىستاننى ئىستېلا قىلغان تەقدىردىمۇ ئاشۇ
ئىككى تۈمەن لەشكەرنى بېقىش ئۈچۈن خەلققە بىر مەزگىل ئو-
زۇق - تۈلۈك ئالۋىنى سالماسلىقنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

قەشقەرگە ئېلىپ بارىدىغان تېرەكداۋان، چىغىنىئاش، ئوت-
سالار، قاراڭقاياغلىغ[1] قاتارلىق مۇھىم داۋان، ئۆتكەللەردىن ھېچ-
قانداق قارشىلىقسىزلا ئۆتكەن يۇنۇسخان قىلچىلىك غەيرىيلىك
ھېس قىلمىدى. كۆڭلىگە ئازراقمۇ شەك، گۇمان چۈشمىدى. رە-
قىبلىرىنىڭ مۇشۇنداق مۇھىم ئۆتكەللەرگە بارگاھ قۇرۇپ لەش-
كەر تۇرغۇزمىغانلىقىنى ئىنىسى سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ ئىق-
تىدارسىزلىقىدىن، بۈيۈك سەركەردە سەييىدئەلى ئالپىنىڭ قېرىپ
كارغا كەلمەس بولۇپ قالغانلىقىدىن كۆردى ـ دە، موغۇلىستان
يۇرۇشىنىڭ غەلىبە ـ نۇسرىتىگە بولغان ئىشەنچى ھەسسىلەپ
ئاشتى.

باھار تۈسىگە تولغان مىڭيول داۋىنى ئوت ـ چۆپلىرى ئۆ-
سۈپ باشقىچە رەڭ تۈزەپ قالغانىدى. نەچچە ھەپتىدىن بېرى كۆك
مۇز، ئاق قار بىلەن قاپلانغان خەتەرلىك تاغ ـ داۋانلاردىن، قەدەم-
دە بىر ئەجەلگە سۆرەپ تۇرغان تىك قىيالاردىن بىر قەدەم ـ بىر
قەدەمدىن ئېشىپ مۇشەققەت بىلەن ئىلگىرىلەپ كەلگەن لەشكەر-
لەر ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنىدى. مىڭيول داۋىنىدىن ئۆتسە قەش-
قەرگە بارغۇچە بولغان يوللار ئۇنچە خەتەرلىك، جاپالىق ئەمەس
ئىدى. يول باشلىغۇچىلار، ئايغاقچىلار، مۇشاۋىردىن كېيىنكى يول
ئەھۋالىنى تەپسىلىي سوراپ بىلىۋالغان يۇنۇسخان مۇشۇ جىلغىدا
لەشكەرلەرنى بىر ھەپتە ئارام ئالدۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. چۈن-
كى، ئۇ قەشقەرنىڭ ئۆزىنى كەڭرى داستىخان سېلىپ، مول نازۇ

① قاراڭقاياغلىغ ــ «قاراڭغۇلۇق»مۇ دېيىلىدۇ.

نىمەتلەرنى تىزىپ ئەمەس، ئەجەل قىلىچىنى يالىڭاچلاپ كۈتۈۋالىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا خەتەرلىك تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان لەشكەرلەرنى ئوبدانراق ئوزۇقلاندۇرۇپ، ئارام ئالدۇرۇشى، كۈچ ـ ماغدۇرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىشى كېرەك ئىدى.

مىركەرىمبەردى بەگ بىلەن ھەقبەردى مىرزىمۇ ئۇنىڭ بۇ ئويىنى مۇۋاپىق كۆردى.

— بۇ جىلغىنىڭ ھاۋاسى خېلىلا سوغۇق ئىكەن، لېكىن لەشكەرلەرنىڭ يەنىلا ئارام ئېلىۋالغىنى ئەۋزەل، — دېدى مىركەرىمبەردى بەگ.

— پەرمان، — دېدى يۇنۇسخان تاۋاچى بەگكە قاراپ، — بارلىق لەشكەرلەر چېدىر ـ بارگاھلىرىنى قۇرۇپ ئارام ئالغاي، مال ـ چارۋىلار سويۇلۇپ قۇۋۋەتلىك غىزالانغاي. ئاللاھ خالىسا بىر ھەپتىدىن كېيىن يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرغايمىز. قاراۋۇللار ھوشيار بولغاي، قەشقەرگە ماڭىدىغان ئايغاقچىلار توختاپ قالمىغاي!

قاش قارايغىچە جىلغىدىكى كەڭرى يايلاقتا مىڭلىغان چېدىرلار تىكىلدى. نەچچە مىڭلىغان كالا ـ قويلارنىڭ بېشى كېسىلدى.

يۇنۇسخاننىڭ شاھ چېدىرى جىلغىنىڭ كۈن نۇرى تولۇق چۈشۈپ تۇرىدىغان يېرىگە، كىچىكرەك بىر ئېرىق سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان ئېقىننىڭ بويىغا تىكىلگەنىدى. شاھ چېدىرىنىڭ ئىككى تەرىپىگە چوڭ ـ كىچىكلىكى، رەڭگى ئوپمۇ ئوخشاش ئىككى چېدىر جايلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇنىڭ بىرى يۇنۇسخاننىڭ چوڭ ئاغىچىسى ئىسان دۆلەت خېنىمنىڭ، يەنە بىرى ئىككىنچى ئاغىچىسى — بەدەخشان مەلىكىسى شاھ بېگىمنىڭ چېدىرى ئىدى. بۇ چېدىرلاردىن يۇز قەدەم دائىرىنىڭ سىرتىدا مەھرەم، خىزمەتكارلارنىڭ چېدىرلىرى، ئۇنىڭمۇ سىرتىغا خاس نۆكەرلەرنىڭ چېدىرى جايلاشقانىدى.

قاراڭغۇ چۈشكەن، ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاي كۆمۈش

www.uyghurkitap.com

نۇرلىرى بىلەن جىلغىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى. تۈمەنلىگەن يۇلتۇزلار شوخ كۆز قىسقىنىچە چاراقلاپ يېنىپ كەتكەنىدى. قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئەسكەن سوغۇق شامال ئادەمنى ئوبدانلا دۈگدەيتەتتى. شاھ چېدىرىنىڭ ئىچى ئوتلىغان شاملار بىلەن يورۇپ كەتكەنىدى. يۇنۇسخان ئەمىر - سەركەردىلىرىگە بۇرۇنلا ئىجازەت بەرگەچكە، چېدىردا ئىككى ئاغىچىسىدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرىقى جاپالىق يۈرۈشلەردە خوتۇن - بالىلىرى بىلەن ئارامخۇدا، كەڭ - كۇشادە ئولتۇرۇپ غىزالىنىشقا، مۇڭدىشىشقا ۋاقىت چىقىرالمىغان يۇنۇسخان بۈگۈن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ خوتۇن - بالىلىرىنى بىر داستىخانغا جەم قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا ئىسان دۆلەت خېنىم، سول يېنىدا شاھ بېگىم ئولتۇراتتى. ئەمدىلا بەش ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، چوڭ ئاغىچىسى ئىسان دۆلەت خېنىمدىن تۇغۇلغان تۇنجى پەرزەنتى مېھرىنىگار خېنىم يول جاپاسىدا چارچاپ قالغانمۇ ياكى ئاتا - ئانىسىنىڭ غېمىنى ئاز - تولا چۈشەنگەنمۇ ئەيتاۋۇر بالىلارغا خاس شوخلۇقىنى ئۇنتۇپ، خۇددى ئەقىل كىرگەن، ئاق - قارىنى پەرق ئەتكەن قىزلاردەك چىرايلىق قوي كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە جىم ئولتۇراتتى. ئۈچ ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بىر قورساق سىڭلىسى قۇتلۇقنىگار خېنىم بولسا جاھاننىڭ غوۋغالىرىدىن بىخەۋەر ھالدا تايتاڭلاپ ماڭغىنىچە داستىخاندىكى تاتلىق - تۈرۈم، قۇرۇق يەل - يېمىشلەرنى تېرىپ يېيىش بىلەن ھەلەك ئىدى. قىزىنىڭ بۇ قىلىقىغا ئىچى كۆيگەن ئاتا - ئانا ئۇنى ئىختىيارىغا قويۇۋەتكەنىدى. يۇنۇسخان بۇ ئىككى قىزىغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. ئارام تاپسىلا ئۇلارنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلىتەتتى، ھەرقانداق تەلەپلىرىنى ئورۇنداشقا تىرىشاتتى. ئۇ ئاشۇ ئىككى پەرزەنتى بىلەنلا ئەمەس، ئوڭ، سول يېنىدىكى چىراي، پەزىلەتتە بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان ئىككى خوتۇنى بىلەنمۇ ئۆزىنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلاتتى. شۇ كۈنلەردە ئىككىلا ئاغىچىنىڭ بويىدا بار ئىدى. گەرچە ئۇلارنىڭ قورسىقى ئەمدىلا

ئىككى ـ ئۈچ ئايلىق بولغان، سىرتىدىن قارىغاندا ئېغىر ئاياغلى-
قى ئانچە مەلۇم بولمىغان بولسىمۇ، يۇنۇسخان بۇ دۇنياغا كۆز ئې-
چىش ئالدىدا تۇرغان ئىككى پەرزەنتىنى خۇددى يىراق يەردىن كې-
لىش ئالدىدا تۇرغان يۇرەك پارىسىنى كۈتكەندەك تەقەززالىق بىلەن
كۈتۈۋاتاتتى. بۇ ئىككى پەرزەنتىنىڭ ئوغۇل بولۇشىنى ھەر
ۋاقىلىق نامىزىدا ئاللاھتىن تىلەيتتى، ئىككىلا ئاغىچىسىنىڭ
كۆڭلىنى ئوخشاش ئىزدەيتتى، ئەرلىك مېھرىنى تەڭ يەتكۈزەتتى.
سوۋغاتلارنىمۇ ئوخشاش بېرەتتى، ھەتتا ئۇلارنىڭ كېنىزەك،
خىزمەتكارلىرىنىڭ سانىمۇ تەڭ ئىدى.

ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن شاھ بېگىممۇ خۇددى بىر قور-
ساق ئىگىچە ـ سىڭىللاردەك بەكمۇ ئىجىل، ئىناق ئۆتەتتى. بىر ـ
بىرىگە چوڭلۇق قىلمايتتى. بىر ـ بىرىنىڭ كەينىدىن غەيۋەت ـ
شىكايەت قىلىپ، قىزغىنىپ، كۈندەشلىك قىلىپ يۇنۇسخاننىڭ
بېشىنى ئاغرىتمايتتى. شۇ سەۋەبتىنمۇ يۇنۇسخان بۇ ئىككى خو-
تۇنىغا بەكمۇ ئامراق ئىدى.

خىزمەتكارلار پۈتىنىڭ ئۈچىدا مېڭىپ داستىخاننى قوتاز،
كالا، قوي، بۇغا گۆشلىرىدە قىلىنغان شورپا، كاۋاپلار بىلەن تول-
دۇرۇۋەتتى، ئاندىن شورپىدا ئەتكەن ئۈگرىدىن بىر چىنىدىن ئە-
كەلدى.

ـــ ھازىرچە مۇشۇنچىلىك مەزە تەييارلىيالىدۇق، ـــ دېدى
بىكاۋۇل بەگ ئۆزرە ئېيتىپ، ـــ ئالىيلىرى بىلەن خانىش ئا-
يىملارنىڭ يەنە قانداق غىزاغا كۆڭلى تارتىدىكىن؟

يۇنۇسخان ئۆزۈڭلەر بىر نېمە دەڭلار دەپ، ئىككى ئاغىچى-
سىغا قارىدى.

ـــ باشقا غىزامۇ بۇ تاغدا ئوخشىمايدۇ، ـــ دېدى ئىسان دۆ-
لەت خېنىم، ـــ نارىن قىلىڭلار، شاھ بېگىمنىڭ باشقا غىزاغا
ئىشتىھاسى بارمىكىن؟

ـــ مەنمۇ نارىن ئىچەي، ـــ دېدى شاھ بېگىم، ـــ نارىنىنىڭ
شورپىسىغا زىرە، قارامۇچنى ئازراق سالارسىلەر، قىيمىسىغا پى-

www.uyghurkitap.com

يازنى كۆپرەك ئارىلاشتۇرۇڭلار.
ــ خوش، ــ دېدى بىكاۋۇل بەگ، ئاندىن يۇنۇسخانغا يۈزلەندى ــ ئانھەزرىتىمنىڭ شارابقا مەيلى بارمىكىن؟
ــ ھاۋا سوغۇق تۇرىدۇ، بىرەر ئاپقۇردىن ئىچىپ قوياي، ــ دېدى يۇنۇسخان.
بىكاۋۇل بەگ بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.
ــ قېنى ئىلىشسىلا، كاۋاپ سوۋۇپ قالمىسۇن، ــ دېدى يۇنۇسخان ئىككى ئاغىچىسىغا قاراپ.
ــ ئاۋۋال ئۆزلىرى قول كەلتۈرۈپ بەرسىلە ھەزرىتىم، ــ دېدى ئىككى ئاغىچا تەۋازۇ بىلەن.
ئاۋۋال يۇنۇسخان، ئاندىن ئىسان دۆلەت خېنىم، ئارقىسىدىن مەلىكە شاھ بېگىم داستىخانغا قول ئۇزاتتى.
ــ ئىككىلىرىنى بىللە ئېلىۋېلىپ جاپادا قويدۇم، ــ دېدى گۆش ـ كاۋاپلاردىن يەپ قورسىقى تويغان يۇنۇسخان بىر ئاپقۇر شارابنى ئالدىرىماي سۈمۈرۈپ تۇرۇپ، ــ ئەسلىدە موغۇلىستان تەختگاھىنى قولۇمغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن يېنىمغا ئەكەلدۇرۇۋالسام بوپتىكەن.
ــ ھېچقىسى يوق ھەزرىتىم، ــ دېدى ئىسان دۆلەت خېنىم، ــ كېيىن كەلسەكمۇ ئوخشاشلا يول جاپاسى تارتقان بولاتتۇق.
ــ ھەزرىتىم بىلەن بىللە بولساق ھەرقانداق مۈشكۈلاتمۇ جاپا بىلىنمەيدۇ، ــ دېدى شاھ بېگىم نازلىق كۈلۈپ.
ــ باللارغا جاپا بولدى. بولۇپمۇ قورساقتىكى شاھزادىلەرگە، ــ دېدى يۇنۇسخان چاقچاق قىلىپ.
ئارقىمۇئارقا قىز تۇغقان ئىسان دۆلەت خېنىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ خىجىللىقتىن قىزىرىپ قىزاردى. شاھ بېگىم قورسىقىنى ئانىلىق مېھرى بىلەن سىلاپ قويۇپ تاتلىققىنا كۈلدى ۋە:
ــ خاتىرجەم بولسىلا ھەزرىتىم، شاھزادىنى جاپادا قويمايـ

مەن. خانىش ئايىممۇ قورسىقىدىكى شاھزادىنى ئۆزىدىنمۇ بەكرەك
ئاسراۋاتىدۇ، ـــ دېدى.
ئىسان دۆلەت خېنىم كىچىك قىزى قۇتلۇقنىگار مەلىكىنى
قۇچىقىغا ئېلىپ تاماق يېگۈزگەن بولۇپ پاراڭغا ئارىلاشمىدى.
چاقچاق قىلدىم دەپ چوڭ خانىشنى خىجىل قىلىپ قويغاندـ
لىقىنى ھېس قىلغان يۇنۇسخان پاراڭنىڭ تېمىسىنى دەرھال يۆتـ
كىۋەتتى:
ـــ ئاللاھ خالىسا قەشقەرگە ساق ـ سالامەت بېرىۋالساق،
ئول دىياردىكى جەننەت مىسالى ھاۋالىق، گۈزەل باغلار بۇ جاپالارـ
نى تېزلا ئۇنتۇلدۇرۇۋېتىدۇ.
ـــ قەشقەر راستتىنلا شۇنداق گۈزەلمىدۇ، ھەزرىتىم؟ـــ
سورىدى شاھ بېگىم قىزىقىپ.
ـــ قەشقەرگە مەنمۇ بېرىپ باقمىغان، لېكىن تەرىپىنى سەـ
مەرقەنت، ھىراتتىلا ئەمەس، ھەتتا باغداد، دەمەشق، شىرازلاردىمۇ
كۆپ ئاڭلىدىم. شۇ تەرىپلەردىن گۈزەللىكتە شانۇ شەۋكىتى ئاـ
لەمنىڭ ئۇ چېتىگىچە تارالغان ئابا ـ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئول
گۈزەل ماكانىدىنمۇ زىيادە بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن.
ئىككى خانىش لام ـ جىم دېمىدى. شۇ تاپتا تېزرەك بېرىشقا
ئىنتىلىپ تۇرغان ئاشۇ شەھەرنى ئۇرۇش قىلماي، قان تۆكمەي،
مىڭلىغان لەشكەرلەرنىڭ ھاياتىنى بەدەل قىلماي ئالغىلى بولمايـ
دىغانلىقى ئۇلارغا ئايان ئىدى. شۇ دەقىقىدە ئۇلارنىڭ نازۇك ۋۇـ
جۇدىنى بولغۇسى ئۇرۇشنىڭ ۋەھىمىسى چۇلغىۋالغانىدى.
ھەئە، يۇنۇسخاننىڭمۇ كۆڭۈل خانىسى تىنچسىز ئىدى. قەشـ
قەرگە بارغاندىن كېيىن ئىنىسى سۇلتان ئىسان بۇغاخان، تەدبىرـ
لىك سەركەردە سەييىدئەلى ئالىپ بىلەن بولىدىغان جەڭنىڭ دەھـ
شىتى ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى قاتمۇقات چىرمىۋالغانىدى. گەرچە ئۇ
بۇ قېتىمقى لەشكىرىي يۈرۈشكە بىرنەچچە يىل پۇختا تەييارلىق
قىلغان، تۈرلۈك جەڭ تەدبىرلىرىنى پۇختا تۈزۈۋالغان، غەلىبىگە
نىسبەتەن ئىشەنچى تولۇپ ـ تاشقان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىنىڭ

www.uyghurkitap.com

بىر يەرلىرى يەنىلا كاۋاك ئىدى. ئاللىقانداق بىر تەشۋىش، ئەندىشىلەر كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىگە غۇۋا سايە تاشلايتتى. ئۇ كۆڭلىدىكى بۇ ۋەسۋەسىلەرنى ئىككى خانىشقا بىلىندۈرمەسلىك ئۈچۈن پىيالىگە لىقلاپ قۇيۇلغان كۈچلۈك شارابنى گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى. مۇزدەك شاراب يۈرىكىنى ئازراق سەگىتكەن بولسىمۇ پاقلان، بۇغا گۆشىدە قىلىنغان كاۋاپ بىلەن بىرلىشىپ يۈرىكىنى يەنە قىزىتتى. ئەمما كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە غەلىيان كۆتۈرگەن غەم ــ ئەندىشىلەرنى باسالمىدى.

ئۇ ئەسلىدە قەشقەرگە ئۆتكەن يىلى يازدا يۈرۈش قىلماقچى ئىدى. بارلىق تەييارلىقلىرى پۈتەي دەپ قالغاندا، خېلىدىن بېرى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئانىسى دۆلەتسۇلتان خانىش قازا قىلىپ كەتتى. ئانىسىنىڭ مۇسىبەت ئىشلىرى بىلەن بولۇپ، ئىككى ئاي ۋاقىت بىلىنمەيلا ئۆتۈپ كەتتى. كۈز پەسلىدە قەشقەرگە لەشكەر تارتىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدى. ناۋادا ئۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولماي ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتسە ئوزۇق ــ تۈلۈكنىڭ يېتىشمەسلىكىدىن، لەشكەرلىرىنىڭ قەشقەرنىڭ ھاۋاسىغا ماسلىشالماسلىقىدىن، ئەڭ مۇھىمى قارا قىشتا خەتەرلىك تاغ يوللىرىدا تۈركىستانغا بىخەتەر چېكىنىپ كېتەلمەسلىكىدىن ئەنسىرىدى. شۇ سەۋەبتىن يۈرۈشنى بىر يىل كېچىكتۈرگەنىدى.

شۇ تاپتا ئۇ بۇ قېتىمقى يۈرۈشكە خوتۇن ــ باللىرىنى بىللە ئېلىۋالغىنىغا پۇشايمان قىلىپ قالغانىدى.

«رەھمەتلىك ۋالىدەئى مېھرىبان ھايات بولغان بولسا بۇلارنى بىللە ئېلىۋېلىپ يۈرمەي يېنىدا قالدۇرۇپ قويار ئىدىم، شۇنداق-تىمۇ بۇ قېتىم بۇلارنى بىللە ئېلىۋالمىسام بوپتىكەن. ئۇرۇش دېگەننىڭ تەقدىرىگە ھۆكۈم قىلماق تەس، ناۋادا مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنسەم ئۇلار بۇنىڭدىن ئۆتە جاپاغا قالىدۇ. ئېھ قۇدرەتلىك ئىگەم، بۇنداق قارا كۈنلەرنى كۆرسەتمىشتىن ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن. ئۆزۈڭگە ئاسان، بەندەڭگە قىيىن، قۇدرىتىڭگە تېۋىنىدىم...»

خىزمەتكارلارنىڭ ئىككى تاۋاق نېرىن كۆتۈرۈپ كىرىشى بىلەن يۇنۇسخاننىڭ خىياللىرى بۆلۈنۈپ كەتتى.

نېرىن ئانچە ئوخشاپ كەتمىگەن بولسىمۇ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى توختىماي يول يۈرۈش جەريانىدا تالقان، نان، سوغۇق گۆش بىلەنلا ئوزۇقلىنىپ كەلگەچكىمۇ، بۇ تاماق ئۇلارغا بەكمۇ تېتىدى. ئادەتتە ھەرقانداق تاماقنى بىر پىيالىدىن ئارتۇق يېمەيدىغان شاھ بېگىم نېرىندىن ئىككى پىيالە بۆلدى، مىس كورىدا كەلتۈرۈلگەن نېرىننىڭ شورپىسىدىنمۇ تەرلەپ تۇرۇپ ئىچتى.

— ئەجەب ئىسسىق باستى، — دېدى شاھ بېگىم چىرايلىق بۇرنىنىڭ ئۇستىدە پەيدا بولغان چېكىم - چېكىم تەرلەرنى يىپەك رومال بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، — دېگەن بىلەن تاماق بۇيرۇتۇشقا يەنىلا خانىش ئايىم ئۇستا.

— ئايلىناي مەلىكەم، ئاغزىلىرىغا تېتىغان بولسا، — دېدى ئىسان دۆلەت خېنىم يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ، — ئاللاھ خالىسا قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن، بۇنىڭدىنمۇ ئوخشىتىپ ئەتكۈزۈپ بېرىمەن.

— خىجىلمەن، ھېلىمۇ سىلىنى كۆپ جۇۋۇتۇپ كېلىۋاتىمەن، — دېدى شاھ بېگىم مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، — قەشقەرگە بارغاندا ئۆزۈم خىزمەتلىرىدە بولىمەن.

— قەشقەرگە بارغاندا ئىككىلىرى بىر - بىرلىرى بىلەن بولۇپ مەن بىلەن كارىلىرى بولمىغىدەك - دە، — دېدى يۇنۇسخان ئىككى ئاغىچىسىنىڭ كۆڭۈل ئىزدەشلىرىدىن سۆيۈنۈپ.

— يوقسۇ، ئۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قالغىلى بولامدىغان ھەزرىتىم، — دېدى ئىسان دۆلەت خېنىم.

— قەشقەرنىڭ گۈزەللىرىنى بەكمۇ نازاكەتلىك دەپ ئاڭلايمەن. بىزنى ئۇنتۇپ قالمىسىلىلا بولدى، — دېدى شاھ بېگىم ئەركىلەپ.

— جاھاندا گۈزەللەر تولا، لېكىن ھېچقايسىسى ئىككىلىرىگە يەتمەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

ـــ ھىممەت قىلدىلا، ـــ دېدى ئىككى خانىش سۆيۈنگەن ھالدا بېشىنى ئېگىپ.

مەلىكە مېھرىنىگار خېنىم مۇگدەشكە باشلىغان، قورسىقى تويغان مەلىكە قۇتلۇقنىگار خېنىم بولسا ئىنىكئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ئاللىقاچان ئۇخلاپ قالغانىدى.

ـــ مەلىكىلەرنى ئارام ئالدۇرسۇنلار، ـــ دېدى ئىسان دۆلەت خېنىم ئوتتۇرا ياشلىق باش كېنىزىكىگە قاراپ.

خىزمەتكار ئاياللار ئىككى مەلىكىنى ئاۋايلاپ قۇچىقىغا ئېلىپ ماڭدى.

ـــ ھېزى بولۇڭلار، مەلىكىلەر كېچىدە يېپىنچىنى ئېچىۋەتمىسۇن، تاغنىڭ سوغۇقى كېچىدە بەك ئەدەيدۇ، ـــ دەپ تاپىلىدى يۇنۇسخان خىزمەتكارلارغا قاراپ.

ـــ بىزمۇ يانايلى، ھەزرىتىم ئوبدانراق ئارام ئېلىۋالسىلا، ـــ دېدى ئىسان دۆلەت خېنىم بىر پىيالە چاي ئىچىۋالغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئۇنىڭغا ئەگىشىپ شاھ بېگىممۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى ۋە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا يۇنۇسخانغا چەكسىز مېھرى بىلەن قارىۋالدى. ھەئە، ئىككىلا خانىشنىڭ يۇنۇسخان بىلەن يالغۇز قالغۇسى بار ئىدى، ئەمما بىر ـ بىرىدىن ھايا قىلىپ مەقسىتىنى بىلدۈرۈشتىن ئېھتىيات قىلىشتى. يات ئارىدا بولىدىغان جەڭنىڭ غېمى بىلەن ئولتۇرغان يۇنۇسخاننىڭ ئاياللىرىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگىدەك ھەپىلىسى يوق ئىدى. ئۇ ئىككى ئاغىچىسىنى كۆزى بىلەن ئۇزىتىپ قويۇپ ئورنىدا مىدىرلىماي ئولتۇردى.

ـــ شاراب قۇي، ـــ دېدى ئۇ يېنىدىكى مەھرىمىگە قاراپ.

ئارقىمۇئارقا ئۈچ ئاپقۇر شاراب ئىچكەن يۇنۇسخان ئوبدانلا كەيپ بولغانىدى. شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن دادىسى سۇلتان ئۇۋەيسخان قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئانىسى دۆلەتسۇلتان مەلىكىگە ئەگىشىپ تۈركىستانغا قايتىپ كەلگىنى، بۇۋىسى ئەمىر شەيخ نۇرىددىنىنىڭ نەسىھەتلىرى، سەمەرقەنتتە مىرزا ئۇ-

لۇغبەگ بىلەن ئۇچراشقىنى، كېيىن ھىراتقا ــ خاقانى سەئىد
شاھرۇخ مىرزىنىڭ ھۇزۇرىغا بارغانلىقى، كۆيۈمچان ئۇستازى
مەۋلانە شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ تەربىيەسىدە ئىلىم ـ پەزىلەت
ئۆگەنگەن كۈنلىرى، شەرەفىددىن ئەلى يەزدى قازا قىلىپ كەتكەنـ
دىن كېيىن بىر مەزگىل مەشھەدتە، ئاندىن باغداد، دەمەشق، ئاـ
خىرىدا شىراز ئالىملىرىنىڭ ھۇزۇرىدا ئىلىم تەھسىل قىلغانلىـ
قى، ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ چاقىرتىشى بىلەن ھىراتقا قايتىپ كېـ
لىپ، ئاتا مىراس زېمىنى موغۇلىستان سەلتەنەتىنى قولغا ئېـ
لىشقا نىيەت قىلغانلىقى، ياشىنىپ قالغان ئانىسى دۆلەتسۇلتان
مەلىكىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى، كۆنچى ئەمىرى شىرھاجى بەگ،
بەدەخشان ھۆكۈمدارى سۇلتان مۇھەممەدخانلارنىڭ قوللىشىغا ئېـ
رىشكەنلىكى ۋە ئۇلارغا كۈيئوغۇل بولغانلىقى، مەقسەت ـ مۇددىـ
ئاسىنى چۈشەنگەن نۇرغۇن بەگ ـ ئەمىرلەرنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشـ
قانلىقى بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

ئۇ ئايرىلىپ كەتكىلى ئاز كەم ئوتتۇز يىل بولاي دەپ قالغان
ئىنىسى ئېسان بۇغاخاننى ھەر قېتىم ئېسىگە ئالغىنىدا ئۆسمۈرـ
لۈك چېغىدا يۈرىكىگە ئورناپ كەتكەن قېرىنداشلىق مېھرىدىنمۇ
ئەيتاۋۇر يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى ئاچچىق ئېچىشاتتى. تەخت ـ
سەلتەنەتنى دەپ ئىنىسىغا قارشى لەشكەر تارتماقچى بولغانلىقىـ
دىن كۆڭلى يېرىم بولاتتى. خىجىللىق، نومۇس تۇيغۇلىرى ۋۇجۇـ
دىنى ئەسىر ئالاتتى، ھەتتا لەشكىرىي يۈرۈشتىن يالتىيىپمۇ
قالاتتى. ئەمما ئەبۇسەئىد مىرزا بىلەن ھىراتتىكى باغى زاغاندا
تۈزۈشكەن ئەھدۇ پەيمانلار، ئانىسى دۆلەتسۇلتان مەلىكىنىڭ ۋەـ
سىيىتى، ئۆزىنىڭ يىگىرمە نەچچە يىللىق تاجۇ تەختسىز ئۆتـ
كۈزگەن سەرگەردانلىق ھاياتىنى ئېسىگە ئالغىنىدا ۋۇجۇدىنى
چىرمىۋالغان بۇ تۇيغۇلار شۇ ھامان غايىب بولاتتى. ئۆزىنى بۈيۈك
موغۇلىستان سەلتەنەتىنىڭ بىردىنبىر ھەقىقىي تاج ئىگىسى دەپ
قارايتتى. ئەينى ۋاقىتتا تۇرپان ئوردىسىدىكى ئەمىر ـ سەركەردىـ
لەرنىڭ ئانىسى بىلەن ئۆزىنى تۇرپاندىن ھەيدەپ چىقىرىپ، ئىدـ

نىسىنى تەختتە ئۇلتۇرغۇزۇشىنى ئادالەتسىزلىك دەپ ھېسابلايت-
تى. ئاتا مىراس تاجۇ تەختىنى قولىغا ئېلىپ موغۇلىستان سەلتەنە-
تىگە پاسىبان بولسا ئىنىسى ئىسان بۇغاخانغا ياخشى مۇئامىلە
قىلىشنى، نائىب خانلىق مەرتىۋىسى بېرىپ، قېرىنداشلىق مې-
ھىر ـ مۇھەببىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، سەلتەنەت تىزگىنىنى
بىللە تۇتۇشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. پەقەت مۇشۇ ئوي ـ خى-
ياللارلا ئۇنىڭ كۆڭلىگە سايە تاشلاپ تۇرغان خىجىللىق تۇيغۇلى-
رىنى توزىتىۋېتەتتى. موغۇلىستان، تۈركىستان، پەرغانىدىن ئى-
بارەت بۇ كەڭرى زېمىندا قۇدرەتلىك بىر خانلىق قۇرۇش يۇنۇس-
خاننىڭ بۈيۈك غايىسى ئىدى. مۇشۇ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش
ئۈچۈن بولسىمۇ موغۇلىستان سەلتەنەتىنى قولىغا ئالمىسا بولمايت-
تى. ئۇنىڭچە ئاتا ـ ئەجدادلىرىنىڭ زېمىنى بولغان موغۇلىستاندىلا
ھەقىقىي قۇدرەتلىك بىر خانلىققا ئاساس سالغىلى بولاتتى.

سەييىدئەلى ئالپ ئۇنىڭ مۇشۇ بۈيۈك غايىسىنى ئەمەلگە ئا-
شۇرۇشتىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ ئىدى. ئۇ پەقەت مۇشۇ پىشقەدەم
سەركەردىدىنلا قاتتىق ئېھتىيات قىلاتتى. ئۇنى بويسۇندۇرماي تۇ-
رۇپ موغۇلىستاندا پۇت تىرەپ تۇرۇش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس
ئىدى. شۇڭا ئۇ موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلىشتا بىرىنچى ھۇجۇم
نىشانىنى قەشقەر قىلىپ تاللىغانىدى.

شۇنداق، ئۇ يېقىنقى بىر يىلدىن بېرى سەييىدئەلى ئالپنىڭ
ئارقىمۇئارقا ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرىنى تاپشۇرۇۋالدى. دوستلۇق،
قېرىنداشلىقنى شىپى كەلتۈرۈپ، تاشنىمۇ ئېرىتىۋەتكۈدەك ئى-
بارىلەر بىلەن تولغان بۇ مەكتۇپلار بەكمۇ تەسىرلىك ئىدى.
شۇنداقلا، بۇ مەكتۇپلاردا يۇنۇسخاننىڭ موغۇلىستانغا لەشكەر تار-
تىپ كەلمەسلىكى ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەن. بۇ سەممىمىي ئاگاھلان-
دۇرۇشلارنى پۈتۈنلەي تەھدىت دەپ چۈشەنگەن يۇنۇسخان پەرۋا-
سىز قارىدى، جاۋاب خەتمۇ يازمىدى. بالا ۋاقىتلىرىدا ھەر دائىم
ئەركىلىتىدىغان، بويىنىغا مىنىدۇرۇۋالىدىغان، كىچىك دېمەي

قورال ـ ياراغ ئىشلىتىش، جەڭبازلىق ماھارەتلىرىنى ئايانماي، زېرىكمەي ئۆگىنىدىغان، كەلگۈسىدە موغۇلىستان تەختگاھىنىڭ پاسىبانى بولىدىغانلىقىنى پات ـ پات ئەسكەرتىپ تۇرىدىغان، با ـ ھادىرلىقى، تەدبىرلىكلىكى، مەردۇ مەردانىلىقى بىلەن بالىلىق قەلبىدە ئۆچمەس سىما بولۇپ قالغان بۇ سەركەردىنىڭ، دادىسى سۇلتان ئۇۋەيسخان ئۆلۈپ كېتىشى بىلەنلا نېمە ئۇچۇندۇر دەرھال ئۆزىدىن، ئانىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، قائىدىگە خىلاپ ھالدا ئىنىسىنى تەختكە ئولتۇرغۇزغانلىقىنى، ئانىسى بىلەن ئۆزىنى كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا ۋەتىنىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلىغانلىقىنى كەچۈ ـ رەلمەيتتى. شۇ سەۋەبتىن قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە قاتتىق ئادا ـ ۋەتى بار ئىدى. ئۇدۇل قەشقەرگە لەشكەر تارتىپ بېرىپ سەييىد ـ ئەلى ئالپقا، ئەينى ۋاقىتتا لالما ئىتتەك قوغلانغان بەختسىز خانزادىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئۇ سەييىدئەلى ئالپنى تىرىك قولغا چۈشۈرسە ئۆل ـ تۈرۈۋەتمەي يېنىدا نەزەربەند قىلىپ ساقلاپ، قانچىلىك ئۆمۈر كۆرسە ئۆزىنىڭ موغۇلىستان تەختىدە ئولتۇرۇپ شۇنچىلىك سەلتەنەت يۈرگۈزگىنىنى، ئەل ـ يۇرتقا قانداق پاسىبانلىق قىلى ـ غانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى ئويلايتتى. سەييىدئەلى ئالپنى ھەر قېتىم ئېسىگە ئالغىنىدا يۈرىكىدىكى ئاداۋەت گۈلخانلىرى شۇنچىلىك ئۇلغىياتتى، تەخت ـ سەلتەنەتكە بولغان ھېرىسمەن ـ لىكى ھەسسىلەپ ئاشاتتى.

«ئاز قالدى، ئاللاھ خالىسا قەشقەرنى تىنچ ـ ئامان قولۇمغا ئېلىۋالسام، ئىنىم ئىسان بۇغاخاننىڭ تاجۇ تەختىنى بىكارلاپ بەرمەسلىككە ئامالى يوق. شۇ تاپتا قېرى ئەمىر سەييىدئەلى ئالپ نېمە ئىشلار بىلەن مەشغۇلكىن؟ جەننەتماكان خانىش ئانامدىن ئاڭلىشىمچە، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا مەرھۇم خان ئاتامنىڭ موغۇلىستان تەختگاھىنى سۇلتان شىرمۇھەممەدخاندىن قايتۇرۇۋېلىشىدا كاتتا تۆھپە كۆرسەتكەن، ھەرقاچان خان ئاتامنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي

www.uyghurkitap.com

چارە ـ تەدبىر كۆرسەتكەن، ئۇرۇشلاردا باھادىرلىق قىلغانىكەن.
تەقدىر دېگەن ئاجايىپ ـ ھە؟! ئۇ ئاشۇ چاغلاردا كۆڭلەرنىڭ بىرىدە
ئۆزى جان پىدالىق قىلغان خاننىڭ خانزادىسى بىلەن رەقىب بو-
لۇپ قېلىشنى، ھايات ـ ماماتلىق جەڭ قىلىپ قېلىشنى ئويلىغان
بولغىيمىدى؟ ھەرگىز ئويلىمىغان. قەشقەردە سەپ تۈزۈشۈپ قال-
ساق ماڭا يول قويارمۇ؟ جەننەتماكان خان ئاتامنىڭ يۈز ـ خاتى-
رىسىنى قىلارمۇ؟ بۇزرۇكۋار خانىش ئانامنىڭ دېيىشىچە، ئۇ كې-
يىنچە ئاشۇ قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلغان، مېنى ئىزدەپ تېپىش
ئۈچۈن سەمەرقەنت، ھىرات، باغداد، شىرازلارغا چاپارمەن ماڭ-
غۇزغانىكەن. تەقدىر ـ قىسمەت بىلەن ئۇلارغا يولۇقماپتىمەن.
ناۋادا يولۇقۇپ قالغان بولسام ھازىرقىدەك قىسمەت شەكىللىنەر-
مىدى؟ مۇمكىن ئەمەس. ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئەۋەتكەن چاپارمەنلى-
رىگە ئەگىشىپ موغۇلىستانغا كەلمەيتتىم. ماڭا بىرەر ۋىلايەتنىڭ
ئەمىرلىكىنى بېرىپ تەخت دەۋاسىدىن ۋاز كەچ، ئىنىڭنىڭ سەل-
تەنەتىنى ئېتىراپ قىل، دەپ نەسىھەت قىلار بولغىيتتى ھەقى-
چان. يولۋاسقا تاغ كېرەك، ئۇ ھەرگىزمۇ دۆڭلۈكنى ماكان تۇتمايـ
دۇ. ئارقىمۇئارقا يوللىغان ئاشۇ مەكتۇپلىرىدىنمۇ ئاشۇنداق مەنە
چىقىپ تۇرمامدۇ؟ ئۆزىنى كىم چاغلايدۇ ـ ھە؟ جەننەتماكان خان
ئاتامغا ھەمدەمدە بولۇپ موغۇلىستان تەختگاھىنى ئىستېلا قىلغان
بولسا، كۆرسەتكەن ئەجىر ـ تۆھپىسىگە تۇشلۇق ھۆرمەت ـ ئىم-
تىيازغا ئېرىشتى. ئۆز ۋاقتىدا مەرھۇم خان ئاتام ئۇنىڭ تۆھپى-
سىنى تارتۇقلاپ ھامام ـ مەلىكە ئۆز سۇلتان خېنىمنى ھېچ-
قانداق تويلۇق سالمايلا نىكاھلاپ بەرگەنىكەن. زامانىسىنىڭ
دانىشمەنى، ئەقىلدارى، لەشكىرىي ئىلمىنىڭ ئەللامىسى، خان
جەمەتىنىڭ كۆرەگانلىق مەرتىۋىسىدىكى ئالىي نەسەبلىك ئەزاسى
ھېسابلانغان بۇ سەركەردە ئۆز ۋاقتىدا نېمىشقا ھەق ـ ناھەقنى
ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، مېنىڭ ئورنۇمغا ئىنىمنى تەختتە
ئولتۇرغۇزۇپ، ئاشۇنداق خاتا ھۆكۈم چىقارغان بولغىيتتى؟ ما-
قۇل، بۇ خاتالىقنى كەردىنىگە ئالسۇنۇ، نېمىشقا ئەمدىلىكتە مې-

نىڭ موغۇلىستانغا كېلىشىمنى، ئاتا مىراس تاجۇ تەختىمنى قولۇمغا ئېلىشىمنى يەنە جان ـ جەھلى بىلەن توسۇماقچى بولىدۇ، بۇنداق قىلىشىدىكى مەقسەت ـ مۇددىئاسى نېمىدۇ؟ ھەرگىز يول قويمايمەن. ھەرقانداق سۇلھىگىمۇ كەلمەيمەن. يولۇمنى توسمەن، نىيىتىمدىن ياندۇرىمەن دەيدىكەن، قولىدىن كەلسە بېشىمنى تېنىمدىن جۇدا قىلسۇن. بولمىسا مېنى بۇ يولدىن توسۇمىقى مۇمكىن ئەمەس. ھەر بىر مەكتۇپىدا ئاغا ـ ئىنى تاجۇ تەخت تالىشىپ ياغى قىلسا خەلقئالەم زاغۇ تۇتىدۇ①، ئاۋام ـ رەئىيەت نالەت ئوقۇيدۇ، ئەل ـ يۇرت بالايىئاپەت ئىچىدە قالىدۇ، دەيدۇ تېخى. نېمىشقا ئۇ نەسىھەتلەرنى تەخت ساھىبى بولمىش ئىنىمغا بېرىپ قىلمايدۇ؟ ئۇنى چىرايلىقچە تەختنى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە كۆندۈرمەيدۇ؟ نېمىشقا مەنلا ئۇنىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سالغۇدەكمەن؟ ھەقىقەت بىر مەھەل كۆمۈلۈپ قالسىمۇ ھامان ئۆزىنىڭ جۇلاسىنى ئايان قىلىدۇ. ھەقىقەت مەن تەرەپتە. ھەقىقىي مەرد ـ باھادىر بولسا مېنى قوللىسۇن، بولمىسا ئىشىنى قىلسۇن. قېرى جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ، يەر تىرەپ قالغاندا ئەڭ ياخشىسى مەن بىلەن قارشىلاشمىغىنى، سۈكۈت قىلغىنى، ئاغا ـ ئىنى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپقا قېتىلىشۋالمىغىنى ئەۋزەل. شۇنداق، ئۇ قېرىپ قالغىنى، پۇت ـ قولىنىڭ كۈچ ـ ماغدۇرى قالمىغىنى بىلەن تەدبىرلىك، ھىيلە ـ تەدبىردە ئۇنىڭ تەڭدىشى بولالمايمەن. شۇڭلاشقا ئېھتىيات قىلغىنىم، ھەر بىر قەدەمنى ئاۋايلاپ باسقىنىم ئەۋزەل...»

يۇنۇسخان بىرئاز سەگىدەش ئۈچۈن بارگاھى ئالىيدىن سىرتقا چىقتى. تۈن يېرىملاشقان بولۇپ، تولۇن ئاي كۈمۈش نۇرلىرىنى ئايىماي چېچىۋاتاتتى. تۇمەنلىگەن يۇلتۇزلار گويا يۇنۇسخانغا مەدەت بېرىۋاتقاندەك شوخلۇق بىلەن كۆز قىسىپ جىمىرلايتتى. يۇنۇسخان غۇر ـ غۇر ئەسكەن تاغ شامىلىغا كۆكرەكىنى تۇتقىنىچە قېنىپ ـ قېنىپ نەپەس ئالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئىشەنچكە تولۇپ تاشقانىدى.

① زاغۇ تۇتۇش ــــ مەسخىرە قىلىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com

## 54

قەشقەر شەھىرىنىڭ سىرتى سۇلتان ئىسان بۇغاخان باشلاپ كەلگەن خان لەشكەرلىرى ۋە سەييىدئەلى ئالپىنىڭ قورغان چې-دىر ـ بارگاھلىرى بىلەن تولىمۇ ۋەھىمىلىك تۇس ئالغانىدى.

مىڭيول قىشلىقىدا لەشكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ بىر ھەپتە ئارام ئالدۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يول بويى ھېچقانداق قار-شىلىققا ئۇچرىماي ئۇدۇل قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن يۇنۇسخان، شەھەردىن ئۇچ پەرسەخ يىراقلىقتا ئۆزىگە قارشى تەييارلىنىپ تۇرغان رەقىبلەرنىڭ بارگاھىنى كۆرۈپ بىرئاز ھودۇقتى. سەر-كەردىلىرىگە دەرھال ئۇچ پەرسەخ ئارىلىق تاشلاپ بارگاھ قۇرۇشقا پەرمان بېرىپ، يەزەك① قوشۇنىنىڭ سەركەردىسىنى ياۋ قوشۇنى-نىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ھەئە، رەقىبلىرىنىڭ ئالدىنئالا تەييارلىنىپ تۇرغانلىقى ئۇنى تەمتىرىتىپ قويغانىدى. يۇنۇسخان لەشكىرىي يۇرۇشكە چىقىشتىن ئاۋۋال ئويلىغىنىدەك، قەشقەرنى ئۇنچە ئاسان ئالالمايدىغانلىقىنى بىردىنلا ھېس قىلىپ يەتتى.

«سەييىدئەلى ئالپ ئاللىقاچان تەييارلىق كۆرۈپ قويغاند-كەن ـ دە. نېمىشقا ئۇ يول ئۇستىدىكى مۇھىم داۋان، ئۆتكەللەر-گە لەشكەر ئورۇنلاشتۇرماي، ھەممە سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى قەشقەرگە جۇغلىۋالدىكىنە؟ بۇ ئۇنىڭ مەندىن ئېھتىيات قىلغى-نىمىدۇ ياكى لەشكىرىي كۈچىنى بۆلۈۋەتمەي بىر يەرگە جەم قىل-غىنىمىدۇ؟ ۋەياكى ھىيلە ئىشلىتىۋاتامدىغاندۇ؟ راست، بۇ قېرى سەركەردىنىڭ ھىيلە ـ مىكرى، تەدبىرى تولا دەپ ئاڭلىۋىدىم.

① يەزەك ــ چارلىغۇچى ئەترەت.

ئەڭ ياخشىسى ھۇجۇم قىلىشقا ئالدىرىماي، ئەھۋالنى ئىنچىكە كۆزىتەي...»

بارگاھى ئالىيغا جەم بولۇشقان سەركەردىلەر چوڭقۇر خىيالغا ئەسىر بولغان يۇنۇسخاننىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلەلمەي جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار يۇنۇسخاننىڭ قەشقەرنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپلا بۇنداق جىمىپ كېتىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۇرۇشمىگەندى. شۇ تاپتا ئۇلارغا ۋاقىت تولىمۇ ئاستا ئۆتكەندەك بىلىنىۋاتاتتى. يەزەك سەركەردىنىڭ كىرىپ كېلىشى بارگاھى ئالىينىڭ بىر ئاش پىشىملىق جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

ـــ مەلۇم بولغاي، ـــ دېدى يەزەك سەركەردە قول باغلاپ تۇرۇپ.

يۇنۇسخان ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ سەركەردىگە قارىدى.

ـــ خوش.

ـــ ئالدىمىزدىكى راستىتىنلا قەشقەر لەشكەرلىرى بىلەن ئاقسۇدىن ھەمدەمگە كەلگەن خان لەشكەرلىرىنىڭ قارارگاھى ئىكەن، ئۇقۇشمىزچە سۇلتان ئىسان بۇغاخان بىر ھەپتە ئاۋۋال ئاقسۇدىن لەشكەر باشلاپ كەلگەنىكەن. ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ سانى ئوتتۇز مىڭدىن كەم ئەمەستەك قىلىدۇ.

ـــ قارارگاھىنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ ـــ سورىدى مىركەرىمبەردى بەگ.

ـــ ئىنتايىن مۇستەھكەم. تەرتىپ ـ ئىنتىزامىمۇ شۇنداق رەتلىك. قاراۋۇل ـ چارلىغۇچىلاردىن باشقا لەشكەرلىرىنىڭ قارارگاھ ئىچىدە مېڭىپ يۈرگىنىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بىز قارارگاھقا خېلىلا يېقىنلاشقان بولساقمۇ، لېكىن ئۇلار بىزنى كۆرمىگەندەك پەقەتلا پەرۋا قىلمىدى.

ـــ قەستەن بىزگە سۇر كۆرسىتىۋاتقان گەپ، ـــ دېدى ئەمىر بەگچەك شالاڭ ساقاللىرىنى تىترىتىپ، ـــ مېنىڭچە ئىككىلىنىپ تۇرماي دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتەيلى. مۇشۇنداق قىلساق ياۋغا

ۋەھىمە پەيدا قىلغىلى، پاتىپاراق قىلىپ ئىرادىسىنى سۇندۇرغىلى بولىدۇ، ھەم لەشكەرلىرىمىزنىڭمۇ جەڭگىۋارلىقى ئاشىدۇ.

يۇنۇسخان سەركەردىلىرىگە تەكشى نەزەر تاشلىدى. ئەمىر مىركەرىمبەردى بەگ بىلەن ھەقنەزەر مىرزا سەل ئىككىلىنىپ قالغاندەك قىلاتتى.

— مېنىڭچە ئالدىرىمايلى، — دېدى يۇنۇسخان، — سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىز بىر ـ ئىككى كۈن ئوبدان ئارام ئېلىپ ھاردۇقىنى چىقىرىۋالسۇن. ئۇنىڭغىچە ياۋ قارارگاھىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۆزىتەيلى. ھامىنى لەشكەر تارتىپ كەلگەن ئىكەنمىز، ئالدىراقسانلىق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. تەييارلىقلىرىمىز پۇختا بولغاي، لەشكەرلەر قارارگاھتىن خالىغانچە سىرتقا چىقمىغاي، ئەتراپتىكى ئاھالىلەر بىلەن سۆزلەشمىگەي، پەرمانىمىزغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ. جانابى سەركەردىلەرگە ئىجازەت!

— ئالىيلىرى ئامان بولغايلا!

سەركەردىلەر بارگاھى ئالىيدىن ئاستا يېنىپ چىقىشتى.

يالغۇز قالغان يۇنۇسخاننى غەم بېسىۋالغانىدى. رەقىبلىرىنىڭ شەھەرنىڭ سىرتىدا قارارگاھ قۇرۇپ ياتقىنى ئاللىقاچان جەڭگە تەييارلىنىپ بولغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى. ناۋادا ئۇلار شەھەردىن چىقماي يۇنۇسخاننىڭ ھۇجۇم قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان بولسا بۇنچىۋالا تەشۋىشلىنىشىنىڭ، ئېھتىيات قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. سەييىدئەلى ئالپ بولمىسا، ئىنىسى ئىسان بۇغاخان ئىككى تۈمەن ئەمەس، يىگىرمە تۈمەن لەشكەر باشلاپ كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۇ قىلچىلىك غەم قىلىپ كەتمەيتتى. ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان چىگىش خىياللارنىڭ بىر بېشىغا چىقىپ بولالمىغان يۇنۇسخان، ناۋادا رەقىبلىرىدىن ھېچقانداق شەپە بولمىسا لەشكەرلىرىنى ئوبدان ئارام ئالدۇرۇپ، ئىككى كۈندىن كېيىن ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى قارار قىلدى.

※ ※ ※

موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ قارارگاھى.

ھەشەمەتلىك شاھانە چېدىرنىڭ تۆرىدە سۇلتان ئىسان بۇغاخان تولىمۇ غەمسىز ئولتۇراتتى. كېچىدىن بېرى ئۇخلىماي قىلغان بەزمىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ئەيتاۋۇر كۆزلىرىدە ئۇيقۇ قايناپتتى، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئەسنەپ قوياتتى.

— ياۋغا ئارام ئېلىۋېلىشقا پۇرسەت بەرمەسلىكىمىز كېرەك ئىدى، — دېدى ئىسان بۇغاخان ئالدىقاندەق بىر زېرىكىش تۇيغۇسىدا، — ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ كەلگەن ياۋ بىلەن جەڭ قىلساق ئاسان غەلىبە قىلاتتۇق.

— ئەينى مۇددىئا. قۇدرەتلىك پاناھگاھىمىز دانادۇر، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ تەۋازۇ بىلەن ئېگىلىپ تۇرۇپ، — ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ يول جاپاسىدا ھېرىپ كەلگىنى راست، ئەمما ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى سۇسلاشقىنى يوق. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ھۇجۇمغا ئۆتسەك، ئۇلار جېنىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ قويۇپ قارشىلىق كۆرسىتىشى مۇمكىن. بۇ جەڭ ۋەزىيىتىگە پايدىسىز. مېنىڭچە بىرنەچچە كۈن تەخىر قىلايلى، خانزادە يۇنۇسخاننىڭ ھەدېگەندە ھۇجۇم قىلماي تۇرۇۋالغىنىغا قارىغاندا، ئۇ چوقۇم بىزدىن ئېھتىيات قىلىپ قالدى. قاراۋۇللارنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ياۋنىڭ يەزەكلىرى قارارگاھىمىزنى توختىماي كۆزىتىۋاتقۇدەك، ئەھۋال ئۇقۇشۇۋاتقۇدەك. بىزنىڭ جىم تۇرۇۋېلىشىمىز ئۇلارنى بەتگۇمانغا سالماي قالمايدۇ. گۇمان ئەلۋەتتە تەشۋىشنى كۈچەيتىدۇ، تەشۋىش جەڭگىۋارلىقنى سۇسلاشتۇرىدۇ. ئالىيلىرى قارارگاھتا تۇرۇپ زېرىكىپ قالدىلا، مېنىڭچە شەھەرگە كىرىپ ئارام ئالسىلا، ۋاقتى كەلگەندە خەۋەر بېرىمەن.

سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭمۇ خىيالى شۇ ئىدى، نەچچە كۈندىن بېرى قارارگاھتا تۇرۇپ زېرىكىپ قالغانىدى. يەنە بىر تەرەپ-

uyghurkitap.com كىتاب تورىبېكىتى

تىن نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ ئاكىسى يۇنۇسخان بىلەن جەڭ مەيدانىدا يۈزمۇيۈز كېلىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ قالغانىدى. سەيىدئەلى ئالپمۇ بۇ قېرىنداشلارنى جەڭ مەيدانىدا ئۇچراشتۇرۇشنى خالىمايتتى.

ــ شۇنداق قىلايلى ئەمىسە، ــ دېدى ئىسان بۇغاخان دەس ئورنىدىن تۇرۇپ.

سۇلتان ئىسان بۇغاخاننى ئۇزىتىپ قويغان سەيىدئەلى ئالپ ئىككى ئوغلىنى يېنىدا ئەپقېلىپ قالغان سەركەردىلەرنى ئۆز قارارگاھلىرىغا قايتۇرۇۋەتتى.

ــ ئارتۇچ[1] تۆپىلىكىدە بۆكتۈرمىدە تۇرغان سەركەردە ــ لەشكەرلەرنىڭ ئەھۋالى قانداقراق ئەمىرزادەم؟ ــ سورىدى سەيىدئەلى ئالپ چوڭ ئوغلى سانىز مىرزىغا قاراپ.

ــ خاتىرجەم بولسىلا ئاتا، پەرمانلىرىغا بىنائەن بارلىق ئۆتكەل ــ داۋانلارغا قارارگاھ قۇردۇق. ئادەم تۇگۇل ئۇچار قۇشلارمۇ چاڭگىلىمىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

ــ ئەينى مۇددىئا. يەنە تاپىلاپ يۈرمەيمەن، ــ دېدى سەيىدئەلى ئالپ تەمكىنلىك بىلەن ئاپئاق ساقاللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، ــ خانزادە يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ جېنىغا چوقۇم كېپىللىك قىلسىلا. ھەرقانداق سەركەردە ــ لەشكەر خانزادىگە زىيان ــ زەخمەت يەتكۈزمىگەي. پەقەت خاتۇن ــ بالىلىرى، خىزمەتكارلىرى بىلەن قېچىپ كېتىشىگە يول قويسىلىرى بولىدى.

ــ نېمىشقا خانزادە يۇنۇسخاننىڭ قېچىپ كېتىشىگە يول قويىمىز ئاتا؟ ــ سورىدى دادىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىگەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا.

ــ خانزادىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نىزا ــ ئاداۋەتلەرگە مۇشۇنچىلىك ئارىلىشىپ قالغىنىمىزمۇ يېتەر ئوغلۇم، ــ دېدى سەيىدئەلى ئالپ، ــ بۇنىڭ نۇرغۇن سەۋەبلىرى بار. ھازىر سىلىگە چۈشەندۇرۇپ ئولتۇرغۇدەك ۋاقىت يوق. بارلىق مەقسەت ــ

---

[1] ئارتۇچ ــ ئاتۇش.

مۇددىئالىرىمدىن ئاغىلىرى تولۇق خەۋەرداردۇر. ئىككى يىلدىن بېرى خېلى تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولساممۇ يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ بۇ لەشكىرىي يۈرۈشىنى توسۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىدىم. ئەمما ئۇمۇ جەننەتماكان سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىنىڭ يۈرەك پارىسىدۇر. ئەلۋەتتە تەخت ـ سەلتەنەتتە ئۇنىڭمۇ ھەققى ـ نېسىۋىسى بار. ئاغا ـ ئىنى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، ئۆچ ـ ئاداۋەتنى ھەل قىلىش بۇ ئۆمرۈمدە مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ. پەقەت ۋاقىتنى كېيىنگە سۈرۈشتىن ئۆزگە چارە تاپالمىدىم. ناۋادا خانزادە يۇنۇسخان ئالىيلىرىنى تۇتۇپ سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرىنىڭ دەرگاھىغا ئەكەلسەك، خاتالىق ئۈستىگە خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولۇپ قالىمىز. شۇڭلاشقا ئاغا ـ ئىنى ئۇچراشمىغىنى ئەۋزەل. پەقەت يۇنۇسخاننى سەركەردە ـ لەشكەرلىرىدىن تولۇق ئايرىۋەتسەكلا بولىدى. يۇنۇسخان سەركەردە ـ لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالسا، يەنە بەش ـ ئون يىلسىز بۇ زېمىنغا لەشكەر تارتىپ كېلىشكە پېتىنالمايدۇ. سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرىمۇ تەخت ـ سەلتەنەتتە خاتىرجەم ئولتۇرۇۋېرىدۇ.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا دادىسىنىڭ مەقسىتىنى تولۇق چۈشەنمىگەن بولسىمۇ ئارتۇقچە سوئال سورىمىدى.

— ناۋادا خانزادە يۇنۇسخان ئالىيلىرى ئارتۇچ ئارقىلىق چېكىنمىسىچۇ؟ — سورىدى سانىز مىرزا.

— خانزادە يۇنۇسخان ئالىيلىرى ئاشۇ كەلگەن يولىدىن باشقا يولنى بىلمەيدۇ. چوقۇم كەلگەن يولى بىلەن چېكىنىدۇ، — دېدى سەييىدئەلى ئالىپ ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا، — سىلى باشقا خىياللاردا بولماي دەرھال يانسىلا، سەركەردە ـ لەشكەرلەرگە قاتتىق جېكىلىسىلە. ئۇلار يۇنۇسخاننىڭ يالغۇز چېكىنىپ كېتىشىگە يول قويسۇن.

— پەرمانبەردارمەن، — دېدى سانىز مىرزا ئورنىدىن تۇرۇپ.

— سىلى، — دېدى سەييىدئەلى ئالىپ ئىككىنچى ئوغلى مۇ-

uyghurkitap.com

ھەمەد ھەيدەر مىرزىغا قاراپ، ــ جەڭ بولغان كۈنى سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن ئۇدۇل يۇنۇسخان قارارگاھىنىڭ ھەرىمىگە ھۇجۇم قىلسىلا. بۇنىڭدىكى مۇددىئا شولكى، خانزادىنىڭ ھەرەملىرىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش، باشقا سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسىتىشكە ئالدىراپ يۇنۇسخاننىڭ خاتۇن ـ بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ساقلىنىش، مۇددىئايىم ئايان بولدىمۇ ئەمىرزادەم؟

ــ ئايان بولدى، ــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا.

ــ بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق بەسى مۇشكۇل، ناۋادا يۇنۇسخان چېكىنگەن ۋاقىتدا ھەرىمىنى ئېلىپ چېكىنىشكە ئۈلگۈرەلىسە تېخى ياخشى. ئول چاغدا يالغاندىن ھۇجۇم قىلىپ قوغلىغان بولۇپ، سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىزنىڭ ئول زەئىپەلەرگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىلا. ناۋادا يۇنۇسخان ھەرىمىنى ئېلىپ چېكىنىشكە ئامالسىز قالسا، سىلى ئۇلارنى تولۇق قوغداپ ھاياتىغا كېپىللىك قىلىدىلا. بۇ ئىشتا قىلچىلىك سەۋەنلىك كۆرۈلمىگەي ھەم ۋاقىتىنچە باشقىلاردىن سىر تۇتۇلغاي.

ــ مۇددىئالىرىنى چۈشەندىم ئاتا.

ــ ئەمىسە شۇنداق بولسۇن. ۋاقتى كەلگەندە يۇنۇسخاننىڭ ھەرىمىنى قىر ـ چاپ قىلىش ۋەزىپىسىنى سىلىگە تاپشۇرىمەن. قالغىنىنى ئۆزلىرى بىلۇرلا. خوش، قايتىسىلا بولىدۇ.

چېدىرگاھىدا يالغۇز قالغان سەيىدئەلى ئالپ ئۆز ئىچىنى تىڭشاپ ئۇزاققىچە جىمجىت ئولتۇردى. سۇلتان ئىسان بۇغاخان قەشقەرگە ھەمدەمگە لەشكەر تارتىپ كەلگەندىن بېرى قايتىدىن يېڭىلاپ تۈزگەن جەڭ تەدبىرلىرىنى، سەركەردە ـ لەشكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى بىر قۇر ئەسلەپ چىقتى. ئۇ تۈزگەن تەدبىرلىرىنىڭ، كۆرگەن ھازىرلىقلىرىنىڭ جاي ـ جايىدا بولغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىپ خېلىلا خاتىرجەم بولدى. بولغۇسى جەڭدە

قاتتىق يېڭىلگەن يۇنۇسخاننىڭ بىچارە تۇرقىنى كۆز ئالدىغا كەل-تۈرۈپ يۈرىكى پىژژىدە ئېچىشتى.

«قولۇمدىن كېلىدىغان ئامالالارنى قىلىپ باقتىم. خانزادە يۇ-نۇسخان نەسىھەتىمگە پەقەتلا قۇلاق سالمىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا نە-سىھەت قىلىشنىڭ ئورنى قالمىدى. ئەسلىدە سەركەردە ـ لەشكەر-لىرىنى ساقلاپ قالالىسا ئىككى قېيىنئاتىسى ئالدىدىمۇ، ھامىيسى ئەبۇسەئىد مىرزا ئالدىدىمۇ، مۇھىمى ئىنىسى ھەم رەقىبى بول-مىش سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرى ئالدىدىمۇ ئۆزىگە ياخشى ئىدى، كېيىنكى ئىستىقبالىغىمۇ تەسىر يەتمەيتتى. نېمىشقا ئۇ تۈركىستان ھۇدۇدلىقىغا شۇكۇر ـ قانائەت قىلمايدىغاندۇ؟ ئەگەر تۈركىستان تەسەررۇپىنى كىچىك كۆرگەن بولسا قولىدىكى ئاشۇ يىگىرمە مىڭ لەشكەر بىلەن ئەتراپىدىكى باشقا خانلىقلارنى ئىس-تېلا قىلسىمۇ بولاتتىغۇ. شۇنداق قىلغان بولسا بىزمۇ ھەمدەمدە بولۇپ كۆمەكلىشەتتۇق ئەمەسمۇ؟ موغۇلىستان تەختگاھىدىن باش-قا تەختگاھلاردىمۇ ئولتۇرۇپ دەۋران سۈرگىلى بولاتتىغۇ؟ ئەبۇ-سەئىد مىرزىنىڭ ئۇنى شىرازدىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ ئەكې-لىپ، لەشكەر، زېمىن بېرىپ، ئاتا مىراس زېمىنى بولمىش موغۇ-لىستان تەسەررۇپىنى قولىغا ئېلىشقا دەۋەت قىلىشىدىكى مەقسى-تى ئۆز تەسەررۇپىنى بىزدىن ــ سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىي-لىرىنىڭ تەھلىكىسىدىن خالاس قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلمەمدى-كىنە. ئەبۇسەئىد مىرزا نېمىدېگەن قۇۋ ـ ھە؟! باجىسى ئابدۇللا مىرزىدىن قېيىنئاتىسىنىڭ تەخت ـ سەلتەنەتىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن دەشتى قىپچاق ئۆزبېكلىرىنى سەمەرقەنتكە باشلاپ كې-لىشتىن ئايانمىدى. ئۇلارنىڭ سەمەرقەنتنى بۇلاپ ـ تالىشىغا يول قويىدى. ئەمىر تۆمۈردىن مىرزا ئۇلۇغبەگ دەۋرىگىچە بىنا قىلىن-غان مەشھۇر، كاتتا ئىمارەتلەرنىڭ ۋەيران قىلىنىشىغا سۈكۈت قىلدى. مانا ئەمدى ئۆز سەلتەنەتىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن يۇ-نۇسخاننى شىرازدىن ئىزدەپ كېلىپ، قولىغا لەشكەر، قورال بې-

ـرىپ ئاغا ـ ئىنىلەرنى دۈشمەنلەشتۈردى. بۇ سەلتەنەت ماجىرالىـ
ـرىنىڭ باش ـ ئاخىرى نەگە بېرىپ، نەدە توختاركىن تاڭ؟! ئىنسان
دېگەن سەلتەنەت، زېمىن، مال ـ دۇنياغا تويماي ئۆتىدىكەن، بولـ
ـمىسا مەيلى سۇلتان، مەيلى ئاۋام بولسۇن، ئاخىرقى ھېسابتا بارار
جايى يەنىلا تۆت قەدەم قارا تۇپراق. راست، مەنمۇ ئىككى پۇتۇم
پۇتۇنلەي گۆرگە ساڭگىلىغان قېرى چېنىمدا، خۇداغا شۇكرى دەپ
بىر بۇلۇڭدا نامىزىمنى ئوقۇپ، بىلىپ ـ بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇـ
ناھلىرىمغا تەۋبە قىلىپ ئولتۇرماي، نېمىشقا بۇ سەلتەنەت ماـ
جىرالىرىغا ئارىلىشىمەن؟ ئەتە ـ ئۆگۈن ئىچىدە بولىدىغان دەھـ
شەتلىك جەڭدە نۇرغۇنلىغان يىگىتلەرنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا
بولسا، نۇرغۇنلىغان مەزلۇملار تۇل، بالىلار يېتىم بولسا، بۇنىڭ
ۋابالى كىمگە بولۇر؟ ئاشۇ تەخت ـ سەلتەنەت تالاشقان ئاغا ـ ئىـ
ـنىلەرگىمۇ ياكى ئاشۇ جەڭگە باشچىلىق قىلغان مەندەك ئۆلۈمتۈك
قېرىغىمۇ؟ جاھان ئۇرۇش ـ غوۋغالاردىن خالىي بولغان زامانلارمۇ
كېلەرمۇ؟ مۇمكىن ئەمەس. دۇنيادا خان ـ پادىشاھلارلا بولىدىكەن،
ئۇرۇش ـ غوۋغا تۈگىمەيدۇ. ئۇلارنىڭ كاتتا ئوردا ـ سارايلىرىدىكى
ئالتۇن تەختلەردە خاتىرجەم ئولتۇرۇشى، پاراغەتلىك ياشىشى ئۈـ
چۈن نۇرغۇنلىغان مەرد ئەزىمەتلەر جېنىدىن جۇدا بولىدۇ، زېمىن
قىپقىزىل قان بىلەن بويىلىدۇ، دۆۋە ـ دۆۋە جەسەتلەر بۇ زېمىنـ
ـغا ئوغۇت بولىدۇ. ئەنە ئاشۇلارنىڭ ھاياتى بەدىلىگە خان ـ سۇلـ
ـتانلار دەۋران سۈرىدۇ. ھەئە، مەنمۇ ئىككى پەرزەنتىمنىڭ بەخت ـ
سائادىتى ئۈچۈن، ئىستىقبالى، خاتىرجەملىكى ئۈچۈن بۇ جەڭگە
ئىشتىراك قىلىۋاتىمەن. تەخت ـ سەلتەنەت رەقىبلەرنىڭ ھالاكىـ
ـتى بەدىلىگە مۇستەھكەملىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن يەنىلا سۇلـ
ـتان ئىسان بۇغاخاننى تاللايمەن. ئۇ ئولتۇرغان تەخت ـ سەلتەنەتـ
ـنىڭ مۇستەھكەم بولۇشى ئۈچۈن قان تۆكۈشكە رازىمەن. ئىـھ
پەرۋەردىگارىم، ئۆزۈڭ ئادىلسەن. ئۆزۈڭ ھەقىقەت ئىگىسىسەن،
ئۆتكۈزگەن گۇناھى كەبىرلىرىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن. شەپقەتـ
ـلىك ئىنايىتىڭگە سېغىنىمەن...»

※ ※ ※

ئىككى كۈن جىمجىتلا ئۆتۈپ كەتتى.

ھەئە، لەشكەرگاھلار جىم تۇرغاندەك بىلىنگىنى بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ بۇ ئىككى كۈندە ئايغاقچىلار ئارقىلىق بىر ـ بىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇردى. يۇنۇسخاننىڭ ئايغاقچىلىرى ئوچۇق ـ ئاشكارا ھەرىكەت قىلاتتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ قانچىلىك ئالدىراۋاتقانلىقىنى، ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. سەييىدئەلى ئالپنىڭ ئايغاقچىلىرى ياۋ ئەھۋالىنى يوشۇرۇن كۆزىتەتتى. قارىماققا ئۇلار قارشى تەرەپكە قورققاندەك، يۈرەكئالدى بولۇپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

ھىيلىگەر سەييىدئەلى ئالپ قارارگاھىنى بىر كېچىدىلا بىر پەرسەخ چېكىندۈردى. بۇ ئۇنىڭ قەستەن قورققاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ كۆرسەتكەن ھىيلىسى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ تەدبىرى دەرھال ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى.

ياۋ لەشكەرگاھىنىڭ بىر كېچىدىلا چېكىنگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان يۇنۇسخان رەقىبلىرىم قورقۇپ كېتىپتۇ، ۋەھىمىگە چۈشۈپتۇ، جەڭدە يېڭىلىپ قالسا شەھەرگە كىرىۋېلىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن قارارگاھىنى چېكىندۈرۈپتۇ، دەپ چۈشەندى ـ دە، ھۇجۇمغا تەييارلىق كۆردى.

ــ بارلىق لەشكەرلەر تويغۇچە ئوزۇقلىنىپ، چۈشلۈك غىزاسىنى يېنىدا ئېلىۋالغاي، ــ دېدى ئەمدىلا ناشتىغا ئولتۇرغان يۇنۇسخان ئايغاقچىلىرى يەتكۈزگەن خەۋەردىن ھاياجانلىنىپ، ــ ياراتقان ئاللاھ ئىگەم رەقىبلىرىمىزنىڭ يۈرىكىگە ۋەھىمە سالغان ئوخشايدۇ. ئۇلار كېچىدىن قارارگاھىنى يۆتكىگەن بولسا، تېخى بارگاھلىرىنى پۇختا جايلاشتۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى، بۇ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرستى. بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئىچىدە لەشكەرلەر پۈتۈنلەي تەق بولغاي. ئاللاھ خالىسا بۈگۈن

www.uyghurkitap.com

قەشقەر شەھىرىنى قولىمىزغا ئالىمىز.
ــ يەنىلا ئالدىرىمىغىنىمىز ياخشىمىكىن، ــ دېدى مىركە-رىمبەردى بەگ ئېھتىياتچانلىق بىلەن، ــ ياۋ نېمىشقا بىر كېچە-دىلا قارارگاھىنى چېكىندۈردى؟ يەزەكلىرىمىز يەنە بىر تەھقىقلەپ كەلگەن بولسا...
ــ ھېلىمۇ ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن بېرى يەزەكلەر تولا قاتراپ كەتتى، ــ دېدى ئەمىر بەگچەك مىركەرىمبەردى بەگنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ــ ئەمدى يەنە ساقلاۋەرسەك پەيتنى ئۆتكۈزۈۋېتىمىز. ياۋ-نىڭ خورىكى ئۆسۈپ كېتىدۇ.
مىركەرىمبەردى بەگ يۇنۇسخانغا لاپپىدە قارىۋالدى. سۆزلىدى-رىنىڭ ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمىغىنىنى ھېس قىلىپ جىم بولدى.
ــ بەس، ئەمدى پۇرسەت كۈتۈۋەرمەيلى، ــ دېدى يۇنۇسخان كەسكىنلىك بىلەن.
ياشلىق جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان يۇنۇسخان ئارتۇقچە ساقلاشقا تاقەت قىلالمايتتى. سەييىدئەلى ئالپنىڭ كۈتكىنىمۇ دەل مۇشۇ ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئازغىنە لەشكەرلىرى يالغاندىن قارارگاھ قۇرۇۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالغان بولۇپ، كۆپ قىسىم لەشكەرلىرى ئەپلىك يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ بۆكتۈرمىدە تۇرۇۋاتاتتى.تولۇق ئىشەنچكە تولغان يۇنۇسخان ئېھتىيات قىلىش-نى ئۇنتۇپ، كۈچلۈك ھۇجۇم ئارقىلىق بىر قېتىمدىلا ياۋنى تى-رىپىرەن قىلىش ئۈچۈن ئاتلىق لەشكەرلىرىنى ئىلغار ھەم چاپا-ۋۇل، كاماندار ھەم پىيادىلىرىنى ھىماتچى قىلىپ جەڭ سېپى تۈ-زۈگەندى. كۆزىتىش مۇنارىدا يۇنۇسخان لەشكەرلىرىنىڭ سەپ تۈزۈلۈشىنى كۆزىتىپ تۇرغان سەييىدئەلى ئالپ ھاياجىنىنى با-سالماي ئۆزىگە ـ ئۆزى شىۋىرلىدى:
ــ پەرۋەردىگار ھىممىتىڭگە مىڭ ـ مىڭ تەسەننا. مەن تې-خى يۇنۇسخاننى جەڭ تەدبىرلىرىگە خېلىلا پىشقان دەپ يۇقىرى مۆلچەرلەپتىمەن. ئەسلىدە ئۇ خېلىلا خامكەن ئەمەسمۇ؟ ئانچىكىم ئىشلەتكەن ھىيلەمگە ئىشىنىپ، ھاياجىنىنى باسالماي پۈتۈن سەپ

بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتكىنىنى قارىمامدىغان. نېمىدېگەن قاراملىق بۇ؟! راست، يۇنۇسخان بۇ چاغقىچە بىرەر قېتىم جەڭ كۆرۈپ باقمىغان تۇرسا، مەدرىسە، ئوقۇللاردا ئۆگەنگەن جەڭ تەدبىرلىرىگە تايىنىدۇ ـ دە، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ يېنىدىكى مىركەرىمبەردى بەگ، ھەقبەردى مىرزا، ئەمىر بەگچەكلەردەك سەركەردىلىرى مۇشاۋىرلىق قىلىپ يول كۆرسەتمىگەنمىدۇ ياكى مەسلىھەت بەرسىمۇ ئاڭلىمىغانمىدۇ؟ ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىگە كۆنمىگەن بولسا، مېنىڭ مەكتۇپ يوللاپ قىلغان نەسىھەتلىرىمگە قۇلاق سالمىغىنىدىن ئەجەبلەنمىسەممۇ بولغىدەك. ئۇنىڭ ئىنىسىدىن موغۇلىستان تەختىنى سويۇپ ئېلىش ھەۋىسى ھەقىقەتەن كۈچلۈككەن...

ئاتلىق لەشكەرلىرى بىلەن ئالەم ـ جاھاننى چاڭ ـ توزانغا باستۇرۇپ كېلىۋاتقان يۇنۇسخان بارگاھ قاشالىرىنى ئوڭشاشقا كىرىشىۋاتقان ياۋ لەشكەرلىرىنى كۆرۈپ، بۇنىڭ ھىيلە ئىكەنلىكىگە قىلچىلىك گۇمانلانمىدى. موغۇلىستان لەشكەرلىرى قارا بوراندەك باستۇرۇپ كېلىۋاتقان ياۋ لەشكەرلىرىنى كۆرۈپ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ ھودۇققان، قورققان قىياپەتتە قارارگاھ ئىچىگە قېچىشقا باشلىدى.

«ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ راستتىنلا تەييارلىقى يوق ئىكەن، قېرى سەركەردە سەييىدئەلى ئالپ مېنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۆتۈشۈمنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئوخشايدۇ. ئىككى كۈندىن بېرى ھۇجۇمغا ئۆتمەي ئۇلارنى قايمۇقتۇرۇپ قويغان ئوخشايمەن...»

يۇنۇسخان خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ سەركەردىلىرىگە بۇيرۇق بەردى:

— مىركەرىمبەردى بەگ ئوتتۇرىغا، ئەمىر بەگچەك ئوڭ قاناتقا، ھەقبەردى مىرزا سول قاناتقا مەسئۇل بولۇپ ھۇجۇمغا ئۆتۈڭلار. ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشىغا پۇرسەت بەرمەڭلار. مەنزىلىمىز قەشقەر شەھىرى. شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ھەركىمنىڭ ئالغان ئولجىسى ئۆزىگە، لېكىن ئاۋام ـ رەئىـ

www.uyghurkitap.com

يەتتىنىڭ جېنىغا زامىن بولماڭلار.
ئاتلىق لەشكەرلەر ياۋ قارارگاھىغا خۇددى تۇغانتەك بۇزۇپ تاشلىغان سەلدەك ئېقىشقا باشلىدى. لېكىن خېلى ئىچكىرىلەپ كىرىپمۇ بىرمۇ ياۋ لەشكەرلىرىنى چېلىقتۇرالمىدى. قارارگاھتىكى يۈزلىگەن چېدىرلارنىڭ ھەممىسى بوش ئىدى. بىردىنلا ئالدانغانلىقىنى ھېس قىلغان يۇنۇسخان چېپىۋاتقان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى جان ـ جەھلى بىلەن تارتتى.
ـــ ئالدىنىپتىمىز، ـــ دېدى ئۇ سەركەردىلىرىگە قاراپ، ـــ پەرمان، بارلىق لەشكەرلەر دەرھال چېكىنسۇن!
دەل شۇ چاغدا تۆت تەرەپتىن قۇلاقنى يارغۇدەك داقا ـ دۇمباق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا ئاسماندىن يا ئوقى يامغۇردەك يېغىشقا باشلىدى. يۇنۇسخانلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خېلى ـ خېلى دەھشەتلىك جەڭلەرنى كۆرگەن پېشقەدەم سەركەردىلەرمۇ بۇنداق ئوقيا ھۇجۇمىغا ئۇچراپ باقمىغانىدى. لەشكەرلەر ئاتلىرىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇراپ بولغىچە ئوق يامغۇرىدا خۇددى ئۇجمە تۆكۈلگەندەك ئاتلىرىدىن يىقىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ تۆت تەرەپتىن بۆكتۈرمىدە تۇرغان ياۋ لەشكەرلىرى چەمبەر شەكلىدە قىستاپ كەلدى. قاتتىق قورقۇپ كەتكەن يۇنۇسخاننىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالغانىدى. ئۇ ئەمدى لەشكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىش ئەمەس، ئۆز جېنىنى ساقلاپ قېلىش كويىغا چۈشكەنىدى. ئۇنى پەقەت يا ئوقىدىن ئامان قالغان ئىككى ـ ئۈچ يۈز نەپەر خاس نۆكىرى مۇھاپىزەت قىلىۋاتاتتى. ھەممىنىڭ ئالدىدا چېكىنگەن يۇنۇسخان باياتىن كىرگەندە يېرىمى تىكلەنگەن، يېرىمى شۇ پېتىچە تۇرغان بارگاھ قاشاسىنىڭ خۇددى مۆجىزە يۈز بەرگەندەك مۇستەھكەم تىكلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ جان ـ ئىمانى چىقىپ كەتتى. ئېگىز ھەم مۇستەھكەم قاشادىن ئاتلارنىڭ سەكرەپ ئۆتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پىتىراپ كەتكەن لەشكەرلەر ئاتلىرىنى ئۇيان ـ بۇيان دىۋىتىپ قېچىپ چىقىشقا جاي ئىزدەۋاتاتتى. قارارگاھنىڭ ھېچبىر دەرۋازىسى كۆرۈنمەيتتى،

شاخ ـ شۇمبىلارنىڭ ئارىسىغا، ئورەكلەرگە مۆكۈنۈپ ياتقان مو ـ غۇلىستان لەشكەرلىرى توقۇپ، تىكلىگىدەك قىلىپ تەييارلاپ قويغان قاشالارنى ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە تىكلەپ مۇستەھكەم ـ لىۋالغانىدى.

— بىر ئامال قىلىپ قاشالارنى ئۆرۈڭلار، چىقىپ كەتكۈدەك يوچۇق تېپىڭلار! — دېدى يۇنۇسخان نۆكەرلىرىگە قاراپ.

نۆكەر بېشى بۇيانقۇلى نۆكەرلەرنى باشلاپ مىڭبىر جاپادا قاشانىڭ تۆت ئات پاتقۇدەك يېرىنى ئۆرىدى. لېكىن، ئاچچىق قامچا زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن شاش تۇركىستان ئاتلى ـ رى ئاشۇ يوچۇققا كەلگۈندەك يامراپ كېلىپ قاپسىلىپ قېلىشۋا ـ تاتتى.

قارارگاھتىن مىڭ تەستە قۇتۇلۇپ چىققان يۇنۇسخان پىيادە لەشكەرلىرىنىڭمۇ بۆكتۈرمىگە ئۇچرىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭمۇ ياۋ بىلەن ئېلىشىش ئەمەس، جان قايغۇسىدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى. تەڭلا ھۇجۇمغا ئۆتكەن مىركەرىمبەردى بەگ، ھەقبەردى مىرزا، ئەمىر بەگچەكلەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈن ـ مەيتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بار ئەس ـ يادى ئۆز قارارگاھىدىكى خو ـ تۇن ـ بالىلىرىدا قالغانىدى. ئۇ نېرى ـ بېرىسىنى ئويلاپ ئول ـ تۇرمايلا، ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان يۈزدەك خاس نۆكىرى بىلەن ئۆز قارارگاھىغا قاراپ ئات سالدى. پۈتكۈل جەڭ ۋەزىيىتى ـ نى موغۇلىستان لەشكەرلىرى كونترول قىلىۋالغانىدى. قېچىۋات ـ قىنى تۇركىستان لەشكەرلىرى، قوغلاۋاتقىنى موغۇلىستان لەش ـ كەرلىرى ئىدى. بۇ پاجىئەلىك مەنزىرىنى كۆرگەن يۇنۇسخاننىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى.

— قارارگاھمۇ ھۇجۇمغا ئۇچراپتۇ. ئالىيلىرى، — دېدى نۆكەر بېشى بۇيانقۇلى يۇنۇسخاننىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇپ، — ئەمدى قارارگاھ تەرەپكە ماڭمايلى.

— نېمىشقا؟ — دېدى كۆزىگە قان تولغان يۇنۇسخان جان ـ جەھلى بىلەن ۋارقىراپ، — سۆيۈملۈك ئاغىچىلىرىم، پەرزەنتلى ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىم شۇ يەردە تۇرسا!

بۇيانقۇلى ئىركەشتى:

— ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا ئالىيلىرى. بىز ھازىر ئۇلارنى ئەمەس، ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرالىساقمۇ چوڭ گەپ.

يۇنۇسخان بىرئاز سەگىگەندەك بولۇپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. بىر توپ موغۇلىستان لەشكەرلىرى سەركەردىلىرىنىڭ باشچىلىقىدا ئۇنى نىشانغا ئېلىپ ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇلار بىلەن ئەمدى ئېلىشسا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى، ھەتتا ھاياتىنىمۇ قۇتقۇزۇپ قالالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان يۇنۇسخان ئىلاجسىز نۆكەر بېشىغا پەرمان بەردى:

— يول باشلا، چېكىنەيلى.

تېڭىرقىغان نۆكەر بېشى ياندۇرمىلاپ سورىدى:

— نەگە چېكىنىمىز ئالىيلىرى؟

— نەگە بولاتتى، تۇركىستانغا، تاشكەنتكە!

يۇنۇسخان جان ـ جەھلى بىلەن ۋارقىراپ تۇرۇپ ئېتىغا ئاچچىق قامچا سالدى.

سەييىدئەلى ئالىپ سەركەردىسى ئالچىنبەگكە يۇنۇسخاننى تۇتماسلىق، يارىلاندۇرماسلىق ھەققىدە پەرمان بەرگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئىمكان بار باشقا سەركەردىلەرنىڭ يۇنۇسخاننى قوغلىشىنى توسۇپ، ئۆزى يالغاندىن قوغلىغان بولۇپ، تاپ باستۇرۇپ ئەگەشتى.

تۇركىستان لەشكەرلىرى يۇنۇسخاننىڭ تۇغىنى كۆرۈپ ئەتراپىغا بىر ـ بىرلەپ جۇغلىنىشقا باشلىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ سانى ئىككى مىڭغىمۇ يەتمەيتتى. قالغانلىرى ئۆلگەن، ئەسىرگە چۈشكەن، ئاللاھقاياقلارغىدۇر پىتىراپ قېچىپ كەتكەنىدى.

— مىركەرىمبەردى بەگ قېنى؟ — سورىدى يۇنۇسخان ئۆزىدىگە يېتىشىۋالغان چاپاۋۇل قوشۇننىڭ ئورۇنباسار سەركەردىسىگە قاراپ.

— سەركەردە ئەسىرگە چۈشتى ئالىيلىرى، — دېدى ئورۇنباسار سەركەردە، — ھەقبەردى مىرزىغا يا ئوقى تەگدى، ئەمىر

بەگچەكنى بىر توپ ياۋ لەشكەرلىرى ئورىۋالدى. قۇتۇلدۇرۇشقا ئامالسىز قالدىم.

يۇنۇسخان لام ـ جىم دېمىدى. ئۈچ سەركەردىسىنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىدىن ئېنىق مەلۇمات ئالالمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تەسۋىرلىگۈسىز بىر ئازاب، ھەسرەت، پۇشايمان چۇلغىۋالغانىدى. ھەئە، ئۇ يېڭىلگەنلىكىگە، لەشكەرلىرىنىڭ باشسىز، سەركەردىسىز قالغانلىقىغا شەكسىز ئىشەنگەنىدى. ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈمىدىدە ئېتىغا جان ـ جەھلى بىلەن قامچا سالغىنى بىلەن ئىككى كۆزى كەينىدە، رەقىبلىرىگە تۇتقۇن بولغان خوتۇن ـ باللىرىدا قالغانىدى. شۇ تاپتا جەڭدە مەغلۇپ بولۇشتىن كۆرە خوتۇن ـ باللىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئۇنىڭغا قاتتىق ئېغىر كەلگەنىدى. جەڭدە غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇش تەبىئىي ئەھۋال، ئەڭ نومۇسلۇق ئىش خوتۇن ـ باللىرىنىڭ ياۋنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشى ئىدى. شۇ دەقىقىدە يۇنۇسخان ئېتىنىڭ بېشىنى شاققىدە كەينىگە بۇراپ، قوغلاپ كەلگەن ياۋ لەشكەرلىرىگە ئەسىرگە چۈشمەكچى، نېمە بولسا خوتۇن ـ باللىرى بىلەن تەڭ بولماقچىمۇ بولدى. لېكىن ئىنىسى ئىسان بۇغاخاننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، بۇ نىيىتىدىن دەرھال يالتايدى. ئەسىرگە چۈشسە ئىنىسىنىڭ ئۆزىنى، خوتۇن ـ باللىرىنى ئۆلتۈرمەيدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئەمما ئىنىسىنىڭ قولىدىن ساق ـ سالامەت قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى، تۈركىستانغا كېتەلمەيدىغانلىقىنى، بىر ئۆمۈر ئىنىسىنىڭ يېنىدا نەزەربەندتە ياشايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. يۇنۇسخانچە بولغاندا ھاياتىنى، خوتۇن ـ باللىرىنى ساقلاپ قېلىش بەدىلىگە نەزەربەندتە تۇرۇپ، ئىنىسىنىڭ سەلتەنەت سۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ياشىغاندىن، ئۆلۈم مىڭ ھەسسە ئەۋزەل ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئېتىغا قامچا سېلىۋاتاتتى. شۇ دەقىقىدە غايىبتىن كەلگەن بىر تال ئوقنىڭ تۇيۇقسىز جېنىنى ئېلىشىنىمۇ خالاپ قالغانىدى. چۈنكى، بۇنداق ئۆلۈم قېچىپ قۇتۇلغاندىن مىڭ ئەلا ئىدى. ھەئە،

www.uyghurkitap.com

بۇنىڭدا كاج تەقدىرنىڭ ئازاب ـ ھەسرەتلىرىدىن بىراقلا قۇتۇلغىلى بولاتتى.

«جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان دەپتىكەن، ھاياتتىن نېمانچە ئالدىراپ ئۈمىدىمنى ئۈزىمەن؟ ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار دەيدىغان گەپمۇ بار ئەمەسمۇ، ئاۋۋال قوغلاپ كەلگەن ياۋنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ، تۈركىستانغا ساق ـ سالامەت بېرىۋېلىشنىڭ ئامالىنى قىلاي. ئىسان بۇغاخان نېمىلا بولمىسۇن مېنىڭ قېرىندىشىم، ئىنىم، قاراپ تۇرۇپ يەڭگىلىرىنى، جىيەنلىرىنى خارلىماس، ئۆلتۈرمەس، بۇنىڭغا بەلكىم سەييىدئەلى ئالپمۇ يول قويماس. ئاھ تەڭرىم، بۇ قېرى تۈلكىنىڭ دامىغا ئەجەب چۈشتۇما، ھېچ بولمىسا يۈزمۇيۈز مەيدان جېڭى قىلىپ يېڭىلىپ قالغان بولساممۇ ئارمىنىم يوق ئىدى. ئۆزۈمدىن ئۆتتى. ئۇلارنىڭ يالغاندىن قارارگاھ يۆتكىگىنىگە ئىشىنىپ، ھۇجۇم قىلىشقا ئالدىراپ قاپتىمەن. مىركەرىمبەردى بەگنىڭ گېپىگە كىرىپ، ھۇجۇم قىلىشقا، قەشقەر شەھىرىگە باستۇرۇپ كىرىشكە ئالدىرىمىغان بولسام، مەغلۇپ بولساممۇ بۇنچىۋالا سەت مەغلۇپ بولماس ئىدىم. قېنى تۈركىستاندىن دەبدەبە بىلەن باشلاپ كەلگەن شۇنچىۋالا لەشكەر؟ شۇنچە يىل قىلغان تەييارلىقىم بىر قېتىملىق جەڭگە يارىمىدىمۇ؟ شۇنىڭدىن قارىغاندا پەرۋەردىگارىم بۈيۈك موغۇلىستانىنىڭ تاجۇ تەختىنى ماڭا راۋا كۆرمىگەن ئوخشىمامدۇ؟ بۇ ئۆمرۈمدە مەرھۇم جەننەتماكان پەدەرۇ بۇزرۇكىنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇش نېسىپ بولماسمۇ زادى؟...»

تاپ باستۇرۇپ قوغلاپ كېلىۋاتقان موغۇلىستان سەركەردە ـ لەشكەرلىرى نېمە ئۈچۈندۇر توختاپ قالغانىدى. يۇنۇسخان ئۇلارنىڭ توختاپ قالغىنىنى كۆرۈپ بىردىنلا تېڭىرقىدى.

«ئۇلارغا نېمە بولغاندۇ؟ نېمە ئۈچۈن قوغلاشتىن يالتىيىپ قالدىكىنە ياكى لەشكەرلىرىم...... مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار ئالللىقاچان پىتىراپ كەتتى. ئۆلگەنلىرى ئەسلا تىرىلمەيدۇ. ئۇلار شۇ قوغلىشىدا ماڭا يېتىشەلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس، تەڭ كېلەل-

مەسلىكى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ماڭا ئەگىشىپ قېچىپ كې-
لىۋاتقان بىچارە لەشكەرلىرىمنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقان ياۋ لەشكەر-
لىرى بىلەن جەڭ قىلغۇدەك رەغبىتى يوق. شۇ تاپتا ئۇلار پەقەت
ماڭا ئەگىشىپ قاچسىلا ئامان قالىمىز دەپ ئويلايدۇ، ياكى سەي-
يىدئەلى ئالىپ سەركەردىلىرىگە قوغلىماسلىقنى پەرمان بەردىمە-
كىن؟ ياق ـ ياق، ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. شۇنچىۋالا لەشكەرلى-
رىمنى رەھىمسىزلەرچە قىرىۋەتكەن ئۇ ئەمىر ھەرگىز ئۇنداق
پەرمان بەرمەيدۇ. ھىممەتسىز ئىنىم ئىسان بۇغاخاننىڭ ئۇنداق
پەرمان بېرىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس...»

قېچىپ كېتىۋاتقان يۇنۇسخاننىڭ كاللىسىنى گادىرماچ خى-
ياللار چىرمىۋالغانىدى. ئۇ ئۆزىگە ياندىشىپ كېلىۋاتقان ھەمراھ-
لىرىغا پەقەتلا قارىمايتتى. مەغلۇبىيەتتىن پەيدا بولغان نومۇس
تۇيغۇلىرى ئۇنىڭ خانلارغا خاس سۈر ـ ھەيۋىسىنى پۈتۈنلەي
سۇندۇرۇۋەتكەنىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئاچقىنىنىمۇ، ھارغىنىنىمۇ بىل-
مەيتتى.

ئارتۇچ تۆپىلىكىدە ياڭرىغان دەھشەتلىك ناغرا ـ سۇناي
ئاۋازى يۇنۇسخاننى يەنە بىر قېتىم قاتتىق چۆچۈتتى. ئۇ شاققىدە
بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قارىدى. باياتىنبېرى خىيال
بىلەن بولۇپ كېتىپ يەر شارائىتىغا دىققەت قىلمىغانىدى. ئىككى
تەرىپى كۆككە بوي سوزغان تاقىر تاغ، يۇنۇسخان ئەگىشىپ كې-
لىۋاتقان ئازغىنە لەشكەرلىرى بىلەن ئاشۇ تاغ ئارىسىدىكى جىرادا
ئىدى. تاغنىڭ يانباغرى، جىرانىڭ ئىچى موغۇلىستان لەشكەرلىرى
بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. يۇنۇسخان ئۆزىنىڭ يەنە بىر قېتىم
بۆكتۈرمىگە ئۇچراپ، قورشاۋدا قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇ
دەقىقىدە چېكىنىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ئىدى.
لېكىن بۇ ھەيۋەتلىك تاقىر تاغلاردىن قانىتى بولسىمۇ ئۇچۇپ ئۆ-
تەلمەيتتى. ئۇ باياتىنبېرى قوغلاپ كەلگەن لەشكەرلەرنىڭ نېمە
ئۈچۈن توختاپ قالغانلىقىنى بىردىنلا ھېس قىلدى.

«ئەجىلىم مۇشۇ يەردە توشقان ئوخشايدۇ. ھامىنى بىر ئۆ-

www.uyghurkitap.com

لۇم، يېتىپ قالغىچە ئېتىپ قال دەپتىكەن...»

قەتئىي نىيەتكە كەلگەن يۇنۇسخان ئىچكى تۇيغۇلىرىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ، ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە تەمتىرەپ تۇرغان لەشكەرلىرىگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— ھودۇقماڭلار، جاسارەتلىك بولۇڭلار! ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بىلەن بولىدۇ. كۆرىدىغان كۈنىمىز، يەيدىغان رىزقىمىز تۈگىمىگەن بولسا ئامان ـ ئېسەن قۇتۇلۇپ كېتىمىز. بېلىڭلارغا باغلىغان شجائەت كەمىرىڭلارنى چىڭىتىڭلار، ئۇلارغا تۈركىستان باھادىرلىرىنىڭ جاسارىتىنى كۆرسىتىپ قويۇڭلار!

يۇنۇسخاننىڭ قىسقا نۇتقى لەشكەرلىرىگە قايتىدىن كۈچ ـ غەيرەت بېغىشلىدى.

— پاسىبانىمىز ئۇچۇن جېنىمىز پىدا! — دېدى نۆكەر بېشى بۇيانقۇلى قىلىچىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ.

— قىبلىگاھىمىز ئۇچۇن جېنىمىز پىدا، — دەپ توۋلاشتى باشقا لەشكەرلەرمۇ.

لەشكەرلىرىنىڭ غەيرەتكە كەلگەنلىكىنى كۆرگەن يۇنۇسخاننىڭ ۋۇجۇدىدىكى تەشۋىش، ۋەھىمە ئاللىقاياقلارغىدۇر تاراپ كەتتى.

شۇ ئەسنادا ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرغان موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ ناغرا ـ سۇنايلىرى بىردىنلا بېسىقتى ـ دە، سەپ ئالدىدىن بىر سەركەردە ئەللىككە يېقىن نۆكىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئاتلىرىنى ئاستا يورغىلاتقىنىچە ئۇلارغا يېقىنلاشتى. ھۇجۇمغا تەييارلىنىپ تۇرغان يۇنۇسخان ياۋ سەركەردىسىنىڭ ئۆزى بىلەن سۆزلەشمەكچى بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ، دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلىرىنى تۈزەشتۈردى، ئاندىن نۆكەر بېشى بۇيانقۇلىغا قارىدى:

— ئەللىك نۆكەرنى ئېلىپ مەن بىلەن يۈر.

بۇيانقۇلى خاتىرجەمسىزلىنىپ قالغاندى.

— ئېھتىيات قىلايلى ئالىيلىرى. بۇ ئۇلارنىڭ قىلتىقى بولۇپ قالمىسۇن يەنە.

— ئەتراپىمىزنى ياۋ لەشكەرلىرى قاتمۇقات ئوراپ تۇرغان

تۇرسا يەنە نېمە قىلىتاق بولسۇن، خاتىرجەم بول. گېپىنى ئاڭلاپ باقايلى.

يۇنۇسخان ئەللىك نۆكىرى بىلەن ئۆز سېپىدىن چىقىپ ئالدىغا ماڭدى. ئۇلار يۈز قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ توختاشتى.

يۇنۇسخان ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپمۇ خۇددى ئۆرە تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان ياۋ سەركەردىسىنىڭ ئېگىز بەستىگە ھەۋەس بىلەن نەزەر تاشلىدى. قاپقارا بۇرۇتلىرى ئاق پۇسمىلاق چىرايىغا خوپمۇ ياراشقان سەركەردە تولىمۇ ياش كۆرۈنەتتى. يۇنۇسخان ئۇنىڭ چىرايى تونۇشتەك، ئۇنى نەدىدۇر بىر يەردە كۆرگەندەك ھېس قىلدى، لېكىن ئەسلىيەلمىدى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خانزادە يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا ئېھتىرام بولغاي، ــ دېدى ياش سەركەردە ئات ئۈستىدىلا سالام بېرىپ.

يۇنۇسخان خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ ياش سەركەردىنىڭ سالامىنى ئىلىك ئالدى:

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

ــ بۇ نەنىڭ، قايسى قوۋمنىڭ قائىدىسى ئالىيلىرى. شۇنچە يىراق يەردىن ھەشەم تارتىپ كېلىپ، بىرنەچچە ۋاق مېھمان بولمايلا ئالدىراپ ـ تېنەپ قايىتامدىلا؟ قەشقەر خەلقىنىڭ مېھماندوستلۇقىنى بىلمەيدىغان ئوخشىمامدىلا؟

ياش سەركەردىنىڭ سۆزلىرىدە مەسخىرىمۇ، تەنىمۇ، ياشلارغا خاس كۆرەڭلىكمۇ بار ئىدى. يۇنۇسخان ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ جاۋاب بەردى:

ــ خاتالاشتىلا سەركەردە، بىز مېھمان بولغىلى كەلمىدۇك ھەم مېھمانمۇ ئەمەسمىز. ھېچكىم ئۆز يۇرتى، تەسەررۇپىغا مېھمان بولۇپ كەلمەيدۇ.

ياش سەركەردە مىيىقىدا كۈلدى:

ــ ئۇنداق بولسا بۇ مەملىكەتنى ئۆز زېمىن ـ تەسەررۇپۇم دەيلا ـ يۇ، ئەجەبا ياغى باشلاپ كەلگەنلىكلىرىنى قانداق چۈشەندەك بولۇر؟

www.uyghurkitap.com

ـــ سىلى بىلمەمدىلا ياكى قەستەن تادانلىق قىلىۋاتامدىلا سەركەردە، ئۆز تاجۇ تەختىنى بىراۋلارغا تارتتۇرۇپ قويۇپ، بىر ساياق سىياقىدا ۋەتىنىدىن ھەيدەلگەن، ئۆزگە ئەللەردە لاماكانلىق قا مەھكۇم بولغان بىر تەخت ساھىبى قانداقسىگە قولىدىن بىر نېپ قويغان تەسەررۇپىغا مېھمان سۈپىتىدە قەدەم كەلتۇرەلىسۇن؟ تاجۇ تەختىمىزنى چىرايلىقچە ئالالمىغاندىكىن، سويۇپ ئالماق مەقسىتىدە ياغى باشلاپ كەلمەك ئەلۋەتتە جايىزدۇر. بۇنى ئەيىبكە بۇيرۇغىلى ھەم بولماس. خوش، ئۆزلىرى كىم بولىدىلا؟ بۇ داۋاندا شۇنچىۋالا لەشكەر بىلەن ئالدىمنى توسۇماقلىرىنىڭ بائىسى نېمىكىن؟ شۇنى بىلىپ قالسىلا، مەن سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمدىنلا ئەمەس، مال ـ دۇنيالىرىمدىنمۇ ئايرىلغانمەن، ئىلكىمدە سىلىگە بەرگىدەك ھېچنېمەم يوق.

ياش سەركەردە قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ـــ خانزادە ئالىيلىرى خاتا چۈشىنىپ قالدىلا. مەن قانداقتۇر يول توسار قاراقچى ئەمەسمەن، ئادالەتلىك سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرىنىڭ زامانىدا موغۇلىستان تەسەررۇپىدا يول توسار قاراقچىلارغا زىنھار ئورۇن يوقتۇر. بىلىپ قالسىلا، بىز لەركىم بۈيۈك موغۇلىستان تەخت ئىگىسى بولمىش سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرىنىڭ باھادىر سەركەردىسى، ئەمىرۇل ئۆمەرا سەييىدئەلى ئالىپ ھەزرەتلىرىنىڭ چوڭ ئەمىرزادىسى سانىز مىرزا بولۇرمىز.

يۇنۇسخان دەرھال ئېسىگە ئالدى.

«ھە، ئەسلىدە ئۇ سەييىدئەلى ئالىپنىڭ چوڭ ئەمىرزادىسىكەن ـ دە. ئۇنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلغىنىم، بىراۋغا ئوخشاتقىنىم بىكار ئەمەس ئىكەن. پاھ، ئۇنىڭ چىرايىلا ئەمەس، بوي ـ بەستىمۇ دادىسىنىڭ ياشلىق ۋاقتىغا نېمىدېگەن ئوخشىغان ھە؟!...»

يۇنۇسخان تۇرپاندا ئۆتكەن باللىق دەۋرىدە سەييىدئەلى ئالىپنىڭ ھەر دائىم ئۆزىنى ئەركىلىتىپ، بويىنىغا مىندۈرۈۋالىدىغانلىقىنى، جەڭبازلىق ماھارىتىدىن تەلىم بېرىدىغانلىقىنى ئې-

سىگە ئالدى. نېمىدېگەن غەمسىز، بەختلىك چاغلار ئىدى ـ ھە ئۇ. ئەنە ئاشۇ سۆيۈملۈك ئۇستازى، شىر يۈرەك باھادىر كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنى رەھىمسىزلىك بىلەن تاجۇ تەختتىن مەھرۇم قىلدى. ئادالەتسىزلىك بىلەن قارار چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىد- نىسىنى تەختتە ئولتۇرغۇزدى. يۈزسىزلىك بىلەن ۋەتىنىدىن قوغلىۋەتتى. مانا بۈگۈنمۇ يەنە بىر قېتىم قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، ئەسلى ـ ۋەسلىدىن ئايرىپ جانىنى ئېلىپ قېچىشقا مەجبۇر قىلدى. ھازىر بولسا ئۇنىڭ ئوغلى ئەجەل قىلىچىنى يا- لىڭاچلاپ ئالدىنى توسۇپ تۇرماقتا. بۇ تەقدىرنىڭ يازمىشىمىدۇ؟ ئۇنىڭ بەخت ـ ئىستىقبالىنى ۋەيران قىلىش سەييىدئەلى ئالپقا بۇيرۇلغانمىدۇ؟ ئۇنىڭ ھايات ـ ماماتىنى سەييىدئەلى ئالپنىڭ پۇشتى بەلگىلەرمۇ؟ ياق، ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدە. بەندى- نىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ئېھ ياراتقان ئىگەم، ئۆزۈڭگە سېغىنىد- مەن. ھىممەت ـ ئىنايىتىڭ چەكسىزدۇر...

— ئاتتىن چۈشسىلە خانزادە، قەشقەرگە بىللە قايتايلى. شول تاپتا جاماللىرىغا ئادالەتپاناھ سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىي- لىرى تولىمۇ ئىنتىزاردۇر.

يۇنۇسخان خىيالدىن ئاستا باش كۆتۈردى، سانىز مىرزىغا مەغرۇرلۇق بىلەن نەزەر تاشلىدى.

— مەن دېگەن بۈيۈك تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ پۇشتىمەن. يەنە كېلىپ بىر ئەلنىڭ سۇلتانىمەن. شول تاپتا تاجۇ تەختىمدىن، سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمدىن، شانۇ شەۋكىتىمدىن ئايرىلىپ قال- غان بولسامۇ، سىلىدەك ئادەتتىكى بىر سەركەردىنىڭ ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈشۈم مۇمكىن ئەمەس. بالىلارچە خىياللىرىدىن ۋاز كەچسىلە سەركەردە. زادى مەقسىتىمگە يېتىمەن دەيدىكەنلا، مېنى پەقەت بىرلا نەرسە ئاتتىن چۈشۈرەلەيدۇ.

يۇنۇسخاننىڭ قورقۇمسىزلىقىغا، خان ـ سۇلتانلارغا خاس ھەيۋىسىگە، مەرد ـ ئوغلانلارغا خاس جاسارىتىگە قايىل بولغان سانىز مىرزا قىزىقىپ سورىدى:

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap.com

ــ ئالىيلىرىنى ئاتتىن چۈشۈرۈشكە قادىر بولغان ئول نەرسە نېمىكىن؟

يۇنۇسخان مەردانىلىق بىلەن جاۋاب بەردى.

ــ قوللىرىدىكى ئاۋۇ قىلىچ. ئۇنى راۋۇرۇس تۇتۇشقا ماغدۇرلىرى بارمۇ سەركەردە؟

سانىز مىرزا لام ــ جىم دېمىدى. شۇ تاپتا ئۇ دادىسىنىڭ پەرمانى بويىچە يۇنۇسخاننى ئامان ــ ئېسەن ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن لەشكەرلىرىنى قانداق قىلىپ تۇتۇپ قېلىش ھەققىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتى.

سانىز مىرزىنىڭ جاۋاب بەرمىگىنىنى كۆرۈپ يۇنۇسخان ئۇنى قورقتى دەپ ھېسابلىدى ــ دە، قورشاۋنى يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم جېڭى قىلىپ بۆسۈپ چىقىپ كېتىشكە بەل باغلىدى.

ــ لەشكەرلەرگە پەرمانىمنى يەتكۈز. قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كېتەيلى، ــ دېدى يۇنۇسخان يېنىدا ھوشيارلىق بىلەن تۇرغان نۆكەر بېشى بۇياندۇلغا قاراپ.

بۇياندۇلى ئارقىسىدىكى لەشكەرلەرگە پەرمانىنى يەتكۈزۈپ بولغىچە، يۇنۇسخان قىلىچىنى شارتتىدە سۇغۇرۇۋالدى ــ دە، ئېتىنى زەرب بىلەن دېۋىتتى. بۇياندۇلى بىلەن ئەللىك نەپەر نۆكەر يۇنۇسخاننى قوغداش ئۇچۇن دەرھال ئېتىغا قامچا سالدى. ئۇلارنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتكىنىنى كۆرۈپ لەشكەرلەرمۇ ئېتىغا قامچا سالدى.

سانىز مىرزىنىڭ كۆتكىنىمۇ دەل مۇشۇ ئىدى. ئۇ ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن نۆكەرلىرى بىلەن غاچچىدە ئىككى يانغا بۆلۈنۈپ، جان ــ جەھلى بىلەن باستۇرۇپ كەلگەن يۇنۇسخانغا يول بەردى. يۇنۇسخان بۇنىڭدىن بىرئاز غەيرىيلىك ھېس قىلغان بولسىمۇ ئارتۇقچە ئويلىنىپ ئولتۇرمىدى. ھەئە، شۇ تۇرقىدا بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلىغۇدەك پۇرسەتمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئالدى تەردىپىدىكى يولنى توسۇپ تۇرغان يۈزلىگەن موغۇلىستان لەشكەرلىرىمۇ خۇددى سەركەردىسى سانىز مىرزىغا ئوخشاش ئىككى تەرەپ-

كە بۆلۈنۈپ، ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان يۇنۇسخانغا يول بەردى.
جېنىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ قويۇپ، قىلىچ يالىڭاچلاپ ھايات ـ ما ـ
ماتلىق جەڭگە يۈزلەنگەن يۇنۇسخان كۈتۈلمىگەن بۇ مۆجىزىدىن
ھەيران قالدى، قورشاۋدىن توسقۇنسىز، ئامان ـ ئېسەن چىقىپ
كەتكىنىگە خۇش بولۇپ، ئىتتىغا رەھمىسىزلىك بىلەن قامچا سال ـ
دى. شۇ تاپتا ئۇ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەلگەن ئىككى مىڭغا يې ـ
قىن سەرۋاز ـ لەشكەرلىرىنىڭ سانىز مىرزا تەرىپىدىن پۈتۈنلەي
توسۇۋېلىنغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى.

يۇنۇسخان شۇ قاچقىنىچە قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاندىن توختى ـ
دى. تاغ يولى خەتەرلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە يول باشلىغۇچى بولمى ـ
غاچقا، بىر كېچە تۈنەشكە مەجبۇر بولدى. تاڭ ئاتقاندا، قورشاۋدىن
بىللە بۆسۈپ چىققان ئەللىك نەپەر نۆكىرىدىن باشقا بىرمۇ لەش ـ
كىرىنىڭ يېتىپ كەلمىگىنىدىن بەكمۇ مەيۈسلەندى. لەشكەرلى ـ
رىنىڭ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقالمىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەندىن
كېيىن يولىنى داۋاملاشتۇردى.

قەشقەرگە يۈرۈش قىلغاندا ئىنس ـ جىن يوق تۇرغان مىڭ ـ
يول، قاراڭغۇلۇق، ئوتسالار، چىغىنئاش، تېرەكداۋان قاتارلىق
ئۆتكەللەردە مانا ئەمدى خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا موغۇ ـ
لىستان لەشكەرلىرىنىڭ قارارگاھلىرى پەيدا بولۇپ قالغانىدى.
يۇنۇسخان بۇ ئۆتكەللەردىن قىسقىلا جەڭ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.
ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇغان ياۋ سەركەردىلىرى يۇنۇسخاننى قوغداپ
كېلىۋاتقان نۆكەرلەر بىلەن جەڭ قىلىپ، يۇنۇسخان بىلەن پەقەتلا
كارى بولمايتتى. جەڭدە يۇنۇسخان بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالسىمۇ
ھۇجۇم قىلماي ئۆزلىرىنى يۇنۇسخاننىڭ قىلىچىدىن قاچۇرۇپ،
بىر چەتكە چىقىۋېلىپ يول بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ يۇنۇسخان
تېرەكداۋاندىن بۇيانقۇلى قاتارلىق تۆت نۆكىرى بىلەن ئۆتەلىدى.
ئۇ ئاشۇ ئۆتكەللەردىكى ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزى
بىلەن كارى بولمىغانلىقىنى، نۆكەرلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئۆ ـ
زىگە يول بەرگەنلىكىنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدى. ئۇ بۇنى تېخىچىلا

www.uyghurkitap.com

مۆجىزە دەپ ھېسابلايتتى. سەييىدئەلى ئالپىنىڭ بۇ خەتەرلىك ئۆتكەللەرگە ئىشەنچلىك سەركەردىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا قاتتىق جېكىلەپ، جېنىنى ئامان قويغانلىقىنى پەقەتلا خىيالغا كەلتۈرمەيتتى.

«بۈيۈك موغۇلىستان تەسەررۇپىنىڭ تەخت ـ سەلتەنەتىدە ھېلىھەم رىزقىم بار ئوخشايدۇ، ياراتقان ئىگەمنىڭ پاختىنىڭ ئارىسىدا ئوت ساقلايدىغان كارامەتلىرى بىلەن جېنىم ئامان قالدى. ئاللاھ خالىسا ئاتا مىراس ئول تەختگاھنى قولۇمغا ئالماي قويمايمەن. شۇ تاپتا خاتۇن ـ بالىلىرىم قانداقراق تۇرۇۋاتقاندۇ؟ ئۇلار ئامان ـ ئېسەنمىكىن؟ ئاھ تەڭرىم، ئۇلارنى ساڭا تاپشۇردۇم. ئۆزۈڭ پاناھىڭدا ساقلىغايسەن...»

يۇنۇسخان ئەنە ئاشۇنداق تەشۋىشلىك خىياللار ئىلكىدە تاشكەنت شەھىرىگە نۆكەر بېشى بۇيانقۇلى بىلەن يالغۇز كىرىپ كەلدى. قاتتىق يارىلانغان ئۈچ نۆكىرىنى ئاتباشى قەلئەسىدىكى تېۋىپنىڭ قېشىدا قالدۇرۇپ قويغانىدى.

※ ※ ※

شۇ كۈنلەردە قەشقەر غەلىبە تەنتەنىسىگە چۈمگەنىدى. مەسچىت، ھاممام، سارايلارنىڭ گۈمبەزلىرىدە شادىيانە ياڭرىغان ناغرا ـ سۇناي سادالىرى شەھەرنى ھېيت تۈسىگە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. ئاكىسى يۇنۇسخاننى سەركەردە ـ لەشكەرلىرىدىن پۈتۈنلەي جۇدا قىلىپ خاتىرجەم بولغان سۇلتان ئىسان بۇغاخان قەشقەر ئوردىسىدىكى كاتتا سارايغا جايلاشقان تەختتە تېخىمۇ گىدىيىپ ئولتۇراتتى.

— ھەي ئىسىت، ئاغائى قېرىنداش بولمىش ئول تەخت دەۋاگىرىنىڭ قېچىپ كەتكىنى تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى ـ دە، — دېدى ئىسان بۇغاخان كۆڭلىدىكىنى يوشۇرماي.

ئەھۋالدىن خەۋەردار سەركەردىلەر بىر ـ بىرىگە مەنىلىك

قارىشىۋېلىپ جىم بولۇشتى.

تەختنىڭ يېنىدىكى كۇرسىدا ئولتۇرغان سەييىدئەلى ئالىپ ئانچە خۇشال كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ قېرى، ئاجىز گەۋدىسى ئېغىر بىر غەمنىڭ ئاستىدا مىجىلىپ كېتىپ بارغاندەك مۈكچىيىپ قالغانىدى. ئۇ ئاللىقانداق بىر دېلىغۇللۇق ئىچىدە ئاستا ئورنىدىن تۇردى ـ دە، سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا قاراپ قول باغلىغىنىچە بېشىنى ئەگدى:

ــ قۇدرەتلىك ئالەمپاناھىمىزنىڭ ئادالىتىگە سېغىنىپ دەيدىغان بىر كەلىمە ئەرزىم بار ئىدى.

ئىسان بۇغاخان بۇ پېشقەدەم سەركەردىسىگە ھۆرمەت بىلەن نەزەر تاشلىدى.

ــ ھەرنە گەپلىرى بولسا ئولتۇرۇپ بايان قىلسىلا ئەمىرۇل ئۆمەرا جانابلىرى.

ــ مۇشۇنداق تۇرۇپ سۆزلىشىمگە ئىجازەت بەرگەيلا ئالىيلىرى، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالىپ.

ــ ئىجازەت، ــ دېدى ئىسان بۇغاخان قېرى ئەمىرنىڭ رايىغا بېرىپ.

ــ قىبلىگاھىمىزنىڭ ھەممىتىگە تەسەننا، ھەممىگە قادىر ۋە ھېكمەت ئىگىسى بولغان مۇقەددەس تەڭرىنىڭ يۈكسەك ھېكمىتى بىر ئىنسانىڭ يۈز بېرىشىنى بىر سەۋەبنىڭ تۇغۇلۇشىغا قاراشلىق قىلىپتۇ ۋە ھەر مەقسەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى بىر ۋاستە ئارقىلىق يەنە بىر سەۋەبكە باغلىق قىلىپتۇ. تەڭرى ئۇلۇغلۇقىنىڭ سايىسى ھېسابلىنىدىغان سۇلتانلىقنىڭ يۇقىرى دەرىجىسى ئىنسانىڭ ياخشى خىسلەتلىرىدىن ئىككى خىسلەتكە باغلىقتۇر. ئۇنىڭ بىرىنچىسى پارلاق چۈشەنچە بولۇپ، ھادىسىلەرنىڭ كېچىسى قاراڭغۇ بولسا ئۇنىڭ يورۇتۇشى بىلەن نىجاتلىق پاناھگاھىدا يول تېپىلىدۇ. ئىككىنچىسى تولۇق غەيرەتكە كېلىش بولۇپ، جەڭ ۋە قارىمۇقارشىلىقلار ئەۋج ئالغاندا ھىممەت ۋە جۈرئەت قىلىش ئارقىلىق پۇت تىرەپ چىدامىلىق كۆرسەتكىلى بولىدۇ. جانابى ئانھەز-

www.uyghurkitap.com

رىتىمنىڭ مۇبارەك ۋۇجۇدىدا ئۇل ئىككى خىسلەت تولۇق جۇلا تاپقاندۇر. شۇل بائىستىن پاناھگاھىمنىڭ مەسلىھەتىگە سالماي، يارلىق، پەرمانىنى ئالمايلا ئۇل تەخت دەۋاگىرى بولمىش قېرىنداشلىرى يۇنۇسخاننى قاچۇرۇۋېتىشكە جۇرئەت قىلدىم. گەرچە بۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم گۇناھ بولسىمۇ، ئاغا ـ ئىنى قېرىنداشلارنى شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرستىپمۇ مېھىر ـ شەپقەت داستىخىنىغا جەم قىلالمىغانلىقىم، ئاداۋەت تىكەنلىرى يۇلۇۋېتىلگەن قېرىنداشلىق گۈلىنى پۇرىتىشقا ئامالسىز قالغانلىقىم ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىشقا نىيەت قىلدىم. بۇ ئىشىم ئالىيلىرىدىن ۋاقتىنچە سىر تۇتۇلغان بولسىمۇ، ھامان بىگىزنى قاپتا يوشۇرغىلى بولماس، شۇل بائىستىن ئالىيلىرىغا ئۆزۈم ئىقرار قىلىشنى لايىق تاپتىم. بول گۇناھىم ئۈچۈن خان ئالىيلىرى ھەرنە جازانى راۋا كۆرسە قىلچىلىك ئاغرىنماسمەن.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇ بۇ ھۆرمەتلىك سەركەردىسىنىڭ، ئەشەددىي رەقىبىنى بۇنداق قاچۇرۇۋېتىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. شۇ دەقىقىدە بۇ ئىش ئۇنىڭغا تولىمۇ تاسادىپىي تۇيۇلغانىدى. شۇ تاپتا ئىسان بۇغاخاننىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن غەزىپى ئۆرلەپ تۇرسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. ھەئە، ئۆزىنىڭ ئىككى قېتىملىق تەختتە ئولتۇرۇشىدا مىسلىسىز تۆھپە كۆرسەتكەن بۇ پېشقەدەم سەركەردىسىگە غەزەپ قىلالمايتتى، جازالىيالمايتتى. سارايدا ئولتۇرغان سەركەردىلەرنىڭ كۆپىنچىسى سەييىدئەلى ئالپنىڭ باھادىرلىرى ئىدى. ئۇ سەييىدئەلى ئالپسىز ھېچ ئىش قىلالمايتتى. سەييىدئەلى ئالپنى جازالىسا ئاشۇ سەركەردىلەر نارازى بولاتتى. ھەتتا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بىرنەچچە دەقىقە ئىچىدە پايدا ـ زىياننى دەڭسەپ كۆرگەن سۇلتان ئىسان بۇغاخان چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈشكە مەجبۇر بولدى.

ــ ھەزرىتىمنىڭ بۇ ئىشنى گۇناھقا جورۇساق بولماس. گەرچە ئۇل رەقىبىمىز تاج ـ تەخت دەۋاسى قىلىپ سەلتەنەتتى-

مىزگە تەھلىكە سالغان بولسىمۇ يەنىلا قېرىندىشىمىزدۇر. جانابى ئەمىرۇل ئۆمەرا بۇ ئىشنى جايىدا بىر ياقلىق قىلىپتىلا، ھېچقىدىسى يوق. گەرچە قولىمىزغا چۈشۈپ، دەرگاھىمىزغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ قېرىنداشلىق مېھرىمىزنى يەتكۈزگەن بولارىدۇق.

— خان ئالىيلىرى ھىممەتلىكتۇر، — دېدى سەيىيدئەلى ئالپ مىننەتدارلىقنى بىلدۈرۈپ.

ئولتۇرغان ئەمىر ـ سەركەردىلەر گۇرۇرىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا بەس ـ بەستە مەدھىيە ياغدۇرۇشقا باشلىدى:

— قىبلىگاھىمىز ئەدلى ـ ئادالەتنىڭ ھامىيسى.

— باھادىرلىق مەيدانىدا ئات چاپتۇرغۇچى.

— مەردۇ مەردانىلىقنىڭ ناماياندىسى.

— كەڭ قورساقلىقنىڭ خەزىنىسى.

— مېھىر ـ شەپقەت، ۋاپا ئەھلى.

— ...

يامغۇردەك يېغىۋاتقان مەدھىيىلەر ئالدىدا سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ يۈزى چىمىلدىدى. ئالدىراقسانلىق قىلمىغىنىغا، ئاچچىقىغا ھاي بېرەلىگىنىگە، سەيىيدئەلى ئالپنى ئەيىبلىمىگەنىگە ئىچىدە خۇش بولدى.

«بىر ھېسابتا ئاغام يۈنۇسخاننىڭ قېچىپ قۇتۇلغىنىمۇ ياخشى بوپتۇ. ئۇنى تۇتۇپ تەختىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن بولسا، تەقدىرىگە قانداق ھۆكۈم چىقىرىشنى بىلەلمەي تەڭقىسلىقتا قالارىكەنمەن. ئەلۋەتتە، شۇ چاغدىمۇ ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيالمايتتىم. ئۆلۈمگە بۇيرۇسام قېرىندىشىنىڭ قېنىنى تۆككەن، دېگەن بەدنامغا قالاتتىم. يېنىمدا نەزەربەند قىلىپ ئەپقالسام، خەلقئالەم مېنى قورسىقى تار، نامەرد دەپ ئەيىبلەيتتى. بىرەر ۋىلايەتنى بەرسەم ئۇ رازى بولمايتتى ھەم ئۆزۈممۇ خاتىرجەم بولالمايتتىم. يەنىلا تۇركىستانغا قايتۇرۇۋېتىشكە مەجبۇر بولاتتىم. ئەمىرۇل ئۆمەرا ھەزرەتلىرى بەلكىم مۇشۇ تەرەپلەرنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى

www.uyghurkitap.com

مۇمكىن...»

ئۇنىڭ خىياللىرىنى ئەمىر سەييىدئەلى ئالپنىڭ سۆزلىرى ئۈزۈپ قويدى.

ــ مەگەر ئۆتمۈشكە نەزەر سالىدىغان بولساق، تا بۇ كەمگىچە يەر يۈزىدىكى سۇلتانلاردىن ياخشى ئىش ـ ئەمەللەر بىلەن مەشغۇل بولغانلارنىڭ، ئادالەتكە ھامىي بولغانلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى مۇستەھكەم، سەلتەنەتى تۇراقلىق بولۇپتۇ. ئاخىرەتكە كەتكەندىن كېيىنمۇ ياخشى ناملىرى جاھان خەلقىگە يادىكار بولۇپتۇ. ئەلكۈن ئۇلارنى تىللاردا داستان قىلىپ ياد ئېتىپتۇ. پەيلى يامان، زۇلۇم سالغۇچىلارنىڭ بولسا دۆلەت ـ سەلتەنەتلىرىنىڭ ئۆمرى كوتا، باقىي ئالەمگە ماڭغىنىدا بولسا يامان ئاتلىرى تاكى قىيامەت كۈن-لىرىگىچە ئەلنىڭ ئاغزىدا لەنەتلىنىپتۇ. پاناھگاھىمىز ھەرقاچان ئەدلى ـ ئادالەتنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەل ـ يۇرت كۈندىن ـ كۈنگە روناق تاپتى. مانا خانزادە يۇنۇسخان گەرچە تەخت ـ سەلتەنەتكە تەھلىكە سېلىپ، ياغى باشلاپ كەلگەن بول-سىمۇ، يەنىلا ئۇنى كەڭ قورساقلىق بىلەن كەچۈرۈۋەتتىلە. ئەل-ۋەتتە بۇ ۋاپادارلىق، مەردلىكلىرىنىمۇ ئەل ـ ئاۋام ئەۋلادمۇئەۋلاد يادلىغۇسى. ئاغائى قېرىنداشلىرى بولمىش ئول خانزادە شول تاپ-تا ئۆزلەدىن مىننەتداردۇر دەپ ئويلايمەن. ھېچ بولمىسا بول ئەلگە ياغى باشلاپ كەلگىنىگە خىجىل بولۇر. قەلبىدە قېرىنداشلىق مېھرى قايتىدىن بىخلىنۇر، ــ سەييىدئەلى ئالپ بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ــ قىبلىگاھىمىزغا مەلۇم قىلىدىغان ھەمدە ئۆتۈنىدىغان يەنە بىر ئىش بار ئى-دى.

ئىسان بۇغاخان سەييىدئەلى ئالپنىڭ كۆزىگە گۇمان بىلەن قارىۋەتكەندىن كېيىن ئىجازەت بەردى:

ــ خوش، قېنى دېسۇنلار.

ــ جانابى ئالىھەزرىتىمگە تېخى قاراڭغۇ بولسا كېرەك. خانزادە يۇنۇسخان بۇ قېتىمقى لەشكىرىي يۈرۈشكە ئىككى ئاغى-

چىسى بىلەن ئىككى مەلىكىسىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلگەنىكەن.
ئۇلارنى ئەمىرزادەم مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگانى ئەسىرگە
ئېلىپ قىرغىندىن ساقلاپ قاپتۇ. ئۇلار شول تاپتا كەمىنىلەرد-
نىڭ ھەرەمىدە پاناھلىنىۋاتىدۇ. ئالىيلىرىغا مەلۇملۇق، يۇنۇس-
خاننىڭ چوڭ ئاغىچىسى ئىسان دۆلەت خېنىم كۆنچى ئەمىرى
شىرھاجى بەگنىڭ زەئىپەسىدۇر، ئىككىنچى ئاغىچىسى شاھ بې-
گىم بولسا بەدەخشان ھۆكۈمدارى سۇلتان مۇھەممەدخان ئالىيلى-
رىنىڭ مەلىكىسىدۇر. ھىدايەت ئەزەلىيدۇر، ئىنايەت ئەبەدىيدۇر.
قىبلىگاھىمىزنىڭ ئاسماندەك كەڭرى كۆڭۈل خەزىنىسىدە ھىم-
مەت، مېھىر ـ شەپقەت دۇردانىلىرى تولۇپ ياتقاندۇر. ئالىيلىرد-
دىن شۇنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىماس قىلىمەنكى، ئول ئاجد-
زەلەرنى تۇركىستانغا كۈيۈسى بولمىش يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ
دەرگاھىغا يولغا سېلىپ قويساق، بۇنداق قىلساق، بىرىنەنچىدىن،
ئاغائى قېرىنداشلىرى بولمىش خانزادە ئالىيلىرى ئۆزلەنىڭ
مەرد، كەڭ قورساقلىقلىرىدىن مىننەتدار بولىدۇ. قېرىنداشلىق
مېھرىنى تاج ـ سەلتەنەتتىن ئۈستۈن كۆرىدىغانلىقلىرىنى، ھې-
لىمۇ قېرىنداشلىق مېھرىنى ئەسلىرىدە مەھكەم ساقلىغانلىقلى-
رىنى بىلىپ قالىدۇ. ئىككىنەنچىدىن، قىلمىشىغا پۇشايمان قد-
لىپ، تەخت دەۋاسى قىلىشتىن ۋاز كېچىدۇ. ھېچبولمىغاندا خې-
لى بىر مەزگىلگىچە تەسەررۇپىمىزغا لەشكەر تارتىپ كېلىشتىن
ئۇيىلىدۇ. ئۈچىنەنچىدىن، نىزا ـ ئاداۋەت يۇيۇلۇپ، قېرىنداشلىق،
تۇغقاندارچىلىق ئەسلىگە كېلىدۇ. تۆتىنچىدىن، كۆنچى ئەمىرى
شىر ھاجى بەگ، بەدەخشان ھۆكۈمرانى سۇلتان مۇھەممەدخانلار-
نىڭ دۈشمەنلىكىدىن، تەھلىكىسىدىن پارىغ بولىدىلا. بەشىنچى-
دىن، خان ئالىيلىرىنىڭ بۇ كەڭ قورساقلىقى ئەل ـ يۇرتقا تارايد-
دۇ. ھۆكۈمدارلار ئۈچۈن ياخشى نامنىڭ تارىلىشىمۇ نۇسرەتتۇر.
سەيىدئەلى ئالپىنىڭ كۆرسەتكەن ئورۇنلۇق سەۋەبلىرى
سۇلتان ئىسان بۇغاخاننى ئويغا سېلىپ قويدى.
«ئاغام يۇنۇسخاننى قويۇۋەتكەن يەردە، خاتۇن ـ بالىلىرىنى

www.uyghurkitap.com

قويۇۋېتىپ، يولغا سېلىپ قويۇش قانچىلىك ئىش ئىدى. ئەمىرۇل ئۆمەرا ھەزرەتلىرى راست دەيدۇ. مۇشۇنىڭ بىلەن ئاغام تاج ـ تەختكە دەۋاگەر بولۇشتىن ۋاز كەچسە ئەجەب ئەمەس. شۇنداقلا بولىدىغان بولسا، مەنمۇ خەتەرلىك بىر رەقىبتىن ئادا بولۇپ خاتىرجەم بولۇپ قالىمەن...»

— ئېيتقانلىرى بەرھەق، — دېدى ئىسان بۇغاخان، — گەرچە ئاغام بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىگەن بولساممۇ، يەڭگىلىرىم بىلەن جىيەن قىزلىرىم بار ئىكەن. مۇشۇ باھانىدا ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋال سوراپ قوياي. شاھانە داستىخان سېلىپ ئۇزىتىپ قوياي. ھە راست، سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىز قورۇقچىلىق قىلىپ ئۇلارنى تۈركىستان ھۇدۇدلىقىغا يەتكۈزۈپ قويسۇن.

— ئالەمچە ھىممەت قىلدىلا ئالىيلىرى.

سەييىدئەلى ئالىپ قاتارلىق بارلىق ئەمىر ـ سەركەردىلەر سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ بۇ كاتتا مەردلىكىگە يەنە بىر قېتىم مەدھىيە ئوقۇشتى.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان خانىش، توقاللىرىنى جەم قىلىپ ئانارلىق باغدا كاتتا زىياپەت داستىخىنى راسلاپ ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن شاھ بېگىمنى كۈتۈۋالدى. ئۇلارغا ئالاھىدە ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈردى. زىياپەت سورۇنىدا ئەدەپ ساقلاپ ئولتۇردى. بولۇنغان جەڭ ھەققىدە، ئاكىسىنىڭ لەشكەر باشلاپ كەلگەنلىكى ۋە يېڭىلىپ قېچىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە پەقەتلا ئېغىز ئاچمىدى. ئۇلارغا گويا تۇغقان يوقلاپ كەلگەن ئەزىز مېھمانلاردەك مۇئامىلە قىلدى، ھەتتا يۇنۇسخاننىڭ چوڭ قىزى مېھرىنىگار خېنىمنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلەتتى، ئاندىن ئىككى يەڭگىسى بىلەن ئىككى جىيەن قىزىغا ئويمۇ ئوخشاش قىلىپ ئون توپتىن خوتەن ئەتلىسى، ياركەنت شايىسى، ئۈچ يۈرۈشتىن ئالتۇن زىبۇ زىننەتلەرنى سوۋغا قىلدى ۋە سانىز مىرزىنى مىڭ نەپەر لەشكەر بىلەن قورۇقچىلىق قىلىپ ئۇلارنى تۈركىستان تەۋەسىگە يەتكۈزۈپ قويۇشقا بۇيرۇدى.

ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن شاھ بېگىم بولسا ئىسان بۇغاخانىنىڭ بۇ قەدەر مەرد، سېخىيلىقىدىن قاتتىق تەسىرلەندى، ھاياجاندىن كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى.

## 55

سەمەرقەنت.

شۇ كۈنلەردە سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ خاتىرجەملىكى بۇزۇلغانىدى. ھىرات ئەمىرى ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزا ئۇنىڭ خاندىلىق سەلتەنەتىنى ئېتىراپ قىلغان، ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بەلخ ئەمىرى ھۈسەيىن بايقارا بىلەن ئاستىرتتىن تىل بىرىكتۈرۈپ، سەمەرقەنت تەختگاھىنىڭ يەنە بىر دەۋاگىرى مەرھۇم خانزادە ئابدۇللەتىپخانىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى مۇھەممەد جۇگىنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە، سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلىشقا ھەدەپ كۈشكۈرتۈۋاتاتتى. ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق بۇ ئەھۋاللاردىن تولۇق خەۋەر تاپقان ئەبۇسەئىد مىرزا ئۆز سەلتەنەتىگە خەۋپ بولۇپ تۇرغان بۇ رەقىبلىرىگە قانداق تاقابىل تۇرۇش، قايسىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، قايسىسىنى يوقىتىش ھەققىدە بىر قارارغا كېلەلمەي باش قېتىنچىلىقتا قالغانىدى. ئۇ ئاۋۋال ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزىنى نەزەردىن ساقىت قىلدى. چۈنكى، ئەينى يىلى سەمەرقەنت شەھىرىنى قىرىق كۈن مۇھاسىرىگە ئېلىپمۇ ھېچبىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزا ئەبۇسەئىد مىرزىدىن سۈلھى تەلەپ قىلغان، ئۇنىڭ خانلىق سەلتەنەتىنى ئېتىراپ قىلىپ ئىتائەت بىلدۈرگەن، ئۆزئارا دۈشمەنلەشمەسلىك، رەقىبلەرگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ھەققىدە سۈلھى تۈزۈشكەنىدى. تا بۇ

كەمگىچە ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزا سەمەرقەنت تەختگاھىغا تاپشۇ-رۇشقا تېگىشلىك ئولپانلارنى ھەر يىلى ۋاقتى ـ قەرەلىدە تاپشۇ-رۇپ، ئوردىغا سالامغا كېلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئەبۇسەئىد مىرزىمۇ دەسلەپتە يىلدا بىرەر قېتىم ھىراتقا بېرىپ تۇرغانىدى. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بېرى ئافغانىستان، سىيىستان.. قاتارلىق ئەللەر-گە قىلغان لەشكىرىي يۈرۈش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ھىراتقا بارالمىغان، ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزىمۇ ئولپانلارنى ئەۋەتىپ بېرىپ سەمەرقەنتكە كېلىپ خانغا كۆرۈنۈش قىلمىغانىدى. ئەبۇسەئىد مىرزا گەرچە ئۇنىڭ ساداقىتىدىن گۇمانلانسىمۇ، لېكىن تېخىچە ئېغىزغا ئالغۇدەك ئوچۇق ـ ئاشكارا ھەرىكىتىنى سەزمىگەنىدى. مۇھەممەد جوگى بولسا پۈت دەسسەپ تۇرغىدەك تۈزۈك زېمىنىنىڭ تايىنى يوق لاماكان ھالەتتە يۈرەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ قولىدا سەمەرقەنتكە باشلاپ كېلىپ ھۇجۇم قىلغۇدەك تۈزۈك لەشكىرى يوق ئىدى. مانا مۇشۇ ئىككى تەخت دەۋاگىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان ئەبۇسەئىد مىرزا بارلىق دىققىتىنى بەلخ ئەمىرى ھۇسەيىن بايقاراغا قاراتقانىدى. بۈيۈك ئىستېلاچى ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئىك-كىنچى ئوغلى ئۆمەر شەيخنىڭ چەۋرىسى ھېسابلانغان ھۇسەيىن بايقارانىڭ ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا كىرگىنىگە قارىماي نام ـ شۆھ-رىتى تارىلىشقا باشلىغانىدى.

ھەئە، ئۇ بىر مەزگىل ئىنىسى سۇلتان ھۇسەيىن مىرزىغا نۆكەر بولۇپ، ئىنىسىدىن ھوقۇق، مەرتىۋە تالاشماي، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ساداقەتمەنلىك بىلەن قارىشىپ بەردى. كېيىن ئىنىسى ئۇنىڭغا بەلخ ۋىلايىتىنى بەردى. ئۇ بەلخكە ئەمىر بولغاندىن كې-يىن بىرىنچى بولۇپ يىنىغا لەشكەر جۇغلاشقا كىرىشتى. ئەمما ئىنىسى بىلەن پەقەتلا ئىركەشمىدى. ئىنىسىنىڭ پەرمانلىرىغا ساداقەتمەنلىك بىلەن بويسۇندى. لېكىن، ئەتراپىدىكى سۇلتانلار-نىڭ تەسەررۇپىغا، بولۇپمۇ ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمدارى ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ تەسەررۇپىغا پات ـ پات تاجاۋۇز قىلىپ زېمىنىنى كې-ڭەيتىشكە كىرىشتى. ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بىس-

تام، دامغان... قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى. گۆرگان دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئۇ يەردىكى ئۆزبېكلەرنى تەسەررۇپىغا ئالدى. ئۇنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمىگەن ئەبۇسەئىد مىرزا شەخسەن ئۆزى لەشكەر تارتماي، سەركەردىسى مىرزا مۇھەممەد ئەلى باخشىنى ئۈچ مىڭ لەشكەردىن تەركىب تاپقان ئىلغار قوشۇنغا باش قىلىپ قولدىن كەتكەن زېمىنلارنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئەۋەتتى. ھۇسەيىن بايقارا بۇ كۈچلۈك ياۋ ئالدىدا قىلچە تەمترەپ قالمىدى. ئەپلىك يەر شارا- ئىتى، پۇختا جەڭ تەدبىرى ۋە يېتىلگەن قىلىچۋازلىق ماھارىتىگە تايىنىپ ئازغىنە نۆكەرلىرى بىلەن ئۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇننى تۈنجى جەڭدىلا پۈتۈنلەي مەغلۇپ قىلدى. ئەنە ئاشۇ غەلىبىسىدىن كېيىن يۈرىكى تېخىمۇ يوغىنىغان ھۇسەيىن بايقارا بىر تەرەپتىن ھىرات ئەمىرى ئۇبۇلقاسىم بابۇر مىرزا بىلەن مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خارەزىم، قەندىھار ۋىلايەت- لىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئەبۇسە- ئىد مىرزا ھۇسەيىن بايقارانى تەخت ـ سەلتەنەتى ئۈچۈن كۈچلۈك تەھدىت ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا قارشى شەخسەن لەشكەر تارتىشقا تەي- يارلانغانىدى، شۇنداقتىمۇ كۆڭلى يەنىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئايغاقچىلىرى ئۇنىڭغا مۇھەممەد جۇگىنىڭ دەشتى قىپ- چاق ھۆكۈمدارى ئۇبۇلخەيرىخان ھۇزۇرىغا ياردەم سوراپ كەتكەن- لىك خەۋىرىنى يەتكۈزگەنىدى. ئەينى يىلى سەمەرقەنت تەختىنى ئىگىلىۋالغان باجىسى ئابدۇللا مىرزىدىن ئۇبۇلخەيرىخاننىڭ لەش- كىرىي ياردىمى بىلەن ماۋەرائۇننەھر سەلتەنەتىنى تارتىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولغان ئەبۇسەئىد مىرزا، كېيىنكى يىللاردا ھاكىمىيە- تىنى مۇستەھكەملەپ ئۇبۇلخەيرىخاننىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن خېلىلا قۇتۇلغان بولسىمۇ، كۈندىن ـ كۈنگە قۇدرەت تېپىۋاتقان بۇ قوش- نىسىنىڭ يەنىلا چىرايىغا قاراشقا، ھەرقانداق ئىشتا ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. تەختتە ئولتۇرغان دەسلەپكى يىللاردا پات ـ پات سوۋغا ـ سالام ئەۋەتىپ دوستلۇقىنى، مىن- نەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرغان بولسىمۇ، يېقىنقى ئىككى يىلدىن

uyghurkitap.com

بىرى زېمىن تەسەررۇپىنى كېڭەيتىش بىلەن بولۇپ كېتىپ بار ـ دى ـ كەلدىسى سۇسلاپ قالغان، سوۋغا ـ سالاملارنىمۇ ئەۋەتمىگەن ىدى. شۇ سەۋەبتىن يۈزسىز ئۇبۇلخەيرىخاننى مۇھەممەد جوگىنى يۆلىمەيدۇ، لەشكىرىي ياردەم بەرمەيدۇ دېگىلى بولمايتتى. ناۋادا ئۇبۇلخەيرىخان مۇھەممەد جوگىغا ياردەم قولىنى سۇنىدىغانلا بول ـ سا، ئۇبۇلقاسىم بابۇر مىرزىنىڭ ئۇنىڭدىن دەرھال يۈز ئۆرۈشى، كېلىشىمنى يىرتىپ تاشلىشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. ئۇ چاغدا ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ بىر ئەمەس ئۈچ رەقىبكە تەڭ تاقابىل تۇ ـ رۇشىغا توغرا كېلەتتى. شۇڭا ئۇ ھوسەيىن بايقاراغا قارشى دەرھال لەشكەر تارتىش ـ تارتماسلىق ئىشىدا بىر قارارغا كېلەلمەي ئىك ـ كى تايىن بولۇپ تۇرۇپ قالغاندى. شۇ كۈنلەردە سەمەرقەنت سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بارلىق لەشكىرىي تەييارلىقلارنى پۈتكۈ ـ زۈپ تەق بولۇپ تۇرۇشقان بولۇپ، ئۇلارغا پەقەت ئەبۇسەئىد مىر ـ زىنىڭ پەرمانىلا كەم ئىدى. ئۇبۇلخەيرىخاننىڭ نىيەت ـ مۇددىئا ـ سىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن دەشتى قىپچاق دالىسىغا ئايغاقچى ئەۋەتكەن ئەبۇسەئىد مىرزا تېخىچە ئېنىق بىر مەلۇمات تاپشۇ ـ رۇۋالمىغانلىقى ئۈچۈن، سەركەردە ـ لەشكەرلىرىگە پەرمان بې ـ رىشكە ئالدىرىمايۋاتاتتى.

ھەئە، بۈگۈن ئۇنىڭ ئايغاقچىلارنىڭ يولىغا قاراپ كۈن ساناپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋاتقىنىغا بىر ئاي بولۇپ قالاي دېگەنىدى. لېكىن ئايىغى چاققان، كىرەلمەيدىغان تۆشۈكى يوق قابىل ئايغاقچىلىرى ـ دىن تېخىچىلا خەۋەر يوق ئىدى.

«ئايغاقچىلارغا نېمە بولغاندۇ؟ ئاشكارىلىنىپ قالغانمىدۇ يا ـ كى ھىيلىگەر ئۇبۇلخەيرىخان مۇددىئاسىنى ئوردىسىدىكى ئەمىر ـ بەگلىرىدىنمۇ سىر تۇتقانمىدۇ ـ يا؟ ۋەياكى خوراسان تەرەپتىن مۇھەممەد جوگى ھەققىدە كەلگەن خەۋەرلەر يالغانمىدۇ؟ ناۋادا مۇ ـ ھەممەد جوگى ئۇبۇلخەيرىخاننىڭ دەرگاھىغا ياردەم تەلەپ قىلىپ بارمىغان بولسا، ئايغاقچىلار خەۋەر ئالالماي كۈتۈپ يېتىشتىمى ـ كىن؟ ئىلاھىم، مۇھەممەد جوگىنىڭ دەشتى قىپچاققا چاپقان ئې ـ

تىنىڭ ئايىغى سۇنسۇن، ئوبۇلخەيرىخانغا دادلايدىغان تىلى تۇتۇل-
سۇن. ئوبۇلخەيرىخان دىگەن بۇ لەنىتى تولىمۇ تۇتۇرۇقسىز، ئاچ
كۆز بىر نىمە. ئاز ـ تولا پايدا ـ مەنپەئەتنى دەپ مۇھەممەد جوگى
دىگەن ئۇل بەدرەككە ياردەم قولىنى سۇنماي قالمايدۇ. نىمىشقىمۇ
يىقىندىن بىرى ئۇل ئاچ كۆزگە پىشكەش يوللىمىغاندىمەن. ھەر-
قانچە پىشكەش قىلسامۇ بىكار. نەچچە يىلدىن بىرى جوغلىغان
خەزىنەمنى ئەۋەتكەن بولسامۇ يەنىلا يۈزى بولمايتتى. چۈنكى،
ئاچ كۆز ئادەم دىگەن نائەھلى كىلىدۇ، ئۇلاردا يۈز بولمايدۇ. سوۋ-
غا ئەۋەتمەيمۇ ياخشى قىلغان ئىكەنمەن. مەيلى، مۇھەممەد جوگىغا
ياردەم قولىنى سۇنسا سۇنسۇن. نىمىدىن قورقاتتىم. نەچچەن يىل-
دىن بىرى مەنمۇ جىم ياتمىدىم. يەتكىچە خەزىنە، ئوزۇق ـ تۈ-
لۈك، لەشكەر جوغلىدىم. خانزادە يۇنۇسخاننى موغۇلىستانغا —
ئىنىسى سۇلتان ئىسان بۇغاخان سەلتەنەتىگە قارشى يولغا سال-
غاندىن بىرى، موغۇلىستان تەختگاھىنىڭ تەھلىكىسىدىن خىلى
ئارام تىپىپ قالغان بولغاچقىمۇ خەزىنە، لەشكەردىن چىقىم تارت-
مىدىم. پەقەت ھۈسەيىن بايقارا دىگەن سىرىق تۆك ھالىغا باقماي
بۇرۇنۇمغا چالما تىزىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. ئاللاھ خالىسا ئۇنىڭ ئىشى-
نىمۇ تىزلا توغرىلايمەن. مۇھەممەد جوگى ھازىر نەدىدۇ؟ ئوبۇلقا-
سىم بابۇر مىرزىنىڭ يىنىدىمىدۇ ياكى ئوبۇلخەيرىخاننىڭ دەرگاھى-
دىمىدۇ؟ نىمىشقىمۇ ئىككى يىل ئاۋۋالقى جەڭدە ئاكىسى ئەھمەد
بىلەن قوشۇپ بىراقلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتمىگەن بولغىيدىم؟ سەركەردى-
لەرگە توختىماي قوغلاشقا، تۇتقان يەردە ئۆلتۈرۈشكە پەرمان بەرگەن
بولسام، بەلكىم ئۇل قاچقۇن بەدرەكنى تۇتۇپمۇ ئالارىدى. بۈگۈنكى
كۈندە مەنمۇ بۇنچىۋالا تەشۋىشتە قالماسىدىم...»

ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ خىيالىنى كۆكسارايغا شەپە چىقارماي
پەم بىلەن كىرىپ كەلگەن ھۆدەيچى بەگنىڭ ئاۋازى ئۈزۈپ قويدى.

— قىبلىگاھىمغا مەلۇم بولغاي، تۈركىستان ئەمىرى خانزا-
دە يۇنۇسخان قوبۇل قىلىنىشلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ.

كۈتۈلمىگەن بۇ مەلۇماتتىن ئەبۇسەئىد مىرزا ھەيران قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قولىقىغا ئىشەنمىگەندەك ھۆدەيچى بەگدىن قايتىلاپ سورىدى:
ـــ نېمىدېدىڭ؟ كىم كەپتۇ؟
ـــ تۈركىستان ئەمىرى خانزادە يۇنۇسخان ئالىيلىرى، ـــ دېدى ھۆدەيچى بەگ تىلىنى چايناپ.
قىچقارمىغان مېھماننىڭ كۈتمىگەندە يېتىپ كېلىشى ئەبۇسەئىد مىرزىنى بىردىنلا ئويغا سېلىپ قويىدى.
«خانزادە نېمىدەپ كەلگەندۇ؟ بىرەر خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگەنمىدۇ ياكى...»
ئەبۇسەئىد مىرزا خىيالىنىڭ ئاخىرىنى يىغىشتۇرۇپ ھۆدەيچى بەگكە قارىدى:
ـــ چاققان باشلاپ كىرسۇنلار.
يۇنۇسخان ھايال ئۆتمەي كۆكسارايدا پەيدا بولدى. يېنىدا نۆكەر بېشى بۇيانقۇلىمۇ بار ئىدى. يۇنۇسخاننىڭ چىرايىنى غەم، ئۇستىبېشىنى چاڭ باسقان بولۇپ، تۇرقىدىن نە ھۆكۈمدارغا خاس سۆلەت، نە خانزادىگە خاس شەۋكەتنىڭ ئىزناسىنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ تۇرقىغا تېزلا نەزەر تاشلىغان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق گۇمان چۈشتى.
ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قۇدرەتلىك خان ئالىيلىرىغا ئېھتىرام بولغاي، ـــ دېدى يۇنۇسخان تەختنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە قول باغلاپ.
ـــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ـــ دېدى ئەبۇسەئىد مىرزا، ـــ مەرھابا، ئالىيلىرىنىڭ دىدارىنى كۆرگىنىمدىن تولىمۇ خۇشالمەن.
ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ يۇنۇسخانغا باشقىچە ھۆرمىتى بار ئىدى. شۇ دەقىقىدە ئۇ يۇنۇسخاننىڭ چىراي ـ تۇرقىدىن ئېغىر كېلىشمەسلىك كەلگەنلىكىنى، بولۇپمۇ ئىنىسى سۇلتان ئىسان بۇغاخاندىن قاتتىق يېڭىلگەنلىكىنى پەرەز قىلغان بولسىمۇ، خاقانلارغا خاس سۇر ـ ھەيۋىسىنى بىر يانغا قايرىپ قويۇپ تەختتىن دەس تۇردى. بۇ ئۇنىڭ يۇنۇسخانغا ئالدىغا كېلىپ ئۆزى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشسە بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگىنى ئىدى.

ئادەتتە بۇ خان ـ سۇلتانلارنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلەرگە كۆرسە-
تىدىغان ئالىي ئىلتىپاتى ئىدى.
ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يۇ-
نۇسخان يۈگۈرۈپ دېگۈدەك تەختنىڭ تۈۋىگە باردى ۋە كۆرۈشۈش
ئۈچۈن ئىككى قولىنى تەڭلىدى. ئەمما ئەبۇسەئىد مىرزا بولسا
قۇچىقىنى كەڭرى ئېچىپ باغرىنى تەڭلىدى ـ دە، سەل تەمتىرەپ
قالغان يۇنۇسخاننى چىڭ قۇچاقلىدى. بۇ كاتتا مېھىر ـ شەپقەت-
تىن قاتتىق ھاياجانلانغان يۇنۇسخانمۇ ئەبۇسەئىد مىرزىنى مەھ-
كەم قۇچاقلىدى. شۇ دەقىقىدە ئۇ ئېرىپ كېتىپ باراتتى، كۆز
چاناقلىرى لىق ياشقا تولغانىدى. ئەنە ئاشۇ يوسۇندا كۆرۈشۈش
ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەبۇسەئىد مىرزا يۇنۇسخاننى تەختنىڭ
يېنىدىكى كۇرسىدا ئولتۇرغۇزدى. ھاياجاندىن ئۆپكىسى قازاندەك
ئېسىلىپ كەتكەن يۇنۇسخاننىڭ تىلى پەقەتلا گەپكە كەلمەيتتى،
چانىقىدىن ئېتىلىپ چىقاي ـ چىقاي دەپ قالغان ياشلىرىنى
سىڭدۈرۈۋېتىشكە تىرىشاتتى.
يۇنۇسخاننىڭ موغۇلىستانغا ـــ ئىنىسى ئىسان بۇغاخانغا
قارشى لەشكەر تارتقىنىدىن ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ خەۋىرى بار ئى-
دى، ھەم بۇ لەشكىرىي يۈرۈشنىڭ غەلىبىسىگە چوڭ ئۈمىد باغ-
لىغانىدى. شۇ تاپتا يۇنۇسخاننىڭ بىچارە تۇرقىغا قاراپ نېمە دې-
يىشنى، قانداق تەسەللى بېرىشنى، گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەل-
مەي تۇرۇپ قالدى.
ـــ ئالدىلىرىدا تولىمۇ خىجىلمەن ئالىيلىرى، ـــ دېدى يۇ-
نۇسخان بىر ھازادىن كېيىن زۇۋانغا كېلىپ، ـــ بۇ قېتىمقى
لەشكىرىي يۈرۈشتە قەشقەردە قاتتىق يېڭىلىپ پۈتۈنلەي مەغلۇپ
بولدۇم. ئەسلى ـ ۋەسلىمدىن ئايرىلدىم، ھەممە تۇرقۇم مانا مۇ-
شۇ. ئۆزۈمنىڭ لەشكەرلىرىملا ئەمەس، ئالىيلىرى كۆمەكلىشىش-
كە بەرگەن سەمەرقەنت لەشكەرلىرىمۇ ئامان قالمىدى.
بۇ ئەھۋاللارنى بايىلا ئالدىنئالا مۆلچەرلەپ بولغان سۇلتان
ئەبۇسەئىد مىرزا ئۆزىنى خېلىلا تۇتۇۋالغانىدى.

www.uyghurkitap.com

ـــ ئەينى يىلى جەننەتماكان قېيىنئاتام مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەزرەتلىرى تۇزكور ئوغلى بولمىش خانزادە ئابدۇللەتىپخاندىن يېڭىلىپ باقىيغا سەپەر قىلغاندا، مېنىڭ ئەھۋالىم سىلىنىڭ ھازىرقى ئەھۋاللىرىدىنمۇ نەچچە ھەسسە بەتتەر ئىدى. مۇناپىق ئەمىر مىرانشاھ دورغىنىڭ زىندانىدىن قېچىپ قۇتۇلغىنىمدا پاناھلانغۇدەك زېمىن، پۇت قويغىدەك جاي، باش تىقىپ كىرگۈدەك تۆشۈكمۇ تاپالمىغانىدىم. ئاۋۋال ياراتقان ئاللاھ ئىگەم، ئاندىن قالسا مانا مەن تۇرۇپتىمەن، قىلچىلىك مەيۈسلەنمىگەيلا. ياغى دېگەندە يېڭىش ـ يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ. غەلىبە ـ نۇسرەتتىن قانائەتلىنىپ مەغرۇرلانغۇلۇق، مەغلۇبىيەتتىن ھەسرەتلىنىپ ئۈمىدسىزلەنگۈلۈك ئەمەس. ھېچقىسى يوق. ئىلكىلىرىدە كىچىكرەك بولسىمۇ تۈركىستاندەك ھۆددۇلۇق، تاشكەنتتەك شەھەر تۇرۇپتۇ. لەشكەر ئەنە ئاشۇ زېمىندىكى ئاۋامنىڭ ئارىسىدىن تېپىلىدۇ. كەملىكىڭىزگە مېنىڭ ئىلكىمدە بار. لازىم قىلسىلا سىلىدىن ھەرگىز ئايىمايمەن.

يۇنۇسخان يەنە بىر قېتىم ھاياجانلاندى. ئەمما ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا غەلىيان كۆتۈرگەن بۇ قېتىمقى ھاياجانلىنىش قانداقتۇر سۆيۈنۈشتىن ئەمەس، بەلكى ئاچچىق ئەلەمدىن، تۈركىستان، تاشكەنتتىكى بىر قىسىم ئەمىر ـ بەگلىرىنىڭ قىلغان يۈزسىزلىك، تۇزكورلۇقى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان رەنجىشتىن بولۇۋاتاتتى.

ھەئە، يۇنۇسخان قەشقەردىن قاتتىق يېڭىلىپ قاچقىنىچە تېرەكداۋاندىن ئۆتكەندە يېنىدا ھەمراھلىققا ئاشۇ نۆكەر بېشى بۇيانقۇلىلا قالغانىدى. ئۇ ئەنە ئاشۇ ھالەتتە ئۇدۇل تاشكەنت شەھىرىگە كىردى. ئەمما، تاشكەنت ھاكىمى ئەمىر شەيخ جامالىددىن ئۇنىڭغا بىر ھۆكۈمدارغا ئەمەس، قاچقۇنغا، ھەتتا تىلەمچى ـ سائىلغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلدى، كۆزگە ئىلمىدى، ھۆرمەتسىزلىك قىلدى. ئۆز ۋاقتىدا ئەبۇسەئىد مىرزا يۇنۇسخاننى شىرازدىن ئەكەلدۇرۇپ، نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى بىلدۇرۇپ تۈركىستانغا يولغا سالغىنىدا تاشكەنت شەھىرىنى ئۇنىڭغا رەس-

مىي بەرمەي، بىر مەزگىل پاناھلىنىپ تۇرۇشقا بەرگەن ۋە تاش ـ كەنت ھاكىمى ئەمىر شەيخ جامالىددىننى يۇنۇسخاننىڭ ھەرقانداق بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، خىزمىتىنى قىلىشقا پەرمان چۈشۈرگەن ـ دى. شۇ سەۋەبتىن شەيخ جامالىددىن سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ھۆكۈمدارى ھېسابلاپ، يۇنۇسخاننى ئانچە كۆز ـ گە ئىلىپ كەتمەيتتى. يۇنۇسخان تاشكەنتتە بىر ئۆمۈر تۇرمايدۇ، موغۇلىستان سەلتەنەتىنى قولىغا ئالسىلا كېتىدۇ، تاشكەنت ئۆ ـ زۇمگە ئوخچە قالىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

ئۇ يۇنۇسخاننىڭ موغۇلىستان يۇرۇشىدە يېڭىلىپ قالغىنىد ـ نى، يېڭىلگەندىمۇ بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىپ ئاران بىرلا نۆكىرى بىلەن قايتىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ بىردىنلا جۇدۇنى تۇتتى، ئالدىغا كۆرۈشكىلىمۇ چىقمىدى. يۇنۇسخاننىڭ خانزادىلىك مەرتىۋىسىگىمۇ ھۆرمەت قىلمىدى. تۆۋەن دەرىجىلىك مەھرەملىرىگە بۇيرۇپ، يۇنۇسخاننى مەھكىمە سىرتىدىكى ئادەت ـ تىكى بىر قورۇغا جايلاشتۇردى ـ دە، ئازغىنە ئوزۇق ـ تۈلۈك ئەۋەتىپ بەردى، خىزمىتىگە مۇلازىممۇ بەرمىدى. بۇ ئۇنىڭ يۇ ـ نۇسخاننى تۇرساڭ مۇشۇ يەردە تۇر، بولمىسا نەنى خالىساڭ شۇ يەرگە كەت، دېگىنى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئەدەپسىزلىكى، ئادەمگەرچە ـ لىككە يات قىلىقى يۇنۇسخانغا تولىمۇ ھار كەلدى. شۇنىڭ بىلەن شەيخ جامالىددىن بىلەن خوشلاشمايلا تاشكەنتتىن چىقىپ تۇر ـ كىستان تەرەپكە يول ئالدى. بىراق ئۇنىڭ تۇركىستاندىكى ئەھۋا ـ لىمۇ تاشكەنتتىكىدىن ئانچە پەرقلەنمىدى. ئانىسى دۆلەتسۇلتان مەلىكە، تاغىسى ئىرازان بارىن خېلى بۇرۇنلا قازا قىلىپ كەتكەن بولغاچقا، يۇنۇسخان تۇركىستان بەگلىرىگە زىيادە ھۆرمەت بىلدۇ ـ رۇپ ئىختىيارىغا قويۇۋەتكەن، ئۇلارمۇ ئۆز ئالدىغا ئىش تۇتۇپ كۆنۈپ قالغانىدى. ئۇلار ئەبۇسەئىد مىرزىدىن ئىبارەت خاقاننىڭ ئەتىۋارلىشىغا، ھامىيلىق قىلىشىغا ئېرىشكەن، قولىدا تۈمەنگە يېقىن لەشكىرى بار يۇنۇسخاننى پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمدارى دەپ ئېتىراپ قىلاتتى، ئالدىغا ۋاقتى ـ قەرەلىدە سالامغا كېلىپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھۆرمىتىنى بىلدۈرەتتى، ئەمما باشقا ئىشلارنى ئۆزى بىلگەنچە بىجىرەتتى، ئۇلۇس ـ ئايماقلارنى ئۆز ئالدىغا سورايتتى. ئۇلار سەركەردە ـ لەشكەرلىرىدىن، شانۇ شەۋكىتىدىن ئايرىلىپ قالغان يۇنۇسخاننى كۆزگە ئىلمىدى، يۇنۇسخاننىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنى خىزمەتكاردەك ئەمەس، كاتتا بەگ ـ سۇلتانلاردەك تۇتتى. ھەتتا شۇنچىۋالا لەشكەرلەرنى ھالاكەتكە مۇپتىلا قىلغانلىقى ئۈچۈن يۇنۇسخاننى ئەيىبلەشتىنمۇ ئايانمىدى.

شۇ دەقىقىدە سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا بىلەن تاشكەنت ھاكىمى شەيخ جامالىددىننىڭ، تۈركىستان بەگلىرىنىڭ ئۆزىگە تۇتقان مۇئامىلىسىنى چاقماق تېزلىكىدە كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، سېلىشتۇرۇپ چىققان يۇنۇسخاننى ئىچ ـ ئىچىدىن ئاچچىق بىر ھەسرەت قاپساپ كېلىۋاتاتتى.

ئەبۇسەئىد مىرزا يۇنۇسخاننىڭ زوۋان سۆرمەي ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ يەنە كۆڭۈل ياساشقا كىرىشتى:

ـــ زىيادە بىئارام بولمىسىلا ئالىيلىرى، جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان دەپتىكەن، ئاللاھ خالىسا تاجۇ تەختلىرىنى ھامان بىر كۈنى قوللىرىغا ئالالايدىلا.

يۇنۇسخان سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشقا ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئەبۇسەئىد مىرزىغا تاشكەنت ھاكىمى شەيخ جامالىددىن بىلەن تۈركىستان بەگلىرىنىڭ قىلغان يۈزسىزلىكىنى خۇددى كىچىك بالا دادىسىغا دادلاپ بەرگەندەك دادلاپ بەردى.

ئەمدى سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرۇش نۆۋىتى ئەبۇسەئىد مىرزىغا كەلگەنىدى. ھەئە، ئۇنىڭ كاللىسىدا كەسكىن زىددىيەت باشلانغانىدى. ئۇ ئىلكىدە ھېچنېمىسى قالمىغان، غېرىب ـ مۇساپىردىن پەرقى يوق يۇنۇسخاندىن ۋاز كېچەلمەيتتى. ئۇنىڭ يۇنۇسخانغا بۇنداق ۋاپادارلىق كۆرسىتىشى قانداقتۇر يۇنۇسخاننىڭ ئۆزىگە باجا كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس ئىدى، پەقەت يۇنۇسخانلا ئۇنىڭ تەسەررۇپىنى، تەخت ـ سەلتەنەتىنى موغۇلىستان ھۆكۈمدارى سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ تەھدىتىدىن، تاجاۋۇزىدىن، پاراكەندە-

چىلىك سىلىشىدىن توسۇپ قالالايدىغانلىقىغا ئۇ ھېلىمۇ قاتتىق ئىشىنەتتى. يېنىدا يۇنۇسخان بولسىلا قۇدرەتلىك قوشنىسى بولغان موغۇلىستان تەرەپتىن خاتىرجەم بولالايتتى. شۇڭا ئۇ ھەرقانچە بەدەل تۆلىسىمۇ، يۇنۇسخاننى يەنە بىر قېتىم يۆلەش نىيىتىگە ئاللىقاچان كېلىپ بولغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقىنى تاشكەنت ھاكىمى شەيخ جامالىددىننىڭ ئىشى ئىدى. گەرچە شەيخ جامالىددىن ئۇنىڭ تەسەررۇپىدىكى بىر شەھەرنىڭ ھاكىمى، قول ئاستىدىكى ئەمىر بولسىمۇ، ئەمما شەيخ جامالىددىننىڭ تاشكەنتتە تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر ئىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگ دەۋرىدىلا تاشكەنتكە ھاكىم بولغان شەيخ جامالىددىننىڭ ئىلكىدە ئۇنىڭ ئۈچۈن جان پىدالىق كۆرسىتىشكە تەييار تۇرغان نەچچە مىڭلىغان خاس نۆكىرى، شەخسىي خەزىنىسىدە يېتىپ ئاشقىچە مال ـ دۇنياسى بار ئىدى. ئەبۇسەئىد مىرزا دەشتى قىپچاق ھۆكۈمدارى ئوبۇلخەيرىخاننىڭ ياردىمى بىلەن سەمەرقەنت تەختىگە چىققاندىن كېيىن، شەيخ جامالىددىن بىرىنچى بولۇپ نۇرغۇن قىممەت باھالىق سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى تەبرىكلىگەن، خانلىق سەلتەنەتىنى ئېتىراپ قىلغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئەبۇسەئىد مىرزا ئۇنىڭ تاشكەنت شەھىرىنىڭ ھاكىملىق مەرتىۋىسىگە تەگمىگەن، ھەتتا يارلىق چۈشۈرۈپ ئوردىسىدا باش ۋەزىرلىككە تەڭ كېلىدىغان ئەمەل ـ مەرتىۋە دەستىكى ئىنئام قىلغان، ئەتىۋارلىق ئەمىرلىرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ ئۆزىگە يېقىن تۇتۇپ كەلگەنىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەبۇسەئىد مىرزا شەيخ جامالىددىندىن خېلىلا ئېھتىيات قىلاتتى. ئوردىسىغا سالامغا كەلسە ئورنىدىن تۇرۇپ سالامىنى ئىلىك ئالاتتى. شۇڭا ئۇ ھازىر يۇنۇسخانغا ياخشى مۇئامىلە قىلمىغانلىق گۇناھى ئۈچۈن شەيخ جامالىددىننى ئەيىبلىيەلمەيتتى. بولۇپمۇ ھۇسەيىن بايقارا بىلەن مۇھەممەد جوگىنىڭ ئاشكارا، ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزىنىڭ يوشۇرۇن تەھدىتىگە ئۇچراۋاتقان مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە شەيخ جامالىددىننىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ يەنە بىر دۈشمەن كۆپەيتىۋې-

www.uyghurkitap.com

لىشنى ھەرگىز خالىمايتتى. ئۇنىڭچە تۇركىستان بەگلىرىنىڭ ئىشى ئاسان ئىدى. يۇنۇسخان قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ ئەتراپىغا بىرنەچچە مىڭ لەشكەر جۇغلىيالىسىلا خانزادىلىك مەرتىۋىسى، ھۆكۈمدارلىق سۈر ـ ھەيۋىسى بىلەن تۇركىستانغا بارسا، ئۇ يۇزسىز ئەمىرلەر يەنە ئۇنىڭ ئەتراپىغا جۇغلىشاتتى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشاتتى. بىراق ھازىر بىر تەرەپتىن ھۈسەيىن بايقاراغا قارشى لەشكەر تارتىش، يەنە بىر تەرەپتىن مۇھەممەد جوگىنىڭ تويۇقسىز ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتە ئەبۇسەئىد مىرزا يۇنۇسخانغا بىرنەچچە مىڭ ئەمەس، بىرنەچچە يۈز لەشكەرمۇ بېرەلمەيتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ، بېشى قېتىپ قالغانىدى.

«قانداق قىلسام بولۇر، يۇنۇسخاننى يېنىمدا ئېلىپ قالسام ھەرگىز بولمايدۇ. ناۋادا بۇنىڭدىن ئىنىسى ئىسان بۇغاخان خەۋەر تاپسا پەرغانىگە، ئەندىجان شەھىرىگە يەنە لەشكەر تارتىپ كېلىدۇ. ئۇل چاغدا مەن تۆت تەرەپتىن تەڭلا كەلگەن دۈشمەنلىرىمگە تەڭ كېلىپ بولالمايمەن. ئۇنى تاشكەنتكە ئەۋەتىشىنىڭ ئەمدى ئورنى قالمىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ مەندىن كاتتا ئۈمىد كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، ئۈمىدسىزلەندۈرسەم ھەرگىز بولمايدۇ. موغۇلىستانغا يېقىنراق، چېگرىغا يېقىن كىچىكرەك بىرەر يۇرتنى ۋاقىتلىق پاناھگاھ قىلىپ بەرسەم قانداق بولۇر؟ يۇنۇسخان شۇ يەردە تۇرۇپ چېچىلىپ كەتكەن قوۋمىنى يىغسا، ئەتراپىغا قايتىدىن لەشكەر توپلىسا.. ئىشقىلىپ يۇنۇسخان موغۇلىستانغا يېقىن بىر يۇرتتا ئىسان بۇغاخاننىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ تۇرسا، ئىسان بۇغاخان بۇ تەرەپكە ئالدىراپ لەشكەر تارتىشقا پېتىنالمايدۇ. ئۇنىڭغىچە مەنمۇ ھۈسەيىن بايقارا تەھلىكىسىنى تىنچىتارمەن. ھەئە، شۇنداق قىلاي، قالدى ئىشلارغا كېيىن باش قاتۇرارمەن. ئۇنىڭغىچە يۇنۇسخانمۇ جىم ياتماس...»

مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن ئەبۇسەئىد مىرزا خېلىلا يەڭگىللەپ قالدى. يۇنۇسخانغا تاشكەنت ھاكىمى شەيخ جامالىددىننى يەتكىچە ئەيىبلەپ بەردى، ھەتتا ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ھۆسەيىن بايقاراغا قارشى لەشكەر تارتىشقا ھازىرلىنىۋاتقانلىقىنى، مۇھەممەد جۇگىنىڭ تەخت دەۋاسى قىلىپ ئوبۇلخەيرخان ئوردىسىغا ياردەم تەلەپ قىلىپ كەتكەنلىكىنى، ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزىنىڭ ساداقىتىدىن گۇمانلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

— مېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىم مۇشۇ، — دېدى ئەبۇسەئىد مىرزا گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئەسلىدە ئالىيلىرىغا بىر تۈمەن لەشكەر بېرىپ تۈركىستانغا يولغا سالغان بولسام، شەيخ جامالىددىننىڭ ئەمىرلىك مەرتىۋىسىنى ئېلىپ تاشلاپ ياساقىغا تارتقان بولسام ياخشى بولاتتى. ئاتا - بابىلىرىمىز يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر دەپتىكەن. ھازىرچە بۇ دەرد - ئەسلەرنى ئىچىمىزگە سىڭدۈرۈۋەتكەچ تۇرايلى. شەيخ جامالىددىندىن ئالىدىغان ھېساب نېسىگە قالغاچ تۇرسۇن. ناۋادا كىچىك كۆرمىسىلە پەرغانە ۋادىسىدىكى ئەندىجانغا تەۋە يەتتەكەنتتە تۇرۇپ، چېچىلىپ كەتكەن جامائەتلىرىنى يىغقايلا، ھەمدە ئاۋامغا لەشكەر ئالۋىنى سېلىپ تەييارلىق كۆرگەيلا. مەن بۇ تەرەپتىكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قالدى ئىشلارنى مەسلىھەتلەشسەك قانداق دەيدىلا؟

— تولا ئوبدان. ئالىيلىرىنىڭ چەكسىز ھىممىتىگە تەسەننا، — دېدى يۇنۇسخان دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، — كۆرسەتكەن بۇ ھىممەتلىرىگە چوقۇم جاۋاب قايتۇرىمەن.

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسۇنلار، سىلى - بىز قېرىنداشمىز. مىسالى، بىر دەرەخنىڭ ئىككى تال شېخى ئەمەس، ئاشۇ دەرەخنىڭ شېخىدا مېۋىلىگەن بىر تال ئالمىنىڭ ئىككى تەرىپىدۇرمىز. ئاللاھ نېسىپ قىلغان ھەرنە پاراغەتنى تەڭ كۆرگەيمىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەبۇسەئىد مىرزا يەتتەكەنتنى يۇنۇسخانغا بەرگەنلىكى، بۇ تەۋەدىكى بارلىق پۇقرالارنىڭ يۇنۇسخانغا شەرتسىز بويسۇنۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى، ئاندىن ئەندىجان ئەمىرىگە يۇنۇسخانغا لەشكىرىي ۋە ماددىي جەھەتتىن ياردەمدە بولۇش توغرۇلۇق ئايرىم يارلىق يوللىدى.

ــ بول ئالىي دەرگاھقا ئىككى قولۇمنى كۆتۈرۈپلا كېلىپ قالدىم، ــ دېدى يۇنۇسخان خىجالەتتىنى بىلدۈرۈپ، ــ ئالىيلىرىغا سوۋغا ـ پەشكەش قىلغۇدەك ھېچنېمەم يوق، ناۋادا مەقبۇل كۆرسىلە مۇنۇ باھادىر نۆكىرىمنى سوۋغا قىلاي. ئۆزلىرىگە غۇلام قىلىنۇالغايلا.

يۇنۇسخان گېپىنى تۈگىتىپ نۆكەر بېشى بۇيانقۇلىغا لاپپىدە قارىدى. يولدا كەلگۈچە يۇنۇسخان بۇ ئىشنى بۇيانقۇلى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېلىۋالغانىدى.

شۇئا بۇيانقۇلى دەس ئورنىدىن تۇرۇپ سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىغا چوڭقۇر سالام بەردى:

ــ قۇدرەتلىك پاناھگاھىمىز قوبۇل قىلسا، بارلىقىمنى ئاتاپ خىزمىتىنى قىلىشقا رازىمەن.

شۇ دەقىقىدە ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ يۇنۇسخاننى بۇ بىردىنبىر نۆكىرىدىن ئايرىۋەتكۈسى يوق ئىدى. قوبۇل قىلماي دېسە، يۇنۇسخاننىڭ سوۋغىتىمىنى ياراتمىدى دەپ غۇرۇرىغا تېگىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىدى. چىرايىغا زورلاپ كۈلكە يۈگۈرتتى:

ــ قوبۇل قىلمامدىغان، بىر ئەمەس مىڭ نۆكەرگە تەڭ قىلىپ قوبۇل قىلىمەن. تۇرقىدىن ھەقىقىي شىر يۈرەك ئەزىمەتلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئالىيلىرىنىڭ كاتتا سوۋغىسىغا كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت.

ئەتىسى يۇنۇسخان ئەبۇسەئىد مىرزا يوللۇق تۇتقان ئون تۆگىلىك سوۋغات، يۈز ئاتلىق نۆكەر بىلەن يەتتەكەنتكە قاراپ يولغا چىقتى.

※ ※ ※

يۇنۇسخاننى ئوردا دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىرگەن سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا كۆكسارايىنىڭ ئالدىدىكى قېرى چىنارنىڭ تۈۋىدە ئىچ ـ ئىچىدىن بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقان بۇيانقۇلى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. بۇيانقۇلى خاننى كۆرۈپ دەرھال يىغىسىنى توختاتتى ـ دە، كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ قەددىنى رۇسلىدى.

— نېمىگە يىغلايسەن يىگىت. كۆز يېشى باھادىر ئەزىمەتكە ياراشمايدۇ، — دېدى ئەبۇسەئىد مىرزا.

— پاسىبانىمدىن ئايرىلىش ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمىدىم، — دېدى بۇيانقۇلى راست گەپنى قىلىپ، — شۇنچە يىلدىن بېرى ئول پاسىبانىمدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلىپ باقمىغانىكەنمەن، جانابى قىبلىگاھىمغا راست گەپنى قىلسام، موغۇلىستان لەشكەرلىرى پاسىبانىمىزنى كۆيۈمچان ئىككى ئاغىچىسىدىن، سۆيۈملۈك ئىككى پەرزەنتىدىن ئايرىۋەتكىنى بىلەن ئىككىمىزنى پەقەتلا ئايرىۋېتەلمىگەنىدى. ھەتتا جېنىمىزنى ئالقىنىمىزغا ئېلىپ قاچقان چېغىمىزدىمۇ، ھەر ـ ھەر خەتەرلىك تاغ ـ داۋانلاردىمۇ ھەمنەپەس بولغان ئىدۇق...

ئەبۇسەئىد مىرزا بۇيانقۇلىنىڭ گېپىنى بۆلدى:

— نېمىدېدىڭ، يۇنۇسخان ئالىيلىرى بالا ـ چاقىلىرىدىن ئايرىلىپ قالدىمۇ؟

— شۇنداق ئانھەزرىتىم، ئۇلارنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىدىن تېخىچە خەۋەر يوق. پاسىبانىم نومۇس قىلىپ بۇ ئەھۋالنى سىلىدىن يوشۇردى.

ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كەتتى. ۋۇجۇدىنى ھېسداشلىق، ئىچ ئاغرىتىش، ئەپسۇسلىنىش تۇيغۇلىرى چىرمىۋالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ــ ئاللاھ ئۇلارنى پاناھىدا ساقلىغاي، يۇنۇسخان ئالىيلىرى بىلەن ساق ـ سالامەت كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلغاي.
ــ ئېيتقانلىرى كەلگەي ئىلاھىم.
سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا بۇيانقۇلىنىڭ ساداقەتمەنلىكى، ۋاپادارلىقىدىن قاتتىق تەسىرلەندى. ئۇ يىگىتنىڭ چىنار دەك بەستىگە، قارلىغاچ قانىتىدەك قاپقارا بۇرۇتلىرى خويمۇ ياراشقان چىرايىغا زوقمەنلىك بىلەن نەزەر تاشلىدى.
«يۇنۇسخان ھەقىقەتەن تەلەيلىك ئىكەن. مۇشۇنداق ۋاپادار، باھادىر نۆكەرگە ئېرىشمەك ئاسان ئەمەس. مەن شۇنچە كاتتا بىر ئەلنىڭ سۇلتانى تۇرۇپ، ئىلكىمدە يۈزلىگەن سەركەردىلىرىم، تۈمەنلىگەن لەشكەرلىرىم بولسىمۇ، بىرىمۇ بۇنىڭچىلىك ساداقەتمەن ئەمەس. ئۇنى يېنىمدا ئەپقالسام، ئۇ يۇنۇسخانغا كۆرسەتكەن ساداقەتمەنلىكىنى، باھادىرلىقىنى ماڭىمۇ كۆرسىتەتتى. ئارقامدىن يۈزلىگەن نۆكەرنى ئەگەشتۈرۈۋالغىنىم بىلەن بىرىمۇ ئىشەنچلىك ئەمەس. مۇشۇنداق بىرى ھەرقاچان يېنىمدا بولسا بىخەتەرلىكىمدىن، ھاياتىمدىن ۋايىم يەپ كەتمەيتتىم. يۇنۇسخان ھەقىقەتەن ماڭا بىباھا سوۋغا تەقدىم قىلغانىكەن. ناھايىتىمۇ ئەپسۇس، ئۇنىڭ جىسمى يېنىمدا بولغىنى بىلەن كۆڭلى ھەرگىزمۇ مەندە ئەمەس، شۇ تاپتا ئۇنىڭغا يۇنۇسخان مەندىنمۇ بەك ئېھتىياجلىق. ۋاپا ئەھلىنىڭ يېنىدىكى ئادەممۇ ۋاپادار كېلىدىكەن دېسە...»
ئەبۇسەئىد مىرزا تارتىنىپ تۇرغان يىگىتنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ سورىدى:
ــ پاسىبانىڭ بىلەن بىللە كەتكىڭ بارمۇ؟
بۇيانقۇلىنىڭ كۆزىدە ئاجىز بىر ئۈمىد ئەلەڭگىدى. چىرايىدا سۈس بىر خۇشاللىق يالت قىلىپ جىلۋىلەندى.
ــ مەن ھازىر ئالىيجانابنىڭ قۇلىدۇرمەن.
ــ گەپنى ئەگىتمەي، كۆڭلۈڭدىكىنى بىلدۈر.
بۇيانقۇلى قەتئىيلىك بىلەن جاۋاب بەردى:
ــ پاسىبانىمغا ھەمراھ بولغۇم بار. شول تاپتا ئۇنىڭ ھېچ-

نىمىسى قالمىدى.

يىگىتنىڭ ئاخىرقى جاۋابىنى ئاڭلاپ ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ يۈرىكى پىژژىدە قىلىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ جاھاندا تەڭداشسىز بىر گۆھەرنى قولىدىن چىقىرىۋەتكۈسى كەلمىگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇ ئاخىرى قىيالماسلىق تۇيغۇلىرىنى يەڭدى.

ــ بوپتۇ، بارغىن. پاسىبانىڭنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يەت.

بۇيانقۇلى ئىشەنمىگەندەك قىلىپ ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ كۆزىگە قارىدى.

ــ ساڭا ئىجازەت بەردىم يىگىت، ــ دېدى ئەبۇسەئىد مىرزا يۈرىكى ئېچىشقان ھالدا، ــ بېرىپ پاسىبانىڭغا ئېيت. مەن ئۇنىڭغا سوۋغىسىنى قايتۇرۇۋەتمىدىم، بەلكىم ئىلكىمدىكى كاتتا بىر باھادىرنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلدىم. يۇنۇسخان ئالىيلىرىنى ھەرقاچان ھاياتىڭ بىلەن قوغدا.

ــ ئالىيھەزرىتىمنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىگە تەسەننا.

بۇيانقۇلى خانغا چوڭقۇر بىر سالام بېرىۋېتىپ شاققىدە كەينىگە ئۆرۈلدى. ئەمدىلا ئىككى قەدەم چامدىشىغا ئەبۇسەئىد مىرزا ئۇنى يەنە توختىتىۋالدى.

ــ توختا!

بۇيانقۇلىنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ كەتتى، جايىدىلا شىپپىدە توختىدى.

ــ مۇشۇنداقلا ماڭماقچىمۇسەن؟

خاننىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىگەن يىگىت نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئىككى يېنىغا تەلمۈردى، ئۇنىڭ ساددا قىلىقىدىن ئەبۇسەئىد مىرزا خىرىلداپ كۈلۈۋەتتى.

ــ پىيادە قانداق يېتىشەلەيسەن؟ ھە، راست. شول تاپتا ساڭا قانات چىقتى، ئەمما قانىتىڭ بولسىمۇ پاسىبانىڭغا يېتىشىۋېلىشىڭ تەس. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇنداق ساياق ھالەتتە پىيادە بارساڭ يۇنۇسخان ئالىيلىرى سېنى قېچىپ كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ قالىدۇ، ــ ئەبۇسەئىد مىرزا ئۇن قەدەم نېرىدا تۇرغان ئوردا ئىد-

شىكئاغىسىغا قارىدى، — ئۇنىڭغا يۈز نۆكەر بىلەن بىر ئات تەييارلاپ بەرسۇنلار. ئاتنى مېنىڭ خاس ئاختىخانامدىن تاللىسۇنلار. نۆكەرلەرگە پەرمانىمنى يەتكۈزسۇنلار. ئۇلار بول باھادىر ئەزىمەتنىڭ ئىتائىتىدىن چىقمىسۇن، ئۇنى ئۆز خوجىسى دەپ بىلسۇن. سەركەشلىك قىلغانلار ئۆلۈمگە مەھكۇم، بەلكى جەددى ـ جەمەتىگىچە، — ئەبۇسەئىد مىرزا ئەمدى بۇيانقۇلىغا يۈزلەندى، — ئول يۈز يىگىتنى ئۆزۈڭنىڭ خاس نۆكىرى دەپ بىل. يۇنۇسخان ئالىيلىرىنى ئاۋۋال ئاللاھ ئىگەمگە، ئاندىن قالسا ساڭا تاپشۇردۇم. بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا كاللاڭ بىلەن جاۋاب بېرىسەن.

— پەرمانبەردارمەن!

سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا بۇيانقۇلىغا قىيالماسلىق نەزەرى بىلەن قاراپ قويۇپ كۆكسارايغا قاراپ ماڭدى.

يۈرىكىنى ئالەمچە خۇشاللىق چۇلغىۋالغان بۇيانقۇلى يۇنۇسخانغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن قانات ياساپ ئۇچقۇدەك بولۇپ كەتكەنىدى.

## 56

يەتتەكەنت، كەچكۈز.

دەل ـ دەرەخلەرنىڭ تىللا رەڭگە كىرگەن يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىغان. ئۆرۈك، ئۈجمە، گىلاس دەرەخلىرى ئاللىقاچان يالىڭاچلىنىپ قالغان. قوغۇن، ئۈزۈم، ئالما ـ ئامۇت ۋە ئەششاپتۇللار داستىخاننىڭ تۆرىگە تىزىلىدىغان ئېسىل نازۇ نېمەتلەرگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

يەتتەكەنتكە كەلگەن ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى يۇنۇسخان بىردەممۇ ئارام ئالمىدى. ئاۋۋال يەرلىك تۆرە ـ بەگلەرنى

سارايغا يىغىپ ئاددىيغىنە چاي بەردى. ئاندىن كۆڭۈل ئىزدەپ مېھماندارچىلىققا چاقىرغانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بارغاچ ئاددىي خەلق بىلەن پات ـ پات ئۇچرىشىپ تۇردى. دەۋا ـ دەستۇرلارغا لايىقىدا، ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقاردى. ئۇنىڭ چىقىشقاق، كىبىردىن خالىي ئاددىي ـ ساددا خۇي ـ مىجەزى ئاق كۆڭۈل، تۈز يەتتە ـ كەنتلىكلەرنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغانىدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ يۇنۇس ـ خاننىڭ لەشكەر قوبۇل قىلىش پەرمانى ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمىدى. يىگىتلەر ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كېلىپ ئۇنىڭغا لەشكەر بولدى. مانا بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە توپلانغان مىڭ نەپەر يىگىتنى بۇيانقۇلى ئەستايىدىل مەشىقلەندۈرۈپ، ئۇلارغا سەپ تۈزۈش، ھۇجۇمغا ئۆتۈش، قىلىچۋازلىق، نەيزىۋاز ـ لىق، كاماندازلىق، چەۋەندازلىق... قاتارلىق ماھارەتلەرنى ئۆگىـ ـ تىۋاتاتتى.

يەتتەكەنتتىكى سارايىنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى باغدا يالغۇز خىيال سۈرۈپ كېتىپ بارغان يۇنۇسخاننىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ئاشۇ غازاڭلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىغان دەرەخ ـ لەردەك تولىمۇ غېرىب، بىچارە سېزەتتى. ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان غەم ـ ئەندىشىلەردىن، ئاچچىق، ھەسرەتلىك، پۇشايمانلىق ئەس ـ لىمىلەردىن بىردەممۇ خالىي بولالمايتتى. ئولتۇرسا ـ قوپسا ئەس ـ يادى قەشقەردە قېپقالغان خوتۇن ـ بالىلىرىدا قالغانىدى. ئۇلارنى ئاشۇ مەغلۇبىيەتلىك لەشكىرىي يۈرۈشكە بىللە ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى، پۇشايمان قىلاتتى. ئۇلار ـ نىڭ تەقدىرىدىن ۋايىم يەيتتى.

سارايىنىڭ ھويلىسىدىكى بۇ باغ ھەرەمگە تۇتىشاتتى. بىراق ھەرەم قۇيقۇرۇق، بەئەينى جاڭگالغا ئوخشاش ھۇۋۇلداپ تۇراتتى. ئۇ يەتتەكەنتكە كەلگەندىن بېرى ھەرەمگە ئاياغ بېسىپ باقمىدى، خىزمەتكار ـ مۇلازىملارنىڭ تۇرۇشىغىمۇ، تازىلاپ، سىيرىپ ـ سۈپۈرۈشىگىمۇ رۇخسەت قىلمىدى. ئۆزى ئىككى ئايدىن بېرى سارايدا يېتىپ ـ قوپۇۋاتاتتى. ئۇ يەتتەكەنتكە كېلىپلا خوتۇن ـ

www.uyghurkitap.com

بالىلىرىنىڭ دېرىكىنى قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە ئايغاقچى ماڭ-غۇزغانىدى. ئۇنىڭ ھېسابىچە كېچىككەندىمۇ چاپارمەنلەر بۈگۈن ـ ئەتە، ھېچبولمىغاندا مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە خەۋەر ئېلىپ كېلىشى كېرەك ئىدى. يۇنۇسخان توختىماي بارماقلىرىنى پۇكۈپ ھېساب چىقىراتتى. ۋۇجۇدىنى تورۇپ ئۈمىدلىك خىياللار چىرمىۋالسا، تورۇپ ۋەھىملىك، مۇدھىش قىياسلار ئەسىر ئالاتتى. ئۇ ئەڭ قورقۇنچلۇق ئەھۋاللارغىمۇ كۆڭلىدە تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى. ئەمما، يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىدە ئاجىز بىر ئۈمىد شامى پىلدىرلايتتى.

«ئىسان بۇغاخان ھەرقانچە نائىنساب، خۇنخور بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئاجىز خاتۇن ـ بالىلىرىمىنىڭ جېنىغا زامىن بولماس. قېرى ئەمىر سەييىدئەلى ئالپ بۇنىڭغا قاراپ تۇرماس. ئىسان بۇغاخاننى پەيلىدىن ياندۇرار. راست، ئاياللار بىلەن بالىلاردا نېمە گۇناھ. گەرچە مەن تاجۇ تەخت دەۋاسى قىلىپ لەشكەر تارتىپ بارغىنىم بىلەن ئۇنىڭ سەلتەنەتىگە قىلچىلىك زىيان يەتكۈزمىدىم. تەسەررۇپىدىنمۇ ئالىقانچىلىك زېمىننى ئىگىلەپ ئالغىنىم يوق. ئىسان بۇغاخان ھەرقانچە قارا يۈرەك بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ قېرىنداشلىق مېھرىنى ئۇنتۇپ كەتمەس. كىچىك ۋاقتىمىزدىكى ئىجىل ـ ئىناق ئۆتكەن ئاغا ـ ئىنىلىقنىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلار. ئاھ، تەتۈر پەلەك، ۋاپاسىز دۇنيا! ماڭا يەنە كۆرسىتىدىغان قانداق ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىڭ باركىن؟ ئىسان بۇغاخان سۆيۈملۈك ئاغىچىلىرىمنى ئۆلتۈرمىگەن، زىندانغا سالمىغان تەقدىردىمۇ نەزەربەند قىلماي قالمايدۇ. ئاشۇلار ئارقىلىق مېنىڭ يەنە لەشكەر تارتىپ كېلىشىمنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. مەيلى، ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ھاياتلىقىدىن بىر نىشانە ئالاي، قالغان ئىشلارغا ئاندىن باش قاتۇرارمەن. ھېچبولمىغاندا تەخت ـ سەلتەنەت دەۋاسىدىن ۋاز كېچىپ ئالدىغا بويۇن ئېگىپ بارارمەن. ئاشۇ جىگەر پارىلىرىمسىز ماڭا ھەرقانداق تەخت ـ سەلتەنەتنىڭ كېرىكى يوق، بالا ـ چاقىلىرىم بىلەن تىنچ، خاتىرجەم ياشىسام بولدى...»

يۇنۇسخان بىر تال ـ بىرتالدىن شىرىلداپ تۆكۈلۈۋاتقان يو ـ
پۇرماقلارغا قاراپ ئۇزاققىچە تۇرۇپ قالدى. ئۆزىنى يوپۇرماقلىرى
تۆكۈلۈشكە باشلىغان ئاشۇ دەرەخكە ئوخشىتاتتى، ھەممە نېمىسى ـ
دىن ئايرىلىپ يالىڭاچلىنىپ كېتىپ بارغاندەك سېزەتتى. ئۇ چەـ
كسىز خىياللىرىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇشنى خالىمىدى. بۇ
خىياللار بەكمۇ ئازابلىق ئىدى، يۈرىكىنى نەشتەر سانجىغاندەك
ئازابلايتتى. لېكىن بىر ئازابلىق خىيالدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشسا،
يەنە بىر ئەندىشىلىك خىياللار ۋۇجۇدىنى غەم كەلكۈنلىرىگە غەرق
قىلاتتى.

«قېيىنئاتىلىرىم شىر ھاجىبەگ بىلەن سۇلتان مۇھەممەد ـ
خانلاردىن تېخىچە خەۋەر يوق. ئۇلار قىزلىرىمىزنى قەشقەردە
تاشلاپ قويۇپ، ئۆز جېنىنىڭ بىلەن بولۇپسەن، دەپ مەندىن رەنجىپ
قالدى ئەتىمالىم. شۇڭىمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىشقا يۈزۈم چىدى ـ
ماي سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ دەرگاھىغا بارغان ئىدىم. خا ـ
تۇن ـ باللىرىمنى تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلدۇرالمىسام ئۇلارغا نېمە ـ
دەپ جاۋاب قىلارمەن. شىرھاجى بەگقۇ ئېسىل، مەرد ئادەم،
ئەھۋالىمنى توغرا چۈشىنەر، لېكىن نەسەبىنى بۈيۈك ئىسكەندەر
فەيلاقۇسقا باغلاپ ئۆزىنى بەكمۇ كاتتا چاغلايدىغان بەدەخشان ھۆ ـ
كۈمدارى سۇلتان مۇھەممەدخان مېنى ھەرگىزمۇ كەچۈرمەيدۇ،
بەلكىم دۈشمەنلىك نەزەرى بىلەن قاراشتىن يانمايدۇ. جاھاننىڭ
تاماشىلىرى قىزىق بولىدىكەن. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ
قايتا ھامىيلىق قىلىشىغا ئېرىشكىنىمدىن خەۋەر تېپىشقان يۇز ـ
سىز تۇركىستان بەگلىرى يەنە يۈزىنى داپتەك قىلىشىپ نامە ئە ـ
ۋەتىشتى، تۈركىستانغا تەكلىپ قىلىشتى. چېچىلىپ كەتكەن
قوۋم ـ جامائەتلىرىممۇ جەم بولغانمىش. پەرمان بەرسەملا ھايال
قالماي يەتتەكەنتكە كېلەرمىش. تېخى بىرنەچچە ئاينىڭ ئالدىدا
ئۇلار ماڭا بىرەر ئات ئەمەس، بىر توغرام نان بېرىشكىمۇ يارىمى ـ
غانىدى. بوپتۇ، ئۇلار جۇغلاشسا جۇغلاشقاچ تۇرسۇن. ئاۋۋال بالا ـ
چاقىلىرىمنىڭ خەۋىرىنى ئالاي. قالدى ئىشلارنى ئەھۋالغا قاراپ

www.uyghurkitap.com

ئويلىشارمەن...»

ئارقا تەرەپتىن كەلگەن شەپىدىن چۆچۈگەن يۇنۇسخان خىيالىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ دەرھال دىققىتىنى يىغدى. سۆيۈملۈك نۆكىرى بۇيانقۇلى يۈگۈرۈپ دىگۈدەك كېلىۋاتاتتى. ئۇ خېلىدىن بېرى توختىماي يۈگۈرگەن بولسا كېرەك، يۇنۇسخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ دېمىنى ئالالماي ھاسىرىدى، ئۇستىبېشىدىن يامغۇردەك تەر تۆكۈلەتتى. كۆزلىرىدە بولسا ئالەمچە خۇشاللىق بالقىيتتى.

ــ خۇش خەۋەر ئالىيلىرى، ئاغىچا ئايىملار قايتىپ كەلدى...

يۇنۇسخاننىڭ قۇلىقىغا بۇيانقۇلىنىڭ كېيىنكى گەپلىرى كىرمىدى، يۈرىكى ھاياجاندىن دۇكۇلدەپ كەتتى.

«نېمە دەيدۇ بۇ، جۆيلۈۋاتامدۇ ـ يا؟ ئاغىچا ئايىملار كەلدى دەيدۇ. قايسى ئاغىچا ئايىملار كەلگەندۇ؟... سۆيۈملۈك رەپىقىلىرىم، جىگەر پارىلىرىم...»

ھاياجاندىن لەۋلىرى تىترىگەن يۇنۇسخان بۇيانقۇلىنىڭ كۆزىگە تىكىلدى:

ــ نېمىدېدىڭ؟

ــ خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن خانىش شاھ بېگىم كەلدى، خان ئالىيلىرى، تېخى ئىككى مەلىكىمۇ بار، ئۇلار ساق ـ سالامەت ئىكەن.

يۇنۇسخاننىڭ كۆزىگە مۆللىدە ياش كەلدى، تومۇر ـ تومۇرلىرىدا ئالەمچە بىر خۇشاللىق قىيان ياسىدى. ھەئە، باغدىكى تۆكۈلۈپ كەتكەن يوپۇرماقلار قايتىدىن يالىڭاچلانغان شاخلارغا قوندى. توزۇغان گۈللەر قايتىدىن غۇنچىلاپ بەرق ئۇردى. ناۋاكەش قۇشلار ئۇنى تەبرىكلەپ ۋىچىرلاشقا باشلىدى. يەتتەكەنتتە باھار بولغانىدى.

ھاياجىنىنى باسالمىغان يۇنۇسخان بۇيانقۇلىنى باغرىغا باستى، كۆزلىرىگە سۆيدى.

ــ خۇش خەۋەر يەتكۈزگەن تىللىرىڭدىن قىزىل گۈل ئۈنۈپ

چىقسۇن، سۆيۈنچەڭ ئىسى قالدى باھادىرىم، ئېيتە، ئول جىگەر پارىلىرىم ھازىر نەدە؟

ــ سارايدا ئائىلىلىرى، خىزمەتكارلار نەگە كەتكەنلىكلىرىنى دەپ بېرەلمىدى، سىلىنى ئىزدەۋاتقانغا بىر ئاش پىشىم بولدى، باغقا قاراپ بېقىشنى خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەن...

بۇيانقۇلىنىڭ گەپلىرى ئاخىرلاشقاندا، يۇنۇسخان ئاللىقاچان باغنىڭ ئۇ چېتىگە بېرىپ بولغانىدى. يالغۇز قالغانلىقىنى سەزگەن بۇيانقۇلى دەرھال يۇنۇسخاننىڭ كەينىدىن يۈگۈردى.

※ ※ ※

ساراي يۇنۇسخاننىڭ كۆزىگە گۈللەرگە پۈركەنگەندەك كۆرۈندى. سارايىنىڭ ئىچى ــ تېشى ئىككى خانىشنىڭ كېنىزەك ــ خىزمەتكارلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئىككى خانىش يۇنۇسخاننى كۆرۈش بىلەن ئۇمچەيگىنىچە بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. يۇنۇسخان ئاۋۋال ئىسان دۆلەت خېنىمنى، ئاندىن شاھ بېگىمنى باغرىغا باستى، ئارقىدىن پۇتىغا ئېسىلغان ئىككى قىزىنى دەس كۆتۈرۈۋالدى ــ دە، ئالمىدەك مەڭىزلىرىگە قانماي سۆيدى، ھەرقانچە قىلىپمۇ چاناقلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان خۇشاللىق ياشلىرىنى يوشۇرالمىدى.

ــ ئانھەزرىتىمگە ئېھتىرام بولغاي! ــ كېنىزەك ــ خىزمەتكارلار قول باغلىغىنىچە يۇنۇسخانغا سالام بەردى.

ــ ھارمىغايسىلە، ھەممىڭلارغا ئىجازەت.

يۇنۇسخان خىزمەتكارلارنىڭ سارايدىن چىقىپ كېتىشىگە ئىجازەت بەرگەندىن كېيىن، بىر چەتتە قول باغلاپ تۇرغان ساراي بېگىگە قارىدى:

ــ ھەرەمنى سۈپۈرۈپ ــ تازىلايدىغان پەيت ئەمدى كەلدى، جانابى بەگ، خىزمەتكارلارنىڭ قول ــ پۇتلىرى چاققان بولسۇن، بىكاۋۇل بەگ داستىخان راسلىسۇن.

www.uyghurkitap.com

مەھرەم، خىزمەتكارلار بىر ـ بىرلەپ سارايدىن چىقىپ كېـ-
تىشتى. ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى بىلەن يالغۇز قالغان يۇنۇسخان
ئىككى ئاغىچىسىغا قايتىدىن نەزەر تاشلىدى. ئۇلار ئىلگىرىكىدەك
شۇنداق ئېسىل، سۆلەتلىك كىيىنىۋېلىشقانىدى. ھەر ئىككىلى-
سىنىڭ قورسىقى خۇددى بەسلەشكەندەك ئوبدانلا يوغىناپ، زەر
كەشتىلىك ئىچىلىرىغا پاتماي قالغانىدى. يۇنۇسخاننىڭ ھاياجې-
نى ئېخىچىلا بېسىلمىغانىدى.

ــ داستىخان تەييار بولدى ئالىيلىرى، ــ دېدى بىكاۋۇل بەگ.

يۇنۇسخان ئاغىچىلىرىنى باغدىكى سورۇنخانىغا راسلانغان شاھانە داستىخانغا باشلاپ چىقتى، ئىككى قىزىنى تىزىدا، ئىككى ئاغىچىسىنى ئىككى يېنىدا ئولتۇرغۇزدى.

ــ ئىككىلىرىنى جاپا تارتقۇزۇپ قويدۇم، ــ دېدى ئۇ ئىككى ئاغىچىسىغا تەكشى قاراپ.

يۇنۇسخاننىڭ بۇ سۆزلىرىدە ئاغىچىلىرىدىن ئەھۋال سوراشمۇ، ئەپۇ سوراشمۇ ۋە ئۇلارنىڭ قانداق بولۇپ قەشقەردىن يەتتەكەنتكە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلىش ئىستىكىمۇ بار ئىدى.

ــ يوقسۇ، ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە ھەزرىتىم، ــ دېدى ئىككى ئاغىچا تەڭلا، ــ ساق ـ سالامەت جەم بولالىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئاللاھ ئىگەمگە شۈكرى قىلىمىز.

ــ سىلەرنى جەڭگاھتا ئامالسىز تاشلاپ قويغىنىمدىن تولىمۇ خىجىلمەن، مىڭ قەتلە شۈكرى، پەرۋەردىگار ئامان ـ ئېسەنلىك بېرىپتۇ.

يۇنۇسخان ئىككى خوتۇنىنىڭ چىرايىغا پات ـ پات قاراپ قويۇپ، ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپنى يۇتۇۋەتتى. ھەئە، شۇ تاپتا ئۇلاردىن ئىنىسى سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ قولىدىن قانداق قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنى بەكمۇ سوراپ بىلگۈسى بار ئىدى. ئىسان دۆلەت خېنىم يۇنۇسخاننىڭ بۇ خىيالىنى دەرھال ھېس

قىلدى.

ـــ ئاۋۋال ياراتقان ئىگەمنىڭ ھىممىتىگە، ئاندىن قالسا سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرىنىڭ ئىنسابىغا رەھمەت، ـــ دېدى ئۇ بېشىنى سەل ئېگىپ.

ـــ يەنە تېخى ئەمىر سەيىدئەلى ئالپ ھەزرەتلىرىمۇ بار، ـــ دەپ گەپكە لوقما سالدى شاھ بېگىم، ـــ ئول ئەمىرنىڭ ئاغىچىسى بولمىش ھامىلىرى مەلىكە ئۆز سۇلتان خېنىممۇ خويمۇ ئېسىل مەزلۇمكەن، بىزنى ئۆز قىزىدىن چارە كۆرۈپ، بېشىدا ئېلىپ كۆتۈرگۈدەك قىلىپ كۆڭلىمىزنى ئىزدىدى، ئۆزلىرىگە كۆپتىن-كۆپ دۇئايى سالام يوللىدى.

ـــ ئەمىر سەيىدئەلى ئالپنىڭ چوڭ ئەمىرزادىسى سانىز مىرزا بىزنى نۆكەرلىرى بىلەن تۈركىستان تەۋەسىگىچە قورۇقداپ ئەكىلىپ قويدى.

ـــ سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرى ئاشۇنداق پەرمان بەردى.

ـــ ياناشىمىزدا سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرى نۇرغۇن سوۋغاتلارنى يوللۇق تۇتتى.

ئىككى ئاغىچا خۇددى بەسلەشكەندەك بولۇنغان ئەھۋاللارنى، سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلدى. ئۇلار ھەربىر ئېغىز سۆزلىرىدە سۇلتان ئىسان بۇغاخان بىلەن ئەمىر سەيىدئەلى ئالپنى ئالاھىدە تىلغا ئالاتتى. شۇ دەقىقىدە ئۇلار يۇنۇسخاننىڭ ئىنىسىنىڭ ئىسمىنى ھەر قېتىم ئاڭلىغىنىدا يۈرىكىنىڭ ئېچىشىۋاتقانلىقىنى، كۆڭلىنىڭ بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ھەئە، يۇنۇسخان ئۆزىنى ھەرقانچە زورلاپ باقسىمۇ نېمىشقىدۇر ئىنىسى ئىسان بۇغاخاندىن مىننەتدار بولغۇسى كەلمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىنىسىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغۇسى، بولۇپمۇ سۆيۈملۈك خوتۇنلىرىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغۇسى يوق ئىدى.

«توۋا، بۇ ئىككىسى نېمانچە ماختايدۇ ئۇنى، ئەمدىلىكتە مەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىنسابسىز، تۈزكور، ئىسان بۇغاخان بولسا مەرد، كەڭ قورساق ئادەم بولۇپ قالدىغۇ ئەجەب...»

خوتۇنلىرىنىڭ گەپلىرىنى لام ـ جىم دېمەي تىڭشاپ ئولتۇرغان يۇنۇسخاننىڭ كۆز ئالدىدىن ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان بالىلىقى غىل ـ پال ئۆتۈشكە باشلىدى.

※ ※ ※

ئۇ تۇرپاننىڭ قار لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قىش پەسلى ئىدى. قايسىدۇر بىر ئوردا ئەمىرى سودىگەرلەردىن سېتىۋالغان ئوقيا بىلەن ساداقنى سۇلتان ئۈۋەيسخانغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈنمۇ ئەيتاۋۇر مەدرىسەدىن ئىنىسى ئىسان بۇغاخاننى ئەگەشتۈرۈپ ياندىغان يۇنۇسخانغا تەقدىم قىلدى. باللارغا لايىق قىلىپ ياسالغان ئوقيا بەكمۇ ئېسىل ئىدى. بولۇپمۇ يۈزلىكىگە گۈل كەشتىلەنگەن، ئاستىغا چۈچا تۇتۇلغان ساداقدان كۆزنى قاماشتۇراتتى. ساداقداندا دەستىسىگە قۇش پېيى قادالغان لىق ئوق بار ئىدى.

— رەھمەت ئەمىر جانابلىرى.

يۇنۇسخان ساداقداننى بويىنىغا ئېسىپ، ئوقياغا باللارچە زوق ـ ھەۋەس بىلەن قاراپ كەتتى ۋە سىناپ بېقىش ئۈچۈن ياغا ئوق سالماي كىرىچىنى تارتىپ باقتى. ھېلىقى ئەمىر بىر چەتتە ئۆزىگىمۇ سوۋغا بېرىشىنى تەمە قىلىپ تۇرغان ئىسان بۇغاخانغا قاراپمۇ قويماي، خۇشاللىقىدىن ئاغزى يۇمۇلماي قالغان يۇنۇسخانغا كىرىچنى قانداق تارتىش، ئوقنى قانداق بەتلەش ھەققىدە بىر ھازا ۋالاقلىغاندىن كېيىن، پات يېقىندا ئوۋغا چىقىدىغانلىقىنى، چوڭ خانزادە خالىسا خان ئالىيلىرىدىن ئىجازەت ئېلىپ بىللە ئېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— خان ئاتامدىن ئىجازەت ئالالىسىلا، ئوۋغا چىقىشنى ئەلۋەتتە خالايمەن، — دېدى يۇنۇسخان بىر چەتتە تۇرغان بەگ ئەتكەسىگە قاراپ قويۇپ.

— بولىدۇ، خانزادەمنىڭ ئارزۇسى شۇ بولسا، قىبىلىگاھە-مىزدىن ئىجازەت ئالاي، ۋاقتى كەلگەندە ئەتكەلىرىگە خەۋەر بېرد-مەن.

ھېلىقى ئەمىر يۇنۇسخان بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى.

سوۋغات ئېلىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئىسان بۇغاخان بىر-پەس دومسىيىپ تۇرغاندىن كېيىن، يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاكىسى ھەۋەس بىلەن ئويناۋاتقان ئوقياغا ئېسىلدى.

— ئوقيانى بەرسىلە، مەنمۇ ئوينايمەن.

— كۆرۈپ بولۇپ قايتۇرۇپ بەرسىلە ئەمىسە، — دېدى يۇ-نۇسخان كۆزى قىيمىغان ھالدا ئوقيانى ئىنىسىغا تەڭلەپ.

ئىسان بۇغاخان ئوقيانىڭ كىرىچىنى ئۇيان ـ بۇيان تارتىپ بىردەم ئوينىغاندىن كېيىن، شاققىدە بويىنىغا ئېسىۋالدى.

— ئوقيانى قايتۇرۇپ بەرسىلە، — دېدى يۇنۇسخان ئىنىسى-نىڭ بۇ قىلىقىدىن نارازى بولۇپ.

— ياق بەرمەيمەن، بۇ مېنىڭ، ئۆزۈم ئوينايمەن، — دېدى ئىسان بۇغاخان قاپىقىنى تۈرۈپ.

يۇنۇسخان چاققانلىق بىلەن ئىنىسىنىڭ بويىنىدىكى ئوقياغا ئېسىلدى. ئىسان بۇغاخانمۇ بوش كەلمەي ئوقيانى بەرمەسلىك ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە تىركەشتى. بىر چەتتە قاراپ تۇرغان بەگ ئەتكەلىرى ئاكا ـ ئۇكىلارنى پەقەتلا ئاجرىتالمىدى. ئاكىسىغا تەڭ كېلەلمەسلىكىگە كۆزى يەتكەن ئىسان بۇغاخان ۋاررىدە يىغلىۋەتتى.

— خەپ، خان ئاتامغا دېمەيدىغان بولسام، — دېدى ئىنىسى-نىڭ يىغىسىدىن بىر ئاز بوشاپ قالغان يۇنۇسخان.

شۇنداق قىلىپ ئوقيا ئىسان بۇغاخاندا، ساداقدان يۇنۇسخان-نىڭ بويىنىدا قالدى.

كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئىككى خانزادىسىنىڭ جېدەلىدىن خەۋەر تاپقان سۇلتان ئۈۋەيسخان قېرىنداشلىق، مېھىر ـ مۇھەب-بەت، كەڭ قورساقلىق، مەردلىك، ۋاپادارلىق ھەققىدە كۆيۈپ ـ پىشىپ سۆزلەپ ئوغۇللىرىغا نەسىھەت قىلدى، ئاندىن يۇنۇسخان-

www.uyghurkitap.com

نىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ دېدى:
ــ ئۆزلە دېگەن ئاغا، ئەلۋەتتە ئىنىلىرىگە يول قويماقلىرى كېرەك، بىر ئوقيانى دەپ ئىنىلىرىنىڭ كۆزىنى ياشلىغانلىرى ياخشى بولماپتۇ، ساداقداننىمۇ ئىنىلىرىگە بەرسىلە. مەن ئۆزلەگە ئۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق، نوچىسىنى سوۋغا قىلاي.
بۇ تەڭسىز ھۆكۈمگە يۇنۇسخان قايىل بولمىدى، دومسىيىپ تەتۈر قارىۋالدى. كۇنتۇرا خانىش بولسا ئوغلى ئىسان بۇغاخاننىڭ بېشىنى سىلىغىنىچە لام ـ جىم دېمىدى. تەڭلىكتە قالغان سۇلـ. تان ئۇۋەيسخان يۇنۇسخانغا يەنە بۇيرۇق قىلدى:
ــ ئۆزلەگە گەپ قىلىۋاتىمەن خانزادەم، ئوغۇل بالا دېگەن ئۇنداق كۆزى كىچىكلىك قىلمايدىغان، ئۇنى بەرسىلە باشقا ئادەمـ. گە ئەمەس، ئۆز ئىنىلىرىگە بېرىلا. كەچسىلە بىر ئوقيانىڭ مېھـ. رىدىن.
ــ ئۇ مېنىڭ ئىنىم بولسا، مەنمۇ ئۇنىڭ ئاغىسىغۇ؟... ــ دېدى يۇنۇسخان بۇرنىنى تارتىپ.
خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكە دەس ئورنىدىن تۇرۇپ يۇنۇسـ. خاننىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە، يۇنۇسخاننىڭ بوينىدىن ساداقداننى ئالدى. يۇنۇسخان ئانىسىغا قارشىلىق كۆرسەتمىدى، ئەمما چىراـ. يىنى نارازىلىق بىلەن پۇرۇشتۇردى.
ــ خان ئاتىلىرىغا نېمانچە ئەدەپسىزلىك قىلىلا، ــ دېدى خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكە ئوغلىنى ئەيىبلەپ، ــ دەرھال كەـ. چۈرۈم سورىسىلا. چوپچوڭ يىگىت بولاي دەپ قالدىلا، ئۇنداق باـ. لىلارنىڭ قىلىقىنى تاشلىسىلا.
يۇنۇسخان ئىلاجسىز سۇلتان ئۇۋەيسخاندىن كەچۈرۈم سورىدى:
ــ كەچۈرسىلە خان ئاتا.
شۇ ھامان يۇنۇسخاننىڭ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى.

خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكە ئوغلىنىڭ كۆز يېشىنى كۆرمەسكە سېلىپ، ساداقداننى ئىسان بۇغاخاننىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇپ، مەڭزىنى سىلاپ تۇرۇپ تەسەللى بەردى:

— خاپا بولمىسىلا خانزادەم، بۇنىڭدىن كېيىن ئاغىلىرى بىلەن ئۇرۇشماي ئىناق ئۆتسىلە.

※ ※ ※

يۇقىرىقىلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن يۇنۇسخان ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى.

«ئىنىم ئىسان بۇغاخان ئەزەلدىن ماڭا يول قويغان، ئاغىلىق ھۆرمىتىمگە ئىتائەت قىلغان ئەمەس. ئاشۇ چاغلاردىن تارتىپ ئۇ مەندە نېمە بولسا تارتىۋېلىشقا تىرىشاتتى. يالۋۇرۇپمۇ، يىغلاپمۇ، غەلۋە قىلىپمۇ ئالاتتى. رەھمەتلىك جەننەتماكان خان ئاتام بىلەن بۇزرۇكۋار خانىش ئاناممۇ ئەلەددامام ئىنىمگە يول قويۇشۇمنى تاپىلايتتى. ئۇلارنىڭ بىرەر قېتىممۇ بولسا ئۇنىڭغا: ‹ئاغىلىرىغا يول قويسىلا› دېگىنىنى ئاڭلاپ باقماپتىمەن. كېيىن ماڭا تېگىشلىك بولغان تاجۇ تەختىنىمۇ تارتىۋالدى. بۇنى ئاز كۆرگەندەك ئانا ـ بالا ئىككىمىزنى ۋەتەندىن ھەيدەپ چىقاردى. ئۇنىڭ مەندىن تارتىۋالغان نەرسىلىرى ئىنتايىن كۆپ، لېكىن ھېچقايسىنى قايتۇرۇپ بەرگەن ئەمەس، مانا تۇنجى قېتىم خوتۇن ـ بالىلىرىمنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇشۇم كېرەكتۇ بەلكىم. ھېلىغۇ ئۆز ئىنىمكەن، ناۋادا يات بىر ھۆكۈمدار بىلەن جەڭ قىلىپ خوتۇن ـ بالىلىرىم ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ چوقۇم قايتۇرۇپ بەرگەن بولاتتى، چۈنكى، بۇ دېگەن مەردلىك. ياق، مەن ئۇنىڭدىن ھەرگىز مىننەتدار بولمايمەن، ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئىلكىدە ماڭا قايتۇرۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەر ئاز ئەمەس...»

— سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرى ھەرگىزمۇ ئىچى تار،

نائىنساب ئادەمدەك قىلمايدۇ.

كىچىك ئاغىچا شاھ بېگىمنىڭ پوسۇققىدە قىلغان بۇ گېپى يۇنۇسخانغا خۇددى ئېچىشقان يەرگە تۇز چاچقاندەك تەسىر قىلدى. ئۇ شاققىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ شاھ بېگىمگە تىكىلىپ قارىدى. ئويلانمايلا ئېرىنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان گەپ قىلىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلغان شاھ بېگىم بەقەمدەك قىزارغىنىچە لېۋىنى چىشلىدى، كۆزىنى يۇنۇسخاننىڭ كۆزىدىن ئەپقاچتى.

«بۇلارنى ئىسان بۇغاخان تەسىرلەندۈرۈۋەتكەن ئوخشايدۇ. بۇ گەپچە ئىچى تار، قىتىغۇر، ئىنسابسىز ئادەم مەن ئوخشىمامدىمەن؟... راست، ئۇلارنى ئەيىبلەشكە نېمە ھەققىم. كىم مېنى خوتۇن ـ بالىلىرىنى رەقىبىنىڭ قولىغا تاشلاپ بېرىپ قېچىپ كەتسۇن دەپتۇ، ھەئە، ئاشۇ چاغدا كەينىمگە يېنىپ يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم جېڭى قىلىپ ئۇلارنى قۇتۇلدۇرمىغاندىكىن، بۇنچىلىك گەپ ـ سۆزلەرگە چىدىشىم، ھېچنېمىنى بىلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىشىم كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە شاھ بېگىم بۇ گەپلەرنى قەستەن دېمىدى. تېخى بايىلا باغدا بۇلارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ھەرقانداق ھاقارەتلەرگە چىداشقا، تاجۇ تەخت دەۋاسىدىن ۋاز كېچىشكە بەل باغلىمىغانمىدىم؟ شۇنداق، ناۋادا ئىسان بۇغاخان بۇلارنى قايتۇرۇپ بەرمىگەن، يېنىمغا ئەۋەتمىگەن بولسا، غۇرۇرۇمنى پايخان قىلىپ ئالدىغا بارغان، يېلىنىپ ـ يالۋۇرغان، ھەرقانداق شەرتلىرىگە كۆنگەن بولاتتىم. ھېلىمۇ شۈكرى، ياراتقان ئىگەم بۇ رەسۋاچىلىقتىن ساقلاپ قاپتۇ. ئەمىسە، نېمىشقا ئىسان بۇغاخاندىن مىننەتدار بولالمايمەن، ئۇنىڭ ئىسمى چىقسا نېمىشقا ئىچى تارلىقىم كېلىدۇ؟ نېمىشقا كۆڭلۈم ئەسكى بولىدۇ؟ ئەسلىدە مۇشۇ قىلغان ياخشىلىقى، مەردلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇشۇم، ئۇنى مەدھىيىلىشىم كېرەك ئەمەسمۇ؟!... بۇ مېنىڭ پەزىلەتسىزلىكىممۇ ياكى ئىنسانىي كامىللىقتا يېتەلمىگەنلىكىممۇ؟ جەننەتماكان دانىشمەن ئۇستازىم مەۋلانە شەرەفىددىن ئەلى يەزدى ھەزرەتلىرى رەقىبىگە رەقىب بولۇش باھادىرلىق، رە-

قىيىنىڭ ئازاب ـ سىتەملىرىنى كەچۈرۈۋېتىشمۇ ئوخشاشلا باھا ـ
دىرلىق، ھەقىقىي ئەقىللىق ئىنسان رەقىبىنى دوستىغا ئايلان ـ
دۇرالايدۇ، دەپ تەلىم بەرگەن ئەمەسمىدى؟ نېمىشقا ئىنىمنى كە ـ
چۈرەلمەيمەن، نېمىشقا ئۇنى دوستۇمغا، قېرىندىشىمغا ئايلان ـ
دۇرالمايمەن؟ ئاھ، بۇ گەپنى قىلماق ئاسان بولغىنى بىلەن ئەمەل
قىلماق نېمانچە تەستۇ...»

شاھ بېگىمنىڭ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، يۇ ـ
نۇسخاننىڭ بىردىنلا جىمىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئىسان دۆلەت
خېنىم ئارىدىكى قاتماللىقنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن سۆھبەتنىڭ
تېمىسىنى يۆتكىدى.

ــ تۈركىستانغا بىرىپ ھەزرىتىمنىڭ سۇلتان ئەبۇسەئىد
مىرزىنىڭ دەرگاھىغا كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. دىدارلىرىغا شۇن ـ
چە تەشنا بولساقمۇ ئاي ـ كۈنىمىز يېقىنلىشىپ قالغان بولغاچقا،
يول جاپاسىدىن قورقۇپ ئارقىلىرىدىن بېرىشقا ئالدىرىمىدۇق.
شۇ ئارىلىقتا بىر قىسىم بەگلەر ھەزرىتىمنى سەمەرقەنتتىن يې ـ
نىپ كەپتۇ، ھازىر يەتتەكەنتتە ئىكەن دېيىشتى. كېيىن بۇ خە ـ
ۋەر راست بولۇپ چىقتى. بايا ھەزرىتىم يەتتەكەنتتىكى ۋاقتىدا
بىز تۈركىستانغا بارغانىكەنمىز. تۈركىستان بەگلىرىمۇ بۇ خەۋەر ـ
دىن زىيادە خۇشال بولۇشۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن چاپارمەن ماڭ ـ
غۇزۇشىنىمۇ قويۇپ، تۇيۇقسىز خۇش قىلىۋېتەيلى دەپ بۇياققا جۆ ـ
نىدۇق، ــ ئىسان دۆلەت خېنىم شۇ تاپتا يۇنۇسخاننىڭ شۇكلەپ
قېلىش سەۋەبىنى تولۇق چۈشىنىپ تۇرسىمۇ، ھېچنېمىنى بىلمە ـ
گەن بولۇپ كۈلكە پەيدا قىلىش ئۈچۈن قەستەن چاقچاق قىلدى:

ــ تۇيۇقسىز كەلگەنلىكىمىزدىن ئانچە خۇشال ئەمەستەك
تۇرامىلا نېمە؟ ياكى يەتتەكەنت گۈزەللىرى ھەزرىتىمنى ئۆزىگە
شەيدا قىلىۋالغان بولسا بىز تەرەپبالا كېلىپ ئارىغا قىستۇرۇلۇ ـ
ۋېلىپ كۆڭۈل ئاراملىرىنى بۇزۇپ قويدۇقمۇ؟

يۇنۇسخان چىرايىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتتى.

ــ ئىككىلىرىدىن بۆلەك مېنى شەيدا قىلالىغۇدەك گۈزەل

تېخى ئۈچرىمىدى، ھېلىغۇ يەتتەكەنتتە ئىكەن، يەتتە ئىقلىم گۈ-زەللىرى جۇغلاشقان مەملىكەتكە بارسامۇ ئىككىلىرىدىن باشقا ھېچكىم يۈرىكىمنى شەيدا قىلالمايدۇ، ــ يۇنۇسخان قۇچىقىدا ئۇخلاپ قالغان كىچىك مەلىكىسى قۇتلۇقنىگار خېنىمنىڭ مەڭ-زىگە چوككىدە سۆيۈپ قويۇپ، يېنىدا ئولتۇرغان چوڭ مەلىكىسى مېھرىنىگار خېنىمنىڭ بېشىنى سىلىغىنىچە قوشۇپ قويدى، ــ مۇنۇ ئىككى پەرىشتە بۇنىڭ سىرتىدا. يەنە تېخى قورسىقىڭلاردىكى ئاۋۇ يېڭى مېھمانلارمۇ بار تېخى. مەن پەقەت بىر ئاللاھنىڭ، ئاندىن قالسا سىلەرنىڭ شەيدايىڭلارمەن.

بۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ يۇنۇسخاننىڭ كەيپى بىردىنلا كۆ-تۈرۈلۈپ قالدى. خىجىللىقتىن قۇتۇلغان شاھ بېگىممۇ تاتلىققىنە كۈلۈمسىرىدى.

ــ ھىممەتلىرىگە رەھمەت ھەزرىتىم، ــ دېدى شاھ بېگىم كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، ــ سىلىلام بولسىلا بۇ جاھاننىڭ ھەرقانداق يېرى بىز ئۈچۈن جەننەت.

ئارىدىكى سۆرۈن كەيپىيات كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن-مۇ ئەيتاۋۇر، ئۇلار بىردىنلا ئۆزلىرىنى ئازادە سېزىشتى، داستىخاندىكى نېمەتلەرگە ئىشتىھا بىلەن قول ئۇزىتىشتى. يۇنۇسخان ئاغىچىلىرىغا يەتتەكەنتنىڭ يېقىشلىق ھاۋاسىنى، گۈزەل باغلى-رىنى، سەرخىل مېۋىلىرىنى، يېقىملىق سايرايدىغان ئۇچار قانات-لىرىنى، ياۋاش، ئاق كۆكۈل پۇقرالىرىنى زوق ـ شوق بىلەن تو-نۇشتۇردى.

ــ ھەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي، ــ دېدى سورۇنخانىغا كىر-گەن ساراي بېگى قول باغلاپ تۇرۇپ، ــ قەشقەرگە كەتكەن ئاي-غاقچى قايتىپ كەلدى.

قەشقەر ھەققىدە قايتا گەپ ئاڭلاشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن-مۇ ياكى قىزغىن سۆھبەتكە تەسىر يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈنمۇ ئەي-تاۋۇر بىردىنلا يۇنۇسخاننىڭ قاپىقى تۈرۈلدى.

ــ كەلگەن بولسا بوپتۇ، ئەمدى ماڭا ئۇل ئايغاقچىنىڭ ئې-

لىپ كەلگەن مەلۇماتىنىڭ كېرىكى قالمىدى. يەتكۈزسۇنلار، ھار ـ دۇقىنى ئالغاي.

ــ لېكىن، ــ دېدى ساراي بېگى تەمتىرەپ، ــ ئۇنىڭغا ئا ـ غىچا ئايىملارنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتىم، ئەمما، ئالىي ـ لىرىغا ھازىرلا يەتكۈزمىسەم بولمايدىغان بەكمۇ مۇھىم بىر خەۋەر بار دەيدۇ.

«قەشقەردىن قانداق خەۋەر ئېلىپ كەلگەندۇ؟ ھەرقانچە بولسا ئىسان بۇغاخان بۇ تەرەپكە لەشكەر تارتىپ كەلمىگەندۇ؟...»

ــ ئىجازەت، باشلاپ كىرسۇنلار، ــ دېدى يۇنۇسخان كۆڭ ـ لىگە بىردىنلا سايە تاشلىغان گۇماننى يېشىش ئۈچۈن.

ساراي بېگى ھايال ئۆتمەي ئايغاقچىنى باشلاپ كىردى.

ــ خوش، ــ دېدى يۇنۇسخان ئايغاقچىنىڭ سالامىنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن سۆزلەشكە ئالدىرىتىپ.

ــ كەمىنە نۆكەرلىرى قەشقەرگە بېرىپ، ئاغىچا ئايىملارنىڭ ساق ـ سالامەت قايتۇرۇۋېتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن يېنىشقا تەرەددۇتلىنىپ تۇرغاندا، قەشقەردە ئەمىر سەيىيدئەلى ئالپ ھەزرەتلىرىنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىك خەۋىرى تارقالدى. ئەھۋالنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئۇدۇل ئوردا ئالدىغا چاپتىم، خەۋەر راست ئىكەن. مەرھۇمنىڭ مېيىت نا ـ مىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا ئۇدۇل دەرگاھلىرىنى سېغىنىپ يۈگۈردۈم.

بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىككى ئاغىچىنىڭ چىرايىنى قاي ـ غۇ ـ ھەسرەت چىرمىۋالدى. ھەئە، ئۇلار قەشقەردە مۇھەممەد ھەي ـ دەر مىرزىغا ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن، سەيىيدئەلى ئالپ ئۇلارغا كاتتا مېھمانلار قاتارىدا ھۆرمەت بىلدۈرگەن، ئۆز پەرزەنت ـ لىرىدەك كۆيۈنگەن، تەسەللى بەرگەن. تۈركىستانغا ــ يۇنۇسخان ـ نىڭ قېشىغا ئامان ـ ئېسەن يەتكۈزۈپ قويۇشقا ۋەدە بەرگەنىدى. چاچ ـ ساقاللىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان پەرىشتە سۈپەت بۇ بوۋاينى ئىككى ئاغىچا ئۆزىنىڭ ئاتىسىدەك كۆرۈپ قالغانىدى. شۇ تاپتا بۇ مۇسىبەت خەۋىرى ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى پارە ـ پارە قىلىۋەتكەنىد ـ

www.uyghurkitap.com

دى.

ــ ئامىن، ــ دېدى يۇنۇسخان مۇسۇلماندارچىلىق يوسۇنى بويىچە دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ ۋە قىسقىلا بىر سۈرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ــ ئاللاھ ئىگەم مەرھۇمنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغاي، ئىمانغا باي قىلغاي، سەككىز جەننەتتىن ئورۇن بەرگەي، ئاللاھۇ ئەكبەر، ــ دېگىنىچە ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى سىيپىدى.

گەرچە يۇنۇسخان مەرھۇم سەييىدئەلى ئالپىنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلغان بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر ۋۇجۇدىنى قايغۇ ـ ھەسرەت ئەمەس، ئاللىقانداق بىر خۇشاللىق تۇيغۇلىرى چىرمىۋالغانىدى. ئۇ بۇ تۇيغۇلىرىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئىككى ئاغچىسىدىن يو-شۇرالمىدى.

«ئىسان بۇغاخان ئاخىرى كۆچلۈك يولەنچۈكىدىن ئايرى-لىپتۇ ـ دە، ئاھ خۇدا، ئۇنىڭ ئەجىلى نېمىنشقا كېچىكىپ تۇش-قاندۇ. ئۇ بىرنەچچە ئاي بۇرۇن قازا قىلغان بولسا، مەنمۇ بۇنچە-لىك ۋەيرانچىلىققا قالماس ئىدىم. شۇنداق، ئىسان بۇغاخان ماڭا ھەرگىزمۇ تەڭ كېلەلمەيتتى. مەن ئىسان بۇغاخاننىڭ ئەمەس، دەل ئاشۇ قېرى سەركەردىنىڭ قولىدا يېڭىلدىم، تۇگىمەس سورۇقچە-لىقلارغا، ھاقارەتلەرگە دۇچار بولدۇم. ھېلىمۇ ساڭا شۈكرى ئېي-تىمەن رەببىم. كۆچلۈك بىر رەقىبتىن ئاخىر قۇتۇلۇپتىمەن. ئەمدى ئىسان بۇغاخاننىڭ ئون بېشى بولسىمۇ ماڭا ھەرگىز تەڭ كېلەلمەيدۇ، موغۇلىستان سەلتەنەتى ئەمدى مېنىڭكى...»

ــ بەندە ئۈچۈن تۇغۇلماقنىڭ ئۆلمىكى بار، تەندىكى بۇ ئىسسىق جان ئاللاھنىڭ ئامانىتى. ئەسلىدىمۇ بۇ ئالتە كۇنلۇك ئالەمنىڭ تالاشقۇچىلىكى يوق. خۇداغا شۈكرى، بىز تېخى ھايات-مىز. يەتتەكەنت ھەزرىتىم ئۈچۈن ھەرقانداق بۈيۈك تەسەررۇپ-تىنمۇ كاتتا تەختگاھدۇر. ئېھ، تەڭرىم، مۇشۇنچىلىك كۈن بەر-گىنىڭ ئۈچۈن ھىممىتىڭگە مىڭ مەرتىۋە شۈكرى ـ قانائەت قى-لىمىز.

ئىسان دۆلەت خېنىمنىڭ بۇ سۆزلىرى بىلەن يۇنۇسخاننىڭ

تولىمۇ شېرىن قاناتلىنىشقا باشلىغان خىياللىرى بۆلۈنۈپ كەت-
تى. ھەئە، چوڭ خانىشنىڭ بۇ سۆزلىرى يۇنۇسخاننىڭ ۋۇجۇدىدا
قايتىدىن غىلىيان كۆتۈرۈشكە باشلىغان ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى
تەلتۆكۈس بىتچىت قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ كۆڭلىدە تۇيۇقسىز پەيدا
بولغان خىياللىرىنى چوڭ ئاغىچىسى بىلىپ قالغاندەك خىجىل
بولدى، يۈزى چىمىلدىدى، ئۆزىنى قارا كۆڭۈللۈكتە ئەيىبلىدى.
دېمىسىمۇ ئېرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ قالغان ئەقىللىق خانىش
بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق يۇنۇسخاننى چاندۇرماي ئاگاھلاندۇرۇۋاتات-
تى. سەييىدئەلى ئالىپنىڭ ئۆلۈمىدىن پايدىلىنىپ قەشقەرگە لەش-
كەر تارتىش خىيالىدىن ۋاز كېچىشكە، ئىنىسى ئىسان بۇغاخاننىڭ
كۆرسەتكەن مەردلىكىگە نامەردلەرچە جاۋاب قايتۇرۇپ خەلقئالەم
ئالدىدا بەتنامغا قالماسلىققا ئۈندەۋاتاتتى.

ــ مەرھۇم ھەم پاراسەتلىك، ھەم جاسارەتلىك ئادەم ئىدى.
لەشكىري ئىلىمدە ئۇنىڭدەك ئىستېدات ئىگىسى بۇ دۇنيادا كەم
تېپىلىدۇ، ــ دېدى يۇنۇسخان خىياللىرىنى يوشۇرۇشقا، ئۆزىنى
ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تىرىشىپ.

ــ راست دەيدىلا ھەزرىتىم، ــ دېدى شاھ بېگىم، ــ مەر-
ھۇم سەييىدئەلى ئالىپ جانابلىرى بىزگە سىلىنىڭ نۇرغۇن پەزى-
لەتلىرىنى دەپ بەرگەن، سىلىگە بولغان قايىللىقىنى بىلدۈرگەنى-
دى. مەن ئۇل جەننەتماكاننىڭ يۈرىكىدە كىشىگە تىنغىلى بولماي-
دىغان ھەسرەت، پۇشايمىنىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغانىدىم.

ــ مەرھۇمنىڭ يۈرىكىدىكى ھەسرەت ـ پۇشايمىنىنى مەن
بىلىمەن، ــ دېدى يۇنۇسخان ھاياجان بىلەن سۆزلەپ، ــ ئۇنىڭ
ئەڭ چوڭ ھەسرىتى يىگىتلىكىدە تۇنجى سۆيگەن مەھبۇبىنىڭ
ۋىسالىغا يېتەلمىگەنلىكى، ئەڭ چوڭ پۇشايمىنى جەننەتماكان خان
ئاتام قازا قىلىپ كەتكەندە ئوردا يوسۇنلىرىنى قايرىپ قويۇپ،
مېنىڭ ئورنۇمغا ئىنىم ئىسان بۇغاخاننى تەختتە ئولتۇرغۇزغانلى-
قى، ــ يۇنۇسخان ئىككى خانىشنىڭ لام ـ جىم دېمەي ئولتۇر-
غىنىنى كۆرۈپ قوشۇپ قويدى ، ــ ئۇنىڭ ھەسرىتىنى مەن باش-

كىتاب تورىبېكىتى ئۇيغۇر www.uyghurkitap.com

قىلاردىن ئاڭلىغان. پۇشايمىنىنى بولسا ماڭا ئۆزى مەكتۇپ يوللاپ بىلدۈرگەندى.

خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم خېلى قاتتىق ئارسالدىچىلىقتىن كېيىن قىينالغان ھالدا ئېغىز ئاچتى:

ــ رەنجىسىلىمۇ، ئەيىبكە بۇيرۇسىلىمۇ دەۋېرەي ھەزرىتىم. ئەمدى موغۇلىستان سەلتەنەتىنى ئىلكىلىرىگە ئېلىش ئارزۇلىرىدىن ۋاز كەچسىلە.

يۈرىكى قاتتىق سىلىپ كەتكەن ئىسان دۆلەت خېنىم گەپنى دەپ بولۇپ يەرگە قارىۋالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى يۇنۇسخاننىڭ غەزەپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ مۇزلاپ كەتكەندى.

يۇنۇسخان بىر دەقىقە سۈكۈتتىن كېيىن خىرىلداپ كۈلۈۋەتتى.

ــ موغۇلىستان تەختگاھىدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمەن، ئەمما خاتىرجەم بولسىلا، سەيىدئەلى ئالىپ ھەزرەتلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تۇ دەپلا موغۇلىستانغا لەشكەر تارتمايمەن، بۇنداق قىلسام ئىنىم ئىسان بۇغاخاننىڭ قىلغان مەردلىكىگە نامەردلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرغان بولۇپ قالىمەن. شۇنداقلا سەيىدئەلى ئالىپ ھەزرەتلىرىنىڭ ئىككىلىرىنى يېنىمغا ئەۋەتىپ بېرىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىغىمۇ يۈز كېلەلمەيمەن. بەندىنىڭ تەقدىرى يېگانە قۇدرەت ئىگىسى بولغان ئالالاھىنىڭ ئىلكىدە، بەندە تەقدىرىگە پۈتۈلگىنىنى كۆرمەسلىككە ئىلاجى يوق. ھەممە ئىشنى ئالالاھىنىڭ ئىلكىگە قويدۇم. كىم بىلىدۇ، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇل قۇدرەت ۋە شاپائەت ئىگىسىنىڭ مۆجىزىسى بىلەن موغۇلىستانلىقلار ئالدىمغا تەخت ـ سەلتەنەتىنى قولۇمغا ئېلىشىمنى ئىلتىماس قىلىپ كېلەمدۇ تېخى.

ــ ئىلاھىم ئېيتقانلىرى كەلگەي. ھەزرىتىمنىڭ باغرى مەردلىكىنىڭ، مېھىر ـ شەپقەتنىڭ خەزىنىسىدۇر، ــ دېدى شاھ بېگىم مەمنۇنلۇق بىلەن بېشىنى ئېگىپ.

ــ قاراڭلار، مۇنۇ پەرىشتىلەرنىڭ جاھاننىڭ غوۋغاسىدىن

بىخەۋەر ئۇخلاپ كەتكىنىنى. ماڭىمۇ مۇشۇنداق خاتىرجەملىك قايتا نېسىپ بولارمۇ ـ ھە!...

يۇنۇسخان شۇنداق دېگىنىچە قىسقا قويۇۋالغان يارىشىملىق ساقىلىنى قوچىقىدا ئۇخلاپ ياتقان كىچىك مەلىكىسى قۇتلۇقنىڭ ـ گارخېنىمنىڭ مەڭزىگە سۈركەشكە باشلىدى.

ئېرىنىڭ بۇ ساددا قىلىقىدىن تەسىرلەنگەن ئىككى خانىش بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىغىنىچە ۋىلىقلاپ كۈلۈۋېتىشتى.

## 57

قەشقەر.

بىرنەچچە كۈندىن بېرى تۇتۇلۇپ، بىردىنلا سوۋۇپ كەتكەن ھاۋا كىشىگە كۈز ئاخىرلىشىپ بالدۇرلا قىش پەسلى كېلىپ قالـ ـغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. كۈزلۈك كىيىملىرىنىڭ ئورنىغا قىشلىق كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋالغان قەشقەر خەلقى كوچا ـ رەستىـ ـلەردە دۈگدەيگىنىچە ئالدىراش ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈشەتتى. سۇلتان ئىسان بۇغاخان سەييىدئەلى ئالپىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن مۇسىبەت جاكارلىغان بولغاچقا، قىشىن ـ ياز سودا ـ سېتىق، تۈرلۈك ئو ـ يۇن ـ تاماشىلار بىلەن قايناپ تۇرىدىغان قەشقەرنىڭ كوچا ـ رەستىلىرى بىردىنلا جىمىپ قالغان بولۇپ، خېلىلا ئازادىلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. كىشىلەر پىچىرلىشىپ دېگۈدەك سۆزلىـ ـشەتتى، كۈلكە ـ چاقچاقتىن ئىمكان بار ئۆزلىرىنى تارتىشاتتى. سىم قامچا، دەررىلىرىنى كۆتۈرۈشۈۋالغان مىرشاپلار سەككىز ـ ئون پاشىشاپلىرىنى ئەگەشتۇرگىنىچە ئاتلىرىنى چاپتۇرۇشۇپ بىر يەرگە توپلىشىۋالغان كىشىلەرنى، ئويۇن ـ تاماشىلارغا مەشغۇل

www.uyghurkitap.com

بولۇپ قالغان باللارنى قوغلايتتى. شۇ كۈنلەردە مىرشاپلارنىڭ تەقىبى شۇ دەرىجىگە يەتكەنىدىكى، چېچىنى تارىغان، قاشلىق ئېتىپ، يۈزىنى پەردازلىغان ئاياللار سىزىلىپ قالسىمۇ، خانىنىڭ مۇسىبەت يارلىقىغا سەركەشلىك قىلىپ، ئېرىڭ بىلەن جىما قىلىپ كۆڭۈل ئېچىپسەن، دەپ ئېرى بىلەن قوشۇپ قاتتىق جازالايتتى. شۇ سەۋەبتىن ئاياللار ئاق، قارا رەڭدىن باشقا رەڭدىكى كىيىملەرنى كىيىپ يۈرەكلىك كوچىغا چىقالمايتتى. ئەرلەر ساقال ـ بۇرۇتلىرىغا ئۇستىرا سالدۇرالمايتتى. قەشقەر شەھىرىدە ساتىراشخانا، ھامماملار پۈتۈنلەي تاقالغانىدى.

ھەئە، ئاكىسى يۇنۇسخان بىلەن بولغان جەڭنىڭ غەلىبىسىنى بىرەر ئايغىچە تەبرىكلىگەندىن كېيىن يېڭىسار، ياركەنت، خوتەن قاتارلىق يۇرتلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كەلگەن سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئاقسۇدىكى ئوردىسىغا قايتىشقا تەرەددۇتلىنىپ تۇرغان كۈنلەردە ئەمىرۇل ئۈمەرا سەييىدئەلى ئالپ تۇيۇقسىز قازا قىلىپ كەتكەنىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ قەشقەردە يەنە بىرنەچچە ۋاق تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى. مانا بۈگۈن مەرھۇم سەركەردىنىڭ قازىسىمۇ ئۆتكۈزۈلدى. نەچچە كۈندىن بېرى سەييىدئەلى ئالپنىڭ ئۆلۈم پەتىسىگە يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن ئەمىر ـ بەگلەرنى كۈتۈۋېلىش بىلەن بولۇپ تۈزۈك ئارام ئالالمىغان سۇلتان ئىسان بۇغاخان بۈگۈن بىرئاز ئاراملىق تاپقاندەك بولۇپ، قەشقەر ئەمىر مەھكىمىسىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى خاس خانىسىدا يالغۇز خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. كۆز ئالدىدىن ئەمىر سەييىدئەلى ئالپقا مۇناسىۋەتلىك كارتىنىلار توختىماي ئالمىشىپ تۇراتتى.

قارىماققا تولىمۇ ساددا، يۇمشاق تەبىئەتلىك، تۈز، ئۆز سۆزلۈك كۆرۈنىدىغان، ئەمەلىيەتتە تولىمۇ تەدبىرلىك، جاسارەتلىك بۇ پېشقەدەم ئەمىرگە نىسبەتەن سۇلتان ئىسان بۇغاخاندا چوڭقۇر تەسىرات، مېھىر ـ مۇھەببەت بار ئىدى. ئۇ مەرھۇم دادىسى سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ تۈزۈك ئەسلىيەلمەيتتى. ئاشۇ ئون ـ ئون ئىككى ياش ۋاقتىدا موغۇلىستان تەختىدە ئولتۇرغاندىن تارتىپ، تا

يېقىنغىچە ئاشۇ پېشقەدەم ئەمىرنىڭ ئاتىلارچە پەرۋىش قىلىشىغا، ئۇستازلارچە كۆيۈنۈشىگە نائىل بولغانىدى. سۇلتان ئىسان بۇغاخان دەسلەپكى مەزگىللەردە بىر قىسىم ئەمىرلەرنىڭ، بولۇپمۇ قېيىنئاتىسى تۆمۈربۇقا بەگنىڭ پىتنىسىگە ئىشىنىپ، سەييىدئەلى ئالپىتىن سەلتەنەت ئىشلىرىغا زىيادە ئارىلىشىۋالدى، ئۆز ئالدىمغا هاكىمىيەت تۇتۇشۇمغا توسقۇنلۇق قىلدى، دەپ رەنجىگەننىنى، ئۇنى ماڭلايسۆيەنىڭ باش ئەمىرلىكىگە تەيىنلەش باهانىسى بىلەن ئوردا ئىشلىرىدىن چەتلەشتۈرگىنىنى، بۇزرۇكۋار مومىسى سۇلتان خاتۇن، بوۋىسى — ئۇلۇسبېگى مىرمۇهەممەد شاه، پېشقەدەم سەركەردىسى سۇپۇرگە مىرزىلارنىڭ دىلىنى رەنجىتكىنىنى ئېسىگە ئېلىپ تولىمۇ خىجىل بولدى. مىركەرىمبەردى بەگ، هەقبەردى مىرزا... قاتارلىق ئەمىرلەر ئىسيان كۆتۈرۈپ، قېيىنئاتىسى تۆمۈربۇقا بەگنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، تەختكە ئاكىسى يۇنۇسخاننى ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن هەرىكەت قىلغىنىدا، ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان سەييىدئەلى ئالپىنىڭ قەشقەردىن لەشكەر تارتىپ كېلىپ، ئوردىدىكى قالايمىقانچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۆزىنى ئىزدەپ تېپىپ، پايتەختنى ئاقسۇغا كۆچۈرۈپ كېلىپ، چېچىلىپ كەتكەن بارلىق ئەمىرلەرنى تەخت ئاستىغا يەنە جەم قىلغانلىقىنى، ئۆزىگە ئىلگىرىكىدەك ساداقەت بىلدۈرۈپ بەيئەت قىلغانلىقىنى ئەسلەپ كۆزىگە مۆلدۈر ياش ئالدى. سەييىدئەلى ئالپىنىڭ قەدرىگە يەتمىگىنىگە، ئۇنىڭغا تېگىشلىك هۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرمىگىنىگە پۇشايمان قىلدى. بىرەر ئاش پىشىم ۋاقتىنى تولۇق ئاجرىتىپ بۇ ساداقەتمەن، پېشقەدەم سەركەردە بىلەن ئىچ - باغرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ سىرداشمىغىنىغا، ئۇنىڭ ئارزۇ - ئارمان، نەسىھەت - ئۆگۈتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىۋالمىغىنىغا ئۆكۈندى، هەسرەتلەندى.

«هېچ بولمىسا مۇشۇ قېتىم بولسىمۇ ئازراق ۋاقىت چىقىرىپ مەرھۇم بىلەن مۇڭدىشىۋالغان بولسامچۇ كاشكى، ئۇنىڭ ماڭا دەيدىغان گېپى باردەك قىلغانتى ئەمەسمۇ...»

www.uyghurkitap.com

سۇلتان ئىسان بۇغاخان يېڭىسار، ياركەنت، خوتەن قاتارلىق يۇرتلارنى ئايلىنىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى سەييىدئەلى ئالىپ بىلەن ئۆتكۈزگەن قىسقىغىنە سۆھبىتىنى ئېسىگە ئالدى.

ئاشۇ كۈنى سەييىدئەلى ئالىپ ئۇنىڭ قېشىغا كىرگەنىدى.

— كەلسىلە ئەمىرۇل ئۆمەرا، — دېدى پەر ياستۇققا يۆلىنىپ ياتقان ئىسان بۇغاخان بىرئاز قىمىرلاپ قويۇپ، — ئىش - كۈش بارمىدى؟

— جانابى ئالىيلىرى بىلەن بىردەم مۇلاقاتتا بولۇشنى ئىزدەپ كېلىشىم.

ئاخشام شارابنى زىيادە جىق ئىچىۋەتكەن سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا شۇ تاپتا گەپ خۇشياقمايۋاتاتتى. بېشى لوقۇلداپ ئاغرىپ تۇرسىمۇ ئەمىرنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلىپ سۆزلەشكە ئىجازەت بەردى.

— قېنى خوش.

سەييىدئەلى ئالىپ كۆڭلىگە پۈككەن گەپلەرنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي بىرپەس خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى، ئاندىن ئۆزىگە قەتئىي غەيرەت بېرىپ ئېغىز ئاچتى:

— بىلمەكلىك كېرەككى، كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇدات ئۆچۈن تەڭرىدىن ئۆزگە رەھنامە يوقتۇر. چۈنكى بەندىنىڭ ھەر بىر ئىش - ئەمەلى ھەتتا يېمەكتىن تارتىپ كىيمەككىچە، ياتماقتىن تارتىپ ماڭماقچە پەقەت تەڭرى ئىرادىسى بىلەندۇر. خۇدايتائالادىن باشقا مەخلۇقلارنىڭ ھەممىسى كېسەل قۇلدۇر. ئول كېسەل قۇل بولسا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدىغان يولنى كۆرسىتەلمەيدۇ. كەمىنەلىرى مۇشۇ ئۆمرۈمگە كەلگۈچە ئاگاھ جەننەتماكان پەدەرۇ بۇزرۇكلىرى بولمىش شەپقەتلىك سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىنىڭ، ئاندىن مەردلىكىنىڭ، ئاق كۆڭۈللۈكىنىڭ، ئادىللىقىنىڭ گۈلتاجىسى بولمىش جانابى قىبلىگاھىمنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىگە، كۆيۈنۈشىگە، ئەتىۋارلىشىغا، ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرۈشىگە مۇيەسسەر بولۇپ كەلدىم. ئاشۇ ياخشىلىقلارغا، مەر-

ھەمەتلەرگە تۇشلۇق خىزمەت قىلالمىسامىمۇ، نۆكەرلىك بۇرچۇمنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئادا قىلىشقا تىرىشىپ كەلدىم ۋە كۆرسەت- كەن ئەجرىمدىن ئاشۇرۇپ ئىنئام - مۇكاپاتلارغا نائىل بولدۇم. ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە قېرىپ پۈت - قولۇمدا ماغدۇر، زېھنىمدە قۇۋۋەت قالمىدى. سەكسەن يىللىق ئۆمرۈمدە قايسى ئىشنى ھەق، قايسى ئىشنى ناھەق قىلدىم بىر ئۆزۈمگە، بىر يارات- قان ئاللاھ ئىگەمگە ئايان. ئىنسان ئەزەلدىن گۇناھقا پاتقۇچىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن خۇدايىتائالا بەندىلىرىنى ئىنسابقا، ئىمانغا دەۋەت قىلغان. ئىنساب بىلەن ئىماننى يۈرىكىگە جا ئەيلەپ ياشاشنى، توۋا بىلەن ئەپۇ، مېھىر - شەپقەتنى بەندىلىرىنىڭ ئاشۇ گۇناھ پاتقىقىدىن قۇتۇلۇشىدىكى، ۋۇجۇدىنى پاكلاشتىكى غۇسلى سۈيى قىلغان. جانابى قىبلىگاھىمنى ئاغىلىرى خانزادە يۇنۇسخان بىلەن قېرىنداشلىق مېھرى يۇغۇرۇلغان بىر داستىخانغا جەم قىلىپ پاكلىقىنىڭ خورۇچى بولمىش تۇز قېتىلغان بىر بۇردا نانغا تەڭ ئېغىز تەگكۈزۈشنى ئۆزۈمدىن بېرى ئارمان قىلىپ كەلگەن بول- سامىمۇ، لېكىن بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىر بولالمىدىم. ھايا- تىمدىكى بۇ ئەڭ چوڭ ئارمىنىمنى ئۆزۈم بىلەن بىللە باقىيغا ئې- لىپ كېتىدىغان ئوخشايمەن...

سەييىدئەلى ئالپىنىڭ سۆزلىرىنى سۇلتان ئىسان بۇغاخان قوپاللىق بىلەن ئۈزۈپ تاشلىدى:

— ئەمدى بۇ ۋاق بولغاندا كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلىشنىڭ، ماڭا بۇنى دەپ ئولتۇرۇشلىرىنىڭ ھاجىتى يوققۇ دەيمەن جانابى ئەمىرۇل ئۈمەرا، — ئىسان بۇغاخان سەييىدئەلى ئالپىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەسلىدە ياراتقان ئىگەم كۆڭۈللىرىگە پۈككەن بۇ ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پۇرسەت، نۆۋەتنى بەرگەنىدى. ناھايىتىمۇ ئەپسۇسكى، ئۆزلە ئۇنى چىڭ تۇتالمىدىلا، بىزگە ئاغائى قېرىنداش بولمىش ئول يۇنۇس- خاننى قەستەن قاچۇرۇۋەتتىلە، ئۇنداق قىلمىغان بولسىلا ئاللى- قاچان بىر داستىخانغا جەم بولۇپ تۇز يېيىشكەن بولاردۇق.

ئىسان بۇغاخان سەييىدئەلى ئالپىنىڭ ئاكىسى يۇنۇسخاننى قاچۇرۇۋەتكىنىنى ئەپۇ قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدىكى نارازىلىقى تېخى بېسىلمىغانىدى. ئۇ بىر قىسىم ئەمىرلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇنى ئىقتىدارسىز، سەلتەنەتكە پاسىبان بولۇشقا سالاھىيىتى يوق دەپ ئەل ـ يۇرتقا تەرغىبات ئېلىپ بارغان، ئۇنىڭ خانلىق مەرتىۋىسىنى ئېتىراپ قىلماي، تاجۇ تەختىنى تارتىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلىپ كەلگەن ئاكىسىنى تۇتۇپ ئەكېلىپ، ئاكىسىغا ئۆزىنىڭ سەلتەنەت تىزگىنىنى قانداق تۇتۇۋاتقانلىقىنى، تەختتە قانداق ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى ئارزۇ قىلاتتى.

سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ پوسۇقتىدە قىلغان بۇ گېپى بىلەن تەڭ سەييىدئەلى ئالپىنىڭ يۈرىكىگە بىر پىچاق سانجىلدى.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى ئۇ ئىچكى ئازابلىرىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، — لېكىن جەڭدە يېڭىلىپ ئەسىرگە چۈشكەن ئاغىلىرى بىلەن بىر داستىخانغا كەلسىلە، يېيىشكەن بىر بۇردا نان جانابى ئالىيلىرىنىڭ ئانىمىزنىڭ سۈتىدەك ھالال ئېتىقادىمىزنىڭ بولۇپ خانغا بېرىلگەن ئەلنىڭ زەھەر تېتىيتتى. ئۇنداق داستىخاندا قان ـ قېرىنداشلىق مېھرى ھەرگىز جۇلالانمايتتى.

سەييىدئەلى ئالپقا گەپ تېپىپ بېرەلمىگەن سۇلتان ئىسان بۇغاخان قاپىقىنى تۈرگىنىچە باشقا تەرەپكە قارىۋالدى. قىلغان گەپلىرىنىڭ خانغا ياقمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، سەييىدئەلى ئالپ گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— چىن مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئالتە كۈنلۈك ئالەمنىڭ تالاشقۇچىلىكى يوقتۇر. ئەبەدىيلىك پەقەت بىر ئاللاھقا خاس. ئىنسان پەقەت مېھماندۇر. بۇ ئالەم ئۇنىڭغا بىرنەچچە ۋاقىتلىق قونالغۇلا خالاس. مېھىر ـ شەپقەت، ياخشىلىق، كاتتا ئىش ـ ئەمەل ئىنساندىن ئۆزۈنراق ياشايدۇ. پەمىمچە، ئاغىلىرى خانزادە يۇنۇسخان خاتۇن ـ باللىرىغا كۆرسەتكەن مەردلىكلىرى، ئالەمچە مېھىر ـ شەپقەتلىرىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈنمۇ بولسا،

خېلى ئۇزاققىچە تاجۇ تەختلىرىگە دۈشمەنلىك نەزەرى بىلەن قارىمايدۇ ھەم ئۇنىڭ ئۇنچىلىك كۈچ ـ قۇدرىتىمۇ قالمىدى. ئاجىزلار ھەرقاچان غۇرۇرلۇق كېلىدۇ. كۈچلۈكلەرنىڭ كۆرسەتكەن ئازغىنە دوستلۇق مېھرى ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئاداۋەت مۇزلىرىنى پۈتۈنلەي ئېرىتىۋېتەلەيدۇ. مۇمكىن بولسا ئالىيلىرى ئاشۇ ئاجىز ئاغىلىرىغا مەكتۇپ يوللاپ قېرىنداشلىق مېھرلىرىنى بىلدۈرگەيلا، بۇ بەلكىم ئۇزۇن مەزگىللىك ئۈزۈلۈپ قالغان قېرىنداشلىق مېھرىنىڭ ئۇلىنىشىغا، قايتىدىن جۇلالىنىشىغا سەۋەب بولۇپ قالغۇسى..

«سەييىدئەلى ئالپ ھەزرەتلىرى ئالجىپ قالدىمۇ نېمە؟ مەن ئەمدى ئۆتەپ ـ تېشىپ ئول قاچقۇن، تەخت دەۋاگىرىغا مەكتۇپ يازامدىم؟ ھە دەپ قۇلاق سالسام دەۋاتقان گېپىنى قارىمامدىغان...»

— بىر ئاز چارچاپ قاپتىمەن، جانابى ئەمىرۇل ئۆمەرا كۆڭلىگە ئالمىسا، باشقا كۈنى مۇلاقاتتا بولساق.

سەييىدئەلى ئالپنىڭ سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا دېدىغان يەنە نۇرغۇن يۈرەك سۆزلىرى، نەسىھەتلىرى بار ئىدى. خاننىڭ كەسكىن ئىپادىسى ئۇنى يەنە سۆزلەشتىن توختاشقا مەجبۇر قىلدى.

— خوش، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، — بىمەھەل ۋاقىتتا كېلىپ ئالىيلىرىنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ قويدۇم، كەچۈرگەيلا.

شۇندىن كېيىن ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ سەييىدئەلى ئالپ خانغا كۆرۈنۈش قىلمىدى. سۇلتان ئىسان بۇغاخان بولسا كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۇنى ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلمىدى. ئۇ سەييىدئەلى ئالپ بىلەن رەسمىي يوسۇندا خالىي ئولتۇرۇپ يەنە بىر قېتىم سۆزلەشىشنى پەقەتلا خىيالىغا كەلتۈرمىدى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە، سەييىدئەلى ئالپ ئاخشىمى ئۇخلاپ قالغان پېتى جىمجىتلا ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى.

مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن سۇلتان ئىسان بۇغاخان-

نىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى.
«مەرھۇم ئەمىر ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىپ قالغانلىقىنى سەز-
گەن بولغىيمىتتى، ئەجەب دەرگاھىمغا دەل ۋاقتىدا كېلىپ تولىمۇ
ئېسىل سۆھبەتنى باشلىغانىكەن. شۇل چاغدا ئۇنىڭ دەيدىغان
نۇرغۇن گەپلىرى باردەك قىلغانىدى، خالىمىساممۇ نېمىشقا دېگى-
لى قويمىغاندىمەن، يۈرەك ـ باغرىنى تولۇق تۆكۈپ تاشلاشقا
پۇرسەت بەرمىگەندىمەن؟ ۋادەرىخا! ئادەمنىڭ ئۆمرى دېگەن شۇن-
چىلىك ئىكەنغۇ؟! ئادەمنىڭ جېنى بىلەن چۇمۇلىنىڭ جېنى ئوخ-
شاش ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ئۆلدى — كەتتى. ئەمدى تىرىلمەيدۇ،
ئاڭلاي دېسەڭمۇ سۆزلىمەيدۇ، كۆڭۈل سۆزلىرىنى ئۆزى بىلەن
بىللە ئېلىپ كەتتىغۇ ئەينا. ئاغام يۇنۇسخاننى قاچۇرۇۋەتكىنىنى
ئەپۇ قىلالىغان يەردە، نېمىشقا ئىككى ئېغىز سۆزىنى ئاڭلاشقا
سەۋر قىلالمىدىم؟ ئاغامنى قاچۇرۇۋېتىپ، ئەسىرگە چۈشكەن خا-
تۇن ـ بالىلىرىنى قايتۇرۇۋېتىشكە نەسىھەت قىلىپ، مەرد، كەڭ
قورساق، مېھىر ـ شەپقەتلىك دېگەن كاتتا ئاتاققا مېنى نائىل
قىلغانىدىغۇ. ئەل ـ ئاۋام، ئۇ سەككىزىمىڭ ئالەم بۇ ياخشى-
لىقلارنى مەندىن كۆردىغۇ ئاخىر؟! ئەمىر توغرا ئېيتقانىكەن. ئى-
مان بىلەن ئىنساب، مېھىر ـ شەپقەت ئىنساننىڭ ئېسىل پەزىلى-
تى، ئىنساني كامىللىقنىڭ دەسلەپكى ئىپادىسى. ئەجەبا، مۇشۇن-
چىلىك پەزىلەت مەندە يوقمىدۇ؟ ئىنساب بىلەن راست گەپنى قىل-
غاندا، بۇ تەخت ـ سەلتەنەت ئەسلىدە ئاغامنىڭ ئىدى. ئەمىر سەي-
يىدئەلى ئالىپ ھەزرەتلىرى ئانا تەرەپ قانداشلىقنى قوغلىشىپ
ئادالەتسىزلىك بىلەن تاجۇ تەختكە مېنى ئولتۇرغۇزدى، ئاغامنى
يېقىن يولاتمىدى. شۇڭا ئاغامنىڭ تەخت دەۋاسى قىلىشقا ھەققى
بار. مۇشۇنى كۆزدە تۇتقاندا، ئۇنىڭ تەخت ـ سەلتەنەت ئۈچۈن
لەشكەر تارتىپ كەلگىنىنى ئەيىبلەپ كەتكىلى، يامانلىغىلى بول-
مايدۇ، بەلكىم ئاشۇ كۈنى مەرھۇم ئەمىرۇل ئۆمەرا جانابلىرى مۇ-
شۇ گەپنى ماڭا بىلدۈرۈپ قويغىلى كەلگەن بولغىيتتى. گېپىنىڭ
ئورامىدىن مۇشۇنداق مەنە چىقاتتى. لېكىن، ئاغام يۇنۇسخان بى-

لەن قانداقمۇ بىر داستىخانغا كېلىپ، بىر ـ بىرىمىزنىڭ چىرايىغا ھەقىقىي قېرىنداشلىق مېھرىمىز بىلەن قارىشىپ ئولتۇرۇپ تۇز يېيىشكىلى بولسۇن؟ بۇنداق قىلىشنىڭ پەقەت بىرلا ئامالى بار. ئۇ بولسىمۇ مەن تاجۇ تەختتىن ۋاز كېچىشىم، ئۇنىڭغا تەختنى ئۆز رازىلىقىم بىلەن قايتۇرۇپ بېرىشىم كېرەك. ئەنە شۇ چاغدىلا ھەقىقىي ئاغىلىق، قان ـ قېرىنداشلىق مېھرىگە ئېرىشەلىشىم مۇمكىن. لېكىن بۇ زىنھار مۇمكىن ئەمەس. قېرىنداشلىق مېھرى ئۈچۈن تاجۇ تەختتىن قەتئىي ۋاز كەچمەيمەن. ياكى ئۇنىڭغا بىرەر ۋىلايەتنى بەرسەم قانداق بولۇر؟ بۇنىڭغا ئۇمۇ رازى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىلكىدە تۈركىستان، سايرامدەك كەڭرى تەسەررۇپ، باجىسى ئەبۇسەئىد مىرزا ھىممەت قىلغان تاشكەنتتەك كاتتا شەھەر تۇرسىمۇ، شۇلارغا شۈكۈر قىلماي تەخت ـ سەلتەنەت ئۈچۈن لەشكەر تارتىپ كەلگەن ئەمەسمىدى؟ ھەئە، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئىنسابسىزلىقنى مەنلا قىلمىدىم، ئۇمۇ ئىنسابسىز، ھاياتلا بولىدىكەنمەن، تاجۇ تەختنى ئۇنىڭغا ھەرگىز تارتتۇرۇپ قويمايمەن. كەچۈرسىلە جانابى ئەمىرۇل ئۆمەرا، ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلىيالمايدىغان، ئاغام بىلەن قېرىنداشلىق مېھرىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغان بولدۇم. پەقەت بىرلا ئىشنى قىلالىشىم مۇمكىن. ئۇ بولسىمۇ، ئاغام ماڭا دۈشمەنلىك قىلمىسىلا، تەخت دەۋاسىدىن ۋاز كېچىپ، تەسەررۇپۇمغا لەشكەر تارتىپ كېلىپ، سەلتەنىتىمگە تەئەررۇز قىلمىسىلا، ئۇنىڭغا ھەرگىز دۈشمەنلىك قىلمايمەن. تەسەررۇپىغا لەشكەر تارتىپ بارمايمەن، ھەتتا ئۇنىڭغا ھامىيلىق قىلىۋاتقان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ تەسەررۇپىغىمۇ ھەم شۇنداق. ئۇلار مەندىن تامامەن خاتىرجەم بولسا بولىدۇ. راست، بۇ ئالتە كۈنلۈك ئالەمنىڭ تالاشقۇچىلىكى يوق. ماڭا كەڭرى، بۈيۈك موغۇلىستاننىڭ سۇلتانلىقى يېتىپ ئاشىدۇ...»

مۇشۇ خىياللار بىلەن كۆڭلى خېلىلا ئازادىلىشىپ قالغان سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئەمدى قەشقەرنى كىمگە تاپشۇرۇش ئىشى-

غا باش قاتۇرۇشقا كىرىشتى. موغۇلىستان تەۋەسىدىكى بۇ كاتتا ۋىلايەتنىڭ ئەمىرلىكىنى باشقا ھەرقانداق ۋىلايەتنىڭ ئەمىرلىكىدىگە تەڭ قىلغىلى بولمايتتى. قەشقەر ئۇنىڭ سەلتەنەتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتەتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قەشقەرنىڭ ئەمىرلىكى ئۇنىڭ سەلتەنەتىنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلەتتى. بۇنى سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئوبدان چۈشىنەتتى. سەييىدئەلى ئالىپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قەشقەرنىڭ ئەمىرلىكىنى ئۆزىنىڭ ئوغلىغا بېرىش خىيالى كاللىسىغا بىرقانچە قېتىم كەلگەنىدى. شۇ تاپتا بۇ خىيال ئۇنىڭ كاللىسىدا قايتىدىن غىل ـ پال ئەكس ئەتتى.

«ئوغلۇم خانزادە دوستمۇھەممەدخان تېخى كىچىك. ئەمدى ئون تۆت ـ ئون بەش ياشنىڭ قارىسىنى ئالدى. قەشقەردەك كاتتا ۋىلايەتنىڭ ئەمىرلىكىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەرھۇم ئەمىرۇل ئۇمەرانىڭ ئىككى ئەمىرزادىسى بار. ئۇلارنى بىر چەتتە قايرىپ قويۇپ خانزادىنى قەشقەرنىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلىسەم، چوقۇم ئۇلار نارازى بولىدۇ. ئۇلار قەشقەرنى ئەزەلدىن ئۆزلىرىنىڭ ئاتا مىراس سۇيۇرغاللىق زېمىنى ھېسابلاپ كەلگەن. ناۋادا ئوغلۇم قەشقەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇدەك بولغان بولسىدى، ئول چاغدا كۆزۈمنى يۇمۇپلا تەۋەككۈل قىلىپ باقسام بولاتتى. سەييىدئەلى ئالىپنىڭ قەشقەردە يىلتىزى چوڭقۇر، ناۋادا ئىككى ئەمىرزادە نارازى بولۇپ قالسا، ئارىمىزدا نىزا پەيدا بولىدۇ، سەلتەنەتتە بۆلۈنۈش كېلىپ چىقىدۇ. تېخىچە يېڭىلگىنىگە تەن بەرمىگەن ئاغام بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كېتىدۇ. توختا، ھازىرچە ئالدىرىماي تۇراي، يەنە بىرنەچچە يىل ۋاقىت ئۆتسۇن، ئۇنىڭغىچە خانزادىمۇ خېلى چوڭ بولۇپ قالىدۇ، شۇ چاغدا ئەھۋالغا قاراپ بىر ئىش تۇتارمەن. ۋاقتى كەلگەندە ئىككى ئەمىرزادىگە يۇقىرى مەرتىۋە بېرىپ ئوردىغا ئەكېلىۋالسام، ئۇلار نارازى بولسىمۇ كۆز ئالدىمدا چوڭ ئىش تەۋرىتىشكە پېتىنالمايدۇ. مەنمۇ ئوغلۇم خانزادە دوستمۇھەممەدخان ئارقىلىق قەشقەرنى ئىلكىمدە تولۇق تۇتالايمەن. خوش، ئۇنداق بولسا ئىككى ئەمىرزادىدىن قايسى-

سىنى قەشقەرنىڭ ئەمىرلىكىگە قويسام بولۇر؟ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا كۆرەگانى ئۆز كۆيۈ ئوغلۇم، ۋالىدەسى ئۆز سۇلتان مەلىكە بولسا ئۆز ھامىمام. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ ئۆز ئوغلۇم بىلەن ئوخشاش، نەسەب جەھەتتىن ئالغاندىمۇ ئاغىسى سانىز مىرزىغا قارىغاندا ماڭا يېقىن. قەشقەرنىڭ ئەمىرلىكىنى ئۇنىڭغا بەرسەم قانداق بولۇر؟ بۇنىڭغا ئوردىدىكى ئەمىرلەر نېمە دەر؟ ئۇلار ئوچۇق ـ ئاشكارا بىر نېمە دېيەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئاغىسىنى قايرىپ قويۇپ ئىنىسىغا قەشقەرنى بەرسەم، سانىز مىرزا چوقۇم نارازى بولىدۇ، كۆڭلىدە قايىل بولمايدۇ. ئەجدادلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنـ-غا رىئايە قىلمىدى دەپ ئەيىبلەيدۇ. چۈنكى، قائىدە بويىچە ئاتىنىڭ مىراسىغا چوڭ ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك. سانىز مىرزا ماڭا قانچىلىك ساداقەت كۆرسىتەر؟ ئۇ ئاتىسىغا ھەرگىز ئوخشى-مايدۇ. ئانچە كەڭ قورساق ئەمەس. بىر قىسىم ئىشلارغا سۈكۈت قىلىشنى، كۆڭلىدە ساقلاشنى بىلمەيدۇ. مىجەزىمۇ چۇسراق، بى-رىدىن ئاسان رەنجىيدۇ، ئاسان سۆۋۈيدۇ. بەلكىم ئۇ پەرمانىمغا سەركەشلىك قىلىشقا پېتىنالماسلىقىمۇ مۇمكىن. ئەمما مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ئاغا ـ ئىنى ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت پەيدا بولۇپ قال-سىچۇ؟ خۇددى مەن بىلەن ئاغام يۇنۇسخان ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت پەيدا بولغاندەك. توۋا، تەقدىرنىڭ چاقچىقى نېمىدېگەن ئاجايىپ ـ ھە! ئۆز ۋاقتىدا سەيىيدئەلى ئالپ ھەزرەتلىرى ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ، قائىدە ـ يوسۇننى قايرىپ قويۇپ، مېنى تەختتە ئولتۇر-غۇزغانىدى. مانا ئەمدى بۇ قىسمەت ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ بېشىغا كەلدى. قانداق قىلسام بولۇر زادى؟ ياكى بولمىسا ياركەنت ئەمىر-نى ئوردىغا ئەكېتىپ، سانىز مىرزىغا ياركەنتنىڭ ئەمىرلىكىنى بېرىدىغان ئىشمىكىن؟ مۇشۇنداق قىلسام سانىز مىرزا رازى بو-لۇرمۇ؟ ماۋۇ تەڭقىسلىقنى كۆرمەمدىغان ئەمدى. ئاغا ـ ئىنى ئە-مىرزادىلەر ئوتتۇرىسىدا نىزا ـ ئاداۋەت پەيدا بولدى دېگەنلىك ئوخشاشلا سەلتەنەتتە بۆلۈنۈش پەيدا بولدى دېگەنلىك. ناۋادا بۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، ئاغام يۇنۇسخان ھەرگىز جىم

uyghurkitap.com

ياتمايدۇ، ئەمىرزادىلەرنى يېنىغا تارتىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ، سەل-تەنەتكە قارشى چىقىشقا قۇترىتىدۇ. بۇ ئېھتىماللىقنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ياركەنتمۇ كىچىك ۋىلايەت ئەمەس، دائىرىسى قەشقەردىن قېلىشمايدۇ. ئاھالىسى قەشقەردىن كۆپ، بىر چېتى خوتەن ـ قاراقاشقا، بىر چېتى قەشقەر ـ ئاقسۇغا تۇتىشىدۇ. ئەسلىدە سانىز مىرزا ياركەنتنىڭ ئەمىرلىكىگە قانائەت قىلسا بولاتتى، ئۇنىڭغا يېڭىسارنى قوشۇپ بەرسەم قانداق بولۇر؟ ياق، ئۇنداق قىلسام پەقەت بولمىغۇدەك. يېڭىسار قەلئەسى كىچىك بولغىنى بىلەن ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. يېڭىسار قەشقەرنىڭ تاشقى قورغىنى. يېڭىسارسىز قەشقەرنى تەسەۋۋۇر قىلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. خانزادە دوستمۇھەممەدخاننىڭ يېشى سەل چوڭراق، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى جوڭقۇرالىغۇدەك بولغان بولسىدى، بۇنچىۋالا باش قېتىنچىلىقىغا قالماس ئىدىم. ئۇنىڭغا قەشقەرنى بەرسەم ئىككى ئەمىرزادە غىڭ قىلالمايتتى، بەلكىم ئوتتۇرىسىدا نىزا ـ ئاداۋەتلەرمۇ بولمايتتى. مەندىن رەنجىگەن تەقدىردىمۇ، ئاسىيلىق قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمەيتتى...»

دېلىغۇللۇقتا قالغان سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئەنە ئاشۇنداق زىددىيەتلىك خىياللار ئىلكىدە بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتتى. لېكىن بۇنداق تۇرۇۋەرسىمۇ بولمايتتى. پايتەخت ئاقسۇغا قايتىشى، بوش قالغان تەختتە ئولتۇرۇشى، قارانچۇقسىز تاشلىنىپ قالغان سەلتەنەت ئىشلىرىنى قولىغا ئېلىشى كېرەك ئىدى. ئالدىرىغانسېرى تۈزۈك بىر چارە تاپالمىدى. چارە تاپالمىغانسېرى تىت ـ تىت بولاتتى. ئىككى ئەمىرزادىگە سىلىق ـ سىپايە مۇئامىلە قىلىپ كۆڭلىدىكىنى بىلىندۈرمەيتتى. دادىسى قازا قىلىپ كەتكەندىن بېرى ئىككى ئەمىرزادىنىڭ زىيادە يېقىنلىقى، بىر ـ بىرىگە ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن مۇئامىلە قىلىشلىرى بىردىنلا ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ھەئە، ئىسان بۇغاخان دەسلەپتە ئاغا ـ ئىنىلەرنىڭ بۇ قەدەر يېقىنلىقىغا ھەۋەس قىلدى. ئاكىسى يۇنۇسخاننى ئېسىگە ئالدى. ئاكىسى بىلەن ئاشۇ ئىككى ئەمىرزادىگە

ئوخشاش يېقىن، ئىجىل ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەتتى. كېيىن مانا مۇشۇ ئارزۇ ـ ھەۋەس ئۇنىڭ كاللىسىدا تۇيۇقسىز بىر خىيالنى پەيدا قىلدى.

«قەشقەرنىڭ ئەمىرلىكىنى ئاشۇ ئاغا ـ ئىنىلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بەرسەم قانداق بولۇر؟ ناۋادا سانىز مىرزا قەشقەرنىڭ ئەمىرلىكىنى ئىنىسىغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ قالسا تېخى ياخشى، ئۇل چاغدا كۆڭلۈمدىكىدەك ئىش بولىدۇ. ناۋادا ئىنىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئاغىسىغا يول قويسا، سانىز مىرزىمۇ مەن چوڭ ئوغۇل بولغاندىكىن ئاتامنىڭ ئەمىرلىك مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىشىم يوللۇق، قائىدە ـ يوسۇنغا ئۇيغۇن دەپ چۈشەنسە ئۇمۇ مەيلى. ئۇل چاغدا سانىز مىرزا مەندىن مىننەتدار بولىدۇ، ماڭا دادىسىغا ئوخشاش ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىدۇ. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى ئوردىغا ئەكېتىپ لەشكىرىي دىۋانىنىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلەيمەن، بىر ھېسابتا بۇمۇ ئوردىدىكى مۇھىم مەنسەپ. بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن سانىز مىرزىنى ئوردىغا ئەكېلىۋېلىپ ئورنىغا خانزادە دوستمۇھەممەدخاننى قەشقەرگە ئەۋەتسەم مەندىن نارازى بولالمايدۇ، مەنمۇ ئوخشاشلا مەقسەت ـ مۇددىئايىمغا يەتكەن بولىمەن. شۇنداق قىلاي، بۇنىڭدىن باشقا چارە ھازىرچە يوقتەك قىلىدۇ...»

بىر قارارغا كەلگەن سۇلتان ئىسان بۇغاخان دەرھال بارلىق ئەمىرلىرىنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى.

— ھەممىڭلەرگە مەلۇم، — دېدى ئۇ قول باغلاپ تۇرغان ئەمىرلىرىگە تەكشى نەزەر تاشلىۋەتكەندىن كېيىن، — مەرھۇم جەننەتماكان سەييىدئەلى ئالپ ھەزرەتلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ كۆڭلىمىز تولىمۇ يېرىم بولدى. تا بۈگۈنگىچە سەلتەنەت بۇرجىمىزنىڭ قۇياشى ئۆچۈپ قېلىپ زۇلمەتتە قالغاندەك بولۇپ قالدىم. خەيرىيەت، ئۆلۈم ھەر بىر بەندىنىڭ بېشىدا بار. تۇغۇلماقلىق بىلەن ئۆلمەكلىك ياراتقان ئىگىسىنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش ئىكەن. ئۆلۈمنى تىلىۋالغىلى، ئۆمۈرنى ئۇلىۋالغىلى، ئۇزارتىۋالغى-

لى بولسا ئىدى، جانابى ئەمىرۇل ئۆمەرانىڭ ئۆلۈمىنى تىلىۋال-
غان، ئۆمرىنى ئۇزارتىۋالغان بولاردۇق. شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئۇ-
نىدۋارمەن. چۈنكى، ئۇل جەننەتماكان زاتى مۇبارەك يۈرەك ـ باغ-
رىمىزنى ھىجران ئازابىدا داغلاپ كېتىپ قالغىنى بىلەن، جاسارەت
ۋە پەزىلەتتە ئۆزىدىن قېلىشمىغۇدەك ئىككى پەرزەنتىنى قالدۇرۇپ
قويدى. ئۇل ئاغا ـ ئىنى ئەمىرزادىلەر ئوخشاشلا بۈيۈك سەلتەنە-
تىمىزنىڭ يىقىلماس بىر جۈپ تۈۋرۈكلىرىدۇر. ئەسلىدە ئاستانى-
گە بۇرۇنلا قايتىشىم كېرەك ئىدى. ئۇل جەننەتماكانىنىڭ مۇسى-
بىتى بىلەن ئۇزۇنراق تۇرۇپ قالدىم، ئەمدى قايتىمىسام، سەلتەنەت
تىزگىنىنى قولۇمغا ئالمىسام بولماس. شۇڭا ئاقسۇغا مېڭىشتىن
ئاۋۋال مۇنداق ئىككى ئىشنى جاكارلىماقچىمەن: بىرىنچىسى،
ياركەنت ئەمىرى مۇستاپا مىرزا ئوردىغا بېرىپ جازا دىۋانىنىڭ
ئەمىرلىكىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

تۆۋەندە تۇرۇشقان ئەمىرلەر بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارى-
شىۋالغاندىن كېيىن خاننىڭ ئىككىنچى پەرمانىنى ئاڭلاش ئۈچۈن
قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىشتى.

ــ قەشقەر ئەزەلدىن جەننەتماكان سەييىدئەلى ئالپ جانابى-
لىرىنىڭ ئەجداد زېمىنىدۇر. بابائى بۇزرۇكلەر داۋاملاشتۇرۇپ
كەلگەن يوسۇن بويىچە ئاتىنىڭ مەرتىۋە ـ مىراسى ئوغۇللىرىغا
بۇيرۇپ بېرىلىدۇ. شول بائىستىن قەشقەر بىلەن ياركەنتنى ئىك-
كى ئەمىرزادىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردۇم. بول ئىككى ۋىلايەتنىڭ
ئەمىرلىكىنى ئىككى ئەمىرزادە ئۆزلىرى تاللىغاي، شۇنىڭغا قاراپ
ئاندىن پەرمان جاكارلىغايمىز.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان سۆزۈم تامام دېگەننى قىلىپ ئۆزىنى
شاھانە كۇرسىغا ئازادە تاشلىدى. شۇ ھامان سارايىنى ئېغىر سۈكۈت
باستى، شۇ تاپتا بارلىق ئەمىرلەر بۇ ئىشنى كۆڭۈللىرىدە مۇلا-
ھىزە قىلىشىۋاتاتتى. ئۇلار خاننىڭ قەشقەر بىلەن ياركەنتنى
ئىككى ئەمىرزادىنىڭ ئىختىيارىغا تاشلاپ بېرىشىنى خىيالىغىمۇ
كەلتۈرمىگەنىدى. خاننىڭ ئەسلىي مۇددىئاسىنى چۈشەنمىگەن ئە-

مىرلەر ئۆزلىرىچە بۇ ھۆكۈمنى ئادىللىقتا، دانالىقتا جوراپ، كۆڭ-
لىدە خاننىڭ تەدبىرلىكلىكىگە قايىل بولۇشۇۋاتاتتى.

ھەئە، سانىز مىرزا بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭمۇ كۆڭۈللىرى تىنچسىز ئىدى. بۇ يارلىقتىن تولىمۇ تاسادىپىيلىق ھېس قىلىشقان ئاكا ــ ئۇكىلار بىر ــ بىرىگە لەپپىدە قارىشىۋال-
دى، تاسادىپىيلىق ھېس قىلىشقان بىلەن كۆڭلى توق ئىدى، بىر ــ بىرىگە تىكىلگەن كۆزلىرىدىن قېرىنداشلىق مېھرى بال-
قىيتتى؛ قىزغىنىش، ھەسەت، تارلىقتەك ھاياجانلىق تۇيغۇلار يوق ئىدى. ئاتا مىراس مەرتىۋىگە نىسبەتەن ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە سان باردەك قىلاتتى. شۇ دەقىقىدە ھەر ئىككى ئەمىرزادە ئوخشاش بىر ئىشنى خىيال قىلىشىۋاتاتتى.

ئاشۇ كۈنى سەييىدئەلى ئالىپ سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ يېنىدىن كۆڭلىگە پۈككەن مۇددىئاسىنى تولۇق دېيىشكە ئۇلگۇ-
رەلمەي كۆڭلى غەش ھالدا يېنىپ چىققاندىن كېيىن، يالغۇز ئول-
تۇرۇپ ئۇزاق خىيال سۈردى، ئاندىن ئىككى ئەمىرزادىسىنى چا-
قىرتتى.

ــ جاي ئالسۇنلار، ــ دېدى ئۇ ئىككى ئوغلىنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇپ.

دادىسىنىڭ تۇيۇقسىز، جىددىي چاقىرتىشىدا قانداق مۇددىئا بارلىقىنى بىلمىگەن سانىز مىرزا بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە جىمجىت ئولتۇرۇشتى. ئارىنى خېلى ئۇزاق سۈكۈنات باستى.

ــ ئىنساننىڭ ئۆمرى دېگەن چاغلىق نەرسىكەن، ھېلىمۇ ئۆلۈپ كەتمەي سەكسەن يىل ياشىغىنىمغا ھەيرانمەن ھەم شۇنچە-
لىك ئۇزۇن ئۆمۈر بەرگەن ھەقكە شۈكۈر ــ سانا ئېيتىمەن، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالىپ ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، ــ ئەمدى مېنىڭمۇ ساناقلىق كۈنلىرىم قالدى، ئىككىڭلارغا قۇربىمنىڭ يېتىشىچە ئاتىلىق مېھرىمنى بەردىم، يۇرتدارچىلىق يوسۇنلىرى-
نى، جەڭبازلىق ماھارىتىنى، لەشكىرىي ئىلىملەرنى ئۆگەتتىم.

سىلەرمۇ ئۇمىدىمنى يەردە قويماي پەزىلەت ئۆگەندىڭلار. بىر ـ بىرىڭلارغا ھەمنەپەس بولۇپ ئەل ـ جامائەت ئىچىدە ياخشى نام ـ ئاتاق قالدۇردۇڭلار. رەنجىشىپ، ئاداۋەتلىشىپ يۈرمىدىڭلار. مەن سىلەردىن رازى. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق ئۆتىدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن. شۇنداقتىمۇ سىلەرگە بىر ئىشنى تاپىلىمىسام بولمايدۇ، قەشقەر ئىلگىرىكى خان ـ سۇلتانلار ئابا ـ ئەجدادلىرىمىزغا سۇيۇرغاللىق قىلىپ بەرگەن مىراس زېمىندۇر. بۇ زېمىنغا نەچچە ئەۋلاد ئاتا ـ بابىلىرىمىز ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلدى. ناۋادا ئۆلۈپ ـ تارتىپ قالسام بۇ زېمىن سىلەرگە قالىدۇ. شەپقەتلىك سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرىمۇ ئادالەت تەختىدە شاپائەت كۆرسىتىپ سىلەرگە بۇيرۇپ بېرىشى مۇمكىن. ئەجدادىمىزدىن قالغان ئۇدۇم بويىچە ئاتا مىراسقا چوڭ ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئەمما كىچىك ئەمىرزادەم خان ئالىيلىرىغا كۈيئوغۇل بولۇپ كۆرەگانلىق شەرىپىگە نائىل بولدى، شۇڭا ھازىر ئۇ خان تەبىقىسىگە مەنسۇپ. شول بائىستىن خان ئالىيلىرى ئۇنىڭ كۈيئوغۇللۇق مەرتىۋىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئادالەتسىز ھۆكۈم چىقىرىپ قەشقەرنى ئۇنىڭغا بۇيرۇپ بېرىشىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭغا ھازىرچە ئېنىق بىر نېمە دەپ بولغىلى بولماس. بايا مۇشۇ ئىشنى خان ئالىيلىرىنىڭ سەمىگە سېلىپ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېتىشنى مەقسەت قىلىپ دەرگاھى ئالىيغا بارغانىدىم، نېمە ئۈچۈندۇر ئويلانمايلا گەپنىڭ بېشىنى خان ئاغىسى يۇنۇسخان ئالىيلىرىدىن باشلاپتىمەن، شول ۋەجىدىن گېپىم ئالىيلىرىغا ياقمىدى. بەلكىم رەنجىش، تەنلىرىنى بىلدۇرۇپ ئېغىز ئاچۇرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىي مۇددىئايىمنى بىلدۇرۇشكە ئامالسىز قالدىم. سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىم، سىلەر ئەقىللىق، جاسارەتلىك، پاراسەتلىك، مەرد، ھەم كەڭ قورساق چوڭ بولدۇڭلار. بۇ پەزىلىتىڭلاردىن زىنھار گۇمانلانمايمەن. شۇنداقتىمۇ يەنە بىر تەكرارلاپ قوياي، خان ئالىيلىرى بىلەن ئاغىسى يۇنۇسخان ئوتتۇرىسىدىكى نىزا ـ ئاداۋەتتىن ھەم بۇ ئاداۋەتنىڭ سەۋەبىدىن پۈتۈنلەي خەۋەردارسىلەر،

شۇڭىمۇ بول ۋەقەنى سىلەرگە پات ـ پات سۆزلەپ بەرگەنمەن. بول
ئاداۋەتنىڭ ئاساسلىق سەۋەبچىسى يەنىلا مەن. شول سەۋەبتىن ئەڭ
چوڭ پۇشايمىنىم بار. بول گۇناھىمنىڭ جاۋابىنى ئول ئالەمگە
بارغاندا بېرۇرمەن. لېكىن سىلەر ئىبرەت ئېلىڭلار. مەيلى خان
ئالىيلىرى قانداق ھۆكۈم چىقارمىسۇن چوقۇم قوبۇل قىلىڭلار،
مەن ئاغا، سەن ئىنى دېيىشىپ ئاداۋەتلەشمەڭلار. زېمىن، مەرتىۋە
تالاشماڭلار، ئۆزئارا يول قويۇڭلار. شۇنداق قىلساڭلار گۆرۈمدە
خاتىرجەم ياتىمەن. ھەرقاچان مال ـ دۇنيا، ئەمەل ـ مەرتىۋە كو ـ
يىدا بولماڭلار، ئەلكۈنگە زۇلۇم سالماڭلار، ۋالىدەڭلارنى ھۆرمەت ـ
لەڭلار، خان ئالىيلىرىغا، تەخت ـ سەلتەنەتكە ساداقەتمەن بو ـ
لۇڭلار. مېنىڭ سىلەرگە دەيدىغان گېپىم، قالدۇرىدىغان ۋەسىيە ـ
تىم مانا مۇشۇ.

— خاتىرجەم بولسىلا ئاتا، — دېدى ئىككى ئەمىرزادە دادى ـ
سىغا تەڭلا ۋەدە بېرىپ، — تەلىملىرىنى ئېسىمىزدە مەھكەم تۇ ـ
تىمىز، ھەرگىزمۇ ئارزۇلىرىغا خىلاپ ئىش قىلمايمىز.

شۇ دەقىقىدە ھەر ئىككى ئەمىرزادىنىڭ كاللىسىدا دادىسى ـ
نىڭ مۇشۇ ۋەسىيىتى جاراڭلاۋاتاتتى.

«خان ئالىيلىرىنىڭ قەشقەر بىلەن ياركەنتنى بىزنىڭ ئىخ ـ
تىيارىمىزغا قويغىنى نېمىسى، قائىدە بويىچە ھۆكۈم چىقىرىپ
ئاغام سانىز مىرزىنى قەشقەرنىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىن ئەتسە ئىش
تۈگىمىدىمۇ. ياركەنت ئەمىرىنىڭ ئورنىنى بىكارلاشنىڭ ھاجىتى
يوق ئىدىغۇ. مەن ئوردىغا قايتىپ خىزمىتىمىنى قىلسام بولاتتى
ئەمەسمۇ، ياكى ھەر ئىككىلىمىزنى ئوردىدىن چەتلەشتۈرۈشتە
باشقا خىيالى بارمىكىن؟ مۇمكىن ئەمەس. ئالىيلىرىنىڭ ھەرگىز
بۇنداق مۇددىئاسى يوق. ئەمىسە نېمىشقا بۇنداق ھۆكۈم چىقىرد ـ
دۇ؟ خان ئالىيلىرىغا مۇشۇ خىيالىمنى دېسەم قانداق بولۇر، ئا ـ
غامنىڭ خىيالى قانداقكىن؟...»

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئوي ـ خىيالىنى بىلىۋالماقچى
بولغاندەك كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئاكىسىغا قاراپ قويدى.

www.uyghurkitap.com

«ئاتامنىڭ گۇمانى راست چىقتى، ئەسلىدە خان ئالىيلىرىنىڭ قەشقەرنى ماڭا ئەمەس، كۈيۈئوغلى بولمىش ئىنىم مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا بەرگۈسى بار ئىكەن. ھۆكۈمگە مېنى نارازى بولىدۇ دەپ ئويلاپ، ياركەنت ئەمىرىنىڭ ئورنىنى بىكارلاپتۇ. بۇنداق قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. مەن ئاتامغا ئاللىقاچان ۋەدە بەرگەن. قانداق ھۆكۈم چىقارسۇن ھەرگىز نارازى بولمايمەن. بەلكىم خالىسا ئىنىمغا نۆكەر بولۇشقىمۇ رازىمەن. ياركەنت ئەمىرى مۇستاپا مىرزا ساداقەتمەن، مەرد ئادەم. ئۇنى ياركەنتتىن مىدىرلاتمىغان ياخشى ئىدى. ئۇ خان ئاغىسى يۇنۇسخانغا مايىل خوتەن ئەمىرلىرىنى چەكلەپ تۇرالايتتى. خەيرىيەت، ئەمدى بۇنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولماس. خان ئالىيلىرى پەرمانىدىن ھەرگىز يانمايدۇ. ئالىيلىرىنىڭ ئارزۇسى قەشقەرنى ئىنىمغا بېرىش، بوپتۇلا، ئىش ئالىيلىرىنىڭ ئارزۇسىچە بولسۇن، ئىنىم قەشقەرگە ئەمىر بولسۇن، ياركەنتتە مەن باراي، ياركەنتنىمۇ سەلتەنەتىمىز ئۈچۈن مۇھىم ۋىلايەت، تۇپرىقى مۇنبەت، سۈيى ئەلۋەك، ئاھالىسى كۆپ، مۇھىم پەيتلەردە لەشكەر يىغماق ئاسان...»

مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن سانىز مىرزا ئالدىغا بىر قەدەم چىقتى ـ دە، سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا ئېھتىرام بىلدۈردى:

ــ ئادالەت تەختىنىڭ سۇلتانى، مېھىر ـ شەپقەتنىڭ بۇلىقى پاناھگاھىمىزنىڭ ھۆكمىگە چىن ئىخلاسىمىز بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز. خانىش ئانام ئۆز سۇلتان مەلىكە ئۆزۈن مەزگىل قەشقەردە تۇرۇپ بول شەھەرنىڭ ھاۋاسىغا كۆنۈپ قالغان. شۇڭا ئىنىم مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا كۆرەگانى قەشقەرگە ئەمىر بولۇپ قالغاي، كەمىنىلىرى ۋالىدەمنى ئېلىپ ياركەنتكە باراي.

سۇلتان ئىسان بۇغاخانىنىڭ چېھرىدە پاللىدە مەمنۇنلۇق جىلۋە قىلدى ـ دە، نەزەرىنى كۈيۈئوغلى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا ئاغدۇردى.

ــ سىلى ئاغا، مەن ئىنى، ــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئاكىسىغا تەۋازۇ بىلەن ئېگىلىپ تۇرۇپ، ــ قەشقەردە جەننەتما-

كان پەدەرۇ بۇزرۇكىنىڭ ياندۇرغان چىرىغى، تۇتقان ماكانى بار. ئا-
تىنىڭ ياندۇرغان چىرىغىنى ئۆچۈرمەسلىك چوڭ ئوغۇلنىڭ بۇر-
چىدۇر. شول سەۋەبتىن قەشقەردە قېلىشلىرىنى ئىلتىماس قىلى-
مەن ئاغا. ياركەنتكە مەن باراي، ــ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا سۇل-
تان ئىسان بۇغاخانغا قاراپ مۇراجىئەت قىلدى، ــ جانابى قىبلى-
گاھىمدىن كەمىنە پەرزەنتىنىڭ ئارزۇسى بويىچە پەرمان جاكارلى-
شىنى ئىلتىماس قىلىمەن.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئىپادە بىلدۇرۇشكە ئالدىرىماي نە-
زىرىنى سانىز مىرزىغا ئاغدۇردى.

ــ راست دەيدىلا قەدىرلىك ئىنىم، مەن سىلىگە ئاغا ھەم
ئۆز يولىدا ئاتا ئورنىدىمەن. شۇڭا مېنىڭ ھۆكمىمگە بويسۇنغايلا
ھەمدە بۇ ئىشتا مەن بىلەن زىنھار دەتالاش قىلمىغايلا، ــ سانىز
مىرزا سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا يۈزلىنىپ گېپىنى داۋاملاشتۇر-
دى، ــ جانابى قىبلىگاھىمدىن كەمىنە نۆكەرلىرىنىڭ ئارزۇسىچە
ھۆكۈم چىقىرىشىنى ئىلتىماس قىلىمەن.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان ھۆكۈم چىقىرىشقا ئالدىراپ تۇرمى-
مۇ، تەڭلىكتە قالغان قىياپەتتە باشقا ئەمىرلەرگە يۈزلەندى.

ــ ئى جانابى ئەمىرلەر، كۆرۈپ ـ ئاڭلاپ تۇرۇپسىلەر، مېنى
بۇ تەڭقىسلىقتىن ئۆزۈڭلار قۇتۇلدۇرغايسىلەر.

باياتىن بېرى ئىككى ئەمىرزادىنىڭ دەتالاشلىرىدىن ھەم تە-
سىرلەنگەن، ھەم تاماشا كۆرگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغان ئە-
مىرلەر خاننىڭ مۇراجىئىتىنى ئاڭلاپ بىردىنلا جىمىپ قېلىش-
تى. ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قەشقەرگە چوڭ ئەمىرزادە سا-
نىز مىرزىنىڭ ئەمىر بولۇشىنى توغرا، قائىدە ـ يوسۇنغا ئۇيغۇن
دەپ قارايتتى. ئەمما، كىچىك ئەمىرزادە مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا
خانغا كۆيۈئوغۇل بولغانلىقى ئۈچۈن ھېچقايسىسى بىرىنچى بولۇپ
كۆڭلىدىكىنى ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمىدى. ھەئە، ئۇلار
خانغا ياخشىچاق بولۇشنى، خاننىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ سۆز-
لەشنى خالايتتىكى، ھەرگىزمۇ خانغا يامان كۆرۈنۈپ قېلىشنى

www.uyghurkitap.com

خالىمايتتى. لېكىن، شۇ تاپتا گەپ قىلماي تۇرۇۋالسىمۇ بولمايت-تى، ئۇلار ئارىدىن بىرەرىنىڭ چىقىپ ئاۋۋال ئېغىز ئېچىشىنى، ئاندىن خاننىڭ چىراي ئىپادىسىگە قاراپ قوللاش، قوللىماسلىقنى كۆڭلىگە پۈكۈشكەنىدى.

— ئاغا ئەلۋەتتە ئاتىنىڭ ئورنىدا، — دېدى لەشكىرىي دىۋاننىڭ ئورۇنباسار ئەمىرى ئېغىر سۈكۈناتنى بۇزۇپ تاشلاپ، — ئاغا ھۆكمى ئىنى ئۈچۈن پەرماندۇر، شۇڭا كەمىنىلىرى سانىز مىرزىنىڭ ئارزۇسىنى ياقلايمەن.

سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ چىرايىغا پاللىدە كۈلكە يۈگۈر-دى. خاننىڭ چىراي ئىپادىسىنى كۆرگەن ئەمىرلەر بەس ـ بەستە ئاۋاز قوشتى:

— ئەينى مۇددىئا.

— ئاغىنىڭ سۆزىنى ئېتىبارغا ئېلىش كېرەك.

— سانىز مىرزىنىڭ ئارزۇسىچە بولغاي.

— ئاغىلىرىنىڭ ھۆكمىگە ئىتائەت قىلغايلا كۆرەگان جاناب-لىرى.

— جەننەتماكان ئەمىرۇل ئۆمەرا ھەزرەتلىرى ئىككى ئە-مىرزادىسىگە ئالتۇندەك پەزىلەت مىراس قالدۇرغانىكەن.

— ياراتقان ئىگەم مەرتىۋەڭلارنى تېخىمۇ زىيادە قىلغاي.

— ...

شۇنداق قىلىپ سۇلتان ئىسان بۇغاخان كۈيۈئوغلى مۇھەم-مەد ھەيدەر مىرزىنى قەشقەرنىڭ، سانىز مىرزىنى ياركەنتنىڭ ئە-مىرلىكىگە تەيىنلەپ پەرمان جاكارلىدى ـ دە، ئۆزىچە ئارزۇسىغا يەتكەندەك بولۇپ، خاتىرجەملىك بىلەن ئاقسۇغا يول ئالدى. ئۇنى ئۇزىتىپ قويغان سانىز مىرزا دادىسىنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلى-ۋەتكەندىن كېيىن ئانىسى بىبى ئايەتخېنىم، خوتۇنى ئايجامال ئا-غىچا ۋە ئىككى ئوغلى مىرزا ئابابەكرى بىلەن ئۆمەر مىرزىنى ئې-لىپ، ئۆگەي ئانىسى ئۇز سۇلتان مەلىكە، ئىنىسى مۇھەممەد

ھەيدەر مىرزا بىلەن خوشلىشىپ ياركەنتكە قاراپ يول ئالدى.

ئاكا ـ ئىنىلەر قۇچاقلىشىپ تۇرۇپ خوشلاشتى، ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشتى. شۇ تاپتا ياركەنتكە قاراپ ماڭغان سانىز مىرزىنىڭ كۆڭلىدە قىلچىلىك ئاغرىنىش يوق ئىدى. ئەمما ئىنىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ كۆڭلىدە خىجىللىق، ئۆكۈنۈش ئارىلاش بىر ھەسرەت بار ئىدى.

## 58

مىلادىيە 1461 ـ يىلى، ياز.

يەتتەكەنت باغلىرىدا سارغىيىپ ۋىل ـ ۋىل قىلىپ پىشقان ئۆرۈكلەر، شاخلاردا چوغدەك جۇلالىنىپ تۇرغان جىنەستىلەر، قىزلارنىڭ لېۋىنى ئەسلىتىدىغان گىلاسلار يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ماراپ ئادەمنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرەتتى. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۇپىدا چازا قۇرۇپ ئولتۇرغان يۇنۇسخان كۈمۈش تەخسىدىكى ئۆرۈك، جىنەستە، گىلاسلارغا قاراپمۇ قويماي چوڭقۇر خىيالغا پاتقانىدى. ياش خىزمەتكار ئۇنىڭ خىيال سۈرۈشىگە بەرھەم بەرمەسلىك ئۈچۈن داستىخانغا تىزىلغان نازۇ نېمەتلەرگە قونغان چىۋىنلارنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن قورۇيتتى.

بۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى يۇنۇسخان يەتتەكەنتتىن پەقەتلا مىدىرلىمىدى. ئىككى خانىشىغا بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئاتا مىراس زېمىنى بولغان موغۇلىستان تەرەپكە دۈشمەنلىك كۆزى بىلەن قارىمىدى، لەشكەر تارتىش خىيالىدىمۇ بولمىدى. تۈركىستان، سايرام تەرەپتىكى بەگلەر ئۇنىڭغا قايتىدىن ساداقەت بىلدۈرۈشۈپ ئەتراپىغا توپلاشتى. يۇنۇسخان ئۇلارنىڭ ئىلگىرى قىلغان يۈزسىزلىكىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىپ سالامىنى ئىلىك ئالدى،

ئىلگىرىكىدەك ياخشى مۇئامىلە قىلدى ۋە ئۇلارغا تايىنىپ كۆپلەپ لەشكەر توپلاشقا كىرىشتى.

ھازىر ئۇنىڭ ئىلكىدە راۋرۇس مەشىق كۆرگەن، جەڭگە بىمالال يارايدىغان بەش مىڭ لەشكەر بار ئىدى، زۆرۈر بولۇپ قالسا تۈركىستان، سايرام تەۋەسىدىكى بەگلەرنىڭ خاس نۆكەرلىرىنىمۇ قوشۇپ ھېسابلىغاندا، گەپ يوق بىر تۈمەن لەشكەر جۇغلىيالايتتى، ئۇ بۇ جەرياندا سەمەرقەنتكە، سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئوردىسىغا ئىككى قېتىم بېرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئەبۇسەئىد مىرزا بىلەن بولغان دوستلۇقى بارغانسېرى چىڭىپ كەتكەنىدى، بىر ـ بىرىگە چىن ئەقىدە باغلاشقان بۇ ئىككى ھۆكۈمدارنىڭ دېمەيدىغان كۆڭۈل سىرلىرى يوق ئىدى، يۇنۇسخاننىڭ ئىنىسى ئىسان بۇغاخاننىڭ تۇتقۇندىكى خوتۇن ـ بالىلىرىنى قايتۇرۇپ بەرگەنلىكى سەۋەبلىك، ئارىدىكى نىزا ـ ئاداۋەتنى ئۇنتۇپ، موغۇلىستانغا لەشكەر تارتىشتىن ۋاقتىنچە ۋاز كەچكەنلىكىدىن، ئەڭ مۇھىمى موغۇلىستانغا باستۇرۇپ بارغۇدەك لەشكىرىي كۈچىنىڭ يوقلۇقى سەۋەبلىك يۇنۇسخاننىڭ كېچە ـ كۈندۈز ھەسرەت چېكىپ يۈردىغانلىقىدىن سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ خەۋىرى بار ئىدى. ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭمۇ ھۈسەيىن بايقارا، ئوبۇلقاسىم بابۇر ۋە مۇھەممەد جۇگىلاردىن ئىبارەت ئۈچ رەقىبىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىسىلىپ قېلىۋاتقانلىقى، تەسەررۇپىغا ئاشكارا تەھدىت سېلىۋاتقان ھۈسەيىن بايقارا بىلەن تىركىشىپ تۇرۇۋاتقانلىقى يۇنۇسخانغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. ھەئە، يۇنۇسخاننىڭ ئاشۇ رەقىبلەرگە بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇش تەلىپىنى ئەبۇسەئىد مىرزا: «ھازىرچە ئۆزۈم تاقابىل تۇرالايمەن، كۆمەكلەشمەكچى بولغانلىقلىرىڭىزغا كۆپ رەھمەت، ۋاقتى كەلگەندە خەۋەر بېرەي، ھازىرچە يەتتەكەنتتىن مىدىرلىماي سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ تۇرۇۋەرسىلە» دەپ سىلىقلا رەت قىلىۋەتكەنىدى. چۈنكى، ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزا بىلەن مۇھەممەد جۇگىلار تېخى ئاشكارا ھەرىكەت قىلمىغانىدى. ھۈسەيىن بايقاراغا يالغۇز تاقابىل تۇرۇشقا

ئىشەنچى بار ئىدى. مۆھىمى يۇنۇسخاننىڭ يەتتەكەنتتە تۇرۇپ، ئىسان بۇغاخاننىڭ پەرغانە ۋادىسىغا سالىدىغان تەھدىتىنى توسۇپ تۇرۇشىنى بەكمۇ خالايتتى.

مانا ئىككى يىلدىن بېرى ئەبۇسەئىد مىرزا ھۆسەيىن بايقاراغا قارشى ئىككى قېتىم جازا يۈرۈشى قىلدى. ئەمما، ھەر ئىككى قېتىملىق جازا يۈرۈشى مۇۋەپپەقىيەتسىز ئاخىرلاشتى، ياش بولغىنى بىلەن جەڭ تەدبىرلىرىگە پۇختا، قىلىچۋازلىقتا يېگانە ماھارەت ئىگىسى سانالغان ھۆسەيىن بايقارا تولىمۇ ھىيلىگەر ئىدى. ئەبۇسەئىد مىرزا لەشكەر تارتىپ كەلسە جەڭ قىلمايلا چېكىنىپ كېتەتتى. ئۆبۇلقاسىم بابۇر مىرزا بىلەن مۇھەممەد جوگىلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەندىشە قىلغان ئەبۇسەئىد مىرزا ھۆسەيىن بايقارانى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ قوغلاپ زەربە بېرىشكە، ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىتىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ئەبۇسەئىد مىرزا سەمەرقەنتكە قايتىپ كەتسە، ھۆسەيىن بايقارا يەنە تاجاۋۇز قىلىپ بىرمۇنچە زېمىنلارنى ئىگىلىۋالاتتى.

بۇ يىل باھار كېلىشى بىلەن رەقىبىنى ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىتىش نىيىتىگە كەلگەن ئەبۇسەئىد مىرزا خۇراساندا ھۆسەيىن بايقارا بىلەن ئۈچىنچى قېتىم تىركىشىۋاتاتتى. گەرچە لەشكەر تارتىپ كەلگىنىگە ئۈچ ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ، غەلىبە ـ نۇسرەتتىن تېخىچە خەۋەر يوق ئىدى. جەڭ ۋەزىيىتىگە كۆڭۈل بۆلگەن يۇنۇسخان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ قېشىغا توختىماي چاپارمەن ئەۋەتتى. لازىم بولسا دەرھال بەش مىڭ لەشكىرىنى ئېلىپ بېرىش نىيىتىنى بىلدۈردى، ئەمما ئەبۇسەئىد مىرزا رەھمەت ئېيتىپ سىلىقلا رەت قىلىۋەتتى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئەيتاۋۇر ياز كىرگەندىن بېرى يۇنۇسخاننىڭ كۆڭۈل ئارامى بۇزۇلغان، جەڭنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىشى ئۇنىڭ ئەندىشىسىنى كۈچەيتىۋەتكەنىدى. ئۇ ھەر ئېھتىمالغا قارشى ھىراتقا، دەشتى قىپچاققا ئايغاقچى ماڭغۇزدى. ھىراتقا كەتكەن ئايغاقچى ئۆبۇلقاسىم بابۇر مىرزىنىڭ ئە ـ

uyghurkitap.com

بۇسەئىد مىرزىغا قارشى ئاشكارا ھەرىكەتنى سېزىلمىگەنلىكىنى، ھازىرچە ھۇسەيىن بايقاراغا كۆمەكلىشىپ لەشكەر تارتىش خىيالىنىڭ يوقلۇقىنى مەلۇم قىلىپ كەلدى، ئەمما، دەشتى قىپچاق دالىسىغا كەتكەن ئايغاقچىدىن تېخىچە خەۋەر يوق ئىدى. چۈنكى قىشتىن يۇنۇسخان سەمەرقەنتكە بارغىنىدا ئەبۇسەئىد مىرزا دەشتى قىپچاق ھۆكۈمدارى ئوبۇلخەيرىخاننىڭ ئۆتكەن بىرنەچچە يىلدا ھۇزۇرىغا ياردەم سوراپ كەلگەن مۇھەممەد جۇگىغا ئانچە ئېتىبار قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن يېقىندا قوبۇل قىلىپ ئالاھىدە ھۆرمەت كۆرسەتكەنلىكىنى، كۆندە دېگۈدەك بىللە شاراب ئىچىشىپ، بەزمە قىلىشىپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ كۆڭلىدىكى ئەندىشىسىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئاشۇ سەۋەبتىن يۇنۇسخان دەشتى قىپچاققا ئالاھىدە دىققەت نەزەرىنى ئاغدۇرغان. ناۋادا مۇھەممەد جۇگى ئوبۇلخەيرىخاننىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ھۇسەيىن بايقارا بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىپ كەلمەكچى بولسا، دەرھال ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن بەش مىڭ لەشكىرىنى تەقلەپ ھازىرلىق كۆرۈپ قويغانىدى. ئەمما، مۇشۇ كۈنلەردە نە ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ھۇزۇرىغا كەتكەن چاپارمەندىن، نە دەشتى قىپچاققا كەتكەن ئايغاقچىدىن خەۋەر يوق ئىدى، تىت ـ تىتلىق، بىئاراملىق، ئەندىشىلىك خىياللار ئۇنى توختىماي قىينايتتى.

«سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ تەخت ـ سەلتەنەتسىز مېنىڭ قازاقلىق[1]تا تۇتۇپ تۇرغان بۇ ئاجىز ھاكىمىيىتىمنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ سەلتەنەتى يوقالسا، مېنىڭ يەتتەكەنتتىكى ھاكىمىيىتىممۇ يوقىلىدۇ. ئۇل چاغدا يەتتەكەنتتە ئەمەس، تۈركىستان، سايرامدا تۇرۇشۇممۇ تەس بولىدۇ، چۈنكى، تۈركىستان، سايرام بەگلىرى ئەبۇسەئىد مىرزىدىن ئىبارەت كۈچلۈك يۆلەنچۈكۈم بولغانلىقى ئۈچۈنلا ماڭا ئىتا-

① قازاقلىق ــ قاچاقلىق. يەنى خان ـ سۇلتانلارنىڭ تاجۇ تەختتىن ئايرىلىپ قېچىپ، كۆچۈپ يۈرۈشى.

ئەت قىلىدۇ، ئەتراپىمدا پىرقىرايدۇ، بولمىسا ئۇلار يەنىلا يۈز ئۆ-رۈيدۇ، كەلگۈسىدە موغۇلىستان تەختگاھىنى ئېلىش ئارزۇيۇم پۈ-تۈنلەي كۆپۈككە ئايلىنىدۇ، ئى تەڭرىم، سۇلتان ئەبۇسەئىد مىر-زىنى ئۆزۈڭ قوللىغايسەن، غەلىبە ـ نۇسرەت ئاتا قىلغايسەن، ئەغيارلىرىنىڭ سۈيىقەستىنى بەربات قىلغايسەن...»

يۇنۇسخان خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ نەزەرىنى داستىخانغا ئاغدۇردى. كۈمۈش لىگەندىكى مەي باغلاپ پىشقان ئۆرۈك، جىد-نەستە، گىلاسلار بىردىنلا ئىشتىھاسىنى تارتتى. ئۇ تەمىنى تېتىد-ماقچى بولغاندەك ھەر بىر خىل مېۋىدىن بىر تالدىن يېدى. جىد-نەستە بەكرەك تېتىدى بولغاي، كۈمۈش تەخسىنى ئالدىغا تارتىپ، جىنەستىنى بىر تالدىن ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى.

— ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي!

يۇنۇسخان قولىغا ئالغان جىنەستىنى كاپپىدە ئاغزىغا سېلىد-ۋېتىپ، سۈپىنىڭ يېنىدا قول باغلاپ تۇرغان ساراي بېگىگە قارىدى:

— خوش.

— دەشتى قىپچاقتا ئەۋەتكەن ئايغاقچى قايتىپ كەلدى.

— دەرھال باشلاپ كەلسۇنلار، — دېدى يۇنۇسخان تەقەززالىق بىلەن.

— ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، — دېدى ئايغاقچى قىسقىلا سالام ـ سەھەتتىن كېيىن، — دەشتى قىپچاق سۇلتانى ئوبۇل-خەيرىخان مۇھەممەد جۇگىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ، سەركەر-دىسى بۇرگە سۇلتاننى ئىككى تۈمەن لەشكەر بىلەن كۆمەكلىد-شىشكە بۇيرۇپ بەردى.

يۇنۇسخان بىردىنلا جىددىيلەشتى.

— مەلۇمات ئىشەنچلىكمۇ؟

— ئىنتايىن ئىشەنچلىك ئالىيلىرى، — دېدى ئايغاقچى، — كەمىنە خىزمەتكارلىرى بۇ ياقتا ماڭغاندا بۇرگە سۇلتان بىلەن مۇھەممەد جۇگى لەشكىرىي يۈرۈشنىڭ ھازىرلىقىغا كىرىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەتكەن، پەمىچە ئۇلار ئۇدۇل سەمەرقەنتكە ئېگىش قىلمىدىغان ئوخشايدۇ.

ــ ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىدۇ، ــ دېدى يۇنۇسخان قاپىقىنى تۈرۈپ، ــ بولدى، سەن ئارام ئال، ــ ئۇ ساراي بېگىگە قارىدى، ــ خۇراسانغا چاپارمەن ئەۋەتىپ، سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنى بۇ ياغىدىن خەۋەرلەندۈرەيلى.

ساراي بېگى ھايال بولماي چاپارمەننى باشلاپ كىردى.

يۇنۇسخان چاپارمەنگە ئەھۋالنى بىر قۇر چۈشەندۈرگەندىن كېيىن پەرمان بەردى:

ــ ئېتىڭ يۈگۈرۈك بولسۇن، ئۆزۈڭ سەگەك بول. ھازىرلا يولغا چىق. يول بويى ئات قوشلاپ[1] ماڭ.

چاپارمەننى يولغا سېلىۋەتكەن يۇنۇسخان ساراي بېگىگە قارىدى:

ــ سەركەردە بۇياتقۇلىغا خەۋەر بەرسۇنلار، دەرھال يېنىمغا كەلگەي، ھە، باشقا سەركەردىلەرگىمۇ خەۋەر بەرسۇنلار.

يۇنۇسخان شۇ كۈنى ئەمىر ـ بەگلىرى بىلەن قىسقىلا كېڭەش قىلدى. يەتتەكەنتنى ئىدارە قىلىپ تۇرۇشنى ساراي بېگىگە تاپشۇرۇپ، ئۆزى بۇياتقۇلى قاتارلىق سەركەردىلىرى بىلەن بەش مىڭ لەشكىرىنى باشلاپ سەمەرقەنتكە قاراپ دەرھال يولغا چىقتى.

※ ※ ※

مۇھەممەد جۇگى بىلەن بۇرگە سۇلتان ئىككى تۈمەن لەشكىرىنى باشلاپ ئۇدۇل تاشكەنتكە كەلدى. تاشكەنت ئەمىرى شەيخ جامالىددىن ئۇلارغا ئۇرۇشمايلا ئەل بولۇپ، ساداقىتىنى بىلدۈردى، نۇرغۇن مال ـ دۇنياسىنى مۇھەممەد جۇگى بىلەن بۇرگە سۇلتانغا تەقدىم قىلدى. ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرىنى ئوزۇق ـ تۈ-

---

[1] ئات قوشلاپ ــ «زاپاس ئات ئېلىۋېلىپ ماڭ» دېمەكچى.

لۇك، يەم ــ خەشەك بىلەن تەمىنلىدى. تاشكەنتنى ھېچقانداق چىد-قىم تارتمايلا ئالغان مۇھەممەد جوگى بىلەن بۇرگە سۇلتان تاش-كەنتتىن چىقىپ شاھرۇخىيىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى، شەيخ جاما-لىددىنمۇ ئۆزىنىڭ ئۈچ مىڭ نۆكىرى بىلەن ئۇلارغا ئەگەشتى.

شاھرۇخىيە قەلئەسىنىڭ بېگى ئەمىر غىياسىددىن باھادىر كۇچلۇك قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، كەلكۈندەك باس-تۇرۇپ كەلگەن ئىككى تۇمەندىن ئارتۇق لەشكەرگە تەڭ كېلەلمە-دى. قەلئەگە باستۇرۇپ كىرگەن بۇرگە سۇلتان ئۇنى ئىككى پار-چە قىلىپ تاشلىدى.

ئۇلار شاھرۇخىيە قەلئەسىنىمۇ بېسىۋالغاندىن كېيىن، سىر دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈپ ئۇدۇل سەمەرقەنتكە قاراپ ئىلگىرىلى-دى.

سەمەرقەنت ھاكىمى ئەمىر مەجىد بارلىق لەشكەرلىرى بىلەن چىقىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ جەڭ قىلغان بولسىمۇ تەڭ كې-لەلمىدى، شەھەرگە چېكىنىپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. مۇ-ھەممەد جوگى بىلەن بۇرگە سۇلتان سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ مۇستەھكەم سېپىلىدىن ئۆتەلمىدى.

ئەبۇسەئىد مىرزا بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئاۋۋال ئوبول-خەيرخاننىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن باجىسى ئابدۇللا مىرزىغا قار-شى باشلاپ كەلگەن دەشتى قىپچاق لەشكەرلىرى سەمەرقەنت شە-ھىرىنى يەتكىچە بۇلاڭ ــ تالاڭ قىلىپ شەھەر ئاھالىسىغا قاتتىق زۇلۇم قىلىپ قايتىپ كەتكەنىدى. ئاشۇ پاجىئەنى ئېسىدە مەھكەم تۇتقان سەمەرقەنت ئاھالىسى شەھەر ھاكىمى ئەمىر مەجىد بەگنىڭ باشچىلىقىدا شەھەر سېپىلىنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ، دەشتى قىپچاق لەشكەرلىرىنىڭ بىرقانچە قېتىملىق ھۇجۇمىنى ئوڭۇش-لۇق چېكىندۇردى.

سەمەرقەنت شەھىرىنى ئاسانلىقچە ئېلىشقا كۆزى يەتمىگەن مۇھەممەد جوگى سەركەردىسى پىشكەند ئوغلان بىلەن ئوك قانات،

www.uyghurkitap.com

بۇرگە سۇلتان تاشكەنت ئەمىرى شەيخ جامالىددىن بىلەن سول قانات بولۇپ شەھەرنى ئۇزۇكنىڭ كۆزىدەك قاتمۇقات قورشىۋالدى.

مۇھەممەد جوگى بىلەن بۇرگە سۇلتاننىڭ ھەر ئىككىلىسى سەمەرقەنت شەھىرىنى ئېلىشقا شۇنچىلىك ئالدىرايتتى. ئالدىرىغانسىرى مۇستەھكەم شەھەر مۇداپىئەسىنى بۇزالمايتتى.

مۇھەممەد جوگى شەھەرگە تېزرەك كىرىپ، بوۋىسى مىرزا ئۇلۇغبەگ قىرىق يىل ئولتۇرغان، دادىسى ئابدۇللەتىپخان ئاران ئالتە ئاي ئولتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالىغان ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇپ، قولدىن كەتكەن شاھرۇخىيلەر سەلتەنەتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەقەززاسىدا تىت ـ تىت بولاتتى. ھەئە، ئۇ سەمەرقەنت شەھىرىنى قولىغا ئالسا، ھىراتتىكى ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزا كېلىشىۋالغىنى بويىچە دەرھال ئۇنىڭغا ياردەمگە كېلەتتى. بۇ چاغدا سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىغا ماۋەرائۇننەھر، پەرغانە، خۇراسان ۋادىسىدا پۇت قويغۇدەك يەر قالمايتتى. بەلكىم چاشقانغا ئوخشاش ئۇر ـ ئۇرغا قالاتتى ـ دە، مۇھەممەد جوگى تولۇق مۇرادىغا يېتەتتى. بۇرگە سۇلتان بولسا بۇ باي، سەلتەنەتلىك شەھەرگە تېزرەك كىرىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ نۇرغۇن مال ـ دۇنيا ئولجا ئېلىش ۋەسۋەسىسىدە ئالدىرايتتى. ئەمما شەھەر ئاھالىسى چىش ـ تىرنىقىغىچە قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ شېرىن خىيالىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋاتاتتى.

ــ ئەس ـ يادىمىز شەھەرنى ئېلىش بىلەن بولۇپ، باشقا تەرەپلەرگە سەل قاراۋاتىمىز جانابى سەركەردە، ــ دېدى مۇھەممەد جوگى چېدىردا شاراب ئىچىپ ئولتۇرغان بۇرگە سۇلتانغا مۇراجىئەت قىلىپ، ــ سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىدىنمۇ ئېھتىيات تەدبىرى كۆرۈپ قويساق بولاتتى.

ــ شول تاپتا ئول ئەبۇسەئىد مىرزا نەدە، بىز نەدە؟ ــ دېدى بۇرگە سۇلتان قەدەھتىكى شارابنى ئالدىرىماي سۈزۈپ ئىچىپ، ــ ئەبۇسەئىد مىرزا ھۈسەيىن بايقارا بىلەن مۆكمۈكىلەك ئويناۋاتىد-

دۇ، ئۇنىڭ سەمەرقەنتكە قايتىپ كېلىشىگە خېلى ۋاقىت بار، ـــ ئۇ يېنىدا ئولتۇرغان تاشكەنت ئەمىرى شەيخ جامالىددىنغا قاراپ ھىجايدى، ـــ قانداق دېدىم جانابى ئەمىر؟

ـــ ئەينى مۇددىئا، ـــ دېدى شەيخ جامالىددىن خۇشامەتگۆي-لۇق بىلەن، ـــ ئەبۇسەئىد مىرزا قايتىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ ھۇسەيىن بايقارا بىلەن ئېلىشىپ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن سەر-كەردە - لەشكەرلىرى جانابى باھادىرىمىزنىڭ شىر پەنجىلىك ئە-زىمەتلىرىگە ھەرگىز تەڭ كېلەلمەيدۇ.

ـــ ھەرھالدا رەقىبىمىزنى سەل چاغلىمايلى، ـــ دېدى مۇ-ھەممەد جوگى جىلە بولۇپ، ـــ ئەبۇسەئىد مىرزا بەكمۇ تەدبىر-لىك، ھىيلىگەر ئادەم. ئۇنىڭ ئۇستىگە تەسەررۇپىدىكى بارلىق رە-ئىيەت ئۇنى قوللايدۇ، كۆرگەنلا سەمەرقەنتلىكلەر ئالدىراپ باش ئەگمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ساتقىنلارنى تاپماق بەكمۇ تەس.

مۇھەممەد جوگى گېپىنى تۈگىتىپ شەيخ جامالىددىنغا ئادا-ۋەت بىلەن قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا «ساڭا ئوخشاش سات-قىنلار بەكمۇ ئاز» دېگەن مەنە بار ئىدى.

ـــ بۇ نېمە دېگەنلىرى جانابى خانزادە؟! ـــ دېدى شەيخ جاما-لىددىن بىردىنلا چىچاڭشىپ، ـــ سىلى بىلەن باھادىر بۇرگە سۇلتان ھەزرەتلىرىنى قوللىغانلىقىمىز ئۈچۈن تاشكەنتلىكلەر ساتقىن بولۇپ قالدۇقمۇ ئەمدى؟

مۇھەممەد جوگى گەپ تېپىپ بېرەلمەي قىزاردى. ئۇ شەيخ جامالىددىننىڭ ھە دېگەندە بۇرگە سۇلتاننىڭ قوينىغا كىرىۋېلىپ ئۆزىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقىغا قاتتىق قورسىقى كۆپكەنىدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئوبۇلخەيرىخانغا مىڭ تەستە يالۋۇرۇپ يۈرۈپ بۇرگە سۇلتاننى مەن باشلاپ كەلسەم، شەيخ جامالىددىن ئۇنىڭدىن پايدىلى-نىپ سەمەرقەنت تەختىنى تارتىۋالماقچى، دېگەن ئەندىشىسىمۇ بار ئىدى. شۇڭا ئۇ شەيخ جامالىددىنغا ئانچە ئىشەنمەيتتى. تاشكەنتنى قولغا ئېلىپلا ئۇنى زىندانغا سالمىغىنىغا پۇشايمان قىلاتتى.

كىتاب يۇرتى www.uyghurkitap.com

مۇھەممەد جوگىنىڭ گەپ قىلمىغىنىنى كۆرۈپ شەيخ جاما ـ لىددىن يەنە ئەزۋەيلەشكە باشلىدى:

ــ «كىشى ئۆچۈن ئورۇش، پوردىقى ئۆچۈن مۇش» دەپ، سىلى ئۆچۈن ھېچنېمەمنى ئايىماي جېنىمنى سېلىپ بېرىۋاتسام، ئەجەب گەپ قىلدىلىيا خانزادە، ھېلىتىن ياخشىلىقىقا يامانلىق قىلىپ.

ــ كىم ئۆچۈن ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىرى ئۆزلىرىگە ئايان، ــ دېدى مۇھەممەد جوگى قىلچىلىك يۈز ـ خاتىر قىلماي، ــ كۆ ـ ڭۈللىرىدىكىنى بىر خۇدا بىلىدۇ.

شەيخ جامالىددىن تاتىرىپ كەتتى. كۆڭلىگە پۈككەن مۇددى ـ ئاسىنى مۇھەممەد جوگى بىلىپ قالغاندەك تەشۋىشلەندى. گەرچە ئۇ كۆزىنى سەمەرقەنت تەختىگە تىكمىگەن بولسىمۇ، مۇشۇ پۇر ـ سەتتىن پايدىلىنىپ پەرغانە ۋادىسىنى بۆلۈۋېلىشنى، بۇ ۋادىدا مۇستەقىل خانلىق قۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. شۇڭا بورگە سۇلتانغا توختىماي خۇشامەت قىلىۋاتاتتى. بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە غەلىبە قىلىپ ئەبۇسەئىد مىرزىنى غۇلاتسا، جەڭ مېۋىسىنى بور ـ گە سۇلتانىنىڭ تەقسىملەيدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. بورگە سۇلتان ئۇنىڭغا پەرغانە ۋادىسىنى بۆلۈپ بەرسە، ئۇنىڭغا تايىنىپ سەمەرقەنت تەختىگە چىققان مۇھەممەد جوگى غىڭ قىلالمايتتى.

ــ ئۇنداق بولسا مەن تاشكەنتكە قايتاي، ــ دېدى يۈرىكى پوكۇلداپ تۇرغان شەيخ جامالىددىن توقۇمنى قارنىغا ئېلىپ، ــ بۇ يەردە مەن ئارتۇقچە ئادەم ئوخشايمەن.

ــ ھەر ئىككىلىرى ئۆزلىرىنى بېسىۋېلىشسىلا، ــ دېدى دەتالاشنىڭ چىڭىغا چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن بورگە سۇل ـ تان سالا قىلىپ، ــ ھازىر بىر ـ بىرىمىزگە تەنە ـ دوق قىلى ـ دىغان پەيت ئەمەس، سىلى خانزادە ئالىيلىرىنىڭ گېپىنى خاتا چۈشىنىۋالدىلا جانابى ئەمىر. خانزادىنىڭ ئەندىشىسىنىڭمۇ ئاسا ـ سى بار. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىدىنمۇ ئېھتىيات قىلماي بول ـ

مايدۇ، بارلىق كۆچمىزنى شەھەر قامالىغا قارىتىپ قويساق، ناۋادا ئەبۇسەئىد مىرزا لەشكەر باشلاپ كېلىپ قالسا ئالدىراپ قالىمىز.

مۇھەممەد جوگى بىلەن شەيخ جامالىددىن بىر ئاز پەسكويغا چۈشتى، ئەمما بىر ـ بىرىگە تىكىلگەن كۆزلىرى بەكمۇ ئاداۋەتلىك ئىدى. لەشكىرىي كۈچ جەھەتتە ھەر ئىككىلىسى بۇرگە سۇلتانغا بېقىنىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراشقا مەجبۇر ئىدى.

— ئارى، — دېدى مۇھەممەد جوگى چىرايىغا خۇشامەت كۈلكىسى يۈگۈرتۈپ، — جانابى باھادىر سەركەردىگە بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغان مۇددىئايىمىزمۇ شول ئىدى. مېنىڭچە بىز سەمەرقەنت قامالىنى ۋاقتىنچە بوشىتىپ، سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئالدىنى خۇراساندا توسۇيلى، شۇنداق قىلساق، ئارقا تەرەپتىن ھۇسەيىن بايقارا، ئالدى تەرەپتىن بىز تەڭ ئىسكەنجىگە ئالالايمىز. يەنە تېخى ھىراتتىكى ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزا جانابلىرىمۇ قاراپ ئولتۇرمايدۇ، ئۇ بىزگە ۋەدە بەرگەن.

مۇھەممەد جوگى بۇرگە سۇلتان باشچىلىقىدىكى دەشتى قىپچاق لەشكەرلىرىنى ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن تېززەك ئۇچراشتۇرۇپ، بىر مەيدان ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، دەشتى قىپچاق لەشكەرلىرىنىڭ كۈچى بىلەن ئەبۇسەئىد مىرزىنى يوقىتىپ سەمەرقەنت تەختىنى ئاندىن قولغا ئېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. چۈنكى، ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزا بىلەن كېلىشىۋالغان بولغاچقا، ئەبۇسەئىد مىرزا ھېچقانداق ياردەمگە ئېرىشەلمەيتتى، ئۇنىڭ سەمەرقەنتكە كېلىشىنى ساقلاپ تۇرسا يولۋاسنىڭ تاغقا كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئىش بولاتتى. ئەبۇسەئىد مىرزىنى ئۆز تەختگاھى بولغان سەمەرقەنتتە يېڭىش ھەقىقەتەن تەس ئىدى.

بۇرگە سۇلتان ئۈچۈن ئەبۇسەئىد مىرزىنى يېڭىش ـ يېڭەلمەسلىك بەرىبىر ئىدى، پەقەت سەمەرقەنت شەھىرىنى تېززەك قولغا ئېلىپ خەزىنىنى ۋە شەھەر ئاھالىسىنى بۇلاپ ـ تالىسىلا

uyghurkitap.com

بولاتتى. شۇڭا ئۇ سەمەرقەنت شەھىرىدىن بەك يىراقلاپ كېتىشنى خالىمايتتى.

ــ ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزىنىڭ ۋەدىسىگە بەك ئىشىنىپ كەتمىسىلە خانزادە، ــ دېدى بۇرگە سۇلتان، ــ ھۇسەيىن بايقارا ئۆز جېنىنى قۇتقۇزۇش بىلەن ھەلەك، بىز خۇراسانغا بەك ئىچ-كىرىلەپ كىرسەك چوڭ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغان بولىمىز. چۇنكى، ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزا ھازىرمۇ سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ھامىيلىقىدا، ئۇنى ئۆز ھۆكۈمدارىغا كۆمەكلەشمەيدۇ دەپ ھېچكىم ھۆددە قىلالمايدۇ، ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۆز ۋاقتىدا ئىككىلىرى بىر قېتىم كۆمەكلەشكەن بولسىلىمۇ، ئاخىرقى ھې-ساباتتا ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزا يەنىلا ئەبۇسەئىد مىرزىغا ئىتائەت گەردىنىنى سۇنۇپ، سىلىگە بەرگەن ۋەدىسىدىن يېنىۋالغان. ئۇنى ھازىرمۇ شۇنداق قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ھۇسەيىن بايقارانىڭ مەيدان جېڭى قىلغۇدەك لەشكىرىي كۈچى يوق. ئۇ پەقەت ئەپلىك يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ ئەبۇسەئىد مىرزا بىلەن مۆكىمۆكە-لەڭ ئويناۋاتىدۇ، ئۆزىنى كۈچلۈك رەقىبىگە تۇتتۇرمايۋاتىدۇ. يە-غىپ ئېيتقاندا، سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنى ئۇچ تەرەپتىن ئىس-كەنجىگە ئېلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، ئاخىرقى ھېساباتا ئۆ-زىمىزگە يەكمۇيەك جەڭ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، مەن ئەبۇسەئىد مىرزىدىن ئانچە ۋايىم يەپ كەتمەيمەن، ئەمما لېكىن، سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمنى قارامىلىق بىلەن بۇ جەڭگە تەۋەككۇل قىلغۇزال-مايمەن. ئۇلار ھايات بولسىلا ئاندىن مەن ئۇچۇن جەڭ قىلالايدۇ.

بۇرگە سۇلتان: «مېنى ھەدېسە جەڭگە دەۋەت قىلغىنىڭ بى-لەن ئۆزۈڭنىڭ قانچىلىك لەشكىرىڭ بار ئىدى؟» دەۋاتاتتى. ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن مۇھەممەد جۇگى لام ـ جىم دېيەلمىدى. ئۇ نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟! چۇنكى، ئۇنىڭ نۆكەرلىرىنىڭ سانى ئۇچ مىڭغىمۇ يەتمەيتتى.

ــ مۇنداق بولسۇن، ــ دېدى بۇرگە سۇلتان بۇيۇك سەركەر-

دىلەرگە خاس تەلەپپۇز بىلەن سۆزلەپ، ــ خانزادە ئالىيلىرىنىڭ سەركەردىسى پىشكەند ئوغلان ئۆز نۆكەرلىرى بىلەن شاھرۇخىيە قەلئەسىنى ساقلىغاچ ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ خەۋىرىنى تىڭتىڭلى-سۇن. مىرزىدىن شەپە بولسىلا دەرھال خەۋەر بەرسۇن، ئۇنىڭغىچە بىزمۇ قامالنى بوشاتماي شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ تۇرايلى، ئىشىد-مىز ئوڭغا تارتىپ قالسا شەھەرنى ئېلىپ، خانزادە ئالىيلىرىنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ بولامدۇق تېخى.

ــ باھادىر سەركەردىنىڭ تەدبىرى ناھايىتىمۇ ئورۇنلۇق، ــ دېدى شەيخ جامالىددىن دەرھال بۇرگە سۇلتاننى قوللاپ.

ھەئە، شەيخ جامالىددىنىنىڭمۇ خۇراسانغا لەشكەر تارتىپ بار-غۇسى يوق ئىدى. ئۇ سەمەرقەنت ئەتراپىدا تۇرۇشنى، ئىمكان بار سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا بىلەن يۈزمۇيۈز ئۇچراشماسلىقنى، ئە-بۇسەئىد مىرزا لەشكەر تارتىپ كېلىپ قالسا، جەڭنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش تۇتۇشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

شۇنداق قىلىپ مۇھەممەد جوگى بۇرگە سۇلتاننىڭ بۇيرۇ-قىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى.

※ ※ ※

ھەرقاچان چاپارمەنلىرى ئارقىلىق ئەھۋال ئۇقۇشۇپ تۇرغان سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا مۇھەممەد جوگى بىلەن بۇرگە سۇلتاد-نىڭ لەشكەر تارتىپ يولغا چىققانلىقىدىن يۈنۇسخاندىن بۇرۇنراق خەۋەر تاپقانىدى. شۇڭا ئۇ ھۇسەيىن بايقارانى قوغلاشنى دەرھال توختىتىپ، تېزلىك بىلەن ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتتى ـ دە، ئۇدۇل سەمەرقەنتكە قاراپ يولغا چىقتى، ياۋ ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ تۇرۇش ئۈچۈن توختىماي چاپارمەن ماڭغۇزۇپ تۇردى، قايتىپ كېلىۋات-قانلىقىنى ياۋغا سەزدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئىمكان بار شەپە چىقارماي يول يۈردى، شاھرۇخىيە قەلئەسىدىن ئايلىنىپ ئۆتتى،

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap.com

بۇ يەردە ساقلاپ تۇرغان پىشكەند ئوغلان پەقەتلا تۇيمىدى، سەمەرقەنت شەھىرىنى قورشاپ تۇرغان ياۋ لەشكەرلىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم باشلىدى.

كۆپ جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇرگە سۇلتان بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن تەمتىرەپ قالمىدى، شەھەرنى قامال قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ قايتىدىن جەڭ سېپى تۈزدى ـ دە، دەرھال جەڭگە كىرىشتى.

كېچە ـ كۈندۈز ئارام ئالماي ئۇزاق يول بېسىپ كەلگەن ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى ھېرىپ ماغدۇرىدىن كەتكەنىدى، ئۇلار ھە دېگەندە نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئارام ئېلىپ ياتقان دەشتى قىپچاق لەشكەرلىرىگە تەڭ كېلەلمەيۋاتاتتى.

«جەڭ ۋەزىيىتىنى خاتا مۆلچەرلەپ قويدۇممۇ نېمە؟ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمنى ئارام ئالدۇرماي نېمىشقا ئالدىراپ جەڭگە سالغاندىمەن؟ ياۋغا تۇيۇقسىز زەربە بېرىشنى ئويلاپ بۇ تەرىپىنى ئەجەب ئويلىماپتىمەن دېسە. مۇشۇ كىچىككىنە سەۋەنلىكىم مەغلۇبىيىتىمگە سەۋەب بولۇپ قالارمۇ؟ تەخت ـ سەلتەنەتىمنى مۇھەممەد جوگىغا مۇشۇنداقلا تارتتۇرۇپ قويارمەنمۇ؟ ياق، ھەرگىز تارتتۇرۇپ قويمايمەن. لەشكەرلەرنى چېكىندۇرەي، ھېلىمۇ ئۈلگۈرىمەن، لەشكەرلەرنى بىرنەچچە كۈن ئارام ئالدۇرغاچ ئاندىن جەڭ تەدبىرى تۈزەي، شەھەرگە چېكىنىپ كىرىۋېلىشنىڭ ئامالى بولارمىكىن، مۇشۇنداق بولسا بەك ياخشى بولاتتى...»

ئەبۇسەئىد مىرزا لەشكەرلىرىنى قانداق چېكىندۇرۇش ھەققىدە خىيال سۈرۈپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز دەشتى قىپچاق لەشكەرلىرىنىڭ ئارقا سېپىدىن قىقاس ـ سۈرەن سادالىرى كۆتۈرۈلدى. ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ سېپى بىردىنلا قالايمىقانلاشتى.

«نېمە ئىش يۈز بەردىكىنە؟ ياۋنىڭ ئارقا تەرىپىگە ھۇجۇم

قىلمىۋاتقانلار كىملەردۇر؟...»

ئەبۇسەئىد مىرزا لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈش خىيالىدىن دەرھال ۋاز كەچتى.

ھەئە، دەشتى قىپچاق لەشكەرلىرىنىڭ ئارقا سېپىگە ھۇجۇم قىلمىۋاتقانلار يۇنۇسخاننىڭ بەش مىڭ لەشكىرى ئىدى. يەتتەكەنت-تىن يولغا چىققان يۇنۇسخان دەل مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە يېتىپ كېلىپ دەشتى قىپچاق لەشكەرلىرىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ھۇجۇم قىلغانىدى.بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇم بۇرگە سۇلتاننى قاتتىق ۋەھىمىگە سېلىپ قويدى، ئۇنىڭ ھودۇقۇپ كەتكەن لەشكەرلىرى پاتىپاراق بولۇپ، جەڭ سېپى بۇزۇلدى. ياۋنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەبۇسەئىد مىرزا قايتىدىن ھۇجۇم تەش-كىللىدى، ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى سەزگەن تاشكەنت ئەمىرى شەيخ جامالىددىن بولسا بىر ئۆرۈلۈپلا نەيزىسىنىڭ ئۇچىنى كەي-نىگە قاراتتى ـ دە، باشلاپ كەلگەن ئۈچ مىڭ نۆكىرى بىلەن بۇر-گە سۇلتاننىڭ لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن جەڭ ۋەزىيىتىدە مۆلچەرلىگۈسىز ئۆزگىرىش بولدى، بۇ چاغدا سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ ھاكىمى ئەمىر مەجىد بەگمۇ لەشكەرلى-رىنى باشلاپ شەھەردىن ھەمدەمگە چىقتى. تۇشمۇتۇشتىن ھۇ-جۇمغا ئۇچرىغان بۇرگە سۇلتان ئامان قالغان سەركەردە ـ لەش-كەرلىرى بىلەن ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي قاچتى. كۆھەك ئې-دىرلىقى نەچچە مىڭلىغان دەشتى قىپچاق لەشكەرلىرىنىڭ قېنى بىلەن بويالدى، قانلار ئېرىق بولۇپ ئاقتى، جەسەتلەر ساينىڭ تې-شىدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى. ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى سەزگەن مۇ-ھەممەد جوگى بولسا بۇرگە سۇلتان بىلەن بارسا سۇلتان ئوبۇل-خەيرىخاننىڭ غەزەپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئازغىنە لەشكەرلىرى بىلەن شاھرۇخىيە قەلئەسىگە قاراپ قاچتى، چۈنكى، شاھرۇخىيە قەلئەسىدە سەركەردىسى پىشكەند ئوغلان بار ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

※ ※ ※

كۆتمىگەندە يۇنۇسخان بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان ئەبۇسەئىد مىرزا ھاياجىنىنى باسالماي، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى.

ــ مېنى چوڭ ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇۋالدىلا ئالىيلىرى، ــ دېدى ئەبۇسەئىد مىرزا يۇنۇسخاننى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرۇپ، ــ ئالدىمغا ئەۋەتكەن چاپارمەنلىرى بىلەن يولدا ئۇچراشقانىدىم، سىلىنىڭ بۇنداق دەل ۋاقتىدا ئۇلگۈرۈپ كېلىشلىرىنى ھەرگىز ئويلىمىغانىكەنمەن. ئەگەر ۋاقتىدا كېلىپ ياۋنىڭ ئارقا سېپىنى پاراكەندە قىلمىغان بولسىلا، ھازىر قېچىۋاتقىنى بۇرگە سۇلتان ئەمەس، مەن بولاتتىم.

ــ ئۇنداق دېمىسىلە ئالىيلىرى، ــ دېدى يۇنۇسخان كەمتەرلىك بىلەن، ــ ياراتقان ئاللاھ ئىگەمنىڭ قۇدرىتى چەكسىزدۇر، جانابى قۇدرەت ئىگىسىنىڭ ئىجازىتىسىز قىل تەۋرىمەس. بىز پەقەت قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلىشقا تىرىشتۇق، ئادالەت بىز تەرەپتە بولغاچقا، دۇشمىنىمىز خار ۋە زەبۇن بولدى.

ــ كۆچلۈك ياۋغا ئۆزۈم يالغۇز تاقابىل تۇرۇشقا كۆزۈم يەتمەي، تاشكەنتتىكى ئاۋامنىڭ ئامانلىقىنى كۆزلەپ سۇلھى تۈزۈشكە مەجبۇر بولغانىدىم، ــ دېدى چىرايى تاتىرىپ ئالا ــ پاساق بولۇپ كەتكەن شەيخ جامالىددىن ئۆزىنى ئاقلاشقا تىرىشىپ، ــ يالغاندىن ئۇل رەقىبلىرىمىزگە ھەمنەپەس بولغان بولۇپ، جانابى قىبلىگاھىمىزنىڭ تېزرەك كېلىشىنى كۈتتۇم، ھەر ھالدا قىبلىگاھىمىزنىڭ نۇرانە جامالى ۋەھشىي باسقۇنچىلارغا قارشى قىلىچ چېپىشىمىزغا مەدەت بولدى. ئاللاھ ئىگەم تاج ــ دۆلەتلىرىنى تېخىمۇ زىيادە قىلغاي ئالىيلىرى.

ئەبۇسەئىد مىرزا شەيخ جامالىددىنىنىڭ ساتقىنلىقىدىن ئال-

لىبۇرۇن خەۋەر تاپقانىدى. ئۇنىڭ ھالقىلىق پەيتتە ئۆزى تەرەپتە تۇرۇپ دۈشمەنگە قارشى تۇرغىنىنى كۆرۈپ، گۇناھىنى ئەپۇ قىلىشقا مەجبۇر بولدى، چۈنكى، شۇ تاپتا ئۇ شەيخ جامالىددىننى گۇناھقا بۇيرۇسا نامەرد دېگەن ئاتاققا قالاتتى، ئۆزىگە ئەگەشكەن بىر قىسىم ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ كۆڭلى سوۋۇيتتى.

ــ ئېيتقانلىرى كەلگەي جانابى ئەمىر، ــ دېدى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا چىرايىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ــ ياۋنىڭ ئىچىگە چاندۇرماي كىرىپ، مۇھىم پەيتتە ئىچ ـ تېشىدىن ماسلىشىپ ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسەتتىلە، سىلىدىنمۇ چەكسىز مىننەتدارمەن.

ــ ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت، ــ دېدى كۆڭلى بىرئاز جايىغا چۈشكەن شەيخ جامالىددىن، ــ ئىجازەت بەرسىلە، شاھرۇخىيىگە بېرىپ مۇھەممەد جۇگىنى تۇتۇپ كەلسەم.

سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا شەيخ جامالىددىننىڭ ۋەھىمىسى تېخىچە بېسىلماي، ئۆزىدىن يىراقراق تۇرۇشقا ئالدىراۋاتقانلىقىنى دەرھال سەزدى، ئەمما مۇھەممەد جۇگىنى تۇتىدىغان بۇ كاتتا ئەجىر، تۆھپىنى ئۇنىڭغا بەرگۈسى كەلمىدى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ مۇھەممەد جۇگىنى تىرىك تۇتۇۋالغۇسى، ئۆلتۇرۇۋەتمەي بىر ئۆمۈر نەزەربەند قىلغۇسى بار ئىدى. چۈنكى، ئۇ مۇھەممەد جۇگىنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۆز قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى دېگەن بەتنامغا قالاتتى، نەزەربەند قىلىپ يېنىدا ساقلىسا، ئۇنىڭ كەڭ قورساقلىقىغا ھەممە ئادەم ئاپىرىن ئوقۇيتتى.

ــ مۇھەممەد جۇگىنى تۇتۇشقا ئاللىقاچان سەركەردە ـ لەشكەر ئەۋەتتىم، سىلى بۇ ئىشقا ئۆزلىرىنى جۇۋۇتمىسىلا، ــ دېدى ئەبۇسەئىد مىرزا.

ــ ئۇنداق بولسا مەن تاشكەنتكە قايتاي، ــ دېدى شەيخ جامالىددىن ئىمكان بار ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇشقا تىرىشىپ، ــ خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ تاشكەنتتىكى رەئىيەتنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلاي، قايتىشىمغا ئىجازەت بەرگەيلا ئالىيلىرى.

شەيخ جامالىددىن لەشكەرلىرىنى شەھەر سىرتىدا قالدۇرۇپ، خان بىلەن سەمەرقەنتكە كىرىشتىن خۇدۇكسىرەپ قالغانىدى. ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن كۆڭلىدىكى ئەندىشىسىنى بىلىۋالغان ئەبۇسەئىد مىرزا ئارتۇقچە ھۆسلە قىلىپ تۇتۇپ قېلىشنى خالىمىدى.

«ئۇنىڭ گۇناھىدىن كەچتىم، لېكىن كۆڭلى يەنىلا خاتىرجەم ئەمەس، بوپتۇ، ئىجازەت بەرسەم بېرەي، تولۇق خاتىرجەم بولسۇن، كۆرسەتكەن شەپقىتىمنى بىلسە، بۇنىڭدىن كېيىن ئالا كۆڭۈللۈك قىلماس. ئۇنى جازالاش، ئۆلۈمگە بۇيرۇش شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ماڭا ھېچگەپ ئەمەس، لېكىن مۇشۇ سەۋەب بىلەن تاشكەنتتە تەپرىقىچىلىك كۆتۈرۈلۈپ قالسا ياخشى بولمايدۇ، ئۇنىڭ تاشكەنتتە ھەقىقەتەن يىلتىزى چوڭقۇر...»

— ئۇنداق بولسا جانابى ئەمىر ئاق يوللۇق بولسۇن.

سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئاسانلا ئىجازەت بەرگەنلىكىنى كۆرگەن شەيخ جامالىددىن بىر تەرەپتىن خۇش بولسا، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغانلىقىدىن، ياخشى كۆڭلىدىن زىيادە گۇمانلىنىپ كەتكەنلىكىدىن خىجىل بولدى. ھەئە، ئەبۇسەئىد مىرزا نىيىتىنى بۇزغان بولسا، ئۇنى شەھەرگە ئەكىرمەيمۇ ئۆلۈمگە بۇيرۇيالايتتى، ئەمما شۇ تاپتا مۇھەممەد جوگى باشلاپ كەلگەن دەشتى قىپچاق لەشكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلغىنى بىلەن ھۇسەيىن بايقارا تېخىچىلا نىيىتىدىن يانمىغانىدى. ئەڭ مۇھىمى، ھىراتتىكى ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزا تېخىچىلا تەۋرىنىپ تۇراتتى. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا شەيخ جامالىددىننىڭ مۇشۇ گۇناھى ئۈچۈن ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇسا، ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزىنىڭ ئىشەنچىدىن تولۇق ئايرىلىپ قالاتتى، ئۇلا ئەمەس، باشقا ئەمىرلەرمۇ ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قالاتتى.

سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا شەيخ جامالىددىننىڭ تۆھپىسىنى تارتۇقلاش ئۈچۈن، ئۇلجا ئېلىنغان ئاتلاردىن مىڭ تۇياق ئاتنى ئېگەر ـ جابدۇقلىرى بىلەن ئۇنىڭغا ئىنئام قىلدى.



www.uyghurkitap.com

ــ ئادالەتپاناھىمنىڭ ئىلتىپاتىغا مىڭ ـ مىڭ تەسەننا، ــ دېدى يۈرىكى تولۇق جايىغا چۈشكەن شەيخ جامالىددىن ھاياجانلانغان ھالدا، ــ بۇ شەپقەتلىرىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن.

شەيخ جامالىددىن بىلەن ئادەتتىكىچە سالاملاشقان يۇنۇسخان بىر چەتتە مەغرۇر قاراپ تۇراتتى. شۇ دەقىقىدە ئۇ سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ تەدبىرلىكلىكىگە قايىل بولۇپ قالغانىدى.

«دۈشمەننى دوستقا ئايلاندۇرۇش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ، شەيخ جامالىددىن ئەمدى ئەبۇسەئىد مىرزىغا بىر ئۆمۈر ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىدۇ. مانا بۇنى كاتتا پەزىلەت، كاتتا تەدبىر دېيىمىز. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ھەقىقەتەن بۈيۈك ھۆكۈمران بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەن.»

ئەبۇسەئىد مىرزا يۇنۇسخان بىلەن شەيخ جامالىددىننى كۆرۈشتۈرۈپ ئارىدىكى ئاداۋەتنى يۇيۇۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ بولۇپ يەنە توختاپ قالدى. ئۇ شەيخ جامالىددىننىڭ ھاكاۋۇر، مەنمەنچى ئادەم ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى.

«ماڭا يۈز كېلەلمەي خانزادە ئائىلىرى بىلەن كۆرۈشكىنى بىلەن، چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈرمەسە بىكار. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە كونا خامانىنى سورۇپ ئولتۇرۇش ئەپسىز، شەيخ جامالىددىنمۇ ئوڭايسىزلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، بوپتۇ، يەنە بىر پۇرسىتى كېلىپ قالار.»

شەيخ جامالىددىن يۇنۇسخاننىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزىنى ئىمكان بار ئەپقېچىپ تۇراتتى.

«ھەممە ئىشنى بۇزغان سەن موغۇل. ئاشۇ چاغدا تاشكەنت شەھىرىگە سائىللاردەك كىرگىنىڭدە نەزەربەند قىلغان بولسام بولۇپتىكەن، ئەس ـ يادى ھۇسەيىن بايقارا بىلەن بولۇپ كەتكەن ئەبۇسەئىد مىرزا ساڭا كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋاقىت چىقىرالمايتتى ئەمەسمۇ، شۇنداق قىلغان بولسام بۈگۈنكى كۈندە ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا ئەمەس، مەن ئۇنىڭ ئالدىدا گىدىيىپ تۇراتتىم، ھەقىقەتەن

uyghurkitap.com www. ئۇيغۇر كىتاب تورى

جىگىرىڭ، ساداقىتىڭ بار ئىكەن يۇنۇسخان، دوستلۇقىنى ۋايىغا يەتكۈزدۈڭ.»

— مۇشۇ يەردە خوشلىشايلى، — دېدى ئەبۇسەئىد مىرزا شەيخ جامالىددىننىڭ خىيالىنى بۆلۈپ، — تاشكەنتتىكى ئەلكۈنگە سالامىمىزنى يەتكۈزگەيلا.

— ئىنشائاللاھ، — دېدى شەيخ جامالىددىن.

ئەبۇسەئىد مىرزا شەيخ جامالىددىننى يولغا سېلىۋېتىپ يۇنۇسخان بىلەن شەھەرگە كىرىپ كەتتى.

※ ※ ※

— مۇھەممەد جۇگىنى قانداق قىلاي دەيدىلا ئالىيلىرى؟ — سورىدى داستىخاندا غىزالىنىپ ئولتۇرغان يۇنۇسخان ئەبۇسەئىد مىرزىغا قاراپ.

— ئۇل بەدرەكنى شاھرۇخىيە قەلئەسىگە بىر ئۆمۈر بەند قىلىپ قويماقچىمەن.

— توغرا ئويلاپتىلا، — دېدى يۇنۇسخان قايىللىق بىلەن، — ئۇنىڭ ئەمدى ئانھەزرىتىم بىلەن قارشىلاشقۇدەك ھالى قالمىدى.

— شۇنداق. ئەمدى قانداق قىلىدىكىن كۆرۈپ باقاي، كارامىتى بولسا قانات ياساپ ئۇچۇپ كەتسۇن، بولمىسا سەلتەنەتىمنى ئېتىراپ قىلىپ ئايىغىمغا باش قويمىغۇچە ئاشۇنداق قامالدا ياشايدۇ.

يۇنۇسخان سەمەرقەنتتە بىر ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن، سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا يوللۇق تۇتقان ئىككى مىڭ ئات ۋە يۈز تۆگىلىك سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ يەتتەكەنتكە قايتىپ كەتتى. مۇشۇ قېتىملىق جەڭ بىلەن بۇ ئىككى ھۆكۈمدارنىڭ دوستلۇقى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەنىدى. ئۇلار قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.

## 59

مىلادىيە 1462 ـ يىلى، كۆكلەم پەسلى.
ئەتىيازنىڭ يېقىمسىز غۇر ـ غۇر شامىلى جاننى قاقشىتاتتى. موغۇلىستاننىڭ پايتەختى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئاسمىنىنى قاپلىغان قوغۇشۇن رەڭلىك بۇلۇتلار گويا سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ ئۆلۈمىگە ھازا ئاچقاندەك ياش تۆكۈۋاتاتتى. ئىككى كۈندىن بېرى يېغىۋاتقان سىم ـ سىم يامغۇر گاھى ـ گاھىدا قارغىمۇ ئايلىنىپ قالاتتى. ھەئە، ئاقسۇ شەھىرىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئۇيغۇر ئېلى مۇسىبەت قايغۇسىغا چۆمگەنىدى. ئوردىدىن كۆتۈرۈلگەن ھازا قوشاقلىرى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە ئاڭلىناتتى. خوتۇنبازلىق، شارابخورلۇقتىن تاپقان ئېغىر كېسەل ئاخىرى سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ بېشىغا چىققانىدى، ئاقسۇ شەھىرىدىن چىقىپ تۆت تەرەپكە چاپقان چاپارمەنلەر ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇرغىنىچە ئۆتەڭ ـ لەڭگەرلەردە ئات ئالماشتۇرغاچ ئەل ـ يۇرتقا مۇسىبەت جاكارلايتتى. ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەر، تۈمەنلەرنىڭ بەگلىرىگە خاننىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزەتتى.
سۇلتان ئىسان بۇغاخان قازا قىلىپ ئىككى ئاي بولغاندا پۈتكۈل موغۇلىستان تەۋەسىدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت ـ تۈمەنلەرنىڭ ئەمىر ـ بەگلىرى ئاقسۇغا تولۇق جەم بولدى. مۇسىبەت قايغۇسىغا چۆمگەن بۇ ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ كۆڭلى سۇنۇق، چىرايلىرى قايغۇلۇق ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، دادىسىنىڭ تەختىگە چىققان خانزادە دوستمۇھەممەدخان تولىمۇ خۇشال كۆرۈنەتتى. گەرچە مەرھۇم سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ قارىسى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ھەرقايسى كوچا ـ رەستىلىرىگە، مەسچىت ـ خانىقالىرىغا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

يوغان داش قازانلار ئېسىلىپ، ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە پولۇ دەم-لىنىپ، بارلىق شەھەر خەلقىگە ئاش تارتىلىپ تولىمۇ ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن خانزادە دوستمۇھەممەدخان بۇ قارا ئۆتكۈش مۇراسىمىنى ئۆزىنىڭ تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى تەبرىكلەش، تەنتەنە قىلىش مۇراسىمىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. كوچا ـ رەستىلەردە كىشىلەر نەزىر ئىشىغا داخىل بولۇپ، مەر-ھۇم خاننىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ، بەللىرىگە قارىلىق باغلاپ مۇ-سىبەتتە يۈرگىنى بىلەن، ئوردىدا دوستمۇھەممەدخان شاھانە داستىخان راسلاپ، تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەرنى تەييارلاتقۇزۇپ، ئە-مىر ـ بەگلەرنى شارابقا زورلاۋاتاتتى، ئۆزى خېلىلا ئىچىۋالغان بولۇپ، ئوبدانلا كەيپ ئىدى. بىر قىسىم ئەمىرلەر يېڭى خانغا ياخشىچاق بولۇش، كۆڭلىگە يېقىش ئۈچۈن ئالدىقاچان شارابقا ئېغىز تېگىشكەنىدى. يەنە بىر قىسىم ئەمىرلەر باشلىرىنى تۆۋەن سالغىنىچە تۈرلۈك باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىشىپ شاراب پې-يالىسىگە قوللىرىنى ئۇزاتماي ئولتۇرۇشاتتى. شەيخۇلئىسلام مەۋلانە تاجىددىننىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. دوستمۇھەم-مەدخان ھېچكىمنىڭ داستىخاندىن ئۆز ئىختىيارىچە ئايرىلىشىغا ئىجازەت بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، قىسمەنلەر خالىمىسىمۇ بۇ شارابىبازلىق سورۇنىدا ئىلاجسىز ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. سورۇننىڭ تازا جانلانمايۋاتقانلىقىنى سەزگەن دوستمۇھەممەدخان شاراب توشتۇرۇلغان ئالتۇن جامنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ سۆزلە-دى:

ــ بىز ھەممىمىز ئاللاھنىڭ ئىلكىدىمىز، يەنە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز. دېمەكچىمەنكى، ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆل-گىلى بولماس، تىرىكلىك ئەلادۇر. جەننەتماكان پەدەرۇ بۇزرۇكە-مىز بولمىش مەرھۇم خان ئالىيلىرى شارابقا، بەزمىگە تولىمۇ خۇشتار كىشى ئىدى. قازارەن ياراتقان ئىگىسىنىڭ دەرگاھىغا سە-پەر قىلدى، بىزمۇ ھامان ئۆلۈپ كېتىمىز. ھېلىمۇ ئىككى ئايدىن بېرى مۇسىبەتتە تۇرغىنىمىز يېتەر. قائىدە بويىچە قارىلىق قى-

رىق كۈن تۇتۇلاتتى، يىراقتىكى ئەمىر ـ بەگلەرنى ساقلاپ يىـ گىرمە كۈن ئارتۇق قارىلىق تۇتتۇق. يىغا يىغىنى كەلتۈرەر، قارا قارىنى چىللار دېگەن گەپ بار، ئەمدى قارىلىق، مۇسىبەت ئا ـ خىرلاشقاي. بول سەلتەنەتنىڭ تاجۇ تەختى ماڭا قارار تاپتى. دې ـ مەكلىك، بۇمۇ ئەل ـ يۇرتنىڭ، تەخت ـ سەلتەنەتنىڭ بەختى. بەخت دېمەكلىك خۇشاللىق دېمەكتۇر، خۇشاللىق بەزمىگە قې ـ تىلسا ئاندىن ماقامىغا يېتەر. جانابى ئەمىرلەر قېنى قوللىرىغا شاراب كاسىلىرىنى ئېلىشسىلا، بۇ مېنىڭ تەختتە ئولتۇرغىنىم ـ نى قۇتلۇقلىغانلىرى بولۇپ قالسۇن.

ئەمىرلەر خاننىڭ غەزەپ قىلىشىدىن قورقۇپ بىر ـ بىرىگە يەر تېگىدىن قارىشىۋالغىنىچە شاراب پىيالىلىرىنى ئېلىشقا مەج ـ بۇر بولدى. ھەئە، كىچىكىدىن دېگىنىنى قىلىپ كۆنگەن، بىشەم، ئازازۇل، بەتخۇي چوڭ بولغان دوستمۇھەممەدخاننىڭ خۇي ـ پەي ـ لىنى ئوبدان چۈشىنىدىغان بۇ ئەمىرلەر ئۇنىڭ پەرمانىغا قارشى ئىككى ئېغىز سۆز قىلىشقا پېتىنالمايۋاتاتتى.

— جانابى قىبلىگاھىمىزغا مەلۇم بولغاي، — دېدى سانىز مىرزا دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئەلۋەتتە قۇدرەتلىك پاناھگاھى ـ مىزنىڭ بۈيۈك تەسەررۇپىمىزنىڭ سەلتەنەت تىزگىنىنى قولىغا ئالغىنىنى، تەخت ـ سەلتەنەتتە ئولتۇرۇپ ئەل ـ يۇرتقا سايىۋەن بولغىنىنى قۇتلۇقلاشقا تېگىشلىك ئىدى، ئەمما شەپقەتلىك مەر ـ ھۇم خان ئالىيلىرىنىڭ قازا قىلغىنىغا تېخى ئاران ئاتمىش كۈن بولدى. ئەل ـ يۇرتنىڭ قايغۇسى بېسىلغىنى، ئۇلار ئۇچىسىدىكى مۇسىبەت تونلىرىنى يەشكىنى يوق. مۇشۇنداق ۋاقىتتا بەزمە ـ شارابتىن يىراقراق تۇرۇپ جەننەتماكان ئالەمپاناھىمىزنىڭ پاك روھىناتلىرىغا ئاتاپ دۇرۇت ـ ئىستىغپار ئوقۇشىمىز تولىمۇ زۆ ـ رۈر. مۇمكىن بولسا جانابى ئانەزرىتىمىزنىڭ بىر مەزگىل بەز ـ مە ـ شارابتىن پارىغ بولۇشلىرىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ياقتۇرمىغاننى قىلىپ چىرايىنى پۈرۈشتۈردى، سانىز مىرزىغا نارازىلىق بىلەن قارىدى. شۇ دەقى ـ

قىدە سانىز مىرزىدىن باشقا ئادەم بۇ گەپنى قىلغان بولسا، گەپ ـ سۆزسىز كاللىسىدىن ئايرىلغان بولاتتى. كىچىكىدىن ئۆز بىـ شىمچى چوڭ بولغان دوستمۇھەممەدخان تولىمۇ تەلۋە ئىدى. ئىلـ گىرىمۇ ئورۇنسىز بۇيرۇق، تەلەپلىرىگە سەل ـ پەللا ئېتىراز بىلدۈرگەن، نەسىھەت قىلغان بەگ ئەتكە، كۆكۈلداش، نۆكەر، خىزمەتكارلىرىنى يەڭگىلرەك بولغاندا پالاق ـ دەررىگە تارتقۇزۇپ پۇت ـ قوللىرىنى چاقتۇرۇۋېتەتتى، ئېغىر بولغاندا دەرھال ئۆ ـ لۈمگە بۇيرۇپ كاللىسىنى ئالدۇراتتى. شۇ سەۋەبتىن ئوردىدىكى چوڭ ـ كىچىك ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن يالما ـ ۋۇزدىن قاچقاندەك قاچاتتى، ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، نېمە دېسە «لەببەي» دەپ تۇراتتى. ئۇ پەقەت دادىسى سۇلتان ئىسان بۇغاخاندىنلا ھېيىقاتتى. ھەتتا گاھىدا دادىسىغىمۇ ياناتتى. ئاند ـ ىسغا پەقەتلا ئىتائەت قىلمايتتى، سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئۇنى ئارزۇلۇق بىرلا ئوغلۇم دەپ رايىغا بېرىپ ئاشۇنداق يامان ئۆگە ـ تىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ بۇ يامان خۇيىنى ئوبدان بىلىدىغان ئە ـ مىرلەر گەپ قىلماي تۇرۇۋېلىشقانىدى، شۇ تاپتا ئاكىسى سانىز مىرزىنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرىگەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ يۈرىكى سېلىپ، ۋۇجۇدىنى قارا تەر باسقانىدى.

ــ خان ـ سۇلتانلار ئاللاھنىڭ يەر يۈزىدىكى سايىسىدۇر، خاننىڭ ئەمرىنى تۇتماقلىق ۋاجىپ، ــ دېدى دوستمۇھەممەدخان ئۆزىگە ھاي بەرگەن ھالدا چوڭچىلىق بىلەن، ئاندىن شەيخۇل ـ ئىسلام مەۋلانە تاجىددىنغا قاراپ سورىدى، ــ قانداق دېدىم ھەز ـ رىتىم؟

ــ بەرھەق، پادشاھنىڭ ئەمرىنى تۇتماقلىق ئەلۋەتتە ۋاجىپ، بىز قىبلىگاھىمىزنىڭ ئاتقان ئوقلىرىمىز، لېكىن..

ــ مانا، پەتىۋا دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ، ــ دېدى دوستمۇ ـ ھەممەدخان شەيخۇلئىسلام مەۋلانە تاجىددىننىڭ گېپىنى بۆلۈپ، ــ شول تاپتا مۇسىبەتنى باھانە قىلىپ بىئارام بولۇشنىڭ نېمە ھا ـ جىتى، جانابى ئەمىرلەر زىنھار ئىككىلەنمىسۇنلار. بۇيرۇلغۇچى

ئۆزرىلىك، قىلىنغان ئىش مۇقەررەر، دېگەن گەپنى ھەممىلىرى بىلىشلىغۇ دەيمەن، بۇ ھەرقانداق چەكلەش زۆرۈرىيەتكە يول قويدۇ دېگەن ئېتىبارلىق سۆزدۇر، شۇڭا مەرھۇم پەدەرۇ بۇزرۇكنىڭ مۇسىبەت تەزىيىسىدىن بىزلەركىم بۈيۈك سەلتەنەت تاجدارنىڭ تەختتە ئولتۇرغىنىنى قۇتلۇقلاش ئەلۋەتتە زۆرۈرىيەتتۇر. شەيخۇلئىسلام ھەزرەتلىرىنى بىزلەركىم تەخت ساھىبىنى ئەڭ ئاۋۋال قۇتلۇقلايدۇ دېگەن ئۈمىدتىمەن.

شەيخۇلئىسلام مەۋلانە تاجىددىن تىترەپ كەتتى.

ــ ئالەمپاناھىمىزغا تاجۇ دۆلەت قۇتلۇق بولغاي، ــ دېدى ئاۋازىنى ئۈنلۈك چىقىرىشقا تىرىشىپ.

تۇيۇقسىز دوستمۇھەممەدخاننىڭ كاللىسىغا شەيخۇلئىسلام مەۋلانە تاجىددىنغا شاراب ئىچكۈزۈش ئارقىلىق باشقا ئەمىرلەرگە ئۆزىنىڭ شاھلىق سۈر ـ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ قويۇش خىيالى كەلدى. ھەئە، ئەزەلدىن كاللىسىغا نېمە كەلسە شۇنى قىلىپ كۆنۈپ قالغان دوستمۇھەممەدخاننىڭ ۋۇجۇدىغا شەيتان ۋەسۋەسە سېلىۋاتاتتى. بۇ خىيال ئۇنىڭغا تولىمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلدى.

ــ جانابى شەيخۇلئىسلامغا شاراب بېرىلسۇن، ــ دېدى دوستمۇھەممەدخان.

باش ساقىي بىر دەقىقە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن بوش كاسىدىن بىرىگە لىق شاراب قۇيۇپ مەۋلانە تاجىددىنغا تۇتتى.

كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ قەشقەر، بۇخارادا ئىلىم تەھسىل قىلغان، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قەشقەردىكى ساچىيە مەدرىسەسىدە مۇدەررىسلىك قىلىپ نۇرغۇنلىغان تالىپى ئىلىملەرنى تەربىيىلىگەن مەۋلانە تاجىددىننىڭ نامى موغۇلىستاندىلا ئەمەس، بۇخارا، سەمەرقەنت، ئەندىجانلاردىمۇ مەشھۇر ئىدى. مەرھۇم سەييىدئەلى ئالىپ پايىتەختنى تورپاندىن ئاقسۇغا يۆتكەپ كېلىپ سۇلتان ئىسان بۇغاخاننى ئاقسۇ تەختگاھىدا ئولتۇرغۇزغاندا، ئۇ مەۋلانە تاجىددىننى ئوردىنىڭ شەيخۇلئىسلاملىقىغا تەۋسىيە قىل-

غاندى، بۇنىڭدا ئۇ ئاساسلىق سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىش، سەلتەنەتنى شەرىئەت قانۇنلىرى بىلەن باشقۇرۇش ھەمدە ئۇنىڭ ئىخلاسمەن ئىسلام مۇرىتى بولۇپ يېتىلىشىپ چىقىشىنى كۆزدە تۇتقانىدى. گەرچە سۇلتان ئىسان بۇغاخان شارابخورلۇقتىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەن بولسىمۇ، شەيخۇلئىسلام مەۋلانە تاجىددىنغا ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىپ، دىنىي مەسىلىلەردە ئۇنىڭ پەتىۋا ـ ھۆكۈملىرى بويىچە ئىش تۇتۇپ كەلگەنىدى. شۇڭا ئوردىدىكى چوڭ ـ كىچىك ئەمىرلەردىن تارتىپ ئادەتتىكى مۇلازىملارغىچە مەۋلانە تاجىددىندىن ئالاھىدە تەپ تارتاتتى، ئۇنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتۈشكە پېتىنالمايتتى. سۇلتان ئىسان بۇغاخانمۇ كۈن ئارىلاپ بامدات نامازلىرىنى ئۇنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئۆتەيتتى.

شەيخۇلئىسلام ھاقارەتلەنگەندەك ھېس قىلدى، ئۆزىنى غۇرۇرى پايخان بولغاندەك سەزدى، قىيامەت قايىم بولغاندەك، گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان دوزاخ ئوتىغا تاشلىنىش ئالدىدا تۇرغاندەك تۇيغۇغا كەلدى، كۆزىگە مۆللىدە ياش ئالدى.

— كەچۈرسىلە قىبلىگاھىم، كەمىنىلىرى ئەزەلدىن مەي ـ شاراب ئىچمەيمەن.

دوستمۇھەممەدخاننىڭ چىرايىنى بىردىنلا غەزەپ بۇلۇتلىرى قاپلىدى، يۈرىكىدە خىرىس قىلىپ تۇرغان مۇدھىش بىر مەخلۇق قوزغىلىشقا باشلىدى، كۆزلىرىگە قان تولدى.

— بابا پادىشاھ ئەمرىنى تۇتماقلىق ۋاجىپ دېگەن پەتىۋانى ئۆزلىرى بەرگەنغۇ دەيمەن ھەزرىتىم؟!

مەۋلانە تاجىددىن بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— شۇنداق ئالىيلىرى، بىراق شەرىئەت ئەھكاملىرىغا يات ھەرقانداق ئەمىر ـ پەرمان باتىلدۇر. بۇ ئېغىر گۇناھ قىبلىگاھىم.

تەختتە ئولتۇرا ـ ئولتۇرمايلا ئەمىرلىرىنىڭ ئالدىدا مات بولۇشنى ئۆزىنىڭ سۇلتانلىق سەلتەنەتىگە ھاقارەت ھېسابلىغان

دوستمۇھەممەدخاننىڭ تەلۋىلىكى تۇتقانىدى. شۇ تاپتا ئۇ شەيخۇل ـ ئىسلامغا پەرمانىنى ئۆتكۈزەلمىسە باشقا ئەمىرلەرنىڭ ئالدىدا يۈز ـ ئابرۇيى تۆكۈلىدىغاندەك، ئۇلار ئۆزىنى كۆزگە ئىلمايدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدى.

«بۈگۈن ئۇنىڭغا بىر قەدەھ شارابنى ئىچسىمۇ ئىچكۈزىمەن، ئىچمىسىمۇ ئىچكۈزىمەن. مېنى كىچىك، سەلتەنەت تىزگىنىنى تۇتۇپ ئولتۇرالمايدۇ، دەپ كۆزگە ئىلمىغانلارغا كۆرسىتىپ قويىمەن. ھازىردىن باشلاپ پەرمانىمغا سەركەشلىك قىلىدىغانلار چىققىلى تۇرسا، ئەتە ـ ئۆگۈن قانداق قىلىمەن؟...»

— پەرمانىمغا سەركەشلىك قىلماقچىمۇ سىلى؟

مەۋلانە تاجىددىن موككىدە تىزلىنىپ يالۋۇردى:

— كەمىنە قۇللىرىنى بۇ گۇناھقا زورلىمىسىلا ئالىيلىرى، سىلىدىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازى بولۇپ كېتەي. مۇشۇ قىلغان شەپقەتلىرى ئۈچۈن ھەققىلىرىگە ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە دۇئا قىلاي.

— تولا تىكلەشمىسىلە. ھۆرمەت شارابى ئىچمىسىلە، جازا شارابى ئىچىدىلا.

ئۆزىنى تۇتۇۋالغاندەك كۆرۈنىدىغان دوستمۇھەممەدخاننىڭ سۆزلىرىدە ئېغىر تەئەددى بار ئىدى. سورۇندا ئولتۇرۇۋاتقان ئەمىرلەرنىڭ يۈرەكلىرى ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن سېلىپ كەتتى. شۇ تاپتا ھەممىسى باشلىرىدا ئەجەل قۇشى ئەگىۋاتقاندەك ھېس قىلىشاتتى. شۇڭا ھېچكىم ئارىغا چۈشۈپ سالا قىلىشقا پېتىنالمىدى.

شۇنچە يېلىنىشلىرىنىڭ خانغا كار قىلمايۋاتقانلىقىنى سەزگەن مەۋلانە تاجىددىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى، ۋۇجۇدىدا قايتىدىن غۇرۇر پەيدا بولدى، دەس ئورنىدىن تۇرۇپ قول باغلىدى.

— كەمىنىلىرىنىڭ بۇ ئەرزىمەس بېشى ئەلۋەتتە خان ئالىيلىرىنىڭ ئىلكىدە، ئەمما يەنىلا شەپقەتلىرىدىن ئۈمىدۋارمەن. ئاللاھ ئىگەمدىن دىللىرىغا ئىنساب، تەۋپىق تىلەيمەن. شۇنچە يىل قىلغان تائەت ـ ئىبادىتىمنى ئول بىر قەدەھ شارابقا زىنھار تې ـ

uyghurkitap.com

گىشمەيمەن، خالىغانلىرىنى قىلىسىلا.

شەيخۇلئىسلامنىڭ شارابنى قەتئىي ئىچمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن سۇلتان دوستمۇھەممەدخان غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— مىرغەزەپ!

— لەببەي قۇدرەتلىك شاھىم، قىلىچلىرىمىز قانسىرىغان! — دېدى مىرغەزەپ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ.

— مۇنۇ خان پەرمانىغا سەركەشلىك قىلغان گۇناھكارنىڭ كاللىسىنى ئال!

مىرغەزەپنىڭ كۆز ئىشارىسى بىلەن ئىككى جاللات يۈگۈرۈپ كېلىپ، مەۋلانە تاجىددىنغا خۇددى سار چۈجىگە ئېتىلغاندەك ئېتىلدى، ئىككى قولتۇقىدىن تۇتۇپ دارقىرىتىپ سۆرەپ ماڭدى.

— ئاھ قۇدرەتلىك ئىگەم، ئالدىڭدا بىلىپ ـ بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن، ئىنايىتىڭنى سېغىنىمەن پەرۋەردىگار...

مەۋلانە تاجىددىنىنىڭ ئېچىنىشلىق نالىسىدىن بارچە ئەمىرلەرنىڭ ۋۇجۇدى قاتتىق سىلكىندى. لېكىن ھېچقايسىسى دوستمۇھەممەدخاندىن ئۇنى تىلەشكە جۈرئەت قىلالمىدى. گويا بارلىق ھاياتلىق توختاپ قالغاندەك ئارىنى ئېغىر سۈكۈنات باستى.

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئەمىرلىرىگە دەھشەت سېلىپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ تۇرۇپ دېدى:

— خوش، ئەمدى جانابى ئەمىرلەرنى شاراب ئىچىشكە زورلىمايمەن.

ئەمىرلەر قوللىرىغا شاراب تولدۇرۇلغان قەدەھلەرنى ئالغىنىچە گۈررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ھەئە، سانىز مىرزىمۇ شاراب كاسىسىنى قولىغا ئالغانىدى. قەدەھ تۇتقان قوللىرى سېزىلەرلىك تىترەيتتى.

— ئانھەزرىتىمگە تاجۇ تەخت مۇبارەك بولغاي!

— پاناھگاھىمىز شاپائەت تەختىنىڭ سۇلتانىدۇر!

— قىبلىگاھىمىز ئادالەت مەيداندا يېگانە چەۋەندازدۇر.

— ئادالەتپاناھىمىزنىڭ تاجۇ تەختىگە بەرقارار بولۇشى ئەل ـ يۇرتنىڭ بەختىدۇر.

— ...

يامغۇردەك يېغىۋاتقان مەدھىيە، خۇشامەت سۆزلىرى سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ غەزىپىنى قايتۇردى، چىرايىغا سۇس كۈلكە يۈگۈرتۈپ تەبەسسۇم قىلدى. شۇ تاپتا ساقىيلار كاسا ـ قەدەھلەرگە شاراب قۇيۇپ ئۈلگۈرتەلمەيۋاتاتتى. ئەمىرلەر خۇددى بەسلەشكەندەك شاراب ئىچىشىۋاتاتتى.

شاراب تەسىرىدە كەيپى كۆتۈرۈلۈپ غەرق مەست بولغان سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئوردا سازەندىلىرىنى توۋلىتىپ بەزمىنى مەشرەپكە ئايلاندۇردى. ئوردا رەققاسلىرى شوخ پەدىلەرگە ماسلاشتۇرۇپ قاش ئېتىپ، كۆز قىسىپ كۆكرەكلىرىنى لىغىرلىتىپ، بويۇن، كاسىلىرىنى ئوينىتىپ خۇلق چىقارغىنىچە ئۇسسۇل ئويناشماقتا ئىدى. دادىسىنىڭ ھازىسىدا بەزمە ـ مەشرەپ قىلىشتەك ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان بىمەنە ئىش ئاقسۇ دىيارىدا — موغۇلىستان خانلىقىنىڭ ئوردىسىدا يۈز بېرىۋاتاتتى. دوستمۇھەممەدخان تولىمۇ خۇشال ئىدى. يېڭى ـ يېڭى قىلىقلارنى چىقىرىپ بەزمىنى قىزىتاتتى. ئەمىرلەرنى ھېلى ئۇسسۇل ئويناشقا مەجبۇرلىسا، ھېلى ھەرخىل ئويۇنلارغا تەشكىللەيتتى. ئەمىرلەرنىڭ كالامپاي ھەرىكەتلىرىدىن، غەلىتە قىلىقلىرىدىن زوقلىنىپ كۈلەتتى، بەزمە ئاخىرلاشقاندا ئەمىرلەر غەرق مەست بولۇپ كەتكەندى.

※ ※ ※

— بۇ قانداق قىلىق ئەمدى، — دېدى ئەتىسى ئەتىگەندە ئىنىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىلەن بىللە ناشتىغا ئولتۇرغان سانىز مىرزا رەنجىپ، — تۈنۈگۈنكى ئىش بىر ئەلنىڭ تاجدارى

www.ughurkitap.com

قىلىدىغان قىلىقمۇ؟ ئۇنىڭدىن ئۇچ ــ تۆت ياشلىق بالىنىڭ قىلىقى ئەدەپلىكرەك ئىدى. خان خانغا، سەلتەنەت سەلتەنەتكە ئوخشىماي قېلىۋاتىدۇ، خان ئالىيلىرى بۇ بەتخۇيىنى تاشلىمايدىغان بولسا، ئابا ــ ئەجدادلىرىمىز يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ تىكلىگەن سەلتەنەت ئالتە كۈندىلا خاراب بولىدۇ.

ــ خان ئالىيلىرى تېخى كىچىك، ئىشنىڭ يولىنى تازا بىلىپ كەتمەيدۇ...

ــ يىگىرمە ياشنىڭ قارىسىنى ئالاي دەپ قالغان، بىر بالىغا ئاتا بولغان ئادەمنى قانداقمۇ كىچىك دېگىلى بولسۇن قەدىرلىك ئىنىم؟ ــ دېدى سانىز مىرزا ئىنىسىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ــ شاراب ئىچمىگىنى ئۇچۇنلا پەرمانىمغا سەركەشلىك قىلدى دەپ ھەزرىتى شەيخۇلئىسلامنىڭ كاللىسىنى ئالدى، شاراب ئىچىش ئەلۋەتتە شەرىئەت ئەھكاملىرىغا خىلاپ. مەۋلانە تاجىددىندەك دىن پېشۋاسىنى مۇشۇنداق گۇناھلىق ئىشقا بىلىپ تۇرۇپ زورلىدى، بۇ دېگەن دىنىي ئىسلامىمىزنى ئاياغ ئاستى قىلغانلىق. ماقۇل، خاننىڭ شاراب ئىچىشىنىغۇ توسۇغىلى بولمايدۇ، ئەمما ئۆزى ئىچكەننى ئاز دەپ باشقىلارنى زورلىسا قانداق بولىدۇ؟ ھەرقانچە خۇمارى تۇتسىمۇ مۇسىبەت مەزگىلىدە شاراب ئىچمەسلىكى، بەزمە قىلماسلىقى كېرەك ئىدىغۇ. ئاخشام ئوردىدا نەزىر ئەمەس، توي بولدى توي!

سانىز مىرزا قاتتىق رەنجىگەن، ئۇمىدسىزلەنگەنىدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا يا ئاكىسىنىڭ رەنجىشىگە ھەمنەپەس بولالماي، ياكى قېيىنئاغىسى بولمىش سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننى ئاقلىيالماي تەڭقىسلىقتا قالغانىدى.

ھەئە، سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ بۇ بىمەنە قىلىقى تېخى ئاخشام بولغان ئىش ئەمەس ئىدى. دادىسىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغان بۇ ئىككى ئايدىن بېرى كۈندە شاراب ئىچىپ، تۇتامسىز پەرمانلارنى چۈشۈرۈپ، كىملەرنىدۇر ئورۇنسىز جازالاپ، خېلى كۆپ ئەمىرلەرنى رەنجىتكەن، يۈرەكئالدى قىلىۋەتكەنىدى. ئەمىر-

لەر ئاغزىدىن ئاشكارا چىقىرالمىغىنى بىلەن پىتنە قىلىشاتتى. ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپمۇ ئاگلىتالماي قاتتىق رەنجىگەن خانىش ئايىپىرى خېنىم سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ قىرقى توشمايلا يا ـ مانلىغان ھېسابتا تۇرپانغا كەتكەنىدى. ئانىسىنىڭ يامانلاپ كېتىد ـ شىمۇ دوستمۇھەممەدخانغا پەقەتلا تەسىر قىلمىغانىدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۇنىڭ خاتا قىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، ئەمما ئاشۇ نارازى بولغان ئەمىرلەرگە قوشۇلۇپ پىتنە قىلىشىپ بەرسە، غەيۋەت ـ شىكايەتكە ھەمدەم بولسا، ئۇزاق ئۆتمەي ئوردىدا بۆلۈ ـ نۈش كېلىپ چىقاتتى، سەلتەنەتنىڭ ئۇلى تەۋرەيتتى، بۇنىڭ ئا ـ قىۋىتى بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. شۇڭا ئۇ دادىسى سەيىدئەلى ئالپقا ئوخشاش مەيلى خان قانچىلىك خاتالىق ئۆتكۈزسۇن، تەخت ـ سەلتەنەتكە بولغان ساداقىتىدىن ۋاز كەچمەسلىكنى، تا ـ جۇ تەختنىڭ مۇستەھكەملىكىنى قوغداشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى، ھەم ئاكىسى سانىز مىرزىنىڭمۇ شۇنداق قىلىشىنى ئۈمىد قىلات ـ تى. ئۇنىڭچە، ئاغا ـ ئىنى بىرلەشسە، دوستمۇھەممەدخانغا ئاس ـ تا ـ ئاستا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنى يامان خۇيلىرىدىن تەزدۇر ـ گىلى بولاتتى. دادىسى سەيىدئەلى ئالپمۇ ئۆز ۋاقتىدا سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ نۇرغۇن بەتخۇيلىرىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، ئۇنى بىرقانچە قېتىملىق بالا ـ قازادىن قۇتۇلدۇرۇپ سەلتەنەتنى مۇستەھكەملىگەن، خانلىق مەرتىۋىسىنى ساقلاپ قالغانىدى.

— مەرھۇم شەيخۇلئىسلام مەۋلانە تاجىددىننىڭ ئۆلۈمىگە مەنمۇ ئېچىنىمەن، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىردەم ئويـ ـ لىنىۋالغاندىن كېيىن، — ئەپسۇس، بولىدىغان ئىش بولۇپ بول ـ دى، ئەمدى بۇ ئىشلار توغرۇلۇق كۆڭلىمىزنى يېرىم قىلمايلى، خان ئالىيلىرى كىچىكىدىن ئۆز بېشىمچى كۆنۈپ قالغان، ئىشلارنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن باشلىۋالساق، ئاشۇ بەتخۇيلىد ـ رىنى تاشلاپ ئىنساب، دىيانەتكە يۈزلىنەر دەپ ئويلايمەن.

— سىلىچە راستتىنلا شۇنداق قىلغىلى بولۇرمۇ؟ ئاۋامغا

www.uyghurkitap.com

مۇسىبەت جاكارلىغىنى بىلەن ئۆزى ھەرەمدىن چىقالمايۋاتىدۇ، ۋالىدەسى خانىش ئايمىرى خېنىم تورپانغا كەتكەندىن كېيىن مەرھۇم خان ئاتىسىنىڭ ھەرەملىرىگە ئازادلىق بېرىشى، بەلكىم ئۇلارنى ئەمىر ـ بەگلەرگە نىكاھلاپ بېرىپ ساۋابقا يول ئېچىشى كېرەك ئىدى. ھەرەمدىكى مەيلى غۇنچىچە، مەيلى توقاللار بولسۇن، ھەممىسى خان ئاتىلىرىنىڭ قوما①سىدۇر. تۇل قالغان ئانىسىنى ئەرگە بېرىش ئىسلام شەرىئىتىدە كاتتا ساۋابتۇر، بىراق خان ئاتىلىرى ئۇلارنىڭ ھەرەمدىن چىقىپ كېتىشىگە ئىجازەت بەرمەپتۇ، ئاتىسىنىڭ ھەرەملىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ھەرەملىرى بىر يەردە تۇرسا سىلىچە ياخشى بولۇرمۇ؟! خان ئاتىلىرىنى ئەدەپكە قايتۇرۇشقا، پەزىلەت يولىغا سېلىشقا مېنىڭ كۆزۈم يەتمەيدۇ، ئۆزلىرىمۇ كۆردىلە، تۈنۈگۈن قىلغان ئىككى ئېغىز نەسىھەتىم ئۈچۈن شۇنداق قاتتىق رەنجىپ كەتتى. ئەگەر يەنە ئىككى قوۋۇز گەپ قىلغان بولسام مەۋلانە تاجىددىنىنىڭ ئەمەس، مېنىڭ كاللام ئېلىنغان بولاتتى. نەسىھەتىمىز ئاڭلايدىغان ئادەمگە قىلغان تۇز، نەسىھەت قىلمىز دەپ ئېغىز ئۇپراتقاننى ئاز دەپ بالاغا قالمايلى يەنە. ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭدىن يىراقراق تۇرغان ئەۋزەلدەك قىلىدۇ. مەن بۇگۈنلا ئىجازەت سوراپ ياركەنتكە قايتىمەن، مۇمكىن بولسا سىلىمۇ ۋاقتىدىراق قەشقەرگە كېتىۋالسىلا. ئوردىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى بىلگەنچە بىر تەرەپ قىلىپ باقسۇن. ئاقىللارنىڭ موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە دەيدىغان تەمسىلى بار، بۇرنىغا يېمىگىچە تۇزەلمەيدىغاندەك قىلىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە بامەسلىھەت ئىش قىلارمىز.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئاكىسىغا يەنە نەسىھەت قىلىشقا يۈزى چىدىمىدى.

سانىز مىرزا سۇلتان دوستمۇھەممەدخاندىن ئىجازەت سوراپ ياركەنتكە قايتىپ كەتتى. باشقا ئەمىرلەرمۇ چىرايلىق سۆزلەر بىلەن باھانە كۆرسىتىپ ئۆز ۋىلايەتلىرىگە قايتىشقا ئالدىرىدى.

① قوما ــ ئۆگەي ئانا.

## 60

ياركەنت دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان ئارسلانباغ قورۇقى كۆز پەسلى باشلىنىشى بىلەن باشقىچە گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. قىزىرىپ پىشقان ئالمىلار، قوش مۈشتەك ئانارلارنى شاخلىرى كۆتۈرەلمەي قالغانىدى، سارغىيىپ پىشقان بېھىلەردىن تارقالغان مەززىلىك پۇراقلار قورۇقنى بىر ئالغانىدى. خىزمەتكارلار پوستلىرى ئاجرالغان ياڭاقلارنى قېقىپ تېرىۋاتاتتى. سۇلتان دوستمۇھەممەدخاندىن كۆڭلى پۈتۈنلەي سوۋۇپ ئۈمىدسىزلىك ئىلكىدە قايتىپ كەلگەن سانىز مىرزا نېمە ئۈچۈندۇر ياركەنت شەھىرىدە تۇرغۇسى كەلمەي، دەريا بويىغا جايلاشقان مۇشۇ خىلۋەت، ھاۋالىق ئارامگاھىغا چىقىۋالغانىدى.

بۈگۈنمۇ ئۇ كۈندىكى ئادىتى بويىچە قورۇقنى مەقسەتسىز ئايلاندى، نۆكەر، مۇلازىملىرىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشىغا يول قويمىدى. ئۆزى يالغۇز خىيال سۈرگىنىچە دەريا بويىغا كېلىپ قالغىنىنى تۇيمايلا قالدى. ھازىر كەلكۈن پەسلى ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، ھۆركىرەپ نەرە تارتقىنىچە لايقىلاپ ئاقىدىغان دەريا سۈيى سوغۇلۇپ خېلىلا ياۋاشلاپ قالغان بولۇپ، سۈيىمۇ سۈزۈلۈپ قالغانىدى. زۇمرەتتەك سۈپسۈزۈك سۇلار تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلغىنىچە يېقىملىق شىلدىرلايتتى، سۇنىڭ تېگىدىكى رەڭدار تاشلار قۇياش نۇرىدا باشقىچە جۇلالايتتى. كۆز ئاپتىپى كىشىگە باشقىچە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. دەريا قىنىدىكى رەڭدار تاشلارغا خۇددى قاشتېشى ئىزدەۋاتقاندەك بىر ھازا سىنچىلاپ قاراپ تۇرغان سانىز مىرزا ھېرىپ قالدىمۇ ئەيتاۋۇر، قۇياش نۇرىدا خېلىلا ئىسسىپ قالغان قورام تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغىنىچە قارشى قىرغاققا

www.uyghurkitap.com

نەزەر تاشلىدى. دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدا پوسكام، قاغىلىق، گۇما قاتارلىق يۇرتلار بار ئىدى، بۇ يۇرتلارمۇ سانىز مىرزىنىڭ تەسەررۇپىدا ئىدى. گۇمىنىڭ ئۇ تەرىپى بولسا خوتەن ۋىلايىتىگە تەۋە ئىدى.

شۇ كۈنلەردە سانىز مىرزىنىڭ خىياللىرى زىددىيەتلىك ئىدى، نېمىدۇر بىر ئىشتا بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقاندەك تىت ــ تىت بولاتتى، ئۇلۇغ ــ كىچىك تىناتتى. ھەئە، پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى ئىلكىگە ئېلىۋالغان بىر خىيال ئۇنى ئارامسىز قىلىناتتى.

«... بۈيۈك موغۇلىستان سەلتەنەتى، قۇدرەتلىك ئۇيغۇر ئېلى ئاشۇ ئىستىبداتسىز، تەلۋە، بەتئەخلاق دوستمۇھەممەدخاننىڭ قولىدا ۋەيران بولىدىغان ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ نەزەرىدە ئەل ــ يۇرت، سەلتەنەت يوق، ئەمىرلەرنىڭ مەسلىھەتىگىمۇ، مەلۇماتىغىمۇ قۇلاق سالمايدۇ، بەزمە ــ مەشرەپ، شاراب ــ خوتۇنبازلىقتىن باشقىسىغا كۆڭلى تارتمايدۇ، مەيلى مەرتىۋىلىك ئەمىرلەر بولسۇن، مەيلى ئادەتتىكى مۇلازىم ــ خىزمەتكارلار بولسۇن، كۆزىگە سەت كۆرۈنسىلا، سەل ــ پەللا غەزىپىنى كەلتۈرسىلا كاللىسىنى خۇددى قۇشقاچنىڭ بېشىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈپ تاشلايدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقى يوق، ئوردىدىكى ئەمىرلەرنىڭ ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە يۈرىكى پوك ــ پوك، ئىمكان بار ئوردىدىن چەتلەشكە، خاننىڭ كۆزىدىن يىراق تۇرۇشقا تىرىشىدۇ، مۇشۇنداق بولۇۋېرىدىغان بولسا، ئۇلار ھامان خانغا قارشى چىقماي، ئىسيان كۆتۈرمەي قالمايدۇ. ئىنىم مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ھازىر نەدىكىن؟ قەشقەردىمىدۇ ياكى ئاقسۇدا خاننىڭ ئوردىسىدىمىدۇ؟ ئۇنىڭ جېنىغىمۇ ئۇۋال، ئۇل خۇنرىزخاننىڭ سەۋەبىدىن سەلتەنەتكە پەيدا بولۇۋاتقان يوشۇرۇن خەۋپنى سەزدىمىكىن؟ سەزگەن بولسا قانداقراق خىيالغا كەلدىكىن؟ ئۇ خانغا، سەلتەنەتكە ھەقىقەتەن ساداقەتمەن، لېكىن بىر ئادەمنىڭ ساداقىتى بىلەن سەلتەنەت ھەرگىز مۇستەھكەم تۇرمايدۇ، ئاتا ــ ئەجدادلىرىمىزنىڭ شان ــ شەرىپى، شەۋكىتىنى ساقلاپ قالىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم باش-

قىچە يول تۇتتۇشىمىز، ۋاز كېچىشكە تېگىشلىك بولسا چوقۇم ۋاز كېچىشىمىز كېرەك. دانىشمەنلەر ئەسكى بىلەن ئىسىلنىڭ كېتەر دەپتىكەن، دوستمۇھەممەدخاننى ياخشىلىققا، دىيانەتكە، پەزىلەتكە، ئادالەتكە باشلايمىز دەپ سەرپ قىلغان زېھنىمىزنى ئاشۇ سەلتەنەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن باشقا چارە ـ تەدبىرلەرگە سەرپ قىلغىنىمىز ياخشى. ئۆتمۈشۈڭگە مەنسۇپ بولغان شەرەپ بىلەن شەخسەن ئۆزۈڭگە مەنسۇپ بولغان شەرەپ ئارىسىدىكى پەرق تۈنۈگۈن بىلەن بۈگۈن ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە ئوخشايدۇ، تۈنۈگۈنكى رىزقىڭنىڭ بۈگۈنگە پايدىسى بولمىغىنىدەك، تۈنۈگۈنكى توقلۇقۇڭ-نىڭمۇ بۈگۈنكى ئاچلىققا پايدىسى يوق، دەپ ئەللامە زەمەخشەرى[1] ھەزرەتلىرى توغرا ئېيتقان. ئۆتمۈشكە تېۋىنىپ ياشاش ئىنساننى غاپىل قىلىپ قويىدۇ، ئەلۋەتتە ئۆتمۈشنى ھەرقاچان ئېسىدە ساقلاش كېرەك، ئەمما بۈگۈنى ھەم ئەتىسى ئۈچۈن غەم يېيىش كېرەك. بۈگۈنىگە باش قاتۇرمىغان، ئەتىسىگە نىشان بەلگىلىمىگەن ئىنساننىڭ ئىستىقبالى قاراڭغۇ بولىدۇ، سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ سەلتەنەتنى بىكار قىلىپ ئورنىغا تاغىسى يۇنۇسخان ئالىيلىرىنى تەختكە ئولتۇرغۇزساق قانداق بولۇر؟ مېنىڭچە بۇ ئەلۋەتتە ئاقىلانە تەدبىر. بۇيۇك سەلتەنەتنى گۇمرانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى مۇشۇ، مەرھۇم جەننەتماكان ئاتامىمۇ ئۆز ۋاقتىدا يۇنۇسخاننىڭ ئەقىل ـ پاراستىگە قايىل بولغان، ئۇنى تەختتە ئولتۇرغۇزمىغىنىغا كۆپ ئەپسۇسلانغانىدى. ئەمما ئىنىم مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بۇ تەدبىرگە نېمە دەركىن؟ قوللارمۇ،قارشى چىقارمۇ؟ ناۋادا قوللىماي قالسا ئاغا ـ ئىنى ئوتتۇردىمىزدا نىزا ـ ئاداۋەت پەيدا بولۇپ قالارمۇ؟ ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. نېمىلا بولمىسۇن مۇددىئايىمنى ئۇنىڭ سەمىگە سېلىپ باقايمىكىن؟ توختا، ئىشەنچ يوق ئىشقا تەۋەككۇل قىلماسلىق كېرەك. ئاۋۋال ئۇشبۇ مۇددىئادىن يۇنۇسخان ئالىيلىرىنى ۋاقىپلاندۇرۇپ

① ئەللامە زەمەخشەرى ـــ (1075 ـ 1144) ئەرەب تىل ـ ئەدەبىياتى بويىچە بۈيۈك ئالىم. ئەسلي ئىسمى ئۇبۇلقاسىم شەھابىددىن مەھمۇد بىننى جارۇللا.

www.uyghurkitap.com

كۆڭلىدىكىنى بىلىپ باقاي، بۇ ئىشقا يۇنۇسخان ئالىيلىرى قىد-ىزنقىماي قالمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىر مەسلىھەتكە كېلىشۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئىنىم مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى خەۋەرلەندۇرەي، ئول چاغدا قوشۇلمىسىمۇ ياق دېيەلمەيدۇ، قالغان ئىشلارنى شول چاغدا ئەھۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلارمەن...»

سانىز مىرزا بىردىنلا ھاياجانلاندى، يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك بولۇپ پەيدەك يەڭگىللىدى، ئورنىدىن تۇرۇپ قورۇقتىكى خاسخانىسىغا قايتىپ كىردى، مۇلازىمىغا بۇيرۇپ قەغەز ـ قەلەم ئەكەلدۇردى.

— بىر پىيالە چاي دەملەپ بېرىپ، ماڭا دەخلى قىلمىسۇنلار.

خىزمەتكار ھايال بولماي پەتنۇستا بىر چەينەك چاي بىلەن بىر پىيالە كۆتۈرۈپ كىردى.

— ئۆزۈم قۇيۇپ ئىچىمەن، — دېدى سانىز مىرزا.

خىزمەتكار پەم بىلەن چىقىپ كەتتى.

سانىز مىرزا چاي ئىچكەچ بىرپەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، قومۇش قەلەمنى قولىغا ئېلىپ سياھدانغا مىلىدى.

*«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم*

*بەئىدى خۇداۋەسەللەۋاتى بەرۇسۇل، دۇئايى پاراۋان ۋە تەھىياتۇ بىپايان ئاداسىدىن بىزلەركىم بۇيۇك موغۇلىستاننىڭ شەۋكەتلىك ئۇلۇسبېگى جەننەتماكان خۇدايداد ھەزرەتلىرىنىڭ چەۋرىسى بولمىش ياركەنت ئەمىرى سانىز مىرزىدىن بۇيۇك موغۇلىستان تەختگاھىنىڭ ئۇلۇغ پاسىبانى بولمىش تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەزرەتلىرىنىڭ پۇشتى، باھادىر سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىنىڭ خانزادىسى، تەقدىر ـ قىسمەت تەتۈرلىكىدىن قازاقلىقتا ياشاۋاتقان تاج ئىگىسى، تىنچ ۋە خاتىرجەملىكنى قانات يايدۇرغۇچى، يارامىلىق خىسلەت، ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ ئىگىسى، يۈكسەك ئىرادىلىك،*

جاسارەتلىك، دىيانەتلىك، ئادالەتلىك، ئىلىم ۋە ئالىملارنىڭ دوستى، ئاۋامنىڭ باشپاناھى، شەرىئەتنى مۇستەھكەملىگۈچى جانابى يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا چەكسىز سالام بولغاي.

ساداقەت ئىپتىزىغا ۋاپا گۈللىرىنى تىرىپ پەرۋىش قىلغۇچى ئالىيلىرى بىلەن ئوزا يىلى ئارتۇچ داۋىنىدا قىسقىلا دىدار ـ غەنىيمەت شەرىپىگە نائىل بولغاندىن بىرى قايتا دىدارلىشىشقا پۇرسەت بولمىدى. مەرھۇم جەننەتماكان ئاتامدىن نۇرغۇن ئىپسىل پەزىلەتلىرىنى ئىشتكەن، شۇل سەۋەبتىن سۆھبەتلىرىگە داخىل بولۇشنى غايىۋانە ئارزۇ قىلغان بولساقمۇ تا بۈگۈنگىچە ئول ئارزۇيىمىزغا يېتەلمىدۇق. ئەلۋەتتە بۇنىڭ سەۋەبىنى دەپ ئولتۇرمىسامىمۇ ئالىيلىرىغا بەش قولدەك ئايان. ياراتقان قۇدرەت ئىگىسى بۇيرۇمىسا، نېسىپ قىلمىسا بەندىسىگە چارە يوق ئىكەن. خەۋەر تاپقانلا، ئىنىلىرى بولمىش شەۋكەتلىك سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرى ھەق ھۆكمىگە ئىتائەت گەردىنىنى سۇنۇپ، كۆزلىرىمىزنى ياشلاپ، يۈرەك ـ باغرىمىزنى داغلاپ جانابى ھۆسنى مۇتلەقنىڭ دەرگاھىغا كېتىپ قالدى. ئابا ـ ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان ئۇدۇم بويىچە پەرزەنتى خانزادە دوستمۇھەممەدخانغا تاج كىيدۇرۇپ تەختتە ئولتۇرغۇزدۇق ۋە ساداقەتمەنلىك بىلەن مۇلازىملىق قىلدۇق. ئول خانزادە ئەسلىدىنمۇ بەتخۇي، تەلۋە، ئىستىبداتسىز ئىدى، سەلتەنەت پاسىبانى بولغاندىن كېيىنمۇ ئۆگەنگەن خۇيىنى تاشلىمىدى. تاشلىمىدىلا ئەمەس، تېخىمۇ يامان قىلىقلارنى چىقاردى. شەرىئەت ئەھكاملىرىنى كۆزگە ئىلماي، دىنني ئىسلامىمىزنى ئاياغ ئاستى قىلدى. ئاتا ھازىسىدا شاراب ئىچكەننى ئاز دەپ، باشقا ئەمىرلەرگىمۇ سۇر كۆرسىتىپ مەجبۇرەن شاراب ئىچۈردى، ئىككى ئىغىز خالىس نەسىھەت قىلغىنىمىز ئۈچۈن گۇناھكار بولدۇق. بۇ قىلىقىغا شەرىئەت ھۆكمى بويىچە پەتىۋا بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن شەيخۇلئىسلام

مەۋلانە تاجىددىنىنىڭ بېشىنى كەستى. مەرھۇم خاننىڭ كىرپىكىگە توپا قونماي تۇرۇپلا ئوردىدا مۇسىبەت ئورنىدا بەزمە باشلاندى، چىدىغۇسىز خۇنرىزلىقلار بولدى. شۇل كۈنلەردە بارچە ئەمىرلەرنىڭ دىلى سۇنۇق، كۆڭلى خاتىرجەم ئەمەس. نارازىلىقى كۈچلۈك، ئەل ـ يۇرت يېڭى خاننىڭ ئادالىتىدىن، پەزىلىتىدىن بەتگۇمان بولۇپ تۇرماقتا. ئەل ـ هال، بۈيۈك سەلتەنەتنىڭ، ئەل ـ يۇرتنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى، ئول خۇنرىز، بەتقىلىق تاجدارنىڭ زۇلۇم ـ ستەملىرىنى بۇ قىسقىغىنا مەكتۇپتا بايان قىلىپ بولماس.

زاماننىڭ قابىلىيەت ئىگىسى، ئىزباسارلىق مەرتىۋىسىنىڭ ساھىبى، ساۋابلىق بىلەن خاتالىقنى ئېنىق ئايرىغۇچى جانابى ئادالەت ئىگىسىگە شۇنى تەۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىماس قىلىمەنكى، ئابا ـ ئەجدادلىرىدىن قالغان بۈيۈك تەخت ـ سەلتەنەتنى، ئەل ـ يۇرتنى ۋەيرانچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن شىجائەت كەمەرلىرىنى مەھكەم باغلاپ، ھىممەت تۇلپارلىرىنى چاپتۇرۇپ ئۇشبۇ بەختسىزلىك تۇمانلىرى قاپلاشقا باشلىغان تەسەررۇپلىرىغا يېقىن پۇرسەتتە قەدەم كەلتۇرگەيلا. مۇبارەك پايە قەدەملىرىنىڭ خاسىيىتىدىن، قوللىرىدىكى ئادالەت زۇلپىقارلىرىنىڭ قۇدرىتىدىن ئەل ـ يۇرتنىڭ بېشىدىكى بال ـ قازا تۇمانلىرى تارقاپ، تەخت ـ سەلتەنەت نۇر ـ زىياغا كۆمۈلسە، تاكى بۇ باھانە بىلەن نۇر چەشمە پاكلىرىنى كۆرۈپ ۋە دىدارلىشىپ ئۇچراشماقنى خۇدايىتائالا نېسىپ قىلسا ئەجەب ئەمەس.

ۋە يەنە قۇلەن، ئىلمەن ۋە ھۆكمەن شۇلكى، بۇ دۇنيا مەيلى مەككار، مەيلى كاج رەپتار، ھېچ ئەۋلىيا ـ ئەنبىيا، ھېچ پادشاھ ئىسكەندەر زامان، رۇستەمى داستان ۋە جەمشىد دەۋرانىگە ۋاپا قىلمىغان. بەلكى ھەممىسىنىڭ ھالىنى

*خاراب، باغرىنى كاۋاپ ئەتكەندۇر. ئالىيلىرىنى ئاتا تەختىگاھىغا دەۋەت قىلىشتىكى مۇددىئا شۇلكى، بۇ ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە ئەل ـ يۇرتقا ئادالەت ئىستىمەكتۇر. ئەلۋەتتە ئۇل ئەدلى ـ ئادالەت ئۆزلىرىنىڭ پەزىلەت خەزىنىلىرىدە كەڭ ـ كۈشادىدۇر. پۇرسەت ـ نۆۋەت پىشىپ يېتىلدى. ئاتا مىراس تەسەررۇپلىرىغا قەدەم كەلتۈرۈشنى ئىرادەت قىلسىلا، ۋىلايەتلەردىكى ئەمىرلەرنى كەمىنىلىرى ئاياغلىرىغا جەمئىي قىلۇرمەن، ئۇشبۇ ئىلتىماسىمنى ئويلىنىپ كۆرگەيلا ۋە رەت قىلمىغايلا. بەلكىم كەمىنە مۇلازىملىرىنى خۇرسەندە ـ بەرھەمەندە ئەيلىگەيلا. ئىنشائاللاھ، دۆلەت ـ دۇنيالىرى مەئمۇر، تاجۇ تەختلىرى بىتەئەرۇز بولغاي.*

*پات يېقىندا دىدار ـ مۇلاقاتتا بولۇشنى يېگانە ئاللاھتىن كېچە ـ كۈندۈز تىلەپ، يوللىرىغا تەلمۈرۈپ تۇرغۇچى، ئىلتىپات ئەيلىسىلە پەرزەنتلىرى، ئىلتىپات ئەيلىمىسىلە نۆكەر ـ مۇلازىملىرى بولمىش ياركەنت ئەمىرى سانىز مىرزا ئىبنى سەييىدئەلى ئالىپ ئىبنى سەييىد ئەھمەد ئىبنى خۇدايدادتىن دەپ بىلۇرلا.*

*نامە تامام ۋەسسالام.»*

سانىز مىرزا يازغان مەكتۇپنى بىر قۇر ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئىسمىنىڭ ئۈستىگە مۆھۈرىنى باستى ـ دە، ئۇنى مەخسۇس خەت ـ ئالاقە ئەۋەتىدىغان نەقىشلىك كۆنقاپقا سېلىپ، قاپنىڭ ئاغزىنى شام بىلەن پېچەتلىدى. پېچەتنىڭ ئۈستىگىمۇ مۆھۈرىنى باستى، ئاندىن ئەڭ ئىشەنچلىك، ساداقەتمەن نۆكىرى قۇتلۇق پالۋاننى چاقىرتتى.

ــ ئۇدۇل يەتتەكەنتكە بېرىپ يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ قولىغا تەگكۈزسۇنلار، ــ دېدى ئۇ قۇتلۇق پالۋانغا مەقسىتىنى قىسقىچە بايان قىلغاندىن كېيىن، ــ يولدا قاتتىق ئېھتىيات قىلسۇنلار، يەتتەكەنتكە ماڭغانلىرىدىن ئاغىچىلىرىمۇ بىخەۋەر

www.uyghurkitap.com

قالغاي.

ــ باش ئۈستىگە، ــ دېدى قۇتلۇق پالۋان بېشىنى ئېگىپ، ــ ئۆيدىكىلەرگە خانلىق ئىشلىرى بىلەن ئالدىراشمەن، دەپ قويىمەن.

ــ ئالالاھ خالىسا ئەتە سەھەردە يولغا چىقسۇنلار. پات ـ يېقىندا خۇش خەۋەرلىرىنى ئاڭلىغايمەن.

ــ پەرمانبەردارمەن.

قۇتلۇق باھادىرنى ئۇزىتىپ قويغان سانىز مىرزا ئۆزىنى بىردىنلا يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدى ۋە بارماقلىرىنى پۇ ـ كۇپ قۇتلۇق باھادىرنىڭ يەتتەكەنتكە بېرىپ ـ قايتىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى كېتىدىغان ۋاقىتنى كۈن بويىچە تەخمىنىي ھېسابلاپ چىقتى.

※ ※ ※

يەتتەكەنت.

قىرو چۈشۈپ، توختام سۈلار نېپىز مۇزلاپ قىشتىن شەپە بېرىپ تۇراتتى. ياز بويى ھويلا، باغلىردا، ئۆگزىلىرىدە يېتىپ ـ قوپۇپ كۈن ئۆتكۈزگەن كىشىلەر ئەمدى قازناقلىرىنى تۈزەشتۈ ـ رۈپ، تام ـ تورۇسلىرىنىڭ يوچۇقلىرىنى ئېتىپ، دېرىزە ـ تۈڭ ـ لۈكلىرىنى ھىملاپ ، قەغەز چاپلاپ، تام مەش، سەندەل، ئاتەشدان ـ لىرىنى رېمونت قىلىپ قىشنىڭ تەييارلىقلىرىغا چۈشۈپ كەتكە ـ نىدى.

ئاتەشداندىكى ئۆرۈك ئوتۇنىنىڭ چوغىدا ئىللىپ كەتكەن ئېچكىرىكى سارىيىدا كۆڭلەكچان ئولتۇرغان يۇنۇسخان زەپەر، لاچىندانە قاتارلىق خۇش پۇراق دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن ناۋات سېلىپ دەملەنگەن چاينى ئالدىرىماي ئوتلىغىنىچە قولىدىكى مەكتۇپقا قاراپ خىيالغا پاتقانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىچكى تۇيغۇ ـ لىرى تولىمۇ ھاياجانلىق، تىنچسىز ئىدى. سانىز مىرزىنىڭ مەك ـ

تۈپىدىكى ھەر بىر جۈملە قۇلاق تۈۋىدە توختىماي جاراڭلايتتى. دەرھاللا موغۇلىستانغا ئاتلانغۇسى، كېچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلىپ كەلگەن تاجۇ تەختنى قولىغا ئالغۇسى كېلەتتى. ئۇ ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالغانىدى.

«سانىز مىرزا راست ئېيتىدۇ، پۇرسەت، نۆۋەت دېگەن مانا مۇشۇ. يارانتقان ئىگەم ئەمدى نۆۋەتنى ماڭا بەرگەن ئوخشايدۇ، نا ـ ئىنساب، تەۋپىقسىز ئىنىم ئىسان بۇغاخاننىڭ ۋاپاتى بىلەن تەڭ لەشكەر تارتقان بولسام دوست ـ دۈشمەنلىرىم مېنى نامەردلىكتە ئەيىبلەيتتى، مەنمۇ ۋاپاغا جاپا قىلغانلارنىڭ تىمسالى بولۇپ قالاتتىم، ھازىر ئۇنىڭ ئوغلى سەلتەنەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالـ ـ ماپتۇ، بەلكى ئەمىر ـ بەگلىرىنى رەنجىتىپ، سەلتەنەتتىن سو ـ ۋۇتۇۋېتىپتۇ، ئەلۋەتتە، تەخت ـ سەلتەنەتكە ھەقىقىي بىر ئىسـ ـ تېدات ئىگىسى پاسىبان بولۇشى كېرەك. مەندىن باشقا يەنە كىم موغۇلىستان سەلتەنەتنىڭ خانلىق تاجىنى كىيىشكە مۇۋاپىق كەلسۇن؟ سانىز مىرزا بۇ مەكتۇپنى باشقىلاردىن سىر تۇتۇپ ئۆز نامىدىلا ئەۋەتىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەر ئەمىرى بولمىش ئىنىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ بىر ئېغىزمۇ گېپىنى قىلـ ـ ماپتۇ، ئەھۋالدىن قارىغاندا ئىنىسىدىنمۇ سىر تۇتقان بولسا كېـ ـ رەك. ئەگەر ئاغا ـ ئىنى ئىككىسى بىرلىشىپ مېنى تەختكە تەكـ ـ لىپ قىلغان بولسا ئىدى، ئىشلار تېخىمۇ ئاسانلاشقان بولار ئىـ ـ دى، مەنمۇ بۇنچە ئىككىلەنمەس ئىدىم. راست، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئىنىم سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا كۈيۈ ئوغۇل بولۇپ كۆرە ـ گانلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئاغىسىنى قول ـ لىشى ناتايىن، ئۇ قېيىنئاغىسى بولمىش سۇلتان دوستمۇھەمـ ـ مەدخاننىڭ سەلتەنەتنى ساداقەتمەنلىك بىلەن جان تىكىپ قوغدايدۇ. قەشقەرنى قولغا ئالماي تۇرۇپ موغۇلىستان تەسەررۇپىـ ـ نى ئىستېلا قىلىش مۇمكىن ئەمەس. سانىز مىرزا بولسا قەشقەر ـ نىڭ ئەمەس، ياركەنتنىڭ ئەمىرى. شۇڭا، بۇ ئىشتا يەڭگىلتەكلىك

قىلمىغان تۈزۈك. گەرچە ھازىر موغۇلىستاندا ئەمىر سەييىدئەلى ئالىپتەك تەدبىرلىك، جاسارەتلىك باھادىر ـ سەركەردىلەر يوق دې- يەرلىك بولسىمۇ، يەنىلا سەل قاراشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قولۇمدا تۈزۈك سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ تايىنى يوق. ئازغىنە سەركەردە ـ لەشكەرلەر بىلەن تەۋەككۇل قىلسام مەغلۇبىيىتىم ئۆتكەن قېتىمقىدىنمۇ ئېچىنىشلىق بولىدۇ، بەلكىم سانىز مىرزا ۋە بىر قىسىم ۋىلايەتلەرنىڭ ئەمىرلىرى ماڭا ھەمدەمدە بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەمما موغۇلىستاننىڭ ئاساسلىق لەشكىرىي كۈچى يە- نىلا قەشقەر بىلەن ئاقسۇدا، سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئالىيلىرى سەمەرقەنتتە بولغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭدىن كۆمەكلىشىشكە بى- رەر تۈمەن لەشكەر سورىغان بولاتتىم، ھازىر سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئالىيلىرى ئەزەربەيجان، ئىراق زېمىنىنى ئىستېلا قىلىش بىلەن ئالدىراش، گەرچە نۇسرەت خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغان بولساممۇ، سەمەرقەنتكە قاچان قايتىپ كېلىشىنى مۆلچەرلىمەك تەس. تولىمۇ ئەپسۇس، بۇ ئىش ئەجەبمۇ بىر قاملاشمىغان پەيتكە توغرا كېلىپ قالدى دېسە...»

ھەئە، سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا بۇرگە سۇلتان باشچىلىقى- دىكى دەشتى قىپچاقتىن كەلگەن ئۆزبېك لەشكەرلىرىنى پۈتۈنلەي تارمار قىلغاندىن كېيىن، تەخت دەۋاگىرى بولمىش مۇھەممەد جۇگىنى شاھرۇخىيە قەلئەسىدە قامىۋالدى. ئۇنىڭ دەشتى قىپ- چاقتىن كەلگەن باسقۇنچىلار ئۈستىدىن غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكى- دىن خەۋەر تاپقان ھۇسەيىن بايقارا خىلىلا چۆچۈدى ۋە تەئەررۇز قىلىشنى توختىتىپ يارىشىشنى تەلەپ قىلدى. دەشتى قىپچاق ھۆكۈمدارى سۇلتان ئوبۇلخەيرىخاننىڭ ئۈچ ئېلىش ئۇچۇن قايتا لەشكەر تارتىپ كېلىش ئېھتىمالىنى نەزەردە تۇتقان ئەبۇسەئىد مىرزا ھۇسەيىن بايقارانىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ يارىشىشقا قوشۇلدى. ئۇنىڭ ھۇسەيىن بايقارا بىلەن ياراشقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزا نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملارنى ئەۋە-



www.uyghurkitap.com

تىپ ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ غەلىبە ـ نۇسرىتىنى تەبرىكلىدى ۋە ساداقىتىنى بىلدۈردى، دېمەك، ئەبۇسەئىد مىرزا بارلىق رەقىبلىرى ئۈستىدىن تولۇق غەلىبە قىلدى.

ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ بىردىنلا كۆچىيىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئوبۇلخەيرخان بولسا ئېھتىيات قىلىپ قالدىمۇ ياكى نۇرغۇن لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن قايتا لەشكەر تارتىشقا جۈرئەت قىلالمىدىمۇ ئەيتاۋۇر ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلىپ دۈشمەنلىك قىلىشقا پېتىنالمىدى.

ھەر تەرەپتىن خاتىرجەم بولغان سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا شاھرۇخىيە قەلئەسىگە قامىلىپ قالغان مۇھەممەد جوگىنى يوقىتىشقا ئالدىرىماي، قەلئەنى قامال قىلىشنى چىڭىتتى. خېلى كۆپ سەركەردە ـ لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇھەممەد جوگى ئون ئاي بولغاندا قامالغا بەرداشلىق بېرەلمەي، سىرتتىن كېلىدىغان ياردەمدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن ماۋەرائۇننەھر، خۇراسان، ھەتتا پەرغانە ۋادىسىدىكى دىن پېشۋالىرىنىڭ پىركالانى بولمىش ئىشان شەيخ خوجا ئەبەيدۇللا ئەھرارنى ئارىغا سېلىپ سۈلھى تەلەپ قىلدى. مىرزا ئۇلۇغبەگ پاجىئەسىدىن كېيىن، ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇشنىڭ نوپۇزى قاتتىق تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى. سەلتەنەتنى قولىغا ئېلىپ خانلىق تەختتە ئولتۇرغان ئەبۇسەئىد مىرزىمۇ ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قاراپ، ئىشان شەيخ خوجا ئەبەيدۇللا ئەھرارغا مۇرىت بولغانىدى. سەلتەنەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغان، مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىغا سۇلۇكتىن باشقا تەرغىبات ئېلىپ بارمايدىغان، سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى ئازغىنە يېرىنى ئۆز قولى بىلەن تېرىپ، چىققان ھوسۇلىنى يەپ كۈن كەچۈرىدىغان، مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى دۇئا قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ئاشلىق، مال ـ چارۋا، پۇل ـ پۇچەكلەرنى نامرات كىشىلەرگە ئۈلەشتۇرۇپ بېرىدىغان، شۇ سەۋەبلىك ئاۋام ئارىسىدا يۇكسەك نوپۇزغا ئىگە بولغان

بۇ ئىشاننى ئەبۇسەئىد مىرزا بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى، پات ـ پات
ھۇزۇرىغا بېرىپ ئىستىقامەتتە بولاتتى، ئەمىر ـ مەرۇپىلىرىنى،
تەبلىغلىرىنى ئاڭلايتتى، شۇڭا ئۇ ئىشان خوجا ئەبەيدۇللا ئەھرار-
نىڭ مۇھەممەد جوگىغا ھاياتلىق يولى بېرىش ھەققىدىكى نەسىھە-
تىنى ئاڭلىغاندا «ياق» دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. مۇھەممەد
جوگىنى ئۆلتۈرمەسلىككە ۋەدە بەردى، قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلـ-
دى. شۇنىڭ بىلەن ئىشان خوجا ئەبەيدۇللا ئەھرار شاھرۇخىيە
قەلئەسىگە كىرىپ مۇھەممەد جوگىغا ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ۋەدى-
سىنى يەتكۈزدى ۋە سۆزلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ
قۇرئان تۇتتى. ھايات قېلىشقا كۆزى يەتكەن مۇھەممەد جوگى
سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىغا تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇ
ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ چاڭگىلىدىن بېشىنى ئامان ـ ئېسەن ئېلىپ
چىقالىسا، يەنە ئۇدۇل دەشتى قىپچاققا بېرىپ سۇلتان ئوبۇلخەيـ-
رىخاندىن مەدەت تىلەشنى ياكى ھۇسەيىن بايقارا، ئوبۇلقاسىم با-
بۇر مىرزىلار بىلەن قايتىدىن ئىتتىپاق تۈزۈپ كۈچ توپلاپ، سە-
مەرقەنت تەختگاھىنى قولىغا ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.
بىراق ئۇ تاش ساناپ بولغىچە سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا قوم ساناپ
بولغانىدى، گەرچە ئۇ ۋەدىسىدە تۇرۇپ مۇھەممەد جوگىنى ئۆلـ-
تۈرمىگەن بولسىمۇ، ئۇنى دەرھال نەزەربەند قىلىپ ئوبۇلقاسىم
بابۇر مىرزىغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن ھىراتقا ئەۋەتتى ـ دە، تو-
لىمۇ مۇستەھكەم بولغان ئىختىيارىدىن قەلئەسىگە سولاپ قويـ-
دى. خام خىياللىرىنىڭ بەربات بولغانلىقىنى ھېس قىلغان مۇ-
ھەممەد جوگى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنى ۋەدىسىدە تۇرمىدى دەپ
ئەيىبلىدى. ئەبۇسەئىد مىرزا ئۇنىڭغا: «مەن سېنى ئۆلتۈرمەس-
لىككە ۋەدە قىلغان، ۋەدەمدە تۇردۇم. مانا بېشىڭ تېخىچە يەلكەڭدە
تۇرۇپتۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ئىشان شەيخ خوجا ئەبەيدۇللا ئەھرار
بولسا بۇ دەۋاغا قايتا ئارىلاشمىدى. ئەركىنلىكىدىن، ئارزۇ ـ ئار-
مانلىرىدىن ئايرىلغان مۇھەممەد جوگى ئۈمىدسىزلىك ئىلكىدە

ئۇزاق ئۆتمەي ئىختىيارىددىن قەلئەسىدە ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىغا ئۇلىشىپلا، ھىرات ھۆكۈمدارى ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزىمۇ كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى. شاھرۇخىيلارنىڭ تەخت ـ سەلتەنەت دەۋاسى قىلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئەبۇسەئىد مىرزا ئانچە خالاپ كەتمىسىمۇ ئۆز سەلتەنەتىنىڭ مۇقىملىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزىنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى ــ ئاكىسى سۇلتان مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئوغلى يادىكار مۇھەممەد مىرزىنى ھىراتنىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلىدى.

ئەنە شۇ تەرىقىدە ماۋەرائۇننەھر سەلتەنەتىنى قورقۇنچلۇق دەۋاگەرلەردىن خالاس قىلغان سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا سەمەر-قەنتنى چوڭ ئوغلى ئەھمەد مىرزىغا قالدۇرۇپ، ھۆكۈمرانلىقىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش ئۈچۈن، خىللانغان سەر-كەردە ۋە لەشكەرلىرى بىلەن زور قوشۇن تەشكىللەپ ئىراق، ئە-رەبىستان①لارنى ئىستېلا قىلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلغانىدى. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن يۇنۇسخان سانىز مىرزىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ موغۇلىستانغا لەشكەر تارتىشقا تەۋەككۇل قىلالمىدى. ئە-بۇسەئىد مىرزا سەمەرقەنتتە بولغان بولسىدى، ئىش باشقىچە بولاتتى. ئامالسىز قالغان يۇنۇسخان تەقەززا بولۇپ تۇرغان سانىز مىرزىغا ئۈمىد بېغىشلىغۇچى ئىبارىلەر بىلەن جاۋاب مەكتۇپ يېزىشقا كىرىشتى:

*«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم*

*ئەسسالامۇئەلەيكۇم ساداقەت ئەھلىنىڭ سەركەردىسى، ۋاپا بوستانىنىڭ ناۋاكەش بۇلبۇلى، خۇش خەۋەرلەرنىڭ مەنبەسى، شېرىن زەبانلىقتا شەكەر مەسەللىك باھادىر ئوغلان ئەمىر سانىز مىرزا جانابلىرىغا كەمىنە يۇنۇسخاندىن بىھېساب سالام ۋە دۇئالار بولغاي.*

---

① ئەرەبىستان ــ ھازىرقى ئىران تەۋەسىدە.

www.uyghurkitap.com

ئەۋەتكەن مۇبارەك مەكتۇپلىرىدىن مۇددىئالىرىنى بى-
لىپ تولىمۇ سۆيۈندۈم. ئەل ـ يۇرت بېشىغا كۈلپەت چۈشـ-
كەندە ئابا ـ ئەجدادلىرىمىز قان كېچىپ تىكلىگەن
تەخت ـ سەلتەنەتنىڭ غېمىنى يېگەنلىكلىرىگە يۈزمىڭ
تەسەننا. بۈيۈك موغۇلىستان سەلتەنەتىنى دانىشمەن بابائى
بۇزرۇكلىرى بولمىش شەۋكەتلىك ئۇلۇسبېگى خۇدايداد
ھەزرەتلىرى ۋە باھادىر پەدەرۇ بۇزرۇكلىرى بولمىش جاسا-
رەتلىك، تەڭداشسىز ئەزىمەت سەييىدئەلى ئالىپ ھەزرەتلىرى
ساداقەتمەنلىك بىلەن قوغداپ، خان ـ سۇلتانلارغا توغرا
يول كۆرسىتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ھالا بۈگۈنكى كۈنگە
كەلگۈچە ئون سەككىز مىڭ ئالەمدە ئۆز شانۇ شەۋكىتىنى
يوقاتماي كەلدى. كۆڭلۈمدىكى نەق گەپنى قىلسام، ئىلگىرى
جەننەتماكان پەدەرلىرى سەييىدئەلى ئالىپ ھەزرەتلىرىدىن
رەنجىپ، ئۇنى ئەشەددىي دۈشمىنىم قاتارىدا ساناپ كەلگە-
نىم راست. لېكىن، ئۆتكەن قېتىم ئول تەدبىركارنىڭ ئال-
تۇندەك بىباھا نەسىھەت، ئۆگۈتلىرى پۈتۈلگەن قىممەتلىك
مەكتۇپىنى نەزەرگە ئىلماي قەشقەرگە لەشكەر تارتىپ بېرىپ
قاتتىق يېڭىلگەندىن كېيىن، تۈركىستانغا قايتىپ كېلىپ
ئۇزاق ئويلاندىم. كېيىن خاتۇن ـ باللىرىم ئامان ـ ئېسەن
قايتىپ كەلدى. شۇ چاغدىلا ئاندىن بۇ ياخشىلىقلارنىڭ پە-
دەرلىرىنىڭ سەۋەبىدىن بولغانلىقىنى، مۇھىمى ئەسىرگە
چۈشۈپ ئىنىم سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ ئالدىدا رەسۋايى
ئەزىم بولۇش خەۋپىدىن قۇتۇلۇپ قالغىنىمنى ھېس قىلدىم
ۋە ئارتۇچ داۋىنىدا سىلىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە نۇرغۇن
لەشكەرلەر بىلەن ئالدىمنى توسۇغان بولسىلىمۇ قىلچىلىك
زەخمەت يەتكۈزمەي يول بەرگەنلىكلىرىنىڭ تېگىگە يەتتىم.
ئەسلىدە پەدەرلىرى بول ئىشلارنىڭ ھامان بىر كۈنى
ۋاقتى ـ سائىتى كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىكەن. شۇنىڭ
بىلەن ئۆچ ـ ئاداۋەتنى كۆڭلىمىزدىن كۆتۈرۈۋەتتۇق. ئۇزاق

ئۆتمەي پەدەرلىرىنىڭ قازا قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ تو-
لىمۇ قايغۇردۇق. لېكىن بۇنى پۇرسەت دەپ بىلىپ لەشكەر
تارتىش نىيىتىدە بولمىدۇق، كېيىن ئىنىم ئىسان بۇغاخان-
نىڭ قازا قىلغانلىقىدىن خەۋەرلەندۇق، كۆڭلىمىز يېرىم
بولدى. ئەمما مەردلىكنى نەزەردە تۇتۇپ، ۋاپاغا جاپا قىل-
ماسلىق ئۈچۈن يەنىلا غەيرىي نىيەتتە بولمىدۇق. ياراتقان
ئىگىسىنىڭ پېشانىمىزغا پۈتكەن رىزقى ـ نېسىۋىمىزنى
سەۋرچانلىق بىلەن كۈتتۇق. ئاتا ـ ئەجدادلارنىڭ سەبىرنىڭ
تېگى ئالتۇن دېگىنى راست ئىكەن. مانا ئاخىر ئۆزلىرىدىن
خۇش خەۋەر كەلدى. قىممەتلىك تەكلىپلىرىنى بىر ئەمەس،
مىڭ جېنىم بىلەن قوبۇل قىلىمەن. شجائەت كەمىرىمىز
بېلىمىزگە مەھكەم باغلاقلىق، ھىممەت تۇلپارىمىز بولسا
ھەرقاچان شاشتۇر، ئەمماكى كۆڭلىمىزدە كىچىككىنە بىر
تۈگۈچ باردۇر. ئۇ بولسىمۇ ھازىرقى تەخت ساھىبى سۇلتان
دوستمۇھەممەدخاندۇر. نېمىلا بولمىسۇن ئۇ بىزگە جىيەن
پەرزەنتتۇر. ئۇنىڭ خۇنرىزلىقى، تەنتەكلىكى، تەلۋىلىكى،
كەم ئەقىللىقى، پەزىلەتسىزلىكى ھەمدە سەلتەنەت ساھىبى
بولۇش لاياقىتى يوقلۇقى سىلى قاتارلىق ئوردا ئەمىرلىرى-
گە ئايان بولسىمۇ، لېكىن باشقا ئەل ـ ئۇلۇسنىڭ سۇل-
تان ـ ھۆكۈمدارلىرىغا تېخىچە سىردۇر. شول تاپتا ئۇلار
ئول تەلۋە سۇلتاننى ئاتىسىنىڭ ۋاپاتى سەۋەبلىك جۇدالىق
دەردىدە يۈرەك ـ باغرى قان، كۆزلىرى ياش دەپ بىلۇرلەر.
مۇشۇنداق ۋاقىتتا تەخت دەۋاسى قىلىپ يەنە لەشكەر تارتىپ
بارسام ئەغيارلىرىمىلا ئەمەس، دوستلىرىممۇ مېنى ۋاپاغا
جاپا قىلىپ، كىچىك بالىنى بوزەك قىلىپ تەخت تارتىۋالدى
دەپ پىتنە قىلۇر ھەم جاھان باھادىرلىرى مېنى كۆزگە
ئىلماس، باھادىرلار قاتارىدا نامىمنى ئاتىماس. بۇنداق بەد-
نامغا قېلىپ موغۇلىستان تەختىدە ئولتۇرغۇچە كىچىك
بولسىمۇ تۈركىستان، سايرام، يەتتەكەنتنىڭ ئەمىرلىكىنى

www.uyghurkitap.com

قىلغىنىم مىڭ ئەۋزەل. ناۋادا ئىنىلىرى ــ قەشقەر ئەمىرى
بولمىش مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا سىلىنىڭ ئول مۇددىئالىد-
رىغا مۇشتاق بولغان، باشقا ئەمىرلەرمۇ بىرلىكتە قۇرۇلتاي
چاقىرىپ دوستمۇھەممەدخانىنىڭ سەلتەنەتىنى بىكار قى-
لىشقا بىرلىككە كەلگەن بولسا ئىدى، ئول چاغدا ئىش باش-
قىچە بولاتتى. مەنمۇ خاتىرجەم ھالدا ئول ئاتا مىراس تە-
سەررۇپۇمغا بىمالال قەدەم كەلتۇرگەن بولۇر ئەردىم. شول
بائىستىن بۇ ئىشتا يەنىلا ئالدىرىماسلىق قارارىغا كەلدىم،
ئۆزلىرىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن پۇرسەت كۈتكەيلا. پات ـ
پات خەت ـ خەۋەر ئېلىشىپ تۇرايلى، ئاللاھ خالىسا پات ـ
يېقىندا مەقسەت، مۇددىئايىمىزغا يەتكەيمىز.

ھە راست، قىممەتلىك مەكتۇپلىرىدىن ئۆزلىرىنى
بىزگە پەرزەنت ھېسابلىغانلىقلىرىنى بىلىپ خۇشاللىقىم-
دىن بېشىم كۆككە تاقاشتى. سىلى ئۆزلىرىنى بىزگە پەر-
زەنت ھېسابلىغان ئىكەنلا، بىزمۇ سىلىنى قان ـ قېرىنداش
ھېسابلايمىز. بەلكىم شول دەقىقىدە سىلىنى قان ـ قې-
رىنداش ئەمەس، جانۇ تېنىمىنىڭ بىر قىسمى ھېس قىلماق-
تىمەن.

ئەللامەلەر جەڭ ئۇچۇن قىلىچىڭنى قولۇڭغا ئالغى-
نىڭدا ئاستىرتىن يارىشىش يولىنىمۇ ئىزدىگىن، دەپتى-
كەن. ئەلۋەتتە سىلى بىلەن مەن بىرلىشىپلا بۈيۈك مەقسەت-
لەرنى روياپقا چىقىرىشىمىز بەسىي مۇشكۇلدۇر ۋە بەلكىم
نۇرغۇن بىھۇدە قان تۆكۈلۈشلەرگە سەۋەبكار بولۇپ قالۇر-
مىز. ئۇشبۇ سەۋەبتىن مۇددىئالىرىمىزنى بىلدۇرۇپ، باشقا
ئەمىرلەرنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىشقىمۇ تىرىشقايلا، مەنمۇ
ھەم بۇ تەرەپتىن ئىشەنچلىك كىشىلىرىمنى ئەۋەتىپ،
ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە قول سېلىپ باقاي. بۇ گەپلەرنى قىلى-
شىم قانداقتۇر ئول تەلۋە، جاھىل، خۇنرىز، شەھۋەت ۋە
ھاۋايى ـ ھەۋەسكە قۇل بولغان دوستمۇھەممەدخانىدىن

*قورققانلىقىمدىن ئەمەس. مەن پەقەت ئاللاھتىن قورقمايدىغانلاردىن قورقىمەن، ئېھتىيات قىلىمەن. چۈنكى، ئاللاھتىن قورقمايدىغان بەندىنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. سىلىنىمۇ شول بائىستىن ئاگاھلاندۇرىمەن، قاتتىق ئېھتىيات قىلسۇنلار. شۈبھىلىك تائاملارغا زىنھار ئېغىز تەگمىسۇنلار. ئاۋام زالىمدىن قاچىدۇ ۋە ئۇنىڭ يامان نامىنى جاھاننىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە تارىتىدۇ. بەلكىم دوستمۇھەممەدخاننىڭ يامان نامى، خۇي ـ مىجەزىمۇ پات ـ يېقىندا خەلقئالەمگە ئاشكارا بولغۇسى.*

*سىلى بىلەن دىدار ـ مۇلاقاتتا بولۇشنى ھەرقاچان ئىزدەپ تۇرغۇچى يۇنۇسخاندىن دەپ بىلۇرلا.*

*نامە تامام ۋەسسالام.»*

※ ※ ※

يۇنۇسخاننىڭ جاۋاب خېتىنى ئالغان قۇتلۇق باھادىر ئاق قار، كۆك مۇز بىلەن قاپلانغان خەتەرلىك تاغ ـ داۋانلاردىن جېنىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ قويۇپ ئېشىپ، قىش ئاخىرلىشاي دېگەندە ياركەنتكە يېتىپ كەلدى. بۇ كۈنى ياركەنت شەھىرىدە لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى. سانىز مىرزىنىڭ تۆت تال ئاتەشدان قويۇلغان خىلۋەتخانىسى تولىمۇ ئىسسىق ئىدى. خەتنى سانىز مىرزىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن قۇتلۇق باھادىر قۇلاق ـ بۇرۇنلىرى ئۈششۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىسسىققا پەقەتلا چىدىيالمىدى.

— بېرىپ ئارام ئالسۇنلار، ھېلىغىچە دەرگاھلىرىغا تېۋىپ ئەۋەتىمەن، — دېدى سانىز مىرزا مىننەتدارلىق بىلەن، — جاپا تارتتىلا، ئاللاھ خالىسا كۆرسەتكەن تۆھپىلىرى ئىنئامسىز قالماس.

ئۇ قۇتلۇق باھادىرنى ئۇزىتىپ قويۇپ خەتكە كۆز تاشلىدى ۋە يۇنۇسخاننىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرىنى ئورۇنلۇق دەپ ھېسابلىدى.

«... تۆمۈر قىزىدى، ئەمدى ئۇنى ۋاقتىدا سوقۇش كېرەك.

uyghurkitap.com

ئاۋۋال ئىنىم مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىلەن كۆرۈشەي. ئۇنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرەلىسەملا باشقا ئەمىرلەرنىڭ ئىشى ئاسان. بولۇپمۇ خوتەن ئەمىرلىرى بولمىش ئاغا ـ ئىنى خانىنەزەر مىرزا بىلەن قۇلنەزەر مىرزىلار گېپىمنى ھەرگىز يەرمايدۇ. خوتەن، ياركەنت، قەشقەر ئەمىرلىرى بىرلەشسەكلا باشقا ۋىلايەتنىڭ ئەمىرلىرى ئۆزلۈكىدىن سېپىمىزگە قوشۇلىدۇ. ئۇل چاغدا سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىمۇ ئارتۇقچە ۋەسۋەسىدە قالمايدۇ، ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە تەلۋە سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ تەختىنى بىكارلىماسلىقىقا ھەددى ئەمەس. ئوردىدا ئۇل خۇنرىزنى كىممۇ قوللار؟ گەپ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىدا، ئاۋۋال مۇددىئايىمنى چىرايلىقچە دەپ باقاي، ئۇنىمىسا ئاغىلىق ھۆرمىتىم بىلەن مەجبۇرلارمەن...»

## 61

مىلادىيە 1463 ـ يىلى، قەشقەر.

كۆكلەم پەسلى بىلەن باشلانغان غۇر ـ غۇر شامال خۇددى قىشنىڭ جاھىل سوغۇقىنى ھەيدىمەكچى بولغاندەك پىقىمسىز ھۇۋۇلدايتتى. توڭلار ئېرىپ، دەل ـ دەرەخلەرگە سۇ يۈگۈرگەن، سۇۋادانلار پوتلا بولۇپ، سۆگەتلەر بىخ چىقىرىشقا باشلىغان بولسىمۇ كىشىلەر تېخىچە قىشلىق كىيىملىرىنى، پاختىلىق ئىشتان ـ تونلىرىنى، جۇۋىلىرىنى تاشلىمىغانىدى.

ئىككى يىلدىن بېرى سىل كېسىلى بىلەن ئاغرىپ ياتقان ئۆز سۇلتان مەلىكىنىڭ كېسىلى كۆكلەم پەسلى بىلەن تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى. خىزمەتكارلار چوك ـ كىچىك تەرىپىگە قاچا تۇتاتتى، گەپنىمۇ نا-

ھايىتى قىيىنلىپ قىلاتتى، زەن سېلىپ تىڭشىمىسا نىمە دەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئىلگىرى خېلىلا بەستلىك كەلگەن مەلىكىنىڭ ھازىر ئەتلىرى سىزىپ، ئورۇقلاپ، بەئەينى ئالتە ـ يەتتە ياشلىق بالىدەك بولۇپ قالغانىدى. ئانىسىنىڭ ئايىغىدا ئولتۇرغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئىككى يىلدىن بېرى ئانىسىنى چىرمىۋالغان رەھىمسىز كېسەلنىڭ ئالدىدا بىئىلاجلىقتىن شۇمشىيىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولغانىدى.

«مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ بىرنەچچە كۈنلۈك ۋاقتى قالغانىدەك قىلىدۇ، قولىمىزدىن كېلىدىغان ئامالالارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ كۆردۇق، تەقدىر شۇنداق ئوخشايدۇ، كەچۈرگەيلا ئەمىر جانابلىرى» دېگەنىدى ئەتىگەن مەلىكىنىڭ تومۇرىنى تۇتقان تېۋىپ راست گەپنى قىلىپ.

مانا شۇندىن بېرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ قولى پەقەتلا ئىشقا بارمىدى. ئىككى كۈندىن بېرى ئۇ ئاقسۇغا بىرىشنىڭ تەييارلىقىنى پۇتتۇرۇپ بولغانىدى، ئاقسۇغا بارمىسا قەتئىي بولمايتتى. سۇلتان دوستمۇھەممەدخان تەختتە ئولتۇرغاندىن بېرى سەلتەنەت ئىشلىرىغا پەقەتلا كۆڭۈل بۆلمىگەنىدى، كۈنلىرىنى شارابىبازلىق، خوتۇنبازلىق، بەزمە ـ مەشرەپ بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. شەيخۇلئىسلام مەۋلانە تاجىددىننى ھېسابلىمىغاندا ھازىرغىچە ئوردىدىكى ئالىي دەرىجىلىك ئەمىرلەردىن سەككىزىنىڭ كاللىسىنى ئالغانىدى. كاللىسىدىن ئايرىلغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمىرلەر، ئاددىي مۇلازىم، مەھرەملەرنىڭ سانى يۈزدىن ئاشاتتى. شۇ سەۋەبلىك ئەمىرلەر ئوردىدىن قېچىشقا باشلىغان بولۇپ، نارازىلىق سادالىرى باش كۆتۈرۈپ قالغانىدى. بۇنى ئاز دېگەندەك سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ھەرىمىگە ئىككى كۈندە بىر دېگۈدەك قىز كەلتۈرگۈزەتتى. مەيلى مەرتىۋىلىك ئەمىرلەرنىڭ قىزلىرى بولسۇن، مەيلى باي ـ زەردارلارنىڭ قىزلىرى بولسۇن، مەيلى ئابرۇيلۇق زېمىندارلارنىڭ قىزلىرى بولسۇن ۋە ياكى ئاددىي ئاۋامنىڭ قىزلىرى بولسۇن، كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنسىلا ھەرىمىگە

بۇيرۇيتتى. خەزىنىدىكى پۇللارنى سۇدەك خەجلەيتتى، كۇندە دىگۇدەك بەزمە ـ باراۋەت ئۇيۇشتۇراتتى. ئۇنى بۇ ئىشتىن توسۇدىغانلار، نەسىھەت قىلغانلار شۇ ھامان كاللىسىدىن ئايرىلاتتى. مال ـ دۇنيالىرى مۇسادىرە قىلىناتتى. كىشىلەر سەككىز ـ ئون ياشلىق قىزلىرىنىمۇ ئىچكىرى قازناقلىرىغا سولاپ يېقىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئاقسۇدىلا ئەمەس، يۇرت ـ يۇرتلاردىمۇ نارازىلىقلار، پىتنە ـ پاساتلار، ئىسيان ـ تەھلىكىلەر باش كۆتۈرۈپ قالغانىدى. شۇ سەۋەبتىن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ بىر پۇتى قەشقەردە، بىر پۇتى ئاقسۇدا بولۇپ قالغانىدى. ئۇ دوستمۇھەممەدخاننى بۇ يامان پەيلىدىن توسۇيالمىغىنى بىلەن كۆڭلى رەنجىگەن، دىلى ئازار يېگەن، نارازى بولغان ئەمىرلەرگە كۆڭۈل قويالايتتى، تەسەللى بېرەلەيتتى، نەسىھەت قىلالايتتى. ئۇ ئەنە ئاشۇنداق بىر تالاي ئالدىراشچىلىقلار سەۋەبىدىن ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ۋاقىت چىقىرالمىغانىدى.

ئوردىدىكى ئىشلارنى بىلمىگەن، ئاڭلىمىغان بولۇپ قۇلاق يوپۇرۇپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالاي دېسە، ئالمادىس پايتەختتە خاندىن نارازى بولغان ئەمىرلەرنىڭ توپىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ قالسا، بېسىقتۇرماق تەسكە توختايتتى. بەلكىم ئىش يامىنىغا ئۆرۈلۈپ قالسا تەپرىقىچىلىك، ئىچكى يېغىلىق بولۇپ سەلتەنەتنىڭ ئۇلى تەۋرەيتتى. شۇڭا بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. ئۇ قەشقەردىن خېلىلا خاتىرجەم ئىدى، مەرھۇم دادىسى سەييىدئەلى ئالىپنىڭ پېشقەدەم سەركەردىسى ئالچىنبەگ قەشقەرنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بىر قوللۇق، جايىدا بېجىرەتتى. ئاقسۇدا تۇرۇۋېرەي دېسە، ئانىسىنىڭ كېسىلى كۇندىن ـ كۇنگە ئېغىرلىشىپ قالغاچقا خاتىرجەم بولالمايتتى. تۇنۇگۇن تېخى سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ مەستچىلىكتە يوقلاڭ سەۋەب بىلەن لەشكىرى دىۋانىنىڭ ئورۇنباسار ئەمىرى ئوسمان يەھيانىڭ كاللىسىنى ئالغانلىق خەۋىرى كەلدى. ئوسمان يەھيا لەشكىرى دىۋاندىكى يۈز ـ ئابرۇيلۇق، ساداقەتمەن سەركەردىلەرنىڭ بىرى ئىدى. لەشكىرى

دىۋاننىڭ ئەمىر كەبىرلىكىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئاشۇ ئورۇنباسار ئەمىرگە بەكمۇ ئىشىنەتتى، دوستمۇھەممەدخاننىڭ، سەلتەنەتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى شۇنىڭغا تاپشۇرغانىدى. ئوسمان يەھيانىڭ ئۆلۈمى بىلەن لەشكىري دىۋاندىكى باشقا سەركەردىلەرنىڭ كۆڭلىدە تەۋرىنىش بولۇشى ئېنىق ئىدى. بۇ ئەھۋال بەكمۇ خەتەرلىك ئىدى، شۇڭلاشقا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا دەرھال ئاقسۇغا بېرىپ يوشۇرۇن خەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تەييارلىق كۆرگەن ۋە ھەر ئېھتىمالغا قارشى قەشقەردىكى لەشكەرلەردىن خىللاپ ئۈچ مىڭ ئاتلىق لەشكەرنى ئۆزى بىلەن بىللە ئاقسۇغا بېرىشقا پەرمان چۈشۈرگەنىدى. قىرىشقاندەك ئاندسى ئۈز سۇلتان مەلىكىنىڭ كېسىلى بۇگۇن باشقىچە ئۆزگىرىپ قالدى. تېۋىپنىڭ: «بىرنەچچە كۈنلۈك ۋاقتى قالغاندەك قىلىدۇ» دېگىنىنى بۇگۇن ـ ئەتىلىكى قايتۇ دەپ چۈشەنگەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئاقسۇ سەپىرىدىن ئىككىلىنىپ قالغانىدى.

ئۇ ئۆزىنى تىكەندەك يالغۇز سېزەتتى. ئاكىسى سانىز مىرزا بىلەن بۇ بىر يىلدىن بېرى مۇناسىۋىتى ئاساسەن ئۈزۈلگەنىدى. ئادەتتە ھەر يىلى روزا ھېيت، قۇربان ھېيتتا دىدارلىشىپ، بىللە ھېيت نامىزى ئوقۇشۇپ، دادىسىنىڭ تۇپراق بېشىغا بىللە تاۋاپقا چىقىشىپ، بىللە يەتىلىشىپ، قېرىنداشلىق مېھرىنى يەتكۈزۈشۇپ تۇرىدىغان ئاكا ـ ئۇكىلار بۇ بىر يىلدىن بېرى پەقەتلا كۆرۈشمەدى. سانىز مىرزا قەشقەرگە پەقەتلا ئاياغ باسمىدى. ئۈز سۇلتان مەلىكىنىڭ كېسىلىنىڭ يامانلىشىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ئانىسى بىبى ئايەتخېنىم بىلەن تېۋىپ ئەۋەتىپ كۆڭۈل سورىدى. ئەمما مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا ئىككىلىك خەت چاغلىق نەرسە ئەۋەتمىدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرىمۇ جاۋابسىز قالدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ياركەنتكە بېرىشقا بىرقانچە قېتىم تەرەددۇتلەنگەن بولسىمۇ، ئاقسۇدىن كەلگەن كۆڭۈلسىز خەۋەرلەر ئېتىنىڭ بېشىنى ياركەنتكە ئەمەس، ئاقسۇغا بۇراشقا مەجبۇرلىدى.

www.uyghurkitap.com

«ئاغامنىڭ نىيىتى باشقىچە، ئۇ خان ئالىيلىرىدىن نارازى، نارازىلا ئەمەس، بىزار. ئۇنىڭ بۇ نىيىتىنى باشقا ئەمىرلەر بىلىپ قالىدىغان بولسا سەلتەنەتكە يېتىدىغان خەۋپ تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ. پۇرسەت تېپىپ بىر مۇڭدىشىپ باقسام بولاتتى. ھەرقانچە رەنجىسەكمۇ بىزدە نېمە چارە؟ سۇلتان دوستمۇھەممەدخان نېمىلا بولمىسۇن بۈيۈك سەلتەنەتنىڭ قانۇنلۇق پاسىبانى. بىزنىڭ پەقەت ئۇنىڭغا پەرمانبەردارلىق قىلىش مەجبۇرىيىتىمىز بار. خۇدا دىلىغا ئىنساب سالسا ھامان بىر كۈنى تۈزىلىپ كېتىدۇ، قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىگە پۇشايمان قىلىدۇ، توۋا قىلىدۇ، كەچۈرۈم سورايدۇ. ئۇنىڭغىچە تەخت ـ سەلتەنەتكە كېلىدىغان خەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز، ئەغيارلىرىمىزنىڭ يامان نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرماسلىقىمىز كېرەك. بۇ جەننەتماكان پەدەرۇ بۇزرۇكىمىزنىڭ ۋەسىيىتى. ئاغام بۇ ۋەسىيەتنى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ؟ بىر يىلدىن بېرى ياركەنتتىن پەقەتلا مىدىرلىمىدى، ھەتتا ئاقسۇغا بېرىپ خان ئالىيلىرىغىمۇ كۆرۈنۈش قىلمىدى، خان ئالىيلىرى بەزمە ـ باراۋەتلەر بىلەن بولۇپ بۇ ئىشلار بىلەن كارى بولمايۋاتىدۇ. ئەگەر سەلتەنەت ئىشلىرىغا ئازراقلا كۆڭۈل بۆلگەن بولسىدى، ئاغامنىڭ بۇ ئىشىنى سۈرۈشتە قىلغان، ئوردىغا يىل بويى سالامغا كەلمىگەن گۇناھى ئۈچۈن غەزەپ قىلغان بولار ئىدى. ئاغام خاندىن رەنجىگەن تەقدىردىمۇ سەلتەنەت يوسۇنلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشى كېرەك ـ تە. يولدىن چىقماق، خاندىن قورقماق، دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ. ئى پەرۋەردىگارا! بۈيۈك سەلتەنەت مۇشۇنداق خارابلىشىپ كېتەرمۇ؟ ئاغا ـ ئىنى ئىككىمىزنىڭ نىيەت ـ مۇددىئالىرىمىز بىر يەردىن چىققان بولسا بۇنچىمۇ بولۇپ كەتمەيتتى، مەنمۇ ھېرىپ قالدىم. ۋالىدەئى مېھرىبانىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقىمۇ ۋاقىت چىقىرالمىدىم. ئۇنىڭ توققۇز ئاي، توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۇپ، ئاچچىق تولغاق ئازابى تارتىپ تۇغقىنىغا جاۋاب قايتۇرالمىدىم. بۇ گۇناھىمنى ياراتقان ئىگىسى ئۆزى كەچۈرۈۋېتەر...»

ئۆز سۇلتان مەلىكىنىڭ ئاجىز ئىڭرىشى مۇھەممەد ھەيدەر

مىرزىنىڭ خىياللىرىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ ئانىسىنىڭ باش تەرىپىگە كەلدى، ئىڭىشىپ قۇلىقىنى ئانىسىنىڭ ئاغزىغا يېقىن ئەكەلدى.

— كۆڭۈللىرى نېمە تارتىدۇ ئانا؟

ئۇز سۇلتان مەلىكە كۆزلىرىنى تەستە ئاچتى، قورۇلۇپ، تاتىرىپ كەتكەن لەۋلىرىنى مىدىرلاتتى:

— سا... سانىز... مىر... زا...

ئانىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا دەرھال يالغان سۆزلىدى:

— ئاغام يولدا كېلىۋاتىدۇ، پەمىچە كەچكىچە كېلىپ قالۇر.

ئۇ ئانىسىنىڭ كېسىلىگە سەل قارىغانلىقىغا، ئاقسۇغا بېرىشقا ئالدىراپ، ئاكىسى سانىز مىرزىغا ئانىسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن خەۋەر بەرمىگىنىگە پۇشايمان قىلدى.

«ھېلىمۇ ئۇلگۇرىمەن، ياركەنتكە دەرھال چاپارمەن ماڭغۇزاي، ھېچ بولمىسا ئانام بىلەن دىدارلىشالىسۇن، ۋەسىيىتى بولسا ئاڭلىۋالسۇن، ئۆز ئانىسى بولمىغان بىلەن، ئاغام ئانامنى خۇددى ئۆز ئانىسىدەك ھۆرمەتلەيتتى، ۋالىدەئى مېھرىبانىمۇ ئاغامغا بەكلا ئامراق ئىدى. شول تاپتا ئاغامغا تارتىشىپ قالغان ئوخشايدۇ...»

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا تاشقىرىقى سارايدا ساقلاپ تۇرغان ھەرەمئاغىسىغا بۇيرۇق قىلدى:

— دەرھال ياركەنتكە چاپارمەن ماڭغۇزسۇنلار. ۋالىدەئى مېھرىبانىنىڭ ئەھۋالىدىن ئاغام سانىز مىرزىنى خەۋەردار قىلسۇن. ۋالىدەئى مېھرىبانىنىڭ بىر ـ ئىككى كۈنلۈكى قالدى. كېلىپ رىزالىشىۋالسۇن دېگەيلەر، ھازىرلا يولغا چىققاي.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا دەرھال ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كىردى.

ـــ ئاغام يولدا كېلىۋېتىپتۇ، كىچىككەندىمۇ نامازدىگەرگىـ-
چە كېلىپ قالۇر، ـــ دېدى ئۇ ئانىسىنى ئۈمىدلەندۈرۈپ.
ئۇز سۇلتان مەلىكە ئورۇقلاپ تەمەچتەك بولۇپ كەتكەن بار-
ماقلىرى بىلەن ئوغلىنىڭ قولىنى ئاستا تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭ ئىك-
كى ئەمىرزادىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپتىن خەۋىرى بار ئى-
دى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماسلىقنى لايىق تېپىپ بۇ
ھەقتە پەقەتلا ئېغىز ئاچمىغانىدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئانى-
سىنىڭ مۇزلاپ كەتكەن ئورۇق قوللىرىنى ئىسسىق ئالىقانلىرى
ئارىسىغا ئالدى، بۇرنىنىڭ ئۇچى ئېچىشىپ كۆزىگە مۆللىدە ياش
كەلدى.
ـــ سۇ...سۇ...
مەلىكىنىڭ بېشىدا قاراپ تۇرغان خىزمەتكار ئايال چاچراپ
بېرىپ، چىنە چەينەكتىكى دېمىدە ئوقۇلغان بۇلاق سۈيىنى ئالتۇن
پىيالىگە قۇيۇپ مەلىكىنىڭ ئاغزىغا ئاستا تېمىتتى. بىرنەچچە
يۇتۇم سۇ ئىچكەن مەلىكىنىڭ ئىتتىكلىگەن تىنىقى رىتىمىغا
چۈشتى. گۇنىسىز كۆزلىرىنى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا مېھرى
بىلەن تىكتى. شۇ دەقىقىدە مۆجىزە يۈز بەرگەندەك بىردىنلا تې-
تىكلىشىپ قالغانىدى.
ـــ ئاغىلىرى سانىز مىرزا بىلەن دىدارلىششقا ئۈلگۈرەل-
مەيدىغان ئوخشايمەن، ـــ دېدى سۆزلىرى خېلىلا راۋانلىشىپ
قالغان ئۇز سۇلتان مەلىكە خىرقىراپ سۆزلەپ، ـــ ئەسلىدە
ئىككىلىرىنى دەرقەمدە قىلىپ ئىككى ئېغىز ۋەسىيەت قالدۇ-
رۇۋالارمەن دېگەن ئۈمىدىم بار ئىدى... ئەمدى سىلى بولسىلىمۇ
قۇلاق سالسىلا، جەننەتماكان ئاتىلىرىنىڭ ۋەسىيىتى ئەسلىرىدى-
مۇ ئەمىرزادەم؟
ـــ ئېسىمدە، ـــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا.
ـــ ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىسىلا، ئاغىلىرى بىلەن زىنھار
ئارازلىشىپ قالمىسىلا. سىلى سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرى-

غا كۆيۈئوغۇل بولۇپ كۆرەگانىلىق مەرتىۋىسىگە نائىل بولغان كۈندىن باشلاپ خان جەمەتىنىڭ ئادىمى بولۇپ كەتكەن. قەشقەر ۋىلايىتى ئەسلىدىنلا ئاغىلىرىغا تەۋە بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمـ ـما، سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرى بۇ ئىشتا خاتا ھۆكۈم چىقـ ـاردى. بىز ئاجىز بولغاچقا خان ھۆكمىگە بىر نېمە دېيەلمىدۇق. ھېلىمۇ ھەم ئۆلگۈرىدىلا... كۆزۈمنى يۇمۇپ قالسام يەرلىكىم ئاـ تىلىرىنىڭ يەرلىكى بىلەن بىللە بولسۇن... ئاخىرەتلىكىمنى ئۇـ زىتىپ بولغاندىن كېيىن قەشقەرنى ئاغىلىرىغا بېرىپ، سىلى ئاقسۇغا... سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئالىيلىرىنىڭ قېشىغا كەتسىلە... مەيلى قانداق ئىش يۈز بەرسە بەرسۇن، ئاغىلىرىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمىسىلە...

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۆپكىدىگىنىچە بېشىنى تۆۋەن سالـ ـدى.

— ۋەدە بەرسىلە ئەمىرزادەم، — دېدى ئۇز سۇلتان مەلىكە ئوغلىنىڭ گەپ قىلماي تۇرغىنىدىن نەسىھەتىگە نارازى بولغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ.

— خاتىرجەم بولسىلا ئانا، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا دەرھال ۋەدە بېرىپ، — ھەرقانداق ئىش يۈز بەرسىمۇ ئاغام بىلەن ھەرگىز ئارازلاشمايمەن. سىلىنىڭ دېگەنلىرىدەك قىلىمەن.

— ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەنلا، ئاتىلىرى بىلەن مەن گۆردـ ـىمىزدە ئۆرە ئولتۇرىمىز...

ھاياجانلىنىپ كەتكەن ئۇز سۇلتان مەلىكە قېقىلىپ ـ قىپـ قىلىپ يۆتەلدى، شۇ ھامان جاۋغىيىدىن قان سىرغىپ چىقتى. خىزمەتكار ئايال داكا بىلەن مەلىكىنىڭ ئاغزىدىكى قاننى سۈرتـ ـتى.

— سىلىگە رەھمەت... خۇدايىم ئىنسابلىرىنى بېرەر، ئىماـ ـنغا باي قىلار... بەندىسىگە خار قىلماس...

ئۇز سۇلتان مەلىكىنىڭ ئاۋازى بارا ـ بارا پەسلەپ كەتتى،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى

لەۋلىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس قىمىرلاپ، كېيىن پۈتۈنلەي ھەرىـ
كەتتىن توختىدى.

ــ ئانا! ۋالىدەئى مېھرىبان! مېھرىبانىم!...

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئەنسىز ئاۋازى جاۋابسىز قالـ
دى. ئۇز سۇلتان مەلىكە خاتىرجەم بولغاندەك جىمجىت ياتاتتى.

ــ دەرھال تېۋىپنى توۋلاڭلار!

تاشقىرىقى سارايدا ساقلاپ تۇرغان تېۋىپ يۈگۈرۈپ كىرىپ مەلىكىنىڭ تومۇرىنى تۇتتى، بۇرنىغا بارمىقىنى ئەكەلدى، بۇرنىـ
نىڭ ئاستىنى كۆچەپ باستى.

ــ كۆرگۈ، كۆرگۈ ئەكېلىڭلار.

خىزمەتكارلار تېۋىپقا ئەينەك ئەكېلىپ بەردى. ئەينەكنى مەـ
لىكىنىڭ ئاغزىغا تۇتۇپ باققان تېۋىپ، ئەينەكنىڭ ئازراقمۇ ھوردالمىغانلىقىنى كۆرۈپ بېشىنى تۆۋەن سالدى.

ــ دۇئا قىلسىلا ئەمىرزادەم، مەلىكە ئالىيلىرى ئارام تېـ
پىپتۇ.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا تېۋىپنىڭ ئاغزىغا بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ھۆركىرەپ يىغلىغىنىچە ئۆزىنى ئانىسىنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى.

ــ مەلۇم بولغاي، ياركەنت ئەمىرى سانىز مىرزا جانابلىرى كەلدى.

ئانىسىنىڭ مۇزلاپ كەتكەن قورايدەك قوللىرىنى تۇتقىنىچە بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قۇلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى. ھايال ئۆتمەي بوسۇغىدا سانىز مىرزىنىڭ ئېگىز، تەمبەل گەۋدىسى كۆرۈندى. مۆجىزىدەك يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن مۇھەمـ
مەد ھەيدەر مىرزا ھەيران قالدى. ئەسلىدە يۇنۇسخاندىن جاۋاب خەت ئالغان سانىز مىرزا قىش پەسلى ئاخىرلىشىشى بىلەن بىر مەزگىل پۇختا تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، قەشقەرگە قاراپ تەـ
رەپباللا يولغا چىققانىدى، ئۇ ئۇز سۇلتان مەلىكىنىڭ ئۆلۈمىگە

ئۆلگۈرۈپ كېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا دەس ئورنىدىن تۇرۇپ ئاكىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلدى ـ دە، قايتىدىن ھازا ئېچىپ يىغلاشقا باشلىدى.

— بىرنەچچە قەدەم ئىلدامراق ماڭسىلا نېمە بولاتتى جېنىم ئاغا، ئانام يوللىرىغا تەلمۈرۈپ ئارماندا كېتىپ قالدى. جېنىم ئانا كۆزلىرىنى ئاچسىلىچۇ، يولىغا تەلمۈرگەن، جامالىغا تەلپۈنگەن ئوغۇللىرى كەلدى.

— سەۋر قىلىسىلا ئىنىم.

سانىز مىرزا ئىنىسىغا تەسەللى بېرىۋاتقىنى بىلەن ئىچ ـ ئىچىدىن قاپساپ كەلگەن يىغىسىنى توختىتالمىدى. ئاكا ـ ئۇكىلار قۇچاقلاشقىنىچە بىرپەس ھازا ئېچىپ يىغلاشتى. شۇ ئەسنادا قېيىنئانىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغان مەلىكە دۆلەتنىگار خېنىم قاتارلىق ئاغىچا ـ توقاللارمۇ يۈگۈرۈپ كىرگىنىچە ھازا ئېچىشقا باشلىدى. سانىز مىرزا قەشقەرگە يۈز نەپەر خاس نۆكىرى بىلەنلا كەلگەنىدى. ياركەنتتىن ئانىسى بىبى ئايەت ئاغىچىنى، خوتۇنى ئايجامال ئاغىچىنى ئېلىپ كېلىشكە دەرھال چاپارمەن ماڭغۇزدى.

— ۋالىدەئى مېھرىبانىنىڭ مۇسىبىتىدىن خان ئالىيلىرىنىمۇ خەۋەرلەندۈرەيلى، — دېدى بىرئاز ئۆزىنى تۇتۇۋالغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا، ئاقسۇغا دەرھال چاپارمەن ماڭسۇن.

— مېنىڭچە خەۋەر بېرىشكە ئالدىرىمايلى، — دېدى سانىز مىرزا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ.

— نېمىشقا؟ — سورىدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئاكىسىنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— ئۆز ئاتىسىنىڭ مۇسىبىتىگە پەرۋاسىز قارىغان ئادەم ھامما چوڭ ئانىسىنىڭ مۇسىبىتىگە پەرۋا قىلۇرمۇ قەدىرلىك ئىنىم؟ ماقۇل، ئۇنى قەشقەرگە ۋالىدەئى مېھرىبانىمىزنىڭ ئۆلۈم پەتىسى ئۈچۈن كەلدىمۇ دەيلى، ئاشۇ تەلۋىلىكى، بەتخۇيى بىلەن

www.uyghurkitap.com

ھازىنى بەزمىگە ئايلاندۇرۇپ شارابىازلىق قىلغىنى تۇرسا كىممۇ ئۇنى توسۇيالىسۇن؟ بىزمۇ مۇسىبەتنى قايرىپ قويۇپ، ئول بالالا خور خاننىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن پالاقلىساق بولۇر ھەقىدى چان. ئەڭ ياخشىسى ئۆزىمىزگە ئارتۇق باش ئاغرىقى تاپمايلى دې سەك، خەۋەر بەرمىگىنىمىز تۈزۈك.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بېشىنى تۆۋەن سالدى، ئاكىسىغا گەپ تېپىپ بېرەلمىگەندى. دېمىسىمۇ سانىز مىرزىنىڭ كۆر سەتكەن باھانىسى ئورۇنلۇق ئىدى. كۆنلىرىنى بەزمە، شاراب، خو تۇنسىز ئۆتكۈزمەيدىغان سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ناۋادا قەش قەرگە كېلىپ قالسا، ئۇلارغا ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرەتتى. خەستە كۆڭلىگە تەسەللى بېرىش تۇگۇل يەنە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ بې رەتتى. بەلكىم بۇ ئاۋارىچىلىق، كۆڭۈل ئاغرىقى بۇ ئاغا ـ ئىنى ئەمىرلەر بىلەنلا تۈگىمەيتتى. خاننىڭ خۇي ـ پەيلىنى ئاكىسىدىن ئوبدانراق چۈشىنىدىغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بۇنىڭغا لام ـ جىم دېيەلمىگەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئانىسىنىڭ ئۆلۈم خە ۋىرىنى باشقا ۋىلايەتتىكى ئەمىرلەرگىمۇ يەتكۈزمىدى.

※ ※ ※

سانىز مىرزىنىڭ ئانىسى بىبى ئايەتخېنىم بىلەن ئايالى ئاي جامال ئاغىچا ئابابەكرى مىرزا، ئۆمەر مىرزا ۋە خان سۇلتان خې نىم قاتارلىق پەرزەنتلىرىنى ئېلىپ مەرھۇم ئۆز سۇلتان مەلىكى نىڭ يەتتە نەزىرىگە ئۇلگۇرۇپ يېتىپ كەلدى. نەچچە يۈزلىگەن كالا ـ قويلارنىڭ بېشى كېسىلىپ، نەچچە يۈزلىگەن داش قازانلاردا پولۇ دەملىنىپ، پۈتكۈل قەشقەر ئاھالىسىگە نەزىر ئې شى بېرىلدى. غېرىب ـ غۇرۋا، ئاجىز ـ مېيىپ، تول خوتۇن ـ يېتىم ئوغۇل، مۇساپىرلارغا سەدىقە تارقىتىلدى. بۇ جەرياندا ئا كا ـ ئۇكىلارغا مۇڭداشقۇدەك پۇرسەت بولمىدى. ئۇلار ھەر كۈنى

ئەتىگىنى بامدات نامىزىدىن يېنىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تۇپراق بې ـ شىغا بىللە چىقاتتى، تەڭ خەتمىقۇرئان قىلاتتى، يەنە بىللە قايتىپ كېلەتتى.

بۈگۈن تۇپراق بېشىدىن بىللە يانغان ئاغا ـ ئىنىلەر خۇددى كېلىشىۋالغاندەكلا بىر ـ بىرىدىن گەپ تەمە قىلىشىپ تۇرۇپ قالدى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئانىسىنىڭ قارىسىنى ئۇشتۇشقا ساقلىيالمايتتى، ئاقسۇغا بېرىشقا ئالدىراپ قالغان، سۇلتان دوستمۇھەممەدخان بىلەن ئوردىنىڭ ئامانلىقىدىن ئەنسىرەپ قال ـ غانىدى، ئەمما كۆڭلىدىكى ئەندىشىسىنى ئاكىسىغا بىلدۈرۈشكە تىلى بارمايۋاتاتتى. سانىز مىرزا بولسا مۇشۇنداق مۇسىبەتتە تۇر ـ غان پەيتتە، يۇنۇسخان بىلەن بىرلىشىپ سۇلتان دوستمۇھەممەد ـ خان سەلتەنەتىنى بىكار قىلىش، ئۇنى تەختتىن چۈشۈرۈپ ئور ـ نىغا خان تاغىسى يۇنۇسخاننى تەختتە ئولتۇرغۇزۇش ئىشىنى ئى ـ نىسىغا مەسلىھەت سېلىشقا كۆڭلى بارمايۋاتاتتى. ھەر ئىككىلى ـ سى كۆڭلىدىكىنى بىر ـ بىرىگە بىلدۈرۈشكە شۇنچىلىك تەقەززا بولاتتى ـ يۇ، لېكىن ئاۋۋال ئېغىز ئېچىشنى بىئەپ ھېس قىلى ـ شاتتى.

ئاخىرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئېغىز ئاچتى:

— ۋالىدەئى مېھرىبانىمىزنىڭ قارىسىنى ئۇشتۇيدىغان ۋاقىتقىچە دەرھال ئاقسۇغا بېرىپ كېلەي دەپ ئويلىغاندىم، ئۆز ـ لىرىگە ماقۇل كەلسە بىللە بېرىپ كەلگەن بولساق...

سانىز مىرزا ئىنىسىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى:

— ئاستانىگە بۇنچە ئالدىراش ـ تېنەش بېرىش نېمىگە ھا ـ جەت بولۇپ قالدىكىن قەدىرلىك ئىنىم؟

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىر دەقىقە ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

— سىلىمۇ خەۋەر تاپتىلا ھەقىچان. خان ئالىيلىرى كەيپ ـ

www.uyghurkitap.com

چىلىكتە يوقىلاڭ سەۋەب بىلەن لەشكىرىي دىۋانىنىڭ ئورۇنباسار ئەمىرى ئوسمان يەھيانىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن ئاقسۇدا بىر قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىدىغاندەك بېشارەت بولماقتا. ئەسلىدە ئاستانىگە مېڭىشقا تەييارلىنىپ بولغانىدىم، كۈتمىگەندە ۋالىدەئى مېھرىبان ۋاپات بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ سەپەرنى كېيىنگە سۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم. خان ئالىيلىرى ھېچنېمىدىن غېمى يوق پەرۋاسىز يۈرمەكتە. بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بەرسە ئالدىنى ئالالىغۇچىلىكى، تاقابىل تۇرالىغۇچىلىكى يوق. ئوردىدىكى ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى ئالىيلىرىدىن نارازى، تاشالمايلا تۇرىدۇ. بىرى باشلامچىلىق قىلسا ھەممىسى ئەگىشىشتىن يانمايدۇ. شۇڭلاشقا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان بالا ــ قازانىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاستانىگە تېزرەك بارمىسام بولمايدۇ.

سانىز مىرزا ئىنىسىنىڭ تېخىچىلا ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىقتىدارسىز خاننىڭ غېمىنى يەۋاتقانلىقىنى بىلىپ قاتتىق ئۆمىدسىزلەندى. ئۇمۇ سەركەردە ئوسمان يەھيانىڭ ئۆلۈمىدىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپقان، مۇشۇ سەۋەبتىن ئوردىدا تېزرەك بىر قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىشىنى ئارزۇ قىلغانىدى. ناۋادا ئوردىدا خانغا قارشى ئىسيان يۈز بەرسە، ئىنىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىلەن بىرلىشىش ئاسانغا توختايتتى. بىراق، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بولسا سەزگۈرلۈك بىلەن ئاشۇ توپىلاڭنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئالدىراۋاتاتتى.

ــ ئاستانىگە بارمىسىلا زادى بولماسمۇ؟ ــ دېدى سانىز مىرزا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، ــ خان ئالىيلىرى كىچىك بالا بولغان بولسىغۇ بىر نۆرى، نەسىھەت قىلىپ باشلىماق ئاسان ئىدى. ئەر يەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەلۋىلىكتە ئۇچىغا چىققان بىر ئادەمنى ئۆگەنگەن خۇيىدىن توسۇماق ئۇنچە ئاسان ئەمەس. يامىنى كەلسە مەۋلانە تاجىددىن، سەركەردە ئوسمان يەھيا پاجىئەسى سىلىنىڭ باشلىرىغىمۇ كەلمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ. خان ئالىيلىرى تەلۋىلا ئەمەس، قېيقىزىل ساراڭ بوپتۇ ھازىر، نېمە قىلىۋاتقانلى-

قىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە باشقىچە يول تۇتۇپ كۆڭۈلنى خاتىرجەم قىلغىنىمىز ئەۋزەل.

سانىز مىرزا ئىنىسىنىڭ گەپ قىلماي تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئەسلىي مۇددىئاسىغا يېقىنلاشماقچى بولدى.

— تەخت ـ سەلتەنەتكە پاسىبان بولغىدەك ئىستىپدات ئىگىسى ئىزدىسەك خان جەمەتىدىن تېپىلىدۇ، بەلكىم ئەل ـ يۇرتقا بىمالال رەھنەما بولالايدۇ.

ئاكىسىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنگەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا شارتتىدە بېشىنى كۆتۈردى، بىرئاز غەمكىن كۆرۈنىدىغان كۆزلىرىدە تەسۋىرلىگۈسىز بىر قارشىلىق، نارازىلىق چىقىپ تۇرغان چېھرىدە كەسكىن بىر ئىچكى ھاياجان بالقىدى.

— تەخت ـ سەلتەنەتكە، خان ئائىلىلىرىگە ساداقەتسىزلىك قىلىش ئېغىر گۇناھ، — دېدى ئۇ كۆڭلىدىكىنى يوشۇرماي، — بۇنداق قىلىش ھەم جەننەتماكان پەدەرۇ بۇزرۇكىمىزنىڭ ۋەسىيەتىگە خىلاپ. بىز بابائى بۇزرۇك ئۇلۇسبېگى خۇدايداد ھەزرەتلىرىنىڭ ۋاپا، ساداقەت نۇرى بىلەن يورۇغان جامالىغا قارا سۈركىسەك بولمايدۇ ئاغا.

شۇ تاپتا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ يۈركى ھاياجاندىن قاتتىق سېلىپ كەتكەنىدى.

«خۇدايا توۋا، ساداقەتسىزلىك، ئىسيان تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىقارمىكىن دەپ باشقا ئەمىرلەردىن ۋايىم يېسەم، ئەسلىدە ئاغام ئاللىقاچان ھازىرلىق كۆرۈپ بوپتۇ ئەمەسمۇ؟ ئاھ، پەرۋەردىگار، بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق؟! ۋالىدەئى مېھرىبان كۆز يۇمۇش ئالدىدا ئاغامنىڭ مۇشۇ پەيلىنى بىلىپ، مەندىن ئاشۇنداق ۋەدە ئالغان بولغىيمىدى؟ بابا، مەن تېخى ئۇنىڭغا قەشقەرنى تاپشۇرۇپ بېرىپ ئاقسۇغا بىراقلا كېتەي دەپتىكەنمەن. قەشقەر ئۇنىڭ قولىغا ئۆتسە ئىسيان تۇغىنى ئاشكارا كۆتۈرۈپ چىققۇدەك. تەخت، سەلتەنەتكە

پاسىبان بولغۇدەك ئىستىبدات ئىگىسى ئىزدىسەك خان جەمەتىدىن تېپىلىدۇ دەيدۇ تېخى. كىمنى كۆزدە تۇتۇۋاتقانلىقىنى بىلدىم، بىتەھقىقكى، چوقۇم يۇنۇسخان ئالىيلىرىنى كۆزدە تۇتتى. بۇ مۇنداقلا دەپ قويغان گېپى ئەمەستەك قىلىدۇ، بەلكىم ئاللىقاچان يۇنۇسخان بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ بولغاندۇ. بىز نېمىلا بولمىسۇن مەرھۇم سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرىنىڭ تەربىيەسىدە چوڭ بولدۇق، ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشتۇق، كىچىك كۆرمەي ئوردىدا يۇقىرى مەرتىۋە بەردى، ھەر ئىككىلىمىزنى ئۆز قولى بىلەن ئۆيلەپ قويدى، دېمەك، ئاتا ئورنىدا مېھرىبانلىق كۆرسەتتى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ خانزادىسىنى جان ـ جېنىمىز بىلەن قوغدىمىساق تۇزكورلۇق قىلغان بولمايمىزمۇ؟ سۇلتان دوستمۇھەممەدخان تاجۇ تەختتىن ئادا بولسا، مۇشۇ سەۋەبتىن كۆزىدىن ياش ئاقسا، مەرھۇم خان ئالىيلىرى گۆرىدە خاتىرجەم ياتالارمۇ؟ ئاتامچۇ؟ ئانامچۇ؟ ئۇلار ھايات بولغان بولسا بۇنىڭغا ھەرگىز يول قويمىغان بولاتتى. ئاغام نىيىتىنى ئاخىر ئاشكارىلىدى. ئەمدى قانداق قىلسام بولۇر؟ قەشقەرنى ئۇنىڭغا بەرمەي دېسەم ئاقسۇغا بارمىسام بولىدۇ، ئاقسۇغا بارمىسام خان ئالىيلىرى ھامان بالا ـ قازاغا يولۇقىدۇ. ئۇل چاغدا ئاغام بىلەن ئوتتۇرىمىزدا بەربىر ئارازلىق پەيدا بولىدۇ. بۇ ئاتا ـ ئانا ۋەسىيىتىگە خىلاپ، ئەجەب ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قالدىمغۇ ئەمدى...»

شۇ تاپتا سانىز مىرزىنىڭ كاللىسىدىمۇ كەسكىن زىددىيەت توقۇنۇشۇۋاتاتتى.

«ئىنىم مېنى ھەرگىز قوللىمىغۇدەك، ئۇنىڭغا ئېغىز ئۇپراتقىنىم بىكار ئوخشايدۇ. قەشقەرنى قولۇمغا ئالمىسام يۇنۇسخان ئالىيلىرى بۇ تەرەپكە كېلىشكە ئالدىراپ تەۋەككۇل قىلمايدۇ. ئەمما، سەلتەنەت ئىشلىرىنى دەپ قەدىرلىك ئىنىم بىلەن ئارازلىشىپ قالسام تېخىمۇ بولمايدۇ. ئۆلۈپ كېتىدىغان ئالتە كۈنلۈك جاھاندا قېرىنداشلىق مېھرى ھەممىدىن مۇھىم. قانداق

قىلسام بولىدىكىن؟ مەيلىلا، بولمىسا ياركەنتكە كېتىپ بىر مەزگىل پۇرسەت كۈتەي. ئەمىرلەر خانغا قارشى كۆتۈرۈلۈپ چىققاندا ئۇنىڭغا يەنە نەسىھەت قىلىپ كۆرەرمەن...»

— مەن ئابا ـ ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۈزىگە قارا سۈركىمەكچى ئەمەسمەن، — دېدى سانىز مىرزا سالماقلىق بىلەن، — كۆز ئالدىمىزدىكى ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ شۇنداق دەۋاتىمەن. خان ئالىيلىرىنىڭ ھايتاق[1] بولۇپ كەتكەنلىكىنى دېمىسەممۇ ئۆزلىرىگە بەش قولدەك ئايان. مۇشۇ سەۋەبلىك ئۆزلىرىگە ھارسەنلىك[2] يېتىپ قالمىسۇن دەيمەن.

— بۇ ئىشنى ئوڭشاشنىڭمۇ بىر بائىسى تېپىلىپ قالۇر. بىزنىڭ سەۋەبىمىزدىن خان ئالىيلىرى تەخت، سەلتەنەتتىن ئايرىلىپ قالسا، كۆزىدىن ياش ئاقسا بولمايدۇ.

— ئۇنداقتا باشقا بىگۇناھلارنىڭ قېنى ئاقسا بولىدىكەن ـ دە، بىھۇدە، ناھەق ـ نارەۋا ئۆلۈپ كەتكەن ئاشۇ ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى بۈيۈك تەخت ـ سەلتەنەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلغان تۆھپىكار سەركەردىلەر ئەمەسمىدى ئىنىم؟ ئۇلارنىڭ ۋابالى بىزنىمۇ تۇتماي قالمايدۇ، مەن مۇشۇنىڭدىن ئەنسىرەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ سەلتەنەتى ھازىر بەئەينى زەيلەپ كەتكەن تامغا ئوخشاپ قالدى، ئۇنى ئىككىمىز ئۇلداپ بولالمايمىز.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئاغزى يەنە تۇۋاقلاندى.

«بولدىلا، قەشقەرنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بېرىپ ئاقسۇغا كېتەي. كەڭ قورساقلىقىمدىن، خان ئالىيلىرىغا، سەلتەنەتكە بولغان ساداقىتىمدىن تەسىرلەنسە، بىر مەزگىل ئىسيان تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىقىشتىن ئۈيىلار. بەلكىم مېنى خان ئالىيلىرىنىڭ قېشىدا دەپمۇ بولسا سەلتەنەتكە پۇت ئاتماس. ئۇنىڭغىچە خان ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلىگىمۇ ياراتقان ئىگىسى ئىنساب بېرەر. بۇنىڭدىن باشقا چارە

① ھايتاق — گەپ ئاڭلىمايدىغان، ئىش بىلمەيدىغان بەڭباش.

② ھارسەنلىك — خاپىلىق.

www.uyghurkitap.com

يوقتەك قىلىدۇ...»

ــ ھە راست، ئىسىم قۇرۇسۇن. ئۆزلىرىگە مەرھۇم ۋالىدەئى مېھرىبانىنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ۋەسىيىتىنى يەتكۈزۈشنى ئۇنتۇپتىمەن.

«ۋالىدەئى مېھرىبان قانداق ۋەسىيەت قالدۇرغان بولغىيدى؟...»

سانىز مىرزا گۇمان بىلەن ئىنىسىگە تىكىلدى.

ــ ۋالىدەئى مېھرىبانىمىز جان ئۈزۈش ئالدىدا قەشقەرنى ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىشىمنى ئالاھىدە تاپىلىغانىدى.

«بۇ نېمە گەپ ئەمدى؟...»

سانىز مىرزا گاڭگىرىدى:

ــ ۋالىدەئى مېھرىبانىمىزنىڭ بۇ خۇسۇستا ۋەسىيەت قالدۇرۇشىدىكى مۇددىئاسىنى بىلسەم بولۇرمۇ؟

ــ مۇددىئا ئېنىق، ــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا تەمكىنلىك بىلەن، ــ قەشقەر ئابا ـ ئەجدادلىرىمىزنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنى. بۇنىڭغا ئەزەلدىن ئۆز جەمەتىمىزدىكىلەر پاسىبانلىق قىلىپ كەلگەن. مەن مەرھۇم جەننەتماكان قېيىنئاتام سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتى بىلەن كۈيئوغۇل بولۇپ كۆرەگانلىق مەرتىۋىسىگە مۇشەررەپ بولغاندىن بېرى، ئۆلۈك ـ تىرىكىم خان جەمەتىگە مەنسۇپ بولۇپ كەلدى. شۇل سەۋەبتىن قەشقەرگە مەن ئەمەس، سىلى ئەمىر بولسىلا توغرا بولاتتى. مەرھۇم پەدەرىمىز ۋاپات بولغان چاغدا خان ئالىيلىرى نېمە سەۋەبتىندۇر قەشقەرنى ماڭا بۇيرۇپ بەردى. خان پەرمانىغا ھېچقايسىمىز سەركەشلىك قىلالمىدۇق. ھازىر مەرھۇم خان ئالىيلىرى يوق. سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئالىيلىرىنىڭ بولسا بۇ ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلغۇچىلىكى يوق. قەشقەرنى ئەمدى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىدىغان پەيت كەلدى. قەشقەرنى قوللىرىغا ئېلىپ تاغدەك يۆلەنچۈك بولۇپ تۇرۇپ بەرسىلە، مەنمۇ ئوردىغا بېرىپ خان ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىنى خاتىرجەم ھالدا قىلالاي-

مەن. سەلتەنەتكە، خان ئالىيلىرىغا دۈشمەنلىك كۆزىدە قارايدىغانلارمۇ ئىسيان تۇغىنى ئاشكارا كۆتۈرۈپ چىقىشقا پېتىنالمايدۇ، ۋالىدەئى مېھرىبانىمىزنىڭ مۇددىئاسى مانا مۇشۇ.

سانىز مىرزىنىڭ ئىرادىسى تەۋرەندى، يۈزى چىمىلدىدى. ئىنىسىنىڭ كەڭ قورساقلىقىغا، ساداقەتمەنلىكىگە، مەردلىكىگە قايىل بولدى.

«ۋالىدەئى مېھرىبانىمىز مۇشۇنداق ۋەسىيەت قىلغان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئاخىرقى ھېسابتا سىلى ئۆتىملا ئىنىم. سىلى ئول تەلۋە خانىنىڭ قېشىدا تۇرسىلا، مەن قانداقمۇ سەلتەنەتكە قارشى چىقالايمەن؟ بارىكاللا، ھەقىقەتەن ئەقىللىق، تەدبىرلىك ئىكەنلا. چارە ـ تەدبىر ئويلاشتا ئاتامدىن قېلىشمايدىكەنلا...»

— قەشقەرنىڭ ماڭا كېرىكى يوق. سىلى ئاقسۇغا — ئوردىغا بارمىسىلا، — دېدى سانىز مىرزا يىلىنغان ھالدا.

— بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم، بارمىسام بولمايدۇ، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قەتئىيلىك بىلەن، — خان ئالىيلىرى ماڭا موھتاج، بېرىپ مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلىشىم كېرەك. ناۋادا بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپ قالسا ھەممەتلىرىنى ئايدىمغايلا. مەندەك ئەقىلسىز ئىنىلىرىنىڭ ئاغام بار دەپ كۆڭلۈم توق.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ كۆزىگە مۆللىدە ياش كەلدى. شۇ تاپتا ئۇ قەشقەرنى بېرىش بەدىلىگە ئاكىسىنى سۇلتان دوستمۇھەممەدخانغا قارشى چىقماسلىققا ۋەدە بېرىشكە قىستاۋاتاتتى. ئىلاجسىز قالغان سانىز مىرزا زۇۋان سۈرۈشكە مەجبۇر بولدى:

— خاتىرجەم بولسىلا ئىنىم. سىلىنى ئۆتقا ئىتتىرىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن.

— تەسەررۇپىمىزدا سەلتەنەتكە، خان ئالىيلىرىغا دۈشمەنلىك كۆزىدە قارايدىغان ئەمىرلەر كۆپىيىپ قالدى. ئۇلارنىڭ تەپرىقچىلىكىدىن ئاگاھ بولغايلا.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئاكىسىنى باشقا ئەمىرلەر بىلەن تىل

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىرىكتۈرمەسلىككە ئاگاھلاندۇرۇۋاتاتتى. سانىز مىرزا ئىنىسىنىڭ مەقسىتىنى پۈتۈنلەي چۈشەنگەنىدى.

— ئەلچۈەتتە ئاگاھ بولىمەن. مۇددىئايىمغا قارشى ھەرىكەت قىلىشقا ھەرگىز يول قويمايمەن. سىلىمۇ ئاگاھ بولسىلا ئىنىم. خان ـ سۇلتانلار دېگەن يولۋاسقا ئوخشايدۇ، يولۋاس دېگەن قارنى ئاچقاندا ئۆز بالىسىنى يەۋېتىشتىن يانمايدۇ. ھازىرچە سىلىگە يول قويۇپ تۇراي، قاچانكى سۇلتان دوستمۇھەممەدخان كۆتكەن ئۇ-مىدلىرىنى ئاقلىيالمىسا، ئۇنىڭدىن ئۈمىدسىزلىنىپ، رايلىرى يېنىپ قالسا، ئۆزلىرىنى ساداقەت ئارغامچىسىغا زىيادە باغلىۋال-ماي، كەمىنە ئاغىلىرىنىڭ بايىقى ئىككى كەلىمە نەسىھەتىنىمۇ ئويلىشىپ كۆرەلا. خان ئالىيلىرىنى ساقلاپ قالىمىز دەپ بۈيۈك سەلتەنەتنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتساق، ئاتا ـ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئالدىدا ئوخشاشلا قارا يۈز بولىمىز. سەلتەنەتنىڭ روناق تېپىشى، ئەل ـ يۇرتنىڭ ئاۋاتلىقى، ئاۋامنىڭ ئاسايىشلىقى ئىستىپداتلىق پاسىبانغا باغلىق. سۇلتان دوستمۇھەممەدخان بولسا تاج ـ تەخت-سىزمۇ بەزمە ـ باراۋەت قىلىپ، شاراب ئىچىپ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرەلەيدۇ، بۇنىڭغا مەن كېپىل.

— مۇددىئالىرىنى چۈشەندىم. كالاملىرىنى ئېسىمدە مەھكەم ساقلايمەن.

ھەئە، ئاغا ـ ئىنى ئەمىرزادىلەرنىڭ بۇ سۆھبىتىنى ئاددىيلا كۆڭۈل چۈشەندۈرۈش دېگەندىن كۆرە، شەكلىسىز، بىرەسمىي سۈلھى تۈزۈش دېگەن تۈزۈك ئىدى. ئۇلار ئۆز مۇددىئالىرىنى قە-غەزگە يېزىپ قول قويۇشمىغان بىلەن قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە يېزىۋېلىشقانىدى.

ئاكىسىنى نىيىتىدىن ياندۇرغاندىن باشقا، ۋەدە ئېلىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا خاتىرجەم بولۇپ، خې-لىلا يەڭگىللەپ قالدى. ئۇ ئاكىسىنىڭ بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قى-لىدىغانلىقىغا، ئالدىراپ سۇلتان دوستمۇھەممەدخانغا قارشى چىقمايدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى، شۇڭا خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئې-

لىپ ئاقسۇغا مېڭىشقا ئالدىرىدى.

— بىر ئىشنى سەمىلىرىگە سالسام كۆڭۈللىرىگە كەلمەس، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئاكىسىغا قاراپ.

— قېنى خوش، — دېدى سانىز مىرزا.

— سەركەردە ئوسمان يەھيا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، لەشكىرىي دىۋاندىكى سەركەردىلەرنىڭ نىيەت ـ ئىقبالى ماڭا قاراڭغۇ، شۇڭا ئاقسۇغا قەشقەردىكى لەشكەردىن ئۈچ مىڭنى ئېلىۋېلىپ باراي دېگەنىدىم.

— ئوبدان ئويلاپسىلا، ئاشۇنداق قىلماي بولمايدۇ، — دېدى سانىز مىرزا رازىلىقىنى بىلدۈرۈپ، — سىلىنى مۇشۇنداقلا يولغا سېلىپ قويسام مەنمۇ خاتىرجەم بولالمايمەن. ئاقسۇغا بارغاندىن كېيىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرەلا. ئىمكان بار لەشكىرىي دىۋاندىكى سەركەردىلەرنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىشقا تىرىشسىلا. ئازراقلا گۇمانلىرىنى قوزغىغان سەركەردىلەرنى دەرھاللا مەرتىۋىسىدىن خالاس قىلسىلا. سۇلتان دوستمۇھەممەدخاندىنمۇ كۆپ ئېھتىيات قىلغايلا، ئارىمىزدا كۈندە دېگۈدەك خەۋەرچىلەر مېڭىپ تۇرسۇن. لازىمىم بولغاندا ھەرقاچان يانلىرىدا ھازىر بولىمەن.

— كۆپ رەھمەت ئاغا. مېنى چۈشەنگەنلىرىدىن تولىمۇ خۇرسەنمەن. ئوردا ئىشلىرىدىن سىلىنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ۋاقىپلاندۇرۇپ تۇرىمەن.

※ ※ ※

ئىنىسىنى ئاقسۇغا ئۇزىتىپ قويغان سانىز مىرزىنى قايتىدىن غەم باستى.

«ئەمدى قانداق قىلسام بولۇر؟ يۇنۇسخان ئالىيلىرى خەۋەرىمنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇنى ئىنىم بىلەن بولغان سۆھبەتتىن تولۇق خەۋەرلەندۇرەي، بولمىسا كۆڭلىدە گۇمان پەيدا بولۇپ قا-

لىدۇ، ئۆزىمۇ ئالدىرىماسلىقنى، پۇختا ھازىرلىق كۆرۈشنى تاپىلىغانىكەن. بىرەر يىل ئەھۋالغا قاراپ باقمايمىزمۇ، كىم بىلىدۇ، ئىنىم مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئالتە كۈندە قېشىمغا ۋايىداد دەپ كېلەمدۇ تېخى. ئىشەنچىم كامىلكى، سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ھەرگىز تۈزەلمەيدۇ. ئۇل تەلۋىدىن پەزىلەت، ئادالەت، ياخشىلىق كۈتۈش خۇددى سۆگەتتىن ئامۇت تەمە قىلغاندەكلا ئىش. ئەڭ ياخشىسى، چاندۇرماي تەييارلىق كۆرگەچ تۇراي...»

سانىز مىرزا يۇنۇسخانغا خەت يېزىشقا كىرىشتى. خېتىدە ئىنىسى بىلەن بولۇنغان سۆھبەتنى تەپسىلىي بايان قىلدى، ئۇنى بىر مەزگىل تەخىر قىلىشقا ئۈندىدى. ئۇ قەشقەرنى كۈچمەيلا قولىغا ئالغىنىغا ھەم خۇشال، ھەم خۇشال ئەمەس ئىدى. چۈنكى، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۇنىڭ يولىنى ئۇستىلىق بىلەن توسۇپ قويغانىدى.



ئەتىياز ۋە يازدا يۈز بەرگەن قۇرغاقچىلىق ئاپىتىنىڭ ئەكسىچە، كۈز پەسلىگە يېقىن ئاقسۇدا كەلكۈن ئاپىتى بولغانىدى. بىر ھەپتىدىن بېرى ئاقسۇ دەرياسىنىڭ ئاساسلىق غول ئېقىنى بولغان قۇمئېرىق دەرياسى بىلەن توشقان دەرياسىنىڭ سۇيى خۇددى بەسلەشكەندەكلا ئۇلغىيىپ بىردىنلا ئاپەت پەيدا قىلدى. قۇمئېرىق دەرياسى ئونسۇ بەگلىكىنىڭ تۇمشۇق، ئارال، شەيخلا قىشلاقلىرىنى، توشقان دەرياسى بولسا ئۇچ[1] بەگلىكىنىڭ ئوتبېشى، يامانسۇ، ئىماملىرىم، ئاقيار قىشلىقىنى سۇغا چۆكتۈرۈۋەتتى. ئۆرۈلگەن ئۆيلەرنىڭ، كەلكۈن ئېقىتىپ كەتكەن ئادەم،

① ئۇچ ــ ھازىرقى ئۇچتۇرپان.

مال ـ چارۋىلارنىڭ، زەر ـ زىرائەت، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق ئىدى. ئاپەت مەلۇم قىلىپ ئوردىغا كەلگەن مەلۇماتچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئەمما، سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ بۇ مەلۇماتلارنى كۆرگۈدەك ھەپىلىسى يوق ئىدى، خۇددى تەسەررۇپىدا ھېچقانداق ئاپەت يۈز بەرمىگەندەك، ئەل ـ يۇرتنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلكى ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىغاندەك بەخىرامان ھالدا گاھ ھەرەمدە، گاھ ئوردا بېغىدا ئەيش ـ ئىشرەت، بەزمە بىلەن مەشغۇل ئىدى.

جىددىيلەشكەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا يۈز بېرىۋاتقان ئاپەتتىن خاننى خەۋەرلەندۈرۈشكە ھەرقانچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن شارابنى بولدى دېگۈچە ئىچىپ غەرق مەست بولۇپ كەتكەن سۇلتان دوستمۇھەممەدخانغا پەقەتلا تەسىرى بولمىدى. ئىلاجسىز قالغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا كۆكبېشى[1] باشچىلىقىدىكى بىر قانچە ئەمىر بىلەن بىرلىكتە كەلكۈن ئاپىتىگە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنى قۇتۇلدۇرۇش نىيىتىدە يۈرۈپ كەتتى.

— لەشكەرلەرنىڭ ئارىسىدىكى قېرى ـ چۆرىلەردىن باشقىلىرى ھاشارغا بارسۇن، — دېدى ئۇ لەشكىرىي دىۋاننىڭ ئورۇنباسار ئەمىرى ئالتۇن ساقال مىرزىغا، — سۇسلۇق قىلغانلار قاتتىق ياساققا تارتىلىدۇ.

كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەن يۇرتلاردا ئېغىر ئاچارچىلىق يۈز بەرگەنىدى. ئوردىنىڭ ئاشلىق ئىسكىلاتىدىن ئاجراتقان ئاشلىقلار يېتىشمەيتتى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا يېقىن ئەتراپتىكى كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىمىغان يۇرتلاردىكى تۇتۇنبېگىدىن يۇقىرى بەگلەرنى، باي ـ زەردارلارنى ئاشلىق، چارۋا، كىيىم ـ كېچەك، يوتقان ـ كۆرپە، ياغاچ ـ تاش ئىئانە قىلىشقا خان نامىدىن يارلىق چۈشۈردى، ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھاشار قوزغىدى. ئۇ بۇ ئىشلارنى بىر قۇر ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەمدىلا ئۇھ دەپ تۇرۇشىغا، ئاقسۇ دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىمۇ تاشقىن كۆرۈلگەنلىك مەلۇماتى

① كۆكبېشى — ئوردىنىڭ سۇ ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمىرى.

www.uyghurkitap.com

كەلدى.

«ئەستاغپۇرۇللا، نېمانچە بىخەستەلىك قىلغاندىمەن، ئاپەتنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىگە يۈگۈرۈپتىمەن، باش تەرەپنى يالمىغان كەلكۈن ئاياغنىمۇ يالمايتتى ئەمەسمۇ. ئىككى دەرياغا كەلگەن كەلكۈن ئاقسۇ دەرياسىغا قۇيۇلۇپ تېخىمۇ زور كەلكۈن پەيدا قىلىدىغانلىقىنى نېمىشقا ئويلىمىدىم ـ ھە؟ ئۇمىلاقمان سۇ بىلەن ھەپىلىشىدىغان كۆكبېشى ئەمىر نېمىشقا بۇ ئىشنى سەمىمگە سالمىغاندۇ؟ ئاقسۇ دەرياسىدا تاشقىن كۆرۈلگەن بولسا ئاقسۇ شەھىرىمۇ ئامان قالمايدۇ. يالغۇز ئاقسۇ شەھىرىلا ئەمەس، ئاياغ تەرەپتىكى قاراتال، بەشتوگمەن، ئاۋات، غورۇچۆل، بەشئېرىق، دولان... قاتارلىق يۇرتلارنىمۇ سۇ باسىدۇ، بەلكىم ئاپەت تېخىمۇ كېڭىيىپ كېتەر...»

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇرىدى. ئۇ ئاقسۇ دەرياسى پەيدا قىلغان ئاپەتنىڭ مۆلچەرىدىكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئاقسۇ شەھىرىدە كەلكۈن ۋەھىمىسىدىن قاچ ـ قاچ پەيدا بولغانىدى. ئاياللار، بالىلارنىڭ ئېچىنىشلىق نالە ـ زارى يۈرەكنى تىترەتتى. شۇ تاپتا بۇ ۋەيرانچىلىق ھەرقانداق ۋەھشىي ياۋنىڭ ۋەيرانچىلىقىدىن ئېشىپ چۈشەتتى. ئۇنىڭ ئېسىگە تۇيۇقسىز يېقىنقى بىر سورۇندا ئاڭلىغان: «قىستاپ كەلگەن يەلنى، باستۇرۇپ كەلگەن سەلنى، قوزغىلىپ كەتكەن ئەلنى توسۇۋالغىلى بولمايدۇ» دېگەن سۆز كەلدى.

«توۋا، ماۋۇ گەپنىڭ ماس كېلىپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان. تېخى شول چاغدا بۇنى بىر ئاۋنىڭ قىزىقچىلىقتا گەپ ئويۇنى چىقارغىنى دەپ چۈشىنىپتىكەنمەن. ئەسلىدە ئاساسى بار ئىكەن ـ دە، ماقۇل، يەل قىستاپ كەلسىغۇ خالىيراق بىر يەرگە بېرىپ قوۋۇەتكىلى بولۇر، باستۇرۇپ كەلگەن سەل ـ كەلكۈننىمۇ بىر ئامال قىلىپ توسۇۋالغىلى بولۇر، ھېچبولمىغاندا زىيىنىنى ئازايتقىلى بولۇر، ناۋادا ئەل قوزغىلىپ قالسىچۇ؟...»

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ كۆز ئالدىغا شۇ ھامان ئەل ـ

يۇرتتا بولۇۋاتقان ۋەيرانچىلىقنى قايتىلىغا ئالماي بەخىرامان بەزمە قىلىپ، شاراب ئىچىپ، سازەندە ـ رەققاسلار بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ ئولتۇرغان سۇلتان دوستمۇھەممەدخان كەلدى.

«خان ئالىيلىرى ئويۇن ـ تاماشىلاردىن نېمانچە مېھرىنى ئۈزەلمەيدىغاندۇ؟ تەختتە ئولتۇرغىنىغىمۇ بىرنەچچە يىل بولۇپ قالدى. ئەمدى تاماشىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، سەلتەنەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بەرسە بولاتتى. ھېلىمۇ ئوردىدىكى ئەمىرلەرنىڭ نارازىلىقى بېسىلغىنى يوق. ھەر ئاماللارنى قىلىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياساۋاتىمەن، تەسەللى بېرىۋاتىمەن. ئەلدە ئاپەت يۈز بەرگەن مۇشۇنداق پەيتتە ئوردىدىن چىقىپ ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا باشچىلىق قىلسا، ئاۋامنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بەرسە، ئاجىز ـ ئورۇق، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلىسا ياخشى بولاتتى. ئاشۇنداق قىلسا، ناۋادا ئەمىرلەر خانغا قارشى قوزغالسىمۇ ئەل قوزغالمايتى. ھېلىقى گەپ راست، ئەل قوزغالسا توسۇۋالغىلى بولمايدۇ، ئەل قوزغالسا تەخت قوزغىلىدۇ. ئۇل چاغدا ئۇن بېشىم بولغان تەقدىرىدىمۇ ئامالىم يوق...»

ئۇ ئاياغ ئېقىندىكى يۇرتلارنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشقا، خەلققە ئوزۇق ـ تۈلۈك يەتكۈزۈپ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىشقا بىرقانچە ئەمىرلەرنى ماڭغۇزغاندىن كېيىن، سۇلتان دوستمۇھەممەدخانغا ئاپەت ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىش، بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۇنى ئاپەت يۈز بەرگەن يۇرتلارغا بىللە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئوردىغا قاراپ ماڭدى.

※ ※ ※

بۈگۈن سۇلتان دوستمۇھەممەدخان بەزمە سورۇنىنى ئوردا بېغىدىكى «ھۇزۇرى شادلىق» ناملىق يازلىق سورۇنخانىسىغا راسلاتقۇزغانىدى. چۆرىسى نەقىشلىك ۋادەكلەر بىلەن توسۇلغان، ئۈستىگە تال ـ باراڭلار سايە تاشلاپ تۇرغان، يەردىن بىر گەز ئې-

www.uyghurkitap.com

گىزلىكتە كۆتۈرۈپ ياسالغان سورۇنخانا ھەم چوڭ، ھەم ھەشەمەتلىك ئىدى. سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئەتىگەندىن بېرى ساز ئاڭلاپ، ئۇسسۇل كۆرۈپ زېرىككەن بولسا كېرەك، سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان داستىخاننى يىغدۇرۇۋېتىپ ئابدال ئويۇنىغا چۈشكەندى.

ئابدال ئويۇنى سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ يېقىندىن بېرى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن تاپقان يېڭى ئويۇنى ئىدى. بۇنىڭدا سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى قەلەندەر ــ تىلەمچىلەردەك ياسىناتتى ــ دە، دولىسىغا خۇرجۇن سېلىپ، قوللىرىغا ساپايى ئېلىپ، ئاۋازىنى مۇڭلۇق چىقىرىپ بىر تەرەپتىن ھۆكمەت ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن نالە ــ زار بىلەن يېلىنىپ، يالۋۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلاتتى. بۇ ئويۇنغا سۇلتان دوستمۇھەممەدخان بەكمۇ ھېرىس بولۇپ كەتكەنىدى. ئويۇندا ئابداللىقنى ئۆزى باشلاپ بېرەتتى، سورۇندىكىلەرگە تەلەپنى قاتتىق قوياتتى، تىلەمچىلىك قىلغانلارغا ئالدىراپ بىر نەرسە بەرمەسلىكنى، ئۇلارنى قاتتىق يالۋۇرتۇپ، ھەرخىل تەلەپ ــ شەرتلەرنى قويۇپ زاڭلىق قىلىشنى جېكىلەيتتى. بۇ ئويۇنغا ئۇنىڭ خاس مەھرەملىرىلا ئەمەس، ئوردىدىكى چوڭ ــ كىچىك ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كۆنۈپ كەتكەندى. تىلەمچىلىكنى ئاجايىپ ۋايىغا يەتكۈزۈپ دورايتتى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا يېتىپ كەلگەندە بېشىغا كۇلا، ئۇچىسىغا جەندە كىيىپ، جەندىسىنى قۇر بىلەن باغلاپ، كەشكۇل ــ قاپاقلارنى ئېسىپ بەئەينى يۇرت كېزەر سائىللارغا ئوخشاپ قالغان سۇلتان دوستمۇھەممەدخان سورۇندىكىلەرنى كۇلدۇرۇپ، ھە دەپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتاتتى، ئىككى قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ زارلاۋاتاتتى:

ــ ئى ئەزىزلەر، سېخىيلار، غېرىب ــ غۇرۋا، ئاجىز ــ مىسكىنلەرنىڭ باشپاناھى مەندەك پېقىر بىچارىگە ئالىقانلىرىڭلارنى كەڭ ئېچىپ سەدىقە ــ نىياز قىلغايسىلەر، توۋا ــ گۇناھنى يەر، سەدىقە بالانى....

سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ ئاۋازى يىغلامسىراپ چىقاتتى. بىر قولىغا ھاسا تايىنىۋالغان بولۇپ، توكۇرنى دوراپ ماڭاتتى. قولىدىكى ساپايىنى جالداقشىتىپ چېلىپ، سورۇندا چازا قۇرۇپ ئولتۇرغان ئەمىرلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىچارىلەرچە ئېگىلەتتى.

ـــ ماڭ، نېرى كەت ئابدال، ساڭا بېرىدىغان سەدىقىنى باشقىلارغا بېرىپ بولدۇم، ـــ دېدى چازا قۇرۇپ ئولتۇرغان ئوردا ئىشىكئاغىسى قول سوزۇپ كەلگەن خانغا قاپىقىنى تۈرۈپ.

ـــ سېخىي جەننەتتى، بېخىل دوزىخى، ـــ دېدى دوستمۇھەممەدخان تىلەمچىلىكنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىرىپ، ـــ بېخىللىق قىلمىسىلا بېگىم، ئاغزىمغا قاق چاغلىق بىر نەرسە سالمىغىلى ئۈچ كۈن بولدى، پەيغەمبەر رەسۇلۇللانىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ ساخاۋەت قىلغايلا. پېقىرگە بەرگەن سەدىقىلىرىنىڭ ساۋابىدىن ئاخىرەتلىكلىرى ئۈچۈن سەككىز جەننەتتىن جاي راسلانغاي.

ـــ ئىسمىڭ نېمە؟ ـــ سورىدى ئىشىكئاغىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان مىرزا دىۋاننىڭ ئەمىرى ئابدالنى گەپكە سالماقچى بولۇپ.

دوستمۇھەممەدخان ياۋاشلىق بىلەن جاۋاب بەردى:

ـــ ئىسمىم شەمسىددىن ئابدال بېگىم.

ـــ سەن ئابدالنىڭ بېگىمۇ؟

ـــ يوقسۇ.

ـــ ئەمىسە ھازىرلا ئىسمىڭنى شەمسىددىن ئابدال بېگىم دېدىڭغۇ؟

ـــ ئۆزۈمنى ئابدال بېگىم دېمىدىم بېگىم، ماڭا ئىچلىرى ئاغرىسۇن.

سورۇندىكى ئەمىر ـ مەھرەملەر ئويۇننى قىزىتىش ئۈچۈن، سۇلتان دوستمۇھەممەدخانغا تۈشمۇ تۈشتىن سوئال ياغدۇرۇشقا باشلىدى:

ـــ خاتۇن، بالا ـ چاقاڭ بارمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ــ يوق بېگىم.
ــ نېمىشقا يوق؟
ــ تالاق قىلىۋەتكەن بېگىم.
ــ بالاڭنىمۇ تالاق قىلىۋەتتىڭمۇ ئابدال؟
ــ تېخى بالا يۈزى كۆرمىگەنتىم بېگىم.
ــ خاتۇن ئېلىپ تۇرۇقلۇق نېمىشقا بالا تاپالمىدىڭ ئابدال؟
ــ شۇ... شۇ... خاتۇن تۇغمىدى بېگىم.
ــ بالا تاپساڭ تۇغامدۇ ئابدال.
ــ ئەمدى خاتۇن ئالسام بالا تاپاي بېگىم.
ــ بالىنى قانداق تاپىسەن ئابدال؟
ــ بىلمەيمەن بېگىم.
ــ بالا تاپقۇچۇڭ بارمۇ؟
ــ بار بېگىم.
ــ قانچىلىك بار؟
ــ ياتسا بارماقتەك، قوپسا نوغۇچتەك بېگىم.

سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ جاۋابىدىن ئەمىر ـ مەھرەمـلەر تېلىقىپ ـ تېلىقىپ كۈلەتتى، كۈلۈپ تۇرۇپ سوئال سورىشاتتى. سوئالنى توختىتىۋالسا دوستمۇھەممەدخان چوقۇم تېرىكىپ قالاتتى. بەلكىم ئۇلارنى ئويۇننى چىڭىغا چىقارمىدىڭ دەپ جازالىشى، ھەتتا ئۆلۈمگە بۇيرۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇلار يېڭىدىن ـ يېڭى بىمەنە سوئاللارنى ئويلاپ تاپاتتى. سوئاللار قانچىلىك بىمەنە، قانچىلىك ھەجۋىي بولسا دوستمۇھەممەدخان شۇنچىلىك خۇشال بولاتتى. شۇڭا ئەمىرلەر سوئالنى توختىتىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

ــ ئەمىسە نېمىشقا بالا تاپالمىدىڭ ئابدال؟

سۇلتان دوستمۇھەممەدخانمۇ بۇ بىمەنە سوئاللارغا يەنە شۇنچىلىك بىمەنە جاۋابلارنى بېرەتتى:

ــ ۋاي تاڭ. ئىچىدىن بالا چىقمىدى بېگىم.
ــ ئەمىسە نان تىلىمەي، ئىچىدىن بالا چىقىدىغان بالا تاپ-

قوچ تىلىمەمسەن ئابدال؟

ــ ئەمىسە سىلىدىن تىلەي بېگىم. ئىچىدىن بالا چىقمىغان بالا تاپقۇچىلىرىنى سەدىقە قىلسىلا بېگىم.

قىزىقچىلىق قىلىدىم دەپ ئويلىماي سوئال سوراپ قالغان مەھرەمنى شۇ ھامان تىترەك باستى. ھەئە، ئابدال ئويۇننىڭ قائىدىسىدە ئابدال بولغۇچىنى قانچىلىك زاڭلىق قىلسا بولۇۋېرەتتى، لېكىن تىلىگەن نەرسىسىنى چوقۇم بېرىشى شەرت ئىدى. بولۇپمۇ سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئابدال بولغاندا تېخىمۇ شۇنداق ئىدى، شۇڭا، بايامقى مەھرەم قىزىقچىلىق قىلىمەن، خاننىڭ كۆڭلىنى ئاچىمەن دەپ ئۆز ئاغزىدىن بالاغا قالغانلىقىنى دەرھال ھېس قىلغانىدى.

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان تېخىمۇ بىچارىلىك بىلەن ئېگىلگىنىچە ھېلىقى مەھرەمدىن سورىغان سەدىقىسىنى بېرىشكە قىستاۋاتاتتى:

ــ ئۆزلىرىدىن ئۇ ئالەم، بۇ ئالەم رازى بولۇپ كېتەي بېگىم، ئاشۇ خاسىيەتلىك بالا تاپقۇچىلىرىنى كەمىنە بىچارە ھاجەتمەنگە سەدىقە قىلسىلا.

ئويۇننىڭ چېكىدىن چىققانلىقىنى كۆرگەن ئەمىر - مەھرەملەر قاقاھلاپ كۈلۈشكە باشلىدى. بۇنداق پالاكەت كۆپىنچىسىنىڭ بېشىغا بىر قۇر كەلگەن، ھەممىسى خانىغا تىلىگەن نەرسىسىنى بېرىپ قۇتۇلغانىدى. بىر چەتتە قاراپ تۇرغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئويۇنغا بېشچىلاپ كىرىپ كەتكەن خاننىڭ كەيپىياتىنى بۇزۇۋېتىشكە پېتىنالماي، ئويۇننىڭ ئاخىرلىشىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. چۈنكى، بۇنداق ۋاقىتتا كىمىكى گەپ قىستۇرۇپ ئويۇننى بۇزسا شۇ بالاغا قالاتتى.

ھېلىقى مەھرەمنىڭ چىرايى بىردە تاتىرىپ، بىردە سارغىيىپ كەتتى. چېكىسىدىن بۇژۇلداپ چىققان تەر مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ، چىرايلىق ياستىنۋالغان قاپقارا نۇقتا ساقاللىرى ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۆزىنى كۈلكىگە زورلايتتى - يۇ كۈلەلمەيتتى،

www.uyghurkitap.com

شۇ دەقىقىدە ئۇ خان سورىغان سەدىقىنى بەرمەي قۇتۇلالمايدىغان- لىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەندى. شۇنداقتىمۇ ئەڭ ئاخىرقى قې- تىم تىرىشىپ كۆرۈش ئۈچۈن تىلىنى ئىشقا سالدى:

— تەلىيىڭ يوقكەن ئابدال. بالا تاپقۇچۇمنى بايىلا باشقا بىر ئابدالغا سەدىقە قىلىۋەتكەنىدىم.

— ئۇنداق دېمىسىلە بېگىم، — دېدى سۇلتان دوستمۇھەم- مەدخان مەھرەمنىڭ كۆزىگە تېخىمۇ بەك كىرىشىپ، — سىلىدىن خۇش بولۇپ قالاي. خۇدا رازى، بەندە رازى، مۇھەممەد مۇستاپا رازى دەپتىكەن. خۇدا يولىدا بىر سېخىيلىق قىلسىلا، مەندەك ئا- جىزنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلسىلا، ماڭا بىرنى بەرسىلە خۇدايىم سىلىگە ئوننى بېرەر.

— راست دەۋاتىمەن ئابدال. بالا تاپقۇچۇمنى باشقىلارغا بې- رىۋېتىپتىمەن، ساڭا باشقا بىرنى تېپىپ بېرەي.

— ماڭا سىلىنىڭكى لازىم بېگىم، — دېدى سۇلتان دوست- مۇھەممەدخان يالغاندىن يىغلامسىراپ، — ئۇل خاسىيەتلىك نەر- سىلىرىنى باشقىلارغا بېرىۋەتكەنلىكلىرىگە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن.

مەھرەم چىلىق - چىلىق تەرلەپ كەتتى.

مەھرەمنىڭ ۋۇجۇدىنى تەشۋىش، ۋەھىمە باستى.

مەھرەم بۇ مۇدھىش تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەتراپ- قا ئالاڭلاپ قارىدى.

مەھرەمنىڭ يۈرىكىنى مىڭلاپ ھەرە چېقىشقا باشلىدى.

مەھرەمنىڭ گېلى قۇرۇپ كەتتى.

مەھرەم كۆلەلمىدى، كېكەچلىدى.

— ئىشەنگىن، راستتىنلا يوق.

— ئەمسە ئاچسىلا كۆرۈپ باقاي بېگىم.

مەھرەمنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، كاللىسىغا جاۋاب بەرگىدەك پىكىر كەلمىدى، ياردەم تەلەپ قىلىپ ئەتراپىدىكى ھەمراھلىرىغا ئىلتىجالىق كۆزلىرىنى تىكتى، ھەمراھلىرى سالا قىلالمايتتى.

ھەمراھلىرى سالا قىلسا سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئويۇننىڭ تەرتىپىنى بۇزدى دەپ غەزەپ قىلاتتى، كاللىسىنى ئالاتتى. شۇڭا ھېچكىمدە بۇ سالاغا ئارىلاشقۇدەك جۈرئەت يوق ئىدى.

ھەمراھلىرى مەھرەمنىڭ بېشىغا سايە تاشلاپ تۇرغان بالا ـ قازا بىلەن كارى بولماي سۇلتان دوستمۇھەممەدخانغا بولۇشۇشقا، مەھرەمگە نەسىھەت قىلىشقا كىرىشتى:

— ھاجەتمەننىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ساۋاب.

— ئابدالنى نائۇمىد قويمىسىلا.

— تىلىگەن نەرسىسىنى بېرىۋەتسىلە.

— پىخسىقلىق قىلمىسىلا.

— بار نەرسىنى يوق دېسىلە يامان بولىدۇ.

— تايىنلىق يوق بولۇپ كېتىدۇ.

— گۇناھ بولىدۇ.

— راستىنىلا يوق بولسا، ئېچىپ باقسىلا كۆرۈپ باقايلى.

ئۈمىدى ئۈزۈلگەن مەھرەم خاننىڭ ئالدىدا موككىدە يۈكۈندى، كۆزىگە ياش ئالغىنىچە يالۋۇردى:

— ئانىھەزرىتىمدىن گۇناھىمنى تىلەيمەن، شەپقەت قىلىپ باشقا نەرسە سورىغان بولسىلا.

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئويۇننىڭ ئېچىگە كىرىپ كەتكەندى. ئۇنىڭچە بۇ ئويۇن بەكمۇ پەيزى داۋاملىشىۋاتاتتى، شۇ دەقىقىدە مەھرەم ئويۇننىڭ قائىدىسىنىلا ئەمەس، سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭمۇ خۇشال كەيپىنى بۇزغانىدى.

قاتتىق غەزەپكە كەلگەن سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ كۆزىگە قان تولدى.

— ھوشۇڭنى يىغ ئەبگا، بۇ يەردە ئانىھەزرىتىم يوق، ئالدىڭدىكىسى شەمسىددىن ئابدال، ھاجەتمەن تىلەمچى.

مەھرەم ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى.

— خۇش بولۇپ قالاي، شەپقەت قىلسىلا ئالىيلىرى...

— قادىر ئابدال، داۋۇت ئابدال، ئىسكەندەر ئابدال، — دەپ

ۋارقىرىدى دوستمۇھەممەدخان مەھرەمنىڭ يېلىنىشىغا پەرۋا قىلماي.

سورۇندىكىلەرنىڭ ئۆز ئىسمىدىن باشقا ئابداللىق ئىسمى بار ئىدى، ئىسمى ئاتالغان ئەمىرلەر دەس ئورنىدىن تۇردى.

ــ لەببەي شەمسىددىن ئابدال. نېمە ھاجەتلىرى باركىن؟

ــ مۇنۇ پىخسىق بەگ بىز ئابداللارنى كۆزگە ئىلماي، ئىلىكىدە بار نەرسىنى يوق دەپ تۇرۇۋالدى. قاراپ بېقىڭلار، راستىنلا يوق بولسا مەيلى، ئەگەر بار بولسا كېسىپ ئېلىپ بېرىڭلار.

ــ ئابداللار ئابداللارنىڭ قاياشى، پەرمانىڭنى ئورۇنلايمىز شەمسىددىن ئابدال.

ئەمىرلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىپ مەھرەمنى يەرگە باستى، ئاندىن ئىشتىنىنى سالدۇرۇپ تۇرۇپ دوستمۇھەممەدخانغا قارىدى.

ــ سەن تىلىگەن نەرسە بار ئىكەن شەمسىددىن ئابدال، بۇ پىخسىق يالغان ئېيتىپتۇ.

ــ ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇنداق قىلماڭلار، رەھىم قىلىڭلار. خان ئالىيلىرى رەھىم قىلسىلا.

مەھرەم نالە قىلاتتى، لېكىن ئۇنىڭ زارىغا ھېچكىم پەرۋا قىلمايتتى، دوستمۇھەممەدخانغا ئەگىشىپ تەڭ ھېجىيىشاتتى.

ــ بالا تاپقۇچى بارمىكەن؟ ــ دېدى دوستمۇھەممەدخان.

ــ بار ئىكەن شەمسىددىن ئابدال.

ــ ئەمىسە كېسىڭلار.

ــ ساڭا قانچىلىك لازىم شەمسىددىن ئابدال؟ ھەممىسىمۇ، يېرىمىمۇ؟

ــ باشتا ئۆز رازىلىقى بىلەن بەرگەن بولسا ئۇچىدىن ئالاتتىم، يالغان سۆزلەپ پىخسىقلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن تۈۋىدىن تولغاپ كەس، تاپىنلىق يوق بولسۇن.

ــ ئۇستىرا! ــ دەپ توۋلىدى ئەمىرلەردىن بىرى.

سورۇندا ئولتۇرغان خاننىڭ خاس ساتىرىشى دەرھال قوينىد-

دىن ئۈستىرىنى ئېلىپ تەڭلىدى.

ــ مەن تۇتۇپ تۇراي، ئۆزۈڭ كەس!

ساتىراش خاننىڭ كۆزىگە بىر دەقىقە قاراپ تۇردى. خاننىڭ پەرۋاسىز تۇرغىنىنى كۆرۈپ، بىچارە مەھرەمنىڭ زەكىرىنى تۇۋ-دىن شارتتىدە كېسىۋەتتى. مەھرەم جان ـ جەھلى بىلەن پەرياد كۆتۈردى ـ دە، شۇ ھامان ھوشىدىن كەتتى.

ــ خۇرجۇنۇمغا سال، ــ دېدى سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ساتىراشقا دولىسىدىكى خۇرجۇننى تەڭلەپ.

قورقۇپ پۇت ـ قولىدا جان قالمىغان خىزمەتكارلار يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ھوشىدىن كەتكەن مەھرەمنى كۆتەر ـ كۆتەر قىلىپ ئوردا شىپاخانىسىغا ئېلىپ ماڭدى.

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈپ قويۇپ سورۇن ئەھلىگە قارىدى.

ــ بولدى. ئابدال ئويۇنى بۈگۈن مۇشۇنچىلىك بولسۇن. ۋاھ، بۈگۈن ئەجەب قىزىدى ـ ھە، بۇ ئويۇن.

ئەمىرلەر ئالمان ـ تالمان كېلىپ ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇ-رۇشتى. ئويۇننىڭ تەرتىپى بويىچە ئەمدى جازا، مۇكاپات بېرىلەتتى. سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ھەر قېتىملىق ئويۇننى مۇشۇ يوسۇندا ئاخىرلاشتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. شۇ تاپتا ئەمىرلەر-نىڭ ۋۇجۇدىنى يەنە قايتىدىن ۋەھىمە ـ ھاياجان چۇلغىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ ھاياجانلىنىشىدىكى سەۋەب، سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئىنئامنى تولىمۇ سېخىيلىق بىلەن بېرەتتى. كىمدىكىم ئىنئامغا نائىل بولۇپ قالسا خېلى كۆپ ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئېرىشەتتى. ۋەھىمىگە چۈشۈشىدىكى سەۋەب، سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئا-دەمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان تۈرلۈك ـ تۈرلۈك جازالاش ئۇسۇل-لىرىنى ئويلاپ تاپاتتى. جازاغا ئۇچرىغۇچى ئۆزىنى قانداق قارا قىسمەتلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلمەيتتى. جازا ھۆكۈم قى-لىپ سورۇندىكى قايسىبىر نەس باسقاننى ئۇرۇپ ـ دۇمبالاتمى-غان، قولاق ـ بۇرۇنلىرىغا ئەن سالدۇرمىغان ـ ھە؟! يەنە تېخى،

ئۇلارنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان بەتقىلىق چارىلەرنى ئويلاپ تېپىپ، مەسخىرە قىلىپ كۆڭلىنى خۇش قىلمىغان ـ ھە؟! مەسىلەن، جازالانغۇچىنى ئىنئاملانغۇچىنىڭ كاسىسىغا سۆيدۇرۇش ياكى جازالانغۇچىنىڭ دۈمبىسىگە يەنە بىرىنى ھاڭگىچىلاپ ئارتىلدۇرۇش، قىپيالىڭاچلاپ ئۇسسۇل ئوينىتىش، دۈم يېتىپ تۇرۇپ ئايالللارنى دوراپ غەمزە قىلىش... ۋەھاكازالار...

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئاللىقانداق ئەبجەش تۈيغۇلاردا خۇدۇكسىرەپ ئولتۇرغان مەھرەملىرىگە تەكشى بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن خاس ساتىرىشىنى توۋلىدى.

ــ مەتباقى ساتىراش.

ــ لەببەي ئانھەزرىتىم.

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان خەزىنىچى بەگكە قارىدى:

ــ سىقىمى تولغىدەك تىللا ئىنئام قىلىنسۇن!

خەزىنىچى بەگ خىزمەتكارلارنى بۇيرۇپ بىر پەتنۇس تىللا ئەكەلدۇردى. خۇشاللىقتا ھاياجانلانغان ساتىراش ئوڭ قولىنىڭ بارماقلىرىنى يوغان ئېچىپ بىر سىقىم تىللانى ئالدى ـ دە، چاقچانلىق بىلەن قوينىغا سېلىپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى:

ــ قۇدرەتلىك پاناھگاھىمىزنىڭ ھىممىتىگە ھەشقالللا.

ــ جاي ئالسۇنلار.

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان سورۇن ئەھلىگە تەكشى بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن نەزەرىنى يەنە خەزىنىچى بەگكە يۆتكىدى.

ــ خەزىنىچى بەگ!

ــ لەببەي قىبلىگاھىم.

خەزىنىچى بەگ تەشۋىش ئىلكىدە سورۇننىڭ ئوتتۇرىغا كەلدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىگە ئىنئام ياكى جازا بېرىلىشىنى بىلەلمەي دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قالغانىدى.

كۆڭلىدىن ئاللىقانداق بىر خىيال كەچكەن دوستمۇھەممەدخان خىرىلداپ كۈلۈۋەتكەندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

ــ سىلى بابا ئابدال ئويۇنىدا تولىمۇ سۇسلۇق قىلدىلا،

شۇڭلاشقا جازاغا تەييارلانسۇنلار.

ــ خان ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا ھەشقاللا، ــ دېدى خاز- ىنىڭ قانداق جازا ئويلاپ تاپقانلىقىنى بىلەلمىگەن خەزىنىچى بەگ بەقەمدەك قىزىرىپ.

مۇشۇنداق تايىنى يوق تاماشا ئۇچۇن خەزىنىدىكى ئالتۇنلار- نىڭ بىھۇدە سەرپ بولۇپ كەتكىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى، لېكىن ئۇ بۇنى توسۇشقا ئامالسىز ئىدى.

ــ كېلىڭلار، خەزىنىچى بەگنى مايىقلىتىڭلار!

جازانى ئاڭلاپ خەزىنىچى بەگنى سوغۇق تەر باستى، پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى. مايىقلىتىش جازاسىنىڭ قانداق بولىدىغاز- لىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. مايىقلىتىش جازاسىدا دانىمۇدانە قىلىپ قۇرۇتۇپ تەييارلانغان قوي مايىقى جازالانغۇچىنىڭ مەقئىتىگە بىر تال ـ بىر تالدىن تىقىلاتتى، تاكى جازالانغۇچى ئوسۇرۇپ مايىقنى چىقىرىۋەتمىگۈچە جازا داۋاملىشاتتى.

ئەمىرلەر يۈگۈرۈپ كېلىپ خەزىنىچى بەگنىڭ ئىشتىنىنى سالدۇرۇپ دوڭغايتتى، ئاندىن خىزمەتكارلار ئېلىپ كەلگەن ماياق- نى مەقئىتىگە تىقىشقا باشلىدى. جازا قائىدىسى بويىچە جازالانغۇ- چى قوينى دوراپ مەرەپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭا خەزىنىچى بەگ توختىماي مەرەيتتى، سۇلتان دوستمۇھەممەدخان كۈلۈپ تې- لىقىپ قالغانىدى، باشقا ئەمىرلەرمۇ ئۇنىڭ كۈلكىسىگە كۈلكە قا- تاتتى. جازا ئىجرا قىلغۇچىلار خىرىلداپ كۈلگىنىچە جازانى ئەس- تايىدىللىق بىلەن بېجىرەتتى. چۈنكى، ئازراقلا سۇسلۇق قىلسا ياكى جازالانغۇچىغا ئىچ ئاغرىتسا جازا شۇنىڭ بېشىغا كېلەتتى.

ــ مايىقلىدىمۇ؟ ــ سورىدى سۇلتان دوستمۇھەممەدخان كۈلكىدىن ياش چىقىپ كەتكەن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

ــ ياق، تېخى مايىقلىمىدى، ــ دېدى جازا ئىجرا قىلغۇ- چىلار.

ــ بۇ قوچقارنىڭ پۈرۈكى بەك چىڭ ئوخشايدۇ.

uyghurkitap.com

ـــ تېزرەك ماياقلىقۇەتسىلە خەزىنىچى بېگىم، ـــ دېدى يەنە بىرى.

ـــ ماياقلىغىچە كەپلەڭلار، ـــ دېدى دوستمۇھەممەدخان.

يەل قويۇۋېتىش ئۈچۈن توختىماي ئىنجىقلىغان خەزىنىچى بەگنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتكەنىدى، جازا ئىجرا قىلغۇچىلار بولسا رەھىمسىزلىك بىلەن ماياق كەپلەيتتى. ماياق كەپلەڭچ چاقچاق قىلىشاتتى.

ـــ ھاي ئېھتىيات قىلىسىلا، قوللىرى كىرىپ كەتمىسۇن، يۇراپ قالىدۇ.

ـــ يۇراپ قالسا ھېچ گەپ يوق، لېكىن خەزىنىچى بېگىم بۇزۇلۇپ كەتسە چاتاق.

ـــ ئۇل چاغدا ماياقنىڭ ئورنىغا باشقا نەرسە...

ـــ چاقچاقنى بولدى قىلىسىلا.

خەزىنىچى بەگ ئىنجىقلاپ يۇرۇپ مىڭىبىر باالالىقتا «تارت» قىلىپ ئوسۇرۇۋەتتى. شۇ ھامان كەپلەنگەن ماياقلارنىڭ ھەممىسى ئېتىلىپ چىقتى.

ـــ ماياقلىدى، ماياقلىدى، ـــ دېدى ئەمىرلەر قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ.

ـــ شاراب كەلتۈرۈڭلار، ـــ دېدى سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ھاردۇقى چىققاندەك بولۇپ.

بىكاۋۇل ئەمىر خىزمەتكارلارنى جورۇپ ئالدىراش داستىخان راسلاشقا كىرىشتى. ئۇنىڭغىچە خاس شارابچى ئالتۇن جامغا شاراب قۇيۇپ سۇلتان دوستمۇھەممەدخانغا ئېھتىرام بىلەن تۇتتى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئەمدى سەۋر ـ تاقىتى توشقانىدى. ئۇ ئاستا كېلىپ خانغا سالام بەردى.

ـــ قىبلىگاھىمغا مەلۇم بولغاي.

باياتىنبېرى ئويۇننىڭ قىزىقچىلىقى بىلەن بولۇپ كەتكەن سۇلتان دوستمۇھەممەدخان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى كۆرمىگەنىدى.

ــ بۇرۇنراق كەلگەن بولسىلا بولماسمىدى جانابى ئەمىر كە-بىر. تولىمۇ قىزىق تاماشىنى كۆرەلمەي قالدىلا ـ دە، خەيرىيەت، كەلسىلە، ئويۇندا رىزقىلىرى بولمىغان بىلەن شارابتا رىزقىلىرى بار ئىكەن. كېلىڭلار، ئەمىر كەبىرگە شاراب تۇتۇڭلار، ــ دوست-مۇھەممەدخان بىر چەتتە قاراپ تۇرغان ئوردا سازەندىلىرىگە ۋارقىرىدى، ــ نېمىگە قاراپ تۇرىسىلە، باشلاڭلار نەغمىنى!

سازلىرىنى تەڭشەپ تەق بولۇپ تۇرغان سازەندىلەر دەرھال نەغمە قىلىشقا كىرىشتى. ئەمدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا گەپ قىلىشقا پۇرسەت قالمىغانىدى. سازەندىلەرنى توختىتىپ خانغا مە-لۇمات يوللاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. خان بىر شاراب ئىچىشكە باشلىسا تەڭ كېچىگىچە توختىمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. بۇ يەردە تۇرۇۋەرسە بىھۇدە ئاۋارە بولاتتى. قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئاستا ئورنىدىن تۇردى ـ دە، خاننىڭ كۆ-زىگە چېلىقماسلىققا تىرىشىپ سورۇندىن چىقىپ كەتتى.

تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يادىدىن ئاكىسى سانىز مىرزىنىڭ سۇلتان دوستمۇھەممەدخان توغرۇلۇق دېگەن گېپى كەچتى:

«خان كىچىك بالا ئەمەس... ئەر يەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەلۋىلىكتە ئۇچىغا چىققان بىر ئادەمنى ئۆگەنگەن خۇيىدىن تو-سۇماق ئۇنچە ئاسان ئەمەس... خان ئالىيلىرى تەلۋىلا ئەمەس، قىپقىزىل ساراڭ بولۇپتۇ. نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي-دۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە باشقىچە يول تۇتۇپ كۆڭۈلنى خاتىرجەم قىل-غىنىمىز ئەۋزەل...»

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى.

«خان ئالىيلىرى سەلتەنەتنى مانا مۇشۇنداق سوراپ ئۆتەرمۇ؟ بۇنداق خاننىڭ تەختتە ئولتۇرغىنىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟...»

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۆزىنىڭ خىيالىدىن ئۆزى چۆچۈپ كەتتى، ئەتراپقا خۇدۇكسىرەپ قارىدى. ھەئە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بىزارلىق، ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇلىرى چىرمىۋالغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

## 63

ئاتۇش ۋادىسى.

كۆز قوياشىدىن قانغىچە نۇر ئىمىپ باشقىچە گۈزەللىشىپ كەتكەن قايراق[1] بوستانلىقى خۇددى رەسىدە بولغان قىزدەك ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى. مىڭ نۆكەرنىڭ ھەمراھلىقىدا كەلگەن سانىز مىرزىنىڭ بۇ يەردە چېدىر ـ بارگاھ تىككىنىگە ھەپتە بولاي دەپ قالغانىدى. قارىماققا ئۇ ئوۋ ئوۋلاپ كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن كەلگەندەك كۆرۈنەتتى، ئەمما ھەپتىدىن بېرى بىر قېتىممۇ شىكارغا چىقىپ باقمىدى، كۈنلىرىنى قايراق تۆرىسى ئىبرا-ھىم بەگ يەتكۈزۈپ بەرگەن پاقلان، جەرەن، قىرغاۋۇل... گۆشلىرىدە قىلىنغان كاۋاپلارنى يەپ، يېگىدىن ئېچىتىلغان قىمىزلارنى ئىچىش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. يەپ ـ ئىچىشتىن زېرىكسە ھەيۋەتلىك دارتاغ ئېتىكىدىكى بۇ قەدىمىي بوستانلىقنى گاھ ئاتلىق، گاھ پىيادە سەيلە قىلاتتى. كۈزنىڭ شەپىسىنى بېرىپ يوپۇرماقلىرى سارغىيىشقا باشلىغان دەل ـ دەرەخلەر، تېخى يىغىشقا ئۈلگۈرمىگەن زىرائەتلەر، جىرالاردىن ئېتىلىپ چىقىپ شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان بۇلاق سۇلىرى، يانباغىردىكى ياپيېشىل يايلاقلار، غەمسىز ئوتلاپ يۈرگەن كالا ـ قوي پادىلىرى، يىلقىلار توپى، چوپانلارنىڭ يېقىملىق ناخشىلىرىدىن زوق ئالاتتى. گېزى كەلگەندە ئاق كۆڭۈل، تۈز، ئەمما تولىمۇ ئىشچان قايراقلىقلار بىلەن ئاندا ـ ساندا پاراڭمۇ سېلىشىپ قوياتتى. ئۇ سەيلىگە چىققاندا يەرلىك ئاھالىنى چۆچۈتۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئون نەچچە نۆكەر ئەگەشتۈرۈۋالغان، شۇلارنىمۇ ئۆزىدىن ئىككى ـ ئۈچ يۈز قەدەم ئارىلىق

---

[1] قايراق ـــ ھازىرقى ئۇستۇنئاتۇشتىكى يۇرت ئىسمى.

قالدۇرۇپ مېڭىشقا بۇيرۇغانىدى. شۇڭلاشقا قايراقلىقلار خۇش-خۇي، كىچىك پېئىل بۇ ئەمىردىن ئانچە تارتىنىپ كەتمەيتتى.

سانىز مىرزا شۇ كۈنلەردە كىمنىدۇر تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. پات ـ پات تەقەززالىق بىلەن دار تېغىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى نامەلۇم، سىرلىق تاغ تىزمىلىرىغا نەزەر تاشلايتتى، كۆڭلىدە ئاللىنېمىلەرنىدۇر مۇلاھىزە قىلاتتى. خىيالچان كۆزلىرىدە گاھى سۇس كۈلكە جىلۋە قىلسا، گاھى ھەسرەت بالقىيتتى، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىناتتى.

«...كېلىدىغان قارايىدىن ئۆتۈپ كەتتى، ياكى ئۆزگىرىپ قالدىمىكىن؟ قەشقەرگە كېلىشكە ئىشەنچ قىلالمىدىمىكىن؟ مۇمكىن ئەمەس. ئىشەنچ قىلالمىسا، بىلدۈرگەن ساداقىتىمگە شۈبھىلەنگەن بولسا ‹بارىمەن› دەپ مەكتۇپ ئەۋەتمەس، ۋەدە بەرمەس ئىدى. راست، تاغ يوللىرى تۈزگە ئوخشىمايدۇ، ماڭماقمۇ تەس. يەنە بىرنەچچە كۈن تەخىر قىلاي، كېلىپمۇ قالۇر... ئىنىم مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا نېمىش بىلەن مەشغۇلكىن؟...»

يېقىن ئەتراپتىن دۈكۈرلىگەن ئات تۇيىقىنىڭ ئاۋازى سانىز مىرزىنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇ خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ شەپە چىققان تەرەپكە قارىدى، يەتتە ـ سەككىز ئاتلىق كىشى ئۇدۇل ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى، ئاتلىقلارنى تونۇپ چىرايىغا سۇس كۈلكە يۈگۈرتتى.

«بۇلار قانداق خەۋەر ئېلىپ كەلدىكىن؟ ئالىيلىرى بىلەن ئۇچرىشالىغانمىدۇ؟...»

ئاتلىقلار ئەللىك قەدەمچە ئارىلىق قالغاندا تىزگىنلىرىنى تارتىشتى ـ دە، ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، سانىز مىرزىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەمىر جانابلىرىغا ئېھتىرام بولغاي.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى سانىز مىرزا نۆكەرلىرىنىڭ سالامىنى ئىلىك ئېلىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئاللىقانداق بىر

www.uyghurkitap.com

جاۋابقا تەقەززا بولۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ــ مەلۇم بولغاي، ــ دېدى نۆكەر بېشى، ــ يۇنۇسخان ئائىلىلىرى كېلىۋاتىدۇ.

سانىز مىرزا ئالدىراپ سورىدى:

ــ ئۇلار ھازىر نەدە؟

ــ بىز يۇنۇسخان ئائىلىلىرى بىلەن مايمۇنتاشتا ئۇچراشقان. پەمىمچە ھازىر ئېتىر تەۋەسىگە كەلدى ئەتىمالىم.

ــ نېمانچە ئاستا، يۈك ـ تاقلىرى جىقمۇ ياكى ھەمراھلىرىمۇ؟

ــ بەش يۈزدەك نۆكىرى بىلەن كەلگەندەك قىلىدۇ. يەنە بىرقانچە ئەمىرلىرىمۇ بار، ئۇزاق يولدا ئات ـ ئۇلاغلىرى ھېرىپ قالغان چېغى. شول سەۋەبتىن يول ئاۋۇمغان بولسا كېرەك، بىز جانابلىرىغا خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالدىراپ ياندۇق.

سانىز مىرزا بىرپەس ئويلىنىپ تۇرۇۋالدى.

ــ ئۇنداقتا ئەتە ئاش ۋاقتىغىچە يېتىپ كېلەلىگۈدەك، ــ ئۇ نۆكەرلىرىگە قاراپ بۇيرۇق قىلدى، ــ جاپا تارتتىڭلار، بېرىپ ئارام ئالسۇنلار.

نۆكەرلەر سانىز مىرزا بىلەن خوشلاشتى، ئاندىن ئاتلىرىغا مىنىپ چېدىرگاھلىرىغا قاراپ كېتىشتى.

سانىز مىرزىنىڭ ۋۇجۇدىنى بىردىنلا ھاياجانلىق خىياللار چىرمىۋالدى.

«...يۇنۇسخان ئائىلىرىنىڭ كەلگىنى بەك ياخشى بولدى. ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن يۈزتۇرانە مۇلاقاتتا بولۇپ، بۇندىن كېيىنكى ئىشلار توغرۇلۇق كەڭتاشا مەسلىھەت قىلىۋالىدىغان بولدۇم. ئاۋۋال يۇنۇسخان بىلەن بىر قارارغا كېلىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئىنىم مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈپ قايىل قىلارمەن، بەلكىم ئۇمۇ زىيادە كاجلىشىپ تۇرۇۋالماس. ئايغاقچىلارنىڭ يەتكۈزگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ئۇمۇ سۇلتان دوستمۇھەممەدخاندىن بىزار بولۇشقا باشلىغان ئوخشايدۇ. ئول تەلۋە

سۇلتان ئۇنى ۋايىداد دېگۈزمىگەن بولسىمۇ، بۇرنى ـ قۇلىقىغىچە
تويغۇزۇۋەتكەندەك قىلىدۇ، ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرىدىنمۇ ئۇنىڭدىن
قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئەسلىدە دوستمۇ ـ
ھەممەدخانغا ئۇنچىۋالا ساداقەت بىلدۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.
يۇنۇسخان ئالىيلىرىمۇ مۇشۇ تەخت ـ سەلتەنەتنىڭ قانۇنلۇق
مىراسخورى ئەمەسمۇ. ئۆز ۋاقتىدا جەننەتماكان ئاتام قائىدىنى
بۇزۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىـ
رىنى تەختكە ئولتۇرغۇزمىغان بولسا، تەختتە يۇنۇسخان ئالىيلىـ
رى ئولتۇرغان، سەلتەنەتكە پاسىبان بولغان بولاتتى. مەرھۇم ئاـ
تاممۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاغزىدىن چىقارمىغان بىلەن كۆپ پۇـ
شايمان يېدى، ھەسرەت چەكتى. ھەر ھالدا سۇلتان ئىسان بۇغاخان
ئالىيلىرى خېلىلا ئىنساب، ئادالەت بىلەن يۇرت سورىغانكەن.
ئۇنىڭ ئوغلى بولمىش مۇنۇ بەتقىلىق، تەلۋە سۇلتانچۇ؟ ئادەم سىـ
ياقلىق توڭگۇز بولۇپ چىقتى. يەيدۇ، ئىچىدۇ، ئوينايدۇ، سەل ـ
پەللا خۇيى تۇتسا غەزەپلىنىدۇ، چاپىدۇ. نەزەرىدە ئادەم بىلەن
ھايۋاننىڭ پەرقى يوق، نە تۆھپىكار ئەمىر، نە ئاتا يوللۇق مەھـ
رەم، نە ساداقەتمەن سەركەردىنىڭ مەرتىۋىسىگە رىئايە قىلمايدۇ.
سەلتەنەت، ئاۋام بىلەن تېخىمۇ كارى يوق...»

سانىز مىرزا خىيال سۈرگەچ بارگاھقا قاراپ ماڭدى. شۇ تاپـ
تا ئۇ يۇنۇسخاننى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان تەييارلىقلارنى
كۆزدىن كەچۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

※ ※ ※

بۈگۈن تاڭ قۇياشى دارتاغ ئېتىكىنى باشقىچە نۇرلاندۇرۇۋەتـ
تى، ئۇنىڭ جامالىدىن تۆكۈلۈۋاتقان نۇر ـ زىيا قايراق دالىسىـ
دىكى بارلىق گىياھلارنىڭ مەغزىنى مېھرى بىلەن سۆيەتتى. بارـ
گاھ ئىچى پاكىز تازىلانغان، بارگاھ دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىن بەش
يۈز قەدەم ئارىلىقتا سېلىنغان قىپقىزىل پاياندار تاكى بارگاھنىڭ

www.uyghurkitap.com

تۆرىگە تىكىلگەن ھەشەمەتلىك سەر چېدىرنىڭ ئالدىغىچە سوزۇلـ
غانىدى. بىكاۋۇل بەگ چېدىرى ئالدىغا ئېسىلغان داشلاردا تاي،
موزاي، قوي گۆشلىرى قايناۋاتاتتى. كاۋاپدانلاردا ئۆرۈك ئوتۇنىـ
نىڭ چوغلىرى يېلىنجايتتى؛ قوزا، ئوغلاق، قىرغاۋۇل، كەكلىكـ
لەرنى پۈتۈن كاۋاپ قىلىش ئۈچۈن ئالايىتەن سېلىنغان تونۇرلارـ
غىمۇ ئوت يېقىلغان بولۇپ، يۇلغۇن شاخلىرى گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاـ
تاتتى. ئۈستىلار توغرالغان جەرەن، كېيىك گۆشلىرىنى زىخقا تارـ
تىش، ئۇن، تۇخۇم ۋە تەم ـ پۇراق كىرگۈزگۈچى دورا ـ دەرمەكـ
لەردىن قىلىنغان شىرلاردا قوزا، ئوغلاق، قىرغاۋۇل، كەكلىك
گۆشلىرىنى شىرلاش بىلەن ھەلەك ئىدى. قايىراق تۆرە بېگى
ئىبراھىم بەگ كوزا ـ كوزىلاردا قىمىز ـ شارابلارنى، تاۋاق ـ
تاۋاقلاردا قېتىق ـ قايماقلارنى، كاجۇۋۇلاپ ئۈزۈم، شاپتۇل، ئانار،
تاغارلاپ قوغۇن ـ تاۋۇز ۋە ئالىلقاندىق ھۆل ـ قۇرۇق يەل ـ يېـ
مىشلەرنى، تەڭلە ـ تەڭلىلەردە بوغۇرساق، پوشكال، گۆشنان،
قاتلىما، ماي توقاچ، گىردىلەرنى ئەكىلىپ دۆۋىلىۋەتكەنىدى. ئالـ
لىقاچان دۇملىنىپ بولغان پولۇ قازانلىرىدىن تارالغان مەززىلىك
پۇراق ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. ھەئە، دارتاغ ئېتىكىگە جايلاشقان
قەدىمىي يۇرت قايىراق، قايىراق بولغاندىن بېرى بۇنچە ھەشەمەتـ
لىك، بۇنچە كاتتا زىياپەتنىڭ تەييارلىقىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

ھايال ئۆتمەي دۇتار، راۋاب، تەمبۇر، قالۇن، ساتار، غىجەك،
نەي، ناغرا ـ سۇناي، داپ... قاتارلىق سازلارنى كۆتۈرۈۋالغان ئون
نەچچە سازەندە يېتىپ كەلدى.

ـــ ئەمىر جانابلىرىنىڭ ئىجازىتىنى ئالمايلا يۇرتىمىزنىڭ
بۇ سازەندە ـ مۇغەننىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ قويدۇم. ئەزىز مېھـ
مانىنى ساز ـ نەغمىسىز كۈتۈۋالساق جانابلىرىنىڭ ئابرۇيىغا،
مېھمانىنىڭ ھۆرمىتىگە لايىق بولماس دەپ ئويلىدىم، ـــ دېدى
ئىبراھىم بەگ چۈشەندۈرۈپ، ـــ جانابلىرىنىڭ كۆڭلىگە مەقبۇل
كېلەمدىكىن بىلمىدىم. بۇلار ئوردا سازەندىلىرىگە يەتمىسىمۇ،
قىلغان نەغمىسىنىڭ ئۆزگىچە پەيزى بار، خالىمىسىلا ھازىرلا

قايتۇرۇۋېتىمەن.

— تولىمۇ ئەتراپلىق ئويلاپتىلا تۆرە بېگىم، — دېدى سانىز مىرزا مىننەتدار بولۇپ ۋە بىر چەتتە تارتىنىپ قاراپ تۇرغان سازەندىلەرگە قاراپ يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى، — ئوردا سازەندىلىرى بىلەن ئەلنەغمىچىلەرنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە پەرق بار. ھەر يۇرتنىڭ مۇغەننىلىرىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق پەيزى بولىدۇ ئەمەسمۇ، ۋاقتى كەلگەندە كارامىتىڭلارنى كۆرسىتىڭلار، ئەجرىڭلار ئىنئامسىز قالمايدۇ.

— ئەمىر جانابلىرىنى زېرىكتۈرۈپ قويماي كۆڭلىنى ئاچالىساق ئىنئام دېگەن شۇ، — دېدى سازەندىلەر تەۋازۇ بىلەن ئېگىلىپ.

سازەندىلەرنى كۈتۈۋالدى بەگ① باشلاپ كەتتى.

بىر چۆگۈن چاي قايىنىغىچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندە نۆكەر بېشى ئالدىراپ يېتىپ كەلدى.

— مەلۇم بولغاي، يۇنۇسخان ئالىيلىرى يېتىپ كەلدى.

— نەدىراق كېلىۋاتىدۇ؟

— قايراققا كىرىپ بولدى، ئەنە ئاۋۇ بەلنىڭ ئۇ تەرىپىدە. قارىسىمۇ كۆرۈنۈۋاتىدۇ ئەينا.

— ناغرا ـ سۇنايچىلارنى چاقىرىڭلار، مېھمانلار يېقىنلاشقاندا شادىيانىگە چالسۇن.

سانىز مىرزا گەپنى تاپىلاپ بولۇپ بارگاھتىن چىقتى. ئىبراھىم بەگ قاتارلىق بىرقانچە بەگ ـ تۆرىلەر ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇ يۇنۇسخاننى ئاتتىن پاياندازغا دەسسىتىپ چۈشۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈككەندى.

ئاخىرى يۇنۇسخان بىلەن ھەمراھلىرىنىڭ قارىسى تولۇق كۆرۈندى. بىر توپ ئاتلىقلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزان ئاستا ـ ئاستا ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. پاياندازغا ئون قەدەمچە ئارىلىق قالغاندا يۇنۇسخان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى ـ دە، ئاتتىن چۈشۈشكە تەمشەلدى. ئۇنىڭغىچە سانىز

① كۈتۈۋالدى بەگ — مېھمانلارنى كۈتۈۋالدىغان بەگ.

كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مىرزىنىڭ ئىككى نۆكىرى يۈگۈرۈپ بېرىپ يۇنۇسخاننىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئالدى ۋە يېتىلەپ كېلىپ پايانداز نىڭ لېۋىدە توختاتتى. يۇنۇسخان كۈمۈش ئۈزەڭگىگە دەسسەپ ئاتتىن چۈشتى، ھاياجانلانغان سانىز مىرزا قول باغلىغىنىچە سالام بەردى:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھارمىغايلا ئالىيلىرى.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ــ دېدى يۇنۇسخان سانىز مىرزىغا مېھرى بىلەن قاراپ ۋە غولىچىنى كەڭ ئېچىپ كەلدى.

ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. كۆرۈشكەچ ھال ـ ئەھۋال سوراشتى، ناغرا ـ سۇنايلاردىن ياڭرىغان شادىيانە كۈي ساداسى قايراق دالىسىنى چاڭ كەلتۈردى.

سانىز مىرزا يۇنۇسخان ۋە ئۇنىڭ ئەمىرلىرىنى سەر چېدىرغا باشلىدى. باشقا نۆكەرلەرنى مەخسۇس تىكىلگەن چېدىرغا باشلاشتى.

ــ قېنى، تۆرگە مەرھەمەت قىلسىلا ئالىيلىرى، ــ دېدى سانىز مىرزا يۇنۇسخاننى تۆردىكى ئالاھىدە راسلانغان ئورۇنغا تەكلىپ قىلىپ.

ــ كەلسىلە، بىللە ئولتۇرايلى، ــ دېدى يۇنۇسخان.

ــ يوقسۇ، كەمىنىلىرىنى بۇنداق بىئەدەپلىككە زورلىمىسىلا. بۇ ئورۇن خاس ئالىيلىرى ئۈچۈن راسلانغان، كەمىنىلىرى پەگادا ئولتۇرۇپ خىزمەتلىرىدە بولاي.

ــ ھېچ بولمىسا يېنىمدا ئولتۇرسىلا، ــ دېدى يۇنۇسخان، ــ ئۇنداق قىلمايدىكەنلا، بۇ ئورۇندا مەنمۇ ئولتۇرمايمەن.

يۇنۇسخان شۇنداق دېگىنىچە سانىز مىرزىنىڭ قولىدىن تارتىپ ئەكېلىپ ئۆزى تەرىپىدە ئولتۇرغۇزدى. بىللە ئېلىپ كەلگەن ئەمىرلىرىنى سانىز مىرزىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى. سانىز مىرزىنىڭ بەگ، تۆرىلىرىمۇ مۇۋاپىق جايدىن ئورۇن ئېلىشتى، ئاندىن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ پاتىھە قىلىشتى ۋە قايتىدىن ئەھۋال سوراشتى. چەبدەس يىگىتلەر ئاپتۇۋا ـ چىلاپچىلارنى

كۆتۈرۈپ كېلىپ مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بەردى. بىكاۋۇل بەگ بىكاۋۇل يىگىتلەرنى بۇيرۇپ داستىخانغا نازۇ نېمەتلەرنى تىزىشقا باشلىدى. شورپىلار، كاۋاپلار، نان ـ توقاچلار، ھالۋىلار، ھەرخىل يەل ـ يېمىشلەر بىر ئايدىن بېرى تاغ يوللىرىدا مېڭىپ سوغۇق گۆش، تالقان، گاھىدا قۇرۇق چاي بىلەن ئوزۇقلىنىپ كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئوبدانلا ئىشتىھاسىنى تارتقانىدى. ئاخىرىدا تاۋاق ـ تاۋاقلاردا پولۇ كەلتۈرۈلدى. پولۇدىن كېيىن قىمىز ئىچىلدى، پەگادىن ئورۇن ئالغان سازەندىلەر بارلىق ماھارىتىنى كۆرسىتىپ نەغمە قىلىشقا باشلىدى.

※ ※ ※

قايراقتا باشلانغان بۇ زىياپەت ئۇدا بىر ھەپتە داۋاملاشتى. سانىز مىرزا بىلەن يۇنۇسخان بىللە ئوۋغا چىقىشتى، گاھىدا پىيادە سەيلە قىلىشتى.

بۈگۈن سانىز مىرزا بىلەن يۇنۇسخان سىر چېدىردا يالغۇز ئولتۇرۇپ سۆھبەتكە چۈشتى.

— راستىنلا قەشقەرگە بارمامدىلا ئالىيلىرى؟ — سورىدى سانىز مىرزا.

— ئەڭ ياخشىسى بۇ قېتىم قەشقەرگە كىرمەي، — دېدى يۇنۇسخان، — بۇ يىلچە سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننى چۆچۈتۈپ قويمايلى. ئۇ مېنىڭ قەشقەرگە كەلگىنىمدىن خەۋەر تاپسا ئېھتىيات قىلىپ قالىدۇ، بەلكىم ئىنىلىرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ھازىرچە دوستمۇھەممەدخان ئاشۇنداق تاماشاسىنى قىلىپ يۈرۈۋەرسۇن. مەسلىھەتلەشكىنىمىزدەك كېلەر يىلى يازدا سەركەردە ـ لەشكەرلىرىم بىلەن تولۇق تەييارلىق قىلىپ كېلەي. ئۇنىڭغىچە سىلىمۇ باشقا ئەمىرلەر بىلەن مەسلىھەتنى راۋۇرۇس پىشۇرۇۋالغاچ تۇرسىلا. شۇ چاغدا تەختنى چىرايلىقچە بوشاتسا ئۇ بويىچە، بوشاتقىلى ئۇنىمىسا ئۇ بويىچە

كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىش كۆرەرمىز. ئەڭ مۇھىمى ئىنىلىرى مۇھەممەد ھەيدەر مىر-زىنى قايىل قىلىش. ئىككىلىرى ئوتتۇرىسىدا بىرلىك بولمىسا چوڭ ئىشلىرىمىزغا دەخلى يېتىدۇ، ئىنىلىرى بىلەن ياغى قىلىشنى سىلىمۇ خالىمايدىلا ھەقچان.

ــ بۇ دېگەنلىرىمۇ راست، ــ دېدى سانىز مىرزا ئويلانغان ھالدا، ــ ۋاقتى ـ سائىتى كەلمىگۈچە مۇددىئالىرىمىزنى ئاشكا-رىلىماي تۇرغىنىمىزمۇ ياخشى. كېلەر يىلى كۆكلەم پەسلىگىچە ئىنىم مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىلەن يۈزتۇرانە سۆزلىشىپ كۆ-رەي، بەلكىم قايىل بولۇپمۇ قالۇر.

ــ گەپىنىڭ راستىنى دېسەم، بۇ قېتىم بول تەسەررۇپقا يال-غۇز دېگۈدەك قەدەم كەلتۈرۈشۈم ئەمىر جانابلىرى بىلەن مۇلاقاتتا بولۇپ، ساداقىتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈش. بۇ قانداقتۇ يول-لىنغان مەكتۇپلىرىدىن گۇمانلانغىنىم ئەمەس، ساداقەت بايان قى-لىپ يوللىغان مەكتۇپلىرىغا ئۆز ۋاقتىدىلا ئىشەنگەنمەن، شۇنداقتىمۇ دەرقەمدە تۇز يېيىشىپ تولۇق كۆڭۈل توختىتىۋالاي دېدىم. بول مۇددىئايىمنى توغرا چۈشەنگەيلا، ئالدىنقى نۆۋەتلىك مەغلۇبىيەت مۇشۇنداق ئېھتىياتچان قىلىپ قويدى.

ــ ئالىيلىرىنىڭ ئازغىنە نۆكەرلىرى بىلەن شۇنچە يىراق-تىن كەلگەنلىرىنىڭ ئۆزىلا كەمىنىلىرىگە ئىشەنگەنلىكلىرىنى ئىسپاتلايدۇ. شول سەۋەبتىن ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختىيار سەزمەك-تىمەن.

ــ سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا بۇ يىل قىش چوقۇم سەمەر-قەنتكە قايتىپ كېلىدۇ. ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا، سۇل-تان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئەرەبىستان، ئىراققا قىلغان لەشكىرى يۈرۈشى خېلىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاندەك. سىلىدىن يوشۇرماي-مەن، ئىلكىمدە بەش مىڭ لەشكىرىم بار. تۈركىستان، سايرام بەگلىرىنىڭ نۆكەرلىرىگە تايانغۇم، ئۇلارنىڭ كۆمىكىنى قوبۇل قىلغۇم يوق. ئەبۇسەئىد مىرزا ئالىيلىرىدىن ئاز ـ تولا لەشكىرى كۆمەك تەلەپ قىلىش خىيالىم بار.

ــ بۇ ئويلىغانلىرىمۇ بوپتۇ. قەشقەردە بىزنىڭمۇ نەچچە مىڭ نۆكىرىمىز بولسىمۇ، ئاقسۇدىكى خان لەشكەرلىرىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچ قورغىنىدا، كۇچاردا يەنە بىر بۆ-لۈك خان لەشكەرلىرى بار. ھەر ھالدا ھازىرلىقىمىز پۇختا بولغى-نى ياخشى.

يۇنۇسخان قايراقتا يەنە بىر ھەپتە تۇردى، سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلدى.

ــ ئەمىسە ئىشلار شۇنداق بولسۇن، ــ دېدى ئۇ سانىز مىرزا بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، ــ كۆكلەم بىلەن تەڭ بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمنى تەقلەپ خەۋەرلىرىنى كۈتىمەن.

ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئېزگۈ تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشۈپ خوشلاشتى.

※ ※ ※

قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن سانىز مىرزا بىر تەرەپتىن خو-تەن، چەرچەن، لوپ، تارىم، چالىش، ئۈچ ئەمىرلىرىگە ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ مۇددىئاسىنى بىلدۈردى. يەنە بىر تەرەپتىن ئىنىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا يۇنۇسخان بىلەن كۆرۈشۈپ قىلىشقان مەسلىھەتلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ خەت يازدى ۋە ئۇنى ئىمكان بار قەشقەرگە بىر كېلىپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدى. ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە ئەۋەتكەن مەھرەملىرى ئۇنىڭغا ئارقا ـ ئارقىدىن خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدى. سۇلتان دوستمۇھەممەدخاز-دىن پۇتۇنلەي رايى قايتقان بۇ ئەمىرلەر سانىز مىرزىنىڭ يۇنۇس-خاننى موغۇلىستان تەختىگە ئولتۇرغۇزۇش تەكلىپىگە ئاۋاز قوش-قاندى. پەقەت ئىنىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىدىنلا تېخىچە جاۋاب كەلمەيۋاتاتتى. سانىز مىرزا ئىنىسىنىڭ بىر قارارغا كېلەلمەي ئىككى تايىن بولۇپ قالغانلىقىنى پەملىدى ـ دە، يەنە مەكتۇپ يېزىشقا تۇتۇندى:

«...قەدىرلىك ئىنىم، يازغان خېتىمنىڭ جاۋابسىز قېلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى كەمىنە ئاغىلىرىغا بەش قولدەك ئايان. سىلى شول تاپتا قاتتىق تېگىرقاپ قېلىۋاتىدىلا، گەرچە ئىستىبداتسىز، تەلۋە، زالىم خاندىن قاتتىق رايىلىرى يانغان، ئۇنى ياخشىلىق، ئادىللىق، پەزىلەتكە يېتەكلەشتىن ئۈمىدلىرى ئۈزۈلگەن بولسىمۇ، ۋۇجۇدلىرىدىكى ساداقەت، ۋاپا سىلىنى يەنىلا تىرىمشىپ كۆرۈشكە ئۈندەۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، ساداقەت ئىنسانىنىڭ ئەڭ ئاتتا پەزىلىتىدۇر، لېكىن ئۇنىمۇ ھەقىقىي ئىستىبدات، ھېكمەت، پەزىلەت ئىگىسىگە كۆرسىتىش كېرەك. ھاياسىز، پەزىلەتسىز خانغا كۆرسەتكەن ساداقەتنىڭ قۇمغا سۇ چاچقانچىلىكمۇ پايدىسى بولماس، ئەقىللىق كىشى مۇنۇ ئىشلارغا يول قويماسلىقى كېرەك، يەنى: زۆرۈر ئىشنى ئارقىغا سۈرمەسلىك؛ يېقىن، سىنالغان دوستىنى رەنجىتمەسلىك ۋە كۆرسەتكەن توغرا مەسلىھەت، تەكلىپىنى قوللاش؛ ئادالەتسىز، بەتخۇي، قارا كۆڭۈل كىشىدىن ھەرقاچان ئېھتىيات قىلىش؛ ھايالىق، ئىپپەتلىك خاتۇننى قولدىن بەرمەسلىك؛ گۇناھى كەبىرلەرگە يول قويماسلىق؛ زالىم، خۇنرىزغا يانتاياق بولماسلىق، بۇ ئىشلارنىڭ ھەرقاندىقىغا سەل قارالسا كىشىگە پۇشايمان كەلتۈرىدۇ.

بەلكىم سىلى مېنى ۋەدىسىدە تۇرمىدى دەپ رەنجىپ قالغانلا، لېكىن سەۋرىنگىمۇ چېكى بولىدۇ. گەرچە ئىككىمىز بىر ئاتىدىن تۆرەلگەن بولساقمۇ، ئاللاھ ئىگەم سىلىنى تولىمۇ سەۋرلىك ياراتقانىكەن. شۇنداق، سەۋر قىلىش يەنە گىتىلىك، ئەمما غەزەپكە كېلىشمۇ يېگىتلىكتۇر. زىيادە سەۋر ــ تاقەت كىشىگە گاھىدا زىيان كەلتۈرىدۇ. ئەسلىدە كەمىنە ئاغىلىرىمۇ سىلىگە ھەمنەپەس بولۇپ، سۇلتان دوستمۇھەممەدخانغا ساداقەت كۆرسىتىشىم كېرەك ئىدى، لېكىن مەن ئول تەلۋە خانغا ساداقەت كۆرسىتىشنى بىھۇدە

*ھېسابلىدىم. چۈنكى، ئۇل سۇلتان ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنى مەنسىتمەيدۇ، كىشىگە تەنبىھ، دەشنەم، جازا، غەزەپ قىلىشقا ئامراق، ئەدەپتىن بەھر ئېلىشنى بىلمەيدۇ، ئۆزىنى دانا چاغلايدۇ، ئەمىرلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا ئىززەت قىلمايدۇ، باشقىلارغا خەۋپ يەتكۈزۈش، ۋەھىمە سېلىش، مەسخىرە قىلىش ئارقىلىق كۆڭلىنى ئاچىدۇ، مەسلىھەتكە قۇلاق سالمايدۇ، پازىل، ئاقىل كىشىلەرنىڭ ئەتىۋارىنى قىلمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سەۋر قىلالمىدىم، ۋەدەمدە تۇرالمىدىم. يۇنۇسخان ئالىيلىرى بىلەن خۇپىيانە كۆرۈشۈپ ئۇنى تەخت ـ سەلتەنەتنى قولىغا ئېلىشقا دەۋەت قىلدىم.*

*قەدىرلىك ئىنىم، قەلبىدە دانالىق گۆھىرى بار تۇرۇقلۇق، نادان، پاسىق كىشىنىڭ سۆھبىتىدە بولۇش ئەخمەقلىقتۇر. مەن سىلىنى ئاغىلىق ھۆرمىتىم بىلەن ئاگاھلاندۇرماقچىمەن. ئۇل نادان، جاھىل، تەلۋە، پاسىق، پەسكەشنىڭ سۆھبىتىدىن نېرى تۇرۇشلىرىنى، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىش يولىنى ئىزدەشلىرىنى تەۋسىيە قىلىمەن. شۇنى ئەسلىرىدە تۇتسىلاكى، يۇنۇسخان ئالىيلىرىمۇ مۇشۇ تەخت ـ سەلتەنەتنىڭ قانۇنلۇق مىراسخورىدۇر. ئۇنى تەختتە ئولتۇرغۇزغانلىق بىلەن بىز ھەرگىزمۇ ساداقەتسىز، تۇزكور، قارا يۈز سانالمايمىز... جاۋابلىرىنى كۈتىمەن.»*

※ ※ ※

قىشنى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ ئۆتكۈزۈۋەتكەن سانىز مىرزا كۆكلەم پەسلى كېلىش بىلەن ئالدىراپ قالغانىدى. ئۇ يۇنۇسخان سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى تەقلەپ خەۋىرىنى كۈتۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ تىت ـ تىت بولاتتى.

مانا، قەشقەردە دەل ـ دەرەخلەر ياشىرىپ، ئۆرۈكلەر چېچەكلىدى. قىزچاقلار چېچەك ـ چوكانلاردىن چاچ ياساپ ئويناشقا،

قىز ـ جۇۋانلار تۇپراقتىن بىخ يېرىپ چىققان بىيدىلەرنى ئىرىپ كۆك چۆچۈرىسى ئېتىشكە تۇتۇنغان، ئەرلەر ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ تەييارلىقىغا چۈشۈپ كەتكەندى. نورۇز بايرىمىنى ئالاھىدە ھەشەم بىلەن ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن قەشقەرلىكلەر ھېلىتىنلا بايراملىق پائالىيەتلىرىنى باشلىۋەتكەندى. نېمىشقىدۇر سانىز مىرزا بۇ خۇشاللىقلارغا قېتىلالمايۋاتاتتى، ئىنىسىنىڭ خەت ـ خەۋەرسىز جىم تۇرۇۋېلىشى ئىچىنى پۇشۇرۇۋەتكەندى.

ئۇنىڭ كۆڭۈل ئازادچىلىك ئىزدەپ شىكارغا چىققىنىغا بۇگۈن ئۈچ كۈن بولدى. ئۇ بەشكېرەم بىلەن تۆكۈل ئارىلىقىدىكى جاڭگالدا نۆكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ توختىماي ئات چاپتۇراتتى، ئەمما ئۇچرىغان توشقان، قىرغاۋۇل، كېيىكلەرنى ئوۋلاشقا ئالدىرىمايتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى ئۆزىنى ئوۋغا ئەمەس، ئات چاپتۇرۇپ ئىچ ـ پۇشۇقىنى بېسىشقا، مۇشۇ ئىش بىلەن مەلىكە بولۇپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈشكە زورلاۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. نۆكەرلەر سانىز مىرزا قايانغا ئات چاپتۇرسا كەينىدىن تەڭ ئات سالاتتى.

ھەئە، شۇ كۈنلەردە ئىنىسىنى ئۆز مۇددىئاسىغا كۆندۈرەلمىگەن سانىز مىرزىنىڭ ۋۇجۇدىنى ئېغىر غەم، ھەسرەت چۇلغىۋالغانىدى. ئۇ يۇنۇسخان بىلەن بىرلىكتە سۇلتان دوستمۇھەممەدخانغا قارشى جەڭ قىلىشتىن ئانچە ۋايىم يەپ كەتمەيتتى. ئەڭ چوڭ ئەندىشىسى ئىنىسى بىلەن جەڭگاھتا رەقىبلەردەك ئۇچرىشىپ قېلىش ئىدى. بۇنداق قىلسا ئاتا ۋەسىيىتىگە خىلاپلىق قىلغان بولۇپ قالاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلى يېرىم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋۇجۇدىنى يېگىپ بولماس بىر غەم ـ ئەندىشە چىرمىۋالغانىدى...

يۇلغۇنلۇق، چاتقاللىقلار ئارىسىدا شامالدەك چېپىپ كېتىۋاتقان ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان سانىز مىرزا باش ـ ئاخىرى يوق خىياللارغا غەرق بولغان، ئۆزىنىڭ ئات ئۈستىدە ئولتۇرغىنىنىمۇ ئۇنتۇغانىدى. چاپقانچە قىزىپ كەتكەن ئات ئالدىغا دۈچ كەلگەن كىچىكرەك بىر ئازگالدىن شۇنداقلا سەكرەپ ئۆتۈشى بىد-

لەن، خىيالغا ئەسىر بولۇپ ئولتۇرغان سانىز مىرزا ئارقىسىغا يەڭدەپ كەتتى ـ دە، ئېگەرنىڭ قوش بېشىنى تۇتۇۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى، پۇتى كومۇش ئۈزەڭگىدىن ئاجرىدى. ئۇ ئات ئۈستىدىن گويا غايىب بىر قول يۇلۇۋېلىپ ئاسماننىڭ قەھرىدىن تاشلىغاندەك «گۇلۇپ» قىلىپ دومىلا يىقىلدى ـ دە، ئاللىقانداق بىر ئاغرىقتىن ئىڭرىۋەتتى. ھەرقانچە تىپىرلاپمۇ ئورنىدىن تۇرالمىدى، ئارقىسىدىن دەمبەسقەدەم يېتىپ كەلگەن نۆكەرلەر دەرھال ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، يەر قاسىغىنىچە دومىلا ياتقان سانىز مىرزىنى يۆلەپ چۆچۈپ كېتىشتى. سانىز مىرزا كىملەردۇر قىشتا قالاش ئۈچۈن كەسكەن يۇلغۇن كۆتىكىنىڭ ئۈستىگىلا يىقىلغان بولۇپ، يەردىن بىر ـ ئىككى غېرىچ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان خەنجەرنىڭ ئۇچىدەك يۇلغۇن كۆتىكى سانىز مىرزىنىڭ قورسىقىغا كىرىپ كەتكەنىدى. سانىز مىرزا ھوشسىز ياتاتتى.

نۆكەرلەر ئۇنى ئاتقا يۆلەپ مىنگۈزۈپ قەشقەرگە قاراپ چېپىشتى.

— ئەمىر جانابلىرىنىڭ ئاخىرەتلىكىگە تەييارلىق قىلىڭلار! — دېدى جاراھەت ئېغىزىنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ چىققان تېۋىپ، چىرايى قەغەزدەك ئاقىرىپ تىنىقى بار ـ يوقنىڭ ئارىلىقىدا ياتقان سانىز مىرزىغا ئېچىنىش بىلەن قاراپ قويۇپ، — يۇلغۇن كۆتىكى ئەمىر جانابلىرىنىڭ ئىچ ئەزايىنى تېشىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جاراھەت ئېغىزىدىن ئاققان قان قورساق قىسمىغا تولۇپ ئۇيۇپ قاپتۇ، ياراتقان قۇدرەت ئىگىسى شىپالىق بەرمىسە بىزنىڭ ئامالىمىز يوقتۇر.

سانىز مىرزا شۇ كۈنى كەچتە ھوشىغا كېلەلمەي، بىرەر ئېغىز ۋەسىيەتمۇ قالدۇرالماي جان ئۈزدى.

قەشقەردىكى ئەمىر ـ بەگلەر سانىز مىرزىنىڭ ئاخىرەتلىكىگە تۇتۇش قىلغاچ، ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئاقسۇغا چاپارمەن ماڭغۇزدى.

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى
www.uyghurkitap.com

※ ※ ※

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىر قارارغا كېلەلمەي ئىككى تايىن بولۇپ تۇرغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئاكىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ دەرھال قەشقەرگە قاراپ ئات سالدى.

ئۇ سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ ئاكىسىنىڭ ئۆلۈم پەتىسى ئۈچۈن قەشقەرگە بېرىشىدىن ئۈمىد كۈتمىسىمۇ، ئىككى ئېغىز تەسەللى بېرىشنى تەمە قىلغانىدى، ئەمما كىچىچە شاراب ئىچىپ مەستلىكى يېشىلمىگەن دوستمۇھەممەدخان تەسەللى بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، «ئەلھۆكمىلىللا» دېگەن گەپنىمۇ قىلمىدى.

سانىز مىرزا دادىسى سەييىدئەلى ئالپىنىڭ مەقبەرىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغانىدى. ئاتا ـ ئانىسى، ئاكىسىنىڭ تۇپراق بېشىدا خەتمقۇرئان قىلىپ ئولتۇرغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ۋۇجۇدىنى زىددىيەتلىك خىياللار چىرمىۋالغانىدى. ئۇ قەشقەرگە بۇرۇنراق كەلمىگىنىگە، ئاكىسى بىلەن قانغۇدەك بىر مۇڭدىشىۋالمىغىنىغا پۇشايمان قىلىۋاتاتتى، كۈندىن ـ كۈنگە تاپتىن چىقىپ كەتكەن سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ يېنىدىن ئايرىلماي تۇرغىنىغا ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى، ئۆرتىنەتتى. ئاكىسىنىڭ سۇلتان دوستمۇھەممەدخاندەك مۇدھىش بىر بالا ـ قازانى، ھەل قىلىش تولىمۇ قىيىن چوڭ بىر ئىشنى ئۆزىگە ئوڭچە تاشلاپ بېرىپ تۇيۇقسىز كېتىپ قېلىشى ئۇنىڭغا ئېغىر كەلگەنىدى.

«نېمىشقىمۇ بۇنداق ئالدىراپ كېتىۋالغانلا ئاغا. كۆكلەم ۋايىغا يېتىپ، يەر ـ جاھان تولۇق ئىللىغاندا ئاندىن قەشقەرگە كېلەي دەپ ئويلىغانىكەنمەن. مەندىن رەنجىپ قالغان بولغىيمىدىلە. ئاغىلىق ھۆرمىتىمگە رىئايە قىلمىدى، ئىككى ئېغىز مەسلەھەتىمگە كۆنمىدى، دەپ شۇنداق ئالدىراپ كېتىۋالغانلىرىمۇ بۇ؟ ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن، مېنى دېمىسىلىمۇ سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرى ئابابەكرى مىرزا، ئۆمەر مىرزا ۋە خانسۇلتان خې-

نىملارغا نېمىشقا تارتىشمىدىلا؟ سۆيۈملۈك مەزلۇملىرى ئايجامال
ئاغىچا خېنىمنى نېمىشقا ئويلىمىدىلا؟...»
مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئىككى يېنىدا بېشىنى تۆۋەن سې-
لىپ ئولتۇرغان ئىككى جىيەنىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قوي-
دى. بوي ـ تۇرقى بوۋىسى سەييىدئەلى ئالپىنى تارتقان چوڭ جىيە-
نى ئابابەكرى مىرزا تېخى ئون تۆت ياشنىڭ قارىسىنى ئالغىنىغا
قارىماي ئېگىز، بەستلىك يىگىت بولغانىدى. يېشىنى بىلمىگەن
ئادەملەر ئۇنى ئون سەككىز ـ يىگىرمە ياشلارغا كىرگەن ئوخشاي-
دۇ دەپ قالاتتى. ئىنىسى ئۆمەر مىرزىنىڭ بويىمۇ ئاكىسىدىن
ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى.
«چوڭ ئەمىرزادىنىڭ يېشى كىچىك بولغىنى بىلەن ئۆيلەپ
قويغۇدەك بولۇپ قاپتىكەن ئەمەسمۇ، بىرەر ـ ئىككى يىل تەخىر
قىلىپ ئەمىرزادىلەرنى ئۆز قوللىرى بىلەن ئۆيلەپ قويغان بول-
سىلا بولماسمىدى ئاغا؟! سىلىگە راستىمنى ئېيتسام، مەنمۇ سۇل-
تان دوستمۇھەممەدخاندىن زېرىكتىم، بىزار بولدۇم. ئۇنىڭ بىلەن
ئابا ـ ئەجدادلىرىمىز تىكلىگەن بۈيۈك سەلتەنەتنى روناق تاپقۇ-
زۇشقا كۆزۈم يەتمىدى. راست ئېيتىپلا، ئىستىبداتسىز، ئەخمەق
سۇلتان ئۈچۈن زېھنىمنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىپتىمەن. ئۇ ئەخ-
مەقلىقتە، تەلۋىلىكتە شۇنداق چېكىگە يەتتىكى، بىردەملىك كۆ-
ڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن بىراۋلارنىڭ كاللىسىنى قۇشقاچنىڭ بې-
شىنى ئۈزگەندەك ئۈزىدۇ، خوتۇنلار بىلەن ئىشقىۋازلىق قىلىشقا،
بەزمە ـ شارابقا خۇمار بولۇپ كەتتى. نە سەلتەنەت، نە دوستلۇق
قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا ئەمەل قىلمايدۇ. نە ئاۋامنى مەنسىتمەيدۇ،
نە ياراتقان قۇدرەت ئىگىسىدىن ھايا قىلمايدۇ. ئەسلىدە بۇ قېتىم
سىلى بىلەن سالامەت مۇلاقاتتا بولسام مۇشۇ گەپلەرنى دېمەكچى-
دىم. مەسلىھەتلىرىگە كۆنمىگەنلىكىم، جاھىللىق قىلغانلىقىم
ئۈچۈن ئەپۇ سورىماقچىدىم. ۋا دەرىخا! نە چارە، ئەمدى سىلى يوق.
يۇنۇسخان ئالىيلىرى سىلىگە ئىشەنگەن بىلەن ماڭا ئىشىنەرمۇ؟
خاتىرجەم بولسىلا ئاغا. مۇددىئالىرى بويىچە ئىش كۆرۈشكە تى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىشمەن. تەخت ـ سەلتەنەتنى روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا تەييارمەن...»

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا: «ئامىن» دېگىنىچە دۇئاغا قول كۆتۈردى، دادىسى سەييىدئەلى ئالپىنىڭ، ئانىسى ئۆز سۇلتان مەلىكىنىڭ، ئاكىسى سانىز مىرزىنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلدى، ئاندىن ئىككى جىيەننى ئاستا يۆلىدى.

— تۇرۇڭلار قايتايلى.

ئىككى يىگىت ئۈن ـ تىنسىز تاغىسىغا ئەگەشتى.

※ ※ ※

سانىز مىرزىنىڭ قىرىق نەزرى بېرىلىپ بولۇغاندىن كېيىن، سانىز مىرزىنىڭ ئانىسى بىبى ئايەتخېنىم: «يۇرتۇمنى سېغىنىدىم، ئاخىرقى ئۆمرۈمدە ئاتا ـ ئانامنىڭ تۇپراق بېشىنى بىر قېتىم يوقلىۋالاي» دەپ تۇرپانغا كەتتى. ئايجامال ئاغىچا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ تۇتقىنىغا ئۇنىماي ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ ياركەنتكە كەتتى.

ئاقسۇغا قايتىشقا كۆڭلى تارتمىغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىر مەزگىل قەشقەردە تۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى ۋە ئاكىسىنىڭ يېقىن مەھرىمى قۇتلۇق پالۋان ئارقىلىق يۇنۇسخانغا مەكتۇپ ئەۋەتتى.

«...ئالىيلىرىنىڭ قىلچىلىك بەتگۇماندا بولماي بىر مەزگىل تەختىر قىلىشىنى سورايمەن. ئاللاھ خالىسا مەرھۇم جەننەتماكان ئاغام باشلىغان ئىشنى كەمىنە نۆكەرلىرى بىر باشقا ئېلىپ چىقىشقا بەل باغلىدىم. كەمىنە نۆكەرلىرىنى ئاشۇ ئارماندا كەتكەن ئاغامنىڭ ئورنىدا كۆرۈشلىرىنى ئۆتۈنىمەن...» دەپ يازدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا يۇنۇسخانغا ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ.

ئۇ ئوردا لەشكىرىي دىۋانىنىڭ ئەمىرلىك مەرتىۋىسىدىن پاي-

دىلىنىپ، يۇنۇسخاننى تاجۇ تەختكە ئۇرۇش ـ يېغىلىقسىز ئولتۇرغۇزۇشنى كۆڭلىگە پۈككەندى. شۇڭا بۇ ئىشلارنى دوستمۇھەممەدخانغا چاندۇرماي بىر باشقا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن بىر مەزگىل پۇرسەت كۈتۈشكە، پۇختا تەييارلىق كۆرۈشكە، مۇھىمى لەشكىرىي دىۋاندىكى سەركەردىلەرنى تولۇق قولغا كەلتۈرۈشكە توغرا كېلەتتى.

ھايال ئۆتمەي يۇنۇسخاندىن جاۋاب خەت كەلدى. ئۇ خېتىدە سانىز مىرزىنىڭ ئۆلۈمىدىن قايغۇرغانلىقىنى، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ساداقىتىگە مىننەتدار بولغانلىقىنى، سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ سەلتەنەتىنى بىكار قىلىش ئۈچۈن پۇختا تەييارلىق كۆرۈش لازىملىقىنى، ئۆزىنىڭ بۇ تەرەپتىكى تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ بولغانلىقىنى، ھەرقاچان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ خەۋىرىنى كۈتىدىغانلىقىنى يازغانىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئوتتۇرىسىدا قويۇق ئالاقە باشلاندى.

تەدبىرلىك ۋە ئەقىللىق يۇنۇسخان بىرنەچچە پارچە خەت بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ كۆڭلىنى تولۇق مايىل قىلغانىدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن ئىشەنچ سانىز مىرزا بىلەن ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن ئىشەنچتىن قېلىشمايتتى.



ــ نېمىدېدىڭ؟ خان ئائىلىرى ياركەنتكە قاراپ ماڭدى؟ ــ ئاقسۇدىن ئالدىراپ ـ تېنەپ كەلگەن ئايغاقچىسىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ سورىدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا. سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ ئۇدۇل ياركەنتكە قاراپ ماڭغىنى ئۇنىڭغا يوچۇنلا تۇ ـ

يۇلغانىدى.

ئاكىسى سانىز مىرزا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قارىلىق تۇتۇش باھانىسى بىلەن ئاقسۇغا، خان ھۇزۇرىغا بارمىغانىدى. ھەئە، ئۇ سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننى خاتىرجەم قىلىپ قويۇش ئۈچۈن پات ـ پات مەلۇمات يوللاپ تۇردى، قەشقەردە بىر مەزگىل تۇرۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئەسكەرتتى. ئاكىسى سانىز مىرزىنىڭ ئوغلى ئابابەكرى مىرزىنى ياركەنتكە ئەمىر قىلىپ تەيىنلەپ بېرىشىنى تەۋسىيە قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ تەۋسىيەسىگە خان تېخىچىلا جاۋاب بەرمىگەنىدى.

«خان ئالىيلىرى ياركەنتكە نېمىشقا بارىدىغان بولۇپ قالدىكىنە؟ ئاغامنىڭ چوڭ ئەمىرزادىسى مىرزا ئابابەكرىنى ياركەنتنىڭ ئەمىرلىكىگە ئۆز قولى بىلەن تەيىنلەش قارارىغا كەلدىمۇ ـ يا؟ مۇمكىن ئەمەس. بۇنچىلىك ئىشلارغا ھەرگىز ئۆزى بېرىپ يۈرمەيدۇ، يارلىق ئەۋەتىپلا بولدى قىلىدۇ. ئالايىتەن ئۆزى بېرىشىنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇنىڭ ئاۋۋال قەشقەرگە كەلمەي، مارالبېشى ئارقىلىق ئۇدۇل ياركەنتكە مېڭىشىدا نېمە مۇددىئاسى باردۇر؟ ياكى يۇنۇسخان ئالىيلىرى بىلەن خەت ـ ئالاقە قىلىشقىنىمدىن خەۋەر تېپىپ قالدىمۇ ـ يا؟ شۇڭا ئاۋۋال ياركەنتنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، ئاندىن ئاقسۇ بىلەن ياركەنتتىن تەڭ ئېگىش قىلىپ قەشقەرنى قىسماققا ئېلىشنى پىلانلىدىمىكىن؟ خان ئالىيلىرىنىڭغۇ بۇنچىلىك ئىشلارنى ئىنچىكە ئويلاپ كەتكۈچىلىكى يوق. ئوردىدىكى ئەمىرلەردىن بىرەرسى يول كۆرسىتىۋاتامدۇ ـ يا؟ ماڭا ساتقىنلىق قىلغان كىمدۇ؟ ھەرھالدا ئېھتىيات قىلاي...»

— شۇنداق ئەمىر كەبىر جانابلىرى، — دېدى ئايغاقچى يەتكۈزگەن مەلۇماتنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىپ، — كەمىنىلىرى خان ئالىيلىرىنىڭ كەينىدىن ئىككى كۈن قارا كۆرۈنۈش ئەگەشتىم، ئاندىن ئۆزلىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئال-

دىرىدىم.

— خان ئالىيلىرى ياركەنتكە نېمىگە بارغۇدەك؟ سەۋەبىنى ئىنقىلاپ كۆرمىدىڭمۇ؟

— ئۇقۇشتۇم. مەرھۇم سانىز مىرزىنىڭ ئۆلۈم تەزىيىسى ئۈچۈن پاتىھە ئوقۇغىلى، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورىغىلى بارىدىكەن.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ھەيران قالدى.

«توۋا، خان ئالىيلىرىنىڭ ئەجەب ئەمدى بولغاندا ئۆلۈم پەتىسىگە بارغۇسى كەپ قاپتۇ ـ يا؟ ئاغامنىڭ ۋاپاتىغىمۇ يىرىم يىلدىن ئاشتى. بۇ ئۇنىڭ ئىنسابقا كېلىپ قالغىنىمىدۇ ياكى باشقا مەقسەت مۇددىئاسى بارمىدۇ؟ ئۇ قەشقەرگە كېلەرمۇ ياكى يەنە ياركەنتتىن ئۇدۇل ئاقسۇغا قايتارمۇ؟...»

※ ※ ※

ھەئە، شۇ تاپتا مارالبېشىدىن ئۆتۈپ بولغان سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئۇدۇل ياركەنتكە قاراپ كېتىپ باراتتى. مىڭ نەپەر خاس نۆكىرىنىڭ قورۇقچىلىقىدا ئون ـ ئون بەش نەپەر يېقىن ئەمىر ـ مەھرەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ماڭغان دوستمۇھەممەدخاننى قانداقتۇ كۆڭلىگە يامان خىياللارنى پۈكۈپ ماڭدى دېگىلى بولمايتتى. ئادەتتە شىكارغىمۇ ئۈچ مىڭدىن كەم لەشكەر ئېلىپ چىقمايدىغان خان ئەنە ئاشۇنداق مېھماندارچىلىققا ماڭغاندەك كېتىۋاتاتتى.

سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ ئۇدۇل ياركەنتكە قاراپ مېڭىشىدا سانىز مىرزىنىڭ ئۆلۈم پەتىسىگە بېرىشتىن باشقا مۇددىئاسىمۇ بار ئىدى.

شۇ كۈنلەردە ئاقسۇدىكى ئوردا خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ قال-

uyghurkitap.com

غانىدى. ئۇ دادىسى ۋە بوۋىسى نەچچە ئون يىللاپ يىغقان خەزىنىـ
ىنى ئۈچ ـ تۆت يىل ئىچىدە پاك ـ پاكىز قۇرۇقداپ قويغانىدى.
مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئاكىسىنىڭ قارىسىنى تۇتۇشنى باھا-
نە قىلىپ قەشقەردە مىدىرلىماي تۇرۇۋېلىشى ئۇنىڭغا يەنە بىر
زەربە بولدى. ئۇردىدا قولىدىن ئىش كېلىدىغان، قىيىنچىلىقلارغا
تەدبىر كۆرسىتەلەيدىغان ئەمىرلەرنىڭ بىر قىسمى ئىككى ـ ئۈچ
يىلدىن بېرى ھەرخىل باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ۋىلايەت،
ئايماق، تۇمەنلەرگە كېتىۋالغان، ئۇردىدىن پەم بىلەن قاچقانىدى.
يەنە بىر قىسمىنى سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئويۇن ـ تاما-
شىلاردىن، بەزمە ـ باراۋەتلەردىن، شاراب ـ شەھۋانىيلىقتىن تو-
سۇغىنى، نەسىھەت قىلغىنى ئۈچۈن ئۆلۈمگە بۇيرۇغانىدى. ئور-
دىدا قېپقالغان ئەمىرلەرنىڭ ئاغزى «لەببەي»، «خوش»تىن باشقى-
غا كەلمەيتتى. ھەئە، ئۇلار قەستەن ئاشۇنداق بولۇۋېلىشقان.
دوستمۇھەممەدخان نېمە دېسە ماقۇل دەپ، ئۇنى ماختاپ، كۆككە
كۆتۈرۈپ، جان بېقىش يولىغا كىرىۋېلىشقانىدى. سانىز مىرزا ھا-
يات ۋاقتىدا بىر قىسىم ۋىلايەت، ئايماق ئەمىرلىرىنى ئوردىغا
تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج ـ خىراجنى تاپشۇرماي تۇرۇشقا كۆز-
دۇرگەنىدى. شۇڭا بۇ بىر يىلدىن بېرى ئوردا خەزىنىسىگە پەقەتلا
كىرىم بولمىغانىدى. ئوردىنىڭ كىرىم مەنبەسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قې-
لىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان خەزىنىچى بەگ بىلەن ئوردا ئىشلى-
رى دىۋانىنىڭ ئەمىرى ئەھۋالنى سۇلتان دوستمۇھەممەدخانغا مە-
لۇم قىلغانىدى.

دوستمۇھەممەدخاننىڭ نەزەرىدە ئوردا خەزىنىسىدە تۈگىمەس
دەپىنە ـ دۇنيا بار ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ مۇشۇ كەمگىچە كۈندە
بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ، خالىسا جازالاپ، خالىسا ھەميان ـ ھەميان
ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئىنئام قىلىپ كەلگەنىدى. ئىككى ئەمىر-
نىڭ مەلۇماتىغا ئىشەنمىگەن دوستمۇھەممەدخان ئالايتەن بېرىپ

خەزىنىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە قالغان ئىككى ئەمىر ئوردىنىڭ بىرنەچچە يىللىق كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي چۈشەندۈرۈشكە، ئىشەك توقۇمىدەك يو ـ غان ھېسابات دەپتەرلىرىنى كۆرسىتىشكە كىرىشتى. سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ بۇ ھېسابات دەپتەرلىرىنى كۆرەر كۆزى يوق ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى غەزەپ ئەمەس غەم باسقاند ـ دى. خەزىنىنىڭ قۇرۇقدىلىپ قېلىشىدىن پەيدا بولغان غەم ـ ئەندىشە ئۇنى غەزەپلىنىشتىن توسۇپ قويغانىدى. غەزەپلەنگەن بولسا خەزىنىچى بەگ بىلەن ئوردا ئىشلىرى دىۋانىنىڭ ئەمىرى ئاللىقاچان كاللىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بولاتتى. ئۇنىڭ مۇشۇند ـ چىۋالا چوڭ ئىشقا غەزەپلەنمەسلىكى بىر مۆجىزە ئىدى. شۇنداق، ئۇ بەزمە ـ باراۋەت، ئەيش ـ ئىشرەت سورۇنلىرى ئۈچۈن پۇل كېتىدىغانلىقىنى بىردىنلا ھېس قىلدى، تۇنجى قېتىم پۇلنىڭ قۇدرىتىنى چۈشەندى. خاننىڭ جىم تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئىككى ئەمىر بەس ـ بەستە سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىر يىلدىن بېرى خەزىنىگە پەقەتلا ئولپان كىرمىدى ئا ـ لىيلىرى.

— ھەرقايسى ۋىلايەت، ئايماق، تۇمەنلەرنىڭ ئەمىر ـ بەگلىرى ئەۋەتىشكە تېگىشلىك ئولپان ـ خىراجەتلەرنى ئەۋەتمەيۋاتىدۇ.

— ئىلگىرى بۇنداق ئەھۋال زادى بولۇپ باقمىغان.

— ئوردا ئىشلىرى دىۋانى نامىدىن بىرقانچە قېتىم ھەيدەك ـ چى ئەۋەتتۇق، لېكىن ئۇنۇمى بولمىدى.

— ئول ئەمىر ـ بەگلەر گاس ـ گاچا بولۇۋالدى.

— ئەمدى يارلىق چۈشۈرمىسىلە ئامال يوق.

— ئوردىدىكى ئەمىرلەرگىلا ئەمەس، مۇلازىملارغىمۇ مائاش تارقىتىلمىغىلى يېرىم يىل بولاي دەپ قالدى.

— لەشكىرىي دىۋانمۇ سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ خىراجى ـ تىنى بېرىڭلار دەپ ئالدىرىتىۋاتىدۇ.

ـــ شەھەر ئامانلىق خەزىنىسى[1]مۇ، پادىشاھلىق مۈلكى دارامىتى خەزىنىسىمۇ قۇرۇقدىلىپ قالدى.

ـــ بۇ بىر يىلدىن بېرى ۋىلايەت ـ ئايماقلاردىن خىراجەت كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆز ئالدىمىزغا تىيۇل[2]، مالۇجىھات[3]، سۇۋارى[4]، قونالغۇ[5]، شىلان[6]، سەرى شۇمار[7]، خانەشۇمار[8]... قاتارلىق باج ـ سېلىقلارنىڭ مىقدارىنى بىرنەچچە ھەسسە كۆپەيتتۇق. قالاقچى[9]لار ئاقسۇ تەۋەسىدىكى ئاۋامنىڭ قولىدا سېلىق، خىراج بەرگىدەك بىر نەرسە قالمىدى دەپ قاقشاۋاتىدۇ.

ـــ بىزمۇ بەك تەڭقىسلىقتا قالدۇق ئالىيلىرى، قىلىدىغان ئامالنىڭ ھەممىسىنى قىلدۇق.

ـــ ...

ئىككى ئەمىر خەزىنىنىڭ قۇرۇقدىلىپ قېلىشىدا ئۆزلىرىنىڭ سەۋەنلىكى باردەك توختىماي باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتەتتى. ئىككى گەپنىڭ بىرىدە ئوردىغا ئولپان ـ خىراج ئەۋەتمىگەن ۋىلايەت، ئايماق ئەمىرلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلاتتى.

خەزىنىنىڭ قۇرۇقدىلىپ قېلىشى بىلەن تەڭلا سۇلتان دوستمۇھەممەدخانمۇ بىردىنلا ئېغىر ـ بېسىق بولۇپ قالغانىدى. باشقا كۈنى بولغان بولسا بۇ ئىككى ئەمىرنىڭ مىڭ بېشى بولغان تەقدىردىمۇ ھەممىسىنى چاپقۇزىۋەتكەن بولاتتى. ھازىر ئۇنىڭ

① شەھەر ئامانلىق خەزىنىسى ـــ شەھەر ئاھالىسىدىن ئېلىنىدىغان سېلىقلاردىن يىغىلىدىغان خەزىنە.
② تىيۇل ـــ خىراج ۋە سېلىق ئۈچۈن ئىنئام ئېتىلگەن يەر ـ مۈلۈك.
③ مالۇجىھات ـــ نەق پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان سېلىق.
④ سۇۋارى ـــ پادىشاھلار خەلقتىن تەلەپ قىلىدىغان تارتۇق.
⑤ قونالغۇ ـــ چەت ئەل سودىگەرلىرىنى قوندۇرۇش، مېھمان قىلىش سېلىقى.
⑥ شىلان ـــ پادىشاھ، ئەمىرلەرنىڭ تامقى ئۈچۈن يىغىلىدىغان سېلىق.
⑦ سەرى شۇمار ـــ جان بېشىدىن ئېلىنىدىغان سېلىق.
⑧ خانە شۇمار ـــ ئائىلىدىن ئېلىنىدىغان سېلىق.
⑨ قالاقچى ـــ باج ـ سېلىق يىغقۇچى.

ۋۇجۇدىنى غەم چۇلغۇۋالغانىدى. خەزىنىنىڭ قۇرۇقدىلىپ قېلىشى تەخت ـ سەلتەنەت ئۈچۈن ئەڭ زور خەۋپ ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ھەر ھالدا ئايان ئىدى. ئۇ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى بىردىنلا ئېسىگە ئالدى. ئېنىقكى، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا يېنىدا بولغان بولسا ئوردا خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ كەتمەيدىغاندەك ياكى خەزىنىسىنى قايتىدىن تولدۇرۇپ بېرىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئۆزىدىن قاتتىق رەنجىپ قالغانلىقى، ئاشۇ سەۋەبتىن قەشقەرگە بېرىۋېلىپ ئوردىغا قايتقىلى ئۇنىمايۋاتقانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغىمۇ تۈرلۈك پىتنە ـ پاساتلارنى يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان ئادەملىرى بار ئىدى. ئۇ پايدىلىق مەسلىھەت بەرگۈچىلەرنى، نەسىھەت قىلغۇچىلارنى، كاجلاشقان، زاكونلاشقانلارنى يامان كۆرگىنى بىلەن، گەپ توشۇپ كەلگەنلەرنى، چېقىمچىلارنى ئەتىۋارلايتتى، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق گېپىگە قۇلاق سالاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئوي ـ خىياللىرىدىن، بولۇپمۇ تاغىسى يۇنۇسخان بىلەن خۇپىيانە خەت ـ ئالاقە قىلىشىۋاتقانلىقىدىن ئاز ـ تولا خەۋەر تېپىپ ئۈلگۈرگەنىدى. ئەگەر مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا يېنىدا بولغان بولسا ئۇنىڭغا قىلچىلىك يۈز ـ خاتىر قىلماي زىندانغا تاشلىغان، ھەتتا كاللىسىنى ئالدۇرۇپ يامان نىيەتتە بولۇش خىيالى بار باشقا ئەمىر ـ بەگلىرىگە ئىبرەت قىلغان بولاتتى. بىراق، ئۇ بۇ يامان نىيەتتىن، ئاسىيلىقتىن خەۋەر تاپقاندا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قەشقەردە ئىدى. قەشقەرگە بېرىۋالغىنىچە ئاقسۇغا پەقەتلا كەلگىلى ئۇنىمىدى. سۇلتان دوستمۇھەممەدخان تەلۋە بولغىنى بىلەن دۆت ئەمەس ئىدى. ئۆزىگە تۇشلۇق قۇۋلۇق، شۇملۇقلارنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى چۆچۈتۈپ قويماسلىق، سەگەكلەشتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن قەستەن جىم بولۇۋالدى، ئەۋەتكەن مەلۇماتلىرىغا قەستەن جاۋاب يازمىدى. ئاقسۇغا قايتىپ كېلىشكە پەرمانمۇ چۈشۈرمىدى. ھەئە، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئۆز ئايىغى بىلەن ئاقسۇغا كېلىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن

www.uyghurkitap.com

كۆتكەنىدى. مانا، ئۆيلىمىغان يەردىن ئوردا خەزىنىسىمۇ قۇرۇقدىلىپ قاپتۇ. قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى يىراقتا، ئۇلار ئوردىدىن چەتلىگەن. چەتلەشتىكى نارازىلىقى ئۇنىڭغا ئايان. شۇڭا ئۇلار مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغان، ئوردىغا ئۇلپان ـ خىراجەت تاپشۇرۇشتىن باش تارتقان. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىلەن بىرلىشىپ ئۆزىگە قارشى چىقماقچى، ئورنىغا ئاغىسى يۇنۇسخاننى ئەكېلىپ تەختتە ئولتۇرغۇزماقچى. نېمىدېگەن قەبىھ، مۇدھىش مۇددىئا بۇ؟ تۇزكورلار!

مانا مۇشۇلاردىن خەۋەر تاپقان، بىر خەۋپنى ھېس قىلغان سۇلتان دوستمۇھەممەدخان گويا ئەجەل قىلىچى بويىنىغا تەگلەنگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ بىردىنلا كاللىسىنى سىلكىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ يوشۇرۇن، خەتەرلىك ئاپەتتىن قۇتۇلۇشقا چارە ـ ئامال ئىزدىدى.

«قولۇمدا لەشكەر بار، ھوقۇق بار، لېكىن پۇل يوق. خەزىنىنىڭ قۇرۇقدىلىپ قالغىنىنى بىلسە ئاقسۇدىكى ئەمىر ـ لەشكەرلەرمۇ ئىسيان كۆتۈرۈشى، ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ ماڭا قارشى چىقىشى مۇمكىن...»

دوستمۇھەممەدخاننىڭ ئەقلى ئەنە ئاشۇلارنى مۇلاھىزە قىلىشقا يەتتى. سەلتەنەت ئىشلىرى بىلەن كارى بولمىغىنىغا پۇشايمانمۇ قىلدى. ئىچ ـ ئىچىدىن قاپساپ كەلگەن غەزىپىنى بېسىۋالدى. ھەئە، بىر ئامال قىلىپ ئاشۇ يۈزسىز، تۇزكور ئەمىرلەرنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرمىسە تەخت ـ سەلتەنەتنىڭ قولدىن كېتىپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن كۆڭگەن ئادىتىگە يات ھالدا بەزمە ـ باراۋەتسىز، شاراب ـ خوتۇنسىز بىر ھەپتە تەنھا خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. ئاخىرى باشقا ئەمىرلەرنىڭ مايىللىقىنى، قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ مايىللىقىنى، قوللىشىنى قولغا كەلتۈرمىسە، كۆڭلىنى ئۇتمىسا، ئىشەنچىگە ئېرىشمىسە بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئاشۇ ئەمىرلەر ئۆزىگە قايتىد-

دىن ساداقەت بىلدۈرسە خەزىنىنىڭ پۇل ـ پۈچەككە تولىدىغانلى-
قىنى ھېس قىلدى.

ئەنە ئاشۇ سەۋەبتىن خاس نۆكەرلىرى بىلەن بىرقانچە ئە-
مىرلىرىنى ئېلىپ قەشقەرگە ئەمەس، ياركەنتكە قاراپ يولغا چىق-
قانىدى. ياركەنتتە مەرھۇم سانىز مىرزىنىڭ تۇل قالغان ئاغىچا ـ
توقاللىرى، باللىرى بار ئىدى. شۇڭلاشقا ئاۋۋال ياركەنتكە بېرىپ
ئاشۇ ھازىدارلاردىن ئەھۋال سوراشنى، ئۇلارغا تەسەللى بېرىشنى
كۆڭلىگە پۈككەنىدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۇنىڭ كۆرسەتكەن
بۇ كاتتا ھىممىتىنى ئاڭلىسا تەسىرلەنمەي قالمايتتى.

※ ※ ※

شۇنداق قىلىپ سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ياركەنت شەھە-
رىگە ھازىدارلارغا تەسەللى بېرىش باھانىسى بىلەن كىرىپ كەل-
دى. ياركەنت شەھىرىدىكى قەلەمدار ـ ئەلەمدار بولۇپ بارلىق
چوڭ ـ كىچىك ئەمىر ـ بەگلەر سانىز مىرزىنىڭ چوڭ ئاغىچىسى
ئايجامال ئاغىچا ئىككى ئەمىرزادىسى مىرزا ئابابەكرى، ئۆمەر
مىرزىلارغا ئەگىشىپ خاننىڭ ئىستىقبالىغا چىقتى. خان ئالىي-
لىرىنىڭ بۇ ئالەمچە مېھىر ـ شەپقىتىدىن تەسىرلەنگەن ئايجامال
ئاغىچا قايتىدىن ھازا ئاچتى ۋە خاننى ئەمىر سارىيىغا باشلاپ
كىردى.

سانىز مىرزا ياركەنتكە ئەمىر بولۇپ كەلگەندىن كېيىن
سارايىنى قايتىدىن ياساتقان بولۇپ، ئاقسۇ ئوردىسىدىكى شاھنە-
شىندىن قېلىشمىغۇدەك ھەشەمەتلىك ئىدى. دوستمۇھەممەدخان
تۆردىكى نەقىشلىك كۇرسىغا چىقىپ ئولتۇردى. چوڭ ـ كىچىك
ساراي مەھرەملىرى ئۇنىڭغا ئوردا يوسۇنى بويىچە سالام بەجا كەل-
تۇردى، ئامان ـ ئېسەنلىك سورىدى، تىلەك بىلدۈرۈشتى. ئارقى-
سىدىن ئايجامال ئاغىچا ئىككى ئوغلى بىلەن سالام بەردى.

ـــ ئانھەزرىتىمنىڭ شۇنچە ئۇزاق يولنى بېسىپ كېلىپ

www.uyghurkitap.com

بىز دەك باغرى سۇنغان تۇل خاتۇن، يېتىم ئوغۇلدىن كۆڭۈل سوراپ پەتىگە كەلگىنىگە مىڭ ـ مىڭ تەسەننا، ــ دېدى ئايجامال ئاغىچا، ــ قىبلىگاھىمىز لايىق كۆرسە مۇنۇ ئىككى ئوغلۇمنى ئۆزىگە نۆكەر قىلىۋېلىشىنى سورايمەن.

ئۆز ۋاقتىدا سانىز مىرزىنىڭ سۇلتان دوستمۇھەممەدخاندىن رەنجىپ يۈرگەنلىكىدىن ئايجامال ئاغىچىنىڭ خەۋىرى بار ئىدى. خاننىڭ شۇنچە يىراقتىن مەرھۇم ئېرىنىڭ ئۆلۈم پەتىسى ئۈچۈن كەلگەنلىكى شۇ تاپتا ئۇنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەنىدى. ھەئە، ئۇ قەشقەردىن ياركەنتكە قايتىش ئالدىدا قېيىنئىنىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئاكىسىنىڭ ئەمىرلىك مەرتىۋىسىگە چوڭ جىيەنى مىرزا ئابابەكرىنى تەۋسىيە قىلىپ ئوردىغا مەلۇمات يوللىغان ۋە خاندىن پات يېقىندا مىرزا ئابابەكرىگە ياركەنتنىڭ ئەمىرلىك مەرتىۋىسىنى ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغانىدى. لېكىن، ئارىدىن خېلى ئايلار ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ئوردىدىن يارلىق چۈشمىگەنىدى. مۇشۇ سەۋەبتىنمۇ ئايجامال ئاغىچىنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ ئوغلى مىرزا ئابابەكرىنى ياركەنتنىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلەپ يارلىق چۈشۈرمەسلىكىدىن، ياركەنتنى قەشقەرگە قوشۇۋېتىپ قېيىنئىنىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا بېرىۋېتىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. ئۇ مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن ئاقسۇغا بېرىپ خان بىلەن كۆرۈشۇشكە بىر قانچە قېتىم تەرەددۇتلانغان بولسىمۇ، لېكىن خاننىڭ تەلۋە، ئوسال خۇي ـ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدىغان بىر قىسىم ئەمىر ـ بەگلەر ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ قويغان، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئاغزىغا قاراشنى تەۋسىيە قىلغانىدى. كۈتۈلمىگەندە خاننىڭ تۇيۇقسىز ياركەنتكە كېلىپ قېلىشى ئايجامال ئاغىچىنى تەسۋىرلىگۈسىز خۇشاللىققا چۆمدۈرۈۋەتتى. ئوغلىنى ياركەنت ئەمىرلىكىگە تەيىنلەتكۈزۈش ئۈمىدى قايتىدىن بىخ سۈردى. شۇڭا خاندىن ئوغلىغا تېزرەك يارلىق ئېلىپ بېرىشكە ئالدىراپ قالغان ئايجامال ئاغىچا «ئىككى ئوغلۇمنى نۆكەر قىلىۋېلىشلىرىد-

نى سورايمەن» دېيىش ئارقىلىق، سۇلتان دوستمۇھەممەدخاندىن چاندۇرماي ئېرى سانىز مىرزىنىڭ ئەمىرلىك مەرتىۋىسىنىڭ دەۋاسىنى قىلىۋاتاتتى.

راست گەپنى قىلغاندا ھەر كۈنى ئويۇن ـ تاماشىلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئوردىغا كېلىدىغان تۈرلۈك مەلۇماتلار، خەت ـ ئالاقىلەر بىلەن كارى بولمايدىغان سۇلتان دوستمۇھەممەدخان، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى مىرزا ئابابەكرىنى ياركەنتنىڭ ئەمىرلىكىگە تەۋسىيە قىلىپ ئەۋەتكەن مەلۇماتنى كۆرمىگەن، كۆرسىمۇ ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىگەندى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بولسا يەتتەكەنتتىكى يۇنۇسخان بىلەن ئالاقە ئورنى- تىش بىلەن بولۇپ كېتىپ خانغا قايتا مەلۇمات سۇنمىغان ھەمدە بۇ ئىشلارنى يۇنۇسخان تەختكە چىققاندىن كېيىن بېجىرىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان مىرزا ئابابەكرى بىلەن ئۆمەر مىرزىغا نەزەرىنى ئاغدۇردى. تېخى ئەمدىلا ئون بەش ياشتىن ئاش- قان بولسىمۇ ئون سەككىز ـ يىگىرمە ياشلىق يىگىتلەردەك كۆ- رۈنىدىغان تولىمۇ ئېگىز، بەستلىك، بۇرۇتلىرى خەت تارتىپ قالغان مىرزا ئابابەكرى ئۇنىڭ كۆزىگە تولىمۇ ئىسسىق كۆرۈندى. ئۇ نەزەرىنى ئايجامال ئاغىچىنىڭ سول يېنىدا تۇرغان ئۆمەر مىر- زىغا ئاغدۇردى. ئۇنىڭ بوي ـ بەستىمۇ ئاكىسىنىڭ بوي ـ بەس- تىدىن قېلىشمايتتى. ئىككى ئوغلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ئاي- جامال ئاغىچا خېلى بويلۇق ئاياللاردىن ھېسابلانسىمۇ، لېكىن شۇ تاپتا بالىلىرىنىڭ بوي ـ بەستى بىلەن سېلىشتۇرغاندا پاكار كۆ- رۈنەتتى. سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئىككى ئەمىرزادىنىڭ ئۆزد- دىن خېلىلا ئېگىز چىقىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى. كۆز ئالدىغا ئاۋۋال سەييىدئەلى ئالىپ، ئاندىن سانىز مىرزا بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا كەلدى. ئۇنىڭ قەلبىدە سەييىدئەلى ئالىپ ھەققىدە تۈزۈك تەسىرات يوق ئىدى، ئەمما سانىز مىرزا ھەققىدە خېلىلا چوڭقۇر ئەسلىمىلىرى بار ئىدى. ھەئە، سانىز مىرزا سۇلتان ئىد-

www.uyghurkitap.com

سان بۇغاخاننىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىپ لەشكىرىي دىۋانغا ئەمىر بولغاندىن تارتىپ خانزادە دوستمۇھەممەدخاننى خۇددى ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىدەك كۆرۈپ كۆيۈنگەن، پۇرسەت تاپسىلا ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىشقا تىرىشقان، رايىغا بارغان، ھەرقانداق تەلەپلىرىنى ئورۇنداپ بەرگەن، ھەتتا ئۇنىڭغا تۇنجى قەدەھ شارابنىمۇ سانىز مىرزا ئىچۈرگەنىدى. دوستمۇھەممەدخان دادىسىنىڭ بۇ بەستلىك سەركەردىسىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى.

«...خۇدايىم بوي دېگەننى مەرھۇم ئەمىر سەييىدئەلى ئالىپنىڭ ئوغلى ـ نەۋرىلىرىگە بېرىپتىكەنمۇ دەيمەن. مەرھۇم سەييىدئەلى ئالىپ ئۆزىمۇ بويلۇق ئادەم ئىدى. ئوغلى سانىز مىرزىنىڭ بوي ـ بەستىمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى. مۇنۇ نەۋرىسى ئۇنىڭدىنمۇ ئېگىز ئادەم بولىدىغان ئوخشايدۇ...»

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان باش ـ ئاخىرى يوق خىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ گېپىنى قىردى:

— مەرھۇم جەننەتماكان ئەمىر سانىز مىرزا جانابلىرى تەختگاھىمىزغا تولىمۇ ساداقەتمەن ئىدى. رەھىمسىز ئەجەل ئۇنى بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىۋەتتى. شول بائىستىن يۈرەك ـ باغرىمىز دەردلىكتۇر. ئول جانابى ئەمىرنىڭ ئىككى ئەمىرزادىسى ئەلۋەتتە بىزگىمۇ پەرزەنتتۇر، مەرھۇم ئەمىر جانابلىرىنىڭ سەلتەنەتىمىزگە كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى قەدىرلەش ئۈچۈن ئول ئىككى ئەمىرزادىنى نۆكەر ئەمەس، پەرزەنت قاتارىدا ئەزىزلىگەيمىز.

ھاياجانلانغان ئايجامال ئاغىچا كۆزىگە قايتىدىن ياش ئالدى. ئەمما ئۇنىڭ ناۋات رەڭ گۈزەل چىھرىدە بايىقى قايغۇ ـ ھەسرەتتىن ئىزنا يوق ئىدى، ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالغان بىر خۇشاللىق، بەختىيارلىق ئۇزايىغا ياللىدە تېپىپ چىققانىدى.

— ئادالەتپاناھىمىز مەرھەمەتلىكتۇر. بىز مىسكىنلەرگە قىلغان ھىممەت ـ شاپائەتلىرى بەدىلىگە ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن، دۆلەت ـ سەلتەنەتلىرى زىيادە بولغاي.

ئىككى ئەمىرزادىمۇ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈشتى:

ـــ خان ئالىيلىرىنىڭ شاپائىتىگە تەسەننا.

باشقا ئەمىرلەرمۇ بەس ـ بەستە مەدھىيە ياغدۇرۇشتى.

ئۆزىنى قايتىدىن ئۇلۇغۋار ھېس قىلغان دوستمۇھەممەدخانمۇ ھاياجانلانغانىدى. كۆلكىدىن قىسىلغان كۆزلىرى بىردىنلا ئايجامال ئاغىچىغا چۈشۈپ قالدى.

كىچىككىدىن ئوردىدا چوڭ بولغان ئايجامال ئاغىچىنىڭ مەلىكىلەرگە خاس نازاكىتى بار ئىدى، ياسىنىشى، كىيىنىشى، تاردنىشى، پەردازلىنىشى، ئۆزىنى كۆتۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. شۇ تاپتا بېشىغا ئاق يىپەك رومال ئارتىۋالغان، ئۇچىسىغا قارا رەڭلىك ئىچە كىيىۋالغان بولسىمۇ، ئۇچىسىدىكى بۇ ھازا كىيىملىرى ئورۇقمۇ ئەمەس، سېمىزمۇ ئەمەس بۇ ئايالنىڭ تولغان بەستىگە تولىمۇ ياراشقانىدى. خۇشاللىقتىن باشقىچە نۇرلىنىپ كەتكەن، تال ـ تال قايرىما كىرپىكلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان جەلپكار قوي كۆزلىرى ھەرقانداق ئەركەكنىڭ يۈرىكىنى جىدغىلداتماي قالمايتتى. تۇرقىغا قاراپ ھېچكىممۇ ئۇنى بالاغەتكە يەتكەن ئىككى ئوغلى بار، ئوتتۇز ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان جۇۋان دېمەيتتى.

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئايجامال ئاغىچىنىڭ قورۇقتىن خالىي ناۋات رەڭ مەڭزى، ئىنچىكە چۈشكەندەك بۇرنى ۋە قەشقەرنىڭ سوقا چىلىنىنى ئەسلىتىدىغان لەۋلىرىدىن تارتىپ، قارا ئىچىدسىنى ھازىرلا تېشىپ چىقىپ ئۆزىنى نامايان قىلىدىغاندەك پۇسكىيىپ تۇرغان مەيدىسىدىكى بىر جۈپ ئالمىسىغىچە ئاچكۆزلۈك بىلەن نەزەر تاشلىدى. بىر ئايغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى ئۆزىنى ئاياللاردىن تارتىپ ياشىغان بۇ شەھۋەتپەرەس خاننىڭ كۆڭلىدە شۇ تاپتا ئاللىقانداق ئالا نىيەتلەر غىلىيان كۆتۈرۈشكە باشلىغاندى.

«توۋا، جاھاندا مۇشۇنداقمۇ ئۇز ئاياللار بولىدىكەن ـ ھە،

ھەرىمىمدە شۇنچىۋالا غۇنچىچە ـ توقاللار بولغىنى بىلەن گۈزەل ـ
لىكتە ھېچقايسىسى بۇنىڭ تەڭدىشى بولالمىغۇدەك. بۇ ئۈز جۇۋان ـ
نى ئاللاھ ئىگەم ماڭا نېسىپ قىلىپ، رىزقىمنى ياركەنتكە سۆرەپ
كەلگەنىكەن ـ دە؟! ھېلىمۇ ياخشى، بايا ئىككى ئەمىرزادىسىنى
‹پەرزەنت› دەپ ئاتىغىنىم. كىم بىلىدۇ، مۇشۇ سۆزۈمنىڭ تورى
بىلەن ئۇل ئاغىچىنىڭ يۈرىكىگە ئىشق ئوتى تۇتىشىپ كەتتىمۇ
تېخى... ئۇنى نىكاھىمغا ئالماي ۋىسالىغا يېتىشىم مۇمكىن ئە ـ
مەس. چۈنكى، مەن ياركەنتكە ئاشۇ جۇۋانغا تەسەللى بېرىش ئۈ ـ
چۈن كەلگەن. قازا قىلغان تۆھپىكار ئەمىرىمنىڭ ئاغىچىسىنى
بىر پەرمان بىلەن ھەرىمىمگە ئەكىرىۋالسام ياخشى بولمايدۇ،
بۇنداق قىلسام ئۇستۇمدىكى پىتنە ـ پاساتلار يەنە ئاۋۇيدۇ. ۋالا ـ
يەتلىرىمدىكى تۈزكور ئەمىرلەرگە ئىسيان بايرىقىنى كۆتۈرۈپ
چىقىشقا يەنە باھانە بولۇپ بېرىدۇ. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىمۇ
ھەم شۇنداق، ناۋادا ئول جۇۋاننى ئەل ـ يۇرتقا ئاش بېرىپ، توي
قىلىپ، ئىززەت ـ ئابرۇيى بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا نىكاھىمغا
ئالسامچۇ؟...»

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان بۇ خىيالىدىن باشقىچە ھاياجان ـ
لىنىپ كەتتى.

«... بۇنداق قىلسام ئەلۋەتتە بولىدۇ. چۈنكى، خان ـ سۇل ـ
تانلار ئەمىر ـ سەركەردىلىرىنىڭ تۇل قالغان ئاغىچىلىرىغا ئۆي ـ
لىنىدىغان ئۇدۇم ئەزەلدىن بار. بۇ ئۇلارغا كۆرسەتكەن كاتتا ئىز ـ
زەت ـ ھۆرمەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۇلار ئۈچۈن ئالىي شەرەپ. بى ـ
رىنچىدىن، بۇ ئۈز جۇۋاننىڭ ۋىسالىغا يېتەلەيمەن؛ ئىككىنچى ـ
دىن، سانىز مىرزىغا كۆرسەتكەن ھۆرمىتىم بولىدۇ ـ دە، ئىنىسى
مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىمۇ ھەم باشقا ئەمىرلەرمۇ مەندىن رازى بو ـ
لىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئەمىرلەرنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولۇپلا قال ـ
ماستىن، يەنە تېخى سانىز مىرزىنىڭ ياركەنتتىكى بىھېساب خە ـ
زىنىسىگىمۇ ئىگە بولىمەن. پاھ، بۇ نېمىدېگەن كاتتا تەدبىر ـ

ھە؟! باشقىلار بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقسا، مەن بىر چالمىدا ئۈچ پاختەك سوقىدىغان بولدۇم...»

ھاياجانلانغان سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئايجامال ئاغىچىنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىگە بىر قارىۋېتىپ، باش ئېگىپ قۇللۇق بىلدۈرۈپ تۇرغان ئەمىر ـ بەگلەرگە قارىدى.

— ئىش ـ كۈش بولسا دەڭلار، بولمىسا يېنىڭلار، — دېدى ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ئۇردا ئىشىكئاغىسى خاننىڭ ئارام ئېلىشقا ئالدىراۋاتقانلىقىنى سېزىپ.

— قىبلىگاھىمىز ئامان بولغاي!

ئەمىرلەر خانغا چوڭقۇر سالام بېرىۋېتىپ سارايدىن چىقىپ كەتتى. ئىككى ئوغلى بىلەن قالغان ئايجامال ئاغىچا بولسا يا چىقىپ كېتىشنى، يا تۇرۇۋېرىشنى بىلەلمەي قالغانىدى.

— ئۆزلىرىمۇ يانسىلا ئاغىچا خېنىم، — دېدى دوستمۇھەممەدخان ئايجامال ئاغىچىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ يېقىملىق كۈلۈمسىرىگىنىچە، — خاتىرجەم بولسىلا، ئۇل ئىككى پەرزەنتىمىزگە ئۆزۈم ئاتىدارچىلىق قىلىمەن.

سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ قەستەن «پەرزەنتىمىز» دېگەن گېپى دەرھاللا ئۇنۇمىنى كۆرسەتتى. ھەئە، ئايجامال ئاغىچىنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن دۈپۈلدەپ كەتكەنىدى. سانىز مىرزا قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن ياش توقاللىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئايجامال ئاغىچىغا ئانچە ئېتىبار قىلمايدىغان، ئۇنىڭ ھەرىمىگە ئايدا ئەمەس، ئىككى ـ ئۈچ ئايدا بىر قېتىممۇ كىرمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ، يۈرىكى سۇسىراپ، قاغجىراپ كەتكەن ئېتىزلىقتا ئوخشاپ قالغان بۇ ياش جۇۋان سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ مەپتۇنكارلىق بىلەن تىكىلىشلىرى، مەنىلىك گەپ ـ سۆزلىرىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويايلا دەپ قالغانىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سۇلتان دوستمۇھەممەدخان كۆزلىرى ئارقىلىق ئايجامال ئاغىچىنى ئۇندەككە كەلتۈرۈپ بولغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

※ ※ ※

ھەممە ئىشلار سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ كۆڭلىدىكىدەك يۈرۈشتى.

ئايجامال ئاغىچا ئۇنىڭ توي تەكلىپىگە تارتىنماي رازىلىق بەردى.

خاننىڭ ئايجامال ئاغىچا بىلەن نىكاھلانماقچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ياركەنتتىكى ئەمىر ـ بەگلەر، بۇنى خان ئالىيلىرىنىڭ مەرھۇم سانىز مىرزىغا كۆرسەتكەن كاتتا ئىلتىپاتى دەپ بىلىپ قاتتىق ھاياجانلىنىشتى. ھەتتا سانىز مىرزىغا ھەمدەم بولۇپ، خانغا قارشى ھەرىكەتلەردە بولغان بىر قىسىم ئەمىرلەر قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىشتى. ئۇلارنىڭ خانغا، سەلتەنەتكە بولغان ساداقىتى قايتىدىن كۈچەيدى.

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان بىلەن ئايجامال ئاغىچىنىڭ توي مەرىكىسى تولىمۇ دەبدەبىلىك ئۆتكۈزۈلدى. يۈزلەپ كالىلارنىڭ، مىڭلاپ قويلارنىڭ كاللىسى كېسىلىپ، ئادەم كىرسە چۆككىدەك نەچچە ئونلىغان داشلاردا پولۇ دۇملەندى ۋە پۈتكۈل شەھەر خەلقىگە توي ئېشى تارتىلدى.

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئايجامال ئاغىچا بىلەن توي قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى ئەمىرلەرگە جاكارچى ماڭغۇزدى.

يېڭى ئەر ـ خوتۇنلار بىر ھەپتە ۋىسال لەززىتىنى قانغىچە سۈرۈشتى. ئەزەلدىن بىر ئايال بىلەن ئۇچ ئاخشامدىن ئارتۇق ياتمايدىغان سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئايجامال ئاغىچىدىن ئاللىقاچان زېرىككەن، ھەرىمىدىكى تېخى قۇچىقىغا كىرىشكە نۆۋەت تەگمىگەن ياش توقاللىرىنى، ھەرخىل ئويۇن ـ تاماشىلار بىلەن داۋاملىشىدىغان بەزمە، ئەيش ـ ئىشرەتلىرىنى سېغىنىپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ ئاقسۇغا بېرىشقا ئالدىرىدى.

ــ ھازىرلىق كۆرگەچ تۇرسىلا ئاغىچا، يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن ئاستانىگە قايتىمىز.

ئايجامال ئاغىچىنىڭ خانىنى ياركەنتتە تۇتۇپ قالغۇسى، ئۇنى ئۆزى يالغۇزلا ئىگىلىۋالغۇسى بار ئىدى، لېكىن پەرمانغا قارشى چىقالمايتتى.

ــ يەنە بىرنەچچە ۋاق ئارتۇقراق تۇرساق بولماسمىدى ھەز- رىتىم، ــ دېدى ئايجامال ئاغىچا نازلىق ئەركىلەپ، ــ ئانھەزرد- تىمنىڭ مەيلى ئاستانىدىكى خانىش - ئايىملارغا تارتىۋاتامدۇ - يا؟

ــ مەيلىمىز ئۆزلىرىگىلا باغلانغان ئاغىچا، ــ دېدى دوستد- مۇھەممەدخان يېشى ئۆزىدىن خېلىلا چوڭ بۇ ئايالنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ تىل ياغلىمىلىق بىلەن، ــ لېكىن ئوردىغا قاي- تىپ سەلتەنەت ئىشلىرىنى قولۇمغا ئالمىساممۇ بولماس، تاجۇ تەخت بوش قالسا ياخشى بولمايدۇ. بولمىسا باشقىلارنىڭ كۆزى چۈشىدۇ. بۇ خۇددى خاتۇن كىشىنى ئۇزاق مۇددەت ئەرسىز تاشلاپ قويغىلى بولمىغانغا ئوخشاش ئىش.

ئايجامال ئاغىچا يەنە ئەركىلىدى:

ــ چوڭ خانزادىلىرىگە يارلىقنى قاچان چىقىرىپ بېرىلا ئانھەزرىتىم؟

ئايجامال ئاغىچىنىڭ «چوڭ خانزادىلىرى» دەپ ئاتىشى دوستمۇھەممەدخانغا غەلىتە ئاڭلاندى. ھەئە، ئۇ ئۆزىدىن سەك- كىز - ئون ياش كىچىك بۇ ئۆگەي ئوغۇللىرىنى «خانزادە» دەپ ئاتاشقا كۆنەلمەيۋاتاتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلارغا «خانزادە» دې- گەن بۇ ئاتاقنى ئالدىراپ بېرىشنى ھەرگىز خالىمايتتى. چۈنكى، ئۇلارنى ئوغلۇم دەپ ئېتىراپ قىلىپ خانزادىلىك مەرتىۋىسىنى بېرىپ قويسا، ئۇلار كېيىنچە ئۆز ئوغلى ــ ھەقىقىي خانزادە كې- پەك سۇلتاندىن تاج - تەخت تالىشىشى مۇمكىن ئىدى. سۇلتان دوستمۇھەممەدخان بۇ ھەقتە ئارتۇقچە ئويلىنىشقا ۋاقىت چىد- قىرالمىدى. شۇ تاپتا ئايجامال ئاغىچا ئۇنى چوڭ ئوغلىنى يار-

كىتابنۇر بىكىتى ئۇيغۇر www.uyghurkitap.com

كەنتكە ئەمىر قىلىپ يارلىق چۈشۈرۈشكە ئۈستىلىق بىلەن قىستاۋاتاتتى.

ئەسلىدە سۇلتان دوستمۇھەممەدخان مىرزا ئابابەكرىنى يار-كەنتكە ئەمىر قىلىپ جاكارلاشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. سەلتەنەت يوسۇنى بويىچە ئېيتقاندىمۇ شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىك ئىدى. بۇنىڭ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا باشچىلىقىدىكى ئەمىرلەرنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىشقىمۇ پايدىسى بار ئىدى. بىراق، سانىز مىرزىدىن مىراس قالغان ياركەنت خەزىنىسىدىكى ھېسابسىز مال ـ دۇنيانى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش بىلەن بۇ خىيالدىن دەرھال يېنىۋالدى. چۈنكى، مىرزا ئابابەكرى ياركەنتكە ئەمىر بولسا تەبىئىي ھالدا دادىسىدىن مىراس قالغان مال ـ دۇنيالارغىمۇ ۋارىسلىق قىلاتتى. ئايجامال ئاغىچىمۇ خانغا خوتۇن بولغاندىكىن «ماڭىلا مال ـ دۇنيانىڭ كېرىكى يوق» دەپ ھەممە مال ـ دۇنيالىرىنى ئوغلىغا قالدۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇنداقلا بولىدىغان بولسا دوستمۇھەممەدخان ئۇنىڭغا مال ـ دۇنيالارنى ئېلىۋېلىشنى بۇيرۇيالمايتتى ھەم ئېلىپ كېتەلمەيتتى ـ دە، ياركەنت خەزىنىسىنى چاندۇرماي يۇتۇۋېلىش غەرىزى ئەمەلگە ئاشمايتتى.

«...توغرا، بالىلىرىنىمۇ ئانىسى بىلەن بىللە ئوردىغا ئېلىپ كېتىش كېرەك. شۇنداق قىلسام ئۇلار خەزىنىدىكى مال ـ دۇنيالارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولىدۇ...»

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئايجامال ئاغىچىنى باغرىغا بېسىپ، چىرايلىق لەۋلىرىنى قېنىپ ـ قېنىپ شورىدى.

ـــ چوڭ خانزادىگە يارلىق چۈشۈرسەم بولىدۇ، ـــ دېدى ئۇ كۆڭلىدىكىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، ـــ لېكىن خانزادىنىڭ بويى بولغان بىلەن يېشى تېخى كىچىك. ھاكىمىيەت تۇتۇش، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنى بېجىرىشكە تېخى خاملىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەرھۇم سانىز مىرزا ھايات ۋاقتىدا دىلى ئازار يېگەن بىر قىسىم ئەمىر ـ بەگلەر ياش خانزادىگە ئۆچمەنلىك قىلىشى، ئۇنى يامان يولغا باشلىشى، ھەتتا قەست قىلىشى مۇمكىن.

شۇنداقلا ئۇلارنى خانزادىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتمايدۇ دې-گىلىمۇ بولمايدۇ. شۇڭلاشقا خانزادىنىمۇ ئاستانىگە بىللە ئېلىپ كېتەيلى. ئوردىدا بىرەر دىۋاننىڭ ئەمىرلىكىنى بەرسەم، يېنىمدا تۇرۇپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ئۆگەنسە، كۆزى پىشسا دېگەن ئۇ-مىدىم بار. ئوردىدا تۇرسا يۈز ـ ئابرۇي تاپىدۇ، مەنمۇ ئۇنى ئە-تىۋارلايمەن. كېيىنچە پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە ئابرۇيى بىلەن يارلىق بېرىمەن. ئول چاغدا ياركەنتتىكى ئەمىرلەرمۇ ئۇنىڭغا ئى-تائەت قىلىشتىن باش تارتىشقا پېتىنالمايدۇ، ھەرقانداق پەرمان ـ بۇيرۇقىنى غىڭ قىلماي ئورۇنلايدۇ.

ئايجامال ئاغىچا دوستمۇھەممەدخاننىڭ ئورۇنلۇق باھانىلى-رىگە قايىل بولماي تۇرالمىدى، ئەمما ئۇنىڭ ياركەنتنى شۇنداقلا تاشلاپ كەتكۇسىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ، ئاكا ـ ئىنىلىرىدىن بىرەرىگە ياركەنتنىڭ نائىب ئەمىرلىك مەر-تىۋىسىنى ئېلىپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

— يەنىلا ئانھەزرىتىم ئەتراپلىق ئويلايدىكەن، — دېدى ئۇ قايىللىقىنى بىلدۈرۈپ، — چوڭ خانزادە ئوردىغا بارسا بىر تەرەپ-تىن سەلتەنەت ئىشلىرىغا كۆزىنى پىشۇرۇپ، بىر تەرەپتىن ھەز-رىتىمگە ھەمدەم بولىدۇ. بۇ تەخت ـ سەلتەنەتنىڭ مۇستەھكەملى-كى ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق. ئۇنداقتا چوڭ خانزادە يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا پىشىپ بولغۇچە ئاغام ياركەنتكە نائىب بولۇپ تۇر-سۇنمىكىن؟

ئايجامال ئاغىچىنىڭ ئېغىز غېرىچلىشى سۇلتان دوستمۇ-ھەممەدخاننىڭ بىردىنلا ئوغىسىنى قايناتتى. چۇنكى، بۇ چاغقىچە ھېچبىر ئايال زاتى ئۇنىڭ بىلەن بۇنداق سۆزلىشىپ باقمىغانىدى، لېكىن شۇنداقتىمۇ يەنىلا غەزىپىنى بېسىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى.

— ياركەنتكە ئاغىلىرىنى نائىب قىلىپ قويسام قېيىنئىنى-لىرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا رەنجىپ قالىدۇ. ئۆزلىرىگىمۇ ئا-يان، ياركەنت ئەزەلدىن مەرھۇم قېيىنئاتىلىرى سەييىدئەلى ئالىپ ھەزرەتلىرىنىڭ ئابا ـ ئەجدادلىرىدىن قالغان سۇيۇرغاللىق زې-مىن. شۇڭا بۇ يۇرتقا پەقەت ئاشۇ جەمەتتىنلا ھۆكۈمدار قويۇشقا

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ. يات جەمەتلەرنى ئۇلار ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ. يات جەمەتلەردىن ئەمىر قويۇشقا توغرا كەلگەندىمۇ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا تەۋسىيە قىلىشى كېرەك. بۇ ئەزەلدىن شۇنداق داۋاملىشىپ كەلگەن يوسۇن. ئاغىلىرىنى نائىب قىلساق ئىككى خانزادە بىلەن تاغىسى ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت پەيدا بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، بۇ ئىنشلارغا سىلى ئارىلاشمىسىلا. خانزادىلىرىمىز ھەرگىزمۇ مەرتىۋە، زېمىنسىز قالمايدۇ.

ئايجامال ئاغىچا ئىلاجسىز ئاغزىنى يۇمۇشقا مەجبۇر بولدى، ئەرگە تەگكىنىنى يامان ئېلىپ ئوردىغا بېرىشقا قوشۇلمىغان ئىككى ئوغلىنى مىڭ تەستە كۆندۈردى.

شۇنداق قىلىپ ياركەنت خەزىنىسىدىكى سانسىز مىرزىدىن قالغان مال ــ دۇنيانى نەچچە يۈز قېچىر، تۆگىلەرگە ئارتىپ ئاقسۇغا يولغا سالغان سۇلتان دوستمۇھەممەدخان تۇيۇقسىز ئىتىنىڭ بېشىنى قەشقەرگە بۇرىدى.

ــ ئىككى خانزادە نۆكەرلەر بىلەن مال ــ مۈلۈكلەرنى قوروقداپ ئۇدۇل ئاقسۇغا ماڭغاچ تۇرغاي، بىز قەشقەر ئارقىلىق ئاقسۇغا بارايلى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىدىنمۇ ئاغىسىنىڭ ئۆلۈم مۇسىبىتى ئۈچۈن كۆڭۈل سوراپ قويمىسام بولماس.

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئايجامال ئاغىچىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ئوردا ئىشىكئاغىسىغا قارىدى:

ــ دەرھال قەشقەر ئەمىرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا دەرگاھىغا چاپارمەن ماڭغاي. مىرزا يېڭىسار قەلئەسىدە ئىستىقبالىمغا چىقسۇن.

※ ※ ※

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىلەن يېڭىسار قەلئەسىدە ئۇچراشتى. خاننىڭ تۇل قالغان يەڭگىسىنى ئەمىرگە ئالغانلىقى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى تەسىرلەندۈرگەندە-

دى. شۇڭا مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋېلىپلا يېڭىسارغا ئاتلاندى ۋە خاننىڭ شەرىپىگە كاتتا سورۇن ھازىرلىدى.

دوستمۇھەممەدخاننىڭ ئۆزىنى سالاپەتلىك، تەمكىن تۇتۇشى، سالامغا كەلگەن چوڭ ـ كىچىك ئەمىر ـ بەگلەرگە خۇشخۇي، كىچىك پېئىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشلىرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى بىردىنلا گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇنىڭغا دوستمۇھەممەد ـ خان بىردىنلا ئۆزگىرىپ قالغاندەك، ئىلگىرىكى تەكەببۇر، تەلۋە، بەتخۇي، يامان قىلىقلىرىنى تاشلاپ باشقىچە ئادەم بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلدى.

«توۋا، كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈنۈپ كېتىپ بارامدۇ ياكى راستتىنلا ئۆزگەرگەنمىدۇ؟ بۇ ئايجامال ئاغىچىنىڭ تۆھپىسىمىدۇر ياكى باشقا بىر سەۋەب بارمىدۇر؟ ئىشقىلىپ ئاللاھ ئىگەم ھەر بەندىسىنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب ـ دىيانەتنى ئۆزى سالىدۇ...»

ساددا، ئاق كۆڭۈل مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئاسان ھاياجانلىناتتى، بىر كىمگە ئاسان ئىشىنەتتى، ھىيلىگەرلىكتىن، قۇۋلۇق ـ شۇملۇقتىن خالىي، ساداقەتمەن، مەرد، تەبىئىتى گولراق ئىدى. مېھىر ـ شەپقەت، ۋاپا، ياخشىلىقنى كۆپرەك تەكىتلەيتتى. كۆرۈشكىلى ئىككى كۈن بولا ـ بولمايلا ئۇ سۇلتان دوستمۇھەممەد ـ خانغا قايتىدىن ئۈمىد باغلىدى. ئۇنىڭدىن ئالدىراپ رەنجىگىنىگە، ئاداۋەت تۇتقىنىغا، باشقا ئەمىرلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئۇلارنى خانغا قارشى چىقىشقا دەۋەت قىلغىنىغا پۇشايمان قىلدى. خان تاغىسى يۇنۇسخان بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇشقا ھەرىكەت قىلغىنىدىن خىجىل بولدى، يۈزى قىزاردى.

ــ ياركەنتنى ئەمىر كەبىر جانابلىرى قەشقەرگە قوشۇپ ئىدارە قىلغايلا، ــ دېدى دوستمۇھەممەدخان.

ــ ياركەنت مەرھۇم جەننەتماكان ئاغامنىڭ مىراس زېمىنى. ئول ۋىلايەتنىڭ ھەم مىراسخورى بار، ــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئېھتىرام بىلەن قول باغلاپ، ــ ئاغام قازا قىلغاندىن كېيىن چوڭ ئەمىرزادە مىرزا ئابابەكرىنى ياركەنتنىڭ ئەمىرلىكىگە

www.uyghurkitap.com

تەيىنلەپ بېرىشلىرىنى تەۋسىيە قىلىپ مەلۇمات يوللىغانىدىم. ھېلىمۇ ھەم قىبلىگاھىمنى ئاشۇنداق يارلىق چىقىرىپ بەرسىكەن دېگەن ئۈمىدتىمەن. مىرزا ئابابەكرى ياركەنتكە ئەمىر بولسا، مەرھۇم ئاغامنىڭ روھىمۇ خۇش بولۇپ قالاتتى.

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا ياركەنتنى بەرسەم خۇش بولىدۇ، مىننەتدار بولۇپ، ساداقىتى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. بىراق، كۈتمىگەندە مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بۇنى سىلىقلا رەت قىلىۋەتتى.

ــ بۇ دېگەنلىرىمىغۇ راست، ــ دېدى دوستمۇھەممەدخان بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ــ بۇنى بىزمۇ ئويلىغان. ئەمما مىرزا ئابابەكرى تېخى كىچىك، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا تېخى خام. مەن ئۇنى ئوردىغا ئاپىرىپ بىر مەزگىل تەربىيەمگە ئالايمىكىن دەيمەن. ئوردىدا تۇرسا سەلتەنەت يوسۇنلىرىنى تېز ئۆگىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىڭلىم مەلىكە ھۆسنىنىگار خېنىممۇ بويىغا يېتىپ قالدى. ئىككىسىنىڭ بېشىنى چېتىپ، باش ئاغرىقىدىن بىراقلا قۇتۇلۇش ئويۇممۇ يوق ئەمەس. ئەمىرزادىنىڭ بېشىنى ئاتا ئورنىدا سىلاش سىلى ـ بىزنىڭ بۇرچىمىز ئەمەسمۇ؟

كېيىنكى سۆزلەر سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ كاللىسىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان خىيال ئىدى. شۇ دەقىقىدە بۇ خىيالدىن ئۆزىمۇ سۆيۈنۈپ قېلىۋاتاتتى.

«راست، شۇنداق قىلسام بولغۇدەك. سىڭلىم ھۆسنىنىگار مەلىكىنى ھامان ئەرگە بېرىدىغان گەپ. تەسەررۇپىمىزدا بىزگە نەسەبى توغرا كېلىدىغان جەمەت پەقەت مۇشۇلا. ئۆز ۋاقتىدا بابائى بۇزرۇك سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىمۇ سىڭلىسى ئۆز سۇلتان مەلىكىنى سەييىدئەلى ئالپقا نىكاھلاپ بەرگەنىكەن. مەرھۇم خان ئاتاممۇ چوڭ سىڭلىم دۆلەتنىگار مەلىكىنى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا نىكاھلاپ بەرگەنىدى. مەن كىچىك سىڭلىمنى مىرزا ئابابەكرىگە نىكاھلاپ بەرسەم ئەلۋەتتە بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ساداقىتى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، يامان نىيەت-

لىرىدىن يانىدۇ. مۇشۇ باھانىدا مەنمۇ سەلتەنەتىمگە يوشۇرۇن تەھلىكە سېلىۋاتقان ئەمىرلەرنىڭ تەپرىقچىلىكىدىن ساقلىنىپ قالىمەن. ياركەنت سەپىرىم ھەققەتەن قۇتلۇق سەپەر بولدىمۇ نې-مە...»

— قىبلىگاھىمىزنىڭ مېھىر - شەپقىتى ھەققەتەن چەك-سىزدۇر، — دېدى ھاياجانلانغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، — ئول يېتىم قالغان جىيەنىمنىڭ بېشىنى سىلايدىغان بولسىلا مەرھۇم ئاغام سانىز مىرزىنىڭ ئورنىدا ئالىي-لىرىدىن ئۇ ئالەم - بۇ ئالەم مىننەتدار بولغان بولاتتىم.

— بۇ نېمىدېگەنلىرى ئەمىر كەبىر جانابلىرى؟ — دېدى دوستمۇھەممەدخان رەنجىگەن قىياپەتتە، — بىزدەك ئات - ئانىسى تۇرغان يەردە مىرزا ئابابەكرى قانداقسىگە يېتىم بولسۇن. ئۇنتۇپ قالمىسىلا، مەن ھازىر ئول ئەمىرزادىلەرگە ئاتا ئورنىدىمەن.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا دەرھال ئۆزرىخاھلىق بىلدۈردى:

— گۇناھىمدىن ئۆتسىلە ئالىيلىرى، ئالدىلىرىدا راستىنلا خاتا سۆزلەپ قويۇپتىمەن.

— گۇناھلىرى ساقىت بولدى، — دېدى سۇلتان دوستمۇ-ھەممەدخان كۈلۈمسىرەپ، — ئەمدى مېنى ئۇزىتىپ قويسىلا.

— قىبلىگاھىمىزنى يېڭىساردىن قانداقمۇ ئۇزىتىپ قويغىلى بولسۇن، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا، — قەشقەردىن ئۇ-زىتىپ قويمىسام بولمايدۇ.

— ھاجەتسىز، — دېدى سۇلتان دوستمۇھەممەدخان، — سىلى دەرھال ياركەنتكە بېرىپ ئول ۋىلايەتتىكى ئىشلارنى تەر-تىپكە سېلىۋالسىلا. ئۆزلىرى بىلىپ ئىشەنچلىك، ساداقەتمەن ئە-مىردىن بىرىنى نائىبلىققا تەيىنلىگەيلا. مەن قەشقەردە بىر - ئىككى كۈن ھاردۇق چىقىرىپ ئاندىن ئاستانىگە يانايى. ئالالاھ خا-لىسا مىرزا ئابابەكرى بىلەن مەلىكىنىڭ تويى بولغاندا ئاقسۇدا كۆرۈشەرمىز .

— ئالىيلىرىنىڭ ياركەنتتىكى توي مەرىكىسىگە قاتنىشال-

www.uyghurkitap.com

ـمىغىنىمنى ئاز دەپ مۇشۇنداقلا ئۆزىتىپ قويسام قانداق بولىدۇ؟ ھېچبولمىغاندا لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ، ئازراق سوۋغا ـ سالام پېشكەش قىلمىسام كۆڭلۈم زىنھار ئۇنىمايدۇ.

ــ بۇنداق دەپ تۇرۇۋالسىلا مەيلى، ــ دېدى سۇلتان دوستمۇھەممەدخان، ــ ئەمما سىلى كەينىلىرىگە يېنىپ يۇرمىسىلە، ياركەنتمۇ كىچىك ۋىلايەت ئەمەس، بىرەرى باش بولۇپ تۇرمىسا قالايمىقانچىلىق چىقىدۇ. مەن قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن خەزىنىلىرىدىن ئۆزۈم سوۋغا تاللىۋالاي.

دوستمۇھەممەدخاننىڭ بۇ دەرىجىدە ئۆزىنى يېقىن تۇتۇشى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى باشقىچە سۆيۈندۈرۈۋەتتى.

ــ خەزىنە ئالىيلىرى ئۇچۇن ھەرقاچان ئوچۇق. ياقتۇرغانلىرىنى ئېلىۋەرگەيلا.

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان دەل مۇشۇ جاۋابنى كۈتكەنىدى.

ــ ئۇنداق بولسا خوشلىشايلى، ــ دېدى دوستمۇھەممەدخان ئورنىدىن تۇرۇپ.

ــ ئالىيلىرى ئامان بولغايلا.

ۋۇجۇدىنى باشقىچە بىر خۇشاللىق چىرمىۋالغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا خان بىلەن خوشلىشىپ ئۇدۇل ياركەنتكە قاراپ ماڭدى.

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن خەزىنىنى ئاچقۇزدى ـ دە، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ دادىسى سەييىدئەلى ئالپتىن مىراس قالغان، ساندۇق ـ ساندۇقلاردىكى ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە قىممەتلىك جاۋاھىراتلارنى پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈپ كەتتى.

سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ بۇ دەرىجىدە ئاچ كۆزلۈك، ئىنسابسىزلىق قىلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خەزىنىنىڭ قۇرۇقدىلىپ قالغىنىنى كۆرۈپ، ئاچچىقىغا پايلىماي بوشلا ۋارقىرىۋەتتى:

ــ بۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغانلىققۇ؟

ھەئە، خانغا «ياقتۇرغان نەرسىلىرىنى ئېلىۋېرىسىلە» دېگەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۆز ئاغزىدىن بالاغا قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولدى

## 65

ياركەنتتىكى خەزىنىنى پەم ئىشلىتىپ، قەشقەردىكى خەزىنىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا بۇلاپ ئاقسۇغا قايتىپ كەلگەن سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ۋەدىسىدە تۇرۇپ سىڭلىسى ھۆسنىنىگار مەلىكە بىلەن ئۆگەي ئوغلى مىرزا ئابابەكرىنىڭ توي مەرىكىسىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە تۇتۇندى ۋە توينى باھانە قىلىپ تەسەررۇپىدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئايماقلارنىڭ ئەمىر ـ بەگلىرىنى پايتەخت ئاقسۇغا تەكلىپ قىلدى.

ئاقسۇدا توي ناغرىسى ئاللىقاچان چېلىنىپ بولغان بىلەن توي تېخى رەسمىي باشلانمىغانىدى. سۇلتان دوستمۇھەممەدخان يىراق ـ يېقىندىكى بارلىق ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ ئوردىسىغا تولۇق جەم بولۇشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى.

ئوردا پەرمانچىسىنىڭ قولىدىن شاھانە توي تەكلىپنى تاپشۇرۇۋالغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ قورساق كۆپۈكى بىردىنلا بېسىلىپ قالدى. ئۇ خەزىنىنى تولۇق سۈپۈرۈپ كەتكەن خاندىن رەنجىپ قالغان، سىڭلىسى بىلەن مىرزا ئابابەكرىنىڭ تويىنى قىلىپ قويۇش ھەققىدىكى يېڭىسارادا بەرگەن ۋەدىسىگە ئىشەنچ قىلالمىغان، گۇمانلانغانىدى. شۇ تاپتا قولىدىكى ئاپئاق شايىغا ئورالغان، چۆرىسى نەقىشلەنگەن پاتلىق خوتەن قەغىزىگە يېزىلىپ، ئۈستىگە سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ سەلتەنەت مۆھۈرى بېسىلغان شاھانە تەكلىپ ئۇنىڭ رەنجىشلىرىنى خۇددى

www.uyghurkitap.com

تورغاقتەك تورۇتۇۋەتكەندى.

«خان ئالىيلىرى ھەرھالدا ۋەدىسىدە تۇرۇپتۇ، ۋەدىسىدىن يېنىۋالسىمۇ ھېچنېمە قىلغىلى بولمايتتى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ خان سىڭلىسىغا ئۆيلىنىشى جەمەتىمىز ئۇچۇن كاتتا شەرەپ، مەرھۇم ئاغامنىڭ روھىمۇ خۇش بولىدىغان بولدى. جاھاننىڭ ئىشلىرى ئاجايىپكەن. تاغا ــ جىيەن ئىككىمىزنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە باجا بولۇپ قېلىشىمىزنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرمىگەن بولغىيتتى. بۇمۇ ياخشى بولدى، گەرچە ئاغامدىن ئايرىلىپ قالغان بولسامۇ ئوغلى قاتارغا قېتىلدى. خان ئالىيلىردىمۇ خېلى تۈزىلىپ قالغاندەك قىلىدۇ. يەنە بىر مەزگىل كۆزىتىپ باقاي. بۇ ئىش ئۇچۇن يۇنۇسخان ئالىيلىرىمۇ رەنجىپ كەتمەس، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق باھانە ــ سەۋەب كۆرسىتىپ چۈشەندۈرۈپ قويارمەن. خان ئالىيلىرى يەڭگەم ئايجامال ئاغىچىغا ئۆيلەنمىگەن، ئىككى جىيەنىمنى ئوردىغا ئاپىرىۋالمىغان، مىرزا ئابابەكرىگە سىڭلىسىنى نىكاھلاپ بېرىشكە تەرەددۇتلەنمىگەن بولسا، بەلكىم ئىشلار باشقىچە بولغان، بەلكىم تاجۇ تەختتە يۇنۇسخان ئالىيلىرىمۇ ئولتۇرۇشقا تەييارلىنىپ بولغان بولاتتى. بۇ ئىشلارغا نېمە دېگۈلۈك ئەمدى؟ ھەرقانداق ئىشنىڭ ۋاقتى ــ سائىتى كەلمىسە، ياراتقان قۇدرەت ئىگىسى بۇيرۇمىسا، قىلىمەن دەپمۇ قىلغىلى بولمايدىكەن. رەت قىلغۇسىز بىر باھانە ــ سەۋەبلەر ئادەمنىڭ يولىنى توسۇپ قويىدىكەن، مانا ئاقسۇغا، ئوردىغا ھەرگىز بارمايمەن دېگەنىدىم. بارمايمەن دېگەن تۈگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ دەپ، يەنە بېرىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمەن. شۇنداق، بارماسلىققا سەۋەبىم يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دېگەن مەرھۇم ئاغامنىڭ ئوغلىنىڭ تويى تۇرسا، بېرىپ ئاغامنىڭ ئورنىدا ئاتا بولۇپ تۇرۇشۇم كېرەك ــ دە. ھېلىغۇ بۇ جىيەنىمنىڭ تويىكەن، خاننىڭ سىڭلىسى بىلەن باشقا بىرىنىڭ تويى بولغان تەقدىردىمۇ بارماسلىققا ھەددىم ھەلەپ، ئېيشكىم سامان يېمەيتتى. چۈنكى، تويغا تەكلىپ قىلىۋاتقىنى سەلتەنەتنىڭ بۈيۈك خاقانى. مەن بولسام ئەلۋەتتە ئۇنىڭ

مۇلازىمى، نۆكىرى. خان ئالىيلىرىمۇ نىمىنى خىيال قىلدىكىن تاڭ، باغاقنى يارلىقنىڭ شەكلىدە مۆھۈرىنى بىسىپ، مەخسۇس يارلىق ئەۋەتىدىغان كۆنقاپقا سىلىپ پەرمانچىسى ئارقىلىق ئەۋەتىپتۇ. بۇنداق تەكلىپنى تاپشۇرۇۋالغان ھەرقانداق ئادەم دەرگاھى ئالىيغا بارماي قۇتۇلالايتتىمۇ؟ بارمىسا خان يارلىقىغا سەركەشلىك قىلغان دېگەن بالاغا قالىدۇ. بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق تەس، دەرھال باراي. باشقا ۋىلايەتنىڭ ئەمىرلىرىدىن بۇرۇنراق باراي، تويغا نىمە سوۋغا ئېلىپ بارسام بولاركىن؟ ئاددىي، ئاز سوۋغا ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. خەزىنەمدە سوۋغاتقا يارىغۇدەك بىر نەرسىمۇ يوق. ئۆتكەندە ئۆزى ئېلىپ كەتكەن خەزىنىنى ھېساب قىلىپ بارغىلى تېخى بولمايدۇ. قول ئاستىمدىكى ئەمىر ـ بەگلەرگە قول سۇناقتىن باشقا ئامال يوق ئوخشايدۇ... ھەراست، ياركەنت، قەشقەردىكى ئەمىر ـ بەگ، زەردار ـ تۆرىلەردىن بىرقاندچىسىنى تويغا بىللە ئېلىپ باراي. خانغا بېرىدىغان سوۋغاتنى شۇلار تەييارلىسۇن، مۇشۇنداق قىلسام بولغىدەك...»

※ ※ ※

كۆزنىڭ ئاخىرلىششىغا يېقىن يىراق ـ يېقىن ۋىلايەتلەردىكى ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى ئاقسۇغا جەم بولدى. سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ ئۇستىلىق بىلەن ئەۋەتكەن شاھانە تەكلىپى ئۇلارنى ئوردىغا كېلىشكە مەجبۇر قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئاقسۇغا بۇرۇنلا كېلىۋالغان بولغاچقا، ئۇلار تېخىمۇ بەك ئالدىراپ قالغانىدى. چۈنكى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا خان ئالىيلىرى بىلەن قايتا ئەپلىشىۋالغان بولسا، ئۇلار ھەرقانچە بىرلەشكەن تەقدىردىمۇ ھېچقانچە ئىش تەۋرىتەلمەيتتى. مەرھۇم ئۇلۇسبېگى خۇدايداد جەمەتىنىڭ پۈتكۈل موغۇلىستاندا ئاجايىپ كاتتا يۈز ـ ئابرۇيى بار ئىدى. ئۇلارسىز باشقا ئەمىرلەر ھېچقانداق ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايتتى. خاننىڭ غەزى-

uyghurkitap.com

يىگە ئۇچراشتىن ئەنسىرىگەن ئەمىرلەر تويغا كېلىشكە ئالدىرى-دى، ئالدىراپ يورۇپ نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملارنى تەييارلىدى. ھەتتا ئىككى يىلدىن بېرى ھەرخىل باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسى-تىپ، ئوردا خەزىنىسىگە تاپشۇرۇشنى كېچىكتۇرۇپ كېلىۋاتقان باج ـ خىراجەتلەرنىمۇ ئېلىپ كەلدى.

شۇنداق قىلىپ سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئىككى قېتىم-لىق توي ئارقىلىق ئوردا خەزىنىسىنى تولدۇرۇشلا ئەمەس، سەلتە-نەتتىن كۆڭلى سوۋۇپ، ئۆزىگە قارشى تۇرۇش ئۇچۇن قىلىچىنى بىلەپ تۇرغان ئەمىرلەرنى تەختى ئاستىغا قايتىدىن جەم قىلىش مەقسىتىگىمۇ يەتتى.

ئىككى ئايدىن بېرى ناغرىسى چېلىنغان توي ئاخىرى كاتتا ھەشەم بىلەن رەسمىي باشلاندى. مىڭلىغان قويلارنىڭ، يۈزلىگەن كالا ـ تايلارنىڭ بېشى كېسىلدى. تاغار ـ تاغارلاپ گۈرۈچلەردە توي پولۇسى دەملەندى. نەچچە يۈزلىگەن كوزىلاردىكى قىمىز، شارابلار ئىچىلدى. بۇ توي ئۈچۈن سۇلتان دوستمۇھەممەدخان تو-لىمۇ سېخىيلىق قىلدى. مۇبارەكلەپ سوۋغا تەقدىم قىلغان ئە-مىرلەرنىڭ سوۋغاتلىرىنى رەھمەت ـ ھەشقاللا ئېيتىپ قوبۇل قىلدى. ئەمىرلەرنى مەرتىۋىسىگە قاراپ ئولتۇرغۇزغان بىلەن مۇ-ئامىلىنى ئوخشاش قىلدى، ھېچكىمنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمىدى. شاراب ئىچكۈسى بارلار ئىچتى، ئۇسسۇل ئوينىغۇسى بارلار ئوي-نىدى، ناخشا ئېيتقۇسى بارلار ئېيتتى، بەزمە سورۇنىدىن بالدۇر قايتقۇسى بارلار قايتىپ ئارام ئالدى. ئۇ ھەركىمنى ئۆز ئىختىيا-رىغا قويۇۋەتكەنىدى. ھېچكىمنى ھېچبىر ئىشقا بىرەر قېتىممۇ زورلاپ باقمىدى. ئەينى يىلى شەيخۇلئىسلام مەۋلانە تاجىددىنىنىڭ شاراب ئىچمىگەنلىكى ئۈچۈن خانىنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ كاللى-سىدىن ئايرىلغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەمىرلەر شۇ تاپتا خانىنىڭ تولىمۇ چوڭ سۈپەت، تەمكىن، كىچىك پېئىل، مېھ-رىبان بولۇپ قالغىنىنى ھېس قىلىشىپ يەتكەن، ئۇلارنىڭ سەلتە-نەتكە بولغان ساداقىتى قايتىدىن كۈچىيىشكە باشلىغانىدى. گاھى-

لىرى باشتا سانىز مىرزىنىڭ، كېيىن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ گېپىگە كىرىپ خانغا قارشى چىقماقچى بولغانلىقلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۆكۈنۈپمۇ ئۈلگۈردى. ئىشقىلىپ سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ھېچكىمگە خانلىق كىبىرىنى كۆرسەتمەي، تەلۋىلىك، ساراڭلىق، بىشەملىك قىلماي، ياغلىما سۆزلىرى، قىزغىن مۇئامىلىسى ئارقىلىق ھەممە ئەمىرلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالغانىدى.

ئۇ توينى قىرىق كۈن جاكارلىغانىدى. ئەمما، كۈز ئاخىرلىشاي دەپ قالغان بولغاچقا يىراقتىن كەلگەن ئەمىرلەر قايتىشقا ئالدىراشتى ۋە ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ ئىجازەت سورىدى.

ــ توي باشلانغىلى ئەمدى يەتتە كۈن بولغان تۇرسا نېمىگە ئالدىرىشىلا؟ ئاستانىگە بۇنداق جەم بولماقمۇ ئاسان ئەمەس، ۋىلايەتىڭلارنىڭ ئىشلىرىدىن ۋايىم يېمىسەڭلەرمۇ بولىدۇ، توي ئاخىرلاشقىچە تۇرۇڭلار، ــ دېدى دوستمۇھەممەدخان ئىجازەت بەرمەي.

ئەمىرلەر ئۇنىڭغا يەنە يېلىندى:

ــ بىزنىڭمۇ قۇدرەتلىك پاناھگاھىمىزنىڭ خۇشاللىق بېغىشلىغۇچى ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىك دەرگاھىدىن پەقەتلا ئايرىلغۇمىز يوق، ــ دېدى قومۇل ئەمىرى قول باغلىغىنىچە سۆز ئېلىپ، ــ شۇغىنىسى كۈز ئاخىرلىشاي دەپ قالدى، توي ئاخىرلىشىشقا يەنە بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت بار، ئۇنىڭغىچە قىش پەسلى باشلىنىپ كېتىدۇ. ئالىمادىس بالدۇر قار يېغىپ قالسا يول توسۇلۇپ قالىدۇ. جانابى قىبلىگاھىمىزغىمۇ مەلۇملۇق، قايتار يوللىرىمىزدا تاغ ـ داۋانلار ھەلەم[①] بار. شۇڭلاشقا ئالىيلىرى ئىجازەت بەرسە، بۇرۇنراق يولغا چىقساق دېگەن ئۈمىدتىمىز.

ــ جانابى قىبلىگاھىمىزدىن ئىجازەت سورايمىز، ــ دېيىشتى باشقا ئەمىرلەرمۇ ئىلتىجا قىلىپ.

ــ بۇنداق دەپ تۇرۇۋالساڭلار ئىجازەت بەرمەسلىككە ئامالىم يوق، ــ دېدى مەغرۇر ئولتۇرغان سۇلتان دوستمۇھەممەدخان يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ، ــ مۇنداق قىلايلى، يەنە ئىككى كۈن تە-

① ھەلەم ــ ھېلىھەم.

كىتاب تور بېكىتى ئۇيغۇر www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

خىر قىلىسۇنلار، توي كۈنىنىڭ سانىمۇ توققۇزغا تولغاي، شۇل چاغدا ھەممىلىرىگە تەڭلا ئىجازەت بەرگەيمەن.
— قىبلىگاھىمىز ھىممەتلىكتۇر.

※ ※ ※

ئىككى كۈندىن كېيىن سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئوردىدا ئەمىرلەر ئۈچۈن خوشلىشىش زىياپىتى ئۇيۇشتۇردى. بۇنى زىياپەت دېگەندىن كۆرە، تەختتە ئولتۇرغاندىن بېرى بارلىق ئەمىرلەرنى دەرقەمدە قىلىپ ئاچقان تۇنجى كېڭەش مەجلىسى دېگەن تۈزۈك ئىدى.

ھەشەمەتلىك شاھنىشىنغا كىچىك ـ كىچىك شىرەلەر قويۇلۇپ، تورلۇك نازۇ نېمەتلەر تارتىلدى. ئەمىرلەر شىرەلەرنىڭ يېنىدىن ئەمەل ـ مەرتىۋىسى بويىچە جاي ئېلىشتى.

بۈگۈن ئۆزىتىش زىياپىتى بېرىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، قائىدە بويىچە ئەمىرلەر داستىخاندىن يېنىپلا يولغا چىقىشى، ئاستانىدىن ئايرىلىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇلار گۆش، تائاملاردىن چىقراق يەپ، شارابتىن ئۆزلىرىنى تارتىشتى. ھەر قېتىم شاراب ئىچكەندە خانغا خۇشامەت قىلىشنى ئېسىدىن چىقىرىشمىدى. سۇلتان دوستمۇھەممەدخانمۇ شارابقا ئۆزىنى ئانچە ئۇرۇپ كەتمىدى، پېشقەدەم ئەمىرلەرنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ شارابقا زورلىمىدى.

— جانابى ئەمىرلەر، — دېدى ئۇ ئەمىرلەرگە تەكشى بىر قارىۋېتىپ، — ھەر بىرىڭلارنىڭ ساداقەتمەنلىكى بىلەن ئابا ـ ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان بۇ بۈيۈك سەلتەنەت ھازىرغىچە گۈللىنىپ ئاۋات بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. سىلەردىن كۆپ مىننەتدارمەن. بۇ ئەلۋەتتە ھەر قايسىڭلارنىڭ جان پىدالىق بىلەن كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىدىن بولدى. بابائى بۇزرۇك سۇلتانلار داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن تۈزۈكلەر بويىچە كۆرسەتكەن تۆھپە ـ خىزمەتلەر ئىنئامسىز

قالمىغاي.

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان سۆزدىن توختاپ ئوردىنىڭ باش پەرمانچىسىغا قارىدى. خاننىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەن پەرمانچى بەگ دەس ئورنىدىن تۇردى.

ــ پەرمانى ئالىي!

ئەمىرلەر ئۇيپۇر ـ توپۇر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قول باغلاشقىنىچە خان پەرمانىنى ئاڭلاشقا تەييارلاندى.

ــ دۆلەت ۋە ھاكىمىيەتنىڭ ھەممە ئەربابلىرىغا روشەن بولغايكى، ــ دېدى سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، ــ بىزلەركىم بۈيۈك موغۇلىستان تەسەررۇپىنىڭ خانۇ خاقانى بولمىش سۇلتان دوستمۇھەممەدخان تاج كىيىپ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغىنىمغا ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە بەش يىل بولۇپ قاپتۇ. بۇ بەش يىلدا تەسەررۇپىمىزدىكى بارلىق ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ئەمىرلەرنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ساداقەتمەنلىك بىلەن ئادا قىلىشى بىلەن سەلتەنەتىمىز جەڭگى ـ جېدەل، يىغلىق ـ توپىلاڭ، ئوغرى ـ قاراقچىلاردىن خالىي بولۇپ، ئەل ـ يۇرت ئاسايىشلىققا يۈزلەندى. بۈيۈك ئىستىقلالىيىتىم شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئەغيار ـ غەنىملىرىم ھەرقاچان خار ۋە زەبۇن بولدى. بۇ ئەلۋەتتە جانابى ئەمىرلەرنىڭ كاتتا تۆھپىسىدۇر. شۇڭا، تۆۋەندىكىدەك پەرمان جاكارلىماقچىمەن:

تەسەررۇپىمىزدىكى ھەرقايسى ۋىلايەتنىڭ ئەمىرلىرىگە ئۆز تەسەررۇپىدىن بىردىن تۇمەن[1]نى ئەجدادى سۇيۇرغال[2] قىلىپ بەردىم ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە باھادىرلىق ئۇنۋانى ۋە بۇ پەخرىي نامنى ئىسپاتلايدىغان ئالتۇن ئوتاغا، تۇمەن تۇغى[3]، ناغرا ئىنئام قىلدىم. ئول ۋىلايەت ئەمىرلىرىنىڭ ئورۇنباسارلىرىغا ئارسلان ئۇنۋانى ۋە بۇ پەخرىي نامنى ئىسپاتلايدىغان كۈمۈش ئوتا ـ

---

① تۇمەن ــ ناھىيىگە تەڭ.

② ئەجدادى سۇيۇرغال ــ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا قالىدىغان زېمىن.

③ تۇمەن تۇغى ــ ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇننىڭ بايرىقى.

www.uyghurkitap.com

غا، مىڭ تۇغى[1] ۋە بىر كەمەر ئىنئام قىلدىم. ئۇل ۋىلايەتلەرنىڭ ئەمىر ـ لەشكەرلىرىگە ئەزىمەت ئۇنىۋانى ۋە بۇ پەخرىي نامنى ئىسپاتلايدىغان كۈمۈش ئوتاغا، بىر ياقىلىق شاھانە تون ئىنئام قىلدىم. ئايماق تۈمەن بەگلىرىگە كۈمۈش دەستىسىگە تۈرنا بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن قىلىچ، ئىگەر ـ جابدۇقلۇق ئات، تۇغ، ناغرا[2] ئىنئام قىلدىم...

بۇ كاتتا ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن ئەمىرلەر ھاياجانلانغان ھالدا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈشتى:

— خان ئالىيلىرى مەرھەمەتلىكتۇر!

— ئانھەزرىتىمنى ئاللاھ ئىگەم ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي!

— سەلتەنەت ئۇچۇن جېنىمىز پىدا!

— ...

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئەمىرلەرنىڭ مەرتىۋە ـ ئىمتىيازلىرىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنۋان ـ ئوتاغا بېرىپ، ھەممىسىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلىۋالغانىدى. ئۇلار بىر ـ بىرلەپ خاننىڭ ئالدىغا كېلىپ خوشلاشتى، ياخشى تىلەك، ساداقەتلىرىنى قايتا ـ قايتا ئىزھار قىلىشتى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىمۇ باشقىچە ھاياجانلىنىپ قالغانىدى، كۆزىگە سۇلتان دوستمۇھەممەدخان باشقىچە ئىللىق، باشقىچە مېھرىبان، باشقىچە ئۇلۇغۋار كۆرۈنۈپ كېتىپ باراتتى.

«ئى قۇدرەتلىك پەرۋەردىگار، ئىنايىتىڭ چەكسىزدۇر. خان ئالىيلىرىغا تېخىمۇ كۆپ ئىنساب، ئادالەت، پەزىلەت ئاتا قىلغايسەن. كۆڭلىنى سەلتەنەت ئىشلىرىغا مايىل قىلىپ، ۋۇجۇدىدىكى شارابخورلۇق، شەھۋەت ھەۋەسلىرىنى دەپئى قىلغايسەن. بۈيۈك تەسەررۇپ، سەلتەنەت ئۇنىڭ قولىدا تېخىمۇ روناق تېپىپ، ئەل ـ

① مىڭ تۇغى — مىڭ كىشىلىك قوشۇننىڭ بايرىقى.

② تۇغ، ناغرا — تۇغ بىلەن ناغرا ئەمەلىيەتتە ئەمىرلەرنىڭ دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان بەلگە بولۇپ، بۇ ئادەتتە تۆھپىكار ئەمىرلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپات بۇيۇمىدۇر.

يۇرت ئاۋاتلىققا، ئاۋام ـ رەئىيەت ئاسايىشلىققا يۈزلەنگەي...»

سۇلتان دوستمۇھەممەدخانغا بولغان قارشى ئۆزگىرىپ ئوردا، ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىن خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا خان بىلەن خوشلىشىپ قەشقەرگە قايتىشقا ئالدىرىدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ توي ئاخىرلاشقىچە تۇرغۇسى، خانغا ھەمراھ بولغۇسى بار ئىدى. بىراق، سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ كۆرسەتكەن زىيادە ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىدىن خىجىل بولۇپ، خۇدۇكسىرەپ قالغانىدى. ئۇ سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننى تەختتىن چۈشۈرۈۋېتىپ، ئورنىغا يۇنۇسخاننى ئولتۇرغۇزماقچى بولغىنىنى ھەر قېتىم ئېسىگە ئالسا خۇددى تىكەندە ئولتۇرۇپ قالغاندەك بىئارام بولاتتى، باشقا ئەمىرلەر بۇ ئىشنى ھازىرلا ئاشكارىلىۋېتىدىغاندەك خۇدۇكسىرەيتتى.

بۇ سۈيىقەستتىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپقان ھېيلىگەر دوستمۇھەممەدخان پەقەتلا چاندۇرمىدى، ھېچكىمنىڭ يۈزىگە سالمىدى، جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن خەۋىرى يوقتەك قىياپەتكە كىرىۋالدى. ئۇ مىڭبىر مۇشەققەتتە تەخت ئاستىغا جەم قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان ئەمىرلىرىنى يەنە ۋەھىمىگە سېلىپ قويۇشنى ھەرگىز خالىمايتتى. چۈنكى، ئاشۇ ۋىلايەت ـ ئايماقلارنىڭ ئەمىر ـ بەگلىرىنىڭ ئىلكىدە ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدىغان نۆكەر ـ لەشكەرلىرىنىڭ بارلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئۇلارسىز تەختتە خاتىرجەم، مۇستەھكەم، پاراغەت بىلەن ئولتۇرالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. بىردىنبىر چارە ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، كۆڭلىنى ئىزدەش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى سەلتەنەتكە مايىل قىلىپ كۈچ ـ قۇدرىتىنى مۇستەھكەملەش... مانا مۇشۇلارنى تولۇق چۈشىنىپ يەتكەن سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئۇلارغا سۆيۈرغاللىق زېمىن ئىنئام قىلدى، لەشكىري ھوقۇقىنىڭ سىمۋولى بولغان تۇغ ـ ناغرا بەردى. بۇنىڭ بەدىلىگە ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ ئىشەنچىگە، ساداقىتىگە قايتىدىن ئېرىشتى، تاجۇ تەختىنى يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى.

— قەشقەرگە قايتىشقا ئالدىرىمىسىلا، — دېدى دوستمۇھەممەدخان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا قاراپ، — لەشكىرىي دىۋانىنىڭ ئىشلىرىنى تاشلاپ قويسىلىمۇ بولماس.

ئۇ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ لەشكىرىي دىۋانىنىڭ ئەمىر كەبىرلىك مەرتىۋىسىنى تېخىچە ساقلاپ قالغانىدى. خاننىڭ كەڭ قورساقلىقىدىن خىجىل بولغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بېشىنى ئەگدى.

— لەشكىرىي دىۋانىنى ئورۇنباسار ئەمىر كەبىر ئالتۇن ساقال مىرزا جوڭقۇرۇپ كېتەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئانھەزرىتىم بار. ئەمما قەشقەر ھازىر پاسىبانسىز تۇرۇۋاتىدۇ، مۆھتەرەم سەركەردە ئالچىنبەگ قازا قىلغاندىن بېرى بىر قانىتىمدىن ئايرىلغاندەك بولۇپ قالدىم. ئاللاھ خالىسا قەشقەرنىڭ ئىشىنى پات يېقىندا ئىزىغا سېلىۋېلىپ مۇبارەك دەرگاھلىرىدا خىزمەتلىرىدە بولىمەن.

قېلىشقا يەنە قىستىسا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى خۇدۇك قىلىپ قويىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان سۇلتان دوستمۇھەممەدخان زىيادە ھۆسلە قىلىپ تۇرۇۋالمىدى:

— ماقۇل ئەمىسە، ئوردىغا تېزرەك قايتىپ كەلگەيلا، سەلتەنەت ئىشلىرى سىلىگە تولىمۇ موھتاج.

※ ※ ※

سۇلتان دوستمۇھەممەدخانغا نىسبەتەن ئەقىدىسى قايتىدىن كۆچەيگەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كېلەر يىلى يازدا قەشقەرگە لەشكەر تارتىپ كېلىشكە تەييارلىنىپ تۇرغان يۇنۇسخاننى قانداق قىلىپ توسۇپ قېلىش ھەققىدە باش قاتۇردى. شۇ تاپتا ئۇ تولىمۇ تەڭقىسلىقتا قالغانىدى.

«نېمىشقىمۇ يۇنۇسخان ئالىيلىرى بىلەن خەت ـ ئالاقە قىلمىي قالغان بولغىيتتىم؟ ھېچبولمىغاندا بىرەر يىل تەخىر قىلـ

سام بوپتىكەن. خان ئالىيلىرىنىڭ بۇ قەدەر ئىنسابقا كېلىپ قې-لىشىنى كىم ئويلىغان؟ يۇنۇسخان ئالىيلىرى ئەمدى مېنى تازىمۇ بىر تۇتامى يوق ئادەمكەن دەپ قالىدىغان بولدى ـ دە، ئەسلىدە ئالدىراپ ۋەدە بەرمەيدىغان ئىشكەنتۇق، ئەمدى نە چارە؟! سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئالىيلىرى بارلىق ئەمىرلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇ-تۇۋالدى، ئىختىيارىنى قايتىدىن مايىل قىلىۋالدى. ئۇلار ئىلگى-رىكى رەنجىشلىرىنى ئۇنتۇپ ساداقەت بىلدۈرۈشتى. ئۇلار مۇ-شۇنداق قىلغان يەردە مەن ئۇلاردىن ئاشۇرۇپ ساداقەت بىلدۈرۈ-شۇم كېرەك. چۈنكى، مەن دېگەن خان سىڭلىسىنىڭ كۈيۈسى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، خان جەمەتىگە تەۋەمەن. مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق يەنىلا خانغا قارشى چىقىپ يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا بەيئەت قىلسام قارايۈزلۈك، تۇزكورلۇق قىلغان بولمامدىمەن؟ ئەل يۇرت مېنى ئە-يىبلىمەمدۇ، مەسخىرە قىلمامدۇ؟ شۇنداق، ئۇلار مېنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ئارقامدىن پىتنە قىلىشىدۇ...»

خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىرىپ كەلگەن ئاغىچىسى مەلىكە دۆلەتنىگار خېنىمنى كۆرۈپ چىرايىغا سۈس كۈلكە يۈگۈرتتى، يېنىدىن جاي كۆرسەتتى.

ــ ھەزرىتىمنى ئەتىگەندىن بېرى خابگاھىدىن چىقماي ئول-تۇرىدۇ دەپ ئاڭلاپ، ساقسىز بولۇپ قالدىمىكىن دەپ ئەنسىرەپ كېلىشىم، ــ دېدى دۆلەتنىگار خېنىم.

ــ ئەھۋالىم ياخشى، ــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا كۆ-يۈمچان ئاغىچىسىغا مىننەتدارلىق بىلەن قاراپ، ــ ئىككى كۈن-دىن بېرى ھاۋا سەل سوۋۇپ كېتىپ بارىدۇ. زۆرۈر ئىشىم بولمى-غاچقا سىرتقا چىققۇم كەلمىدى...

ــ شۇڭا يالغۇز ئولتۇرغىلىرى كەپ قاپتۇ ـ دە.

ــ ئۇنداقمۇ ئەمەس، يەلكەمنى بېسىپ تۇرغان غەمنى كۆتۈ-رەلمەي ئولتۇرۇپتىمەن.

مەلىكە دۆلەتنىگار خېنىم كالىچىنى سېلىپ مەسە بىلەن

www.uyghurkitap.com

كاتسۇپىغا چىقتى، ئاندىن خىزمەتكارنى توۋلىدى:

ــ ئاۋۋال قىزىق بىر چەينەك چاي دەملەپ ئەكىرىپ بەرسىلە. ئاندىن غىزا ھازىرلىسۇن، كەچلىك غىزادا ھەزرىتىمگە ھەمراھ بولىمەن. ھەزرىتىم كاۋا مانتىسىغا ئامراق. قىيمىسىغا دورا ـ دەرمەكنى جىق ئارىلاشتۇرمىسۇن.

خىزمەتكار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ جۇدەڭگۇ چىرايىغا كۆيۈنۈش بىلەن قارىدى.

ــ خوش، ئۆزلىرىنى بىسىۋالغان غەمدىن خەۋەر تاپسام بولامدۇ ھەزرىتىم؟

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بۇ ئاغىچىسىنى شاھ قىزى ــ مەلىكە بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، تۈز، ئوچۇق سۆزلۈك، كۆيۈمچان خۇي ـ مىجەزى ئۈچۈنمۇ بەكلا ھۆرمەتلەيتتى.

مەلىكە دۆلەتنىگار خېنىم ئاكىسى سۇلتان دوستمۇھەممەدخان بىلەن ئېرى ئوتتۇرىسىدىكى ئارازچىلىقلاردىن خەۋەردار ئىدى. ئۇ ئاكىسىنىڭ خۇي ـ مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئاقسۇغا بارماي قەشقەردە تۇرۇپ قېلىشنى قارار قىلغاندىمۇ، يۇنۇسخان بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ ئاكىسىنىڭ ئورنىغا تاغىسىنى تەختكە چىقىرىشنى پىلانلىغاندىمۇ ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئايماقلارنىڭ ئەمىرلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئاكىسىنىڭ خانلىق سەلتەنەتىنى بىكار قىلىشقا ھەرىكەت قىلغاندىمۇ چىش يېرىپ بىر ئېغىز قارشىلىق بىلدۈرمىگەن، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى قوللىغان، تەسەللى بەرگەنىدى. شۇڭا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۇنىڭدىن پەقەتلا سىر يوشۇرمايتتى.

ــ ئەلۋەتتە بولىدۇ، ــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئايالىنىڭ كۆزلىرىگە ئىشەنچ بىلەن قاراپ، ــ خان ئائىلىلىرىنىڭ بۇقەدەر ئىنسابقا كېلىپ قېلىشىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. مانا ئۆزلىرىمۇ كۆردىلە، بۇ قېتىم سىڭىللىرى مەلىكە ھۆسنىنىگار خېنىم بىلەن مىرزا ئابابەكرىنىڭ تويىدا خان ئائىلىلىرى باشقىچە بىر ئادەم سىياقىدا نامايان بولدى. بۇنىڭدىن مەنىلا ئەمەس، بارچە

ئەمىرلەر ھەم ھەيران، ھەم خۇشال بولۇشتى. ئابا ـ ئەجدادلىرد ـ
ـمىزنىڭ ئادەمنىڭ ئەسكىسى يوق، دېگىنى راست ئىكەن. ئال ـ
ـدىراپ ـ تېنەپ سەۋر قاچامنى يېرىۋېتىپ يۇنۇسخان ئالىيلىرد ـ
ـنىڭ دەرگاھىغا تېۋىنىپتىمەن. ئەمدىلىكتە تولىمۇ ئالدىراقسانلىق
قىلغانلىقىمنى ھېس قىلىۋاتىمەن. يۇنۇسخان ئالىيلىرى قەش ـ
ـقەرگە كېلىش ئۈچۈن لەشكەرلەرنى تەقلەپ ئاغزىمغا قاراپ تۇرد ـ
ـدۇ. مانا كۆزمۇ ئاخىرلىشىپ، قىش پەسلىمۇ كىرەي دەپ قالدى.
ھايت ـ ھۇيت دەپ بولغۇچە كۆكلەم كېلىدۇ. شۇڭا ھازىر يۇنۇس ـ
ـخان ئالىيلىرىنىڭ رايىنى ياندۇرىدىغان، يولىنى توسىدىغان بىد ـ
ـرەر چارە، سەۋەب تاپالماي غەمدە ئولتۇرۇپتىمەن.
— ئول تاغايى بۇزرۇك سىلىدىن خەۋەر كەلمىگۈچە بول تە ـ
سەررۇپقا يۇرۇش قىلماس ھەقچان، — دېدى دۆلەتنىگار خېنىم
ئويچانلىق بىلەن.
— ئۇغۇ شۇنداق، مېنىڭ ئەنسىرەۋاتقىنىم بۇ ئەمەس. كۆڭ ـ
ـلۇمدىكى گەپنى قىلسام، خان ئالىيلىرىغا تازا ئىشەنچ قىلالمايۋاتىد ـ
ـمەن. دەرگاھىمغا يەتكەن مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، خان ئالىيلىرى
بەزمە ـ باراۋەتلىرىنى يەنە باشلىۋالغاندەك، كۆڭدە مەست يۈرگىد ـ
ـدەك. راستتىنلا يەنە ئەسلىدىكى پەيلىگە قايتىۋالسا يۇنۇسخان ئا ـ
ـلىيلىرىنى قايتا تەكلىپ قىلىشقا يۈزۈم چىدىمايدۇ. ھازىر جىم
تۇرۇۋېلىپ كېيىنچە دەرگاھىغا تېۋىنسام مېنى تازىمۇ بىر تۇتۇ ـ
ـرۇقسىز ئادەمكەن، دەپ قالماسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇنۇسخان ئا ـ
ـلىيلىرى تەخت ـ سەلتەنەتكە بولغان شەيدالىقىدىن ھەرگىز ياند ـ
ـدىغاندەك ئەمەس. بول تەسەررۇپقا يۇرۇش قىلغۇدەك لەشكەر، كۈچ
توپلىيالىسىلا مېنىڭ تەكلىپ قىلىشىمنى كۈتۈپ ئولتۇرمايدۇ. خان
ئالىيلىرىنىڭ ئەھۋالى شۇ تۇرسا، ئۆزۈم يالغۇز ئۇنىڭ ئالدىنى تو ـ
ـسۇيالىشىم بەسى مۈشكۈل. شول سەۋەبتىن غەمدە قېلىۋاتىمەن.
— تېخى ھازىر كەچ كۈز، كۆكلەم پەسلىنىڭ كېلىشىگە
ھەلەم بار، — دېدى مەلىكە دۆلەتنىگار خېنىم، — قىش پەسلىنى
باھانە قىلىپ يۇنۇسخان ئالىيلىرى بىلەن بولىدىغان ئالاقىنى

www.uyghurkitap.com

ئىمكان بار كەينىگە سۈرۈپ تۇرسىلا. كېلەر يىلى ياز پەسلىگىچە ئۇل تاغائى بۇزرۇككە چۇشەندۈرگىلى سەۋەب تېپىلىپ قالىدۇ. مەنمۇ ئاغامنىڭ تۇزۇلۇپ قالغىنىدىن تولىمۇ خۇشالمەن. سەلتەنەت ئىشلىرىغا كەلسەك، ئۆزلىرى قانداق قىلىشنى لايىق كۆرسىلە شۇنداق قىلسىلا. كەمىنە زەئىپەلىرى ئۈچۈن ئاغامنىڭ تەختتە ئولتۇرۇشى بىلەن ئۇل تاغائى بۇزرۇكنىڭ تەختتە ئولتۇرۇشىنىڭ پەرقى يوق. قايسىسى سەلتەنەت تىزگىنىنى تۇتمىسۇن ئەل ـ يۇرت روناق تېپىپ، رەئىيەت ئاسايىشلىقتا ياشىسا، دەيدىغان ئۈمىدىم بار.

مۇلازىملارنىڭ داستىخان كۆتۈرۈپ كىرىشى بىلەن ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ سۆھبىتى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا كۆتۈرۈپ كىرگەن خىزمەتكار ئۇلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ يىپەك لۆڭگە تۇتتى، ئاندىن داستىخان سېلىپ كەچلىك غىزا ئۈچۈن تەييارلىغان نازۇ نېمەتلەرنى تىزىشقا باشلىدى.

## 66

ئۆگەنگەن خۇي ئۆجمە پىشقىچە دېگەندەك، سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئىلگىرىكى ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشقا يەنە قايتىۋالغانىدى. قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرى بەزمىسىز ئۆتمەيتتى. ئۇ گاھىدا ئوردىدىكى قىشلىق سارايدا، گاھىدا قايسىبىر ئەمىرنىڭ قەسرىدە بەزمە ئۇيۇشتۇراتتى. ئۇ تېخىمۇ شارابخور، تېخىمۇ ئىشرەتۋاز بولۇپ كەتكەنىدى، تۈرلۈك ـ تۈرلۈك يېڭى ئويۇنلارنى ئويلاپ تاپاتتى، ئويلاپ تاپقان ئويۇنلىرى بىر ـ بىرىدىن بىمەنە، بىر ـ بىرىدىن قورقۇنچلۇق ئىدى. بۇ ئويۇنلارغا ئىشتىراك قىلىشنى خالىمىغان، ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئۇرۇنغان ئەمىرلەرنى

رەھىمسىزلىك بىلەن جازالايتتى. ھېچكىم ئۇنىڭ بەزمە سورۇنىد-
دىن قېچىشقا پېتىنالمايتتى. ئوردىدىكى ئەمىر ل مەھرەملەر
قايتىدىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ، يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەنىدى.

خانغا كۈيئوغۇل بولۇپ لەشكىرىي دىۋاندا مەنسەپ تۇتقان
مىرزا ئابابەكرىمۇ ئوردا ئەمىرى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن بۇنداق
بەزمىلەرگە قاتنىششقا مەجبۇر بولاتتى. سۇلتان دوستمۇھەم-
مەدخان ئۇنىڭغا سىڭلىسىنىڭ ئېرى ــ كۈيئوغۇل قاتارىدا ئە-
مەس، باشقا ئەمىرلەرگە قىلغانغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇنى
ھاياسىز چاقچاقلارنى قىلىشقا، بەتقىلىق ئويۇنلارنى ئويناشقا،
شاراب ئىچىشكە زورلايتتى. خاننىڭ غەزەپ قىلىشىدىن ۋايىم يې-
گەن يىگىت چىشىنى چىشلەشكە مەجبۇر ئىدى، كېچىلىرى دەر-
دىنى ئايالى ھۆسنىنىگار خېنىمغا تۆكۈپ بېرەتتى.

ــ خان ئالىيلىرىنىڭ مىجەزى بەكمۇ غەلىتە ئىكەن، ئۆزى-
نىڭ كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ دەرد ـ ئازابلىرى بى-
لەن كارى بولمايدىكەن. ئاشۇ بەزمە سورۇنلىرىدا يۈز بەرگەن بىر
قىسىم ئىشلارنى تىلغا ئېلىشتىنمۇ ئۇيىلىمەن. توۋا، بۇ پۈتۈن
ئەل ـ يۇرت باش ئۇرىدىغان ئادالەت پاناھىنىڭ دەرگاھىمۇ ياكى
ساراڭ ـ دەلدۈشلەرنىڭ ماكانىمۇ؟ خان ئالىيلىرىنىڭ قىلىۋاتقان
قىلىقلىرىنىڭ ھەممىسى شەرىئەت ئەھكاملىرى، سەلتەنەت قانۇن-
لىرىغا خىلاپ، ئوردىدىن خويمۇ زېرىكتىم، بىزار بولدۇم. ناۋادا
خان ئالىيلىرى مۇشۇنداق قىلىۋېرىدىغان بولسا، بەرگەن ئەمىر-
لىك مەرتىۋىسىدىن كېچىمەن. ئەڭ ياخشىسى، ياركەنتكە كەتكى-
نىمىز، كۆزىدىن يىراقراق تۇرغىنىمىز تۈزۈكتەك قىلىدۇ. تېخى
قىلغان ئىشلىرىنى يوللۇق قىلىمەن دەپ ئۆلىمالاردىن پەتىۋا
سوراپ كېتىشىنى دېمەمدىغان. ئاشۇ بىچارە ئۆلىمالار ئۇنىڭ رايى
بويىچە پەتىۋا بېرىشكە مەجبۇر بولۇشىدۇ.

مەلىكە ھۆسنىنىگار خېنىم ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ياسىغۇدەك
گەپ تاپالماي قىينىلاتتى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ ياركەنتكە كېتىش
ئارزۇسى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ كەتكەنىدى. لېكىن بۇ ئار-

www.uyghurkitap.com

زۇسنى سۇلتان دوستمۇھەممەدخانغا دېيىشكە جۈرئەت قىلال-
مايتتى. خانغا ياتلىق بولۇپ، ھەرەمگە كىرىپ ئايمىلىق مەرتىۋى-
سىگە نائىل بولغان ئايجامال ئاغىچىنىڭ ئەس ـ يادى سۇلتان
دوستمۇھەممەدخاننى باشقا خانىش ـ توقاللاردىن تارتىۋېلىپ ئۆزى
ئۈچۈنلا ئىگىلەشتە ئىدى. لېكىن خانىش ـ توقاللارنىڭ يېشى ئۇ-
نىڭدىن كىچىك ئىدى. شۇڭا خاننى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن باش-
قىلاردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق كۆچەشكە، يېشى ئۆزىدىن خېلىلا
كىچىك ئەرنى، يېشى ئۆزىدىن خېلىلا كىچىك ھەتتا قىزى دېمەت-
لىك كۈندەشلىرىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە ـ ئامال
ئىزدەشكە توغرا كېلەتتى. ھەرەمگە كىرگەندىن بېرى سۇلتان
دوستمۇھەممەدخان ئۇنى ئېسىدىن چىقىرىۋەتكەندەك قىلاتتى.
ئايجامال ئاغىچىنىڭ قەسرىدە تۇنەشكە ئايدا بىرەر قېتىممۇ چو-
لىسى تەگمەيتتى. شۇ سەۋەبتىن بىچارە جۇۋاننىڭ يۈرەك ـ باغرى
لەختە ـ لەختە بولۇپ كەتكەندى. كۆڭلى خاننى قەسرىدە بىرەر
ئاخشام قوندۇرۇۋېلىشتا قالغان ئايجامال ئاغىچىنىڭ ئوغلىنىڭ
دەردىگە دەرمان بولغۇدەك، ھېچ بولمىسا ئىككى ئېغىز تەسەللى
بەرگۈدەك ھەپسىلىسى يوق ئىدى.

مىرزا ئابابەكرى خوتۇنى ھۆسنىنىگار خېنىمنىڭ ئاكىسى
دوستمۇھەممەدخانغا دەپ ئۆزىگە ياركەنتنىڭ ئەمىرلىك مەرتىۋى-
سىنى ئېلىپ بېرىشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتى، لېكىن بۇ
ئارزۇسىنى ئاغزىدىن چىقىرىپ يېلىنغۇسى كەلمەيتتى. ھۆسنىنى-
گار خېنىم بولسا سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ ئانا بىر سىڭلىسى
ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئاكىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئەركىن ـ
ئازادە تۇتالمايتتى، كۆڭلىدىكىنى ئۇدۇللا دېيەلمەيتتى، ئېرىنىڭ
كۆڭۈل ئارزۇسىنى بىلىپ تۇرسىمۇ جىم تۇرۇۋالغانىدى.

مىرزا ئابابەكرى بۇ كۆڭۈل ئاغرىقىغا كۆكلەم پەسلىگىچە
ئاران بەرداشلىق بېرەلىدى. ئاخىر ئايالىنى، ئانىسىنى، ئىنىسى-
نى، مەنسەپ ـ مەرتىۋىسىنى تاشلاپ قەشقەرگە ــ تاغىسى مۇ-
ھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ قېشىغا قېچىپ كەلدى ۋە يىغلاپ تۇرۇپ

دەرد تۆكتى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ ئىلگىرىكى ئوسال خۇي ـ مىجەزىنى، غەلىتە قىلىقلىرىنى، تەلۋە ـ بىشەملىكىنى يەنە تېپىۋالغانلىقىدىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپقانىدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ دادلاشلىرىدىن ئۇنىڭ ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى، ۋۇجۇدىنى ئۇمىدسىزلىك تۇيغۇلىرى قايتىدىن چىرمىۋالدى.

— كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا، — دېدى ئۇ مىرزا ئابابەكرىگە تەسەللى بېرىپ، — خان ئالىيلىرىنىڭ بۇ ئوسال خۇي ـ مىجەزىدىن ئەزەلدىن خەۋىرىمىز بار. تۈزۈلۈپ قالار دەپ شۇ چاغقىچە ئۈمىد كۈتۈپ كەلدۇق. دەرگاھىمىغا كەلگەنلىرى ياخشى بوپتۇ، سىلىنىڭ قەشقەردە ئىكەنلىكلىرىدىن خان ئالىيلىرىنى ھەرھالدا خەۋەرلەندۈرۈپ قوياي. قائىدە بويىچە بولغاندا يۇقىرى دەرىجىلىك ئوردا مەھرەملىرى ئاستانىدىن خان ئالىيلىرىنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ ئاندىن ئايرىلىشى كېرەك. سىلىنىڭ ئىجازەتسىزلا قەشقەرگە كېلىشلىرى ئېغىر گۇناھقا ياتىدىغان قىلمىشتۇر. بوپتۇ، سىلى تېخى كىچىك، ئوردا يوسۇنلىرىنى تازا بىلمەي كەتمەيدىلا، خان ئالىيلىرىمۇ گۇناھقا جورۇپ كەتمەس. مەلۇمات يوللاپ گۇناھلىرىنى تىلىۋالاي، بۇندىن كېيىن بالىلىق قىلمىسىلا.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا شۇ كۈنىلا مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئۆزىنىڭ قېشىدا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىر مەزگىل قەشقەردە تۇرغۇسى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ ئوردىغا مەلۇمات يوللىدى.

※ ※ ※

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان مىرزا ئابابەكرىنىڭ سەلتەنەت يوسۇنىنى بۇزۇپ قەشقەرگە قېچىپ كەتكىنىگە ھېچقانداق ئىپادە

uyghurkitap.com

بىلدۈرمىدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئوغلىنىڭ غەلۋىسىنى قىلىپ بېشىنى ئاغرىتقان ئايجامال ئاغىچىغا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ مەلۇماتىنى ئەۋەتىپ بەردى، ئاندىن سىڭلىسى مەلىكە ھۆسنىنىگار خېنىمنى يېنىغا چاقىرتتى.

ــ كۈيۈلىرى قەشقەردە ئىكەن. بىر مەزگىل شۇ يەردە تۇرۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، تەييارلىق قىلىسلا، نۆكەرلەر سىلىنى قەشقەرگە يەتكۈزۈپ قويسۇن.

ــ ھەممەتلىرىگە ھەشقاللا، ــ دېدى ھۆسنىنىگار خېنىم ئاكىسىنىڭ قېشىدىن چىقىپ كېتىشكە ئالدىراپ.

ــ مىرزىغا كۆرۈشكەندە بىزدىن سالام دېسۇنلار. قاچانكى دەرگاھىمىزنى سېغىنسا خۇدۇك ئالماي كېلىۋەرگەي، ئىلگىرىكى مەنسەپ ـ مەرتىۋىسىنى بەرگەيمەن، ئۆزلىرىمۇ سالامەتلىكلىرىنى كۆپ ئاسرىسۇنلار.

ھۆسنىنىگار خېنىم ئاكىسىغا ئېرى مىرزا ئابابەكرىنىڭ ياركەنتكە ئەمىر بولغۇسى بارلىقىنى دېگۈسى، مۇشۇ باھانىدا يارلىق ئېلىۋالغۇسى كەلدى ـ يۇ، لېكىن ئاغزىدىن چىقىرالمىدى.

※ ※ ※

خوتۇنى بىلەن ساق ـ سالامەت كۆرۈشكەن مىرزا ئابابەكرى سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈۋەتكەنلىكىنى بىلىپ خېلىلا خاتىرجەم بولدى، ئەمما كۆڭلى يەنىلا ياركەنتنى تارتىپ تۇراتتى. ئۇ ھېچقانداق مەرتىۋە ـ ئۇتاغاتسىز بارسا ياركەنتتىكى ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ ئالدىدا تۇزۇك ئەتىۋارى بولمايدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى . سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ ئۆزىنى ياركەنتنىڭ ئەمىرلىككە تەيىنلەشكە ۋەدە قىلغانلىقىدىن خەۋىرى بار ئىدى، شۇڭا تاغىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا مۇددىئاسىنى بىلدۈردى.

ــ ياركەنتنى گەرچە خان ئالىيلىرى ۋاقىتلىق مېنىڭ تە-

سەرروُپۇمغا قوشۇپ بەرگەن بولسىمۇ، رەسمىي ئەمىر تەيىنلەش
يەنىلا ئوردا يارلىقى بىلەن بولىدۇ. بۇ پەقەت خان ئالىيلىرىنىڭ
يارلىقى بىلەن پۈتىدىغان ئىش. مۇنداق قىلايلى، سىلى بىرنەچچە
ۋاق ھېچ ئىشنى ئويلىماي قەشقەردە ئارام ئالسىلا. مەن خان ئا-
لىيلىرىغا بۇ ھەقتە مەلۇمات يوللاي، يارلىق چۈشۈرۈپ قالسا ئە-
جەب ئەمەس، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا.

ئۇ مىرزا ئابابەكرىگە ئاشۇنداق ۋەدە بەرگىنى بىلەن ئەمەلـ-
يەتتە سۇلتان دوستمۇھەممەدخانغا مەلۇمات يوللىمىدى. چۈنكى،
شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ سۇلتان دوستمۇھەممەدخاندىن يەنە رايى قاي-
تىپ قالغانىدى. ئاقسۇدىن سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ يول-
سىزلىقى، تەلۋىلىكى، تاپتىن چىققان قىلمىشلىرى ھەققىدىكى
ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان مەلۇماتلار ئۇنى تەخت ـ سەلتەنەتنىڭ تەق-
دىرى ۋە ئۆزىنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر
قىلغانىدى. بۇ نۆۋەت ئۇ ئانچە ئىككىلىنىپ كەتمىدى.

«توخۇ يېگەك ئىتنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىۋەتسىمۇ خۇيىنى
تاشلىماپتۇ دەيدىغان گەپ بار. خان ئالىيلىرىنىڭ ئادەم بولغىنى
شۇنچىلىك ئوخشايدۇ. ئەمدى بولدى قىلاي، ئۆزۈمنىمۇ، سەلتە-
نەتنىمۇ نابۇت قىلىدىغان ئىشنى قىلماي، ھېلىمۇ ياخشى، يۇ-
نۇسخان ئالىيلىرىغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ ئۇمىدلەندۇرۇپ تۇرغانى-
كەنمەن...»

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا يۇنۇسخاننىڭ موغۇلىستان تەختىنى
ئېلىش ئىشىغا ھەمدەملىشىشكە تولۇق نىيەت قىلىپ بولغانىدى.
شۇڭا ئۇ مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئارزۇسىنى دەپ سۇلتان دوستمۇ-
ھەممەدخانغا مەلۇمات يوللىمىدى. مەلۇمات يوللىسا خاننىڭ تەس-
تىقلاپ قېلىشىدىن، مىرزا ئابابەكرىنى ياركەنتنىڭ ئەمىرلىكىگە
تەيىنلەپ يارلىق چۈشۈرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى. چۈنكى، يۇ-
نۇسخان بىلەن بىرلىشىپ سۇلتان دوستمۇھەممەدخانغا قارشى
تۇرۇش قارارىغا كەلگەن مۇشۇنداق پەيتتە، ياركەنتكە يەنە بىر
ھۆكۈمدارنىڭ پەيدا بولۇشىنى، ياركەنتنىڭ قولدىن چىقىپ كې-

www.uyghurkitap.com

تىشىنى خالىمىدى، يەنە بىر جەھەتتىن يۇنۇسخان قەشقەرگە لەشكەر تارتىپ كەلسە، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ياركەنتكە ئەمىرلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ ھاكىمىيلىقىدا تۇرۇۋاتقان ئانىسى ۋە ئىنى ـ سىڭىللىرىنى دەپمۇ بولسا ئۆزى بىلەن ماسلاشماسلىقىدىن، خانغا ساداقەت بىلدۈرۈپ ئۆزىگە قارشى چىقىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى.

ئەمما، تاغىسىنىڭ بۇ مۇددىئاسىدىن خەۋىرى يوق مىرزا ئابابەكرى، يارلىق كېلىشى ھامان ياركەنتكە مېڭىش ئۈچۈن ھازىرلىق كۆرۈپ قويغانىدى. ئۇ ئاقسۇ تەرەپكە ئۈمىد بىلەن تىكىلەتتى، يارلىقنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى.

«ئوردىغا تاغامنىڭ يوللىغان مەلۇماتى يېتىپ بارغانمىدۇ؟ مەلۇماتنى خان ئالىيلىرى كۆرگەنمىدۇ؟ ياركەنتنىڭ ئەمىرلىكىنى ماڭا بېرەرمۇ؟ ئانامنى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەرلەندۈرسەممىكىن؟ بىراق، ئانامنىڭ ئەھۋالىمۇ ماڭا ئايان. ئۇمۇ ئاي ـ ئايلاپ خان ئالىيلىرىنىڭ دىدارىنى كۆرەلمەيدىغان تۇرسا، مېنىڭ بۇ ئىشىمغا قانداقمۇ ياردەم قىلالىسۇن؟ ئۇنىڭ ئانام بىلەن توي قىلغاندا بەرگەن ۋەدىلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان ئىكەن ـ دە. جاھاندا مۇشۇنداقمۇ زالىم، تۇتۇرۇقسىز، بەتقىلىق، تەلۋە، يولسىز ئادەم بولىدىكەن ـ ھە؟! ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان، ھېچكىم كۆڭلىدىكىنى دېيەلمىگەن. ھەتتا موللا ـ ئۆلىما، قازى ـ قۇززات، ئىمام ـ مۇپتى قاتارلىق دىن ـ شەرىئەت پېشۋالىرىمۇ ئۇنىڭ ئورۇنسىز، يولسىز تەلەپلىرى ئۈچۈن پەتىۋا چىقىرىپ بېرىشكە مەجبۇر. پەتىۋا بەرمىسە جازاغا، ھەتتا ئۆلۈمگە مەھكۇم. ئۇنى بۇ يامانلىقتىن توسۇشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايدۇ. شۇڭا ئۇ شۇنداق بىشەم، شۇنداق خۇنرىز. ئۆز ۋاقتىدا مەرھۇم جەننەتماكان ئاتامۇ شول سەۋەبتىن ئۇنىڭدىن رەنجىپ ئوردىغا بارغىلى ئۇنىمىغانىكەن. خان ئالىيلىرى ئانامنى نېمە سەۋەبتىن نىكاھىغا ئالغان بولغىيتتى؟ ئاقسۇغا بېرىۋېلىپلا ئانامنى تاشلىدى. تاشلىدىلا ئەمەس، ئاشۇنداق بىر ئاغىچىسىنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپلا كەت-

تى. بىچارە ئانامنىڭ ھازىرقى كۆڭلىرى تۇل ئۆتكەن كۆڭلىرىدىن بەتتەر. ئەسلىدە خان ئائىلىلىرىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلمىغان، نىدىكاھقا رازىلىق بەرمىگەن بولسا، بۇنداق بەتتەر كۈنگە قالماس بولغىيتتى. ئاغا ـ ئىنى ئىككىمىزگە تەسەللى بېرىپ، ئىلگىرى ئەمىرزادە ئىدىلە، ئەمدى خانزادە بولدىلا دەپ خۇش بولغىنى، ئاغزىنى تاتلىق ئەتكىنى نەدە قالدى؟ مانا مەن ھازىر خانزادىمۇ ئەمەس، ھەتتا ئەمىرزادىمۇ ئەمەس. كۆرەگانلىق مەرتىۋەم بولسا بىر قۇرۇق ئاتاق خالاس. مەرھۇم ئاتام ياركەنتنى تولىمۇ ئىسسىق يۇرت دەپ ماختايتتى، مەن بۇنى نېمىشقىمۇ ئىسىمدىن چىقارغانىدىمەن. ئاشۇ چاغدا ئانام بىلەن ئىنى ـ سىڭلىمنى ئاقسۇغا ئۇزىتىپ قويۇپ، ئۆزۈم ياركەنتتە قالسام بوپتىكەن. ئانام پايتەختتە بېرىشقا بەكلا زورلاپ كەتتى. ئاخىرقى ھېساباتا ئۆزىگىمۇ، ماڭىمۇ كۆڭۈل ئاغرىقى تاپتى. ھازىر ئانام نېمە ئىش قىلىۋاتىدىكىن؟ ھەقچان ھەرەمدە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدىغان ئادەممۇ يوق. خان ئائىلىلىرى بولسا بەزمە ـ باراۋەت، ئەيش ـ ئىشرەت، شارابىبازلىق بىلەن ھەلەك. ئانام ئۇنىڭ ئېسىگە ھەرگىز كەلمەيدۇ. شول تاپتا قانداق بىمەنە ئويۇن بىلەن مەشغۇلدۇ؟...»

※ ※ ※

ئاقسۇ شەھىرىدە ئۇجمە ئالا بولۇشقا باشلىغان بولۇپ، سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ بەزمە سورۇنلىرى ئاللىقاچان سارايدىن باغقا كۆچۈپ بولغانىدى.

بۇگۈن سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ مەشرەپكە مەيلى تارتىپ قالغان بولۇپ، مۇراسىم ئەمىرى ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدىكى سازەندىلەرنى يىغىپ، ھەرەم بىلەن شاھنىشىننىڭ ئارىلىقىدىكى باغدا مەشرەپ سورۇنى ھازىرلىغانىدى. سۇلتان دوستمۇھەممەدخان مەشرەپنى قىزىتىش ئۈچۈن ئوردىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسىنى مەشرەپكە قاتنىشىشقا پەرمان بەرگەن بو-

www.uyghurkitap.com

لۇپ، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆل بويىغا راسلانغان سورۇندا ئا- دەم خېلىلا كۆپ ئىدى. دوستمۇھەممەدخان كۆل بويىدىكى چىنار- نىڭ ئاستىغا ياسالغان شاھسۇپىغا سېلىنغان قات ـ قات كۆرپە ئۈستىدە پەر ياستۇققا يۆلەنگىنىچە يانپاشلاپ ياتاتتى. ئەمىرلەر ھالقا شەكلىدە ئورۇن ئېلىشقان بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى يۇمىلاق سورۇندا ئوردا رەققاسلىرى تۈرلۈك ناز ـ خۇلقلار بىلەن ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. سازەندىلەر خان قايسى پەدىنى ئاڭلاشنى خالىسا شۇ پەدىگە چېلىۋاتاتتى. ساقىيلار بوشىغان قەدەھلەرگە توختىماي شاراب لىقلايتتى.

شاراب تەسىرىدە كەيپ بولۇشقا باشلىغان سۇلتان دوستمۇ- ھەممەدخان زېرىكتىمۇ ئەيتاۋۇر سازەندە ـ رەققاسلارنى توختاشقا ئىشارەت قىلىپ قولىنى سىلكىدى.

ــ ئالىيھەزرىتىمنىڭ قىزىقچىلىققا زوقى بارمىكىن؟ ــ سو- رىدى مۇراسىم بېگى خۇشامەتگويلۇق بىلەن.

ــ بارات تازىنىڭ ھەزىل ـ چاقچاقلىرىنى تولا ئاڭلاپ زې- رىكتۇق، ــ دېدى دوستمۇھەممەدخان خۇشياقمىغان ھالدا.

ــ دەرگاھى ئالىيدا بارات تازدىن باشقىمۇ قىزىقچى بار ئا- لىيلىرى.

ــ ئەجەب مەن بىلمەيدىكەنمىنا؟ ــ دېدى بىر ئاز قىزىققان دوستمۇھەممەدخان.

ــ تۈنۈگۈن رەستىدە قىزىقچىلىق قىلىۋاتقانىكەن. خان ئا- لىيلىرىنىڭ كۆڭلىگە بىر لەھزە خۇشاللىق بېغىشلىسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئوردىغا ئېلىپ كىرگەنتىم، كۆرۈپ باقامىلىكىن ئا- لىيلىرى.

ــ شۇنچىلىك كارامىتى بولسا قېنى كۆرسەتسۇن.

مۇراسىم بېگى سازەندىلەرنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغان قىزىق- چىنى سورۇنغا چۈشۈشكە بۇيرۇدى.

ئوتتۇرا بوي، دوكراق كەلگەن، قىرىق ياشلار ئەتراپىدىكى قىزىقچى سورۇنغا چۈشۈپ سالام بەردى. سۇلتان دوستمۇھەممەد-

خان ئۇنىڭ چىرايىغا شۇنداقلا قاراپ قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى.

— توۋا خۇدايىم، قىزىقچىلارنىڭ ھەممىسى تاز كېلەمدۇ نېمە، بېشىڭدىن تەلپىكىڭنى ئالە كۆرۈپ باقاي.

قىزىقچى كالچاراپ ھېجايغىنىچە تۇمىقىنى ئالدى، شۇ ھامان ئاپئاق قوماق بېسىپ كەتكەن بېشى كۆرۈندى. قوماقلار گەدىنىگىچە چۇشكەن بولۇپ، چاچ چاغلىق نەرسە يوق بېشى بەئەينى تۇزلۇق قاپاقنى ئەسلىتەتتى.

— بارات تازنىمۇ توۋلاڭلار، — دېدى نېمىنىدۇر خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن دوستمۇھەممەدخان.

— لەببەي قىبلىگاھىم. پەقىر خىزمەتلىرىگە تەييارمەن، — دېدى بىر چەتتە ئولتۇرغان ئوردا قىزىقچىسى يۈگۈرۈپ سورۇنغا چۈشۈپ.

— سەنمۇ تەلپىكىڭنى ئېلىۋەت، ئىككىڭدىن قايسىڭ بەكرەك تاز، كۆرۈپ باقاي.

بارات تاز دەرھال تۇمىقىنى ئېلىۋەتتى. ئۇنىڭ بېشىنىمۇ گەدىنىگىچە قوماق بېسىپ كەتكەنىدى.

— ئايرىۋالغىلى بولمىغۇدەك، — دېدى دوستمۇھەممەدخان كۈلۈپ، — بولدى، دەرھال تەلپەكلىرىڭنى كىيىشىۋېلىش. ھېلى بىكار ھاۋا ئۆزگىرىپ قالمىسۇن يەنە، — خان بارات تازغا قارىدى، — سەن ئورنۇڭغا قايت.

— خوش، — بارات تاز دەرھال سورۇندىن چىقىپ كەتتى.

— ئىسمىڭ نېمە؟ — سورىدى خان يېڭى قىزىقچىدىن.

— ئانھەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي، ئىسمىم قادىر تاز.

— خوش، قېنى ماھارىتىڭنى كۆرسەت. مېنى قانغۇچە كۈلدۈرەلىسەڭ ئىنئام بېرىمەن، كۈلدۈرەلمىسەڭ ئاۋۇ تاز بېشىڭنى كېسىۋالىمەن.

— بۇ بېشىم ئالىيلىرىغا يارىغان بولسا، ھازىرلا بېرىشكە تەييارمەن، — دېدى قادىر تاز كۈلۈپ، — چۈنكى، مېنىڭ بۇ بېشىمنى ئۆكلەش ھاجەتسىز، ئالىيلىرى.

قىزىقچىنىڭ تەمتىرىمەيلا بەرگەن جاۋابى دوستمۇھەممەدخاننى كۈلدۈرۈۋەتتى. خاننىڭ كۈلكىسىگە باشقا ئەمىرلەرمۇ جور بولۇشتى.

— كەمىنە قۇللىرى زورلۇقتا ئۇچرىغان تۈل خوتۇننىڭ شەرئى مەھكىمىگە ئەرز قىلغىنىنى بايان قىلىپ بېرەي. ھېلىقى ئەرزخور ئايالمۇ، قازىمۇ كېكەچكەن، باشلىدىم ئەمىسە ھە...

قادىر تاز ھەقىقەتەن ماھارەتلىك ئىدى. ئۇ ئەرزخور ئايالنىڭ ئاۋازىنى ئايالچە، قازىنىڭ ئاۋازىنى ياشانغان ئەرلەرنىڭ ئاۋازىچە چىقىرىپ سۆزلەيتتى. سۆزلىرىگە ھەرىكەتلىرى، چىراي ئىپادىلىرى تولىمۇ ماسلاشقانىدى. سۇلتان دوستمۇھەممەدخان كۈلۈپ تېلىقىپ قالغانىدى. شۇ تاپتا قىزىقچى تۈل ئايالنىڭ باسقۇنچىلىققا ئۇچراش جەريانىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئىنچىكە چىقىرىپ بىردە ئىڭراپ، بىردە ئاھ ئۇرۇشلىرى، تولغىنىشلىرى، لەۋلىرىنى چىشلەشلىرى، ئىنجىقلاشلىرى... بۇ قىزىقچىلىقلار ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ كەتكەن سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ شەھۋانىي ھەۋىسىنى قوزغاپ قويغانىدى. دەل شۇ چاغدا ئايال كىشىنىڭ خۇددى كاككۇكتەك يېقىملىق كۈلگەن ئاۋازى سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ دىققىتىنى تارتتى، ئۇ بېشىنى شارتتىدە بۇراپ كۈلكە ئاڭلانغان تەرەپكە قارىدى. باغ بىلەن ھەرەمنى ئايرىپ تۇرىدىغان ئېگىز تامنىڭ ئۈستىدە پۈزۈر كىيىنگەن بىر جۇۋان بەش ـ ئالتە كېنىزەكنىڭ ھەمراھلىقىدا قىزىقچىلىق كۆرۈۋاتقان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئاشۇنداق قاتتىق كۈلۈپ كەتكەنىدى. مەشرەپ سورۇنى بىلەن ھەرەم تېمىنىڭ ئارىلىقى خېلىلا يېقىن ئىدى. جۇۋان دوستمۇھەممەدخاننىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قايرىۋەتكەن نېپىز تور چۈمبىلىنى دەرھال سېلىۋالدى. لېكىن دوستمۇھەممەدخان ئۇنىڭ چىرايىنى ئاللىقاچان كۆرۈپ ئۈلگۈرگەنىدى.

«كىمدۇ بۇ، ھەرەمدە مۇشۇنداق بىر پەرى تۇرسا ئەجەب ھازىرغىچە كۆرمەي قاپتىمىنا؟ ياكى بولمىسا خانىش ـ ئايىملارنى

يوقلاپ كەلگەن بىرەر ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ ئاغىچىسىمىدۇ يا؟ ئۇنداق بولسا نېمىشقا ئۆزى يالغۇز ھەرەمنىڭ تېمىغا چىقىپ تاماشا كۆرىدۇ؟ ... چوقۇم ھەرەم ئەھلىدىن ئوخشايدۇ، ئەمىسە نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن ھازىرغىچە ئۇچراشمىدىم؟ ھەرىمىمدىكى ئايال زاتىنىڭ مەن بىلەن ئۇچراشمىغىنى يوق ئىدىغۇ؟ خەپ ھەرەمئاغىسى، مۇشۇنداق بىر گۈزەلنى مەندىن يوشۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن ئەدىپىڭنى بەرمەيدىغان بولسام. پاھ، نېمانچە چىرايلىق جۇۋان بۇ؟! ئاۋازىنىڭ يېقىملىقلىقىنى دېمەمدىغان تېخى. بۇگۈن كەيپىم نېمانچە چاغكىن دېسەم، ئەسلىدە يېڭى بىر گۈزەلدە رىزقىم بار ئىكەن ـ دە...»

ئۇ خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ، ھەر بىر بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆزىنى ئۇزمەي ئولتۇرغان مۇراسىم بېگىنى يېنىغا شەرەتلىدى.

ــ ئاۋۇ ھەرەم تېمىنىڭ ئۈستىدە تاماشا كۆرۈۋاتقان مەزلۇمنى كۆردىلىمۇ؟ كىملىكىنى دەرھال ئۇقۇشۇپ كەلسۇنلار.

ــ باش ئۈستىگە.

سۇلتان دوستمۇھەممەدخانغا ئەمدى قادىر تازنىڭ قىزىقچىلىقى ئانچە تېتىمىدى. پات ـ پات تام ئۈستىدىكى يۈزىنى چۈمبەل بىلەن ئورىۋالغان گۈزەلگە قاراپ قويااتتى. ۋۇجۇدىنى ئاللىقانداق شېرىن خىياللار چۇلغىۋالغانىدى.

ھايال ئۆتمەي قايتىپ كەلگەن مۇراسىم بېگى خاننىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى:

ــ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، تام ئۈستىدە ئولتۇرغان ئۇل مەزلۇمە جەننەتماكان پەدەرۇ بۇزرۇكلىرى سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرىنىڭ ھەرىمىدىكى غۇنچىچەلەردىن بولۇپ، ئىسمى رازىيە خېنىم ئىكەن، ئۆگەي ئانىلىرىنى تونۇيالماي قاپتىلا ئالىيلىرى. مەن ئۇنى...

خاننىڭ تولىمۇ خۇش كەيپ ئولتۇرغىنىنى كۆرگەن مۇراسىم بېگى ئاخىرقى گەپنى چاقچاق ھېسابىدا قوشۇپ قويغانىدى.

لېكىن گېپى ئاخىرلاشمايلا دوستمۇھەممەدخان ئۇنىڭ ئاغزىغا چاڭگىلدە بىر تەستەك سېلىۋەتتى. ئۆزىدىن نېمە سەۋەبلىك ئۆتە كەنلىكىنى بىلەلمىگەن مۇراسىم بېگى ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە لاغ ـ لاغ تىترىدى. ئادەتتە سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئەمىرلىرى بىلەن تولىمۇ ھاياسىز چاقچاقلارنى قىلىشاتتى. ئۆزىگە يۈز ـ خاتىر قىلماي چاقچاق قىلىشقا پېتىنغان ئەمىرلەرنى ئالاھىدە ماختايتتى، چاقچاق سەۋەبىدىن قىلىنغان ھەرقانداق ھاياسىزلىققا يول قوياتتى. شۇ سەۋەبتىن مۇراسىم بېگى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىشقا پېتىنغانىدى.

بىر كۈلكىسى بىلەنلا يۈرىكىگە ئىشق ئوتىنى تۇتاشتۇرغان تام ئۈستىدىكى گۈزەلنىڭ ئۆگەي ئانىسى ـــ مەرھۇم دادىسىنىڭ توقال خانىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ كەيپى ئۇچقان دوستمۇھەممەدخان ئاچچىقىنى مۇراسىم ئەمىرىدىن ئالغانىدى.

ـــ يوقىلىش، ھەممىڭ يوقىلىش!

كۈلۈپ ئولتۇرغان خانىنىڭ تۇيۇقسىز غەزەپلەنگىنىنى كۆرگەن ئەمىرلەر ھازىرلا جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك ۋەھىمىگە چۈشۈپ دۈررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ـ دە، ئېگىلىپ سالام بېرىشكىنىچە ئارقىلىرىغا يېنىشتى.

سۇلتان دوستمۇھەممەدخانىنىڭ يۈرىكىدە ئوت كۆيۈۋاتاتتى، ئوت يۈرىكىنىلا ئەمەس، پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى ئۆرتەۋاتاتتى. ئۇ تام ئۈستىگە تەشنالىق بىلەن يەنە قارىدى، بىراق ھەرەم تېمىنىڭ ئۈستى بوش ئىدى. خانىنىڭ تۇيۇقسىز غەزەپلەنگىنىنى كۆرگەن رازىيە خېنىم كېنىزەكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ پەم بىلەن كېتىپ قالغانىدى. سۇلتان دوستمۇھەممەدخانغا رازىيە خېنىم تام ئۈستىدىنلا ئەمەس، بۇ دۇنيادىن پۈتۈنلەي غايىب بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئون تۆت ـ ئون بەش يېشىدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە نۇرغۇن ئاياللار بىلەن كۆڭلىنى ئېچىپ كەلگەن سۇلتان دوستمۇھەممەدخان شۇ دەقىقىدە تۇنجى قېتىم ئاشىقلىق ئازابىنىڭ تەمىنى تېتىۋاتاتتى، ئۆزىنى چۆلدە قالغاندەك سېزەتتى.

«خۇدايىم توۋا، نېمە ئىش، نېمە قىسمەت بۇ؟ قاراپ تۇرۇپلا ئۆگەي ئانامغا ئاشىق بولۇپ قالدىممۇ ئەمدى؟ ئۇ راستىنلا مەر-ھۇم خان ئاتامنىڭ ھەرىمىدىكى توقاللاردىنمىدۇر؟ بەلكىم ئاتام-نىڭ ئۇنىڭ ھەرىمىگە كىرىشكە چولىسى تەگمىگەن بولغىيت-تى...»

ئۇ ئۆزىگە تەسەللىي بېرىش ئۈچۈن ئويلاپ تاپقان بۇ باھانى-سىگە يەنە ئۆزى ئىشەنمىدى. چۈنكى، بۇنداق گۈزەل پەرىنىڭ دادىسىنىڭ نەزەرىگە چۈشمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئىشق ئوتىدا چاڭقاۋاتاتتى، خۇددى چۆلدە قالغاندەك.

ـــ شاراب! چىلىم!

ئۇنىڭ خاس شارابچىسى بىلەن چىلىمچىسى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى.

ئۇ يۈرىكىگە تۇيۇقسىز تۇتاشقان ئىشق ئوتىنى پەسەيتمەكچى بولغاندەك سەيخانىسىغا چوغ تاشلانغان چىلىمنى قاتتىق ـ قاتتىق شورىدى. نەشە ئۇنىڭ يۈرەك ئازابىنى پەسلىتەلمىدى. ئۇ بارغاند-سېرى ئۇسساپ كەتتى، شارابنى گۈپۈلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى.

※ ※ ※

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئاشۇ تەرىقىدە بىر ھەپتىگىچە ئۆزى يالغۇز شاراب ئىچتى، چىلىم چەكتى، ئوردىدىكى ئەمىرلەر-دىن ھېچقايسىنى ئۇلپەت قىلمىدى، ھەتتا ھەرىمىدىكى خانىش ـ غۇنچىچەلىرىنىمۇ ئىبسىدىن چىقاردى. ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆ-گەي ئانىسى رازىيە خېنىمنى ئۇنتۇيالمايۋاتاتتى. كۆز ئالدىدىن رازىيە خېنىمنىڭ گۈزەل جامالى، قولاق تۈۋىدىن كاككۇكتەك يې-قىملىق كۈلكىسى نېرى كەتمەيتتى. ئۇ، بۇ ئاشىقلىق ئازابىغا ئا-خىرى بەرداشلىق بېرەلمىدى، دىن پېشۋالىرىدىن پەتىۋا سوراش قارارىغا كەلدى.

«.... خان ئاتامنىڭ قازا قىلىپ كەتكىنىگە ئالتە يىل بولاي

www.uyghurkitap.com

دەپ قالدى. قائىدە بويىچە خانىش ـ توقاللىرى ياتلىق بولۇپ كەتسە بولۇۋېرەتتى. خانىش ئانام مەندىن رەنجىپ تورپانغا كەتكەندىن بېرى ئاتامنىڭ ھەرىمىگە ئاياغ باسمىغان ئىدىم. ئۇلار نېمىشقا ھەرەمدىن كەتمىگەن بولغىيتتى...»

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئاتىسىنىڭ خانىش ـ توقاللىرىغا ھەرەمدىن كېتىشكە ئىجازەت بەرمىگىنىنى ئۇنتۇپ كەتكەندى. سۇلتان ئىسان بۇغاخان قازا قىلىپ ئالتە ئاي ئۆتكەندە، بىر قىسىم پېشقەدەم ئەمىرلەر ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ توقال، غۇنچىچەلىرىنى ھەرەمدىن چىقىپ كېتىشكە يول قويۇش، مۇمكىن بولسا ئەمىر ـ بەگلەرگە نىكاھلاپ بېرىش تەكلىپىنى بەرگەن، لېكىن ئۇ قوپاللىق بىلەن رەت قىلىۋەتكەنىدى. كېيىنچە ئەمىرلەر ئۇنىڭدىن قورقۇپ بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىدى. دادىسىنىڭ توقال ـ غۇنچىچەلىرى بولسا ئۇنىڭغا بۇنداق تەلەپنى قويالمىدى.

«...رازىيە خېنىم بىلەن نىكاھلىنىشىمغا شەرىئەتتىن بىرەر يول چىقىپ قالارمۇ؟ شەرىئەتنىڭ پۈتنقى تولا دەيدىغان گەپ بار. ئۆلىمالارنىڭ سەمىگە سېلىپ باقاي، بەلكىم بىرەر يول تېپىلىپ قالار. ئاھ خۇدا، رازىيە خېنىمنىڭ ۋىسالىغا يېتىشكە ئۆزۈڭ يول كۆرسەتكەيسەن...»

كاللىسىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بۇ خىيال سۇلتان دوستمۇھەممەدخانغا قايتىدىن ئۈمىد بېغىشلىغانىدى.

※ ※ ※

بۈگۈن سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئادىتىگە خىلاپ ھالدا شاھنىشىندىكى قوبۇلغا تولىمۇ سەھەر چىقتى. ئادەتتە ئۇ قوبۇلغا ھەپتىدە بىر قېتىم، كۆپ بولسا ئاران ئىككى قېتىم چىقاتتى، چىققاندىمۇ بۇنچە سەھەر چىقمۇالمايتتى. ئۇنىڭ قوبۇل قىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشقان ئەمىرلەرنىڭ قورساقلىرى ئېچىپ كوركىراپ كېتەتتى. شۇنداقتىمۇ چىداپ ساقلاشقا مەجبۇر بولاتتى. كۈن

چۈشتىن قىيىلغاندا شاھىنشىندا يا سۇلتان دوستمۇھەممەدخان
پەيدا بولاتتى ياكى ئۇنىڭ بۇگۈنكى قوبۇلنى ئەمەلدىن قالدۇرغان-
لىقى ھەققىدىكى پەرمانى يېتىپ كېلەتتى. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا
شۇنچە ئۇزاق ساقلاپ ئولتۇرۇشقان ئەمىرلەر خاننىڭ ئۆزىنى ئە-
مەس، پەرمانىنى كۆرەتتى. پەرمان كەلمىگۇچە ھېچكىم ئۆز ئىخ-
تىيارىچە شاھىنشىندىن ئايرىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. چۈنكى،
ناۋادا خان قوبۇلغا چىقىپ قالسا، سىرتقا چىقىپ كەتكەنلەرنى
سالامغا كەلمىگەن قاتارىدا قاتتىق جازالايتتى. شۇڭا، كېيىنكى
ۋاقىتلاردا پۇختىراق ئەمىرلەر قويۇنلىرىغا بىرەر توغرام قاتلىما،
ياغ توقاچ ياكى ئىككى ـ ئۈچ دانە سامسا، پىششىق تۇخۇم، ياڭاق
مېغىزى، قۇرۇق ئۈزۈم دېگەندەك نەرسىلەرنى سېلىپ كېلىدىغان،
قورساقلىرى ئېچىپ كەتسە خاننى ساقلىغاچ، ئاشۇ نەرسىلەر بى-
لەن قورساقلىرىنى گوللاپ تۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى.
خاننىڭ شاھىنشىنغا بۇنچە سەھەر چىققىنىنى كۆرگەن ئە-
مىرلەر ئالمان ـ تالمان ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ سالام بەجا كەلتۈ-
رۈشكەندىن كېيىن، ھەيرانلىقىنى، ئەجەبلىنىشلىرىنى يوشۇرماي
بىر ـ بىرىگە پەم بىلەن قارىشىۋالدى. خاننىڭ بۇنچە سەھەر قو-
بۇلغا چىقىشىدىكى مۇددىئاسىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ھەممى-
سىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇلار خاندىن خۇددى
ئەزرائىلدىن قورققاندەك قورقۇشاتتى. ئۆزىنى كۆرۈش تۈگۈل،
ئىسمىنى ئاڭلاپ بولغۇچىمۇ خۇددى بىر بالا ـ قازانىڭ شەپىسىنى
سەزگەندەك چۆچۈشەتتى.
بۈگۈن تەختتە مەغرۇر ئولتۇرغان سۇلتان دوستمۇھەممەد-
خاننىڭ چىرايى باشقىچە يېقىملىق تۈس ئالغانىدى. ھارغىن، ئۈي-
قۇسىراپ كەتكەن كۆزلىرىدە ئاز نامايان بولىدىغان مېھىر، مۇلا-
يىملىق بالقىيتتى. ئۇنىڭ چىرايىغا يوشۇرۇنچە نەزەر سالغان ئە-
مىرلەرگە بۇ ھال تېخىمۇ غەلىتە تۇيۇلماقتا ئىدى.
ئەمىرلەر ۋەھىمە ـ تەشۋىشلىرىنى بېسىشقا تىرىشىپ قول
باغلاشقىنىچە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ــ جانابى ئەمىرلەرگە ئىجازەت. جاي ئالسۇنلار، ــ دېدى دوستمۇھەممەدخان تۈزۈت بىلەن سۆزلەپ.

ئادەتتە ئۇ كەمدىن ـ كەم قوبۇلغا چىققىنى بىلەن سالامدىن كېيىنلا شاھنىشىندىن چىقىپ كېتىشكە ئالدىرايتتى. ئەمىرلەر تەييارلاپ كەلگەن ھەرخىل ئالاقە، مەلۇماتلارنى خالىسا بەزمە ـ شاراب سورۇنلىرىدا قوبۇل قىلىپ ئاڭلايتتى، بولمىسا بېسىلىپ قالاتتى.

خاننىڭ ئولتۇرۇشقا بۇيرۇغىنى ئەمىرلەرگە غەلىتە تۇيۇلسا، ئاۋازىنىڭ تولىمۇ سىپايە، تۈزۈتلۈك چىققىنى يەنە غەلىتە تۇيۇلماقتا ئىدى. ئۇلار مەرتىۋە دەرىجىسى بويىچە ئورۇن ئېلىشقاچ بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋالدى.

ــ شەيخۇلئىسلام مەۋلانە كامالىددىن!

خاننىڭ ئىسمىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى بىلگەن مەۋلانە كامالىددىننىڭ ۋۇجۇدىنى سۈر باستى، كۆڭلىگە تەشۋىش چۈشتى. شۇنداقتىمۇ دەس ئورنىدىن تۇردى.

ــ خوش، قۇدرەتلىك پاناھگاھىم!

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان قۇللۇق بىلدۈرۈپ تۇرغان شەيخۇلئىسلامغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى دىلغۇللۇق چۇلغىۋالغانىدى. ئۇ شەيخۇلئىسلامنىڭ كۆڭۈل خاھىشلىرىغا مۇشۇنداق قۇللۇق بىلدۈرۈپ تۇرۇپ پەتىۋا بېرىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ بۇ چاغقىچە بىرەر ئەمىرنىڭ ئالدىدا بۇنچىلىك ئارىسالدى بولۇپ باقمىغانىدى. ئۇ ئاخىر قەتئىي نىيەتكە كەلدى.

ــ بىراۋ تۇل قالغان قوماسىغا ئاشىقى بىقارار بولۇپ، ۋەسلىگە يەتمەكچى بولسا، بۇنىڭغا شەرىئەتتە نىكاھ راۋامۇ؟ پەتىۋا بەرسۇنلار.

سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ مەرھۇم دادىسى سۇلتان ئەسان بۇغاخاننىڭ توقال خانىشى ــ ئۆگەي ئانىسى رازىيە خېنىمغا كۆيۈپ قالغانلىقى ھەققىدە بىر ھەپتىدىن بېرى ئوردىدا

مىش ـ مىش گەپ پەيدا بولۇپ قالغانىدى. ئەلۋەتتە بۇ گەپلەر شەيخۇلئىسلام مەۋلانە كامالىددىننىڭمۇ قۇلىقىغا يەتكەن، لېكىن ئىشەنمىگەنىدى. ھازىر خاننىڭ پەتىۋا تەلەپ قىلىپ سورىغان سوئالىنى ئاڭلاپ ۋۇجۇدىغا قايتىدىن ۋەھىمە ئولاشتى. ھەئە، سۇلتان دوستمۇھەممەدخان بىر ئىشقا ئالدىراپ پەتىۋا سورىمايتتى، سوراپ قالسا پەتىۋانى ئۆزىنىڭ مۇددىئاسى بويىچە چىقىرىشقا مەجبۇرلايتتى. مەرھۇم شەيخۇلئىسلام مەۋلانە تاجىددىننىڭ ئورنىغا شەيخۇلئىسلام بولغان مەۋلانە كامالىددىن خاننىڭ بۇ خۇيىنى ئوبدان بىلەتتى . ئۇ بىرقانچە ئورۇنسىز ئىشقا خاننىڭ خاھىشى بويىچە پەتىۋا چىقىرىپ بەرگىنى ئۈچۈن ھازىرغىچە ئۆزىنى گۇناھكار سانايتتى، خۇدادىن توختىماي گۇناھىنى تىلەيتتى، ۋىجدان ئازابى تارتىپ كېلىۋاتاتتى. ھەئە، ئۇ شەيخۇلئىسلاملىق مەرتىۋىسىدىن ئىستېپا بېرىش نىيىتىگىمۇ كەلدى، لېكىن ئاغزىدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. چۈنكى، سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئوردىدىن قاچقان ئەمىرلەرنى تۇتۇپ ئەكەلدۈرۈپ، ئىستېپا سورىغانلارنى جازالاپ يۈرەكئالدى قىلىۋەتكەنىدى.

مەۋلانە كامالىددىن سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ ئۈمىد بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىدىن كۆزىنى ئەپقېچىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— بۇنداق ئىشقا شەرئەتتە پەتىۋا يوق ئالىيلىرى. بۇنىڭغا پەتىۋا بېرىش ئەمەس، پەتىۋا سوراشمۇ گۇناھتۇر.

شاھنىشىننىڭ ئىچىنى ئېغىر سۈكۈنات قاپلىدى. شەيخۇلئىسلامنىڭ جاۋابىدىن ۋەھىمىگە چۈشكەن ئەمىرلەرنى سوغۇق تەر باستى. ئۇلار باشلىرىنى تونلىرىنىڭ ياقىسى ئىچىگە تىقىشقا ئۇرۇنۇپ كىرپىدەك تۈگۈلۈۋېلىشتى.

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان مەۋلانە كامالىددىنغا دەھشەت سېلىپ چەكچەيدى. شاھنىشىننىڭ ئىچىدە دوزاخ ئوتى كۆيۈشكە باشلىدى.

— دەللىل ـ ئىسپات كەلتۈرسۇنلار!

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى تور بېكىتى
كىتاب ئۇيغۇر بېكىتى

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان غەزىپىنى زورىغا بېسىۋالغاندەك قىلاتتى.

جاۋاب بەرمەي قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن مەۋلانە كامالىددىن ئالدىقاندىن بىر غەيرەتنىڭ تۈرتكىسىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ قان تولغان كۆزلىرىگە دادىل قارىدى.

«خاننىڭ مەندىن دەلىل ـ ئىسپات تەلەپ قىلغىنى يالغان. ئۇنىڭغا قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىفتىن دەلىل ـ ئىسپات تېپىپ بەرسەممۇ بەرىبىر ئاڭلىمايدۇ. ئادەم ئەمەس، ھايۋان بالىسى جېنىدا ئۆز ئانىسىغا چېپىلمايدىغانلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلىدۇ، شۇنداق تۇرۇپ يالغان پەتىۋا بېرىشىمنى سوراۋاتىدۇ. كالاللامنى ئالسا ئالسۇن، بۇ ئىشقا ھەرگىز پەتىۋا بەرمەيمەن. دەلىل ـ ئىسپات كەلتۈرىمەن دەپ ئاغزىمنى ئۇپرىتىپمۇ يۈرمەي. خالىغىنىنى قىلسۇن...»

— دەلىل ـ ئىسپات كەلتۈرۈش ھاجەتسىز ئالىيلىرى. قۇمالىرىمۇ ئۆز ئانىلىرىغا ئوخشاشتۇر، ئۇنىڭ تېنى سىلى ئۈچۈن ھارامدۇر، ئالىيلىرىنى شەيتان ۋەسۋەسىگە سالغان ئوخشايدۇ، ئەڭ ياخشىسى بۇ نىيەتلىرىدىن تېزرەك يانغايلا.

— بىئەدەپ! — سۇلتان دوستمۇھەممەدخان تەختتىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، — نېمە ئۈچۈن دەلىل ـ ئىسپات كەلتۈرۈش ھاجەتسىز دەيسەن؟ پەتىۋا سوراۋاتقان بۇ ئىش دەلىل ـ ئىسپات كەلتۈرۈشكە ئەرزىمەمدۇ؟

مەۋلانە كامالىددىن كۆڭلىنى خېلىلا تۇختىتىۋالغاندى.

— يوقسۇ ئالىيلىرى، گېپىمنى خاتا چۈشىنىۋالمىسىلا. بۇ ئىشقا شەرىئەتتە راستىنىلا پەتىۋا يوق. سىلى ھازىر كەمىنىلىرىنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتىغا ئەمەس، مۇددىئالىرى ئۈچۈن كالامۇللادىن بىرەر ئايەتنى يۇلۇپ ئېلىپ، شەرھلەپلا پەتىۋا بېرىشىمگە موھتاج . ئەمما ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايمەن. پەرۋەردىگارىمىز: «ئاغزىڭلارغا كەلگەن يالغاننى سۆزلەش ئۈچۈن ھېچقانداق دەلىل-

سىز «بۇ ھالال، بۇ ھارام» دېمەڭلار، چۈنكى مۇنداقتا ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغان بولىسىلەر، ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغۇچىلار ھەقىقەتەن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ»① دېگەن. شۇڭا ئالىيلىرىغا زىنھار پەتىۋا ئويدۇرۇپ بېرەلمەيمەن. چۈنكى، ئۆگەي ئانىلىرى سىلى ئۈچۈن ھارامدۇر.

— ئۇنداقتا كالامۇللادىكى: «ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن ياراتتى»② دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ — دەپ سورىدى سۇلتان دوستمۇھەممەدخان مەۋلانىنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— سىلى بەقەر سۈرىسىنىڭ بىر قىسمىنىلا نەقىل كەلتۈرۈۋاتىدىلا ئالىيلىرى. ئۇنداق بولسا كەمىنىلىرى مۇشۇ بەقەر سۈرىسىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ بېرەي. بەقەر سۈرىسىدە يەنە : «ئى مۆمىنلەر، بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار ئاللاھقا — يەنى تەڭرىنىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىڭلار» دېگەن ئايەتمۇ بار. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، تەڭرى بۇ زېمىندا بەندىلىرىگە لازىملىق بولغان بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى، بارلىق مەئىشەتلەرنى ھازىرلاپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىش كېرەك. نۇرغۇن بەندىلەر نادانلىقى، تەرتىپسىزلىكى، ناشۈكۈرلۈكى سەۋەبلىك ئۆزىنىڭ تەڭرى ھەممە مەۋجۇداتنىڭ ئەڭ كاتتىسى قىلىپ ياراتقان ئادىمىلىك شان ـ شەرىپىگە، قەدىر ـ قىممىتىگە ھاقارەت كەلتۈرىدۇ، بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ. بىز ھەر بىر نەپەس ئۈچۈن تەڭرىگە شۈكرىگە قەرزدارمىز. بىراق ئىنسابسىز كىشىلەر شۈكرىنى ئۇنتۇپ ئەقلىنى، قابىلىيىتىنى بۇزۇق ئىشلار بىلەن نابۇت قىلىۋاتىدۇ. ناشۈكۈرلۈك، قانائەتسىزلىك ئىنساننى گۇمراھلىققا، ئاسىيلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ئادەمنى ئازدۇرغان گۇناھى ئۈچۈن ھەقتائالانىڭ جازاسىغا ئۇچرىغان ئىبلىس

① سۈرە «نەھل»، 116 ـ ئايەت.
② سۈرە «بەقەر»، 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئېيتتى: «پەرۋەردىگار، سەن مېنى گۇمراھ قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، ئادەم بالىلىرىغىمۇ گۇمراھلارنى چىرايلىق كۆرسىتىمەن». تەڭرى ئېيتتىكى: «بۇ مەن ساقلاشقا تېگىشلىك توغرا يولدۇر. بەندىلىرىمنى ئازدۇرۇشقا سېنىڭ كۈچۈڭ يەتمەيدۇ. پەقەت گۇمراھلاردىن ساڭا ئەگەشكەنلەرگىلا سېنىڭ كۈچۈڭ يېتىدۇ. شۈبھىسىزكى، دوزاخ ئىبلىس ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە ۋەدە قىلىنغان جايدۇر». دېمەك، تەڭرى ئادەمنى ئىبلىسنىڭ ئازغۇن يولىغا كىرمەسلىككە ئاگاھلاندۇرغان. نەپسىگە ھالاك بولغان، توغرا ـ خاتانى، ھالال ـ ھارامنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى يوق ئادەملەر گۇمراھلاردۇر ۋە ئازغۇنلاردۇر. ئۇلار ھەرقاچان ئىبلىسنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناش بىلەن ئاسىيلىق يولىغا قەدەم قويۇپ، ئاخىرىدا ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ. قۇدرەتلىك پاناھگاھىمدىن شۇنى ئۆتۈنىمەنكى، نەپسى خاھىشلىرىغا بويسۇنمىسىلا، قىمالىرىنى ئۆز ئانىلىرىدەك كۆرگەيلا ۋە ئۇنىڭ تېنىدىن ئەمەس، ئانىلىق مېھرىدىن ھۇزۇر سۈرگەيلا.

ـــ جالالات!

سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ ئاۋازى شاھنىشىن ئىچىدە قايتا ۋەھىمە پەيدا قىلدى.

ـــ ئېھ قۇدرەتلىك ئىگەم. سەلتەنەتىمىزنىڭ ئول ئەقىلسىز پاسىبانىغا ئىنساب، تەۋپىق ئاتا قىلغايسەن. ئۇنى ئىماندىن ئايرىۋەتمىگەيسەن....

مەۋلانە كامالىددىن ئەنە شۇنداق دۇئا قىلغىنىچە شاھنىشىنغا يۈگۈرۈپ كىرگەن جالالاتنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى.

※ ※ ※

شۇنداق قىلىپ سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ھەپتە ئىچىدە ئۆگەي ئانىسىنى نىكاھىغا ئېلىشقا پەتىۋا بەرمىگەن يەتتە ئۆلىمانىڭ كاللىسىنى ئالدى. ئەمدى ئوردىدا شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن

پەتىۋا سورىغۇدەك ئۆلىما قالمىغانىدى. ئەمىرلەر بولسا خان بۇ ئىشقا ئۆزلىرىنى ھۆكۈم چىقىرىشقا بۇيرۇيدىغاندەك ئەندىشىگە چۈشۈپ قالغانىدى.

— شەرىئەت ئىلمىدە كامالەتكە يەتكەن ئۆلىمادىن بىرنى تېپىپ كەلسۇنلار، — دېدى دوستمۇھەممەدخان بىر كۈنى ئەتىگەنلىك قوبۇلدا.

خاننىڭ بۇ پەرمانىنى مەخسۇس بىر كىمگە قارىتىپ دېمىگەنلىكىنى ھېس قىلغان ئەمىرلەر بىردىنلا تېپىرلاپ كېتىشتى. دېمەك، خان پەرمانىنى ھەممىسىگە تەڭ چۈشۈرگەن بولۇپ، كىملا بولمىسۇن بىرەرى پەرمانىنى ئورۇنلىشى شەرت ئىدى. بولمىسا ئەتىلا خالىغان بىرىنىڭ پەرمانىمنى بەجا كەلتۈرمەپسەن دەپ كاللىسىنى ئېلىشى مۇمكىن ئىدى.

— قىبلىگاھىمغا مەلۇم بولغاي، — دېدى ئەرز - شىكايەت دىۋانىنىڭ ئەمىرى ئايۇپ دادخاھ[1] قول باغلاپ.

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان قاپىقىنى تۈرۈپ ئېغىز ئاچتى:

— سۆزلىسۇنلار.

— يېقىندىن بېرى ئاستانىمىزدا مەۋلانە مۇھەممەد ئەتتار ئىسىملىك بىر دەرۋىش سىياق كىشى پەيدا بولۇپ قالدى. ئەلكۈن ئۇنى تەڭداشسىز ئالىم، پەرھىزكار دەپ تەرىپلىشىۋاتىدۇ. ياش ۋاقىتلىرىدا ھىرات، بۇخارا، باغداد... قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئىلىم دەرگاھلىرىدا ئىلىم تەھسىل قىلغانىمىش، ھەرقانداق قىيىن مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرەلەيمىش. كۆرمىگىنى، بىلمەيدىغىنى يوق ئىمىش. بەلكىم ئالىيلىرى پەتىۋا كۈتۈۋاتقان بۇ نازۇك مەسىلىگە ئاشۇ دەرۋىش جاۋاب بېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ كۆڭلىدە ئۈمىدىنىڭ ئاجىز شولىسى پەيدا بولدى. ئەسلىدە ئۇ ئۆلىمالاردىن پەتىۋا ئېلىش ئۈمىدىدىن ۋاز كېچىپ، ئوردا ئەمىرلىرىنى ھۆكۈم چىقىرىشقا

① دادخاھ — ئەرز - داد ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەرز - دادلىرىنى پادىشاھقا يەتكۈزىدىغان ئەمىر.

www.uyghurkitap.com
كىتاب يۇرتى

قىستاش قارارىغا كەلگەنىدى. ئايۇپ دادخاھنىڭ بۇ مەلۇماتى ئۇ-نىڭغا بىر خۇش خەۋەردىن بېشارەت كەلگەندەك تۇيغۇ بەردى.

ــ ئۇنداق بولسا دەرھال باشلاپ كەلسۇنلار.

ــ پاناھگاھىمىزغا مەلۇم بولغاي، ــ دېدى ئايۇپ دادخاھ تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، ــ ئول مەۋلانە مۇھەممەد ئەتتارنىڭ خۇي - مىجەزى تولىمۇ غەلىتە كىشىمىش، تەكلىپ قىلغان يەرگە ئاسانلىقچە بارماسمىش. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئول دەرۋىش ھەزرەتنىڭ ماكان - تۇرغان جايىنى بىلمەكمۇ تەس. كۆپىنچە مازايى ماشا-يىخلاردا يۈرەرمىش...

ــ پەرمان! ــ دېدى سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئايۇپ دادخاھنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەيلا، ــ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئول دەرۋىشنى دەرگاھىمىزغا ھازىر قىلسۇنلار!

※ ※ ※

ئۈچ كۈندىن بېرى پوتكۇل ئاقسۇ شەھىرىنى قېدىرىپمۇ دەرۋىش مەۋلانە مۇھەممەد ئەتتارنى تاپالمىغان ئايۇپ دادخاھنىڭ بۇرنىغا ئۆلۈم پۇراشقا باشلىغانىدى، ئۇ ئۆز ئاغزىدىن بالاغا قالغا-نىدى. ناۋادا دەرۋىشنى تاپالماي قالسا سۇلتان دوستمۇھەممەدخانغا كاللىسىنى تاپشۇرۇپ بەرمەي ئامالى يوق ئىدى. ئىشق سەۋداسىدا تېخىمۇ بەك تەلۋىلەشكەن خان ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن ياند-مايتتى.

كۈن ئاللىقاچان پېشىن ۋاقتىدىن ئۆتكەنىدى. قۇياشقا قاراپ خان بەلگىلەپ بەرگەن مۆھلەتنىڭ توشۇپ قالاي دەپ قالغانلىقىنى سەزگەن ئايۇپ دادخاھ دەرۋىشنى ئىزدەشتىن يالتايدى.

«بەلكىم مېنىڭ رىزقىممۇ مۇشۇنچىلىك ئوخشايدۇ. خۇدادىن قورقماي، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى كۆزگە ئىلماي ئۆگەي ئانىسى-نى خوتۇن قىلىمەن دەپ تۇرىۋالغان تەلۋە خانغا پەتىۋا چىقىرىپ بېرىش ئۇچۇن موللا، ئۆلىما ئىزدىگەن گۇناھىم ئۇچۇن ماڭا

ھەرقانداق جازا ئاز. بەلكىم بۇ ئىشىمنى پەرۋەردىگار قوبۇل كۆر-
مىگەن بولسا كېرەك. بولمىسا كۈندە نەچچە قېتىم ئۇچراپ تۇرد-
دىغان ئۇل ساياق دەرۋىش ئۈچ كۈندىن بېرى ئۇچرىماي قالاتتى-
مۇ، ئۈچ يۈز نۆكەر بىلەن ئاقسۇ شەھىرىنى خۇددى ئۆتكەمىدە
تاسقىغاندەك ئىزدەپ چىقتىم. يىڭنە ئىزدىگەن بولسامۇ ئاللىقا-
چان تېپىۋالاتتىم. ئەمدى ئوردىغا — خان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا
نېمىدەپ بارارمەن؟ دەرۋىشنى تاپالمىدىم دېسەملا خان ئالىيلىرى-
نىڭ ئاغزىغا «جاللات» دېگەن سۆز شۇ ھامان كېلىدۇ، قىلچىمۇ
سىلە ـ رەھىم قىلمايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆيۈمگە كېتىپ خاتۇن ـ
بالىلىرىمغا ۋەسىيەت قالدۇرۇۋالاي، تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكەت
شۈكۈر نامىزى ئوقۇۋالاي، ئاندىن بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەرمەن.
زىنھار ئوردىغا يېقىن يولىماڭلار، خاننىڭ خىزمىتىدە بولماڭلار
دەپ بالامدىن ـ بالامغا ۋەسىيەت قالدۇرمايدىغان بولسام خەپ. ئاھ
تەڭرىم، ئاجىز بەندىلىرىڭنى ئۇل زالىم، خۇنرىز خاننىڭ زۇلۇ-
مىدىن ئۆزۈڭ قۇتۇلدۇرغايسەن...»

كۆتۈرگۈسىز غەم، تۈگىمەس ھەسرەت ـ پۇشايمان، ئازابلار
بىلەن قەسىرگە قايتىپ كەلگەن ئايۇپ دادخاھ دەرۋازىدىن كى-
رىپلا تاشقىرىقى ھويلىسىدىكى پېشايۋاننىڭ سايىسىدا ئولتۇرغان
دەرۋىش مەۋلانە مۇھەممەد ئەتتارنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا
قالدى. شۇ ھامان ۋۇجۇدىنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغان ئۆلۈم ۋەھى-
مىسى تارقاپ قۇشتەك يەڭگىللىدى، دەرۋىشنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ
باردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مەۋلانە ھەزرەتلىرى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى دەرۋىش سالامنى ئىلىك
ئالغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، — دادخاھ بېگىمنىڭ دېرىكىمنى
قىلغىنىنى ئاڭلاپ ئۆزۈم دەرگاھلىرىغا كەلدىم.

ئايۇپ دادخاھنىڭ دەرۋىشنى دەرھاللا ئوردىغا ئېلىپ بارغۇ-
سى بولسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، بېشىنى تەۋازۇ بىلەن ئېگىپ
ھۆرمەت بىلدۈردى.

uyghurkitap.com

ــ خىزمەتكارلار مەۋلانە ھەزرىتىمنى تونۇماي پېشايۋان ئاستىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويغان ئوخشايدۇ. قېنى، سارايغا ئېلىپ قىلسىلا.

ــ رەھمەت، ــ دېدى دەرۋىش سىرلىق كۈلۈپ، ــ شول تاپنىڭ ئۆزىدە دادخاھ بېگىم مېنى سارايغا ئەمەس، ئوردىغا باشلاشقا بەكرەك ئالدىراۋاتىدىغۇ دەيمەن.

ئايۇپ دادخاھ ئوڭايسىزلانغان ھالدا قول باغلىدى، دەرۋىشتىن سىر يوشۇرالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ــ ھەزرەتلىرىدىن يوشۇرمايمەن، راستىنىلا كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىلا، تېخى بايىلا ھاياتىمدىن ئۈمىد ئۈزگەنىدىم، مانا ئەمدىلىكتە مېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋالىدىغان بولدىلا.

ــ ماڭا ئەمەس، ئاللاھقا تەسەننا ئېيتسىلا، سىلىنى ياراتقان قۇدرەت ئىگىسى قۇتۇلدۇرۇۋالدى. بۇمۇ جانابلىرىنىڭ دادخاھتا ئادالەت بىلەن ئولتۇرغانلىقلىرىنىڭ خاسىيىتى. بىر قېتىملىق ئادالەت ئاتمىش يىللىق ئىبادەتكە تەڭدۇر. شۇنى ئۇنتۇمىسىلاكى، سىلى بۇ بالاغا ئۆز ئاغزىلىرى بىلەن قالدىلا. ھەركىم دۇنيادا ئامان ـ ئېسەن ياشاي دېسە سۆزنى ئويلىنىپ قىلسۇن، زۆرۈرىيەت بولسا سۆزلىسۇن، بولمىسا جىملىقنى ئىختىيار قىلسۇن. كىشىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ھەرقانداق بالايىئاپەت تىلدىن كېلۇر. ئورۇنسىز سۆزلەشتىن، كىشىلەر سۆھبىتىگە خالىغانچە لوقما سېلىشتىن، نامۇۋاپىق ئىشلارغا ۋەدە قىلىشتىن، غەيۋەت ۋە بوھتان سۆزلەرنى قىلىشتىن كىشىنىڭ ئابرۇيى چۈشىدۇ، مانا سىلىگە ئوخشاش شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلىپ تۇرۇپ، خۇشامەت قىلىپ قالايمىقان سۆزلىسە بېشىغا بالا تېپىۋالىدۇ.

دەرۋىشنىڭ ھەممە ئىشلاردىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئايۇپ دادخاھ خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى.

ــ كالاملىرىنى ئېسىمدە مەھكەم ساقلايمەن ھەزرىتىم.

ــ قېنى باشلىسىلا، ئوردىغا كىرەيلى، ــ دېدى دەرۋىش دادخاھنى ئالدىرىتىپ.

ئايۇپ دادخاھ مېڭىشقا تەمشىلىپ بولۇپ، كاللىسىدىن ۋاللىدە كەچكەن بىر خىيالنىڭ تۈرتكىسىدە بىردىنلا توختاپ قالدى.

ــ ئالدىرىمىسىلا ھەزرىتىم.

ــ خوش؟ ــ دېدى دەرۋىش ئايۇپ دادخاھنىڭ كۆزىگە سوئال نەزەرى بىلەن قاراپ.

ــ ھەزرىتىمنى بىر ئىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ قويماقچىمەن. ئوردىدىكى ئىشلاردىن، ھەزرىتىمنى نېمىشقا ئىزدىگەنلىكىمدىن ئاز ـ تولا خەۋەردار ئوخشايدىلا. مەن بىلىمەن، خان ئالىيلىرى تەلەپ قىلغان ئول ئىشقا بەلكىم سىلىمۇ پەتىۋا چىقىرىپ بېرەل ـ مەسلىكلىرى مۇمكىن. خان ئالىيلىرى پەقەت پەتىۋا بېرىشنىلا تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، رەت قىلىشقا زىنھار ئورۇن يوق. شول سەۋەب ـ تىن ئوردىدا يەتتە ئۆلىمانىڭ كاللىسى ئېلىندى. سىلى بۇ ئىشقا پەتىۋا چىقىرىپ بېرەلىسىلە بارسىلا، بولمىسا بارمايلا قويسىلا.

ــ كەمىنىلىرىنى ئۈچ كۈندىن بېرى توختىماي ئىزدەپ، ئەمدىلىكتە ئالدىمنى توسۇغانلىرىنىڭ بائىسى نېمىكىن؟

ــ سەۋەب تولىمۇ ئاددىي، ــ دېدى ئايۇپ دادخاھ تەمكىنلىك بىلەن، ــ خان ئالىيلىرىنىڭ قىلىچى قانسىراپ تۇرۇۋاتىدۇ. پە ـ تىۋا بەرمىسىلە دەرھال كاللىلىرىنى ئالىدۇ. شۇڭا سىلىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆلۈمگە ئىتتەرسەم بولمايدۇ. بەلكىم خان ئالىيلىرىغا نە ـ سىھەت قىلىپ ئىمانغا، ئىنسابقا، ئادالەتكە ئۈندەشنى كۆڭۈللى ـ رىگە پۈككەنلا، شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن سۆزلەپ قايىل قىلىشنى نىيەت قىلغانلا. لېكىن بۇلار خان ئالىيلىرىغا ھەرگىز كار قىل ـ مايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە ئوردىغا ئۆزۈملا باراي، بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەرمەن. بەلكىم بۇگۈنكى ئۆلۈم نۆۋىتى مېنىڭدۇر.

مەۋلانە مۇھەممەد ئەتتار ئايۇپ دادخاھقا قايىللىق بىلەن نە ـ زەر تاشلىدى. سەمىمىيلىكىگە ئىچىدە بارىكاللا ئېيتتى.

ــ كارامەت ئىگىسى بولمىش قۇدرەتلىك ھەم يېگانە ئاللاھ ـ نىڭ مۆجىزىلىرىگە ئىشەنسۇنلار، ــ دېدى دەرۋىش ئاپئاق ساقى ـ

لىنى سىلاپ تۇرۇپ، ــ كۆرىدىغان كۈنىمىز، يەيدىغان رىزقىمىز تۈگىگەن، پەرۋەردىگارىمىز ئۆز دەرگاھىغا چاقىرىلغان بولسا، ئورىدىغا بارمىساقمۇ جان تەسلىم قىلىۋېرىمىز. ئەجىلىمىز توشمىغان بولسا ئاللاھ ئىگەمنىڭ ئىنايىتى بىلەن ھايات قېلىۋېرىمىز. بەندە مەھشەر كۈننى بىلمەيدۇ، قېنى يول باشلىسىلا.

ئىلاجسىز قالغان ئايۇپ دادخاھ دەرۋىشنى باشلاپ ئوردىغا كىردى. ئەتىگەندىن بېرى شاراب ئىچكەن سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئالتۇن دەستىسىگە گۆھەردىن كۆز قويۇلغان شەمشىرىنى تۇتقىنىچە ھازىرلا بىرسىنىڭ كاللىسىنى ئالىدىغان ئەلپازدا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئولتۇراتتى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خان ئالىيلىرىغا كەمىنە دەرۋىش مەۋلانە مۇھەممەد ئەتتاردىن ئېھتىرام بولغاي.

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان دەرۋىشنىڭ سالامىنى ئىلىك ئالمىدى. دەرۋىشنىڭ بېشىدىكى كۇلاسىغا، ئۈچىسىدىكى قوپال تىكىلگەن دەرۋىشلىك جەندىسىگە، بېلىگە ئېسىۋالغان كەشكۇل ـ قاپاقلىرىغا ۋە پۇتىدىكى قات ـ قات ياماق چۈشكەن چورۇقىغا ياراتمىغان ھالدا قاراپ قويدى.

ــ ئەي دەرۋىش، ــ دېدى ئۇ تەكەببۇرلۇق بىلەن، ــ سەندىن بىر ئىشقا پەتىۋا سورىماقچىمەن.

ــ قۇلىقىم ئۆزلىرىدە، ــ دېدى دەرۋىش قول باغلاپ.

ــ ئۆگەي ئانامنى نىكاھىمغا ئېلىشنى ئارزۇ قىلىمەن. راۋامىدۇر؟

دەرۋىش ئويلىنىپ تۇرمايلا جاۋاب بەردى:

ــ سىلىگە راۋادۇر ئالىيلىرى.

دەرۋىشنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ شاھىنشىندىكى ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى قۇلىقىغا ئىشەنمەيلا قېلىشتى. سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ چىرايىغا خۇددى ئاپتاپتەك كۈلكە پارلاپ چىققانىدى.

ــ دەرۋىشكە بىر پەتنۇس ئالتۇن ئىنئام قىلىڭلار.

دەرۋىش مەۋلانە مۇھەممەد ئەتتار ئىنئام ئالغان بىر پەتنۇس تىللانى دولىسىغا سېلىۋالغان خۇرجۇنىنىڭ ئىككى پېيىغا تەڭشەپ تۆكتى.

— باشقا ئىشىم بولمىسا، مەن ياناي ئالىيلىرى.

شۇ تاپتا ھەرەمگە، ئۆگەي ئانىسى رازىيە خېنىمنىڭ قۇچىقىغا ئالدىراپ قالغان سۇلتان دوستمۇھەممەدخان قولىنى سىلكىدى.

— ئىجازەت، باشقا ئەمىرلەرگىمۇ ئىجازەت!

— خان ئالىيلىرى ئامان بولغايلا!

ئەمىرلەر سالام بېرىشىپ شاھنىشىندىن چۇۋۇلۇپ چىقىشتى.

بۇ چاغدا سۇلتان دوستمۇھەممەدخان شاھنىشىننىڭ يان ئىشىكى بىلەن چىقىپ ئۇدۇل ھەرەمگە قاراپ يول ئالغانىدى. ئېغىر بىر غەمدىن قۇتۇلغان ئەمىرلەر بولسا مەۋلانە مۇھەممەد ئەتتارنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ زاڭلىق قىلىشماقتا ئىدى.

— دەرۋىش ھەزرىتىم، ئوردىدىن چىقىشقا نېمانچە ئالدىرايدىلا؟ خان ئالىيلىرى بىلەن ئۆگەي ئانىسىنىڭ نىكاھىنى ئوقۇپ قويغان بولسىلا، نىكاھ ھەققىگە يەنە بىر پەتنۇس ئالتۇن ئالاتتىلە ئەمەسمۇ؟

دەرۋىش ئەمىرلەرگە قاراپ خىرىلداپ كۈلدى:

— خان ئالىيلىرىغا نىكاھنىڭ ھاجىتى يوق.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى، نىكاھ مۇسۇلمانغا چۈشىدۇ، كۇپپارغا نىكاھ ئوقۇش راۋا ئەمەس.

ئەمىرلەر ئالاقزادە بولۇشۇپ ئەتراپىغا قاراشتى. دەرۋىشنىڭ تەپ تارتماي خاننى «كۇپپار» دەپ ھاقارەتلىشى ئۇلارنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتكەنىدى.

— مەۋلانە ھەزرەتلىرى، ئۆگەي ئانىسى ئۆگەي ئوغلىغا راۋا كېلىدۇ دەيدىغان پەتىۋا قايسى كىتابتا بار؟ دەلىلىنى كەلتۈرۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بەرگەن بولسىلا، بىلىپ قالغان بولساق.

دەرۋىش قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى.

ــ بۇنداق پەتىۋا ھېچقانداق كىتابتا يوق. ئۆگەي ئانا ئۆگەي ئوغۇلغا ھارامدۇر.

ــ ئەمىسە ئەجەب پەتىۋا بەردىلىغۇ؟

ــ ھەر بىرلىرىگە ئايان. خان ئالىيلىرى مۇشۇ ئىشقا پەتىۋا سوراپ يەتتە ئۆلىمانىڭ كاللىسىنى ئالدى. پەتىۋا بەرمىسەم مېنىمۇ ئۆلتۈرىدۇ. ئاللاھ ئىگەم بەرگەن جاننى، ياراتقان تەننى قۇتقۇزماق، مۇھاپىزەت قىلماق، ئاسرىماق ئەلۋەتتە ۋاجىپتۇر. بايا قاراپ باقسام خان ئالىيلىرى شاراب ئىچىپ مەست بولغانىكەن، شاراب ئىچكەن ئادەمدە ئەلۋەتتە ئىمان بولمايدۇ. بايا مەن ئۆگەي ئانىنىڭ ئۆگەي ئوغۇلغا نىكاھى راۋا ئىكەنلىكىگە پەتىۋا بەرمىدىم، «سىلىگە راۋادۇر» دېدىم. بۇنداق دېيىشىمنىڭ سەۋەبى شۇلكى، خان ئالىيلىرى ئۆگەي ئانىسىنى نىكاھىغا ئېلىشنى نىيەت قىلغان ئىكەن، مۇشۇ تۈپەيلى ئۇ ئاللىقاچان ئىماندىن ئاجرىدى دېگەن سۆز. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەندىن پەتىۋانى مەست ھالەتتە سورىدى. مۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا ئەلۋەتتە شەرىئەت ئەھكاملىرىدا يول يوق، مۇسۇلماندارچىلىققا خىلاپ. ئەمما نامۇسۇلمان ئۈچۈن ھالال بىلەن ھارامنىڭ، راۋا بىلەن ناراۋانىڭ پەرقى يوقتۇر. بۇنداق ئىشنى ھەتتا كۇپپارمۇ قىلمايدۇ.

دەرۋىشنىڭ سۆزلىرى ئەمىرلەرنى قايىل قىلغانىدى. شۇڭا ئۇلار قايتا ئېغىز ئېچىشمىدى.

ــ خۇرجۇنۇمدىكى خان ئالىيلىرى ئىنئام قىلغان مۇنۇ بىر پەتنۇس ئالتۇنغا كۆز قىزارتىشمىسىلا. بۇ تۇل خاتۇن، يېتىم ئوغۇللارنىڭ ھەققى.

دەرۋىشنىڭ بۇ سۆزلىرى ئەمىرلەرنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇلارنىڭ ئەس ـ يادى سۇلتان دوستمۇھەممەدخاندا قالغانىدى. ئۇلار دەرۋىشنىڭ ئورۇنلۇق چۈشەندۈرۈشلىرىگە قايىل بولۇشقا-

نىدى، بىراق خاننىڭ ئۆگەي ئانىسى بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇشنى پەقەتلا كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمەيۋاتاتتى. شۇ دەقىقىدە ئۇلار شەرىئەتتىن چىققان بۇ گۇمراھ خاننى چالما ـ كېسەك، تاشبوران قىلىپ ئۆلتۈرۈشنى ئويلايتتى، لېكىن بۇ خىيالنى ھېچكىم ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمايتتى.

※ ※ ※

ھەئە، دەرۋىشتىن پەتىۋا ئالغان سۇلتان دوستمۇھەممەدخان خۇشاللىقىنى باسالماي يەنە شاراب ئىچتى، ئاندىن مەست ھالەتتە مەھرەملىرىنى بۇيرۇپ ئۆگەي ئانىسىنى ئۆزىگە مەجبۇرىي نىكاھ قىلغۇزۇپ ھەرەمگە كىردى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ قۇدرەتلىك، بەختلىك سانىماقتا ئىدى.

... تۇيۇقسىز ئاتنىڭ دۈپۈرلىگەن تۇياق ئاۋازى سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننى ئويغىتىۋەتتى. قارىغۇدەك بولسا، بېشىدا دادىسى سۇلتان ئىسان بۇغاخان تۇم قارا ئاتقا مىنگىنىچە غەزەپ بىلەن قاراپ تۇرۇپتۇ، ئۆگەي ئانىسى بىلەن قىپيالىڭاچ ياتقان سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە تىپىرلىدى، يېپىنغان يوتقىنىنى ھەرقانچە ئىزدەشتۇرۇپمۇ تاپالمىدى.

ــ ئەي بەتبەخت! ــ دېدى سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن قولىنى شىلتىپ، ــ بىزنىڭ مۇسۇلماندارچىلىقىمىز يۈز يىلدىن بېرى، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى كۆچىيىپ كەلگەنىدى، سەن شەرىئەت ئەھكاملىرىغا خىلاپلىق قىلدىڭ. ئىسلامدىن يېنىپ كاپىر بولدۇڭ[1]، سەن توڭگۇزنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرمىسەم ئاللاھنىڭ ئالدىدا قارايۈز بولىمەن.

① «تارىخى رەشىدىي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى، 203 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

سۇلتان ئىسان بۇغاخان گېپىنى تۈگىتىپ، بوينىغا ئېـ-سىۋالغان يانى قولىغا ئالدى ـ دە، بىر تال ئوقنى ئېلىپ، ئوغلى-نىڭ يۈرىكىنى نىشانغا ئالدى.

قاتتىق ئۆلۈم دەھشىتىگە چۈشكەن سۇلتان دوستمۇھەم-مەدخان دادىسىغا يىلىنىپ گۇناھىنى تىلىمەكچى بولاتتى، لېكىن تىلى پەقەتلا گەپكە كەلمەيتتى.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئوغلىنىڭ بىچارە تۇرقىغا پەرۋا قىلماي كىرىچتىن ئوقنى قويۇۋەتتى. ۋىڭىلدە ئۇچۇپ كەلگەن ئوق ئۇنىڭ يۈرىكىگىلا قادالدى. ئۆلۈم قۇچىقىدا جان تالىشىۋاتقان سۇلتان دوستمۇھەممەدخان دادىسىنىڭ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ قازان كۆيىسىنى يۈزىگە سۈركەۋاتقانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلدى. ئۇ جان ئاچچىقىدا قاتتىق تىپىرلىدى...

ھەئە، ئۆگەي ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا پاراغەت ئۇيقۇسىدا ياتقان سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننى چۈشىدە قارا باسقانىدى. ئۇ بۇ يامان چۈشتىن قاتتىق بىر ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتى. خابگاھنىڭ ئىـ-چىنى تۆت تال شام غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ قىپقىزىل قانغا بويى-لىپ ياتقان رازىيە ئاغىچىنى كۆرۈپ يەنە بىر قېتىم چۆچۈدى.

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز يۈرگەن رازىيە خېنىم بۈگۈن كەچتە خاننىڭ چاقىرتقانلىقىنى ئاڭلاپ بىرئاز ھەيران بولدى. ئۆگەي ئوغلىنىڭ ئۆزىنى نىكاھىغا ئالماق-چى بولغانلىقىنى بىلىپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. ئۆگەي ئانا يالۋۇردى، يىلىندى، قارشىلىق كۆرسەتتى، نىكاھقا رازىلىق بەر-مىدى، ئەمما غەرق مەست بولۇپ كەتكەن سۇلتان دوستمۇھەم-مەدخاننىڭ ۋۇجۇدىنى قۇتراۋاتقان شەھۋەت تۇيغۇلىرى ئاللىقاچان ئەسىرگە ئېلىپ بولغانىدى. بىچارە ئايال خانغا تەڭ كېلەلمىدى. ئۇ ئۆزىنى خالىغانچە چەيلەپ ھېرىپ قالغان سۇلتان دوستمۇ-ھەممەدخاننىڭ ئۇخلاپ قالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئاستا ئورنى-

دىن تۇرۇپ ئۆزىنى بوغۇزلىۋالغانىدى.

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان خاراموشلۇق ئىلكىدە بايامقى يامان چۈشنى يەنە بىر قېتىم ئەسلىدى، تۇيۇقسىز پۇت ـ قولىدا ماغدۇر قاچقاندەك بولۇپ سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى، ئارقىدىن ئۇتتەك قىزىپ كەتتى، ئىشىك تۈۋىدىكى مەھرەملىرىنى تۇۋلىماقچى بولدى، لېكىن ئاۋازى بوغۇلۇپ پەقەتلا چىقمىدى، ئۇ تاڭ ئاتقۇچە ئەنە شۇنداق ياتتى.

سەھەردە خاننى غۇسلى قىلدۇرۇش ئۈچۈن سۇ تەييارلىغان مەھرەملەر خابگاھقا كىرىپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىشتى. بىھوش ياتقان خاننىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتىپ يۇرۇپ ئېسىگە كەلتۈردى.

سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئەنە ئاشۇنداق ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ قىزىپ، تىل ـ زۇۋاندىن قېلىپ ياتقىنىچە ئالتىنچى كۈنى جۇنۇپ پېتى قازا قىلدى. ئۇ ئەمدىلا يىگىرمە تۆت ياشقا كىرگەنىدى.

ـــ خان ئالىيلىرى قازا قىلدى!

جاكارچى بۇ مۇسىبەتتىن پۈتكۈل جاھاننى خەۋەرلەندۇرمەكچى بولغاندەك ئاۋۋال ئوردىدا، ئاندىن شەھەردە بار ئاۋازى بىلەن جار سېلىشقا باشلىدى. تازا زەن قويغان كىشى جاكارچىنىڭ ئەلگە مۇسىبەت ئېلان قىلىپ توۋلىغان ئاۋازىدىن قايغۇ ـ ھەسرەتتىن كۆرە، قانداقتۇر يوشۇرۇپ بولالماس بىر خۇشاللىق پارتلاپ چىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايتتى.

ـــ خان ئالىيلىرى قازا قىلدى!

بۇ جاكار كىشىلەرنىڭ قۇلىقىغا «بالايىئاپەت قازا قىلدى» دېگەندەك ئاڭلىناتتى.

خاننىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ دۇئاغا قول كۆتۈرگەن كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ بىر خىل خۇشاللىق جىلۋە قىلغاندەك قىلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى www.uyghurkitap.com

## 67

مىلادىيە 1468 ـ يىلى، كۈز.

سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ ۋاپاتى بىلەن يا كۈلۈشنى، يا يىغلىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالغان ئاقسۇ شەھىرىنى ئېغىر ۋەھىمە قاپلىغانىدى. باي ـ زەردارلار، سودىگەر ـ دۇكاندارلار، كۆلەملەشكەن ئۇستىخانىلارغا ئىگە ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار ئىش ـ ئوقەتلىرىنى ۋاقىتلىق توختاتقان بولۇپ، پەقەت ئۇششاق تىجارەتچىلەر، مەدىكارلارلا كۈندىلىك تۇرمۇش غېمىدە كوچا ـ رەستىلەردە تەمەگەرلىك بىلەن خېرىدار كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ھەر كۈنى كوچا ـ رەستىلەردە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئات چاپتۇرۇشۇپ، قامچا ـ دەررىلىرىنى پۇلاڭلاتقىنىچە ھەيۋە كۆرسىتىپ يۈرۈشىدىغان مىرشاپ ـ پاششاپلار، دورغا ـ باجگىرلارمۇ غايىب بولۇشقانىدى. ئىشىك ئالدى، مەھەللە دوقمۇشلىرىدا ئويناپ يۈرىدىغان غەمسىز باللارمۇ كۆزگە چېلىقمايتتى. پەقەت مەسچىتلەردە مەزىنلەرنىڭ كىشىلەرنى كۈندە بەش ۋاق نامازغا دەۋەت قىلىپ توۋلايدىغان ئەزان ئاۋازىلا ئۆزگەرمىگەنىدى. شەھەردە زىيادە تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرگەن بولغاچقىمۇ، ئەزان ئاۋازلىرى ئىلگىرىكىدىن جاراڭلىق ئاڭلىناتتى.

ھەئە، سۇلتان يۇنۇسخان بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ سان ـ ساناقسىز لەشكەرلەر بىلەن قەشقەردىن كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى ئاقسۇ شەھىرىگە يۈز كەتكەن، شۇ سەۋەبتىن شەھەرنى ۋەھىمە، تەشۋىش، سۈكۈت قاپلىغانىدى. ئەمىر ـ سەركەردىلەر جان قايغۇسىدا، باي ـ زەردارلار مال ـ دۇنيا قايغۇسىدا، ئاددىي ئاۋام بولسا ئۇرۇش، يىغلىق ۋەھىمىسىدە يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەنىدى.

دى. باي ـ زەردارلار ھەشەمەتلىك قەسىر ـ سارايلىرىنىڭ دەرۋا-
زىلىرىنى مەھكەم تاقاپ، ئالتۇن ـ كۈمۈش، مال ـ دۇنيالىرىنى
ئاللىقاياقلارغىدۇر يوشۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. سۇلتان دوست-
مۇھەممەدخاننىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرى بىلەن كارى بولمىغانلى-
قىدىن پايدىلىنىپ، يېنىنى چىڭداش بىلەن بولۇپ كەتكەن ئەمىر ـ
سەركەردىلەر بولسا خانزادە كېپەك سۇلتاننى تەختتە ئولتۇرغۇ-
زۇپ، ئۇنى جان تىكىپ قوغداش ياكى يۇنۇسخانغا بەيئەت قىلىش
ھەققىدە بىر قارارغا كېلەلمەي دەككە ـ دۈككىدە يۈرۈشەتتى.
كۆڭلىگە كەچكەن ئوي ـ خىياللىرىنى بىر ـ بىرىدىن يوشۇرۇ-
شۇپ، پايدا ـ زىياننى دەڭسەشەتتى، يا ئۆيىدە، يا ئوردىدا، يا لەش-
كەرگاھتا بىردەم خاتىرجەم ئولتۇرالمايتتى. ئەمدىلا ئالتە ـ يەتتە
ياشقا كىرگەن خانزادە كېپەك سۇلتان تولىمۇ گۆدەك ئىدى، تاجۇ
تەخت، سەلتەنەت ئىشلىرى ھەققىدە ھېچقانداق چۈشەنچىسى يوق
ئىدى. كۆڭلىرىنى ئەيش ـ ئىشرەت، بەزمە ـ باراۋەت بىلەن ئۆت-
كۈزگەن سۇلتان دوستمۇھەممەدخان بۇ تەخت ۋارىسىنى تەربىيە-
لەشكە پەقەتلا كۆڭۈل بۆلمىگەنىدى. ھەرەمدە كۈندە دېگۈدەك يەڭ-
گۈشلىنىپ تۇرىدىغان غۇنچىچە ـ توقاللارنىڭ ئارىسىدا كۈندەش-
لىك ئازابىنى يەتكىچە تارتقان بەختسىز خانىش دەرد ـ ھەسرەت
ئىلكىدە كېسەل بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭسىزمۇ سۇلتان دوستمۇ-
ھەممەدخان ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن بولۇپ، خانىشقا ئانچە ئېتىبار
قىلىپ كەتمىگەن، كۆيۈنمىگەنىدى. شۇ سەۋەبلىك خانىشنىڭ
ئوردا ئەمىرلىرىنىڭ ئالدىدا پەقەتلا ھۆرمىتى يوق ئىدى. ھەم
كېسەل، ھەم ھۆرمەت ـ ئابرۇيى يوق خانىشنىڭ، تەخت پاسىباز-
سىز قالغان مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئوردا ئەركانلىرىنى يىغىپ مۇھىم
قارار چىقارغۇچىلىكى يوق ئىدى.

ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ھاكىمى، قوشۇمچە شەھەر مۇھاپىزەت
قوشۇنىنىڭ ئەمىرى ئابدۇسەمى بەگ ئوردا ئەركانلىرىنى يىغىپ
كېڭەش قىلىپ باققانمۇ بولدى. ئۇنىڭ خانزادە كېپەك سۇلتاننى
تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ، سەلتەنەتنى جان تىكىپ قوغداش ھەققىدى-

كى مەسلىھەتكە تۇرپانلىق بىرقانچە ئەمىردىن باشقا ئەمىرلەر ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. ئۇلار ئىشەنچىنى يوقىتىشقانىدى. ئالتە ياشلىق خانزادىنى دەپ جېنىنى سېلىپ بېرىشنى خالىمىدى. ئوردىدا تۇرمىسىمۇ قەشقەردە تۇرۇپ لەشكىرىي دىۋانىنىڭ ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىدىن، قىرىق نەچچە يىلدىن بېرى بوشاشماي تەخت دەۋاسى قىلىپ كېلىۋاتقان يۇنۇسخاندىن ۋەھىمە يەيتتى. ئۇلار ئۈچۈن تەختتە كىمنىڭ ئولتۇرۇشى ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى، مۇھىمى ئوردىدىكى مەنسەپ ـ مەرتىۋىسى، قەسىر ـ سارايلىرىدىكى كۆپ ـ سانسىز دۇقلارغا قاچىلانغان ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرى، مال ـ دۇنيالىرى، پاراغەتلىك تۇرمۇشلىرى، ئىمتىيازلىرى ئىدى. ئۇلار سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ھاكىمىيىتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈشكەن، بىر ئاماللارنى قىلىپ پات يېقىندا تەختتە ئولتۇرۇشى مۇقەررەرلىشىپ قالغان سۇلتان يۇنۇسخان سەلتەنەتىدە ھوقۇق ـ ئىمتىيازلىرىنى ساقلاپ قېلىش كويىغا چۈشۈشكەنىدى.

كۆپ قىسىم ئەمىرلەرنىڭ يۈزسىزلىكىنى ھېس قىلغان ئابدۇسەمى بەگنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۈمىدسىزلىك چۇلغىۋالدى. ئۇنىڭ بەكرەك كۆچەشكە، بېشىنى تۆۋەن سېلىشقىنىچە پۈشۈلدىشىپ ئولتۇرغان ئەمىرلەرگە بېسىم ئىشلىتىشكە، پەرمان چۈشۈرۈشكە ئىمتىيازى يەتمەيتتى. چۈنكى، بۇ ئەمىرلەرنىڭ مەرتىۋىسى ئۆزىدىن يۇقىرى بولمىغان بىلەن قولىدا ئوردىنىڭ مۇھىم ھوقۇقلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ كۈچى پەقەت شەھەرنى مۇداپىئە قىلىدىغان قوشۇنغىلا يېتەتتى. ناۋادا لەشكىرىي دىۋانىنىڭ ئورۇنباسار ئەمىرى ئالتۇن ساقال مىرزا ئۇنى قوللىغان بولسا ئەھۋال باشقىچىرەك بولاتتى. ئەمما ئۇ گويا ئۇنىڭ تەشەببۇسلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك ئىپادىسىز ئولتۇراتتى، كالپۇكلىرى يىمىلىشىپ قالغاندەك پەقەتلا مىدىرلىمايتتى.

«تۇزكورلار، ئاسىيلار... قېنى ئۇلارنىڭ مەرھۇم خان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا ساداقەت بىلدۈرۈپ كۈندە نەچچە ۋاق تىللىرىنى

ئۈپرىتىشلىرى، خاننىڭ سايىسىنى كۆرسىمۇ قورقۇپ غال ـ غال تىترەشلىرى، مۇشۇ تۈزكورلۇقلىرىڭ ئۈچۈن ئىتنىڭ كۈنىنى كۆرۈشەرسەن ئىلاھىم! يۇنۇسخاننىڭ تەخت ـ سەلتەنەتتە قىلچە-لىك ھەققى يوق. تاجۇ تەخت خانزادە كېپەك سۇلتان ئالىيلىرى-نىڭ، يۇنۇسخان تۈركىستاندىكى نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلىشى كېرەك ئىدى. ئىنسابسىز يۇنۇسخان بىلەن تۈزكور مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا شول تاپتا ئاستانە بوسۇغىسىغا كېلەيلا دەپ قالدى. لەشكىرىي دىۋان ھەمدەمدە بولمىسا ئازغىنە ئاستانە مۇھاپىزەتچى-لەر قوشۇنى بىلەن كۈچلۈك ياۋغا تاقابىل تۇرالىشىم مۇمكىن ئە-مەس. قارامىلىق قىلسام ئاستانىنىلا ئەمەس، خانزادىنىڭ جېنىنى-مۇ ساقلاپ قالغىلى بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. كىم بىلىدۇ، بۇ تۈز-كورلار يۇنۇسخان بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا تۆھپە كۆرسى-تىش ئۈچۈن خانزادىنى تۇتۇپ بېرەمدۇ تېخى؟ شۇنداق، ئاسىي مۇناپىقلارنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ، ئېھتىيات قىلىش كې-رەك. بولۇپمۇ ئالتۇن ساقال مىرزىدىن. ئۇ دېگەن تۈزكور مۇھەم-مەد ھەيدەر مىرزىنىڭ يېقىنى...»

كېڭەشتىن روھى چۈشكەن ھالدا يېنىپ چىققان ئابدۇسەمى بەگ ئۆزى يالغۇز ئۇزاق خىيال سۈردى. ئۇ يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان غەم تاغلىرىنى كۆتۈرەلمىگەندەك قەدەملىرىنى تولىمۇ ئاستا يۆتكەيتتى. بايىلا كېڭەشتىن چۇۋۇلۇشۇپ چىققان ئەمىرلەر بىردەمدىلا يەر يۇتقاندەك غايىب بولۇشقانىدى.

«ئۇلار خانزادە بىلەن خانىش ئايىمنىڭ پېيىگە چۈشمىگەي-دۇ ـ ھە، خانىش ئايىمنىڭ ئالدىغا ئەھۋال سوراپ بېرىشى ھەر-گىز مۇمكىن ئەمەس...»

ئابدۇسەمى بەگ ئالدىراپ ـ تېنەپ ھەرەمگە قاراپ يول ئالدى.

ــ سىلى ئاشۇ تۈزكور ئەمىرلەردىن تېخىچىلا ئۈمىد كۈ-تۈۋاتامىلا جانابى ھېكىمبەگ؟ ــ دېدى ھەرەمئاغىسى قورساق كۆ-پۈكىنى چىقىرىۋالماقچى بولغاندەك سۆزلەپ، ــ بىر ھەپتىدىن بېرى ئۇلار خانزادىنىمۇ، خانىش ئايىمنىمۇ يوقلاپ ئۇنتۇپ كې-

تىشتى. ھېچ بولمىسا ھازىدارلاردىن ئەھۋال سوراپ تۇرۇش مۇ-سۇلماندارچىلىقىمىزنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى ئىدىغۇ. تېخى يۇ-نۇسخان ئاستانىگە قەدەم قويماي تۇرۇپلا ئۇل نائەھلىلەر خانزادى-دىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈدى. سالامغا كېلىشتىن ئېغىز ئاچماي تۇرايلى، ئاغىچىلىرىنى ئەۋەتىپ پاتىھە قىلىشقىمۇ يارىمىدى. خوش، كېڭەش قانداق بولدى؟

— كېڭەش قۇرۇسۇن، — دېدى ئابدۇسەمى بەگ غەزەپلىك پۇشۇلداپ، — بەزىدەك گۆشىيىپ تۇرۇشتى. ھېچبولمىغاندا خانزادىنى قائىدە بويىچە ئاتا تەختىدە ئولتۇرغۇزۇش كېرەك ئىدى. شۇ ئىشقىمۇ جىم تۇرۇۋېلىشتى.

— يۇنۇسخان بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا كەلسە مەنسەپ ـ مەرتىۋىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورققان گەپ. ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىلا؟

— چارىسىز مەن، — دېدى ئابدۇسەمى بەگ ئىلاجسىزلىقىنى بىلدۈرۈپ، — ئۆز ئالدىمغا ئىش تەۋرىتەي دېسەم خانزادە بەكمۇ كىچىك، سەلتەنەتكە باش بولغۇچىلىكى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە قو-لۇمدا تۈزۈك لەشكەر يوق. لەشكىرىي دىۋانىنىڭ ئورۇنباسارى ئال-تۇن ساقال مىرزا بىزگە ھەرگىزمۇ ھەمدەم بولمايدۇ.

— ئايغاقچىلاردىن خەۋەر بارمۇ، ئۇل يۇنۇسخان بىلەن مۇ-ھەممەد ھەيدەر مىرزا ھازىر نەگىراق كەپتۇ؟

— كېچىككەندىمۇ ئەتە كەچتە ئاستانە بوسۇغىسىغا كېلىپ بولۇشى مۇمكىن. شول تاپتا بېشىمنىڭ ئىچىمۇ ـ تېشىمۇ قاتتى دېسە.

— كۆڭۈللىرىگە پۈككەنلىرىنى ئاڭلاپ باققۇم بار.

— مېنىڭچە، خانزادە بىلەن خانىشنى ئېلىپ تۇرپانغا كې-تەيلىمىكىن دەيمەن.

— تۇرپاندا پۇت دەسسەپ تۇرالارمىزمۇ؟ — دېدى ھەرەمئا-غىسى دەرگۇمان بولغان ھالدا، — دېمەكچىمەنكى، تۇرپان ئەمد-رىنىڭ خانزادىنى قوللىشىغا ئىشەنچلىرى بارمۇ؟

— مىنىڭچە قوللايدۇ، باشقا بەگلەرنىڭمۇ ساداقىتى بار. بىر مەزگىل شۇ تەرەپتە پاناھلىنىپ تۇرايلى. يۇنۇسخانمۇ ئۇياندىن سەلتەنەتنى قولغا ئېلىپ، بۇياندىن تۇرپانغا لەشكەر تارتىپ يۈرمەس. ھېچبولمىغاندا خانزادىنىڭ تۇرپاندا پاناھلىنىشىغا ئىجازەت بېرەر. قالدى ئىشلارنى خانزادە چوڭ بولۇپ ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغاندا ئالدىرىماي كۈچ توپلاپ بىر ياقلىق قىلۇرمىز.

ھەرەمئاغىسى بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— شۇنداق قىلمايمۇ ئامال يوقتەك قىلىدۇ، — دېدى ئۇ ئۇھ تارتىپ.

ئابدۇسەمى بەگ ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

— ئەمىسە سىلى ھازىرلا خانىش ئايىم بىلەن خانزادىنى خەۋەرلەندۈرسىلە. لازىمەتلىكلىرىنى ئېلىپ تەييار بولۇپ تۇرسۇن. ئاللاھ خالىسا ئەتە بامدات بىلەن تاڭ يولغا چىقىمىز.

— خەزىنىنى ئۇل ئاسىيلارغا ئاشۇنداقلا تاشلاپ بېرىمىزمۇ جانابلىرى؟

— قايسى خەزىنىنى دەيدىلا؟ — دېدى ئابدۇسەمى بەگ ئىچى ئاچچىق بولغان ھالدا، — مەرھۇم خان ئالىيلىرى خەزىنىنى ئاللىقاچان قۇرۇقداپ بولغان، قۇرۇق خەزىنىنى سۆپۈرىمىز دەپ باشقىلارغا شەپە بېرىپ قويمايلى. ھەرەمدىكى ئات ـ مەپىلەرنى ئوبدان دىلخاھلىسىلا. يول ئۇزۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېز ماڭمىساق بولمايدۇ. مەن ئاستانە مۇھاپىزەت قوشۇنىنى تولۇق ئېلىپ ماڭىمەن.

※ ※ ※

ئەتىسى ئەتىگەندە ناشتا قىلىپ بولۇپ سىرتقا چىققان كىشىلەر ئاقسۇ شەھىرىنىڭ نە دەرۋازىسىدا، نە سېپىللىرىدا قاراۋۇللۇقتا تۇرغان بىرمۇ لەشكەرنىڭ يوقلۇقىنى، شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭ ھاڭغىرقاي ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قې-

لىشتى. ئۇردا ئەمىرلىرى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندا خانىش بى-
لەن خانزادىنى ئېلىپ تۇرپانغا قاراپ ماڭغان ئابدۇسەمى بەگ جى-
لىلا ئۇزاپ كەتكەنىدى.

ئالتۇن ساقال مىرزا قاتارلىق ئەمىر ـ سەركەردىلەر قىس-
قىلا مەسلىھەت قىلىشقاندىن كېيىن، يۇنۇسخانغا بولغان ساداق-
تىنى بىلدۇرۇش ئۇچۇن شەھەرنىڭ سىرتىغا ھەشەمەتلىك چېدىر
تىكىپ، نەچچە ئونلىغان داشلارغا مىڭلىغان كالا ـ قويلارنىڭ
گۆشلىرىنى سېلىپ، يۇنۇسخاننىڭ ئىستىقبالىغا چىقىشقا ھازىر-
لىق كۆرۈشتى.

ئاقسۇ شەھىرىگە ھەر ئېھتىمالغا قارشى جەڭ تەييارلىقى
بىلەن يېتىپ كەلگەن يۇنۇسخان بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا،
ئېھتىرام بىلەن قول باغلاپ تۇرغان ئۇردا ئەركانلىرىنىڭ سالامى-
نى تەۋازۇ بىلەن ئىلىك ئالدى.

ــ ئەمىر كەبىر ھەزرەتلىرىگە كىچىككىنە مەسلىھەتىمىز
بار ئىدى، ــ دېدى ئالتۇن ساقال مىرزا.

ــ خوش، ــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا.

ــ يۇنۇسخان ئالىيلىرىنى سەر چېدىرغا باشلاشتىن ئاۋۋال
ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزايلى دېيىشكەنىدۇق. قەشقەردە ئولتۇرۇپ
بولغان بولغىيمىدى دەپ...

ــ ئوبدان ئويلىشىپلا، ــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا
دەرھال جاۋاب بېرىپ، ــ سەلتەنەتنىڭ ئاستانىسى ئاقسۇدا تۇر-
سا، قانداقسىگە قەشقەردە ئاق كىگىزدە ئولتۇرغۇزغىلى بولسۇن؟

ــ ئۇنداقتا...

ــ دەرھال ئاق كىگىز تەييارلىسۇنلار. ھازىرلا ئولتۇرغۇزايلى.

ــ ئاق كىگىزنى ئاللىقاچان تەييارلاپ قويغان.

ــ جايىدا ئىش قىلىپلا.

ئەمىر ـ سەركەردىلەر تۈركىي قوۋملەرنىڭ قەدىمىي يوسۇنى
بويىچە يۇنۇسخاننى ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇشتى. بۇ يۇنۇسخاد-
نىڭ موغۇلىستان سەلتەنەتىگە رەسمىي سۇلتان بولغانلىقىنى

بىلدۈرەتتى.

ئەمىر ـ سەركەردىلەر ئاق كىگىزدە ئولتۇرغان يۇنۇسخانغا سەلتەنەت يوسۇنى بويىچە قايتىدىن سالام بەجا كەلتۈرۈشتى. ئاندىن شاھانە داستىخان سېلىپ غىزا تارتتى.

سۇلتان يۇنۇسخان شەھەر ھاكىمى ئابدۇسەمى بەگنىڭ ھەمرەئاغىسى بىلەن بىرلىشىپ خانىش بىلەن خانزادە كېپەك سۇلتاننى ئېلىپ تۇرپانغا كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا يۇنۇسخان بىلەن قىسقىلا مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن تۆۋەندىكىدەك پەرمان جاكارلىدى:

ـــ سەركەردە بۇيانقۇلى ئۈچ مىڭ لەشكەر بىلەن شەھەرگە كىرىپ، سېپىل ـ قوۋۇقلارغا ئورۇنلاشقاي. قالغان لەشكەرلەر شەھەر سىرتىدا پەرمان كۈتكەي. مىڭ بېگىدىن يۇقىرى ئەمىر ـ سەركەردىلەر خان ئالىيلىرى بىلەن بىللە ئوردىغا كىرگەي. جاكارچىلار ئەل ـ رەئىيەتكە ئامانلىق جاكارلىغاي. بارلىق رەئىيەت ئىشىك ئالدىلىرىغا چىقىپ خان ئالىيلىرىغا ھۆرمەت بىلدۈرگەي.

ئۇرۇش ۋەھىمىسىدە قالغان شەھەر ئاھالىسى جاكارچىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ خۇداغا شۈكۈر ـ سانا ئېيتىشتى. يۇنۇسخاننىڭ ئىنسابىغا دۇئا قىلىشتى. ئالدىراش ـ تېنەش كوچا ـ رەستىلەرگە چىقىپ خاننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ قول باغلاپ تۇرۇشتى. سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن سېلىنغان تۈگىمەس باج ـ سېلىقلارنى تاپشۇرۇپ بولالماي ئىلىكى قۇرۇپ كەتكەن شەھەر ئاھالىسى ئۈچۈن ھاكىمىيەتنىڭ جەڭگى ـ جېدەلسىز، تىنچ ئالمىشىشى ھەقىقەتەن بىر خۇشاللىق ئىدى. ناۋادا ئۇرۇش بولغان بولسا يۇنۇسخان باشلاپ كەلگەن لەشكەرلەر شەھەردە قىرغىنچىلىق قىلمىغان تەقدىردىمۇ، ئاۋامنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلماي بولدى قىلمايتتى. شۇڭا بۇنى ئاددىي ئاۋام ئۈچۈن بىر ئامەت، خۇشاللىق دېيىشكە بولاتتى. ئەمما، يۇنۇسخانغا ئەگىشىپ كەلگەن ئەمىر ـ سەركەردىلەر ئانچە خۇشال ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ھەر بىر قېتىملىق جەڭ

ئۇلار ئۇچۇن مال ـ دۇنيا، ئولجا ـ غەنىيمەت جۇغلايدىغان پۇرسەت ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇلار يىراق تۈركىستان ـــ يەتتەكەنتتىن قەشقەرگە شۇنچە چوڭ تەمە بىلەن كېلىپ ھېچنېمىگە ئېرىشەلـ ـمىدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىلەن يۇنۇسخان ئالدىن كېلە ـ شىۋالغىنى بويىچە چىرايلىق كۆرۈشتى. بىر ـ بىرىگە ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى. جەڭگى ـ جېدەلسىز قەشقەر يۇرۇشى ئۇلارنىڭ مال ـ دۇنيا تەمەسىدە تاقىلداپ تۇرغان نەپسىنى نائۇ ـ مىد قويغانىدى. ئاقسۇغا كېلىپ ئۇلارنىڭ ئۈمىدى يەنە ئۈزۈلدى. شەھەرنى بىر تېمىم قان تۆكمەي ئالغانلىقى ئۈچۈن ئاھالىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغىلى بولمايتتى، ئەلۋەتتە بۇنىڭغا يۇنۇسخانمۇ يول قويمايتتى. كۈتۈلمىگەن بۇلاڭ ـ تالاڭنىڭ كېلىپ چىقىشىـ ـدىن ئەنسىرىگەن تەدبىرلىك يۇنۇسخان ئىشەنچلىك سەركەردىسى بۇياتقۇلى بىلەن بىر قىسىم لەشكەرلىرىنى شەھەرنى قوغداشقا بۇيرۇپ، قالغان لەشكەرلىرىنى شەھەرنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇپ قويغانىدى.

سۇلتان يۇنۇسخان جاكارچى چىقىرىپ شەھەر خەلقىنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلغاندىن كېيىن، ئوردىغا كىرىپلا مەرھۇم سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ ئاقسۇدا قېپقالغان ئوردا ئەركانلىـ ـرىنى ئۆز مەنسىپىگە تەيىنلەپ يارلىق جاكارلاپ، ئۇلارنىڭمۇ كۆڭـ ـلىنى ئەمىن تاپقۇزدى. ئەلۋەتتە ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن ئەمىر ـ سەركەردىلىرىگىمۇ مۇناسىپ مەنسەپ ـ مەرتىۋە بەردى. ئاندىن ھەرقايسى ۋىلايەت ـ ئايماقلارنىڭ ئەمىر ـ بەگلىرىنى ئوردىغا چاـ ـقىرىپ يارلىق ماڭغۇزدى. يۇرت ـ يۇرتلاردىكى بەگ ـ ئاۋامنىڭ ئەھۋالىنى مەخپىي بىلىپ كېلىشكە ئايغاقچىلارنى يولغا سالدى.

※ ※ ※

شۇ كۈنلەردە ئاقسۇ شەھىرى باشقىچە جانلىنىپ قالغانىدى. سۇلتان يۇنۇسخان قورۇقدىلىپ قالغان ئوردا خەزىنىسىنى تو ـ

لۇقلاش، لەشكەرلەرنى تەرتىپكە سېلىش، قوشنا ئەللەرگە ئەلچى
ماڭغۇزۇش، لەشكەر، ئوردا خىزمەتكارلىرىنىڭ مائاش ـ تەمىناتىـ
نى ھەل قىلىش... قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەردە مۇھەممەد
ھەيدەر مىرزا بىلەن كۈن ـ كۈنلەپ مەسلىھەتلىشەتتى.

— ئاللاھقا يۈزمىڭ قەتلە شۈكرى، — دېدى سۇلتان يۇ-
نۇسخان، — ھەرھالدا سەلتەنەت ئىشلىرىنى بىرقۇر رەتكە سې-
لىۋالدۇق. ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ، يىراق ـ يېقىندىكى ئەمىر ـ
بەگلەرنىڭ كۆڭلى خېلىلا خاتىرجەملىككە يۈزلەندى.

— بىراق، بىر قىسىم سىپاھلارنىڭ كۆڭلى تازا جايىدا ئە-
مەس، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا، — بەلكىم جانابى ئاز-
ھەزرىتىممۇ ھېس قىلغان بولسا كېرەك، يەتتەكەنتتىن كەلگەن
سەركەردىلەر نارازىدەك قىلىدۇ.

— قانداق دەيدىلا؟ — دېدى يۇنۇسخان بىرئاز گۇمانسىراپ، —
مەن بۇنداق ئەھۋالنى سەزمىدىمغۇ؟

— ئەلۋەتتە ئۇلار قىبلىگاھىمنىڭ ئالدىدا كۆڭلىدىكىنى
بىلىندۇرمەيدۇ.

— خوش، ئۇلارنىڭ نارازى بولۇشىنىڭ ۋەجى نېمىكىن؟

— لەشكىرىي دىۋاننىڭ ھوقۇقىنى چەكلەپ قويغانلىقلىرى-
دىن بولسا كېرەك، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئويچانلىق
بىلەن، — مەن ئىشىنىمەن، سەركەردە بۇيانقۇلى ئاتھەزرىتىمگە
چەكسىز سادىق، لېكىن باشقا سەركەردىلەر ئوردىنىڭ باشقا
دىۋان ـ سارايلىرىغىمۇ كۆز تىكىۋاتىدۇ. ئۇلار ئالىيلىرىنى سەل-
تەنەتنى قەلەمدارلارغا تاپشۇردى، ئەلەمدارلارنىڭ مەرتىۋىسىگە رى-
ئايە قىلمىدى دەپ قورساق كۆپۈكى قىلىشىۋاتىدۇ.

يۇنۇسخان بىرپەس خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن ئېغىز
ئاچتى:

— ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى ماڭا بەش قولدەك ئايان. بۇ قېتىم-
قى لەشكىرىي يۈرۈشتە كۆتكىنىدەك ئولجا ـ غەنىيمەتكە ئېرى-
شەلمىگەنلىكى ئۈچۈن قورساق كۆپۈكى قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

رايىغا ھەرگىز باقالمايمەن، سەلتەنەت ئىشلىرىنىمۇ تاپشۇرالماي-مەن. ئۇلار ئىلىكى قۇرۇپ كەتكەن ئاۋامغا قىلچىلىك رەھىم - شەپقەت قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار سەلتەنەتنىڭ شانۇ شەۋكىتىگە قىزىقمايدۇ. قىزىقىدىغىنى ھەميانلىرىنى چىڭداش، ئەل - يۇرت-نىڭ ۋەيران بولۇشى، ئاددىي ئاۋامنىڭ جەبرى تارتىشلىرى ئۇلار-نىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيدۇ. نېمىشقا ئاشۇ سىپاھلارنى ئوردا ئىش-لىرىدىن چەتلەشتۈردۈم؟ چۈنكى، لەشكىرىي قوشۇننىڭ ھوقۇق - ئىمتىيازى، سۈر - ھەيۋىسى سەلتەنەتتىن ئېشىپ كەتسە، ئۇلار سەلتەنەت قانۇنلىرىنى، ئوردا يوسۇنلىرىنى كۆزگە ئىلمايدۇ. ئۇلار ھوقۇق - ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ ئەدەپلەش، كىشەنلەش، قاماش، قاقتى - سوقتى قىلىش، باج - سېلىقلارنى ھەسسىلەپ سېلىش دېگەنلەرنى قىلىۋېرىدۇ، ھەتتا ئىسيان قىلىشتىنمۇ تەپ تارتمايدۇ. ئۇنداقتا پادىشاھ بىلەن سىپاھلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە پەرق قالىدۇ؟ چۈنكى، بۇ ئىشلار سەلتەنەت ساھىبىغىلا تەئەللۇق ئىشلار. سىپاھلارنىڭ بۇ ئىشلارغا ئارىلىشىش ھوقۇقى ھېچقاچان بولغان ئەمەس. زامان - زامانلاردىن بۇيان ئالتۇن قاچىلار، ئالتۇن ئۈزەڭگىلەر، شاھلىق تەخت، تىللالار ۋە شاھانە سەرۇپايلار پەقەت پادىشاھقىلا تەئەللۇق بولۇپ كەلگەن. بەلكىم ئۇلار يۇنۇسخان ئا-لىيلىرى ئېغىر كۈندە قالغاندا بىز ھەمدەمدە بولغان، ئەمدى تەخت - سەلتەنەتكە ئىگە بولدى، ئۇنىڭ دۆلىتىنى تەڭ كۆرۈشىمىز، راھەت - پاراغەتتىن، مال - دۇنيادىن تەڭ بەھرىلىنىش ھەققىمىز بار دەپ ئويلايدىغاندۇ. ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن ساداقىتىگە كۆز يۇم-مايمەن. ئۇلارنى قۇربىمنىڭ يېتىشىچە قەدىرلەيمەن. ئەمما مۇشۇ-نى باھانە قىلىپ قانۇن - ياساقنى بۇزىمەن دەيدىكەن، ھەرگىز يول قويمايمەن.

ــــ ئانھەزرىتىمنىڭ بۇ كالاملىرى كۆڭلۈمدىكى ئەندىشىلەر-نى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى، ــــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قايىل-لىق بىلەن، ــــ قايسىبىر دانىشمەن: «ناۋادا پادىشاھ بولغۇچى بارچە پادىشاھ - ھۆكۈمدارلاردىن پەزىلەت ۋە شەرەپتە ئۈستۈن

تۇرۇشنى ئىزدىسە، ئۇ ئۆز خىسلىتىنى تاۋلىسۇن» دەپتىكەن. ئەلۋەتتە، ئالىيلىرىنىڭ ئىنسانىي كامىللىق يولىدا كۆرسەتكەن پەزىلەت ۋە خىسلىتىگە يەنە بىر ھۆكۈمدارنى تەڭلەشتۈرۈپ بولماس. ئەل ـ ئاۋامنىڭ دۇئاسىنى ئالغان سەلتەنەت كۈندىن ـ كۈنگە روناق تاپىدۇ. ئول سەلتەنەت ساھىبى بولسا چەكسىز ھۆرمەت، ئىناۋەت تاپىدۇ. بۇ ئىناۋەت ـ ھۆرمەتكە تەخت ـ ساھىبىدىن باشقا بارلىق ئوردا ئەركانلىرىمۇ ھەمشېرىك بولىدۇ. لېكىن، ھەرقانداق بىر ئادالەت نۇرى ياغقان ئوردىدىمۇ سەلتەنەتكە، تاج ئىگىسىگە تەپرىق قىلغۇچىلار ھامان تېپىلىدۇ. چۈنكى، ئادەم ئاتام زامانىسىدىن ھازىرغىچە تەپرىق قىلغۇچىلار ئۈزۈلگەن ئەمەس. ئۇلار ھەر جايدا، ھەر مەملىكەتلەردە ئۆز پاسىبانلىرىغا قارشى ئىسيان قىلىشقان. چۈنكى، ئۇلار ساداقەت، ۋاپادىن مال ـ دۇنيانى ئارتۇق كۆرىدۇ. سۇلتان دوستمۇھەممەدخانىنىڭ بىر قىسىم ئوردا ئەركانلىرىنىڭ مەنسەپ ـ مەرتىۋىسىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇلارنى سەلتەنەت ئىشلىرىغا ھەمشېرىك قىلدىلا. بۇنىڭ ھازىرچە سەلتەنەت ئىشلىرىمىزنى مۇستەھكەملىۋېلىشىمىزغا پايدىسى بار. لېكىن ئۇلارغا زىيادە ئىشىنىپ كەتمەسلىكلىرىنى تەۋسىيە قىلىمەن. ناۋادا ئۇلار ھېلىقى سىپاھلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالسا، بۇنىڭ خەۋپىنى مۆلچەرلىمەك بەكمۇ تەس.

يۇنۇسخانىنىڭ بۇغداي ئۆڭ چېھرىدە مەمنۇنىيەت تۇيغۇلىرى بالقىدى:

— جانابلىرىنىڭ بۇ ئاگاھلىرىنى ئېسىمدە ساقلايمەن. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كۆزىتىشىمچە، ھازىر سەلتەنەتىمىزدە دۆلەت بىلەن ئاۋام نامرات، ئەمىر ـ بەگلەر باي بىر ھالەت شەكىللىنىپ قاپتۇ. گەرچە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئايماقلار خەزىنىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج ـ خىراجلارنى ۋاقتىدا يوللاپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇلار ئوردىنىڭ كۈندىلىك خىراجىتى، لەشكەر، مولازىملارنىڭ مائاشىغا چىقىش قىلمايۋاتىدۇ.

ــــ ئارى، ھېس قىلغانلىرى بەرھەق. ئاشۇ بىر قىسىم ئەمىر ـ بەگلەردە، بولۇپمۇ باجگىر ـ سېلىقچىلاردا ئېغىر مەسىلە بار.

ــــ مەنمۇ شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىم. ئاۋام ئارىسىغا ئايغاقچى ماڭغۇزۇپ، رەئىيەت نارازى بولغان باجگىر ـ سېلىقچىلارنىڭ كىرىم ـ چىقىم ھېساباتىنى تەپتىشلەپ كۆرسەك، مەسىلىسى ئېغىرلىرىنى جازالاپ، باشقىلارغا ئىبرەت قىلساق.

ــــ بەكمۇ ئاقىلانە ئويلاپتىلا ئالىيھەزرىتىم، ــــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قايىل بولۇپ، ــــ ئۇنىڭدىن باشقا يارلىق چۈشۈرۈپ ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە، مۇھىم ئۆتەڭ ـ راباتلاردا پادىشاھلىق ئاشلىق خەزىنىسى تەسىس قىلايلى. بۇ خەزىنىلەرنى باشقۇرۇشنى ۋىلايەت ئەمىرلىرىگە ھاۋالە قىلماي، ئوردىدىن مەخسۇس ئاشلىق خەزىنىسىگە مۇئەككەل ئەمىر ـ بەگ تەيىنلەيلى. بۇنداق قىلساق، بىرىنچىدىن، لەشكىرىي تەمىناتقا كاپالەتلىك قىلغىلى؛ ئىككىنچىدىن، ئاپەت يۈز بەرگەن يىللاردا ئاۋامغا ساخاۋەت قىلغىلى بولىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، جىددىي پەيتلەردە ئول ۋىلايەت ئەمىرلىرىنىڭ قولىغا قاراپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ــــ تولا ئوبدان. بۇ تەكلىپلىرىنى دەرھال ئەمەلىيلەشتۈرەيلى. بۇ كەلگۈسى ئىشلىرىمىز ئۈچۈن بەكمۇ زۆرۈر تەدبىركەن، ــــ شۇ تاپتا سۇلتان يۇنۇسخان باشقىچە ھاياجانلىنىپ قالغانىدى، ــــ يېقىندىن بېرى كۆڭلۈمگە يەنە بىر ئىشنى پۈكۈۋاتىمەن. ئەمما بۇ ئىشنى روياپقا چىقارماق خېلىلا قىيىن. ئېھتىيات قىلمىساق سەلتەنەتىمىزنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يېتىدۇ.

ــــ ئول قايسى نازۇك ئىشكىن؟ ــــ سورىدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا خاننىڭ مۇددىئاسىنى بىلىشكە ئالدىراپ.

ــــ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئايماقلارنىڭ ئەمىر ـ بەگلىرىنىڭ بىرەردىن ئوغۇللىرىنى ئوردىغا خىزمەتكە ئالساق دەيمەن، ــــ دېدى يۇنۇسخان مۇددىئاسىنى ئۇدۇللا بايان قىلىپ، ــــ نامدا ئۇلارنى ھەرقايسى دىۋان ـ مەھكىمىلەرنىڭ ئورۇنباسارلىقىغا تەيىنلەي-

مىز، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى ئوردىمىزدا تۇرغاق[1] قىلىمىز. بۇ مۇد-دىئايىمىزنى ئىشقا ئاشۇرالىساق ھەرقايسى ۋىلايەت، ئايماق ئە-مىر - بەگلىرىنىڭ بىزگە ــ سەلتەنەتىمىزگە ساداقەتسىزلىك قىلىشىدىن، ئۇلارنىڭ ئەغيارلىرىمىز بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئىسيان قىلىشىدىن ساقلىنالايمىز.

ــ ئالىيلىرى ھەقىقەتەن يىراقنى كۆرىدىكەنلا، ــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ھاياجانلانغان ھالدا، ــ خانزادە كېپەك سۇلتان تەرەپدارلىرى ئاللىقاچان تۇرپاندا ئىسيان بايرىقىنى كۆ-تۈرۈپ بولدى. بىر قىسىم ئەمىرلەرنى ئۇل خانزادىنى قوللىمايدۇ دەپ ھېچكىم ھۆددە قىلالمايدۇ.

ــ شۇنداق. ئايغاقچىلارنىڭ يەتكۈزگەن ئاخبار[2]لىرىغا قارى-غاندا، موغۇل خانلىرىنىڭ ئارىسىدا ئېغىر ئىختىلاپ يۈز بېرىپ-تۇدەك. موغۇل سەركەردىسى ئىسان تايشىنىڭ چوڭ ئاغىچىسىد-دىن بولغان ئوغلى ئاماسانچى تايشى مەرھۇم ھاممام ــ مەلىكە مەختۇمسۇلۇ خېنىمدىن تۇغۇلغان ئۆگەي ئىنىلىرى ئىبراھىمخان ۋە ئىلياسخانلار بىلەن قاتتىق ئارازلىشىپ بۆلۈنۈپ كېتىپتۇدەك. ھازىر ئاماسانچى تايشى ئاتىسىنىڭ تەسەررۇپىمىزغا تاجاۋۇز قىلد-ماسلىق ئەھدىنى بۇزۇپ، نۇرغۇن سەركەردە - لەشكەرلەر بىلەن ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا يەنە باستۇرۇپ كەپتۇ. ئابدۇسەمى بەگ خانزادە كېپەك سۇلتان نامىدىن مەكتۇپ يوللاپ، ئۇل قالماق سەركەردىسىنى ھەمدەمگە چىللاپتۇ. بۇ ئىشتىن باشقا ۋىلايەت ئە-مىرلىرى خەۋەر تاپسا كۆڭلى بۆلۈنمەي قالمايدۇ. شۇڭا ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئوردىدا مەنسەپكە تەيىنلەش باھانىسى بىد-لەن تۇرغاق قىلىۋېلىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم. لېكىن بۇ ئىش-نى قانداق ئۇسۇل بىلەن روياپقا چىقىرىشنى تازا بىلەلمەيۋاتىمەن. ئۇدۇللا قىلىپ «بىردىن ئوغۇللىرىڭلارنى ئوردىغا ئەۋەتىڭلار» دەپ يارلىق چۈشۈرسەم گۇمان پەيدا بولۇپ قېلىشى ئېنىق. ھەرخىل

① تۇرغاق ــ نەزەربەند قىلىش، گۆرۈگە ئېلىش.
② ئاخبار ــ ئاخبارات، خەۋەر.

باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئوغۇللىرىنى ئەۋەتمەسلىكى، ھەتتا باشقىلارنى ئوغۇللىرى سىياقىدا ئەۋەتىشى مۇمكىن. مۇشۇ ئىشتا بېشىم سەل قېتىۋاتىدۇ.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىرپەس خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن خانغا ئۈمىد بىلەن قارىدى:

— كەمىنىلىرىنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كېلىۋاتىدۇ. بىلمىدىم، قىبلىگاھىمغا خوپ كېلەرمىكىن.

— خوش.

— قىبلىگاھىمىزنىڭ سەلتەنەت تەختىدە بەرقارار بولغىنىنى تەبرىكلەپ نورۇز بايرىمىغا ئۇلۇغ تۇي پەھلىۋان، مەردۇ مەردانىلەرنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزمەكچى بولغانلىقىمىزنى، بۇنىڭغا ھەرقايسى ۋىلايەت، ئايماقلار ئۆز تەۋەسىدىكى چەۋەنداز، جانباز، كاماندار... قاتارلىق ماھارەت ئىگىلىرىنى نورۇز بايرىمىدىن بۇرۇن ئاستانىگە ئەۋەتىشىنى، بۇ ئىشقا ھەرقايسى ۋىلايەت، ئايماق بەگلىرىنىڭ باش بولۇشى كېرەكلىكىنى، ناۋادا ئۆزلىرى كېلەلمىسە چوقۇم ئوغۇللىرىنى ئۆزلىرىگە نائىب قىلىپ ئەۋەتىشىنى جېكىلەپ يارلىق ماڭغۇزايلى. مۇشۇنداق قىلساق ئول ئەمىرلەر قىش پەسلىنىڭ يول جاپاسىدىن قېچىپ ئوغۇللىرىنى ئەۋەتىشىدۇ. مۇشۇ باھانىدا ئول ئەمىرزادىلەرنى چاندۇرماي ئوردىغا يىغىۋېلىش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز. ئۇندىن باشقا ھەرقايسى ۋىلايەت، ئايماقلاردىن كەلگەن باھادىر ـ ئەزىمەتلەرنىمۇ كەتكۈزمەي كاتتا ئىنئام ۋە مۇۋاپىق خىزمەت بىلەن ھەرقايسى لەشكەرگاھلارغا سەپلىۋالىمىز. ئول ئەمىرزادىلەرگە ئوردىدا مەرتىۋە بېرىپ يارلىق چۈشۈرسىلە، ھېچقايسىسى بويۇنتاۋلىق قىلىپ «كېتىمەن» دېيەلمەيدۇ. ئاتىلىرىمۇ ئوغۇللىرىنىڭ خان ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا نائىل بولۇپ، ئوردىدا مەنسەپ تۇتقىنىدىن خۇش بولۇپ، ئانھەزرىتىمگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ.

سۇلتان يۇنۇسخان مەمنۇنلۇقىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى.

ـــ مۇشۇ باھانىدا، بىرىنچىدىن، سەلتەنەت تەختىگە بەرقارار بولغىنىمىزنى تەبرىكلىسەك، ئىككىنچىدىن، ئەمىرزادىلەرنى چاندۇرماي تۇرغاقلىقتا تۇتۇۋالساق، ئۈچىنچىدىن، ھەرقايسى يۇرتلاردىن كەلگەن ئەزىمەتلەرنى ئەتراپىمىزغا توپلىۋالساق. پاھ، ھەممە ئادەم بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقسا، بىز بىراقلا ئۈچ پاختەك سوقىدىكەنمىز ـ دە، ئەقلىڭىزگە بارىكاللا ئەمىر كەبىر جانابلىرى.

ـــ يوقسۇ، زىيادە ماختىۋەتتىلە ئانھەزرىتىم.

ـــ ئەمىسە دەرھال مۇشۇ مەزمۇندا يارلىق ماڭغۇزايلى.

ـــ قىبلىگاھىم بىرپەس ئارام ئېلىۋالغايلا. مەن چىقىپ مىرزا دىۋانىغا يارلىق پۈتۈش ئىشىنى يەتكۈزەي.

ـــ ئەمىسە، ئەتە سەھەردە قوبۇلدا كۆرۈشەيلى، يارلىقلار قوبۇلغا تەييار بولغاي.

ـــ باش ئۈستىگە، ـــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئورنىدىن قوزغىلىپ.

※ ※ ※

يالغۇز قالغان يۇنۇسخان پەرياستۇققا يۆلىنىپ كۆزىنى يۇمدى. شۇ ھامان كۆز ئالدىدىن مەرھۇم دادىسى سۇلتان ئۇۋەيسخان، ئانىسى دۆلەتسۇلتان مەلىكە، ئانا تەرەپ بوۋىسى ـــ تۈركىستان ھۆكۈمدارى ئەمىر شەيخ نۇرىددىن، ئىنىسى سۇلتان ئىسان بۇغاخان، ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمدارى مىرزا ئۇلۇغبەگ، مەرھۇم ئۇستازى مەۋلانە شەرەفىددىن ئەلى يەزدى، ماۋەرائۇننەھرنىڭ ھازىرقى ھۆكۈمدارى ئەبۇسەئىد مىرزا... بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ ئاشۇ ئۇزاق مەزگىللىك سەرگەردانلىق ھاياتىنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايتتى. ھاياتىغا ئەڭ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن ئانىسى دۆلەتسۇلتان مەلىكىنى، تۇزكور ئوغلى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن مىرزا ئۇلۇغبەگنى، سۆيۈملۈك ئۇستازى مەۋلانە شەرەفىددىن ئەلى

يەزدىنى ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاتا مىراس تاجۇ تەختىنى قولىغا ئېلىشى ئۈچۈن نۇرغۇن ياردەملەرنى قىلغان سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنى ھەردائىم ئەسلەيتتى. ئەنە ئاشۇ سۆيۈملۈك كىشىلىرىدىن ئەبۇسەئىد مىرزىلا ھايات ئىدى.

يۇنۇسخاننىڭ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن خىيالى ئەبۇسەئىد مىرزىغا يەتكەندە، خېلىدىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن خەت ـ ئالاقە قىلىشمىغىنى يادىدىن كەچتى.

«سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئالىيلىرى ھازىر نېمە ئىشلار بىلەن مەشغۇلكىن؟ ئافغانىستان، سىيىستان، كىرمان ھەم پارس دىيارىغا قىلغان يۈرۈشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقانىدىم. بىر قېتىملىق جاۋاب مەكتۇپىدا ئەزەربەيجان ۋە ئەرەبىستانغا يۈرۈش قىلىش مۇددىئاسىنى بىلدۈرگەنىدى. دەشتى قىپچاق ھۆكۈمدارى سۇلتان ئوبۇلخەيرخان، ھۈسەيىن بايقارا مىرزىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداقراقكىن؟ ھۈسەيىن بايقارا ھېلىمۇ تەخت دەۋاسى قىلىپ پات ـ پات پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرۇۋاتامدىكىن؟ سۇلتان ئوبۇلخەيرخانغۇ ھازىر خېلىلا ياشىنىپ قالدى، بۇسەيىت سۇلتان① ئالىيلىرىغا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغۇدەك دەرمانى قالمىغاندۇ بەلكىم. بۇسەيىت سۇلتان ئالىيلىرىغا ئەڭ چوڭ خەۋپ ھۈسەيىن بايقارادىن كېلىدۇ... ئىشقىلىپ ياراتقان قۇدرەت ئىگىسى سەلتەنەتنىمۇ، ئەزىز تېنىنىمۇ ئامان ـ ئېسەن قىلغاي. شول تاپتا ئاتا مىراس تەختگاھىمنى قولۇمغا ئالغىنىمنى بىلسە قانچىلىك خۇشال بولۇپ كېتەر ـ ھە؟! نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سەلتەنەت ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ ۋاقىت چىقىرالمىدىم. ئەمدى ئەھۋالىمدىن ۋاقىپلاندۇراي. توغرا، ئەينى يىلى ۋاقىتلىق پاناھلىنىشىمغا بەرگەن يەتتەكەنتنىمۇ قايتۇرۇپ بېرەي. ئاللاھ خالىسا كېلەر يىلى تەسەررۇپۇمدا تىنچلىق مۇستەھكەملىنىپ، ئەل ـ يۇرت ئەمىنلىككە يۈزلەنسە دەرگاھىغا بېرىپ تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرگەچ مۇلاقاتتا بولۇپ كېلەرمەن.

① بۇسەيىت سۇلتان ــ ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ سەلتەنەت نامى.

خانزادە كېپەك سۇلتاننى قانداق قىلسام بولىدىكىن؟ ئابدۇسەمى
بەگ قاتارلىق مەھرەملىرى ئۇنى تۇرپانغا ئېلىپ قاچمىغان بول-
سىغۇ ئىشلار ئاسانغا توختايتتى. پەرزەنتىم قاتارىدا تەربىيەمگە
ئېلىپ، ئاتىلىق، قېرىنداشلىق مېھرىنى يەتكۈزگەن بولسام،
ئىشلار تولىمۇ چىرايلىق بىرتەرەپ بولاتتى. ئەل ـ ئاۋامىمۇ بۇ
ئىشىمنى قوللايتتى. ئەمدىلىكتە ئۇنى ئوردىغا قايتۇرۇپ كېلىش
مۇمكىن ئەمەس. تۇرپاندىكى ئەمىر ـ بەگلەر، مۇھىمى ئابدۇسەمى
بەگ ھەرگىز ئۇنىمايدۇ. خانزادىنى قايتۇرۇپ كېلىمەن دەپ لەش-
كەر تارتسام، ئەل ـ يۇرتنا ئالتە ياشلىق گۆدەككە لەشكەر تارتتى،
دەپ پىتنە ـ پاسات پەيدا بولىدۇ. بۇپتۇلا، تۇرۇۋەرسۇن دەي دې-
سەم، ھازىر ھېچ ئىشنى بىلمىگىنى بىلەن، چوڭ بولغانسېرى تا-
جۇ تەخت دەۋاسى قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇل چاغدىكى باش ئاغرىقى،
ئاۋارىچىلىق ھازىرقىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولىدۇ. ئەڭ ياخ-
شىسى، تاجۇ تەختنى بۇ قورقۇنچلۇق دەۋاگەردىن ۋاقتىدا خالاس
قىلغىنىم ئەۋزەل ئىدى... بولىدىلا، ھازىرچە سۇلتان ئەبۇسەئىد
مىرزا ئالىيلىرىغا يازىدىغان مەكتۇپقا باش قاتۇراي. خانزادە كې-
پەك سۇلتاننىڭ ئىشىغا بىرەر باھانە ـ سەۋەب تېپىلىپ قالۇر.
سەلتەنەت، تاجۇ تەخت قولىدا يوق ۋاقىتتا زىيادە ئىنتىلىدىكەن
كىشى، قولىغا كەلگەندىن كېيىن ساقلاپ قېلىش، تۇتۇپ تۇرۇش،
مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە باش قاتۇ-
رۇشقا، زېھىن سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدىكەن. ھېلىتىنلا نې-
مانچە قاقشايمەن ـ ھە؟ ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇنداق باش ئاغرىق-
لىرى، غەم ـ ئەندىشىلەرنى بىر ئۆمۈر ھەمراھ قىلىپ ياشايدىغان
ئوخشايمەن. مەيلى قانچىلىك باش ئاغرىقلىرىغا، غەم ـ ئەندىشى-
لەرگە مۇپتىلا بولاي، مىڭبىر مۇشەققەتتە قولۇمغا ئالغان سەلتە-
نەتنى ئەمدى بىر كىمگە تارتتۇرۇپ قويمايمەن. ئاتا ـ ئەجدادلى-
رىمنىڭ تاجۇ تەختىنى تېخىمۇ نۇرانە شانۇ شەۋكەتلەرگە ئىگە قى-
لىمەن. ياراتقان ئىگە قۇدرەت ئىگىسىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت، ئە-
قىل ـ پاراسەت تىلەيمەن...»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۇنۇسخاننىڭ كۆچ ـ غەيرىتى قايتىدىن ئۇرغىدى.

يۇنۇسخاننىڭ ۋۇجۇدىدا ھاياجان گۇرۇلدەيتتى، غەم ـ تەشۋىشتىن كۆرە، بەخت، غالىبلىق تۇيغۇلىرى كۆپرەك ئىدى.

ئاتا تەختىنى قولىغا ئالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنى جاھان باھادىرلىرى قاتارىدا سانايتتى، قەلبىنىڭ بىر يەرلىرىدە ئۇلۇغ بوۋىسى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئات تۇياقلىرى ئىز قالدۇرغان بىپايان زېمىننى قايتىدىن ئىستېلا قىلىپ، تەسەررۇپىغا ئېلىش ئارزۇسى ئاستا ـ ئاستا بىخلانماقتا ئىدى.

يۇنۇسخان مۇلازىمنى توۋلاپ قەغەز ـ قەلەم، سىياھ ئەكەلدۈردى، ئاندىن شىرە ئالدىدا چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئەبۇسەئىد مىرزىغا يازماقچى بولغان مەكتۇپنى قانداق باشلاش ھەققىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدى...

## 68

تۇرپان.

كۆز ئاخىرلىشاي دەپ قالغان بولسىمۇ يالقۇنتاغ باغرى يەنىلا ھارارەتلىك ئىدى. گەرچە ئاستانىنىڭ ئاقسۇغا كۆچۈرۈلۈپ كېتىلگىنىگە خېلى يىللار بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بۇ قەدىمىي شەھەر ئىلگىرىكى سەلتەنەتنى قىلچىلىك يوقاتمىغانىدى، كوچا ـ رەستىلەر ئىلگىرىكىدەك ئاۋات، سودا ـ تىجارەت تولىمۇ قايناق ئىدى؛ ھىندى، پەرەڭ، رۇس ۋە جۇڭگو سودىگەرلىرى قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇراتتى. قوللىرىغا دەررە، قامچا كۆتۈرۈۋېلىشقان مىرشاپ، پاششاپ، دورغىلار ئاتلىرىدا غادىيىپ ئولتۇرۇشقىنىچە شەھەر تەرتىپىنى ساقلايتتى؛ يۈزىنى ياپمىغان ئايالالرنى، شاراب ئىچىپ، نەشە چېكىپ مەست ھالەتتە ئېگىز ـ پەس دەسسەپ يۈرگەن

ھاراقكەش، بەڭگىلەرنى، توپلىشىپ ماجىرا تۇغدۇرغانلارنى، يول بو ـ
يىدىلا تاۋكا تۇزگەن قىمارۋازلارنى ساۋاپ ۋايجىپىنى چىقىراتتى؛
يولنى توسۇپ غالتەك، پەشتاختا، يايما يېيىۋالغان تىجارەتچىلەردىن
جەرىمانە ئالاتتى. ئابدۇسەمى بەگ قاتارلىق مەھرەملەر ئېلىپ كەل ـ
گەن خانزادە كىپەك سۇلتان بىلەن يېڭىدىن موغۇلىستان تەختىدە
ئولتۇرغان سۇلتان يۇنۇسخان ھەققىدە تارالغان مىش ـ مىش
پاراڭلار نەچچە ئايدىن بېرى تۇرپان شەھىرىدە تېخىچە بېسىقمىغا ـ
نىدى. شەھەرگە توختىماي كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان سودىگەرلەر
يېڭىدىن ـ يېڭى مىش ـ مىش پاراڭلارنى تارقىتىشاتتى.

ــ سۇلتان يۇنۇسخان پات يېقىندا تۇرپانغا لەشكەر تارتىپ
كەلگۇدەك.

ــ كەلگۇدەك ئەمەس، كېلىۋېتىپتىمىش.

ــ ياغى بولۇپ قالۇرمۇ؟

ــ خۇدايىم ساقلا.

ــ ئەمىر ياقۇپ بۇقابەگ بىلەن ئابدۇسەمى بەگ ياغىغا تەي ـ
يارلىق كۆرۈۋېتىپتۇدەك .

ــ خانزادە كىپەك سۇلتان سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ كاللىسى ـ
نى كېسىپ كەلگۈچىلەرگە ماڭلايسۆيەننىڭ ئەمىرلىكىنى ۋەدە قى ـ
لىپتىمىش.

ــ توۋا دېسىلە، ئەمدىلا ئالتە ـ يەتتە ياشنىڭ قارىسىنى
ئالغان بىر گۆدەك نەدىمۇ ئۇنداق پەرمان چىقىرالىسۇن؟

ــ ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە، خانزادە ئالىيلىرى تېخى بالا
بولغىنى بىلەن ئەقلى ئاتمىش ـ يەتمىش ياشلىقلاردىن قېلىشماي ـ
مىش.

ــ راست، قولىغا مەرھۇم بوۋىسى سۇلتان ئىسان بۇغاخان
ئالىيلىرىنىڭ سېھىرلىك زۇلپىقارىنى ئالسا مىڭلىغان لەشكەر ـ
لەرمۇ تەڭ كېلەلمەسمىش.

ــ ئول زۇلپىقارنى بىر شىلتىشىدا يۈزلەپ باشلارنى ئۈزۈپ
تاشلايمىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ــ ھەزەمەت گەپ.
ــ ئىشەنسۇنلار، كۆرگەنلەر بار.
ــ ئاق كىگىزدە ئولتۇرغان كۈنى سىيىۋەتكىنىنىمۇ كۆرگەنلەر باردۇر ھەقچان...
ــ شۇنداقمۇ ئىش بوپتىمۇ؟
ــ ئەلۋەتتە. تېخى ھازىرغىچە ئىنىكئانىسىنى ئىمەرمىش.
ــ ئاتىسىنى دوراپتۇ ــ دە؟!
ــ ئەمىر ياقۇپ بۇقابەگنىڭ سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا بەيئەت قىلىش خىيالى بار ئىكەنمىش، خانزادە بىلەن ئابدۇسەمى بەگدىن ھايا قىلىپ ئىلاجسىز قاپتىمىش.
ــ ئەمىر ياقۇپ بۇقابەگنىڭ پەرمانى ئاقمايمىش.
ــ خانزادە كېپەك سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى ئىجرا بولۇرمىش.
ــ ياق، خانزادىنىڭ ئەمەس، ئابدۇسەمى بەگنىڭ پەرمانى ئىجرا بولۇرمىش.
ــ ئاڭلاشتىلىمۇ، ياقۇپ بۇقابەگ بىلەن ئابدۇسەمى بەگ مۇشتلىشىپ قاپتىمىش.
ــ ياقەي مۇشتلاشماپتۇ، قىزىرىشىپ قاپتۇ.
ــ ئىشقىلىپ نېمىلا بولمىسۇن سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى لەشكەر تارتىپ كېلىدىغان بولسا بىزگە ياخشىلىق يوق.
ــ ئابدۇسەمى بەگ قالماق خانلىرىدىن كۆمەك تەلەپ قىپتىمىش.
ــ قالماق لەشكەرلىرى تۇرپانغا قاراپ كېلىۋېتىپتىمىش.
ــ قالماق كەلسىمۇ ئوخشاش، بولغۇلۇق ئاۋامغا بولىدۇ.
ــ ياغى بولدى دېمەك ــ ئاپەت بولدى دېمەك.
ــ راست، ياغىنىڭ ئاپىتى يامان.
ــ بۇلاڭ ــ تالاڭغا ئۇچرايمىز.
ــ قەتلىئام[1] قىلمىسىلا بەختىمىز دېسەك بولىدۇ.

[1] قەتلىئام ــ قىرغىن.

— يۇنۇسخان ئائىلىلىرى بەكمۇ مېھرىبانمىش.

— قەشقەر، ئاقسۇلارنى قولغا ئالغاندىمۇ لەشكەرلىرىنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشلىرىغا يول قويماپتىمىش.

— ئەل ـ يۇرتقا يەتتە كۈن ئاش بېرىپ خاتىرجەملىك جا ـ كارلاپتىمىش.

— لېكىن تۇرپان ئۇل شەھەرلەرگە ئوخشىمايدۇ.

— نېمىسى ئوخشىمايدۇ؟

— ئەمىر ـ بەگلىرى ئوخشىمايدۇ.

— راست، ياقۇپ بۇقابەگ بىلەن ئابدۇسەمى بەگ ئاللىقاچان يۇنۇسخان ئائىلىلىرىغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ قىلىچ يا ـ لىڭاچلاپ بولدى. بۇ بىر بالايىئاپەتنىڭ بېشارىتى.

— ياراتقان ئاللاھ ئىگەم ئۇل ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب بېرەر.

— شۇنچە يىللاردىن بۇيان تۇرپاندا ئاسايىشلىق ھۆكۈم سۈردى. ھېلى ھەم پەرۋەردىگارنىڭ رەھىم ـ شەپقىتى باردۇر.

— تۇرپاندا ئەسھابۇل كەھف مازار غوجام بار.

— مازار ـ ماشايىخلار قوغدار ئىلاھىم.

— بېرىپ تاۋاپ قىلىپ كېلەيلى.

— بېشىمىزغا كېلىۋاتقان بالايىئاپەتنى دەپئى قىلىشنى تى ـ لەيلى.

— ئۆزىمىزگە مەھكەم بولايلى.

— مال ـ دۇنيالىرىمىزغا ھېزى بولايلى.

— خانزادە كېپەك سۇلتان ئائىلىلىرى تېخى كىچىك، سەل ـ تەنەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ.

— ئاشۇ ئاغزىدىن ئوغۇز سۈتى كەتمىگەن بالىنىڭ كاساپى ـ تىگە كېتەرمىزمۇ؟

— خەپشۇك! ئۈنلىرىنى پەس قىلسىلا. پايلاقچىلار ئاڭلاپ قالسا يەتمىش پۇشتىلىرىنى قۇرۇتۇۋېتىدۇ.

— خۇدايىم پاناھىدا ساقلار.

www.uyghurkitap.com

ـــ ...

ھەئە، تۇرپان شەھىرىلا ئەمەس، تۇرپان ئەمىر مەھكىمىسىمۇ كۆرۈنۈشتە بەكمۇ تىنچ، خاتىرجەم كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە چوڭ ـ كىچىك ئەمىر ـ بەگلەردىن تارتىپ ئاددىي خىزمەتكارلارغىچە ھەممىسىنىڭ كۆڭلى دەككە ـ دۈككىدە ئىدى. ئابدۇسەمى بەگ تۇرپانغا كەلگەندىن كېيىن خانزادە كېپەك سۇلتانىنى ئاق كىگىزدە ئولتۇرغۇزۇپ رەسمىي خانلىق جاكارلىغانىدى. بارلىق ئەمىر ـ بەگلەر ھەر كۈنى ئوردا يوسۇنى بويىچە خانزادە كېپەك سۇلتانغا سالام بېرىش ئۈچۈن سارايغا يىغىلاتتى. مەھرەملەرنىڭ ئەتىگەندە ئويغىتىپ كىيىندۈرۈشلىرىدىن نارازى بولغان خانزادە گاھى يىغلاپ، گاھى غەلۋە قىلغىنىچە سارايغا كىرىپ ئەمىرلەرنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلاتتى، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تەختتە ئولتۇرغىنىچە يەنە ئۇيقۇغا كېتەتتى. ئۇنى ئالداپ، پەپىلەپ يۈرۈپ تەختتە ئولتۇرغۇزغان ئابدۇسەمى بەگ بۇ بالا پادىشاھقا ۋاكالىتەن سەلتەنەت ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىشقا كىرىشەتتى. ئۇنىڭ پەپىلەشلىرى، ئويۇنچۇق، تاتلىق ـ تۈرۈملەرنى تۇتقۇزۇپ ئالداشلىرى باشقا ئەمىرلەرگە تولىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلاتتى. تۇرپان ئەمىرى ياقۇپ بۇقابەگ بولسا بۇ ئىشلارغا پەرۋاسىز قارايتتى. ئۇ نە خانزادىنى پەپىلىمەيتتى، نە قول ئاستىدىكى ئەمىرلەرگە قىر كۆرسىتىپ پەرمان چۈشۈرمەيتتى، نە ھەممە ئىشقا شاپاشلاپ يۈرگەن ئابدۇسەمى بەگكە پەرمانبەردارلىق قىلمايتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمىگەنلىكىنى چىراي ـ تۇرقىدىن بىلىۋالماق تەس ئەمەس ئىدى.

لەشكەر جۇغلاش، ئوزۇق ـ تۈلۈك غەملەش، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئىشلىرى بىلەن پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن ئابدۇسەمى بەگ باشقا ئەمىرلەرگە گۇر ـ گۇر ۋارقىرىغىنى بىلەن ياقۇپ بۇقابەگكە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. خانزادە كېپەك سۇلتان نامىدىن چۈشۈرگەن ھەر بىر پەرماننى ئىمكان بار بۇ ئەمىرنىڭ مەسلىھەتىگە سېلىشقا تىرىشاتتى. چۈنكى، ياقۇپ بۇقابەگ

تېخىچىلا تۇرپانىدىكى خان لەشكەرلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قولىدا مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ئابدۇسەمى بەگ ھەرقانچە قى-لىپمۇ ئاقسۇدىن باشلاپ كەلگەن ئۈچ مىڭ لەشكىرى بىلەن بۇ لەشكەرلەرنى بىرلەشتۈرۈش مۇددىئاسىغا يېتەلمىگەنىدى. ئىككى ئەمىرنىڭ يوشۇرۇن تىركىشىشى باشقا ئەمىرلەر ئىچىدە بۆلۈنۈش پەيدا قىلغانىدى. تەختتە ناۋات شوراپ ئولتۇرغان خانزادە كېپەك سۇلتاننىڭ بۇ ئەھۋالنى بىلگۈچىلىكى يوق ئىدى. يېقىندىن بېرى يېڭىدىن ئېلىنغان لەشكەرلەرمۇ ئىككى ئەمىرنىڭ ئىگىدارچىلى-قىدىكى لەشكەرگاھتا ئايرىم ـ ئايرىم مەشىقلىنىۋاتاتتى. ئىلىنى بېسىۋالغان موغۇل سەركەردىسى ئاماسانچى تايشى ئابدۇسەمى مىرزىغا يارىدەملىشىشكە ۋەدە بېرىپ جاۋاب خەت ئەۋەتكىنى بى-لەن، تېخىچە ھەمدەمگە كېلىدىغان لەشكەرلەردىن شەپە يوق ئى-دى. ھەر ئىككى ئەمىر بىر ـ بىرىنىڭ قەسىرىگە يوشۇرۇن جا-سۇسلارنى كىرگۈزۈشكەن، ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى كۆرۈشكەنى-دى.

※ ※ ※

ئېغىر ئەلياتقۇ مەھەل.

ئەمىر ياقۇپ بۇقابەگ قەسىرىنىڭ ئوتتۇرا سارىيىغا جايلاش-قان خابگاھقا نۆكەر، مۇلازىملىرىنى ئالماي يالغۇز كەلگەن بىر-قانچە ئەمىرلەر داستىخانغا تىزىلغان مول نازۇ نېمەتلەرگە ئىش-تىھاسىز قاراپ قويۇپ جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى. بۇلار ياقۇپ بۇقا-بەگنىڭ ئىشەنچلىك ئەمىرلىرى ئىدى. شۇ تاپتا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇيۇقسىز چاقىرتىلىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلىشمەيتتى. ياقۇپ بۇقا-بەگ بولسا ھە دېگەندە مەقسىتىنى ئاشكارىلىماي ئۇلارنى يەپ ـ ئىچىشكە زورلايتتى.

— كېچە بىرگاخ① بولۇپ قالدى، — دېدى لەشكىرىي دىۋاد-

① گاخ — ۋاق (تۇرپان شېۋىسى).

ىنىڭ ئورۇنباسار سەركەردىسى سىپتىۋالدى بەگ بەستىلىك گەۋد-
سىنى بىرئاز قىمىرلىتىپ قويۇپ، ــ ئەمىر جانابلىرىنىڭ تو-
يۇقسىز چاقىرتىشى سەۋەبسىز بولمىسا كېرەك.

ياقۇپ بۇقابەگ سۇرلۇك چىرايىغا سۇس كۈلكە يۈگۈرتتى،
ئاندىن قويىنىدىن بىر پارچە خەتنى ئالدىرىماي ئېلىپ بىرقۇر زەن
سېلىۋەتكەندىن كېيىن سىپتىۋالدى بەگكە تەڭلىدى.

ــ سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ مەخپىي مەكتۇپىنى
ئىككى كۈندىن بېرى يېنىمدا ساقلاۋاتىمەن. ئاگال جانابى ئەمىر-
لەر كۆرۈپ چىققاي، ئاندىن تۇيۇقسىز كېڭەشكە چاقىرتىشىمىنىڭ
سەۋەبىنى بايان قىلاي.

ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى سەركەردە سىپتىۋالدى بەگنىڭ
قولىدىكى خەتكە بويۇنداپ قاراشتى. سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ مەخ-
پىي مەكتۇپى ئۇلارغا تولىمۇ تاسادىپىي تۇيۇلغانىدى. خانزادە كې-
پەك سۇلتان بىلەن ئابدۇسەمى بەگ تۇرپانغا كەلگەندىن بېرى
ئۇلار بۇنداق خۇپىيانە يىغىلىشلارنى پات ـ پات ئۇيۇشتۇرۇپ،
خانزادىنى دەستەك قىلىپ تۇرپاننىڭ مەمۇرىي ـ لەشكىرىي ھو-
قۇقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىشقا ئورۇنۇۋاتقان ئابدۇسەمى بەگكە
قانداق تاقابىل تۇرۇش، ئۇنى قانداق چەكلەش، ئۆزلىرىنىڭ ھو-
قۇق تەسىرىنى قانداق ساقلاپ قېلىش ھەققىدە پات ـ پات مەسلى-
ھەت قىلىشاتتى. ئەمما بىرەر قېتىممۇ سۇلتان يۇنۇسخان بىلەن
خەت ـ ئالاقە قىلىش ئىشىنى مەسلىھەتلەشمىگەنىدى. چۈنكى،
ئۇلار مەرھۇم سۇلتان ئىسان بۇغاخان ۋە دوستمۇھەممەدخانغا
بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن خانزادە كېپەك سۇلتاننى
تەختتە ئولتۇرغۇزۇشنى ياقلايتتى. شۇڭا بۇ خەت ئۇلارغا تاسادى-
پىي تۇيۇلغانىدى.

ــ سەركەردە سىپتىۋالدى بەگ، شاھانە مەكتۇپنى ئۈنلۈك
ئوقۇسۇنلار. باشقىلارمۇ خەۋەردار بولغاي.

سىپتىۋالدى بەگ قەددىنى رۇسلاپ، شام يورۇقىدا خەتنى ئو-
قۇشقا كىرىشتى:

«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بىزلەركىم بۈيۈك موغۇلىستان سەلتەنەتىنىڭ يېگانە تەخت ساھىبى سۇلتان يۇنۇسخاندىن ئەۋلادى ئاھالىمىز بولمىش تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ئەمىرى ــ شىر مەسەللىك، باھادىر سۈپەتلىك ياقۇپ بۇقابەگكە ھەمدە ئۇنىڭ ساداقەتمەن ئەمىر ـ سەركەردىلىرىگە يېتىپ مەلۇم بولغاي.

بارلىق ھەمدۇ سانا جاھاننى ياراتقۇچى يېگانە قۇدرەت ئىگىسى ئاللاھقا خاستۇر. ئۇ ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقۇچى ھەمدە بىزلەركىم ئاجىز بەندىلىرىگە رىزىق ئاتا قىلغۇچىدۇر. ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا سىر ئەمەستۇر. ئول جانابى ئاللاھ چەكسىز مەرھەمەت ئاتا قىلىپ، ئاتا مىراس زېمىنىمىز بۈيۈك موغۇلىستان سەلتەنەتىنى بىزگە تاپشۇردى ۋە بارلىق ئەغيارلىرىمىزنى ئادالەت قىلىچىمىزنىڭ سايىسىغا باش ئەگكۈزدى. شۇنداقلا بول تەسەررۇپتا زىيان ـ زەخمەت، مالىمانچىلىق، ئىسيان ـ تەپرىقە كەبى قىلمىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئەل ـ يۇرتنى ئاسايىشلىقتا، ئاۋام ـ رەئىيەتنى خاتىرجەملىككە ئېرىشتۇرۇشىمىزگە ئەمىر قىلدى. ھەرقاچان، ھەر زامان رەببىمىز) ئۇنىڭغا ھەمدۇسانالار بولسۇن( بىر قوۋمدىن بىر كىشىنى دىلخاھلاپ ئۇنىڭغا خان ـ سۇلتانلىق شاپائىتىنى تەسەددۇق قىلىدۇ ھەمدە سەلتەنەت تىزگىنىنى، دۇنيا مەئىشىتىنى ۋە رەئىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىدۇ. پەرۋەردىگار ئول ھۆكۈمدارغا بۇزۇقچىلىقنى تۈگىتىش، مالىمانىنى تىنچىتىش، دەۋا ـ دەستۇرغا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىش، ئادالەتكە ھامىي بولۇش، ئەلگە تىنچلىق، ئاسايىشلىق ئورنىتىشنى كۆڭلىگە سالىدۇ. مانا مەن ئول رەببىمىزنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشكەن تەخت ساھىبىدۇرمەن.

نەق گەپكە كەلسەم، مۇناپىق ئەمىر ئابدۇسەمى بەگ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

جانابى ھەقنىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلىپ، مېنىڭ سەلتە-نەتىمگە ئىتائەت گەردىنىنى سۇنۇشتىن باش تارتىپ، گۆ-دەك خانزادە كېپەك سۇلتاننى دەستەك قىلىپ، تۇرپاندا ئىسيان تۇغىنى لەپىلدىتىشكە كىرىشۋاتىدۇ. خانزادە تېخى گۆدەك، جاھاننىڭ، سەلتەنەتنىڭ ئىشلىرىنى بىلمەيدۇ. بۇ-نىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئابدۇسەمى بەگنىڭ قارا نىيىتىدۇر. ئۇ خانزادە ئارقىلىق ساداقەتمەن ئەمىر ـ سەركەردىلەرنى، ئاد-دىي لەشكەر، ئاۋامنى قۇترىتىپ سەلتەنەتىمگە پۇت ئاتماق-چى ۋە تاجۇ تەختنى ئۆزى ئوڭچە ئىگىلىۋالماقچى. ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرىدىن پاك دىل، ساداقەتمەن ئىكەنلىكلىرىنى بىلدىم، ھەم ئول ئاسىيغا ئەگەشمەيدىغانلىقلىرىغا ئىشەن-دىم. رەببىمىز ئۆزىنىڭ شەكتىن خالىي كىتابىدا: «ئاللاھ-قا، پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش باشقۇرغۇ-چىلارغا ئىتائەت قىلىڭلار» دىگەن. ئەلۋەتتە قۇرئان كەرىم-دىكى بۇ سۆزنى ئۆزلەمۇ بىلىدىلا. شۇڭا شۇنى ئاگاھلاندۇ-رىمەنكى، ئۆزلە ۋە ئۆزلىرىنىڭ ساداقەتمەن ئەمىر ـ سەر-كەردىلىرى ھىدايەتنى ئىزدىسە، ھەقىقەتكە ئىنتىلسە ئول ئاسىيلارغا، مۇناپىقلارغا ئەگەشمەي، بىزلەرگە ئەگەشكەي.

مەلۇمكى، مەرھۇم سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئادا-لەتسىزلىكى، ئەل ـ رەئىيەتكە سالغان ھېسابسىز زۇلۇمى بەدىلىگە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا پاسىق پېتى كەتتى. مەھ-شەرگاھتا ھۆددىسىدىن چىقالمىغان ئادالەتسىز سەلتەنەتت-دىن ھېساب بېرىدۇ. ھۆكۈمدار بولغۇچى ئادالەتنى ئىبادەت-تىن ئۇستۈن قويۇشى، ئاۋام ـ رەئىيەتكە زۇلۇم قىلىشتىن ھايا قىلىشى، ئەمىر ـ بەگلىرىنى ھىمايە قىلىشى، ئاسىرد-شى ۋە ئۇلارغا كۆيۈنۈشى، رىيازەت يەتكۈزمەسلىكى لازىم ئىدى. شۇنداق قىلالىغان ھۆكۈمدارنىڭ ھىممىتى تېگىش-لىك مېۋە بېرىدۇ. سەلتەنەتى ئەبەدىلئەبەد مۇستەھكەم بو-لىدۇ ۋە روناق تېپىپ گۈللەيدۇ. ئەلكۈنمۇ ئۇنىڭغا قارغىش

ياغدۇرمايدۇ، تەشەككۇر ئېيتىدۇ. مانا بۇ ئاللاھنىڭ ئىرادى-
سىدۇر.

لېكىن مۇناپىق ئابدۇسەمى بەگ ئول پاسىق سۇلتان-
نىڭ خانزادىسىنى ھىمايە قىلىپ تەڭرى ئىرادىسىگە قارشى
چىقتى ھەمدە بالايىئاپەت ئوتىنى تۇرپاندىكى ئۆزلە قاتارلىق
ساداقەتمەن ئەمىر ـ بەگلەرگە، بىگۇناھ رەئىيەتكە تۇتاش-
تۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ جازاسى
ئول ئاسىيلارغا لايىق، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئۆز ئىش باشقۇر-
غۇچىلىرىغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان گۇناھلىرى
ھېسابىغا، ئۇلارنى رەھمىتىگە مۇيەسسەر بولۇشتىن تەرك
ئېتىدۇ. كېيىنكى ئېيتىمەنكى، ناۋادا ئىسيان شەمشىرى قى-
نىدىن سۇغۇرۇلسا، ئادالەت شەمشىرى ئۇلارنىڭ پاسىق قې-
نى بىلەن يەر يۈزىنى بويايدۇ. بۇ پاسىق ئاسىيلار گۇناھ قى-
لىۋاتقان مەزگىلدە ساپ دىل كىشىلەرمۇ، بىگۇناھ رەئىيەت-
مۇ بۇ مالىمانىنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. چۈن-
كى، ئوت كەتسە ھۆل ـ قۇرۇق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كۆ-
يۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ھۆل ئوتۇن قۇرۇق
ئوتۇنغا يېقىن تۇرۇپ قالغانلىقىدىندۇر.

مۇددىئا ـ كالامىلىرىمنى مۇشۇنچىلىك بىلدۈرەي.
قانداق قىلىشنى ئۆزلىرى بىلۇرلا. ئايغاقچىلارنىڭ يەتكۈز-
گەن ئىشەنچلىك ئاخبارلىرىدىن قارىغاندا، موغۇللارنىڭ
كاتتىسى ئاماسانچى تايشى دادىسى ئىسان تايشىنىڭ مەرھۇم
جەننەتماكان خان ئاتام سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىغا
بەرگەن قەسەم ـ ۋەدىسىنى بۇزۇپ، ئىككى ئەل ئوتتۇرىسى-
دىكى ئۆزئارا تەئەررۇز قىلىشماسلىق ئەھدىنامىسىنى يىر-
تىپ تاشلاپ، ئىلى دەريا ۋادىسىغا لەشكەر تارتىپ كىرىپتۇ.
مۇناپىق ئابدۇسەمى بەگ بولسا خانزادە كېپەك سۇلتان نا-
مىدىن ئول باسقۇنچىلارغا يالۋاچ[1] ئەۋەتىپ ئىتتىپاق تۈ-

① يالۋاچ ــ ئەلچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*زۇپ، بۈيۈك سەلتەنەتىمىزنى خاراب قىلىش كويىغا چۈ-شۈپتۇ. ئەسلىدە قىشنى تىنچ ـ ئامان ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئان-دىن لەشكەر تارتىشنى ئويلىغانىدىم. بىراق باسقۇنچىلار بى-لەن مۇناپىقلارنىڭ بىرلىشىۋېلىشى سەۋر قاچامنى تاشتۇر-دى. بەلكىم ئۆزلە ئۇشبۇ تەكلىپنى تاپشۇرۇۋالغاندا مەن ئادالەت شەمشىرىنى كۆتۈرگەن سەركەردە ـ لەشكەرلەر بى-لەن ئالىلقاچان يولغا چىقىپ بولۇرمەن. ئاللاھ نېسىپ قىلسا ئۆزلە ساداقەتمەن ئەمىرىم بىلەن دوستلۇق داستى-خىنىدا جەم بولۇپ، ئەقىدە شەربىتىنى تېتىشنى بەكمۇ خالايمەن.*

*ياراتقان قۇدرەت ئىگىسى ھەممىمىزنى مۇراد ـ مەق-سىتىمىزگە يەتكۈزگەي. نامە تامام ۋەسسالام.*

*بۈيۈك سەلتەنەت پاسىبانى سۇلتان يۇنۇسخاندىن دەپ بىلۇرلا .*

*ئامىن.»*

خابگاھنىڭ ئىچىنى بىرپەس سۈكۈت قاپلىدى. ئەمىر ياقۇپ بۇقابەگ سورۇن ئەھلىگە بىرقۇر قارىۋالغاندىن كېيىن گېلىنى قىرىپ قويۇپ سۆز باشلىدى:

ــ ئۇشبۇ مەكتۇپنى سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ ئاي-غاقچىسى بۇرناكۇن پېشىندىن كېيىن قولۇمغا تەگكۈزگەنىدى. ئىككى كۈندىن بېرى قاتتىق ئويلاندىم. ئاخىرى ھەر بىرلىرىنىمۇ خەۋەردار قىلىپ بامەسلىھەت ئىش قىلايلى دەپ بۈگۈن بىتۈيۇق چاقىرتتىم. شاھانە مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تېپىشتىلا. ئوردىدىكى ئەھۋال، ئەمىر ئابدۇسەمى بەگنىڭ پەيلى ھەممىلىرىگە مۇنۇ تاۋاقتىكى ئاشتەكلا ئايان. گەرچە سۇلتان يۇنۇسخان ئالىي-لىرى شاھانە مەكتۇپىدا بىزگە ئۇنى قىل، بۇنى قىل دەپ پەرمان بەرمىگەن بولسىمۇ، نىمە قىلىشىمىز كېرەكلىكىدىن بېشارەت بېرىپتۇ. ئاقىلغا ئىشارە، نادانغا جۇۋالدۇرۇز دېگەن گەپ بار ئە-

مەسمۇ.

— دەپ باقسىلا ئەمىر جانابلىرى، ئەمدى قانداق قىلساق بولۇر؟ — سورىدى سەركەردە سىيتىۋالدى بەگ كۆزىنى مەكتۇپتىن ئۈزمەي.

— ھەر بىرلىرىنىڭ مەسلىھەتىگە قارايمەن.

ئەمىرلەر يەنە بىرپەس جىمىپ كېتىشتى.

— كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، مېنىڭ قورۇق ئوتۇنىنىڭ يېنىدىكى ھۆل ئوتۇن بولغۇم يوق، — دېدى ياقۇپ بۇقابەگ.

— كەمىنىلىرىمۇ ھەم شۇ، — دېدى سىيتىۋالدى بەگ، — ئابدۇسەمى بەگنىڭ نىيەت ـ پەيلى ھەممىمىزگە ئايان ئىدى. بىراق ئۇنىڭ قالماق كاتتىسى ئاماسانچى تايشى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغىنىدىن خەۋىرىمىز يوقكەن.

— ئۇنىڭ كۆڭلىدە يەنە قانداق شۇملۇقلىرى بار، بۇنىسىمۇ بىزگە قاراڭغۇ.

— خانزادە كېپەك سۇلتاننى ھىمايە قىلىمىز دەپ قالماقلار بىلەن بىرلەشسەك ئەل ـ يۇرتنىڭ لەنىتىگە قالىمىز.

— ساتقىن بولۇپ قالىمىز.

— سۇلتان يۇنۇسخانمۇ مەرھۇم سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىنىڭ ئۆز پۇشتى. تەخت ـ سەلتەنەتتە ئۇنىڭمۇ ھەققى ـ نېسىۋىسى بار. ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئۇچۇن ئەلگە ياتلارنى باشلاپ كەلسەك سەركەردىلىك شەۋكىتىمىزگە داغ چۈشۈرۈۋالىمىز.

— ئۇنىڭدىن سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا ئىتائەت گەردىنىمىزنى سۇنغىنىمىز مىڭ ئەۋزەل.

ياقۇپ بۇقابەگ ئەمىرلىرىنىڭ بىر نىيەتكە كەلگىنىنى كۆرۈپ خېلىلا خاتىرجەم بولدى.

— ئەگەر ھەممىمىزدە ئەينى شۇ مۇددىئا بولسا، سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ تۇرپانغا كېلىشىنى ساقلاپ تۇرماي، ئابدۇسەمى بەگنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلغاچ تۇرايلى، — دېدى ئۇ ئەسلىي مەقسىتىنى ئاشكارىلاپ، — ناۋادا ئابدۇسەمى بەگ سۇلتان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ شەپىسىنى سېزىپ قالسا پەخەس بولۇپ قالىدۇ. ئول چاغدا قول سالمىقىمىز تەسكە چۇشىدۇ.

ــ بىزنىمۇ ئوتقا تەڭ سۆرەپ كىرىدۇ، ــ دېدى سەركەردە سېتىۋالدى بەگ، ــ قۇرۇق ئوتۇننىڭ يېنىدىكى ھۆل ئوتۇن بولىمىز ـ دە، ھېچقايسىمىز ئامان قالمايمىز.

ــ ئىلگىرىكىلەر بۇگۇنكى ئىشنى ئەتىگە قويما دەپتىكەن، ــ دېدى ياقۇپ بۇقابەگ ھاياجىنىنى بېسىۋېلىپ، ــ ئابدۇسەمى بەگ نەچچە كۈندىن بېرى ھە دېسە ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى ھورۇن، چىچەن ئەمەس دېگەن باھانىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئالماشتۇرۇۋېتىش كويىغا چۇشۇۋاتىدۇ. سەل ـ پەللا بوشاڭلىق قىلسام، ئۆزىنىڭ لەشكەرلىرىنى ئوردىغا ئەكىرمەكچى. ئەتە ـ ئۆگۈنگىچە بۇ مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرماي بولدى قىلمايدىغاندەك قىلىدۇ. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا بىزنىڭ ئىشىمىز تېخىمۇ تەسلىشىدۇ، بەلكىم ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنى ئالماشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن بىزنىمۇ ئامان قويماسلىقى مۇمكىن. شۇڭلاشقا بۇ ئىشنى ئەتىدىن قالدۇرماي جۆندەيلى. سەركەردە سېتىۋالدى بەگ ئەتە بامداتتىن يېنىپلا بارلىق لەشكەرلىرىمىزنى قورال‌لاندۇرۇپ، كۆنگەي لەشكەرگاھتىكى ئابدۇسەمى بەگنىڭ لەشكەرلىرىنى ئىسكەنجىگە ئالسىلا. مەن ئوردا مۇھاپىزەت قوشۇنىنى باشلاپ ئەتىگەندە خانزادە بىلەن قوبۇلغا چىققان ئابدۇسەمى بەگنى بىر تەرەپ قىلاي. ئىشلار تېز، تەرتىپلىك، پۇختا بولسۇن. سەركەردە مەڭلىك نىياز، كامالىددىن مىڭ بېگى، مىرزا ئەسرا مىڭ بېگى سېتىۋالدى بەگكە ھەمدەمدە بولسۇنلا. قالغانلار مەن بىلەن بىللە ئوردىغا كىرسۇنلا. ئۆزلە، ــ دېدى ياقۇپ بۇقابەگ ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى ئالماس بەگكە قاراپ، ــ ئەتە ئەتىگەن ئەڭ ئىشەنچلىك ياساۋۇلدىن يۈزنى تاللاپ سارايىنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرسۇنلا. كۈتۈلمىگەن ۋەقە يۈز بېرىپ قارشىلاشقۇچىلار چىقىپ قالسا، دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە پەرمان بەرسۇنلا.

ــ باش ئۈستىگە! ــ دېيىشتى ئەمىرلەر پەرمانبەردارلىق

بىلدۈرۈپ.

ــ خانزادە كىچىك سۇلتاننى قانداق قىلىمىز؟ ــ سورىدى سەركەردىسى سىتىۋالدى بەگ.

ــ خانزادە كىچىك، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. ئەمما باشقىلارنىڭ خانزادىنى ئوردىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلايلى. ئۇنى يۇنۇسخان ئائىلىسى ئۆزى بىر تەرەپ قىلغاي.

مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ بولغان ئەمىرلەر ئالدىراپ ـ تېنەپ تارقاشتى.

※ ※ ※

سەھەر.

ناشتىدىن كېيىن ئالدىراپ ـ تېنەپ ئوردىغا كەلگەن ئەمىر ـ لەر بىر ـ بىرلەپ سارايغا جەم بولغانىدى. ھەرقاچان سارايغا بىرىنچى بولۇپ كېلىشكە ئادەتلەنگەن ئابدۇسەمى بەگ بۈگۈنمۇ كۈندىكى ئادىتى بويىچە سارايدا باشقا ئەمىرلەرنىڭ كېلىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇراتتى، تۇرقىدىن نېمىگىدۇر بىتاقەت بولغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. يېقىندىن بېرى خانزادە كىچىك سۇلتان تولا قەغىش قىلىپ ئورنىدىن تۇرغىلى ئۇنىمىغاچقا ھەمدە ئۇنى مەجبۇرلاپ ئاچىققان تەقدىردىمۇ ئۇيقۇسىنى ئاچالماي گاھى مۈگدەپ، گاھى يىغلاپ جاپا سالغاچقا، بۇنى ئاۋارىچىلىق دەپ بىلگەن ئابدۇسەمى بەگ مۇھىم قارارلارنى جاكارلىمىسا خانزادىنى قوبۇلغا چىقىشقا زورلىمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. دېمىسىمۇ ئەمدىلا يەتتە ياشنىڭ قارىسىنى ئالاي دەپ قالغان خانزادە سەھەر تۇرۇشقا ئادەتلىنەلمىگەنىدى. ئۇنى مىڭ بىر جاپادا ئويغىتىپ، ئالداپ ـ سىلاپ كىيىندۈرۈپ ئاچىقىپ تەختتە ئولتۇرغۇزغان تەقدىردىمۇ يىغلاپ سارايىنى بېشىغا كىيەتتى. لېكىن بۈگۈن ئابدۇسەمى بەگ مەھرەملىرىگە خانزادىنى سارايغا ئاچىقىشنى بۇيرۇ ـ

غانىدى. ئەمما خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، تېخىچىلا خانزادە-
نىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ئەمىرلەر بولسا زېرىككىنىنى بىلدۈ-
رۈشۈپ قەستەن ئەسنىشەتتى. گاھىلىرى پىچىرلىشىپ پاراڭغا
چۈشكەنىدى. شۇ تاپتا ئوردىغا كۈندىكىدىن سەھەر كەلگەن ياقۇپ
بۇقابەگمۇ خانزادە كېپەك سۇلتاننىڭ سارايغا تېزرەك كىرىشكە
تەقەززا بولۇپ ئولتۇراتتى.

پايپاسلاپ كىرگەن مەھرەم ئابدۇسەمى بەگنىڭ ئالدىغا كې-
لىپ قول باغلىدى:

ــ مەلۇم بولغاي، خان ئالىيلىرى يىغلاپ قەغىش قىلىپ
كىيىم كىيگىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ. زورلاشقا پېتىنالمىدۇق.

ئابدۇسەمى بەگ قاپىقىنى تۈردى:

ــ خانىش ئايىمغا مەلۇم قىلمىدىڭلارمۇ؟

ــ ئۇنداق قىلماپتىمىز.

ــ مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ مەن ئۆگىتىمەنمۇ؟ دەرھال خا-
نىش ئايىمغا خەۋەر قىلىڭلار، خان ئالىيلىرىنى كىيىندۈرۈپ
بىللە ئېلىپ كەلسۇن.

ئابدۇسەمى بەگنىڭ كاتتا ھۆكۈمدارلاردەك بۇيرۇق چۈشۈ-
رۈشى ياقۇپ بۇقابەگنىڭ چىشىنى قىرىشتۇرۇپ قويغانىدى.

ــ خانزادىنى بۇنچە قىيناپ نېمە قىلىمىز، ئەمىر جانابلى-
رى؟ ــ دېدى ئۇ قەستەن ئابدۇسەمى بەگنىڭ زىتىغا تېگىپ، ــ
ئوردىغا چىقىسىمۇ ئۇخلاپ بېرىدۇ شۇ.

ــ نېمە دېدىلە جانابى ئەمىر؟ ــ ئاچچىقىنى چىقىرىدىغانغا
باھانە تاپالماي تۇرغان ئابدۇسەمى بەگ بىردىنلا ھۆرپەيدى، ــ
ئوردىدا خانزادە مەۋجۇت ئەمەس، خان ئالىيلىرى بار. تەپ تارتماي
قىبلىگاھىمىزنى خانزادە دەۋاتىلىيا؟ بايقاپ سۆزلىسىلە ـ ھە، بۇ
دېگەن ئاسىيلىق.

ــ كىچىدىن سەگ[1] چۈشەپ قالمىغانلا جانابى ئەمىر. ئەتى-
گەندە قارا مۈشۈك كۆرسەتمىسىلىمۇ بولۇر. كىمنىڭ ئاسىي،

① سەگ ــ ئىت.

كىمنىڭ ئاسىي ئەمەسلىكى ئۆزلەگە ئايان. ئۆزلىرىنى كىم چاغلاپ قالدىلا، بايا كىمگە ھۆكۈم چۈشۈرۈۋاتىدىلا؟ خان ئالىيلىرى بىلەن دۆلەت ئانىسى بولمىش خانىش ئايىمغا ئاشۇنداق ھۆكۈم چۈشۈرەمدىلا؟ ئۇنداقتا ئېيتسىلا، خان ئالىيلىرى نېمىگە ھېساب؟

ئابدۇسەمى بەگ غەزەپتىن بوغۇلۇپ قالدى. ئۇ بۈگۈن خانزادە كېپەك سۇلتاننى تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ نامىدا ئالدىن تەييارلاپ قويغان ئوردىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان نۆكەرلەرنى ئالماشتۇرۇۋېتىش ھەققىدىكى يارلىقنى جاكارلىماقچى، نەچچە ئايدىن بېرى ئۆزىگە ئېگىلمەي كەلگەن مۇنۇ تۇرپان ئەمىرى ياقۇپ بۇقابەگنىڭ تەسىرىنى ئوردىدىن تازىلىماقچى بولغانىدى. ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى ياقۇپ بۇقابەگنىڭ قولىدا بولغاچقا ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىپ، يول قويۇپ كەلگەنىدى. ئۇ ئوردىنى تولۇق قولىغا ئېلىش، ياقۇپ بۇقابەگنىڭ ھوقۇق ـ ئىمتىيازىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن بۈگۈن زور تەييارلىق بىلەن قەتئىي قارارغا كەلگەنىدى. قېرىشقاندەك خانزادە كېپەك سۇلتاننىڭ قەغىش قىلىپ ئوردىغا چىققىلى ئۇنىماسلىقى ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغانىدى.

«راست، خانزادە ئوردىغا چىققان تەقدىردىمۇ بىر بولسا مۈگدەپ ئولتۇرۇپ بېرىدۇ، بىر بولسا يىغلاپ قەغىش قىلىدۇ. ئۇندىن باشقا يەتتە ياشلىق بالىنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كېلەتتى، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇنى ساقلاپ ئولتۇرغىچە يارلىقنى جاكارلاۋەرمەيمەنمۇ؟ قولۇمدا خان يارلىقى بولغاندىكىن مۇنۇ ئەبگا ئەمىر ياقۇپ بۇقابەگ نېمە قىلالايتتى؟ يارلىققا قارشى چىقىشقا پېتىنسا بايامقى سۆزلىرى بىلەن قوشۇپ، خاننى كۆزگە ئىلماسلىق جىنايىتى بىلەن زىندانغا سالمامدىمەن؟ ئول چاغدا يولۇمدا توغرا تۇرۇۋالغان خەتەرلىك توسالغۇنى بىراقلا يوق قىلىمەن. باشقىلارمۇ غىڭ قىلالمايدۇ...»

ـــ ئاغزىمغا كەلدى دەپ ئوردىدا پىتنە تېرىمىسىلا، ـــ دېدى ئابدۇسەمى بەگ تەئەددى قىلىپ، ـــ جانابى كېپەك سۇلتان ئالىي-

www.uyghurkitap.com

لىرى سەلتەنەتنىڭ يېگانە پاسىبانى، شەرئى سۇلتانىمىزدۇر. بىز پەقەت مۆھتەرەم دۆلەت ئانىسى بولمىش شاھسانىيە ئالىيلىرىنىڭ ھاۋالىسىگە بىنائەن ئوردا ئىشلىرىغا قارانچۇق بولۇۋاتىمىز. شۇڭا خان ئالىيلىرىنى ئوردىغا تەكلىپ قىلدۇق. ئۆزلە بۇنى قانداقتۇر خان ئالىيلىرىغا ھۆكۈم چۈشۈردى دەپ قۇتراتقۇلۇق قىلىۋاتىدىلا.

— خوش، ئۇنداقتا خان ئالىيلىرىنىڭ تېخى بىر گۆدەك ئىكەنلىكىنى، سەلتەنەت ئىشلىرىنى بىلىپ كەتكۈچىلىكى يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمىشقا ھە دېسىلا ئوردىغا چىقىشقا زورلاپ قىينايدىلا؟ خان ئالىيلىرىنى مەجبۇرلاپ سارايغا چاقىرتقۇدەك قانداق زۆرۈرىيەت بار ئىدى جانابى ئەمىر؟

ئابدۇسەمى بەگ بىرنەچچە دەقىقە ئويلىنىۋېلىپ ئېغىز ئاچتى:

— قولىمىزدا خان ئالىيلىرىنىڭ مۆھۈرى بېسىلغان يارلىق بار. تۇنۇگۈن خانىش ئالىيلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئول يارلىقنى خان ئالىيلىرىنى دەرقەمتە قىلىپ جاكارلاشنى لايىق تاپقانىدۇق. خەيرىيەت، خان ئالىيلىرى ئوردىغا چىقىشنى خالىمىغان بولسا، يارلىقنى جاكارلاۋېرەيلى ئەمىسە.

ئابدۇسەمى بەگنىڭ گېپى تۈگىشى ھامان پەرمانچى بەگ ئەمىرلەرگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— پەرمانى ئالىي.

ئەمىرلەر گۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ پەرمان ئاڭلاش ئۈچۈن قەددىنى رۇسلاشتى.

پەرمانچى بەگ نەقىشلىق كۆن قاپتىن خان يارلىقىنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

*«بۈيۈك ھۆكۈمدارىمىز كېپەك سۇلتان ئالىيلىرىدىن*
*يارلىق:*
*شۇنى جاكارلايمەنكى، ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇند-*

*نىڭ بارلىق سەركەردە ـ نۆكەرلىرى ئوردا ياساۋۇللىرىغا خاس جاسارىتىنى يوقىتىپ، ھە دېسىلا چېچىلاڭغۇلۇق، يال ـ قاۋلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداقلا يېشىنىڭ چوڭىيىپ قالغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنى لەشكىرىي دىۋانغا قاي ـ تۇرۇپ، ئورنىغا ماھارىتى يۇقىرى، ياش، چەبدەس يىگىت ـ لەردىن تاللاپ قايتىدىن ئوردا ياساۋۇللىرى تەشكىللەنسۇن. بول ئىشقا ئەمىرۇل ئۇمەرا مىرزا ئابدۇسەمى بەگ باش بول ـ سۇن. ئۇشبۇ يارلىق جاكارلانغان ھامان دەرھال ئىجرا قى ـ لىنسۇن.*

*يارلىق تامام.»*

ئەمىرلەر ئەجەبلەنگەن ھالدا بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

ئابدۇسەمى بەگ پەرمانچى بەگنىڭ قولىدىن يارلىقنى ئال ـ دىراپ ـ تېنەپ ئالدى ـ دە، تاۋاپ قىلىپ قوينىغا سالدى.

— ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىدىكى ياساۋۇللارنىڭ ئوت ـ تۇرىچە يېشى ئوتتۇزدىن ئاشمايدۇ، بۇ ھەممەيلەنگە ئايان. ئۇلارنى قانداقمۇ ياشىنىپ قالدى دېگىلى بولسۇن؟ — دېدى ياقۇپ بۇقا ـ بەگ يارلىققا نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ.

— خان يارلىقىغا سەركەشلىك قىلماقچىمۇ ئۆزلە جانابى ئەمىر؟ — دېدى ئابدۇسەمى بەگ تەئەددى بىلەن قاپىقىنى تۈرۈپ.

— يوقسۇ، — دېدى ياقۇپ بۇقابەگ ئۆزىنى تەمكىن تۇ ـ تۇپ، — كەمىنىلىرى بارلىق ئوردا ئەركانلىرى بىلىدىغان ئەھۋالنى دېدىم.

— ئۆزلە پەقەت ئۇلارنىڭ يېشىنىلا بىلىدىلا، ماھارىتىنى بىلمەيدىلا. ئىنسابسىز يۇنۇسبەگ مەرھۇم خان ئالىيلىرىنىڭ قازا قىلغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، مۇناپىق مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بى ـ لەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ بۇيۇك تەخت ـ سەلتەنەتنى تارتىۋال ـ ماقچى بولۇۋاتىدۇ. مۇشۇنداق پەيتتە ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇ ـ نىنى تەرتىپكە سېلىش، سەرخىللاشتۇرۇش بەكمۇ زۆرۈر. بۇمۇ

www.uyghurkitap.com

خان ئالىيلىرى ۋە سەلتەنەت ئۇچۇندۇر.
ــ ئۇنداقتا جانابلىرىنىڭ ئىلى ۋادىسىغا باستۇرۇپ كىرگەن قالماقلارنىڭ كاتتىسى ئاماسانچى تايشىغا خۇپىيانە مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۇنى تۇرپانغا كېلىشكە ئۈندەشلىرىمۇ بۈيۈك سەلتەنەت ئۇچۇن ئىكەن ـ دە؟!
ئابدۇسەمى بەگ ئاماسانچى تايشى بىلەن قىلغان ئالاقىسىنى بەكمۇ مەخپىي تۇتقانىدى. بۇ مەخپىيەتلىكنى ياقۇپ بۇقابەگنىڭ بىلىپ قالغانلىقىدىن ھەمدە ئەمىرلەرنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلىۋەتكەنلىكىدىن قاتتىق ھودۇقۇپ كەتتى.
ــ نېمە دېمەكچى بولغانلىقلىرىنى چۈشەنمىدىم، ــ دېدى ئۇ خۇپسەنلىك بىلەن.
ــ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىم ئۆزلەگە ئايان. ھە دېسە رىياكارلىق، ئاسىيلىقتىن سۆز ئاچىدىلا. بىلىپ قويسىلا، ئەل ـ يۇرتقا ياتلارنى باشلاپ كېلىشنى ساتقىنلىق دەيمىز. بۇ دېگەن كەچۈرگۈسىز گۇناھ.
ــ تىلىڭنى تارت مۇرتەد! ــ ئابدۇسەمى بەگ بىردىنلا بۆرە جۈۋىسىنى تەتۈر كىيدى، ــ بۇنداق دېيىشكە نېمە ئاساسىڭ بار؟ سېنىڭ كېيەك سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ تۇرپان تەختگاھىدا ئولتۇرۇشىغا نارازى ئىكەنلىكىڭنى، نائىنساب يۇنۇسبەگ بىلەن خۇپىيانە ئالاقە قىلىپ ئۇنى تۇرپانغا لەشكەر تارتىپ كېلىشكە ئۈندەۋاتقانلىقىڭنى كىم بىلمەيدۇ؟
ــ دۇرۇس، يۇنۇسخان ئالىيلىرى بىلەن خەت ـ ئالاقە قىلىشتىم. بۇنىڭ نېمىسى يامان؟ يۇنۇسخان ئالىيلىرى كىم؟ ئۇل ئاماسانچى تايشى كىم؟ مەن ھەرگىزمۇ ياتلارنىڭ تاپىنىنى يالاشقا نىيەت قىلمىدىم. يۇنۇسخان ئالىيلىرى دېگەن بۈيۈك خاقانىمىز سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىنىڭ خانزادىسى، تەخت ـ سەلتەنەتنىڭ ھەقىقىي مىراسخورى. ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىش زىنھار ساتقىنلىق، ئاسىيلىق ھېسابلانمايدۇ. ئەمما قالماق خانلىرىغا بېقىنىش سېپى ئۆزىدىن مۇناپىقلىقتۇر.

غەزەپتىن چىرايى قارىداپ كەتكەن ئابدۇسەمى بەگ زىيادە تا-قەت قىلىپ تۇرالمىدى. ئۇ سارايىنىڭ ئىشىكىگە قاراپ بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى:

— قايسىڭلار بار؟ مىر غەزەپ!

شۇ ھامان سارايغا جاللاتنىڭ ئورنىدا ئون نەپەر تولۇق قوراللانغان ئوردا ياساۋۇللىرى كىرىپ كەلدى. كۆزىگە قان تولغان ئابدۇسەمى بەگ ياساۋۇللارنى پەرق ئەتمەيلا بۇيرۇق قىلدى:

— كېلىڭلار، مۇنۇ ئاسىي مۇناپىقنى تۇتۇپ زىندانغا سېلىڭلار!

ئەمىر ياقۇپ بۇقابەگ قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى.

— كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ كىمگە پەرمان بېرىۋاتقانلىق-لىرىنى بايقىسىلا جانابى ئابدۇسەمى بەگ.

ئابدۇسەمى بەگ ياساۋۇللارنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى، ۋۇجۇ-دىنى قورقۇنچ، ۋەھىمە چۇلغىۋالدى، پۇت - قوللىرى جالاقلاپ تىترىدى، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى.

— ئول ئاسىي بەگنى تۇتۇڭلار! — دېدى ئوردا مۇھاپىزەت-چىلەر قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى ئالماس بەگ.

ياساۋۇللار ئېتىلىپ كېلىپ ئابدۇسەمى بەگنىڭ قوللىرىنى قايرىپ پاتىگىنى باستى.

— ئاچىقىپ كاللىسىنى ئېلىڭلار! — دېدى ياقۇپ بۇقابەگ.

ياساۋۇللار ئابدۇسەمى بەگنى دارقىرىتىپ سۆرەپ ماڭدى.

ئەمىرلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئابدۇسەمى بەگ تەرەپدارلىرى شۇنداقلا قىمىرلىشىغا ئالماس بەگ قىلىچىنى قىنىدىن شارتتىدە چىقىرىپ ۋارقىرىدى:

— كىمكى ياقۇپ بۇقابەگ جانابلىرىنىڭ پەرمانىغا قارشى چىقىدىكەن، مۇناپىق ئابدۇسەمى بەگكە ئوخشاش زەبۇن بولغۇسى. بەدكىردان①لارنىڭ بارار جايى جەھەننەم.

ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە باسقان ئەمىرلەرنىڭ سۈرىتى تامغا تارتى-لىپ قالغاندى. ھېچكىم لام - جىم دېيەلمىدى.

① بەدكىردان — يامان ئىش قىلغۇچى.

ــ ھەممىمىز بۈيۈك سەلتەنەتنىڭ ساداقەتمەن نۆكەرلىرىدىندۇرمىز، ــ دېدى ياقۇپ بۇقابەگ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرىغان ئەمىرلەرگە قاراپ، ــ ھەممىلىرىگە مەلۇم، رىياكار ئەمىر ئابدۇسەمى بەگ يالغاندىن ساداقەت بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، گۆدەك خانزادىنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇش باھانىسى بىلەن تەپرىقىچىلىك پەيدا قىلدى. بۇنى ئاز دەپ خانزادىنىڭ ھامىيسى بولۇۋېلىپ قالايمىقان پەرمان، يارلىق جاكارلىدى. نە يۇقىرى مەنسەپتىكى، نە تۆۋەن مەنسەپتىكى ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ مەرتىۋىسىگە رىئايە قىلمىدى. ھەتتا باسقۇنچى قالماقلار بىلەن خۇپىيانە تىل بىرىكتۈرۈپ تەسەررۇپىمىزغا ياتلارنى باشلاپ كېلىشكە، ئۇلارنىڭ ھامىيلىقىغا ئېرىشىپ تەخت ـ سەلتەنەتنى ئوڭچە چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىشقا ئۇرۇندى. بۇنداق رىياكارلىققا چىداپ تۇرالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئاخىرى مۇشۇنداق تەدبىر قوللاندىم. ھازىر تاجۇ تەخت سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا قارار تاپتى. يۇنۇسخان ئالىيلىرىمۇ مەرھۇم سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىنىڭ ئۆز پۇشتى. تاجۇ تەختنىڭ ھەقىقىي مىراسخورى. سارايدىكى پېشقەدەم ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئەھۋاللارنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا مەرھۇم ئەمىر سەييىدئەلى ئالپ ھەزرەتلىرى قارشى چىقمىغان بولسا، تەختتە ئولتۇرۇش يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا ئاللىقاچان نېسىپ بولاتتى، تەقدىرنىڭ يازمىشى شۇنداقكەن. مانا تەخت ـ سەلتەنەت يەنە ئۆز ئىگىسىنى تاپتى، ــ ياقۇپ بۇقابەگ قوينىدىن يۇنۇسخاننىڭ ئەۋەتكەن مەخپىي خېتىنى ئېلىپ پۇلاڭلاتتى، ــ مانا قولىمىزدا سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ مەخپىي يارلىقى بار. بىر گۆدەك خانزادىنى دەپ خان ئالىيلىرى بىلەن قارشىلاشاق، ئېنىقكى تۇرپان شەھىرى قانغا بويىلىدۇ. ناھەق قان تۆكۈلۈپ، بىگۇناھ ئاۋامنىڭ مال ـ مۈلكى، ھاياتى تەئەررۇزگە ئۇچرايدۇ. كىمىكى نارازى بولىدىكەن، خان يارلىقىغا سەركەشلىك قىلغۇچىلار قاتارىدا ياساققا تارتىلىدۇ.

سۈكۈتكە چۆمگەن ئەمىرلەر زۇۋانغا كەلدى:

ــ ئەمىر جانابلىرىنىڭ ھۆكۈمىگە بويسۇنىمىز. يۇنۇسخان ئالىيلىرىنى شەرئى سۇلتانىمىز دەپ بىلىمىز.

شۇ ئەسنادا سارايغا كامالىددىن مىڭ بېگى بىلەن مىرزا ئەسرا مىڭ بېگى ئالدىراش كىرىپ كەلدى.

ــ ئەمىر جانابلىرىغا مەلۇم بولغاي.

ــ خوش، ــ دېدى ياقۇپ بۇقابەگ ئۇلارنىڭ ئۈمسۇلە چىرا-يىغا قاراپ، ــ كۇنگەي لەشكەرگاھىنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

ــ كۇنگەي لەشكەرگاھىنى پۈتۈنلەي ئىلكىمىزگە ئالدۇق، ــ جاۋاب بەردى كامالىددىن مىڭ بېگى، ــ سەركەردە مەڭلىك نىياز ئۇ يەردىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىۋاتىدۇ، بىراق...

ئۇ ئۆزلە سۆزلىسىلە، دېگەننى قىلىپ مىرزا ئەسرا مىڭ بې-گىنى نوقۇدى.

ــ سەركەردە سېتىۋالدى بەگ خانزادە كېپەك سۇلتاننىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ نۆكەرلىرى بىلەن بىللە شەھەردىن چى-قىپ كەتتى، ــ دېدى مىرزا ئەسرا مىڭ بېگى ھودۇققان ھالدا.

ــ نېمە؟ خانزادىنىڭ كاللىسىنى كەستى؟

ياقۇپ بۇقابەگ چۆچۈگەن ھالدا ئىككى سەركەردىسىگە قارد-ىدى.

ــ يا خۇدا، ئۆزۈڭ بار، ــ دېدى باشقا ئەمىرلەر ياقىسىنى تۇتۇپ.

ــ بۇ قانداق ئىش، ئېنىق سۆزلىسۇنلار!

ــ پەرمانلىرىغا بىنائەن كۇنگەي لەشكەرگاھىنى ئىلكىمىزگە ئېلىپ، لەشكەرلەرنى قورالسىزلاندۇرغاندىن كېيىن سەركەردە مەڭلىك نىيازنى قالدۇرۇپ قويۇپ، سېتىۋالدى بەگ بىلەن ئەمىر جانابلىرىغا خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئوردىغا كىرگەنىدۇق. شول ئەسنادا سارايغا قاراپ ماڭغان خانزادە بىلەن مەھرەملىرىگە دوقۇ-رۇشۇپ قالدۇق. سەركەردە سېتىۋالدى بەگ: «بۇ سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا تۆھپە كۆرسىتىدىغان بەلەن پۇرسەت. خانزادىنى ئۆل-تۈرسەك خان ئالىيلىرى چوقۇم خۇش بولىدۇ» دېگىنىچە بېرىپ

uyghurkitap.com

خانزادىنىڭ كاللىسىنى ئالدى. ئاندىن بىزنى بىرلىككە ئەجىر-تۆھپە مەلۇم قىلىشقا دەۋەت قىلدى. لېكىن بىز قوشۇلمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نۆكەرلىرىنى ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ كەتتى.

— بىز مەجبۇرىيەتلىرىمىزنى تولۇق ئادا قىلالماي گۇناھكار بولدۇق، — دېدى ياقۇپ بۇقابەگ ئېچىنغان ھالدا، — سىيتىۋالدى بەگ شۆھرەتپەرەس ئادەم ئىدى. ئۇ سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى كاتتا كۆرسىتىشكە ئالدىراپ قولىنى نارەسىدە خانزادىنىڭ قېنى بىلەن بوياپتۇ.

— ئەمىر جانابلىرى پەرمان بەرگەيلا. سىيتىۋالدى بەگنى ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ تۇتۇپ كېلەيلى، — دېدى غەزەپلەنگەن ئالماس بەگ.

— ھاجەتسىز، — دېدى ياقۇپ بۇقابەگ ھەسرەتلىك تىنىپ، — سىيتىۋالدى بەگ بىزدىن ئەجىر-تۆھپە تالىشىپ نام-ئاتاق تەمەسىدە سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا كەتتى. ھەركىم ئۆز قىلمىشىنىڭ مۇكاپاتىنى ئالىدۇ، ياراتقان قۇدرەت ئىگىسىنىڭ ئادالىتى ھېچكىمنى ھېسابىنىڭ سىرتىدا قالدۇرمايدۇ، — ياقۇپ بۇقابەگ قەددىنى رۇسلاپ ئەمىرلەرگە يۈزلەندى، — خانزادىنىڭ ئۆلۈمى ھازىرچە ئاۋامدىن سىر تۇتۇلغاي. سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە يېتىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭغىچە ئاۋامنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ، خان ئالىيلىرىنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىش ھازىرلىقىنى كۆرەيلى. كىمكى ئاۋام ئارىسىدا پىتنە-پاسات تارقىتىپ تەپرىقىچىلىك پەيدا قىلسا، يۈز-خاتىر قىلىنمايدۇ، بەلكىم ۋابالى جەددى-جەمەتىگىچە بولىدۇ. مىرشاپ، پاششاپ، پايلاقچىلار شەھەردە كېچە-كۈندۈز چارلاش ئېلىپ بارغاي. خوش، ھەممىلىرى ئۆز خىزمەتلىرىگە بېرىشقايلا.

ئەمىر-بەگلەر ياقۇپ بۇقابەگكە سالام بېرىشىپ سارايدىن چىقىپ كېتىشتى.

ياقۇپ بۇقابەگ ئالماس بەگ، مىرزا كامالىددىن، مىرزا ئەسرا قاتارلىق سەركەردىلەرگە كۈنگەي لەشكەرگاھتىكى ئابدۇسەمى

بەگنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ لەشكەرلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قايتىدىن تەشكىللەش خۇسۇسىدا يولىيورۇق بەرگەندىن كېيىن، بولۇنغان ئەھۋالدىن سۇلتان يۇنۇسخاننى خەۋەرلەندۈرۈش ئۈچۈن خەت يېزىشقا تۇتۇندى.

※ ※ ※

ئەسلىدە سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ قىشنى ئاقسۇدا ئۆتكۈزگۈسى بار ئىدى. تېرىلغۇ يەرلىرى، ئىشچان دېھقانلىرى، مول يايلاق ـ چارۋىچىلىرى بار، سۈيى ئەلۋەك، ھاۋاسى يېقىشلىق ئاقسۇغا يۇ ـ نۇسخاننىڭ خېلىلا كۆڭلى چۈشۈپ قالغانىدى. بىراق يەتتەكەنت، تۈركىستاندىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن ئەمىر ـ سەركەردىلەر چوڭ ئۈمىد ـ تەمە بىلەن قىلغان قەشقەر، ئاقسۇ يۈرۈشىدىن كۈتكىنىدەك نەپكە ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ھە دېسىلا «لەش ـ كەرلەرنىڭ تەمىناتى يېتىشمىدى» دېگەننى باھانە قىلىپ يۇنۇس ـ خاننىڭ بېشىنى ئاغرىتىشقا باشلىدى. سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئاللىقاچان خەزىنىنى قۇرۇقداپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تە ـ لىپىنى قاندۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىدى. يېڭىلا تەختتە ئولتۇر ـ غانلىقى ئۈچۈن، سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئەل ـ يۇرتقا سېلىق سې ـ لىپ خىراجەت جۇغلاشقا يۈزى چىدىمىدى. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئايماقلاردىن ئەۋەتكەن باج ـ سېلىقلار كۈندىلىك خىراجەت، چى ـ قىملارغا ئاران يېتەتتى. ئەمىر ـ سەركەردىلىرىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرمىسا، ئۇلار ئۆز لەشكەرلىرىنى ئېلىپ تۈركىستانغا كېتى ـ شى ياكى ئەل ـ يۇرتنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشى مۇمكىن ئىدى. مۇشۇنداق باش قېتىنچىلىقتا تۇرغاندا موغۇل سەركەردىسى ئا ـ ماسانچى تايشىنىڭ ئىلى ۋادىسىغا لەشكەر تارتىپ كىرگەنلىك خەۋىرى يۇنۇسخاننى تېخىمۇ تەمتىرەتتى. ئابدۇسەمى بەگنىڭ ئا ـ ماسانچى تايشى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغانلىقى ھەققىدىكى مە ـ لۇمات بولسا ئۇنى تېخىمۇ ئالدىراتتى. بۇنى دېمىگەندىمۇ خانزادە

www.uyghurkitap.com

كېپەك سۇلتاننىڭ تۇرپاندا خانلىق جاكارلىشى ئۇنىڭ كۆڭۈل
ئارامىنى بۇزۇپ تۇراتتى. پەقەت لەشكىرىي يۈرۈشلا ئاقسۇدا تۇ-
رۇشنى خالىماي تۇرغان ئەمىر ـ سەركەردىلەرنى يەنە قايتىدىن
تۇتۇپ تۇرالايتتى. ئىلاجسىز قالغان يۇنۇسخان كۆز پەسلىنىڭ
ئاخىرلىشىپ قالغىنىغا قارىماي، ئاقسۇدا مۇھەممەد ھەيدەر مىر-
زىنى قالدۇرۇپ تۇرپان، ئىلى ۋادىسىغا لەشكىرىي يۈرۈشنى باش-
لىغانىدى.

يول بويىدىكى چوڭ ـ كىچىك ئەمىر ـ بەگلەر، تۆرىلەر
چېدىر ـ بارگاھلارنى تىكىپ، ئوت قالاپ ئىسسىتىپ، يۈزلىگەن
داشلاردا گۆش پىشۇرۇپ، پولۇ دەملەپ، نان ـ توقاچلارنى تەييارلاپ
يۇنۇسخاننىڭ ئىستىقبالىغا چىقتى، يۈزلىگەن تۆگە، قېچىرلارغا
ئارتىلغان ئاشلىق، ھارۋىلارغا بېسىلغان يەم ـ خەشەكلەرنى يول-
لۇق تۇتتى. ئۇ ئەنە ئاشۇنداق يول يۈرۈپ توقسۇنغا كەلگەندە سەر-
كەردە سىتىۋالدى بەگ بىلەن ئۇچراشتى. ئۇنى تۇرپان ئەمىرى يا-
قۇپ بۇقابەگنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى دەپ چۈشەنگەن يۇ-
نۇسخان سىتىۋالدى بەگكە ئالاھىدە ئىززەت كۆرسىتىپ شاھانە
چېدىردا قوبۇل قىلدى.

قىسقىلا سالام ـ سەھەتتىن كېيىن ئۆزىنى بىر قۇر تونۇش-
تۇرۇپ ئۆتكەن سىتىۋالدى بەگ تۇرپاندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى
راسا كۆپتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ سۆزلەپ
بەردى.

— ئانھەزرىتىمنىڭ شاھانە مەكتۇپى ياقۇپ بۇقابەگ جاناب-
لىرىنى ئارىسالدى قىلىپ قويغانىدى. كەمىنە نۆكەرلىرى ئىل-
كىمدىكى ساداقەتمەن لەشكەرلىرىم بىلەن ئاگال مۇناپىق ئابدۇ-
سەمى بەگنىڭ كۆنگەي لەشكەرگاھىدىكى سەركەردە ـ لەشكەرلى-
رىگە ھۇجۇم قىلىپ ھەممىسىنى بويسۇندۇردۇم. ئاندىن قارشىلىق
كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان ئابدۇسەمى بەگنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن
جۇدا قىلدىم. ھالىغا باقماي ئۆزىنى بۈيۈك سەلتەنەتنىڭ تەخت
ساھىبى دەۋالغان خانزادە كېپەك سۇلتان شىلتىڭ ئېتىۋىدى، ئۇ-

نىڭمۇ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدىم. ياقۇپ بۇقابەگ ئىلاجـ
سىز كەمىنىلىرىگە ھەمدەمدە بولۇشقا مەجبۇر بولدى...

— خانزادە كېپەك سۇلتانىنىڭمۇ كاللىسىنى ئالدىڭمۇ؟ —
سورىدى يۇنۇسخان ھە دەپ ئۆزىنى ماختاشقا باشلىغان سېتىۋالدى
بەگنىڭ گېپىنىڭ شېخىغا ئۇرۇپ.

— شۇنداق قىلىڭغاھىم.

سېتىۋالدى بەگ يۇنۇسخانغا ناھايىتىمۇ ئېسىل بىر سوۋغاتـ
نى كۆرسەتمەكچى بولغاندەك، كەمىرىگە ئېسىۋالغان خالتىنىڭ
ئاغزىنى ئېچىپ كۆرسەتتى.

— مانا بۇ خانزادە كېپەك سۇلتانىنىڭ كاللىسى.

سۇلتان يۇنۇسخان خانزادىنىڭ بېشىغا شۇنداقلا قاراپ كۆـ
زىنى يۇمۇۋالدى. خانزادىنىڭ بېشى قانغا بويالغان بولۇپ، سەبىي
كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك پولتىيىپ قالغانىدى. يۇـ
نۇسخانىنىڭ يۈرىكى پىچاق تىققاندەك ئېچىشتى، كۆز ئالدىغا ئىكـ
كىنچى خانىشى شاھ بېگىمدىن تۇغۇلغان ئىككى ئوغلى — خانزاـ
دە مەھمۇد سۇلتان بىلەن خانزادە ئەھمەد سۇلتان كەلدى.

«ئىنسان قىلىپىدىن چىققان جاللات! ئاغزىدىن ئوغۇز سۈتى
كەتمىگەن بىگۇناھ گۆدەكنىڭ كاللىسىنى كېسىشكە قانداقمۇ قوـ
لۇڭ بارغاندۇ؟! ئاھ، ياراتقان تەڭرىم، بۇ قاتىللىقنىڭ ۋابالىنى
ھەرگىزمۇ مەندىن كۆرمىگەيسەن. خانزادىنىڭ كاللىسىنى ئالغۇـ
دەك نېمە گۇناھى بار ئىدى ـ ھە؟ ئۇ ھېچنېمىنى بىلمەيتتىغۇ؟
تېخى ئاغزىدىن ئوغۇز سۈتى پۇراپ تۇرسا...»

كۆرسەتكەن كاتتا ئەجىر ـ تۆھپىسى ئۈچۈن سۇلتان يۇـ
نۇسخاندىن كاتتا ئىنئام، يۇقىرى مەرتىۋە تەمە قىلغان سېتىۋالدى
بەگ بەخىرامان ھالدا ھە دەپ ئۆزىنى داڭلايتتى.

— ئابدۇسەمى بەگ خانزادىنى ئېلىپ تۇرپانغا كەلگەن
ۋاقىتتا ئۇنى شەھەرگە كىرگۈزمەيلى دېسەم، ئەمىر ياقۇپ بۇقاـ
بەگ: «ئۇنداق قىلساق ساداقەتسىزلىك قىلغان بولىمىز. بۇمۇ خان
ئالىيلىرىنىڭ پۇشتى. سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئالىيلىرى

قازا قىلغاندىن كېيىن تاجۇ تەخت خانزادىگە تېگىل بولۇشى كې-رەك ئىدى» دەپ ئۇنى شەھەرگە كىرگۈزدى، ھەتتا ئابدۇسەمى بەگنىڭ گېپىگە كىرىپ خانزادىنى ئاق كىگىزدە ئولتۇرغۇزدى. نەسىھەتىمگە پەقەتلا قۇلاق سالمىدى. قىبلىگاھىمىز بىلەن ئۆزۈم شەخسەن ئالاقە قىلاي دەپ ئويلىغان بولساممۇ، مەنسەپ ــ مەرتى-ۋىمىز توغرا كەلمىگەچكە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بول-دۇم. ئالىيلىرىنىڭ خۇپيانە يوللىغان شاھانە مەكتۇپىنى كۆر-گەندىن كېيىن كۆڭلۈمدىكى غەم ــ ئەندىشىلەر تارقاپ قايتىدىن جاسارەتكە كەلدىم. چەكسىز ھىممەت ــ شەپقەتلىرىنى سېغى-نىپ...

— گەپلىرىدىن قارىغاندا خانزادىنىڭ كاللىسىنى ئېلىش ئۆزلىرىنىڭ قارارىكەن ــ دە؟ — سورىدى يۇنۇسخان يۈرىكىنى تىلغاۋاتقان ئازابلىق تۇيغۇلارنى تەستە يېڭىپ تۇرۇپ.

— شۇنداق قىبلىگاھىم. ياقۇپ بۇقابەگنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرغان بولسام تۇرپان بۇ چاغقا مۇناپىق ئابدۇسەمى بەگنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغان بولاتتى. مەرتىۋىمىز كىچىك بولسىمۇ جانابى ئانھەزرىتىمنىڭ چەكسىز ھىممىتىنى سېغىنىپ سەلتەنەت دۈشمەنلىرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلدىم.

سۇلتان يۇنۇسخان سېيىتۋالدى بەگنىڭ بىلجىرلاشلىرىنى ئاڭلاۋېرىشكە ئەمدى تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى.

— مىرغەزەپ!

خاننىڭ دەھشەتلىك ۋارقىرىشىدىن چۆچۈپ كەتكەن سېيىتۋالدى بەگ گېپىنى توختىتىپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى.

چېدىر ئىچىگە ئىككى جاللات كىرىپ كەلدى.

— لەببەي ئانھەزرىتىم.

— مۇنۇ قاتىلنىڭ دەرھال كاللىسىنى ئېلىڭلار!

سېيىتۋالدى بەگنىڭ ھەيرانلىقى ۋەھىمىگە ئالماشتى.

سېيىتۋالدى بەگنىڭ يۈركى سىرقىراپ كەتتى.

سېيىتۋالدى بەگنىڭ پۇت ــ قولىدا جان قالمىدى.

سېتىۋالدى بەگ دەرھال يەر قاساپ نالە قىلدى.

ــ ئادالەت! ئادالەت!

يۇنۇسخان سېتىۋالدى بەگنى سۆرەپ ماڭغان ئىككى جاللاتنى شەرەتلەپ توختاتتى.

ــ گۇناھسىز نارەسىدىنى ئۆلتۈرۈپمۇ يەنە ئادالەت تەلەپ قىلامسەن ناكەس؟

ــ مەن نارەسىدىنى ئەمەس، سەلتەنەت دۈشمىنىنى ئۆلتۈردۈم ئالىيلىرى.

ــ ئېيتە بەتبەخت! تېخى خەتنىسى قىلىنمىغان بىر بالا سەلتەنەت بىلەن قانداقمۇ دۈشمەنلىشەلىسۇن؟ بايامقى گەپلىرىڭدىن نىيەت ـ مەقسىتىڭنى پۈتۈنلەي چۈشەندىم. سەن مەنسەپ ـ مەرتىۋە تەمەسىدە خانزادىنى ئۆلتۈرگەنسەن. بۇنى قاتىللىق دەيمىز. ئەسلىدە مۇشۇ گۇناھىڭ ئۈچۈن جەددى ـ جەمەتىڭنى قىرىۋېتەي دېگەنىدىم. بىراق ياقۇپ بۇقابەگكە ھەمدەم بولغان تۆھپەڭ ئۈچۈن جەددى ـ جەمەتىڭنى ئامان قويدۇم. ئاچىقىپ كاللىسىنى ئېلىڭلار، جەسىتىنى تۇرپان شەھىرىدە سازايى قىلىڭلار، ئاۋام ـ رەئىيەت بىگۇناھ خانزادىنىڭ قاتىلىنى تونۇۋالسۇن.

شۇنداق قىلىپ ئەڭ ئاخىرقى بىر تەخت دەۋاگىرىدىنىمۇ تولۇق خالاس بولغان يۇنۇسخان تۇرپان شەھىرىگە زور ھەشەم ـ دەرەم بىلەن كىرىپ كەلدى، خانزادە كېپەك سۇلتاننىڭ بېشى بىلەن تېنىنى بىرلەشتۈرۈپ دەپنە قىلدى. پۈتكۈل تۇرپان ۋىلايىتى تەۋەسىگە مۇسىبەت جاكارلىدى ۋە ئۆزىمۇ قارىلىق تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل موغۇلىستان تەۋەسىدە ئۇنىڭغا بويۇنتاۋلىق قىلىدىغان بىرمۇ يۇرت، بىرمۇ ئەمىر قالمىدى.

ئۇ سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى تۇرپاندا بىر ھەپتە ئارام ئالدۇرۇپ، ياخشى غىزالاندۇرغاندىن كېيىن، لەشكەرلەرنىڭ قىشلىق كىيىم ـ كېچەك، ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرىنى قايتىدىن تولۇقلاپ ئىلى ۋادىسىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

## 69

تۈركىستان.

سەيھۇن دەرياسى بويىغا جايلاشقان قاراتوقاي قىشلىقى موغۇ-لىستان لەشكەرلىرى تىككەن مىڭلىغان چېدىر ـ بارگاھلار بىلەن خۇددى بىر بازارغا ئوخشاپ قالغانىدى. تۈمەنلىگەن لەشكەرلەرنى كۆرۈپ قاراتوقايدىكى چارۋىچىلار ئاللىقاياقلارغىدۇر غايىب بو-لۇشقان بولۇپ، يېقىن ئەتراپتا يەرلىك ئاھالىنى ئۇچراتماق تەس ئىدى. قاتتىق سوغۇق سەيھۇن دەرياسىنى پۈتۈنلەي مۇزلىتىۋەتكە-نىدى. قىش كىرگەندىن بېرى ياغقان قارلار ئېرىمىگەن بولۇپ، كۆز يەتكۈسىز دەريا ۋادىسى قۇياش نۇرىدا جىمىرلاپ كۆزنى چا-قاتتى. زېمىننى قاپلىغان ئىككى ـ ئۈچ غېرىچ قېلىنلىقتىكى قاردا بۇغا، جەرەن، كېيىك، ياۋا توشقان، قىرغاۋۇل دېگەندەك ياۋا-يى ھايۋانلارنى ئوۋلىماق بەكمۇ ئاسان ئىدى. ھەپتىدىن بېرى چې-دىردىن چىقمىغان سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ بوگۇن ئوۋغا كۆڭلى تارتىپ قالغانىدى. پۈتكۈل ئەزايىدا تىرناقچىلىكمۇ ئالىسى يوق تۇم قارا ئەرەب ئارغىمىقى بىر خىل رىتىمدا يورغىلايتتى. يۇ-نۇسخان ئاتنى ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىپ چوڭقۇر خىيالغا كەتكە-نىدى. ناگان ـ ناگاندا چىغ، يۇلغۇن، چاتقاللار تۈۋىدىن يۈگۈرۈپ چىققان توشقان، قىرغاۋۇللار، ئوق يېتىم يىراقلىقتىكى دۆڭ ـ قاپتاللارنىڭ كەينىدە ئاتلارنىڭ دۈكۈرلىگەن ئاياغ تىۋىشىدىن چۆچۈپ قېچىشقا باشلىغان بۇغا، جەرەن توپلىرى ئۇنىڭ دىققىتى-نى تارتالمايتتى. خاننىڭ ئوۋ بىلەن كارى بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ نۆكەرلەر ئات سىلىشقا پېتىنالماي ئاستا كېلىشەتتى. ئۇلار خان-نىڭ خىيالىنى چالغىتىپ قويۇشتىن ئۆزىنى تارتاتتى. ھەئە، ئاپ-

ئاق قار بىلەن چۈمكەلگەن كۆز يەتكۈسىز دالا يۇنۇسخاننى خىيال دۇنياسىغا غەرق قىلغانىدى.

«ئەسلىدە قىشنى ئىلى ۋادىسىدا، ھېچبولمىغاندا ئالمالىقتا ئۆتكۈزگەن بولسام بوپتىكەن، قارا قىشتا لەشكەرلەر يول جاپاسىنى ئاز تارتمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئات ـ ئۇلاغلارمۇ كۆپ تالاپەتكە ئۇچرىدى. بۇنى ئاز دەپ ئوزۇق ـ تۈلۈكنىڭ ئۆكسۈپ قېلىشىمۇ بىر بالا بولدى. ناۋادا بۇرۇج ئوغلان بىلەن تۇتۇشۇپ قالىدىغان بولساق چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ. سەركەردە ـ لەشكەرلەر بەرداشلىق بېرەلمەيمۇ قالارمۇ؟...»

يۇنۇسخاننىڭ خىيالىدىن ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ئاماسانچى تايشى بىلەن بولغان جەڭ لىپ قىلىپ ئۆتتى.

※ ※ ※

يۇنۇسخان تۇرپاندا سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى ئوبدان ھاردۇق ئالدۇرۇپ، يەتكۈدەك ئوزۇق ـ تۈلۈك، قىشلىق كىيىم ل كېچەك غەملىتىۋالغاندىن كېيىن ئىلى ۋادىسىغا ئانچە قىينالمايلا كېلىۋالغانىدى.

ئۇ قارارگاھلىرىنى جايلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن موغۇللار بىلەن جەڭ قىلىشقا ئالدىرىمىدى، سالامغا كەلگەن يەرلىك بەگ ـ تۆرىلەرنى قوبۇل قىلدى، ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى ئاڭلىدى. ئاماسانچى تايشى بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئۇ يەرلىك خەلقنىڭ مال ـ چارۋىلىرىنى، ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرىنى بۇلىغان، سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى قىز ـ ئاياللارغا زورلۇق قىلىشقا قويۇپ بەرگەن بولۇپ، بەگ ـ تۆرىلەردىن تارتىپ ئاددىي پۇقرالارغىچە ئۇنىڭ زۇلمىدىن جاق تويغانىدى.

بەگ ـ تۆرىلەرگە تەسەللى بېرىپ، كۆڭلىنى ياساپ يولغا سېلىپ قويغان يۇنۇسخان ئۇزاق خىيال سۈردى. ئۇ ھەر قاچان قىيىن مەسىلىلەرگە، ھايات ـ ماماتلىق پەيتلەرگە دۇچ كەلگەندە،

كۆچلۈك ياۋ بىلەن روبىرو كەلگەن ۋاقىتلاردا ئۈسمۈرلۈك دەۋرىدە ئاغزىغا ئىلىم سالغان مەرھۇم ئۇستازى شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ ھېكمەتلىرىنى، باغداد، دەمەشق، شىراز قاتارلىق شەھەرلەردىكى مەدرىسەلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغاندا ئوقۇغان كىتابلاردىكى ھەقىقەتلەرنى، ئاشۇ ئىلىم دەرگاھلىرىدىكى ئالىم ـ پازىللار بىلەن بولغان ئەنجۇمەنلەردە تىلغا ئېلىنغان ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئائىت مەسىلىلەرنى ئېسىگە ئالاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئېسىگە بۈيۈك ھۆكۈمدار، سالجۇقىيلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر ۋەزىرى نىزامۇل مۈلكنىڭ كاتتا ئەسىرى «سىياسەتنامە»دىكى مۇنۇ ھېكمەتلەر زاھىر بولدى: «پادىشاھ ياۋ بىلەن شۇنداق ئۇرۇشلارنى قىلىشى كېرەككى، ياۋ بىلەن سۇلھىلىشىشكە ئورۇن قالدۇرۇپ قويسۇن. يەنە شۇنداق سۇلھى ـ كېلىشىملەرنى ئىمزالىسۇنكى، ئۇرۇش قىلىشقا ئورۇن قالدۇرۇپ قويسۇن. رەقىبلەرگە قارىتا يىرتىۋەتكىلى بولىدىغان كېلىشىملەرنى ئىمزالىسۇن، يىرتىۋەتكەندىن كېيىن يەنە تولۇقلىۋالغىلى بولىدىغان كېلىشىملەرنى تۈزسۇن...»

ئۇ سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ مەدىتى بىلەن تۈركىستانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «سىياسەتنامە»نى بىرقانچە قېتىم ئوقۇغانىدى. ئۇ ئادەتتە تۆت كىتابنى پەقەتلا يېنىدىن ئايرىمايتتى، تەكرار ـ تەكرار ئوقۇيتتى، بۇ تۆت كىتاب «قۇرئان كەرىم»، «قۇتادغۇبىلىك»، «سىياسەتنامە» ۋە «ئەمىر تۆمۈر تۈزۈكلىرى» ئىدى. شۇ دەقىقىدە يادىدىن «سىياسەتنامە»دىكى ئاشۇ ھېكمەتلەر كېچىشى ھامان، نېمە ئۈچۈندۇر بايام ئىلى ۋادىسىدىكى بەگ ـ تۆرىلەر بىلەن سۆھبەتلەشكەندە بەرگەن ۋەدىسىدىن ــــ ئەتىلا ئاماسانچى تايشى بىلەن مەيدان جېڭى قىلىش نىيىتىدىن يېنىۋالدى.

«ھاۋا سوغۇق، قار توختايدىغاندەك ئەمەس. بۇنداق شارائىتتا جەڭ قىلىش تازا مۇۋاپىق كەلمەسمىكىن. سەركەردە ـ لەشكەرلەر بۇنداق قاتتىق سوغۇقتا جەڭ قىلىشقا ئادەتلەنمىگەن. قورال ـ ياراغ تۈگۈش ئەمەس، قولنى يەڭدىن چىقىرىشمۇ تەس، ياكى بولمىسا ئاماسانچى تايشىنى سۈلھىگە تەكلىپ قىلسام قانداق بولۇر؟

بۇنىڭغا سەركەردىلەر قېتىلماسمىكىن. ئەمما جاپا لەشكەرلەرگە بولىدۇ شۇ. شۇنداق قىلاي، گاھىدا جەڭ قىلىپ ئېرىشكەن غەلىبىدىن سۇلھىنىڭ قۇدرىتى يامان. ئۆز ۋاقتىدا مەرھۇم خان ئاتام سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىمۇ ئول ئاماسانچى تايشىنىڭ ئاتىسى بىلەن سۇلھى تۈزۈشۈپ ئىلى ۋادىسىدا ئۇزاق مەزگىللىك تىنچلىق ئورناتقانىكەن. ئەڭ ياخشىسى ئۇنى چىرايلىقچە ئۆز تەسەررۇپىغا قايتىشقا دەۋەت قىلاي. سۇلھىگە كۆنمىسە ئاندىن ئۇرۇش قىلسامىمۇ كېچىكمەيمەن...»

بىر قارارغا كەلگەن يۇنۇسخان قەغەز ـ قەلەم ئەپكەلدۈرۈپ ئاماسانچى تايشىغا خەت يېزىشقا كىرىشتى.

*«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم*

*بىزلەركىم بۈيۈك موغۇلىستان سەلتەنەتىنىڭ خاقانى يۇنۇسخاندىن جانابى موڭغۇل خانى ئاماسانچى تايشىغا يېتىپ مەلۇم بولغاي.*

*يېگانە قۇدرەتلىك پەرۋەردىگار ھەر قوۋمنى ياراتقاندا ئۇلارغا تېگىشلىك زېمىن، يەر، سۇ، ماكان بەخشەندە قىلغان ۋە ئۇلارنى ئاشۇ نېسىۋىسىگە شۈكۈر ـ قانائەت قىلىپ ياشاشقا بۇيرۇغان. شۇنى بىلىپ قالسۇنلاكى، موغۇلىستان تەسەررۇپى ئاشۇ يېگانە قۇدرەت ئىگىسىنىڭ بىزگە ئىنايەت قىلغان زېمىنىدۇر. بۇ تەسەررۇپتا بىزنىڭ ئابا ـ ئەجدادلىرىمىز ئەۋلادمۇئەۋلاد ياشاپ نەسىل قالدۇرۇپ، تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن. تەسەررۇپىمىزنىڭ ھەر بىر غېرىچ تۇپرىقىغا ياتلارنىڭ قەدەم بېسىشى بىز ئۈچۈن كۆتۈرگۈسىز ھاقارەتتۇر. ئۆز ۋاقتىدا ئاتىلىرى ئېسان تايشى جانابلىرى لەشكەر باشلاپ كېلىپ بۇ زېمىنغا تەئەررۇز قىلغاندا جەننەتماكان خان ئاتام سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىغان ۋە قاتتىق ياغى بولۇپ ھېسابسىز باشلار كېسىلىپ، ئىلى دەرياسى قىپقىزىل قانغا بويالغان، .ئاخىرىدا ئۆزئارا تەئەررۇز قىلىشماسلىق ھەققىدە سۇلھى قىلىشىپ كېلىشىم تۈزۈشكەنىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئول كېلىشىمنامىنى يىرتىپ تاشلاپ ئاتا*

ئەھدىگە خىلاپلىق قىلدىلا. پۇقرالىرىمىزنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، كۆپ زۇلۇم ـ دىشۋارچىلىقلارنى سالدىلا. بەلكىم سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئۆلدى، بۇ ئەل ـ يۇرت باشپاناھسىز قالدى، ئەمدى خالىغىنىمىزنى قىلسام بولىدۇ دەپ خام خىيال ئەيلىگەن بولۇشلىرى مۇمكىن. سىز قالمىسۇن. كى، بۈيۈك تەسەررۇپىمىز بىر دەقىقىمۇ باشپاناھسىز، سەلتەنەتىمىز پاسىبانسىز قالغان ئەمەس. مانا مەن بۇ ئەلنىڭ سەلتەنەت تىزگىنىنى قولۇمغا ئالدىم ۋە مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇۋاتىمەن، تۇمەنلىگەن باھادىر ئەزىمەتلىرىم قىلىچ يالىڭاچلاپ تەق بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. تۇپرىقىمىزغا كۆز ئالايتىپ كەلگەن ھەرقانداق ياۋنى ئەدەپلەشكە تامامەن كۈچ ـ ماغدۇرىمىز يېتىدۇ. ئادالەت قىلىچىمىزنىڭ سوغۇق، ئۆتكۈر بىسى ھەرقاچان باسقۇنچىلارنىڭ بېشىغا چىنەگىلىك. ئەللىك ـ ئاتمىش يىلنىڭ ئالدىدا ئاتا ـ ئەجدادلىرىمىز قانداق قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن بولسا، بىزمۇ شۇنداق پەھلىۋانلىق كۆرسىتىمىز.

شۇنىمۇ بىلىپ قالسۇنلاكى، ئۇشبۇ مەكتۇپنى قانداقتۇر ئاجىزلىقىمدىن يالۋۇرۇپ يېزىۋاتقىنىم يوق. لەشكەرلىرىمىزنىڭ باشلىرى كېسىلىپ، قانلىرى تۆكۈلمىسۇن دەيمەن ھەم بۇ سەۋەبلىك ئىككى ئەل، ئىككى قوۋم ئوتتۇرىسىدا ئۆچ ـ ئاداۋەت، خۇن ـ قىساس ئوتى ئۇلغىيىپ ئەۋلادلىرىمىزغا مىراس قالمىسۇن دېدىم. ئىككى ئەل پۇقرالىرى دوستانە بېرىش ـ كېلىش قىلىشىپ ئەپ ئۆتسە، پەرزەنت ـ ئەۋلادلارمۇ بۇ دوستلۇقتىن ئۆرنەك ئالىدۇ. ئۆز يۇرت ـ ماكانىدا خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىدۇ.

سەمىمىي سۆزۈم شۇلكى، ئەگەر ياخشىسى ئاتا ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ، ئۆز مۇلكىي تەسەررۇپلىرىغا چىرايلىقچە قايتىپ كەتسىلە. ناۋادا جەڭنى ئىختىيار قىلسىلىمۇ مەيلى. بىز ئەگەر ئاخىرقى تىنىقىمىزغىچە يۇرت ـ ماكانىمىزنى قوغدايمىز. ياۋنى قوغلاپ چىقارمىغۇچە ھەرگىز بولدى قىلمايمىز.

جاۋابلىرىنى كۈتىمەن.

بۈيۈك موغۇلىستان سەلتەنەتىنىڭ سۇلتانى يۇنۇسخاندىن دەپ بىلۇرلا.»

ناھايىتى ئەپسۇسكى، مەكتۇپنى ئاماسانچى تايشى پۇشتىغە ـ
مۇ ئېلىپ قويمىدى. خەتنى ئېلىپ بارغان ئەلچىنىڭ قۇلىقىنى
كېسىپ قايتۇرۇۋەتتى، بۇ ئەدەپسىزلىك يۇنۇسخاننىڭ قاتتىق غە ـ
زىپىنى كەلتۈردى.

ئەسلىدىمۇ موغۇللار بىلەن جەڭ قىلىپ مال ـ دۇنيا ئول ـ
جا ئېلىش نەمەسىدە تاقىلداپ تۇرغان سەركەردىلەرگە بۇ ئىش با ـ
ھانە بولۇپ بەردى.

— ئەسلىدىمۇ قالماقلا خەت ئەۋەتمەسلىك كېرەك ئىدى.

— ياغى قىلايلى زادى.

— ئۇلارغا رەھىم قىلىشنىڭ ئورنى يوق.

— پەرمان بەرسىلە ئالىيلىرى.

— تەئەررۇز قىلغىنىغا تويغۇزايلى.

— كىمنى كۆزلىگە ئىلمايدۇ ئول بەدرەك.

— ...

يۇنۇسخانمۇ جەڭ قىلىشتىن باشقا يول قالمىغانلىقىنى ھېس
قىلغانىدى، شۇڭا سەركەردىلەرگە ئۇرۇش تەييارلىقى توغرۇلۇق
پەرمان بەردى.

بۇ كۈنى ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى. ئىك ـ
كى تەرەپ لەشكەرلىرى ئىلى دەرياسى بويىدا سەپ تۈزدى. لەش ـ
كەرلەر نەرە تارتىپ، سۈرەن ـ چۇقان سېلىپ كۈچ كۆرسەتتى.
قاتتىق سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى. سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ قورال
تۇتقان قوللىرى ئۇيۇشۇپ كەتكەنىدى. جەڭنى تېز ئاخىرلاشتۇ ـ
رۇشقا ئالدىرىغان سەركەردىلەر بىراقلا ھۇجۇمغا ئۆتۈش تەكلىپىد ـ
نى بەردى. ئاماسانچى تايشىنىڭ ئەدەپسىزلىكىدىن تېخىچە غەزىپى
بېسىلمىغان يۇنۇسخاننىڭ غەلىبىگە ئىشەنچى بار ئىدى.

— ئاتلىقلار ھۇجۇمغا ئۆتسۇن، پىيادىلەر ھىمات قىلسۇن، —
دېدى يۇنۇسخان پەرمان بېرىپ.

خاننىڭ مۇشۇ پەرمانىنى كۈتۈپ تۇرغان سەركەردىلەر نەرە
تارتقىنىچە ھۇجۇمغا ئۆتتى. موغۇل سەركەردە ـ لەشكەرلىرى

ئېلىشا ـ ئېلىشمايلا قاچتى. ئالدىنقى كۈنىلا سۇلھىگە كۆنمەي كۆرەڭلىگەن ئاماسانچى تايشىنىڭ ئېلىشا ـ ئېلىشمايلا قېچىشى سۇلتان يۇنۇسخانغا ۋە سەركەردىلەرگە قىلچىلىك غەيرىي تۇيۇلمىدى.

سەركەردە ـ لەشكەرلەر غەيرەت بىلەن قوغلاشقا كىرىشتى. لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئاتلارنىڭ تۇياق ئىزىنى كۆمۈۋېتەتتى. ئون ـ يىگىرمە قەدەم ئارىلىقنى ئېنىق ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى.

سەركەردە ـ لەشكەرلەر قىزىققانىدى. ياۋنىڭ قارارگاھىنى ئىگىلەپ مال ـ دۇنيا ئولجا ئېلىش تەمەسىدە ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي ئاتلىرىغا قامچا سالاتتى.

ھەممىسىنىڭ ۋۇجۇدىدا غەلىبە ـ نۇسرەت ۋەسۋەسىسى ھۆكۈمران ئىدى.

ھازىرلا ئالدىدىن قېچىپ كېتىۋاتقان ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ خۇددى يەر يۇتقاندەك غايىب بولۇپ كەتكىنىگە پەرۋا قىلىشمايتتى.

لەشكەرلەر نەرە تارتاتتى.

ئاتلار كىشنەيتتى.

ئاچچىق قامچا ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتلار چوڭقۇر ئورەكلەرگە گۇلدۇرلەپ چۈشۈپ كەتتى. لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قاردا كەينىدىكىلەر ئالدىدىكىلەرنىڭ ھالاكىتىنى سەزمەيتتى. ئورەككە چۈشۈپ كەتكەن ئاتلارمۇ، لەشكەرلەرمۇ جىمىپ كەتكەنىدى، خۇددى يەرنىڭ قەھرىگە كىرىپ كەتكەندەك.

ياۋ ھىيلىگەرلىك قىلغانىدى.

ھەم غەزەپلىك، ھەم جاسارەتلىك رەقىبلىرىگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن ئاماسانچى تايشى ئىككى كۈندىن بېرى لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قاردىن پايدىلىنىپ چوڭقۇر ئورەكلەرنى كولاپ سىپىلغاق ياسىغانىدى. شۇ تاپتا ئالدىدىكىلەرنى كەيند-

دىكىلەر دەسسەپ بىر ـ بىرىنى ھالاك قىلىشۋاتاتتى.
موڭغۇللارنىڭ ئانچە نىشانسىز ئاتقان يا ئوقلىرىمۇ ئاسمان-دىن قار بىلەن بەسلەشكەندەك يېغىپ لەشكەرلەرگە تالاپەت يەتكۈ-زۈۋاتاتتى.
ــ ئالدىنىپتۇق، ئالدىمىزدا سېپىلغاق بارىكەن.
ــ ياۋ ھىيلە ئىشلىتىپتۇ.
ــ چېكىنىەيلى.
ھەئە، موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ سېپى ئۈزلۈكسىدىن بۇ-زۇلۇپ كەتتى، جەڭگىۋارلىقى يوقالدى، جاسارىتى سۇندى.
موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۆلۈم ۋەھىمىسى چۇلغىۋالدى.
ئۇلار ياۋنىڭ مال ـ دۇنياسىنى ئولجا ئېلىش تەمەسىدە ئە-مەس، ئەجەل قىلىچى، ئەجەل ئوقلىرىدىن قۇتۇلۇپ ھايات قېلىش تەمەسىدە تىپىرلىدى.
يەرگە تۆكۈلگەن قىپقىزىل قانلارنى قار بىردەمدىلا يېپىۋال-دى.
سوغۇقتا بىردەمدىلا قېتىپ كەتكەن جەسەتلەر لەپىلدەپ يې-غىۋاتقان قار ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالدى.
سۇلتان يۇنۇسخان ھاياتىدا ئىككىنچى قېتىم قاتتىق مەغلۇ-بىيەتكە يۈزلەنگەندى، ئۇ ناغرا چالدۇرۇپ، سەركەردە ـ لەشكەر-لەرنى يىغىۋالدى.
موڭغۇللار تۇنجى غەلىبىسىدىن قانائەت ھاسىل قىلدى.
چېكىنگەن رەقىبلىرىنى قىر ـ چاپ قىلىپ قوغلىمىدى.
ھەئە، ئۇلار رەقىبلىرىدىن يەنىلا ئېھتىيات قىلىپ قالغان-دى.
رەقىبلىرىنىڭ قايتا ھۇجۇم تەشكىللەش ئېھتىماللىقىنى نەزەردە تۇتقانىدى.
سۇلتان يۇنۇسخان چېدىر ـ بارگاھلىرىنى مۇستەھكەملەپ، قاراۋۇللارنى كۈچەيتىپ، قارنىڭ توختىشىنى كۈتۈپ قايتا جەڭگە

www.uyghurkitap.com

چىقمىدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە تۈركىستان، يەتتەكەنتتىن ئەگە-شىپ كەلگەن سەركەردىلەر ئىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك قازا قىلغانىدى.

— ياۋنى سەل چاغلاپتۇق، — دېدى سەر چېدىرغا يىغىلغان سەركەردىلەر ئارىسىدا ئولتۇرغان بۇيانقۇلى سوكۇتنى بۇزۇپ، — ئۇلار ئالدىن ھازىرلىق كۆرۈۋالغانىكەن، ئەسلىدە چارلىغۇچىلارنى ئەۋەتىپ ياۋنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولىدىغان ئىكەن.

— ئەمدى پۇشايماننىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ سۆز ئېلىپ، — جەڭدە يېڭىش ـ يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ. ھىيلە ـ پەنتنى ھەركىم ئۆز شارائىتىغا قاراپ ئىشلىتىدۇ. پەمىمچە، ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ سانى ئانچە كۆپ ئەمەستەك قىلىدۇ.

— ھىيلە ئىشلەتكىنىگە قارىغاندا مەيدان جېڭىگە بولغان ئىشەنچىمۇ يوقتەك قىلىدۇ.

ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ ئۆز ۋاقتىدا يۇنۇسخاننى قوللاپ سۇلتان ئىسان بۇغاخاندىن ئايرىلىپ چىققان مەرھۇم ئەمىر مىر-كەرىمبەردى بەگنىڭ بىر قورساق ئىنىسى ئىدى. ئۇ يۇنۇسخانغا ئەگىشىپ كەلگەن تۈركىستان بەگلىرىگە پەقەتلا ئوخشىمايتتى. ساداقەتمەنلىكى، كەڭ قورساقلىقلىقى، كەم سۆزلۈكى، مال ـ دۇنياغا ئەمەس، دوستلۇق ـ ئەقىدىگە بەكرەك مايىللىقى بىلەن يۇنۇسخاننىڭ ئالاھىدە ھۆرمەت ـ ئىشەنچىگە ئېرىشكەنىدى، لەش-كىرىي تەدبىرگىمۇ ئالاھىدە پىششىق ئىدى، شۇ سەۋەبتىن يۇ-نۇسخان ئۇنىڭ پىكرىگە بەكمۇ ھۆرمەت قىلاتتى.

— قانداق دەيدىلا جانابى ئەمىر؟ — دېدى باياتىنبېرى گەپ قىلماي ئولتۇرغان يۇنۇسخان.

— ناۋادا ياۋنىڭ جەڭ قىلىشقا ئىشەنچى بولسا ئالدىراپ ـ تېنەپ ھۇجۇمنى توختاتمىغان بولاتتى. ناۋادا ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن بولسا سېپى بۇزۇلۇپ پاتىپاراق بولغان، ساراسىمىگە چۈشكەن لەشكەرلىرىمىز ئۇلارنى ھەرگىزمۇ چېكىند-

دۇرەلمەيتتى. شۇڭا دەيمەن، ئۇلارنىڭ ھېلىھەم يۈرىكى پوك ـ پوك.

ــ ئۇنداق بولسا ئۇلار بىلەن يەنە بىر نۆۋەت تۇتۇشۇپ كۆ ـ رەيلى. ــ دېدى سەركەردە ئالماس بەگ.

تۇرپاندىكى ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى ئالماس بەگنى سۇلتان يۇنۇسخان ئىلى يۇرۇشىگە بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. تۇرپان ئەمىرى ياقۇپ بۇقابەگ ئۇنىڭغا قوشۇپ مىرزا كامالىددىن، مىرزا ئەسرا قاتارلىق سەركەردىلەرنىمۇ ئۈچ مىڭ لەشكەر بىلەن قوشۇپ يولغا سالغانىدى.

ــ ئەمدى ئالدىرىمايلى، ــ دېدى ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ، ــ ئاۋۋال يېغىۋاتقان قار توختىسۇن. ئۇنىڭغىچە كۈنگە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم يەزەك① چىقىرىپ ياۋ بارگاھىنى چارلايلى. يەزەكلەر ئۇلارغا كۆرۈنۈش قىلىپ سۈر كۆرسەتسۇن. لەشكەرلەر ـ مۇ چېدىرلىرىدا ئوت ئېسسىنىپ ئولتۇرماي، سىرتقا چىقىپ ما ـ ھارەت مەشىق قىلسۇن، بۇ ئارقىلىق ياۋغا بىر قېتىملىق مەغلۇ ـ بىيەت بىلەن سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىزنىڭ روھى چۈشۈپ كەتمىگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويايلى، ئۇلار بىزنى قۇرۇق تېرە تاراقشىتىۋاتىدۇ دەپ بىلسە تېخى ياخشى. پەمىمچە، ئۇلار غەلى ـ بە ـ نۇسرەت خۇشاللىقىدا مەست. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قار توختىشى ھامان ھۇجۇم قىلايلى.

ــ سەركەردە بۇيانقۇلى يەزەكلەرگە باش بولۇپ ياۋ قارارگا ـ ھىنى چارلىسۇن. ئالماس بەگ، ئەسرا بەگ، كامالىددىن بەگلەر ئورۇنباسار بولسۇن، ــ دېدى يۇنۇسخان ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگنىڭ تەكلىپىنى قوللاپ، ــ سىلەر ئەمىرنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرۈڭلار.

ــ باش ئۈستىگە، ــ دېدى سەركەردىلەر.

ــ مەلۇم بولغاي!

ھەممەيلەن چېدىرغا ئالدىراپ كىرگەن بارگاھ قورۇقچى بې ـ

① يەزەك ــ چارلىغۇچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

گىگە قارىدى.

ـــ خوش، ـــ دېدى يۇنۇسخان.

ـــ تۈركىستاندىن ئايغاقچى كەلدى ئالىيلىرى.

يۇنۇسخان بىر ئاز ئارسالدى بولدى.

ـــ كۈتۈپ تۇرسۇن.

ـــ يەتكۈزىدىغان جىددىي مەلۇمات بار دەيدۇ.

يۇنۇسخاننىڭ چىرايىدا جىددىيلىك ئەكس ئەتتى.

ـــ باشلاپ كىرسۇنلار.

قورۇقچى بەگ چېدىر سىرتىدا ساقلاپ تۇرغان ئايغاقچىنى باشلاپ كىردى.

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قىبلىگاھىمغا ئېھتىرام بولغاي، ـــ دېدى ئايغاقچى سالام بەجا كەلتۈرۈپ.

يۇنۇسخان قەشقەردە قاتتىق يېڭىلىپ يەتتەكەنتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئايغاقچىلىق ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەنىدى. ئاقسۇغا كېلىپ ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن ئوردىدا مەخسۇس ئايغاق مەھكىمىسى تەسىس قىلدى ۋە پۇت ـ قولى چاققان، زېرەك، ھەر خىل ئىشلارغا ئېپى بار بىر تۈركۈم يىگىتلەرنى يۇقىرى تەمىنات بىلەن ئايغاق مەھكىمىسىگە قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى موغۇلىستاننىڭ ئىچى ـ سىرتىغا ماڭغۇزغانىدى. ئۇلار سەيياھ، دەرۋىش، سودىگەر، ھەتتا سائىل ـ دىۋانە سىياقىدا ياسىنىپ ھەرقايسى يۇرتلارغا بېرىپ ئىگىلىگەن خەۋەر ـ مەلۇماتلارنى يۇنۇسخانغا يەتكۈزۈپ تۇراتتى. ئۇ ئايغاقچىلار ئارقىلىق مەلۇمات توپلىغاندا ھاكىمىيەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئىشلاردىن، قوشنا ئەللەرنىڭ ئەھۋالىدىن، تەسەررۇپىدىكى ئەمىر ۋە بەگلەرنىڭ نىيەت ـ مۇددىئا، قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىدىن ۋە ئاۋامنىڭ ئاھۇ زارىدىن ۋاقتىدا خەۋەردار بولغىلى بولىدۇ، ھەر خىل تەپرىقىچىلىك، زۇلۇم، خىيانەت، ھەتتا تاجاۋۇزچىلىقلاردىن ۋاقتىدا خەۋەر تېپىپ، ۋاقتىدا تەدبىر كۆرگىلى، تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئۇ نەدە بولمىسۇن، ئايغاقچىلار ئۇنى ئىز -

دەپ ـ تېپىپ، ئېرىشكەن خەۋەر ـ ئاخباراتلىرىنى يەتكۈزۈپ تۇراتتى.

— ئاتەشدانغا يېقىنراق كېلىپ سۆزلىسۇنلار، — دېدى يۇ-نۇسخان مەلۇمات ئاڭلاشقا ئالدىراپ.

— شەۋكەتلىك قىبلىگاھىمغا مەلۇم بولغاي، — توڭۇپ كا-سىلداپ كەتكەن ئايغاقچى ئوت ئىسسىنىشقا جۈرئەت قىلالماي قول باغلىغىنىچە سۆزلەشكە باشلىدى، — دەشتى قىپچاق ھۆ-كۈمدارى سۇلتان ئوبۇلخەيرىخان كېسەل بولۇپ قازا قىلدى، بۇنى غەنىيمەت دەپ بىلگەن كىرەي سۇلتان بىلەن جانىبېك سۇلتاندىن ئىبارەت ئاغا ـ ئىنى سۇلتانلار دەشتى قىپچاقنىڭ كۆپ قىسمىنى تەسەررۇپىغا ئالدى. ئوبۇلخەيرىخانىنىڭ چوڭ خانزادىسى بۇرۇج ئوغلان ئۆز زېمىنىدا تۇرالماي بىر قىسىم سەركەردە ـ لەشكەر-لىرىنى باشلاپ تۇركىستان تەۋەسىگە كىرىپ خېلى كۆپ قىسىم زېمىنىنى بېسىۋالدى. ھازىر تۇركىستان خەۋپ ئاستىدا. بۇ ئەھۋالنى تېزرەك يەتكۈزۈش ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ يېتىپ كېلىشىم. تۇركىستان ئەھۋالىنىڭ ھازىر قانداق بولغانلى-قى كەمىنە قۇللىرىغا نامەلۇم.

سۇلتان ئوبۇلخەيرىخانىنىڭ ئۆلۈپ دەشتى قىپچاق سەلتەنە-تىنىڭ پارچىلانغانلىقىنى، ئىتتىپاقدىشى ئاكا ـ ئۇكا سۇلتانلار-نىڭ دەشتى قىپچاق ھاكىمىيىتىنى قولىغا ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ يۇنۇسخان خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇرۇج ئوغلاننىڭ تۇركىستان تەۋەسىگە لەشكەر باشلاپ كىرگەنلىكىدىن خېلىلا بىسەرەمجان بولدى.

«سۇلتان ئوبۇلخەيرىخان قازا قىلىپ سەلتەنەتى خاراب بول-غان بولسا، سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئالىيلىرى كۈچلۈك بىر كۈشەندىسىدىن قۇتۇلۇپتۇ. بۇ ھەم بىزنىڭ سەلتەنەتىمىز ئۈچۈن-مۇ پايدىلىق، كىرەيخان بىلەن جانىبېكخانلار بىزنىڭ ئىتتىپاق-دىشىمىز، ئۇلارنىڭ كۈچەيگىنى خۇشاللىنارلىق ئىش. لېكىن ئۇلار بۇرۇج ئوغلاننى تۇركىستان چېگراسىغا قوغلىماسلىقى كې-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى كىتاب تورى

رەك ئىدى. بەلكىم يېتىشىپ بولالمىغاندۇ، مۇنۇ ئاماسانچى تايـ-
شىنىڭ ئىشىنى تېزرەك بىر تەرەپ قىلىپ تۈركىستانغا يۈرۈش
قىلسام بولغۇدەك...»

يۇنۇسخان خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ ئايغاقچىغا قارىدى.

— ئىجازەت، چىقىپ ئارام ئالسۇنلار.

ئايغاقچى ئۇنىڭغا چوڭقۇر بىر سالام بېرىۋېتىپ چىقىپ كەتتى.

— خوش، ئەھۋالدىن ھەممىلىرى خەۋەر تېپىشتىلا، — دېدى يۇنۇسخان ئەمىر ـ سەركەردىلەرگە قاراپ، — تۈركىستاننىڭ ئىـ-
شىنى قانداق قىلساق بولۇر؟

يۇنۇسخاننىڭ ئانا جەمەت زېمىنى بولغان تۈركىستانغا بەكمۇ مېھرى بار ئىدى. بۇرۇج ئوغلاننىڭ لەشكەر تارتىپ كىرگەنلىك خەۋىرى ئۇنى ئارامسىزلاندۇرۇپ قويغانىدى.

— ئۆزلىرىگە ھاي بەرگەيلا ئالىيلىرى، — دېدى ئەمىر ئابـ-
دۇلقۇددۇس بەگ سۆز ئېلىپ، — ئاۋۋال كۆز ئالدىمىزدىكى مۇنۇ ياۋنىڭ ئىشىنى بىر ياقلىق قىلىۋالايلى، ئاندىن تۈركىستانغا يۈـ-
رۈش قىلساقمۇ كېچىكمەيمىز.

— ئارتۇقچە تاقەتكە رەغدىم يوق، — دېدى يۇنۇسخان جىدـ-
دىيلەشكىنىنى يوشۇرماي، — يۇت دەسسەپ تۇرغۇدەك زېمىن، پاـ-
ناھلانغۇدەك كەپە يوق ئاشۇ ئېغىر كۈنلەردە ھەمدەمدە بولغان سەركەردىلىرىم ھازىر سوغۇق تۇپراقنىڭ ئاستىدا يېتىپتۇ، بىز بولساق ئىسسىق چېدىردا ئوت ئىسسىنىپ ئولتۇرۇپتىمىز، بۇنداق ئولتۇرۇۋەرسەك ئۇل قالماق سەركەردىسىنىڭ خورىكى ئۆسسە ئۆسىدۇكى، ھەرگىز پەسەيمەيدۇ، ئەسلىدە ئۇل ناكەسنى سۈلھىگە ئۇندىمىسەم بوپتىكەن. سوغۇق دېگەن بىزگىلا ئەمەس ئۇلارغىمۇ ئوخشاش نەشتىرىنى سانجىيتتى ئەمەسمۇ؟ جانابى سەركەردىلەر، ئەمدى سۈلھىگە ھەم سەۋرگە تاقەت يوق. ھەرقايسى لەشكەرگاھلار پۇختا تەييارلىق كۆرگەي، قار قاچان توختايدۇ، بوـ-
نىسى قاراڭغۇ، قار توختىغان بىلەن سوغۇقنىڭ پەسىيىشىمۇ ناتاـ

يىن. كۆتۈپ تۇرماي ياۋغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلايلى. يا غەلىبە ـ نۇسرەت قازىنارمىز، يا بولمىسا قازا قىلغان سەركەردىلىرد ـ مىزگە ھەمراھ بولۇپ ئىلى دەرياسى بويىدا ياتارمىز.

— ئون بېشىمىز بولسىمۇ ھەممىسى جانابى قىبلىگاھىد ـ مىزغا تەسەددۇق، — دېدى ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس، — ئۇنداقتا قار ـ نىڭ توختىشىنى كۈتۈپ تۇرمايلى، ئۇلار قاردىن قانداق پايدىلى ـ نىشنى بىلگەن بولسا بىزمۇ ھەم بىلىمىز، توختىماي يېغىۋاتقان بۇ قارنىڭ پايدىسىز تەرىپى بولغىنىدەك، پايدىلىق تەرىپىمۇ بار. ئاماسانچى تايشىنىڭ ئىككى كۈندىن بېرى جىم ياتقىنىغا قارى ـ غاندا، ئۇنىڭ قار تېخىمۇ قېلىن يېغىپ سوغۇق كۈچىيىپ كەت ـ سە، بىزنىڭ بەرداشلىق بېرەلمەي لەشكەرلىرىمىزنى چېكىندۇرۇپ كېتىشىمىزنى كۈتۈۋاتقانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن، چۈنكى، ئۇلار ھۆل ـ يېغىن ئانچە كۆپ بولمايدىغان ئىقلىمدىن كەلگەن لەش ـ كەرلىرىمىزنى بۇنداق قاتتىق قار، سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمەي ـ دۇ دەپ ئويلايدۇ، بابا جانابى قىبلىگاھىمىزنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كاللامدىن بىر ئەقىل كەچتى. ئويلاپ باقسام بۇ قاردىن بىزمۇ پايدىلانساق بولغۇدەك.

— قېنى خوش، — دېدى يۇنۇسخان ئەمىر ئابدۇلقۇددۇسنى سۆزلەشكە رىغبەتلەندۇرۇپ.

— لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قاردىن پايدىلىنىپ بىر بۆلۈك لەشكەرلىرىمىزنى ياۋ قارارگاھىنىڭ ئارقا تەرىپىگە يۆتكەيلى. يە ـ زەكلەر ياۋ قارارگاھىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ دىققىتىنى ئۆزگە تارتىپ تۇرسۇن، ئۇلار بىزنى سوغۇقتىن قورقىدۇ دەپ ئويلاپ تۇ ـ يۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىمىزنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ، ئاللاھ خالىسا ئەتە كەچ ئېغىر ياتقۇ مەھەلدە ياۋ قارارگاھىنىڭ ئالدى ـ ئارقا تەرىپىدىن تەڭ شەبخۇن[1] ئۇرايلى.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى يۇنۇسخان دەس ئورنىدىن تۇ ـ رۇپ، — سىلى ياۋ قارارگاھىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن تېگىش قىلى ـ

① شەبخۇن — كېچىلىك ھۇجۇم.

دىغان قوشۇنغا باش بولسىلا، مەن ئالدى تەرەپتىن تېگىش قىلاي. شۇغىنىسى ياۋ قارارگاھىنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلمەيمىز ـ دە، سىرتتىن قاراپ قارارگاھنىڭ ئىچىنى كۆزەتمەك تەس.

ـــ بۇنىڭ چارىسى ئاسان، ـــ دېدى ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا، ـــ ئەتە ئەتىگەن ياۋ قارارگاھىغا سۈلھى تەلەپ قىلىپ ئەلچى ئەۋەتەيلى.

ـــ سۈلھى تەلەپ قىلامدۇق؟ ـــ ئابدۇلقۇددۇس بەگنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىگەن يۇنۇسخان قاپىقىنى تۈردى.

ـــ سۈلھى تەلەپ قىلىپ ئەلچى ئەۋەتىش بىر باھانە ئالىيلىرى، ـــ دېدى ئابدۇلقۇددۇس بەگ مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈپ، ـــ ئەۋەتكەن ئەلچىمىز مۇشۇ باھانىدا ياۋ قارارگاھىنى تەپسىلىي كۆزىتىپ، ئەھۋال ئىگىلەپ كېلىدۇ.

ـــ مۇددىئالىرىنى چۈشەندىم، ـــ دېدى يۇنۇسخان كۈلۈپ، ـــ نامدا ئەلچى، ئەمەلىيەتتە ئايغاقچى بولىدىكەن ـ دە!

ـــ ئەينى مۇددىئا، ـــ دېدى ئابدۇلقۇددۇس بەگ.

ـــ ئۇنداقتا كىمنى ئەۋەتسەك بولۇر؟

ـــ كەمىنىلىرى باراي، ـــ دېدى سەركەردە ھېسامىددىن دوغلات دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، ـــ ئەسلىدىمۇ قارارگاھ جايلاشتۇرۇش مېنىڭ ئىشىم ئەمەسمۇ؟

يۇنۇسخان رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

ـــ ئېسىم قۇرۇسۇن. سەركەردە قارارگاھ قۇرۇشقا مۇئەككەل بولغاندىكىن ھەرقانداق قارارگاھنىڭ ئەھۋالىنى بىر قاراپلا بىلىۋالالايدۇ ئەمەسمۇ، ئەمىسە بۇ مۇشكۈل ۋەزىپە سىلىگە قارار تاپتى.

مەسلىھەت پىشقاندىن كېيىن سەركەردىلەر ئۆز لەشكەرگاھلىرىغا تارقاشتى.

ئەتىسى سەھەردە يۇنۇسخاننىڭ سۈلھى تەلەپ قىلىپ ئەلچى ئەۋەتكىنىنى سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمەي چېكىنىشكە باھانە ئىزدىگەنلىك دەپ چۈشەنگەن ئاماسانچى تايشى سەركەردە ھېسا-

مىددىن دوغلاتقا سىلىق مۇئامىلە قىلدى. سۇلھىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، ئىككى كۈن ئىچىدە سۇلھى شەرتلىرىنى تەييارلاپ ئۆز ئەلچىسى ئارقىلىق ئەۋەتىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

«بەلەن بولدى، كۆك تەڭرى ماڭا مەدەت بەرگەن ئوخشايدۇ، ــ دەپ خىيال سۈردى ئاماسانچى تايشى ھېسامىددىن دوغلاتنى يولغا سېلىۋېتىپ، ــ سۇلتان يۇنۇسخان سۇلھى شەرتلىرىنى كۈتۈپ ئولتۇرغاچ تۇرسۇن، مەن يەنە ئىككى كۈن تەخىر قىلاي، ئىككى كۈن ئىچىدە بۇنداق قېلىن قار، قاتتىق سوغۇق كۆرۈپ باقمىغان موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ تېخىمۇ بەك ۋايجېنى چىقىدۇ. ئىرادىسى، جاسارىتى سۇنىدۇ، شول چاغدا بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئۇلارنى تەلتۆكۈس يوقىتىمەن. ئۇلار بىلەن باشتا سۇلھى تۈزمەي، ئەمدى نېمىشقا سۇلھى تۈزىدىكەنمەن؟ مەن بىلەن جەڭ قىلغۇدەك جاسارىتى، ماغدۇرى بولغان بولسا ھەرگىز سۇلھى تەلەپ قىلمايدىتى. ئالدىنقى قېتىمقى مەغلۇبىيىتى ئۇلارنى ئوبدانلا چۆچۈتكەن ئوخشايدۇ، ئى قۇدرەتلىك كۆك تەڭرىم، چەكسىز كۈچ ـ قۇدرىتىڭ بىلەن كەڭرى موغۇلىستان زېمىنىنى تەسەررۇپىمغا ئېلىشىمغا مەدەت بەرگەيسەن...»

ھاياجانلانغان ئاماسانچى تايشى سەركەردىلىرىنى يىغىپ زىياپەت ئۆتكۈزدى. لەشكەرلىرىگە ئۈچ ئاپقۇردىن شاراب ئىچىشكە ئىجازەت بەردى. موڭغۇللارنىڭ قارارگاھى بۈگۈن يەنە باشقىچە جانلىنىپ كەتكەندى.

ئېغىر ئەلياتقۇ مەھەل. ياۋ قارارگاھى ئاللىقاچان غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولغانىدى. قارارگاھ قوروقچىلىرىمۇ كېچىنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇقىدا توڭۇپ، تىترەپ، ئېغىر پىيمىلىرىنى تەستە يۆتكىگىنىچە ئورنىغا ئالمىشىدىغان قوروقچىلارنىڭ يولىغا قارىشاتتى، ئەتراپنىڭ تىنچ ئىكەنلىكىنى، غەيرىي ئەھۋاللارنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشۈپ ئېرەنسىزلىك بىلەن تاك ـ تاك چېلىشاتتى. ھەر بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتا بىر قېتىم كېلىپ چارلىغۇچىلارنى نازارەت قىلىپ تۇرىدىغان قوروقچى بەگنىمۇ بو-

www.uyghurkitap.com

گۈن ئىسسىق يوتقان بېسىۋالغاندەك قىلاتتى. ياۋ قارارگاھىنىڭ ئالدى ـ ئارقا تەرىپىگە شەپە چىقارماي يەم بىلەن يېتىپ كەلگەن موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ تۇرشاۋۇللىرى ناھايىتىمۇ ئېپىنىڭ، چەبدەس ھەرىكەتلىرى بىلەن قارارگاھنىڭ مۇھاپىزەت قاشالىرىنى چۇۋۇپ، ئاساسلىق قوشۇنىنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كىرىشى ئۈچۈن يوچۇق ئاچماقتا ئىدى.

تۇيۇقسىز ئالدى ـ ئارقا تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن دەھشەتلىك نەرە ساداسى مۆگۈل قارارگاھىنى ۋەھىمىلىك تىترەتتى. چۆچۈپ ئويغانغان موگۇل لەشكەرلىرى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. ئۇلار دۇ-بۇلغا ـ ساۋۇتلىرىنى كىيىپ، قىلىچ ـ قالپاقلىرىنى ئېلىپ بولغۇچە قولىغا ئوتقاش كۆتۈرۈشۇۋالغان مىڭلىغان موغۇلىستان لەشكەرلىرى قارارگاھقا سەلدەك ئېقىپ كىردى ـ دە، قولىرىدىكى ئوتقاشلارنى چېدىرلارغا تاشلاپ كۆيدۈرۈشكە، چېدىردىن يۈگۈرۈپ چىققان رەقىبلىرىنىڭ بېشىغا قىلىچ چېپىشقا باشلىدى.

چۇقان ـ سۈرەن ساداسىدىن چۆچۈپ ئويغانغان ئاماسانچى تايشى ئەتىگەن يۇنۇسخاننىڭ سۇلھى تەلەپ قىلىشى ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى بىخۇدلاشتۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان ھىيلە ئىكەنلىكىنى دەرھاللا ھېس قىلدى.

ئەتىگەن ئەلچى سىياقىدا كەلگەن سەركەردە ھېسامىددىن دوغلات ياۋ قارارگاھىنىڭ قايسى تەرىپىدە لەشكەرلەرنىڭ، قايسى تەرىپىدە سەركەردىلەرنىڭ، قايسى تەرىپىدە خىزمەتكارلارنىڭ، قايسى تەرىپىدە ئاماسانچى تايشىنىڭ چېدىرى جايلاشقانلىقىنى تەپسىلىي كۆرۈۋالغانىدى. شۇڭا ھازىر ئۇلار ھە دېگەندە خىزمەت-كارلار، ئاياللار ۋە لەشكەرلەرنىڭ چېدىرى بىلەن كارى بولماي، سەركەردىلەرنىڭ چېدىرىغا ھۇجۇمنى مەركەزلەشتۈرگەنىدى.

ئاماسانچى تايشى خېلى تىرىشچانلىق كۆرسەتتىمۇ جان قاي-غۇسىدا پاتىپاراق بولۇپ كەتكەن سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى يىغالمىدى. بۇنى ئاز دېگەندەك ئۆزىمۇ ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ ھۇجۇم نىشانىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. مىڭ نەپەر خاس نۆكىرى ئۇنى جان

تىكىپ قوغدىمىغان بولسا، ئاللىقاچان جېنىدىن ئايرىلغان بولاتتى.

«مەن بۇ ئالدامچى، ھىيلىگەرنىڭ دامىغا چۈشۈپتىمەن...»

ئۇ سەركەردە ــ لەشكەرلىرىنى يىغىپ مۇداپىئە سېپى تەشكىللەش خىيالىدىن ۋاز كېچىپ، نۆكەرلىرىنىڭ مۇھاپىزىتىدە خانىش ــ توقاللىرى جايلاشقان چېدىرغا قاراپ ئىلگىرىلىدى.

كۆيۈۋاتقان چېدىرلار پۈتكۈل قارارگاھنى يوپيورۇق قىلىۋەتكەنىدى.

يۇنۇسخان سەركەردىلەرگە ئاياللار ــ باللار، خىزمەتكارلارنىڭ چېدىرىغا تەگمەي، بارلىق ھۇجۇمنى ياۋنىڭ سەركەردە ــ لەشكەرلىرىگە قارىتىشنى قاتتىق جېكىلىگەنىدى. شۇڭا ئاماسىزچى تايشى خانىش ــ توقاللىرى بار چېدىرغا ئاسانلا يېقىنلاشتى ۋە ئۇلارنى ئاتلىرىغا مىندۇرۇپ جان ــ جەھلى بىلەن قاچتى.

ھايات ــ ماماتلىق جەڭگە كىرىشكەن موغۇلىستان لەشكەرلىرى قەھرىتان سوغۇقتا توڭلاش ئۇياقتا تۇرسۇن قانلىرى قايناپ، قارا تەرگە چۆمۈلگەنىدى. قار ئاققان قانلارنى، بېشىدىن جۇدا بولغان جەسەتلەرنى يوشۇرۇپ قالماقچى بولغاندەك لەپىلدەپ چۈشۈۋاتاتتى، قىيا ــ چىيا، داد ــ پەرياد سادالىرى قارارگاھنى بىر ئالغانىدى، قىلىچلار جاراڭلايتتى، لەشكەرلەر رەقىبلىرىنى يەر چىشلىتىش ئۈچۈن نەرە تارتىشاتتى، تىغ زەربىسىگە ئۇچرىغانلار ئېچىنىشلىق ئىڭرايتتى..

ئۇزۇن قىش كېچىسى ئاخىرلىشىپ ئاخىرى تاڭ ئاتتى، پۈتكۈل لەشكەرگاھتا ئوڭ ــ تەتۈر ياتقان جەسەتلەردىن قار زۇمچىكى پەيدا بولغانىدى. تامام كۆيۈپ بولالمىغان چېدىرلارنىڭ ياغاچلىرىدىن قاپقارا ئىس ئۆرلەيتتى. موغۇلىستان لەشكەرلىرى قاچقان ياۋنى قوغلاپ كەتكەن بولۇپ، لەشكەرگاھ تىمتاسلىققا چۆمگەنىدى.

سۇلتان يۇنۇسخان قېپقالغان لەشكەرلەرگە جەسەتلەر ئارىسىدىن تىرىك قالغانلارنى ئىزدەشكە بۇيرۇدى. ئەپسۇسكى بىرمۇ

www.uyghurkitap.com

تىرىك جان تېپىلمىدى. ئەجەللىك يارىلانماي تىرىك قالغان بىر قىسىم بىتەلەي لەشكەرلەرنىڭ جېنىنى قاتتىق سوغۇق ئالغان بولۇپ، ئۇلار قانداق ياتقان بولسا شۇ پېتى توڭلاپ قېتىپ قالغانىدى.

سۇلتان يۇنۇسخان قارا قىشنىڭ، قارنىڭ، سوغۇقنىڭ دەھشىتىنى مۇشۇ قېتىمقى جەڭدە تونجى قېتىم ھېس قىلدى.

ئەتىسى پېشىن ۋاقتىغا ئۇلگۇرۇپ ياۋنى قوغلاپ كەتكەن سەركەردە ـ لەشكەرلەر قايتىپ كەلدى. ئاماسانچى تايشىنىڭ ئاز بىر قىسىم نۆكەرلىرى بىلەن خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئېلىپ قېچىپ كەتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا قالغان لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تالاپەتكە ئۇچرىغانىدى.

سۇلتان يۇنۇسخان جەڭدە قازا قىلغان لەشكەرلەرنىڭ نامىزىنى ئوبچە چۈشۈرۈپ دەپنە قىلغۇزدى، ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ جەسىتىنى بىر تەرەپ قىلىشنى ۋە جەڭ مەيدانىنى تازىلاشنى يەرلىك ئاھالىگە تاپشۇردى. جەڭ غەنىيمەتلىرىنى سەركەردە ـ لەشكەرلەرگە تارقىتىپ بەردى، ئاندىن تۈركىستانغا قاراپ ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى.

※ ※ ※

ــ ئالىيلىرى قارىسىلا، جەرەن توپى، بەكلا كۆپكەن.

ئۇۋنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتالماي قالغان نۆكەر بېشىنىڭ قىلغان بۇ گېپى يۇنۇسخاننىڭ خىيالىنى چالغىتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ نۆكەر بېشى كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى. ئاپئاق قارلىق دالىدا يەتمىش ـ سەكسەن تۇياق جەرەن توپى جېنىنىڭ بارىچە قاچماقتا ئىدى.

ــ نىمىگە قاراپ تۇرىسىلە، ئات سېلىڭلار!

خاننىڭ پەرمانى بىلەن تەڭلا نۆكەرلەر ئاتلىرىغا قامچا سالدى. يۇنۇسخاننىڭ ئوۋغا ئىنتىلمىغانلىقىنى كۆرگەن ئون نەپەر

نۆكەر ئۇنى قورۇقداپ قىپقالدى.

«ھېلىمۇ ياخشى، سەيھۇن دەرياسى ۋادىسىدا ياۋايى ھايۋانلار كۆپ ئىكەن، بولمىغان بولسا لەشكەرلەرنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلار بولغىيتتىم. ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگنىڭ كەتكىنىگە ئەمدى تۆت كۈن بولدى. يەنە بىرەر ھەپتىدە قايتىپ كېلەلەرمىكىن تاڭ. خەۋىرىمنى ئاڭلىسا تۈركىستان بەگلىرى چوقۇم كېلىدۇ. ئۇ چاغدا ئوزۇق ـ تۈلۈكتىنمۇ، بۇرۇج ئوغلان بىلەن بولىدىغان جەڭدىنمۇ غەم قىلمايمىز. ئۇنىڭغىچە ئول دەشتى قىپچاق لەشكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالمىساق ياخشىدى، پەرۋەردىگار ئۆز پاناھىدا ساقلار...»

ھەئە، سۇلتان يۇنۇسخان باشچىلىقىدىكى موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ قاراتوقايغا چۈشكۈن قىلغىنىغا ئىككى ھەپتە بولاي دەپ قالغانىدى. ئوزۇق ـ تۈلۈك تۈگەپ كەتكەن، يەنە كېلىپ ھاۋا سوغۇق بولغاچقا سەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتمەي قاراتوقايدا تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ بىر بۆلۈك لەشكەرلەرنى ئېلىپ، يۇنۇسخاننىڭ كەلگەنلىكىدىن تۈركىستان بەگلىرىنى خەۋەردار قىلىش ھەم لەشكەرلەرگە ئوزۇق ـ تۈلۈك غەملەش ئۈچۈن كەتكەنىدى. تۆت كۈندىن بېرى سەركەردە ـ لەشكەرلەر ئازغىنە ئوزۇق ـ تۈلۈكنى تېجەش ئۈچۈن ئوۋ ئوۋلاۋاتاتتى. قارارگاھتا ئاياللار، بالىلار، خىزمەتكارلاردىن باشقا يەنە ئازغىنە قورۇقچىلار قالغانىدى. چېدىردا بىكار ئولتۇرۇپ زېرىككەن يۇنۇسخانمۇ بۈگۈن ئوۋغا چىققانىدى.

جەرەن قوغلاپ كەتكەن نۆكەرلەر بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. يۇنۇسخان ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ توختىلىغانىدى. ئۇ نۆكەرلىرى بىلەن بىللە ئوۋنى قوغلىمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى. ئېرەنسىزلىك بىلەن سەيھۇن دەرياسىنىڭ نېرىقى قىرغىقىغا نەزەر تاشلىدى. دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقى كۆز يەتكۈسىز قىزىلقۇم دەشتىگە تۇتىشاتتى. قۇياش نۇرىدا ئۆزگىچە جۇلالانغان ئاپئاق قار بىپايان قىزىلقۇم دەشتىنى غايىب قىلىۋەتكەنىدى.

uyghurkitap.com

«قار ياغمىغان بولسىمۇ قىزىلقۇم دەشتىنىڭ ئۇ چېتىنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى...»

يۇنۇسخان خىيالىنى داۋاملاشتۇرغاچ دەريانىڭ ئاياغ تەرىپىگە نەزەر تاشلىدى. سەيھۇن دەرياسىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە تاشكەنت شەھىرى بار ئىدى. تاشكەنت ئېسىگە كېلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئۇ شەھەردە ئۆتكەن قىسقىغىنا ھايات دەقىقىلىرى ئېسىگە كەلدى.

«ئاللاھ خالىسا بۇرۇج ئوغلاننىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولسام، كۆكلەم بىلەن تەڭ سىركەردە ـ لەشكەرلەرنى قەشقەرگە يولغا سېلىۋېتىپ، ئۆزۈم سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەرمەن. شۇ باھانىدا سەمەرقەنت، ھىراتلاردىن داڭلىق مېمار، نەققاشلارنى تەكلىپ قىلىپ ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەردە ھىرات، سەمەرقەنتنىڭكىگە ئوخشاش ئوردا ـ سارايلارنى، مەسچىت ـ مەدرىسەلەرنى بىنا قىلدۇرارمەن...»

تۇيۇقسىز ئاتنىڭ دۇپۇرلىگەن تۇياق تىۋىشى يۇنۇسخاننىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى.

ــ چاتاق بولدى ئالىيلىرى...

ئېتىنى قۇيۇندەك چاپتۇرۇپ كەلگەن لەشكەرگاھ قورۇقچىسىنىڭ چىرايى تەشۋىشلىك تۇس ئالغانىدى، تىنىق ـ تىنىقىغا ئۈلگۈرمەي ھاسىرايتتى، كۆزلىرىدىن كىچىكلۈك بىر ئەندىشە، ئالاقزادىلىك بالقىيتتى.

ــ نېمە ئىش بولدى، تېز سۆزلە، ــ دېدى جىددىيلەشكەن يۇنۇسخان.

ــ قارارگاھنى ياۋ لەشكەرلىرى بېسىۋالدى ئالىيلىرى.

يۇنۇسخاننىڭ تاپىنىدىن كىرگەن بىر ئوت مېڭىسىدىن چىقىپ كەتتى، يۈرىكى چىغىدە قىلىپ كەتتى.

ــ قايسى ياۋ لەشكەرلىرى؟

ــ دەشتى قىپچاق خانزادىسى بۇرۇج ئوغلان...

يۇنۇسخان قورۇقچىسىنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەيلا ئېتىغا قامچا سالدى.

— بىرنەچچىڭلار ئۇۋغا كەتكەن سەركەردە ـ لەشكەرلەرگە خەۋەر بېرىڭلار، دەرھال قارارگاھقا قايتسۇن، — دېدى يۇنۇسخان ئارقىسىدىن دەمبەسقەدەم ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان قورۇقچىلىرىغا قاراپ.

تۆت نۆكەر يۇنۇسخاندىن ئايرىلىپ تۆت تەرەپكە قاراپ ئات چاپتۇرۇپ كېتىپ قالدى.

ئېتىغا ئاچچىق قامچا سېلىپ ئۇچقاندەك كېتىپ بارغان يۇنۇسخاننىڭ ئەس ـ يادى قارارگاھىدىكى خوتۇن ـ بالىلىرىدا قالغانىدى.

ھەئە، سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ نۇرغۇن سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن كېلىپ سەيھۇن دەرياسى بويىدىكى قاراتوقاي قىشلىقىغا چۈشكۈن قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان بۇرۇج ئوغلان كۆرۈنۈشتە چېكىنىپ، مۇداپىئەدە تۇرغاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئەپلىك پۇرسەت كۈتۈۋاتاتتى. شۇ ئارىلىقتا يەرلىك چارۋىچىلار سىياقىدا ياسانغان ئايغاقچىلىرى موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ قارارگاھىنى يوشۇرۇن چارلىدى. ئۇلارنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكىنىڭ ئۆكسۈپ قالغانلىقىدىن، بىر قىسىم لەشكەرلەرنىڭ تۈركىستان بەگلىرىدىن ئوزۇق ـ تۈلۈك يىغىش ئۈچۈن كەتكەنلىكىدىن، قالغان سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ كۈندە ئۇۋغا چىقىپ، ئوۋ غەنىيمەتلىرى بىلەن يېمەكلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋاتقانلىقىدىن، قارارگاھنىڭ كۈندۈزى بوش قالىدىغانلىقىدىن، سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئۇۋغا چىقماي قارارگاھتا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقانىدى.

سۇلتان ئوبۇلخەيرىخان بىلەن توقاي تۆمۈر ئەۋلادىنىڭ زىددىيىتى 1428 ـ يىلى ئوبۇلخەيرىخان دەشتى قىپچاق سەلتەنىتىگە سۇلتان بولۇپ تەختتە ئولتۇرغاندىن تارتىپ كەسكىنلەشكەنىدى. سۇلتان ئوبۇلخەيرىخان مۇستەبىت سىياسەت يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە توقاي تۆمۈر ئەۋلادىنى چەتكە قاقتى. ھەتتا ئۇلارنى ئەجداد زېمىنى بولغان دەشتى قىپچاق دالىسىدىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىـ

www.uyghurkitap.com

قاردى. 1456 ـ يىلىغا كەلگەندە توقاي تۆمۈر ئەۋلادىدىن كېرەيخان بىلەن جانىبېكخاندىن ئىبارەت ئاكا ـ ئۇكا سۇلتانلار قازاق قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئوبۇلخەيرخانغا قارشى كەڭ كۆلەمدە ئىسيان كۆتۈردى. ئىسيان مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن موغۇلىستان تەۋەسىدىكى يەتتە سۇ رايونىغا كۆچۈپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ چاغدا سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئۇلارنىڭ ئوبۇلخەيرخان سەلتەنەتىگە قارشى ئىسيانىنى قوللاپ چۇ دەرياسى[1] ۋادىسىدىكى قوشباشى رايونىنى ئۇلارغا سۇيۇرغال قىلىپ بەردى. ئاكا ـ ئۇكا قازاق سۇلتانلىرى موغۇلىستان تەۋەسىدە پۇت دەسسىگۈدەك زېمىنغا ئېرىشكەندىن كېيىن، چېچىلىپ كەتكەن قازاق قەبىلىلىرىنى يىغىپ تېزلا كۈچەيدى ۋە پات ـ پات دەشتى قىپچاق دالىسىنى پاراكەندە قىلىپ سۇلتان ئوبۇلخەيرخاننىڭ ئارامىنى بۇزۇپ تۇردى. سۇلتان يۇنۇسخان يەتتەكەنت، تۈركىستاننى ئىگىلەپ تۇرغان ۋاقتىدا كېرەيخان، جانىبېكخانلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىپ، دوستلىشىپ ئۆتتى، قولىدىن كېلىدىغان ياردىمىنى ئايىمىدى. ئۇلارنىڭ ئوبۇلخەيرخان سەلتەنەتىگە قارشى كۈرىشىنى قوللىدى. سۇلتان ئوبۇلخەيرخان قازا قىلغاندىن كېيىن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئاكا ـ ئۇكا سۇلتانلار كەڭ ـ كۆلەمدە دەھشەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ، دەشتى قىپچاق ھاكىمىيىتىنى قولىغا ئالدى. خانزادە بۇرۇج ئوغلان بولسا قېچىپ يۇرۇۋاتاتتى. ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئاكا ـ ئۇكا سۇلتانلارغا ھىمايىچى بولغان موغۇلىستان خانلىرىغا كۈچلۈك ئۆچ ـ ئاداۋىتى بار ئىدى.

ئەسلى گېپىمىزگە كەلسەك، ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق موغۇلىستان قارارگاھىنىڭ ئەھۋالىنى ئىنچىكە ئىگىلىگەن بۇرۇج ئوغلان بىردىنلا ئىشەنچىنى تۇرغۇزۇپ غەيرەتكە كەلدى.

«پەرۋەردىگارىم مېنى دەشتى قىپچاق سەلتەنەتىدىن ئايرىغان بولسىمۇ يەنە ئىنايەت قىلىپ ئوڭ كۆزى بىلەن قارىغان ئوخشايدۇ. موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ ئاش ـ ئوزۇقى تۈگەپ، ئوۋغا

[1] چۇ دەرياسى ـــ سەيھۇن دەرياسى.

تايىنىپ قالغان، قارارگاھتا سۇلتان يۇنۇسخان ئاياللار، باللار ۋە خىزمەتكارلىرى بىلەن يالغۇز قالغان بولسا بۇ بىر تېپىلغۇسىز غەنىيمەت پۇرسەت ئىكەن. ئەمدى يەنە ئارىسالدى بولۇپ تۇرسام پۇرسەت ـ نۆۋەتنى كەتكۈزۈپ قويىمەن. ئۆز ۋاقتىدا يۇنۇسخاننىڭ ئىنىسى سۇلتان ئىسان بۇغاخان دېگەن بەدرەك ئاغا ـ ئىنى سۇل-تانلارنى قوللىمىغان، ھىمايىچى بولمىغان بولسا، بۇگۈنكى كۈندە ئۇلار بۇنچىلىك كۈچەيمىگەن، ئاتا مىراس تەختگاھىمنى تار-تىۋالالمىغان بولاتتى. ئايغاقچىلارنىڭ كۆزىتىشىچە، موغۇلىستان سەركەردە ـ لەشكەرلىرى ئەتىگىنى ئوۋغا چىقىپ كەتسە، كەچتە قايتىپ كېلىدىكەن. دېمەك، كۈندۈزى قارارگاھ بوش دېگەن گەپ. كۈندۈزى ھۇجۇم قىلسام سۇلتان يۇنۇسخاننى ئاسانلا تۇتۇۋالىد-مەن. ئۇنى ئەسىر ئېلىۋالسام، پۈتكۈل موغۇلىستان تەسەررۇپى مېنىڭ ئىلكىمگە ئۆتىدۇ. ئۇل چاغدا دەشتى قىپچاق ھاكىمىيد-تىنىمۇ قايتىدىن قولۇمغا ئالالايمەن...»

بۇرۇج ئوغلان ئەنە ئاشۇنداق خام خىيال بىلەن سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى كېچىچە شەپە چىقارماي سەيھۇن دەرياسى بويىغا يۆتكىگەن، بۈگۈن كۈندۈزدە سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ قاراتوقاي قارارگاھىغا ھۇجۇم قىلغانىدى. ئۇنىڭ بەختىگە قارشى بۈگۈن سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئىچى پۇشۇپ قېلىپ يۈزچە نۆكىرىنى ئې-لىپ ئوۋغا چىقىپ كەتكەنىدى.

※ ※ ※

نەچچە مىڭ لەشكىرى بىلەن سەلدەك باستۇرۇپ كەلگەن بۇ-رۇج ئوغلان قارارگاھنى تېزلا ئىگىلىدى. ئۆزى يۇنۇسخاننىڭ دەر-يا لېۋىگە جايلاشقان سەر چېدىرىغا باستۇرۇپ كىردى.

قارارگاھتا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن قىر ـ چاپتىن قورقۇپ يىغلاۋاتقان خانزادىلىرىنى پەپىلەۋاتقان ئىككى خانىش — ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن شاھ بېگىم سەر چېدىرغا ئالچاقلاپ كىرىپ

كەلگەن بۇرۇج ئوغلانغا نەپرەت بىلەن قاراپ قويۇپ لام ـ جىم دېمىدى.

— يۇنۇسبەگ قېنى؟ — كۆرەڭلىك بىلەن سورىدى بۇرۇج ئوغلان.

خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم ۋۇجۇدىنى ئىسكەنجىگە ئالغان ۋەھىمىنى بېسىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— ئۇۋغا چىقىپ كەتكەن.

بۇرۇج ئوغلاننىڭ قان تولغان كۆزلىرىدە مەسخىرىلىك كۈلكە بالقىدى.

— يالغان، قورقۇپ مۆكۈنۈۋالغاندۇ تايىنلىق.

— قىبىلىگاھىمىز ھەرگىزمۇ توخۇ يۈرەكلەردىن ئەمەس. ئۇ خاتۇن ـ بالىلىرىنى تاشلاپ قويۇپ مۆكۈۋالىدىغان نامەردلىكنى قىلمايدۇ. بولغان بولسا ئىپلاس ئاياغلىرىنى بۇ دەرگاھقا ھەرگىزمۇ باسالمايتتىلە، — دېدى خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم قەددىنى رۇسلاپ، — كۆرگەنلا، قارارگاھتا لەشكەر يوق. ھەقىقىي باھادىر بولسىلا قۇرۇق قارارگاھقا باستۇرۇپ كىرىپ، ئاجىزلەرگە ھەيۋە كۆرسەتمەي، مەيدان جېڭى قىلسىلا.

بۇرۇج ئوغلان پەرۋاسىزلىق بىلەن ئالچاڭلاپ بېرىپ سەر چېدىرىنىڭ تۆرىدىكى تەختتە ئولتۇردى ۋە تۆۋەندە پەرمان كۈتۈپ تۇرغان سەركەردىلەرگە ۋارقىرىدى.

— پۈتكۈل قارارگاھنى ئالا قويماي ئىزدەڭلار. يۇنۇسبەگنى تۇتۇپ كەلگەنلەرگە بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن ئىنئام بېرىمەن، مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرىمەن.

مال ـ دۇنيا تەمەسىدە تۇرغان سەركەردىلەرگە مۇشۇ گەپنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ئىدى. ئۇلار لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئۆزلىرى خالىغانچە چېدىرلارغا كىرىپ پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنى بۇلاشقا كىرىشتى. شۇ تاپتا ئۇلار مال ـ دۇنيا، ئولجا ئىزدەش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇۋغا كەتكەن موغۇلىستان سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنىڭ تۇيۇقسىز كېلىپ قېلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

قاراتوقايغا شەپە چىقارماي يېقىنلىشىش ئۈچۈن كېچىدىن بېرى تۈزۈك ئارام ئالمىغان بۇرۇج ئوغلاننىڭ قورسىقى ئاچقانىدى. شىرە ئۈستىدىكى تاۋاقلاردا تۇرغان بوغا، جەرەن، كېيىك، قىرغاۋۇل گۆشلىرى ئۇنىڭ بىردىنلا ئىشتىھاسىنى قوزغىدى. ئۇ بىر پارچە گۆشنى ئېلىپ ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە تۇتۇندى.

— شاراب بارمۇ؟ — سورىدى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ.

ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويسا كۇتۇلمىگەن ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ئەنسىرىگەن خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم كېنىزەكنى بۇيرۇپ بىر كوزا شەربەت ئاچقتۇرۇپ بەردى.

بۇرۇج ئوغلان سوغۇق گۆشنى ئاچ بۆرىدەك يالماپ يۇتۇشقا باشلىدى. شۇ دەقىقىدە كاللىسىدا قىلچىلىك خەۋپسىرەش تۇيغۇسى يوق ئىدى، خىيالىدا ياۋ قارارگاھىنى پۈتۈنلەي ئىلكىمگە ئېلىپ بولدۇم دەپ ئويلايتتى.

ئۈچقاندەك ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ۋۇجۇدىدا قىلچىلىك ۋەھىمە يوق ئىدى، ئەس - يادى خوتۇن - بالىلىرىدا قالغانىدى، قارارگاھقا يېتىپ بارسىلا خوتۇن - بالىلىرىنى ياۋنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرالايدىغاندەك، شۇنچە كۆپ ياۋ لەشكەرلىرىگە بىر ئۆزى يالغۇز تاقابىل تۇرالايدىغاندەك تۇيغۇدا ئىدى. ھەئە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا كۈچلۈك بىر غەزەپ - نەپرەت ھۆكۈمران ئىدى. ئەزەلدىن بۇنداق ئاچچىق قامچا يەپ باقمىغان ئەرەب ئېتى شامالدىنمۇ تېز چاپاتتى. ئۇ ئاخىر قارارگاھقا يېتىپ كەلدى، غەزەپلىك كۆزلىرىنى دەريا بويىغا جايلاشقان شاھانە چېدىرىغا تىكتى. ئولجا ئالغان مال - دۇنيالىرىنى چېدىرلاردىن ئاچىقىپ بىر يەرگە دۆۋىلەۋاتقان ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ ئەتراپىغا نەزەر سېلىشقا ھەپىسلىسى يوق ئىدى. ياۋ لەشكەرلىرى بىر - بىرىدىن قىزغىنىشىپ ئولجا ئىزدىشىۋاتاتتى. ئۇلار يۇنۇسخاننىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى پەقەتلا سەزمىدى. يۇنۇسخان ئۆزى بىلەن تەڭ ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان نۆكەرلىرىنىڭ يېنىدىكى كانايىنى يۇلۇپ دېگۈدەك ئالدى - دە، جان - جەھلى بىلەن چالدى. كاناي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىلىشتا ئۇنىڭ باشقىچە ماھارىتى بار ئىدى. ئۆزى بىۋاسىتە قاتناشقان ھەرقانداق جەڭدە سەركەردە ـ لەشكەرلىرىگە مەدەت بېرىش ئۈچۈن كاناي چالاتتى. كاناي ئاۋازىغا قاراپ سەركەردە ـ لەشكەرلەر خاننىڭ كاناي چېلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالالايتتى.

ــ ئوت قويۇپ لەشكەرلەرگە خەۋەر بېرىڭلار.

ئۇ يېنىدىكى نۆكىرىگە پەرمان بېرىپ بولۇپ، شاھانە چېدىرىغا قاراپ ئات سالدى.

تۇيۇقسىز ياڭرىغان كاناي ئاۋازى خاس ئاتچىسىنى بىر ياندا تۇرغۇزۇپ قويۇپ ئىشتىھا بىلەن گۆش يەۋاتقان بۇرۇج ئوغلاننى قانداق چۆچۈتۈۋەتكەن بولسا، خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن خانىش شاھ بېگىمنىمۇ شۇنچىلىك ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى.

ــ سۇلتان ئالىيلىرى كەلدى!

خانزادە ـ مەلىكىلىرىنى پەپىلەپ تۇرغان خانىش شاھ بېگىم ھاياجان بىلەن ۋارقىرىۋەتتى. بۇرۇج ئوغلاننى بولسا ئاللىقاچان تىترەك باسقانىدى.

ــ كېلىڭلار قىزلار!

خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم شۇنداق دېگىنىچە سىرتقا چىقىشقا تەمشىلىپ تۇرغان بۇرۇج ئوغلانغا بىرىنچى بولۇپ ئېتىلدى. خانىشىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن كېنىزەكلەرمۇ بۇرۇج ئوغلانغا قاراپ ئېتىلىپ كەلدى. خانىشلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ۋە قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بۇ كېنىزەكلەرنىڭ جادىبازلىق ماھارىتى خېلىلا يۇقىرى ئىدى. ئۇلار تەڭلا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ بىرى بىلىكىگە، بىرى پۇتىغا، بىرى پېشىگە ئېسىلغىنىچە بۇرۇج ئوغلاننى قىمىر قىلغۇزمىدى. بۇ ئىش كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلىك ۋاقىتتا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەنىدى. باياتىنبېرى قورقۇپ، شۇمشىيىپ تۇرغان ئاياللارنىڭ ئۆزىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن بۇرۇج ئوغلان ئۇلارنىڭ نازۇك بارماقلىرىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە يۇلقۇناتتى، ئەمما ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە، ئالاقزادىلىك باسقانلىقى ئۈچۈنمۇ

ئەيتاۋۇر يۈت ـ قولىدا جان قالمىغانىدى، كۆرسەتكەن قارشىلىق ـ لىرى نەتىجىسىز ئاخىرلىشاتتى. شۇ ئەسنادا چېدىرغا سۇلتان يۇنۇسخان تۆت نۆكىرى بىلەن كىرىپ كەلدى ۋە ئۆيلىمىغان بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ يا كۈلۈشنى، يا غەزەپلىنىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. شۇ دەقىقىدە ئايالارمۇ يا بۇرۇج ئوغلاننى قويۇۋېتىشنى، يا ئاشۇنداق تۇرۇۋېرىشنى بىلەلمەي قېلىشقانىدى.

ــ بولدى قويۇۋېتىڭلار، ــ دېدى يۇنۇسخان ھاياجانلىق تۇي ـ غۇلىرىنى بېسىپ.

ئايالارنىڭ چاڭگىلىدىن بوشىغان بۇرۇج ئوغلان پالاققىدە يەرگە يىقىلدى، چىرايى ۋەھىمە، تەشۋىشتىن تاتىرىپ كەتكەنىدى.

ــ بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن ئالىيلىرى، رەھىم قىل ـ غايلا. ئۆزۈمنى بىلەلمەي قاپتىمەن.

يۇنۇسخان يەرگە چاپلىشىپ ياتقان بۇرۇج ئوغلانغا يىرگىنىچ، نەپرەت بىلەن قارىۋەتكەندىن كېيىن يېنىدىكى نۆكىرىگە بۇيرۇق قىلدى:

ــ مۇنۇ ناكەسنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ، نەيزەڭنىڭ ئۇچىد ـ غا ئېلىپ قارارگاھتا جار سال، پاسىبانىنىڭ كاللىسىنى كۆرگەن سەركەردە ـ لەشكەرلىرى ھوشىنى يىغىۋېلىپ تەسلىم بولمىسا ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ قويسۇن، ــ ئۇ ئىككى خانىشقا يۈزلەندى، ــ سىلەر چېدىردىن چىقماي بالىلارنى قورۇقداڭلار.

نۆكەرلەر بۇرۇج ئوغلان بىلەن ئاتچىسىنى سۆرەپ چىقىپ كاللىسىنى كەستى. ئاندىن بۇرۇج ئوغلاننىڭ بېشىنى نەيزىسىنىڭ ئۇچىغا سانجىپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى:

ــ دەشتى قىپچاق لەشكەرلىرى ئاگاھ بولۇڭلار! كۆزۈڭلارنى يوغان ئېچىپ تونۇۋېلىڭلار. مانا بۇ پاسىبانىڭلار بۇرۇج ئوغلاننىڭ بېشى. كىمىكى تەسلىم بولماي قارشىلىشىدىكەن، ئاقىۋىتى مۇ ـ شۇنداق بولىدۇ!

بۇرۇج ئوغلاننىڭ بېشىنى تونۇغان سەركەردە ـ لەشكەرلەر

www.uyghurkitap.com

داۋقىتىپ تۇرۇپ قىلىشتى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنىمۇ ئۆلۈم ۋەھىمىسى چۇلغىۋالغانىدى. دەل شۇ چاغدا قارارگاھنىڭ ئەتراپىدىن مىڭلىغان ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن تۇياق تىۋىشى ئاڭلاندى. قارارگاھنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان سەركەردە ـ لەشكەرلەر ئۇۋنى تاشلاپ قويۇپ قايتىپ كەلگەنىدى.

قارارگاھ ئىچىدە بىردىنلا قىر ـ چاپ باشلاندى. داد ـ پەرياد سادالىرى ئەتراپنى بىر ئالدى. ئاتلىرىنى، قورallىرىنى تاشلاپ قويۇپ ئولجا ـ غەنىيمەت يىغىش بىلەن بولۇپ كەتكەن ياۋ لەشكەرلىرى جان قايغۇسىدا قېچىشقا باشلىدى. شۇ تاپتا ئۇلار ئاتلىق موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا بىچارە ئوۋغا ئوخشاپ قالغانىدى. قارشىلىق كۆرسەتمەي تەسلىم بولغانلار ئەسىر ئېلىندى. قاچقانلار، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. بۇرۇج ئوغلانىنىڭ نەچچە مىڭ لەشكىرىنىڭ بىرىمۇ قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

موغۇلىستان لەشكەرلىرى سەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ بۇرۇج ئوغلانىنىڭ قارارگاھىنى چاپقۇن قىلدى. بىھېساب مال ـ دۇنيا، ئوزۇق ـ تۈلۈك، قورال ـ ياراغ غەنىيمەت ئالدى.

شۇنداق قىلىپ يۇنۇسخان تۈركىستاننى بۇرۇج ئوغلانىنىڭ تەھلىكىسىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇتۇلدۇردى.



شاھ چىدىر ئونلىغان ئاتەشدانلارنىڭ تەپتىدە تونۇردەك ئىسسىپ كەتكەنىدى. چىدىرنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئەمەل ـ مەرتىۋىسى بويىچە ئولتۇرۇشقان ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ ئالدىدىكى شىرەلەرگە تاۋاق ـ تاۋاقلاپ گۆش، كاۋاپ قاتارلىق نازۇ نېمەتلەر

تىزىلغانىدى. تۆردىكى شاھانە كۇرسىدا ئولتۇرغان سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ كەيپى تولىمۇ چاغ ئىدى. سالامغا كەلگەن تۇركىستان ئەمىر ـ بەگلىرى ئىككى گەپنىڭ بىرىدە سۇلتان يۇنۇسخانغا خۇشامەت، ماختاش سۆزلىرىنى ياغدۇراتتى. ساقىيلار كوزىلاردىن كاسا ـ قەدەھلەرگە شاراب قۇيۇپ ئۇلگۇرتەلمەيتتى...

سۇلتان يۇنۇسخان قىشنى قاراتوقايدا ئەنە شۇ يوسۇندا ئۆتكۇزدى، خالىسا شىكارغا چىقتى. كۇندۇزى قىلىنىدىغان ئوۋ تاماشاسى، كېچىسى ئۆتكۇزۇلىدىغان بەزمە ـ مەشرەپلەر قاراتوقاي قىشلىقىنى باشقىچە قىزىتىۋەتكەنىدى. ھايت ـ ھۇيت دېگۇچە بىر ئاي ۋاقىت ئەنە شۇنداق تېزلا ئۆتۇپ كەتتى. سەيھۇن دەرياسى ۋادىسىدىكى قار ـ مۇزلار ئاستا ـ ئاستا ئېرىپ، چىملار، دەل ـ دەرەخلەر قايتىدىن بىخ چىقىرىپ كۆكلەم پەسلىدىن شەپە بەردى.

ـــ بۇگۇندىن باشلاپ سەركەردە ـ لەشكەرلەر ئوۋنى توختاتسۇن، ـــ دېدى يۇنۇسخان ئەتىگەنلىك سالامغا كىرگەن ئەمىر ـ سەركەردىلەرگە قاراپ، ـــ ھاۋا ئىللىپ دەل ـ دەرەخ، گۇل ـ گىياھلار كۆكىرىشكە باشلىدى، بۇ ياۋايى ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىپ ئەۋلاد قالدۇرىدىغان مەزگىلى، ھېلىمۇ قىشتىن بېرى ئوۋ ئوۋلاپ سەيھۇن دەرياسى ۋادىسىدا تۇزۇك جانىدارلارنى قويمىدۇق.بىزدىن ئۇركۇپ نۇرغۇن ھايۋانلار قىزىلقۇم دەشتىنىڭ ئىچكىرىسىگە قېچىپ كەتتى. ئەمدى بولدى قىلايلى، ئۇلارمۇ دەريا ساھىلىدىكى ماكانىغا قايتىپ كېلىپ خاتىرجەم ئەۋلاد قالدۇرسۇن. ئەتىياز، ياز پەسلىدە ئوۋ ئوۋلىساق يامان بولىدۇ، بىزنىڭمۇ ھەم قوزغىلىدىغان ۋاقتىمىز بولۇپ قالدى.

ـــ ماڭلايسۆيەگە قايتامدۇق ئالىھەزرىتىم؟ ـــ سورىدى ئابدۇلقۇددۇس بەگ تەۋازۇ بىلەن بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ.

ـــ شۇنداق، ـــ دېدى سۇلتان يۇنۇسخان، ـــ سىلى ئاساسلىق قوشۇننى ئېلىپ ئاستانىگە قايتقاچ تۇرسىلا، ھېلىمۇ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى سەلتەنەتنى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا جانابلىرىغا يالغۇز تاشلاپ قويدۇق، سىلى بېرىپ مىرزىغا ھەمدەملىشىپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سەلتەنەت ئىشلىرىغا قاراشسىلا.

ــ ئۆزلىرى قايتامدىلا ئالىيلىرى؟

ــ مەن سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئالىيلىرىنىڭ دەرگاھىغا بېرىپ، دىدار ـ مۇلاقاتتا بولۇپ ئاندىن يانىمەن، كۆرۈشمىگىلى بىرقانچە يىل بولۇپ قاپتۇ. جان تەندە ئامانەت دەپتىكەن، تۈركىستانغا كېلىپ قايتىپ كەتكىنىمنى ئاڭلىسا كۆڭلىگە كېلىدۇ. ماڭلايسۆيەگە كەتسەم بۇ تەرەپلەرگە يەنە قاچان كېلىمەن، بۇنىسى نامەلۇم. ئۆتكەن يىلى ماڭلايسۆيەگە بارغىنىمدا يەتتەكەنت، تۈركىستان تەۋەسىدىن خېلى كۆپ ئەمىر ـ بەگلەر ماڭا ئەگەشكەندى. ئىلى دەرياسى بويىدىكى ئاماسانچى تايشى بىلەن بولغان جەڭدە بەختكە قارشى ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە كەتتى. قازايى قەدەر ھەرقاچان بىز بىلەن بىللە. ھېچقايسىمىزنىڭ جانابى ھەقكە جان، ئۆمۈر دەۋاسى قىلىش ھەققىمىز يوقتۇر، ھامان بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىمىز. ماڭا ئىلى ۋادىسىدىكى قىرغىنچىلىقتا ئامان قالغان يەتتەكەنت، تۈركىستان سەركەردىلىرى ھەمراھ بولۇپ قېپقالسۇن. ئۇلار ماڭا ئەگىشىپ كۆپ رىيازەت چەكتى، ئۇلارنى ئۆز يۇرت ـ ماكانىدا ئۇزۇنراق تۇرغۇزاي، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قوۋم ـ قېرىنداشلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرەي دەيمەن.

ــ قىبلىگاھىمىزنىڭ ھىممىتىگە تەسەننا، ــ دېدى يەتتەكەنت، تۈركىستان ئەمىرلىرى دەس ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ.

سۇلتان يۇنۇسخان ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگنى ئاساسلىق قوشۇننىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن ئاقسۇغا ئۇزىتىپ قويدى. ئۆزى بەش يۈز خاس نۆكىرى ۋە خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن قېپقالدى، ئۇنىڭغا يېنىدا ئېلىپ قالغان يەتتەكەنت، تۈركىستان بەگلىرىنىڭ نۆكەرلىرىنى قاتقاندا بىرمىڭ بەشيۈز گە يېقىن ئادەم بولغانىدى.

دەشتى قىپچاق دالاسىدىن كەلگەن سەركەردە ـ لەشكەرلەرنى تامامەن يوقاتقان سۇلتان يۇنۇسخان ئەشەددىي رەقىبلىرىدىن

خالاس بولغاندەك ئۆزىنى بىخەتەر ھېس قىلىپ، كۆپ لەشكەر ئې-لىپ يۈرۈشنى ئاۋارىچىلىق ھېسابلىغانىدى. ئاساسلىق قوشۇنىنى ئۈزىتىپ قويغاندىن كېيىن تاشكەنتكە بېرىشقا ئانچە ئالدىراپ كەتمىدى. نەچچە تۈمەن لەشكەردىن بوشاپ قالغان قاراتوقاي قىش-لىقى باشقىچە ئازادىلىشىپ، جىمىپ قالغانىدى. سەيھۇن دەرياسى-نىڭ شارقىراپ ئاققان سۈپسۈزۈك سۇلىرى كىشىگە زوق بې-غىشلايتتى. جىمجىتلىقتا چۆككەن دەريا ساھىلىغا ئۈركۈگەك قۇشلار، ياۋايى ھايۋانلار قايتىپ كېلىشكە باشلىغانىدى. شۇ كۈن-لەردە يۈنۈسخان باشقا ئىشلارنى ئۇنتۇپ ۋاقتىنى خانىشلىرى، خانزادىلىرى، مەلىكىلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈشكە كىرىشكەنىدى. ھەمراھ بولۇپ قېپقالغان ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىمۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن ـ كەچتە شاھ چېدىرىغا سالامغا كېلىش يوسۇنلىرىدىن ئازاد قىلىۋەتكەنىدى. شۇ تاپتا ئۇ يېنىدا قېپقالغان ئاشۇ ئەمىر-لەرنىڭ ئۆزىدىن قاتتىق نارازى بولۇپ قالغانلىقىنى قىلچىلىك ھېس قىلمايتتى.

ھەئە، ئۆز ۋاقتىدا زور بايلىق، يۇقىرى مەرتىۋە ـ مەنسەپ تەمەسىدە يۈنۈسخانغا ئەگىشىپ ئاۋۋال قەشقەر، ئاقسۇ، ئاندىن كېيىن تۇرپان، ئىلى ۋادىسىغا بارغان بۇ ئەمىرلەرنىڭ يەتكۈچە قورساق كۆپۈكى بار ئىدى. بۇرۇج ئوغلان بىلەن قىلغان غەلىبى-لىك جەڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ قورساق كۆپۈكى ھەسسىلەپ ئاش-قانىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ سۇلتان يۈنۈسخانغا ئەگىشىپ ماڭلايسۆيەگە قايتا بېرىشتىن رايى يېنىپ قالغان، بىر ئامالارنى قىلىپ ئەسلىي ماكانى بولغان يەتتەكەنت، تۈركىستان، سايرام، ئىسسىقكۆل ۋادىسىدا قېپقېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. يۈنۈس-خاننىڭ ئۇلارنى يېنىدا ئېلىپ قېلىشى كۆڭلىدىكىدەك ئىش بول-غانىدى. ئۇلارنىڭ شۇم نىيەتلىرىدىن خەۋەرسىز يۈنۈسخان خو-تۇن ـ بالىلىرى بىلەن كۆكلەم پەيزىگە چۆمۈلگەن دەريا ۋادىسى-نىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن قانغۇچە ھۇزۇرلانماقتا، سۇلتان ئە-بۇسەئىد مىرزا بىلەن قايسى شەھەردە، قايسى ۋاقىتتا كۆرۈشۈش-

نى خىيال قىلماقتا ئىدى.

— ئۆز ۋاقتىدا سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا ئەگەشكەن
ئەمىر ـ بەگلەردىن ئاران تۆتىمىز ئىشىپ قاپتىمىز، — دېدى
قارارگاھنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى چېدىرغا جۇغلىنىپ قورساق كۆ-
پۈكى قىلىشىۋاتقان ئەمىرلەردىن ياشقا چوڭراقى ئېغىز ئې-
چىپ، — ئول چاغدا لەشكەرلىرىمىزنىڭ سانىمۇ تۇمەندىن ئاشات-
تى، مانا ئەمدى لەشكەرلىرىمىزگە ئىگە بولالمايدىغان بولۇپ قال-
دۇق، قولىمىزدا ئاران مىڭغا يېقىن نۆكىرىمىز قاپتۇ.

— ۋاي ئۇنى بىر دېمىسىلە مىرسالى بارىن، — دېدى ئاق
سېرىق، كوسا چىراي كەلگەن مىرزا ئەلىبەگ ئېچىنغان ھالدا، —
بىز ھازىر يالغۇز لەشكەرلىرىمىزدىنلا ئەمەس، مال ـ دۇنيالىرى-
مىزدىنمۇ ئايرىلىپ قالدۇق.

— بۇنى ئاز دەپ يەتكۈچە جاپامۇ تارتىۋالدۇق دېسىلە، —
دېدى مىرزا ئابدۇراخمان ئۆچكە ساقىلىنى تىترىتىپ.

— قەشقەر، ئاقسۇغا بارساق تۇلۇم ـ تۇلۇم ئالتۇن ـ كۈ-
مۈشكە ئىگە بولىمىز دەپ خام خىيال قىلغان ئىكەنمىز تېخى، —
دېدى قارىماققا ئوتتۇز ـ ئوتتۇز بەش ياشلارغا كىرگەندەك كۆرۈ-
نىدىغان، بەستلىك كەلگەن مۇرتازا پالۋان، — مال ـ دۇنياغا ئې-
رىشەلمىسەكمۇ مەرتىۋە ـ مەنسەپكە ئېرىشەلىگەن بولساقمۇ كاش-
كى.

— تاس قالدۇق جېنىمىزنى سېلىپ بەرگىلى.

— توۋا، بۇ يۇنۇسخان ئالىيلىرى ئاجايىپ تەدبىرلىك ئادەم-
كەن دېسىلە، قەشقەر، ئاقسۇ، تۇرپانلارنى ياغى قىلمايلا بويسۇندۇ-
رۇۋالدى.

— بۇنىڭ ھەممىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا دوغلاتنىڭ
تۆھپىسى. ئول ئەمىر ھەممە ئىشلارنى تەق قىلىپ، پەقەت خان
ئالىيلىرىنىڭ كېلىشىگىلا قاراشلىق بولۇپ قاپتىكەن ئەمەسمۇ،
— دېدى مىرسالى بارىن، — خان ئالىيلىرى پەيلىمىزنى بىلىپ
قالدىمۇ قانداق، ئاۋامنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلمىسۇن دەپ لەشكەر-

لىرىمىزنى شەھەر ئەمەس، كىچىككىرەك قەسەبە[1] ـ قىشلاقلارغىمۇ كىرگىلى قويمىدى.

ــ شۇنداق، لەشكەرلىرىمىزنى شەھەر ـ قەسەبەلەرنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇپ قويۇپ، بىزنى يېنىدىن بىر قەدەممۇ نېرى قىلمىدى.

ــ لەشكىرىي ياساقنىمۇ بەكلا چىڭىتىۋالدى.

ــ مۇھىم ئورۇنلارغا موغۇلىستانلىق سەركەردىلەرنى قويدى.

ــ مەنسەپ ـ مەرتىۋىنىڭ يۇقىرىسىنىمۇ شۇلارغا بەردى.

ــ ماقۇل قەشقەر، ئاقسۇ، تۇرپانلارغۇ ئۇنىڭغا ئۆزلۈكىدىن بەيئەت قىلدى، بىزمۇ جەڭ قىلىپ ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسىتەلمىدۇق دەيلى، ئەمما ئىلى دەرياسى بويىدىكى جەڭدە ئاجايىپ كاتتا پەھلىۋانلىق كۆرسەتكەندۇق.

ــ نۇرغۇن لەشكەرلىرىمىزدىن، بۇرادەرلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق تېخى.

ــ شۇنداق تۇرۇقلۇق قالماقتىن ئالغان شۇنچىۋالا ھېسابسىز ئولجىلاردىن بىزگە ئازراقلا بېرىپ قويۇپ بولدى قىلدى.

ــ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئۆزى ئۇچچە ئىگەللەپ خەزىنىنىڭ ھېسابىغا ئۆتكۈزدى.

ــ مۇشۇنداقمۇ نائىنسابلىق قىلغان بارمۇ جاھاندا؟! ھەر قانداق ھۆكۈمدار جەڭدىن كېيىن سەركەردە ـ لەشكەرلىرىگە ئولجا ـ غەنىيمەتلەرنى ئىنئام قىلىپ بېرىۋېتىدۇ ئەمەسمۇ؟

ــ ماقۇل، ئۇ ئولجىلارنىغۇ قالماقلار ئىلى ۋادىسىدىكى ئاۋامنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ تارتىۋالغان دەپ بىزگە بەرمىدى، لېكىن مۇنۇ دەشتى قىپچاق خانزادىسى بۇرۇج ئوغلانىنىڭ قارارگاھىدىن غەنىيمەت ئالغان ھەددى ـ ھېسابسىز بايلىقلارغا نېمە دەيمىز ئەمدى؟

ــ شۇ چاغدا بىر چېدىرغا كىرىپ ھاڭ ـ تاڭ قالدىم. بۇرۇج ئوغلان مەرھۇم ئاتىسى سۇلتان ئوبۇلخەيرىخاننىڭ ئۆمۈربويى

① قەسەبە ــ بازار.

www.uyghurkitap.com

جۇغلىغان خەزىنىسىنى پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈپ ئېلىپ كەتكەن ئەمەسمۇ. ساندۇق ـ ساندۇقلاردا ئالتۇن، ساندۇق ـ ساندۇقلاردا كۈمۈش، ساندۇق ـ ساندۇقلاردا جاۋاھىراتلار. ئۆمرۈمدە بۇنچىلىك ھەددى ـ ھېسابسىز بايلىقنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. شۇنداقلا قاراپ كۆزۈم چەكچىيىپلا قالدى. شول چاغدا تارتقان جاپايىمىزغا تۇشلۇق نېسىۋىگە ئاخىرى ئېرىشىدىغان بولدۇق دەپ خۇشال بولغانىكەنمەن، — دېدى مۇرتازا پالۋان، — ئەپسۇس، بىزگە تېگىل بولغىنى ئاران بىر پەتنۇستىن ئالتۇن بولدى.

— شۇنداق، بۇرۇج ئوغلاندىن ئولجا ئالغان ئول خەزىنىدە بىزنىڭمۇ نېسىۋىمىز بار ئىدى. يېرىمىنى ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن بولسىمۇ رازى بولۇپ كېتەتتۇق ئەمەسمۇ، — دېدى مىرزا ئابدۇراخمان.

— ھەممىسىنى ئاقسۇغا ئەۋەتتۈەتتى، سۇلتان دوستمۇھەممەدخان زامانىسىدا ۋەيران بولغان ئەل ـ يۇرتنى قايتىدىن قۇرۇشقا ئىشلىتىمىز دەيدۇ تېخى. ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ نېمە ئىشىمىز. بىز بولمىساق ئۇ خەزىنىنى قولغا كىرگۈزەلمەيتتى، — دېدى مىرزا ئەلىبەگ.

— بىزگە بەرمىدى ـ يۇ، ئەمما سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىغا كۆرۈشۈش سوۋغىسى دەپ تۆت ساندۇق ئالتۇن، تۆت ساندۇق كۈمۈش، تۆت ساندۇق جاۋاھىراتلارنى ئايرىپ قويىدى.

— ئاۋۇ قىرىق تۆگىلىك گەزلىمە، ماتالارمۇ بار تېخى.

— ئاشۇ نەرسىلەرنى جېنىمىزنى تىكىپ قوغداپ ماڭىمىز دېسىلە تېخى.

— نېمىدېگەن تەڭسىزلىك بۇ؟!

— ئۆز ۋاقتىدا يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا ئەگەشمىگەن بولساق، يېگىدىن مال ـ دۇنيا جۇغلىيالمىساقمۇ، قولىمىزدىكى بارنى يوقىتىپ قويمايتتۇق ئەمەسمۇ.

— كېرەيخان، جانىبېكخانلارغا ئەگەشسەك بوپتىكەن.

— بۇنى كىم ئويلىغان.

ـــ مەن ئەمدى خان ئالىيلىرىغا ئەگەشمەيمەن، ـــ دېدى مىرزا ئەلىبەگ.

ـــ خان ئالىيلىرىغا ئەگەشمىسىلە نېمە ئىش قىلىلا تەقسىر؟ ھازىر ئۇ بۇرۇنقى يەتتەكەنتنىڭ بېگى يۇنۇسخان ئەمەس، بەلكى نامى بۈيۈك موغۇلىستان دەپ ئاتىلىدىغان ماڭلايسۆيە، كۆزچى ـ تارىم، ئالتۇنتاغ، تۇرپان، قومۇل، ئىلىبالىق، ئالمالىق، تۈركىستان، ئىسسىقكۆل تەسەررۇپىنىڭ بۈيۈك ھۆكۈمدارى. ئۇ قولىنى نەگە سوزسا شۇ يەرگە يېتىدۇ. دەشتى قىپچاقتا كېرەيخان، جانىبېكخانلارغا ئوخشاش ماۋەرائۇننەھر، خۇراسان، پەرغانە ۋادىسىدا سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىدەك ئىتتىپاقچىلىرى بار. يېقىن ئەتراپتا بىرمۇ دۈشمىنى يوق. دېمەك، خان ئالىيلىرىدىن ئايرىلىپ كەتسىلە پۇت دەسسەپ تۇرغۇدەك ئالىقانچىلىك يەرمۇ تاپالمايدىلا، ـــ دېدى مىرسالى بارىن.

ـــ پەقەت بولمىسا بۇلاڭچىلىق قىلارمەن، ـــ دېدى مىرزا ئەلىبەگ، ـــ بۇ پىخسىق خانغا ئەگىشىپ، جاپا تارتىپ قۇرۇق قول يۈرگەندىن مىڭ ھەسسە ياخشى. تېخى ئامىتىم كېلىپ قالسا ئۇيانىدىن ـ بۇيانغا ئۆتۈپ تۇرغان كارۋانلاردىن ئالتۇن ـ كۈمۈش، جاۋاھىراتلارغىمۇ ئىگە بولۇپ قالىمەن.

ـــ سىلىدىن ئېھتىيات قىلساق بولغۇدەك، بىزنىمۇ، خان ئالىيلىرىنىمۇ بۇلاپ قويمىسىلا يەنە، ـــ دېدى مىرزا ئابدۇراخمان چاقچاق قىلىپ.

ـــ راست، بۇلايمەن دېسىلە ئاشۇ ئالتۇن ـ كۈمۈش، جاۋاھىراتلار خان ئالىيلىرىنىڭ چېدىرىدا ساندۇقى بىلەن بار، ـــ دېدى مۇرتازا پالۋان.

ـــ شۇنداق قىلايمۇ ـ يا؟ ـــ دېدى مىرزا ئەلىبەگ، ـــ ناۋادا مۇرتازا پالۋان ھەمدەمدە بولۇشنى خالىسا بۇمۇ بولىدىغان چارە، چۈنكى، ئاشۇ ئالتۇن ـ كۈمۈش، جاۋاھىراتلاردا بىزنىڭمۇ ھەققىمىز بار.

ئەمىرلەر بىردىنلا شۈكلەپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مال ـ دۇنيا ۋەسۋەسىسى ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى قارايتىۋېتىپ باراتتى.

شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ چېدىرىدىكى ئەبۇسەئىد مىرزىغا كۆرۈشۈش سوۋغىسى سۈپىتىدە ساقلاپ قويغان مال ـ دۇنيالار زاھىر بولماقتا ئىدى. ئاغزىدىن چىقارمىغىنى بىلەن بۇ مال ـ دۇنيالارنى تۆتىلىسىنىڭ بۆلىۋالغۇسى، بولاپلا سۇلتان يۇنۇسخاننى تاشلاپ قېچىپ كەتكۈسى بار ئىدى.

ــ ئەجەب جىمىپ كېتىشلىغۇ جانابلار، ــ دېدى قېرى ئەمىر مىرسالى بارىن خىرىلداپ كۆلگىنىچە جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، ــ نەپسىلىرىنى شەيتان تاقىلدىتىۋاتىدۇ ـ ھە شۇ تاپتا.

ــ سىلىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس تەقسىر، ــ دېدى مىرزا ئەلىبەگ قاپىقىنى تۈرۈپ.

ــ بولامدۇق ـ يا؟ ــ دېدى مۇرتازا پالۋان.

ــ بولىساق بولىدۇق، ــ دېدى مىرزا ئابدۇراخمان، ــ نېمىدىن قورققۇلۇق. ئۆزىمىزگە تېگىشلىك نېسىۋىنى ئالدۇق دەپ بىلسەك بولدى ئەمەسمۇ. لېكىنزە، خان ئالىيلىرىنىڭ بەش يۈز نۆكىرىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ.

ــ ھەببەللى، گەپ مانا مۇشۇ يەردە، ــ دېدى مىرسالى بارىن پېشقەدەملەرگە خاس بىلەرمەنلىك بىلەن سۆزلەپ، ــ ئۇل نۆكەرلەرنى زىنھار سەل چاغلىغىلى بولماس. جان ھەلقۇمغا كەلگەندە ھەر بىرى ئون، ھەتتا يۈزگە تېتىيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسى خان ئالىيلىرىغا ئىتتەك ساداقەتمەن.

ــ خەقنى داڭلاپ ئۆزىمىزنى كەمسۇندۇرمايلى، ــ دېدى مۇرتازا پالۋان تېرىكىپ، ــ ئۇل نۆكەرلەرمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماھارىتىنىمۇ ئوبدان بىلىمىز.

ــ زىنھار غورۇرلىرىغا ئەپكەتمىسىلە مۇرتازا پالۋان، ــ دېدى مىرسالى بارىن خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن ھىجىيىپ، ــ ئەلۋەتتە بۇ يەردە سىلىگە تەڭ كېلەلىگۈدەك ئادەم يوق، ئەمما سىلى

پەقەت بىرلا. لەشكەرلىرىمىزنىڭ سانى ئۇلاردىن جىق بولغىنى بىلەن ھېچقايسىسىنىڭ ماھارىتى ئۇلارغا يەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خان نۆكەرلىرىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق سۈر ـ ھەيۋىسى بار. لەشكەرلىرىمىز ھە دېگەندە ئۇلار بىلەن ئېلىشىشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ، ۋەھىمە يەيدۇ. بۇ تەرەپلىرىنىمۇ نەزەرگە ئالمىساق بولمايدۇ. بىز تۆتىمىز ھەرقانچە ماھارەتلىك بولساقمۇ يېتىشەلمەيمىز، ئىشىمىز ئەپلەشسىغۇ ياخشى، ناۋادا ئەپلەشمەي قالسا رەسۋايى ئەزەم بولغاننى ئاز دەپ جېنىمىزدىن ئايرىلىمىز، ئەل ـ يۇرتقا تۇزكور، رىياكار دېگەن نامىمىز تارقايدۇ.

— ئەمىسە ۋاپادار، ساداقەتمەن دېگەن نام ـ ئاتاق ئۇچۇن بىر ئۆمۈر جاپا چېكىپ يۈرىمىزمۇ؟ يا كۆرگەن راھەت ـ پاراغەتنىڭ، يا تۇتقان ئەمەل ـ مەنسەپنىڭ، يا تاپقان پۇل ـ پۇچەكنىڭ تايىنى بولمىسا، — دېدى مۇرتازا پالۋان ئەزۋەيلەپ سۆزلەپ، — ئىشقىلىپ خەلقئالەمدە قانداق بەتنام، ئاتىقىم قالسا مەيلى، ئەمدى خان ئالىيلىرىغا ھەرگىز ئەگەشمەيمەن.

— گېپىمىز، نىيەت ـ ئىقبالىمىز بىر يەردىن چىقمىسا تۆت كاللا بىر يەرگە جۇغلاشماس ئەردى، — دېدى باياتىنبېرى ھەمراھلىرىنىڭ چىراي ئىپادىسىنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان مىرزا ئابدۇراخمان سۆز ئېلىپ، — ھەممىمىز كۆڭلىمىزدىكىنىڭ غۇلچىنى ئاشكارىلاپ بولدۇق، پەقەت غېرىچىلا قالدى. ئەمما ئاشۇ غېرىچنى ھېچقايسىلىرى ئېغىزدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلىشالمايۋاتىدىلا. بوپتۇ، مەن دەۋېتەي. ھېچقايسىمىزنىڭ ئەمدى خان ئالىيلىرىغا ئەگەشكىمىز يوق ھەم مۇشۇنداق قۇرۇق قوللا ئايرىلىپ كەتكىمىزمۇ يوق. خان ئالىيلىرىنىڭ چېدىرىدىكى ھېلىقى خەزىنە مەيلىمىزنى تارتىپ تۇرماقتا. قولىمىزغا چۈشۈرسەك ھەر بىرىمىزگە بىر ساندۇقتىن تەقسىم بولغۇدەك. گەپ ئۇنى قانداق قولغا چۈشۈرۈشتە، — ئۇ ھەمراھلىرىغا تەكشى بىر قارىۋېتىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — قانداق، ھەر بىرلىرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپالىدىمىمۇ؟ ئەگەر كۆڭۈللىرىدىكىنى تاپالىغىنىمغا ئىقرار

www.uyghurkitap.com

بولۇشسىلا، باشقا گەپنى قويۇپ تۇرۇپ ئاشۇ خەزىنىنى قانداق قولغا كىرگۈزۈش ھەققىدە باش قاتۇرايلى. ناۋادا خان ئالىيلىرى قاراتوقايدىن قوزغىلىپ كەتسە بۇ ئىش تەسكە توختايدۇ.

ــ كۆڭلىمىزدىكىنى تاپقانلىرىغا بىز ئىقرار، ــ دېدى مىرزا ئەلىبەگ بىلەن مۇرتازا پالۋان.

ــ كەمىنىلىرىمۇ ھەم، ــ دېدى مىرسالى بارىن، ــ ئەگەر جانابى ئەمىرلەرنىڭ مۇددىئاسى شۇ بولسا، سەمىلىرىگە سالىدىغان كىچىككىنە مەسلىھەتىم بار. بىلمىدىم ھەر بىرلىرىگە مەنزۇر كېلەرمىكىن.

ــ قېنى خوش. قۇلىقىمىز سىلىدە، ــ دېدى ئۈچ ئەمىر.

ــ ھەر بىرلىرىنىڭ يادىدا بارمىكىن، سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى بىلەن تاشكەنت دورغىسى شەيخ جامالىددىننىڭ ئوتتۇرىسىدا خېلى چوڭ ئاداۋەت بار، ــ دېدى مىرسالى بارىن، ــ ئۆز ۋاقتىدا شەيخ جامالىددىن سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنى تاشكەنتتىن قوغلاپ چىقارغان. كېيىن ئۇ بۇرگە سۇلتان، مۇھەممەد جۇگىلار بىلەن بىرلىشىپ سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىغا قارشى چىققاندا، سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى يەتتەكەنتتىن لەشكەر تارتىپ كېلىپ، سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىغا ھەمدەمدە بولۇپ شەيخ جامالىددىننى ئوسال قىلغانىدى. كېيىن خان ئالىيلىرى موغۇلىستان تەختىنى قولىغا ئالدى. پەمىمچە، شەيخ جامالىددىن خان ئالىيلىرى قولىغا كەلتۈرگەن بۇ كاتتا مەرتىۋىگە ھەرگىز قايىل ئەمەس، شول سەۋەبتىن ئاداۋەت، خۇسۇمەت ئوتىنى ھازىر غىچە يۈرىكىدە ساقلاپ يۈرمەكتە. شۇڭا، ھازىر شەيخ جامالىددىنغا مەكتۇپ يوللاپ، خان ئالىيلىرىغا قارشى ئىككەنلىكىمىزنى بىلدۈرسەك، چوقۇم بىزنى قوللايدۇ، ئىككى رەقىبنى تۇيدۇرماي ئاداۋەتكە سېلىپ قويساق، ئېنىقكى ئارىدىن پايدىنى بىز ئالىمىز. ھېلىقى خەزىنىمۇ بىزنىڭ بولىدۇ، باشقىلارمۇ بىزنى ساداقەتسىز، دەپ ئەيىبلىيەلمەيدۇ.

ــ بۇ راستتىنلا بولىدىغان تەدبىركەن، ــ دېدى مىرزا ئە-

لىبەگ ھاياجانلىنىپ، ــ ئۇنداق بولسا شەيخ جامالىددىن بىلەن خان ئالىيلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچلىك بىر پىتنىنى پەيدا قىلايلى.

ــ ئەڭ مۇھىمى شەيخ جامالىددىن بىزگە ئىشەنسۇن، ــ دېدى مىرزا ئابدۇراخمان، ــ ئۇنى ئىشەندۇرمەي بۇ ئىشنى روياپقا چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس.

ــ بۇ تازىمۇ بىر نامەردلىك بولىدىغان بولدى ـ دە، ــ دېدى مۇرتازا پالۋان، ــ بوپتۇ، مۇشۇنداق قىلمايمۇ ئامال يوقتەك قىـ لىدۇ. خوش، ئۇل شەيخ جامالىددىننى قانداق ئىشەندۇرىمىز؟

ــ پەممىچە، ــ دېدى مىرسالى بارىن ساقىلىنى سىلاپ تۇ ـ رۇپ، ــ شەيخ جامالىددىن ئىچى تار، ھەسەتخور، شۆھرەتپەرەس، مەنمەنچى، گۇمانخور ئادەم. بۇنداق ئادەملەر پىتنە ـ پاساتقا ئاسان ئىشىنىدۇ. بىز سۇلتان يۇنۇسخان بىلەن سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، شەيخ جامالىددىننىڭ يۈرىكىگە ھەسەت ئوتى ياقايلى. ئاندىن سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى ئۈستىدىن بولدى دېگۈچە دادلايلى، سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ ئەينى يىلى شەيخ جامالىددىن تەرىپىدىن تاشكەنتتىن ئېتىبارسىز ھالەتتە قوغلانغانلىقىنى پات ـ پات ھەسرەت بىلەن تىلغا ئالىدىغانلىقىنى، بۇ نۆۋەت تاشكەنتكە ئالا ـ ھىدە بېرىپ، ئۆزىنىڭ بۈيۈك سۇلتانلىق شەۋكىتىنى شەيخ جاما ـ لىددىنغا كۆز ـ كۆز قىلىشنى، ھەتتا ئۇنى ئەدەپلەپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈككەنلىكىنى، ئۇشبۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ كۆپ ئېھتىيات قىلىشى لازىملىقىنى يازايلى. شەيخ جامالىددىننىڭ سۇلتان يۇ ـ نۇسخانغا قارشى چىققۇدەك رىغبىتى بولسا، ئۆزىمىزنىڭ ھېچنېـ مىگە قارىماي ھەمدەمدە بولىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرەيلى. ئىشەنـ چىم كامىلكى، شەيخ جامالىددىن بۇ خۇسۇستىكى مەكتۇپىمىزنى تاپشۇرۇۋالسا ھەرگىزمۇ قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرمايدۇ.

ــ ئەمىسە دەرھال مەكتۇپ يازايلى، ــ دېدى مىرزا ئەلىبەگ.

ــ مەكتۇپ يېزىشقا يەنىلا مىرسالى بارىن جانابلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئېپى بار، ــ دېدى مۇرتازا پالۋان.

ــ شۇنداق، مەكتۇپنى سىلى يازسىلا، بىز قول قويايلى، ــ دېدى مىرزا ئابدۇراخمان.

ئەمىرلەر قول ـ قولچە مىرسالى بارىنىنىڭ ئالدىغا قەغەز، قەلەم، سىياھدان ئېلىپ كەلدى. بىر چۆگۈن چاي قاينىمىچىلىك سۈكۈتتىن كېيىن مىرسالى بارىن مەكتۇپنى يېزىپ بولدى. قال-غان ئۈچ ئەمىر مەكتۇپنىڭ تېگىگە ئىمزالىرىنى قويۇپ، بارماق بېسىشتى.

ــ مەكتۇپنى كىم ئېلىپ بارسا بولۇر؟ ــ دېدى مۇرتازا پالۋان، ــ ئارىمىزدىن بىرەرىمىز ئېلىپ بارساق، بېرىپ ـ كې-لىشكە خېلى جىق ۋاقىت كېتىدۇ، ئۇل چاغدا خان ئالپىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويۇشىمىز مۇمكىن.

ــ بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇشسىلا، ــ دېدى مىرسالى بارىن خەتنى پەم بىلەن قاتلاپ تۇرۇپ، ــ ئايغاقچى يالغۇز خان ئالپى-لىرىنىڭ ھۇزۇرىدىلا بولمايدۇ. بىزنىڭمۇ ئىشەنچلىك ئادەملىرى-مىز بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشكەنتنى بەش قولدەك بىلىدۇ تېخى.

ئۇلار مەكتۇپنى ئىشەنچلىك ئايغاقچىلىرىدىن يولغا سېلىۋې-تىپ خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قېلىشتى.

ــ خەتنىڭ جاۋابى كېلىپ بولغۇچە قاراتوقايدىن قوزغىلىپ كېتەرمىزمىكىن، ــ دېدى مىرزا ئابدۇراخمان، ــ ھاۋا ئىللىپ قالغىلى تۇردى، خان ئالپىلىرى ئەمدى بۇ يەردە ئۇزاق تۇرمايدۇ.

ــ بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسىلا، ــ دېدى مىرسالى بارىن، ــ قاراتوقايدىن قوزغالساقمۇ بارىدىغان يېرىمىز يەنە شۇ تاشكەنت. ئايغاقچى بىلەن يولدا ئۇچرىشارمىز

※ ※ ※

شەيخ جامالىددىن تۆت ئەمىرنىڭ سۇلتان يۇنۇسخانغا سات-قىنلىق قىلىپ يازغان خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ تازا بىر قارارغا

كېلەلمەي تۇرغاندا، سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ چاپارمىنى ئارقىلىق ئەۋەتكەن مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋالدى.

يۇنۇسخان مەكتۇپىدا ئۆزىنىڭ سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ھۇزۇرىغا بارماقچى بولغانلىقىنى، يول ئۈستىدە شەيخ جامالىددىن بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتۈشنى نىيەت قىلغانلىقىنى قىسقىلا بايان قىلغانىدى. ھەئە، سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ مەكتۇپى ھۆرمەت، تەۋازۇ ئىبارىلىرى ئىشلىتىلمەي تۇزلا، ئاددىي قىلىپ يېزىلغانىدى. تاشكەنت شەھىرىنىڭ ئەمىرى تۇرۇقلۇق ئۆزىنى پەرغانە ۋادىسىنىڭ ھۆكۈمدارىدەك ھېسابلايدىغان شەيخ جامالىددىنغا بۇ مەكتۇپ ئانچە ياقمىدى. بولۇپمۇ ھېلىقى تۆت ساتقىن ئەمىرنىڭ ھەر بىرى قۇرلىرى خۇشامەت، ماختاش ئىبارىلىرى بىلەن تولغان خېتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ بىردىنلا قورسىقى كۆپتى.

«ئۆزىنى كىم چاغلاپ قالدىكىنە بۇ يۇنۇسبەگ. تېخى ‹بۇيۇك موغۇلىستان تەسەررۇپىنىڭ ھۆكۈمدارى سۇلتان يۇنۇسخاندىن دەپ بىلۇرلا› دەپ كېتىشلىرىنى قارىمامدىغان. ئۇ موغۇلىستاننىڭ ھۆكۈمدارى بولسا ماڭا نېمىتى. مەن ئۇنىڭغا ئەمەس، ماۋەرائۇننەھر، خۇراسان، پەرغانە ھۆكۈمدارى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئائىلىلىرىغا ئىتائەت گەردىنىمنى سۇنغانمەن، ماڭا ئۆزىنىڭ ئەمىرلىرىگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىپ مەكتۇپ ئەۋەتسە قانداق بولىدۇ، سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئائىلىلىرىنىڭ دەرگاھىغا بارماقچىمىش، بۇنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى. بارسا بېرىۋەرسۇن، يولى ئوچۇق. مەن بىلەن كۆرۈشۈپ نېمە قىلىدۇ؟ ئېنىقكى، ئۆزىنىڭ تەخت پاسىبانى بولغانلىقىنى كۆز ـ كۆز قىلماقچى. ئۆز ۋاقتىدا ھۆرمەت كۆرسەتمىگىنىمنى، ئېتىبار قىلمىغىنىمنى، تاشكەنتتىن لالما سەگدەك كېتىشكە مەجبۇرلىغىنىمنى ماڭا كۆرسەتمەكچى. ئۆز ۋاقتىدا كۆزۈڭگە ئىلماي خۇددى سانىلنى قوغلىغاندەك قوغلىغانىدىڭ. مانا ئەمدى ئىستىقبالىمغا چىقىپ تەزىم قىل، خۇشامەت قىل دېمەكچى. يا خۇدا، بۇ يۇنۇسبەگ نېمىدېگەن ئاداۋەتخور، ئىچى قوتۇر ئادەم ـ ھە؟! سۇلتان ئە-

بۇسەئىد مىرزىنىڭ مەندىن ئېھتىيات قىلىدىغانلىقىنى، تەسەررۇپىدىكى ھەرقانداق ئەمىرلەرگە قارىغاندا ماڭا بەكرەك ئىززەت كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلمەمدىكىنە؟ ئۇخلىماي چۈش كۆرۈپتۇ. ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا چىقمايمەن ھەم بۇنداق قىلىش مەجبۇرىيىتىممۇ يوق. چۈنكى، ئۇ مېنىڭ پاسبانىم ئەمەس. ناۋادا سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئالىيلىرىنىڭ بۇ خۇسۇستا يارلىقى بولسىدى، ئۇ باشقا گەپ. ھازىر سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئالىيلىرى بەكمۇ يىراقتا. ئايغاقچىلارنىڭ ئەكەلگەن ئىشەنچلىك مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، قارا قويلۇق تۈركمەن خانزادىسى ھەسەن ئەلىگە بولۇشۇپ ئاق قويلۇق تۈركمەن خانى ئۇزۇن ھەسەنگە قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن تۈركمەن دەشتىگە يۈرۈش قىلىپتۇدەك. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇسەيىت سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ بۇ لەشكەرىي يۈرۈشىدىن يۇنۇسبەگنىڭ خەۋىرى يوق ئوخشايدۇ، خەۋىرى بولغان بولسا شۇنچە يىراقتا كۆرۈشكىلى جابدۇنماس ئىدى. ناۋادا بۇسەيىت سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ مەرۋ[1]دە ئەمەس، لەشكەرىي يۈرۈشتە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپسا، يا ئالدىغا ماڭماي، يا كەينىگە يانماي، ئەبۇسەئىد مىرزا ئالىيلىرىنىڭ لەشكەرىي يۈرۈشتىن قايتىشىنى كۈتۈپ تاشكەنتتە ساقلاپ تۇرۇشنى ئىختىيار قىلىپمۇ قالارمۇ؟ خۇدايىم ساقلار، ئۇنداق بولۇپ قالسا نى ۋاقىتقىچە ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ، مۇلازىملاردەك خىزمىتىنى قىلىپ يۈرۈيمەن؟ راست، ھېلىقى تۆت ئەمىر ئۆزلىرىنىڭ يۇنۇسبەگكە قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشۈپتۇ، ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى نېمىدۇر؟ نېمىشقا مېنى ئۆز پاسبانىغا قارشى چىقىشقا ئۈندەيدۇ؟ يۇنۇسبەگدىن رايى يانغان بولسا، پەم بىلەن كېتىپ قالسا بولۇۋېرەتتىغۇ. مەيلى قانداق مۇددىئاسى بولۇشتىن قەتئىينەزەر، بىر نەرسە ئېنىقكى، ئول تۆت ئەمىر مەندىن پايدىلىنىپ يۇنۇسبەگنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى. چۈنكى، ئۇلار مېنىڭ يۇنۇسبەگ بىلەن خۇشۇم يوقلۇقىنى بىلىدۇ، بۇمۇ بولغىنى. مەنمۇ ئۇنداق

[1] مەرۋ ـــ ھازىرقى تۈركمەنىستاندىكى شەھەر نامى.

قازانغا مۇنداق چۈمۈچ قىلىپ، ئاشۇ ساتقىنلاردىن پايدىلىنايدە، يۇنۇسبەگنى ئاشۇ ساتقىنلاردىن قوغدىغان بولۇۋېلىپ نەزەربەند قىلاي. يۇنۇسبەگ ئۇل ئەمىرلىرىنىڭ خېتىنى كۆرسە چوقۇم ماڭا ئىشىنىدۇ، مېنى نىجاتچىسى دەپمۇ بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئۇنىڭغا سالام بېرىپ، كۆزىگە قاراپ يۈرمەيمەن. ئۇنى قورۇقداش باھانىسىدا ئەمىرلىرىنىمۇ، نۆكەرلىرىنىمۇ ئايرىۋېتىپ، بىر مەزگىل نەزەربەند قىلسام بۇسەيىت سۇلتان ئائىلىسى بىلەن كۆرۈشۈش نىيىتىدىن يېنىپ موغۇلىستانغا كېتىشى مۇمكىن. ناۋادا بۇ ئىشلاردىن سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئائىلىسى خەۋەر تاپسىمۇ مېنى ئەيىبكە بۇيرۇيالمايدۇ. مۇشۇ باھانىدا مەنمۇ ئۆزىنى بۈيۈك سەلتەنەت ساھىبى، ھۆكۈمدار دەپ تەكەببۇرلۇق قىلغان يۇنۇسبەگنى ئوبدانلا ئەدەپلەپ قويالايمەن. بەلكىم ئۇنىڭ شەپقەتچىسى بولۇپ قالىمەن...»

كۆڭلىنى توختىتىۋالغان ئەمىر شەيخ جامالىددىن دەرھال ھېلىقى تۆت ئەمىر بىلەن سۇلتان يۇنۇسخانغا ئايرىم ـ ئايرىم جاۋاب خەت يازدى.

※ ※ ※

قاراتوقايدىن تاشكەنتكە قاراپ يولغا چىققان سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ كۆڭلىدە قىلچىلىك ئەندىشە يوق ئىدى. ھەئە، شەيخ جامالىددىننىڭ ئەينى يىلى ئۆزىگە قىلغان ئەدەپسىزلىكىنى ئۇنتۇپ كەتمىگەنىدى. يولدا كېتىۋېتىپ ئاشۇ كۆڭۈلسىز ئەسلىمىلەرنى، كېيىن شەيخ جامالىددىن بىلەن سەمەرقەنتتە ئۇچراشقانلىقىنى، سوغۇقلا كۆرۈشكەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

«ئاشۇ قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلغان بولسا مەندىن چوقۇم خىجىل بولىدۇ. سەمەرقەنتتە كۆرۈشكەن ۋاقتىمىزدىمۇ ئوڭايسىزلانغاندەك قىلغان. بولدى ئەمدى، ئۆتكەن ئىش ئۆتتى. ئەسلىدىمۇ ئۇنىڭ ماڭا ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈرۈش مەجبۇرىيىتى

www.uyghurkitap.com

يوق ئىدى. ئەمدى كۆرۈشكەندە ئۇنىڭغا قىزغىن بولاي، ئارىمىزدا ھېچ ئىش ئۆتۈلمىگەندەك مۇئىدىشاي. ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويماي. ئەسلىدە تاشكەنتتە توختىمىسامۇ بولاتتى، خانىش ئايىملارنىڭ تاشكەنتنى كۆرگۈسى، بىرەر ھەپتە تۇرغۇسى كېلىپ قالدى...»

شۇ تاپتا يۇنۇسخان ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان تۆت ئەمىر بىلەن شەيخ جامالىددىن ئوتتۇرىسىدا بىرقانچە قېتىم مەخپىي خەت ـ ئالاقە يۈرۈشكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ خەت ئارقىلىق ئۇنى قانداق ئۇسۇلدا بابلاش، ساداقەتمەن نۆكەرلىرىدىن تۇيدۇرماي ئايرىۋېتىپ قولغا چۇشۇرۇش ھەققىدە مەسلىھەت قىلغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى.

تاشكەنت شەھىرىدىن ئوتتۇز چاقىرىم يىراقلىقتا جايلاشقان بۇ قورۇق ئەمىر شەيخ جامالىددىننىڭ يازلىق ئارامگاھلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ سۇلتان يۇنۇسخاننى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن مۇشۇ يەردە تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى. ئارامگاھقا چاشكا ۋاقتى بىلەن يېتىپ كەلگەن سۇلتان يۇنۇسخاننى شەيخ جامالىددىننىڭ شىغاۋۇل بېگى[1] بىر توپ مۇلازىملىرى بىلەن چىقىپ كۈتۈۋالدى.

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم. بۈيۈك سەلتەنەت ساھىبى سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا ئېھتىرام بولغاي، ھارمىغايلا.

يۇنۇسخان ئىستىقبالىغا چىققان بۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا شەيخ جامالىددىننىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ بىرئاز تەئەججۇپلەندى.

ـــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ـــ دېدى ئۇ ناخۇشلۇق بىلەن سالامنى ئىلىك ئېلىپ، ـــ دورغا بېگىم ئەجەب كۆرۈنمەيدىغۇ؟

ـــ خان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، ـــ دېدى شىغاۋۇل بەگ تەۋازۇ بىلەن ئېگىلىپ تۇرۇپ، ـــ ئەمىر جانابلىرى ئىككى كۈندىن بېرى ئالىيلىرىنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ مۇشۇ قىشلاقتا تۇنەگەندى، ئالىيلىرىنى بۈگۈنمۇ كېلەلمەيدىغان ئوخشايدۇ دەپ، ھېلىراقتا شەھەرگە كىرىپ كەتكەن. بايا چاپارمەنلىرىمىزدىن خېلى يېقىنلىشىپ قالغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ خەۋەرچى ماڭغۇزدۇم،

[1] شىغاۋۇل بېگى ـــ چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشقا مەسئۇل بەگ.

ھايال بولماي كېلىپ بولىدۇ.

شىغاۋۇل بەگ شەيخ جامالىددىننىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە گېپىنى تولىمۇ قاملاشتۇردى. ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ چىرايىغا قايتىدىن كۈلكە يۈگۈردى.

— ئەمىر جانابلىرى چىقىپ بولغىچە خان ئالىيلىرى بىرەر پىيالە چاي ئوتلاپ ئارام ئالغاچ تۇراملىكىن؟

يۇنۇسخانغا خېلىلا ھاردۇق يەتكەنىدى. شۇڭا شىغاۋۇل بەگنىڭ تەكلىپىگە دەرھاللا قوشۇلدى:

— تولا ئوبدان.

شىغاۋۇل بەگ سۇلتان يۇنۇسخاننى يولنىڭ ئۇ چېتىدىكى ئۆرۈكلۈك باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ھەشەمەتلىك بىر قورۇغا باشلىدى. يولدىن قورۇنىڭ دەرۋازىسىغىچە قىپقىزىل گىلەملەردىن پاياندار سېلىنغانىدى.

— بۇ ئەمىر جانابلىرىنىڭ يازلىق ئارامگاھى، — ماڭغاچ چۈشەندۈردى شىغاۋۇل بەگ، — ئىچى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، خان ئالىيلىرى بىلەن خانىش ئايىملارنىڭ ۋاقىتلىق تۇرۇشىغا تازا باب كېلىدۇ. ئىككى كۈندىن بېرى ئەمىر جانابلىرى شەخسەن ئۆزى ھەيدەكچىلىك قىلىپ تازىلىتىپ، قايتىدىن سەرەمجانلاشتۇرۇپ چىقتى، لايىقلىرىدا بولمىغان بولسا ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا.

ئەتراپى ئېگىز قورۇق تام بىلەن قورشالغان بۇ قورۇنىڭ دەرۋازىسىمۇ خۇددى ئوردىنىڭ دەرۋازىسىدەك ھەشەمەتلىك، پۇختا ئىدى، ئىچى دېگەندەك ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. ئەمما قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆتۈرۈپ سېلىنغان پېشايۋانلىق ئىمارەت ئاجايىپ گۈل - نەقىشلىرى، تۈۋرۈكلىرى بىلەن ھەشەمەتلىكلىكىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى.

يۇنۇسخاننى تۆت ئەمىرى بىلەن ئوتتۇرىدىكى قوش قاناتلىق چوڭ ساراي ئۆيگە باشلىدى. يۇنۇسخان سۇپىغا چىقىپ تۆر تەرەپتىكى ئۆزى ئۈچۈن ئالاھىدە راسلانغان قات - قات كۆرپىنىڭ ئۈستىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ــ خانىش ئايىملارغا يان تەرەپتىكى ھۇجرىلارنى تەييارلاپ قويغانىدۇق، ــ دېدى شىغاۋۇل بەگ، ــ باشلاپ كىرىشىمىزگە ئىجازەت سورايمىز.

ــ ئىجازەت، ــ دېدى يۇنۇسخان پاختىلىق تونىنى سېلىۋېتىپ تۇرۇپ.

ــ نۆكەرلەرگە سىرتتا ئوتاۋ① تىككۈزدۇق. بۇ قورۇقتا ئۇلارنى جايلاشتۇرغىدەك ئۆي ھازىرلىيالماي قالدۇق، ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا ئالىيلىرى.

ــ ھېچقىسى يوق. ھېلىمۇ كايىشىپلا، ــ دېدى يۇنۇسخان.

ــ نۆكەرلەرگە ئوتاۋ ھازىرلاشنىڭ لازىمى يوق ئىدى. ئەمىر شەيخ جامالىددىن جانابلىرى بەكمۇ كايىپ كېتىپتۇ، ــ دېدى مىرسالى بارىن.

ــ شۇنداق، ــ دېدى مىرزا ئابدۇراخمان، ــ بۇمۇ شەۋكەتلىك ئانھەزرىتىمىزنىڭ ھۆرمەت، ئابرۇيى ـ دە.

شىغاۋۇل بەگ ئايال مۇلازىملارغا خانىنىڭ خانىشلىرىنى باشلاپ كىرىپ جايلاشتۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى. ئۇنىڭغىچە باشقا مۇلازىملار داستىخان سېلىپ، تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەرنى تىزىشقا باشلىدى.

ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتتى. چاچنىڭ تېلىدەك كېسىپ ئەتكەن ھاردۇق ئېشىنى ئىچىپ، پاقلان گۆشى، ئوغلاق، قىرغاۋۇل كاۋاپلىرىنى يەپ، ئارقىدىن بىر پىيالىدىن قېتىق، شەربەت ئىچكەن يۇنۇسخاننى ئۇيقۇ باسقانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ھەر بىر ئوتاۋغا قىرىق ـ ئەللىكتىن جايلاشقان نۆكەرلىرىنىڭ بىھوش دورىسى سېلىنغان شەربەتلەرنى ئىچىپ، ئالىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىدىن بىخەۋەر ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرغان تۆت ئەمىرنىڭ شەيخ جامالىددىننىڭ تېزرەك كېلىشىنى كۈتۈپ تاقەتتى تاق بولغانىدى.

ــ ئەمىر جانابلىرى كەلدى.

---

① ئوتاۋ ــ قارا چېدىر.

سارايغا ئالدىراپ كىرگەن مۇلازىم تاپسىدا قول باغلىغىنىچە بېشىنى ئەگدى.

ــ مەن ئەمىر جانابلىرىنى باشلاپ كىرەي، ــ دېدى شىغا ـ ۋۇل بەگ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مىرسالى بارىن قاتارلىق تۆت ئەمىرمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

ئاياغ شەپىسىدىن ئويغانغان يۇنۇسخان كۆزىنى ئېچىپ، ئە ـ مىرلىرىنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ سورىدى:

ــ ئۇلار نەگە مېڭىشتى؟

ــ ئــالىيلىرىغا مەلۇم بولغــاي، ــ دېدى مۇلازىم قــول باغلاپ، ــ ئەمــر شەيخ جامــالىددىن جـانابلىـرى خىزمەتلىرىگە كەپتۇ، ئۇلار شۇنىڭ ئالدىغا چىقماقچى.

ــ ھە، شۇنداقمۇ؟

سۇلتان يۇنۇسخان بىپەرۋالىق بىلەن ئىشىككە قاراپ قويۇپ مۇلازىمغا دېدى:

ــ ماڭا شەربەت قۇيۇپ بەر، ئۇسساپ قالدىم.

مۇلازىم بىر پىيالە شەربەت قۇيۇپ، پەتنۇس بىلەن ئېلىپ كەلدى. يۇنۇسخان مۇزدەك شەربەتنى ھۇزۇرلىنىپ سۇمۇردى.

«مېنىڭ ئەمىرلىرىمنىڭ شەيخ جامالىددىننىڭ ئالدىغا چىـ ـ قىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. قائىدە بويىچە ئۇل تاشكەنت دور ـ غىسىنىڭ سالامىنى يېنىمدا تۇرۇپ ئىلىك ئالسا بولاتتى. ئۇلارغا ئاياملا ئەسكەرتىپ قويسام بوپتىكەن. سەلتەنەت يوسۇنلىرىنى تېخىچىلا ئۆگىنىپ بولالماپتۇ ـ دە، بۇلار...»

سۇلتان يۇنۇسخان خىيالىنى داۋاملاشتۇرغاچ شەيخ جامالىد ـ دىننىڭ سالامغا كىرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى.

بۇ چاغدا سىرتتا ئاتنىڭ دۈكۈرلىگەن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلان ـ دى. ھەئە، شەيخ جامالىددىن ئالـلىقاچان قورۇغا كىرىپ بولغان بولۇپ، سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ تۇغى قادالغان جايدا ئېتىدىن چۈشمەي تۇراتتى. خاننىڭ تۇغى تۈۋىدە ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇش

قاتتىق ھۆرمەتسىزلىك — كاللا كېتىدىغان چوڭ گۇناھ سانىلاتتى. شەيخ جامالىددىننىڭ بۇ ئەدەپسىزلىكىدىن قاتتىق غەزىپى كەلگەن خاننىڭ تۇغچىسى، مىرسالى بارىن قاتارلىق تۆت ئەمىرنىڭ ئات ئۇستىدە گىدىيىپ تۇرغان شەيخ جامالىددىنغا خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن ئېگىلىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— مۇنۇ ساتقىنلارنى تۇتۇڭلار! — دېدى شەيخ جامالىددىن نۆكەرلىرىگە قاراپ.

نۆكەرلەر يۈگۈرۈپ كېلىپ تۆت ئەمىرنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە چەمبەرچاس قىلىپ باغلىۋەتتى. بۇنداق قىسمەتكە دۇچ كېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن مۇرتازا پالۋان غەزەپ بىلەن يۇلقۇندى.

— بۇ نېمە ئىش، نېمىشقا بىزنى باغلاتقۇزىلا؟

شەيخ جامالىددىن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا نۆكەرلىرىگە ۋارقىرىدى:

— زۇۋانىنى دۇملەڭلار بۇ بەدبەختىنىڭ!

نۆكەرلەر مۇرتازا پالۋاننىڭ ئاغزىغا بېلىدىكى پوتىسىنى يېشىپ كەپلىدى ۋە بېقىنىغا مۇشت - پەشۋا سېلىپ ئۇلگۈردى. ئىشنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەسلىھەتلەشكىنىدەك نەتىجىلەنمىگەنلىكىنى، شەيخ جامالىددىننىڭ ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىپ باشقىچە سۇيىقەست پىلانلىغانلىقىنى پەملىگەن مىرسالى بارىن، مىرزا ئەلىبەگ، مىرزا ئابدۇراخمانلار سوغۇق تەرلىگىنىچە لاغ - لاغ تىترىدى.

شەيخ جامالىددىن ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ نۆكەرلىرىگە بۇيرۇق قىلدى:

— مەن بىلەن يۈرۈڭلار.

سىرتتىكى ئوپۇر - توپۇردىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ ئولتۇرغان سۇلتان يۇنۇسخان سارايغا بىر توپ نۆكەرلىرى بىلەن كىرىپ كەلگەن شەيخ جامالىددىننى كۆرۈپ بىردىنلا تەئەججۇپلەندى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم. خان ئالىيلىرىغا ئېھتىرام بولغاي.

شەيخ جامالىددىننىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىكنى كۆرگەن سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى، ۋۇجۇدىنى تەشۋىش باستى، شۇنداقتىمۇ ھۆكۈمرانلارغا خاس سالاپىتىنى ساقلاشقا تىرىشتى، جايىدا قىمىرلىماي ئولتۇرۇپ سالامنى ئىلىك ئالدى.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

«بۇ قانداق ئەدەپسىزلىك، ئەجەب مەندەك بىر ئەلنىڭ كاتتا ھۆكۈمدارىنىڭ ئالدىغا تولۇق قوراللانغان نۆكەرلىرىنى ئېلىپ سالامغا كېلىشتىن ئۇيالمىدىكىنە؟»

سۇلتان يۇنۇسخان قاپىقىنى تۈرۈپ تەئەددى بىلەن ئېغىز ئاچتى:

ــ كۆپ تەشەككۈر، دورغا جانابلىرى پىشبازلىق[1]نى مۇشۇنداق بەجا كەلتۈرمەكچىمۇ؟

ــ يوقسۇ، مۆھتەرەم خان ئالىيلىرىغا ئەدەپسىزلىك قىلىشقا ھەددىمىز ئەمەس، ــ دېدى شەيخ جامالىددىن قەددىنى بىر ئاز ئېگىپ، ــ بىراق ھازىر خان ئالىيلىرىغا بۇ ئىشلارنى چۈشەندۈرۈشكە پۇرسەت يوق، قىبلىگاھىمىز تەسەررۇپىمىزغا قەدەم كەلتۈرگەنىكەن، بەدگىردان[2]لارنىڭ قەستىدىن ھىمات قىلىش بۇرچىمىز باردۇر. ھازىر ئەھۋال بەكمۇ خەتەرلىك، ئاۋۋال خان ئالىيلىرىنى ساق - سالامەت شەھەرگە ئاپىرىۋالايلى، ئاندىن تەپسىلىي چۈشەنچە بېرەرمەن، ــ شەيخ جامالىددىن سۇلتان يۇنۇسخانغا گەپ قىلىشقا پۇرسەت بەرمەي نۆكەرلىرىگە بۇيرۇق قىلدى، ــ كېلىڭلار، خان ئالىيلىرىنى مەپىگە چىقىرىڭلار.

نۆكەرلەر يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە سۇلتان يۇنۇسخاننى كۆتۈرۈپ دېگۈدەك سۇپىدىن چۈشۈردى... ئاچىقىپ قورۇدا توختىتىلغان ئۈستى يېپىقلىق مەپىگە چىقاردى. شەيخ جامالىددىننىڭ تۇيۇقسىز پەيدا قىلغان جىددىيچىلىكى سۇلتان يۇنۇسخانغا ئويلانغۇ-

① پىشبازلىق ــ ئالدىغا چىقىپ سالام بېرىش.
② بەدگىردان ــ يامانلىق قىلغۇچى، قەست قىلغۇچى.

uyghurkitap.com

دەك، نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرغۇدەك پۇرسەت بەرمىگەندى. كۆڭلىگە تۈيۈقسىز گۇمان، تەشۋىش سالغانىدى. ئۇ مەيىگە چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا ھويلىدا پۇت ـ قوللىرى چەمبەرچاس باغلانغان تۆت ئەمىرگە شۇنداقلا قاراپ كۆڭلىدىكى تەشۋىش تەـ ئەججۈپكە ئالماشتى. لېكىن نۆكەرلەر ئۇنىڭغا ئەمىرلەردىن گەپ سوراش ئەمەس، بەكراق قاراشقىمۇ پۇرسەت بەرمىگەنىدى. تۆت ئات قېتىلغان مەپە شۇ ھامان دەرۋازىدىن چىقتى ـ دە، ئۇدۇل تاشكەنت شەھىرىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ چاغدا شەيخ جامالىددىن ھېلىـ قى تۆت ئەمىرنىمۇ يەنە بىر مەپىگە جايلاشتۇرۇپ ئۈلگۈرگەنىدى.

※ ※ ※

تاشكەنت ئەمىر مەھكىمىسىنىڭ تەسكەي تەرىپىگە مەھكىمە قاماقخانىسىغا تام تۇتاش قىلىپ خېلىلا ھەشەمەتلىك سېلىنغان، ئايرىم دەرۋازا، ئېگىز قورۇق تېمى بار بۇ قورۇ ئادەتتە كۆزگە ئانچە چېلىقىپ كەتمەيتتى، قاماقخانىغا تام تۇتاش بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى باشقا بىر سەۋەب بارمۇ ئەيتاۋۇر خېلىلا ھەشەمەتـ لىكلىكىگە قارىماي مۇقىم ئادەم تۇرمايتتى. شەيخ جامالىددىن سۇلتان يۇنۇسخاننى مۇشۇ قورۇغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. بىر ھەپـ تىدىن بېرى سۇلتان يۇنۇسخان بۇ قورۇدا ئۆزى يالغۇز تۇرۇۋاتاتـ تى. ئۇنىڭ سىرتقا چىقىشى چەكلەنگەن. قورۇنىڭ ئىچى، دەرۋازا، قورۇق تام ۋە ئۆگزىلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان قاراۋۇللار ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى تەقىب ئاستىغا ئالغانىدى. ئەمما بىر ـ بىـ رىدىن چاققان مۇلازىملار يۇنۇسخان شۇنداقلا قىمىرلاپ بولغۇچە قول باغلاپ خىزمىتىگە تەييار بولۇپ تۇراتتى، لازىملىق نەرسىـ لەرنى دەپ بولغۇچە ھازىرلاپ بولاتتى. بىراق، يۇنۇسخاننىڭ سوـ رىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەيتتى. ۋۇجۇدىنى غەم ـ ئەندىشە چۇلغىۋالغان يۇنۇسخاننىڭ ئىچى سىقىلىپ كەتكەنىدى. ئۇنى ھەممىدىن بەك قىينىغىنى شەيخ جامالىددىننىڭ بىر ھەپتىدىن

بىرى قارىسىنىمۇ كۆرسەتمەسلىكى ئىدى.

ــ كەچۈرسىلە ئالىيلىرى، بىزگە خىزمەتلىرىدە بولۇپ، ھاللىرىدىن خەۋەر ئېلىش بۇيرۇلغان، باشقا ئىشلارنى زىنھار بىلمەيمىز.

مۇلازىملارمۇ، قاراۋۇللارمۇ پەقەت مۇشۇ جاۋابنىلا تەكرارلايتتى.

ئۆزىنىڭ نەزەربەند قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلغان ۋە بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىگەن سۇلتان يۇنۇسخان ئاچچىق يۇتۇپ ساراڭ بولايلا دەپ قالغانىدى.

«بۇ شەيخ جامالىددىننىڭ نېمە قىلغىنىدۇ؟ مەندەك بىر كاتتا سەلتەنەت ساھىبىغا مۇشۇنداق بىئەدەپلىك بىلەن مۇئامىلە قىلسا كېيىن بالاغا قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىدىمىكىنە؟ ھە، راست. ئۇ كۈنى ئەجەب مىرسالى بارىن قاتارلىق تۆت ئەمىرنى نېمىشقا باغلىدىكىن؟ ئۇلار نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتى؟ خوش، ئۇلارنىڭ باغلاققا ئالغۇدەك گۇناھى بارمۇ دەيلى، لېكىن سەگنى ئۇرساڭمۇ ئىگىسىگە باق دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ. قائىدە بويىچە ماڭا دېسە، جازالىغۇدەك يېرى بولسا ئۆزۈم جازالاپ بەرمەسمىدىم؟ مېنىمۇ تۇيۇقسىزلا مەپىگە چىقىرىپ مۇشۇ قورۇغا ئەكېلىشتى، خىزمىتىمگە بىرمۇنچە مۇلازىملارنى سېلىپ بەرگەنى بىلەن، ئەرك ـ ئىختىيارىم ئۆزۈمدە ئەمەس، سىلىق ـ سىپايە مۇئامىلە قىلىشقىنى بىلەن، ھەپتىدىن بېرى قورۇنىڭ سىرتىغا چىقىرىشمىدى. بۇنىڭ قامالغان، نەزەربەند قىلىنغان بىلەن نېمە پەرقى؟ ھەپتە بولدى، يا ئۆزىنى كۆرسەتمىدى، يا خوتۇن ـ بالىلىرىمدىن، يا ئەمىر ـ نۆكەرلىرىمدىن خەۋەر بەرمىدى. بىرەر ئويۇن ئويناۋاتامدۇ ـ يا؟ ئۇنىڭ مەن بىلەن ئەزەلدىن خۇشى يوق ئىدى. سۇيىقەست قىلىپقۇ يۈرمەس. شۇنداق، سۇيىقەست قىلغۇسى بولسا نېمىشقا ھازىرغىچە قول سالمايدۇ؟ يا قاماقخانىغا، يا تەكىيخانا[1]غا ئوخشىمايدىغان بۇ دەرگاھقا سولاپ قويۇپ، خىزمـ-

① تەكىيخانا ــ مېھمانخانا.

www.uyghurkitap.com

تىمگە مۇلازىم بەلگىلەپ نېمە قىلماقچى بولغىيتتى؟
ئەسلىدىغۇ ئۇ تۇرقىدىن ئىچىدىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان ھىيلىگەر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىشىم كېرەك ئىدى. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئالىيلىرى بىلەن ئوتتۇرىمىزدىكى دوستلۇقنى زىيادە تەمەننا قويۇپ كېتىپتىمەن، ياكى بولمىسا ئۇ سەمەرقەنت تەختگاھىغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقانمىدۇ؟ ياق، ھەددى ئەمەس. تاشكەنت شەھىرىنىڭ كىچىككىنە بىر دورغىسى ھەرقانچە يولۋاسنىڭ يۈرىكىنى يەۋالغان تەقدىردىمۇ بۇنداق قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. ئۇنداق قىلغان بولسا بۇسەيىت سۇلتان ئالىيلىرى ئاللىقاچان لەشكەر تارتىپ كېلىپ ئەدەپلىگەن، سەركەشلىك قىلغىنىغا تويغۇزغان بولاردى. شەيخ جامالىددىننىڭ مۇددىئاسى زادى نېمىدۇر؟ ئۇ كۈنى ئالدىراش ـ تىنەش سالام بېرىپ: «ئالىيلىرىنى بەدگىردانلارنىڭ قەستىدىن قوغدىمىسام بولمايدۇ» دېگەنىدى. ئۇل بەدگىردانلار كىم بولغىيتتى؟...»
سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ كۆز ئالدىغا ھېلىقى پۈت ـ قولى باغلانغان تۆت ئەمىرى كەلدى.
«... ياق، ياق. ئۇلارنىڭ ماڭا قەست قىلىشى، ساداقەتسىزلىك قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، ماقۇل، ئۇلارنى قەست قىلماقچىمۇ دەيلى، ئۇنداقتا ئۇلار نېمىشقا قاراتوقاي قىشلىقىدا قول سالماي، تاشكەنت شەھىرىگە يېقىنلاپ قالغاندا قول سالماقچى بولىدۇ؟ ئەجەبا، شەيخ جامالىددىن ئۇلارنىڭ بۇ يامان نىيىتىنى قانداق بىلىۋالغاندۇ؟... بۇ ئىشتا چوقۇم بىر ئويۇن بار... شەيخ جامالىددىن نېمىشقا ھەپتىدىن بېرى ماڭا كۆرۈنۈش قىلمايدۇ؟ خەپ، ئاۋۋال بۇ يەردىن ساق ـ سالامەت چىقايچۇ قېنى، زەر ـ زىۋىرىگىچە ئېنىقلاپ بىلمەيدىغان بولسام...»
ــ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، ئەمىر شەيخ جامالىددىن ھەزرەتلىرى كەلدى، ھۇزۇرلىرىغا كىرىشكە ئىجازەت سورايدۇ.
مۇلازىمنىڭ تۇيۇقسىز يەتكۈزگەن بۇ مەلۇماتى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ چىگىش خىياللىرىنى ئۈزۈپ قويدى، ۋۇجۇدىدىكى

ئازاب، ھەسرەت، تەشۋىش بىردىنلا غەزەپكە ئالماشتى، لېكىن ئۆزىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىردىنلا ئېسىگە ئېلىپ، يۇرىكىدىكى لاۋۇلداۋاتقان غەزەپ ئوتىنى بېسىشقا مەجبۇر بولدى.

«ھەپتىدىن بېرى نەزەربەند قىلىشقا پېتىنىغان ئادەم ئەمدى ئەجەب قېشىمغا ئۇسسۇپلا كىرىشكە پېتىنالماي قاپتا؟...»

سۇلتان يۇنۇسخان خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ مۇلازىمغا قارىدى.

— ئىجازەت.

ھايال ئۆتمەي شەيخ جامالىددىننىڭ خۇشامەت كۈلكىسىدىن پۇرلىشىپ كەتكەن چىرايى بوسۇغا تۈۋىدە پەيدا بولدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، جانابى خان ئالىيلىرىغا ئېھتىرام بولغاي.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

يۇنۇسخان قاپىقىنى تۈرگىنىچە سالامنى ئىلىك ئالدى، ئەمما ئولتۇرغان جايىدىن قىمىرلاپمۇ قويمىدى.

شەيخ جامالىددىن سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ نارازىلىق، غەزەپ چىقىپ تۇرغان چىرايىغا شۇنداقلا قارىۋېتىپ، يەنە ئەھۋال سورىدى.

— ئالتۇن بويلىرى ئېسەنمىكىن ئالىيلىرى؟

يۇنۇسخان ئەمدى ئۆزىنى بېسىۋالالمىدى:

— يوقىلاڭ گەپنى ئاز قىلسۇنلار. ئېيتسىلا، نېمە سەۋەبتىن مېنىڭ تۆت ئەمرىمنى تۇتىدىلا؟ نېمە ئۈچۈن مېنى بۇنداق نەزەربەندكە ئالدىلا؟ مەندەك بىر تاجدارغا بۇنداق مۇئامىلە قىلغۇدەك ئۆزلىرى كىم ئىدىلە زادى؟ مەن بۇ تەسەررۇپقا قانداقتۇر پاناھلىق ئىزدەپ ياكى تەئەررۇز قىلىش مەقسىتىدە ئەمەس، بەلكى سىلىنىڭ پاسىبانلىرى بولمىش بۇسەيىت سۇلتان ئالىيلىرى بىلەن دىدار ـ مۇلاقاتتا بولۇشنى ئىزدەپ قەدەم كەلتۈرگەنمەن. بول سەلتەنەتنىڭ ئەڭ ئەزىز مېھمىنىدۇرمەن. سەلتەنەت قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى بىلمەدىلا زادى؟ مېھمانغا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلامدىلا؟ مېنى قايىل قىلغۇدەك چۈشەنچە بەرسۇنلار، ئۇنداق قىلماي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىكەنلا، كالللىلىرىغا ھېزى بولسىلا. مەن كەچۈرۈۋەتسەممۇ، بۇ-سەييت سۇلتان ئالىيلىرى زىنھار سىيلە ـ رەھىم قىلمايدۇ.
سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ يەنە بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلغۇسى بار ئىدى، لېكىن تاپسىدا تېخىچىلا بېشىنى ئېگىپ تۇرغان شەيخ جا-مالىددىننىڭ مۇلازىملاردەك قول باغلاپ تۇرغان بىچارە تۇرقىغا قاراپ ئۆزىنى سەل تۇتۇۋالدى.
ـــ كەچۈرسىلە ئالىيلىرى، ـــ دېدى شەيخ جامالىددىن ئې-گىلىپ تۇرۇپ، ـــ بۈيۈك بىر ئەلنىڭ پاسىبانىغا بىئەدەپلىك قى-لىشقا ھەددىمىز ئەمەس. بىراق ئالدىراشچىلىقتا بىسەرەمجان قى-لىپ قويغىنىمىزنى تەن ئالىمىز. ئىجازەت بەرسىلە ئول كۈندىكى ئىشلارنى چۈشەندۈرەي.
ـــ خوش، ـــ دېدى يۇنۇسخان تەتۈر قارىغىنىچە قاپىقىنى تۈرۈپ.
شەيخ جامالىددىن قويىنىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ سۇلتان يۇنۇسخانغا ئېھتىرام بىلەن تەڭلىدى.
ـــ مالال كۆرمىسىلە، ئاۋۋال مۇنۇ مەكتۇپنى ئوقۇپ باققان بولسىلا.
سۇلتان يۇنۇسخان شەيخ جامالىددىننىڭ كۆزىگە بىر قارى-ۋەتكەندىن كېيىن خەتنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چىرا-يى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى، ۋۇجۇدىدىكى بايامقى ئاداۋەتلىك تۇي-غۇلاردىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ھەئە، بۇ مىرسالى بارىن قاتارلىق تۆت ئەمىرنىڭ شەيخ جامالىددىنغا ئەۋەتكەن تۇنجى خېتى ئىدى. خەتنىڭ ئاستىغا بېسىلغان تۆت ئەمىرنىڭ ئىمزاسى، مۆھۈرى بۇ خەتنىڭ راستتىنلا شۇلارنىڭ خېتى ئىكەنلىكىدىن گۇۋاھلىق بې-رىپ تۇراتتى.
يۇنۇسخان خەتكە بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن زىددىيەت-لىك خىياللار ئىلكىدە ئاستا بېشىنى كۆتۈردى. شەيخ جامالىددى-نىڭ تېخىچىلا پەگادا قول باغلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىرئاز خىجىل بولدى.

— خوش، جاي ئالسۇنلار، — دېدى ئۇنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇپ.

— خان ئالىيلىرى مەرھەمەتلىكتۇر، — شەيخ جامالىددىن سۇپىنىڭ لېۋىدىكى كۆرپىگە جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى، — ئۇشبۇ مەكتۇپتىن خان ئالىيلىرىغا ھەممە ئىش ئايان بولدى دەپ ئويلايمەن. ئەسلىدە ئۇل رىياكار ئەمىرلەرنىڭ تەكلىپىگە باشتىلا قوشۇلماي جاۋاب يېزىۋېتەي ھەمدە ئۇلارنىڭ نىيەت ـ مۇددىئاسىدىن خان ئالىيلىرىنى خەۋەرلەندۈرەي دېگەن نىيىتىم بار ئىدى. لېكىن ئارىلىق يىراق بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناۋادا ئۇلار رەزىل نىيىتىنى خان ئالىيلىرىغا ئاشكارىلاپ قويغىنىمدىن خەۋەر تېپىپ قالسا ئالدىن قول سېلىپ، قەست قىلىپ قويۇشىدىن ۋايىم يېدىم، شۇڭلاشقا چاندۇرماي ئۇلارنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ، يالغاندىن كۆمەكلەشكەن قىياپەتكە كىرىۋالدىم. ئاشۇ كۈنى ئاۋۋال خان ئالىيلىرىغا سالام بېرىپ بولۇپ، ئاندىن بۇ ساتقىنلىقنى ئاشكارىلاي دېسەم، ئۇلار ئاللىقاچان ئالدىمغا چىقىپ بولۇشۇپتۇ. مەن بىلەن كۆرۈشۈپلا: «خان ئالىيلىرى سارايدا يالغۇز قالدى، نۆكەرلىرىنى كىرگۈزسىلە ئىش تامام بولىدۇ، ئۇنىڭغىچە بىز ئۆزىمىزنى دالىدىغا ئالغاچ تۇرايلى» دېيىشتى. بۇ قەدەر مۇناپىقلىقتا چىداپ تۇرالماي ئاۋۋال ئۇلارنى باغلاتقۇزدۇم. شۇ ئارىلىقتا دەرھاللا كىرىپ ئالىيلىرىغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشكە پۇرسەت يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى، ئۇل تۆت رىياكارنى تۇتقىنىمنى ئالىيلىرىنىڭ نۆكەرلىرى ياكى ئۇل ئەمىرلەرنىڭ لەشكەرلىرى بىلىپ قالسا، ئۇلار ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرمەيلا ھەرقايسىلىرىنى قۇتقۇزۇشقا ھازىرلىنىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇل چاغدا ئۇقۇشماسلىق تېخىمۇ يوغىناپ قالايمىقانچىلىق چىقىشى، ئالىيلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلالماسلىقىم مۇمكىن ئىدى. شۇڭلاشقا، ئەڭ ئاۋۋال ئالىيلىرىنى شەھەرگە ساق ـ سالامەت ئاپىرىۋېلىشتىن باشقىسىنى ئويلىمىدىم.

شەيخ جامالىددىنىنىڭ ھەپتىدىن بېرى ئويلاپ تاپقان سەۋەب-

لىرى سۇلتان يۇنۇسخاننى خېلىلا ئىشەندۇرگەنىدى، شۇ تاپتا ئۇ بۇ سەۋەبلەرنى ئورۇنلۇق ھېس قىلغانىدى.

ــ خوش، ئۇنداق بولسا مېنى بول دەرگاھقا سولاپ قويۇپ، كۆرۈنۈش قىلمىغانلىقلىرىنى قانداق چۈشەندۈرمەكچى سىلى؟

ــ بۇ ئىشتا يەنىلا مەن ئەيىبلىك، ــ دېدى شەيخ جامالىددىن، ــ ئەسلىدە خان ئالىيلىرىنى شەھەرگە يولغا سالغاندىن كېيىن ئۇل ئەمىرلەرنىمۇ زىندانغا ماڭغۇزسام بوپتىكەن. خانىش ئايىملارنى خاتىرجەم قىلىپ، ئالىيلىرىنىڭ ئارقىسىدىنلا شەھەرگە يولغا سېلىش بىلەن بولۇپ كېتىپتىمەن. شول ئارىلىقتا مۇرتازا پالۋان بىلەن مىرزا ئەلىبەگنىڭ نۆكەرلىرى تۇيۇپ قاپتۇ. ئۇلار تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كېلىپ ئۆز ئەمىرلىرىنى بۇلاپ كەتتى. كەمىنىلىرى خانىش ئايىملار بىلەن خانزادە ـ مەلىكىلەرنىڭ ئامانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشقا ئالدىرىمىدىم، بىر ھەپتىدىن بېرى ئۇل ئىككى رىياكار ئەمىرنى ئىزدەش بىلەن بولۇپ كېتىپ خان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا سالامغا كېلەلمىدىم.

ــ ئۇلارنى تۇتالىدىلىمۇ؟

ــ ئەپسۇس، خېلى دېرىكىنى قىلغان بولسامۇ تېخىچىلا تۇتالمىدىم. ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇلار شەھەرگە سۇقۇنۇپ كىرىۋاپتۇ، مۇددىئاسى ئالىيلىرىغا قەست قىلىش ئوخشايدۇ.

ــ ئۇنداقتا مىرسالى بارىن بىلەن مىرزا ئابدۇراخمانلارچۇ؟

ــ ئۇل ئىككى ئەمىر ھازىر قاماقتا.

ــ مېنى ئۇلار بىلەن ھازىرلا كۆرۈشتۇرسۇنلار، ــ دېدى يۇنۇسخان دەس ئورنىدىن تۇرۇپ.

ــ بۇگۇنچە تەخىر قىلغايلا ئالىيلىرى، ــ دېدى شەيخ جامالىددىن دەرھاللا گەپ ياساپ، ــ شۇغۇلبەگ[1] ئۇ ئىككىسىنى سوراق قىلىۋاتىدۇ. ئىقرارىنى تولۇق تەھقىقلەپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن يۈزلەشكەيلا. شۇڭا بىرەر ـ ئىككى كۈن مۆھلەت بېرىش-

[1] شۇغۇلبەگ ــ قاماقخانا باشلىقى، باش سوراقچى.

لىرىنى سورايمەن. ھە راست، ــ دېدى شەيخ جامالىددىن تۇيۇق ـ سىز بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك قىياپەتتە، ــ خانىشلاردىن، خانزادە ـ مەلىكىلەردىن ئەنسىرىمىگەيلا، ئۇلار ناھايىتىمۇ ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ. ئەسلىدە ئالىيلىرىنى ئول سۆيۈملۈك تاۋابىئاتلار بىلەن تېزرەك جەم قىلىپ كۆڭۈللىرىنى خاتىرجەم قىلساق ياخشى بولاتتى. لېكىن ھېلىقى تۆت ناكەسنىڭ، بولۇپمۇ ئالىقنىمىزدىن قېچىپ قۇتۇلغان مىرزا ئەلىبەگ بىلەن مۇرتازا پالۋاننىڭ نۆكەر ـ لىرىدىن ئېھتىيات قىلىپ قالدۇق. سىلىگىمۇ مەلۇملۇق، جانابى بۇسەيىت سۇلتان ئالىيلىرى كۆزدىن بېرى ئۆزۈن ھەسەننى ئە ـ دەپلەش ئۈچۈن تۈركمەن دەشتىگە لەشكەر تارتقىنىدا، تاشكەنتتىـ كى قورۇقچى لەشكەرلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتكەندى. ئۇشبۇ سەۋەبتىن لەشكىرىي كۈچىمىز ھازىر خېلىلا ئاجىز. ئۇلار بۇنى بىلىپ قالىدىغان بولسا نىيىتىـ دىن يانماسلىقى، شەھەرنى بىزدىن سويۇپ ئېلىپ ئالىيلىرىنىڭ جېنىغا قەست قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا ئالىيلىرىنى مۇشۇنداق خىلۋەت يەرگە جايلاشتۇردۇم ھەم بۇنى قاتتىق سىر تۇتتۇق. بۇنىڭ ھەممىسى ئالىيلىرىنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكى ئۈ ـ چۈندۇر. ناۋادا ئالىيلىرىغا زىيان ـ زەخمەت يېتىپ قالسا، جانابى پاسىبانىمىز سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئالىيلىرىغا جاۋاب بەرمە ـ كىم تەس بولىدۇ. كەمىنە نۆكەرلىرىنىڭ ئالىيلىرىنىڭ ئامانلىـ قىنى كۆزلەپ كۆرگەن بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىمنى توغرا چۈشىـ نىشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىماس قىلىمەن. ئول تۈزكور مۇرتازا پالۋان بىلەن مىرزا ئەلىبەگنى قولغا چۈشۈرەلىسەملا ئا ـ لىيلىرى تامامەن بىخەتەر بولىدىلا. ئول چاغدا قورۇقچىلىقلىرىنى ئۆزۈم قىلىپ، ئۆزلىرىنى بۇسەيىت سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ دەر ـ گاھىغا ئامان ـ ئېسەن يەتكۈزۈپ قويىمەن.

شۇ تاپتا بىرمۇنچە يالغان ـ ياۋداقلىرى بىلەن سۇلتان يۇ ـ نۇسخاننى ئىشەندۇردۇم دەپ ئويلىغان شەيخ جامالىددىن بەكلا كۆ ـ رەڭلەپ كەتكەندى.

www.uyghurkitap.com

«بۈيۈك موغۇلىستاننىڭ ھۆكۈمدارىمىش تېخى. بىر قاپاقنىڭ ئىچىگە سىغىپ ئاسانلا كولدۇرلاتتىمغۇ مانا. بۇ يالغانچىلىقنى ئەجەب قاملاشتۇردۇم دېسە. ئۆزىنى كاتتا تاجدارمەن، تەخت سا-ھىبىمەن دەپ يوغانچىلىق قىلغانغا تويسۇن. يەنە بىر ـ ئىككى ھەپتە قېشىغا كەلمەي كۆزىتىپ باقاي، ئاندىن شول چاغدا سالا-مىمنى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىلىك ئالمىغىنىنى كۆرەي، شۇ چاغدىمۇ بەرگەن سالامىمنى ھۆكۈمدارلارغا خاس سالاپىتى بىلەن ئولتۇرغان پېتىچە ئىلىك ئالسا، ھازىرقىدەك گىدىيەلىسە، چوڭ سۆزلىيە-لىسە، تەئەددى قىلالىسا ھېساب. ئەينى ۋاقىتتا دەرگاھىمغا سا-ئىللاردەك كەلگەن بۇ ساياقنىڭ قىلغان ئاتىكاچىلىقنى ھەرگىز كۆتۈرمەيمەن. تاجدار بولغان ئادەمگە ئۆز تەختگاھىدا ئولتۇرماي بۇ يەردە نېمە بار؟ دەۋران سۈرگىنىنى كۆز ـ كۆز قىلغىنىغا تويسۇن تازا. ئىشقىلىپ دەيدىغاننى كېلىشتۈرۈپ دېدىم. ئى-شەنسە ـ ئىشەنمىسە ئۆزىنىڭ ئىختىيارى. ماڭا قىر كۆرستەلەي-دىغان بۇسەيىت سۇلتان يىراقتا. ئۇنىڭ ئۇستىگە ياغى ھەلەكچى-لىكىدە ھازىرچە ماڭا قولى يەتمەيدۇ. يۇنۇسبەگكە ئۆزۈمنى مۇ-شۇنداقراق تونۇتۇپ قويمىسام سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا بىلەن بولغان دوستلۇقىنى، بۇرادەرچىلىكنى شىپى كەلتۈرۈپ، ھۆ-كۈمدارلىق كىبرىنى ئىشلىتىپ غۇرۇرۇمغا تېگىشى، مۇلازىملار-دەك خىزمىتىگە سىلىشى مۇمكىن. ھازىر بەلەن بولدى. مۇشۇنداق ئونبەش ـ يىگىرمە كۈن تۇتۇپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ يىغىدا ئۆزىنىڭ گۆشىنى قورۇي. سەل ياۋاشلىغاندىن كېيىن ئەلىبەگ بىلەن مۇر-تازا پالۋانلارنى شېرىكلىرى بىلەن يوقاتتىم، ئەمدى تولۇق بىخە-تەر بولدىلا دەپ نەزەربەندتىن چىقىراي، ھېلىقى ساندۇق ـ ساندۇق ئالتۇن ـ كۈمۈش، جاۋاھىراتلارنى ئاشۇلارغا دۆڭگەپ يوقال-دىغا چىقىراي، ئاسماندىن تىللا ياغدى دېگەن مانا مۇشۇ. ھە، مۇ-شۇنداق قىلسام، بىرىنچىدىن، ئۇ مەندىن مىننەتدار بولىدۇ؛ ئىك-كىنچىدىن، مەيلى مەملىكىتىگە قايتسۇن، مەيلى بۇسەيىت سۇل-تاننىڭ دەرگاھىغا بارسۇن، نەزەربەندتىن بوشىغىنىغا خۇش بو-

لۇپ، تاشكەنتتىن دەرھال يوقىلىشقا ئالدىرايدۇ. ئۆزىنىڭ ئەمىر-لىرىنىڭ تۇزكورلۇق قىلغىنى ئېنىق بولغانلىقى ئۈچۈن مەندىن-مۇ رەنجىيەلمەيدۇ. بۇسەيىت سۇلتانغىمۇ ئۇستۇمدىن ھال دادلى-يالمايدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ھېلىقى ئالتۇن-كۈمۈش، جاۋاھىراتلى-رىنىڭ ئىز-دېرىكىنىمۇ قىلالمايدۇ. ھە راست، ھېلىقى تۆت ئەمىرنى دەرھال ئۇجۇقتۇرۇۋېتەي. يامىنى كەلسە قارشىلاشقانلىقى ئۈچۈن نۆكەرلىرىم ئۆلتۈرۈپتۇ دەرمەن. يەنە بىرگە يۇنۇسبەگنىڭ خاتۇن-بالىلىرىغا بولغان نازارەتچىلىكىنىمۇ كۈچەيتەي، ئۇلار ئىش تېرىپ يۈرمىسۇن يەنە...»

شەيخ جامالىددىنىنىڭ يوچۇق قالدۇرماي توقۇغان بىر تالاي يالغان-ياۋىداقلىرى سۇلتان يۇنۇسخاننى قايمۇقتۇرۇۋەتكەنىدى. شەيخ جامالىددىن ئۇنىڭ يەنە گەپ سوراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، خىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

— ئالىيلىرى ئوبدان ئارام ئالغايلا، كەمىنىلىرى ھېلىقى ئىككى تۇزكورنىڭ دېرىكىنى قىلىشقا ئالدىراي. ئەتىگىچە ئالدى-لىرىغا خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلۇرمەن.

شەيخ جامالىددىنىنىڭ سۆزلىرى سىلىق-سىپايە، ئەمما قەتئىي ئىدى. كاللىسىنى تۇرلۇك گىچ-ماچ سوئاللار چىر-مىۋالغان يۇنۇسخان دەرھال بېشىنى كۆتۈردى:

— مېنىڭ نۆكەرلىرىم قەيەردە؟

— ئۇلارمۇ ئامان-ئېسەن ئالىيلىرى، — دېدى بوسۇغىدا توختىغان شەيخ جامالىددىن دەرھال ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ.

— ئۇنداقتا مېنىڭ قورۇقچىلىقىمنى ئاشۇ نۆكەرلىرىم قىلسۇن.

— بۇنداق قىلساق بولماسمىكىن ئالىيلىرى، — دېدى شەيخ جامالىددىن چىرايىغا خۇشامەت كۈلكىسى يۈگۈرتۈپ.

سۇلتان يۇنۇسخان غۇززىدە قاپىقىنى تۈردى.

— نېمىشقا؟

— كەمىنىلىرى ئۈچۈن ھازىر خان ئالىيلىرىنىڭ ھەر بىر

www.uyghurkitap.com

ھەمراھلىرى گۇمانلىق. ئۇل نۆكەرلەرنىڭ ئارىسىدا ھېلىقى تۆت مۇناپىق ئەمىرگە سېتىلىپ كەتكەنلىرى يوق دەپ ھۆددە قىلالمايمەن. شۇڭلاشقا يەنىلا مېنىڭ نۆكەرلىرىم قورۇقچىلىقىلىرىنى قىلسا بىخەتەر بولىدىلا. كەمىنىلىرىمۇ خاتىرجەم بولىمەن. ياخشى ئارام ئالسىلا ئالىيلىرى.

شەيخ جامالىددىن گېپىنى تۈگىتىپ ئالدى ـ كەينىگە قارىماي چىقىپ كەتتى. سۇلتان يۇنۇسخان نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالغانىدى. ھەئە، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا، ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ، سۆيۈملۈك سەركەردىسى بۇيانقۇلى زاھىر بولدى. بىراق بۇ ساداقەتمەن كىشىلىرى بەكمۇ يىراقتا ئىدى. ئۇ سەركەردە بۇيانقۇلىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالمىغىنىغا بەكمۇ پۇشايمان قىلدى.

«ئۇلار مېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمنى بىلمەيدۇ. بۇ ئەھۋالدا ئۇلارنى خەۋەردار قىلىشىممۇ مۇمكىن ئەمەس. بىلسە ئىدى، كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ تاشكەنتكە كېلىپ بولاتتى... ئاھ خۇدا، ئۇل تۆت تۇزكورغا ساتقىنلىق قىلغۇدەك نېمە يامانلىق قىلغان بولغىيتتىم. ماڭا ئەگەشكۈسى بولمىسا گېپىنى ئوچۇق قىلسا بولماسمىدى. لازىم دېگەن بولسا بۇسەيىت سۇلتان ئالىيلىرىغا تەييارلىغان ئۇل پىشكەشلەرنى بېرىۋېتەتتىم ئەمەسمۇ. شەيخ جامالىددىن بىلەن بىرلىشىپ ماڭا قەست قىلسا نېمە پايدا ئالار بولغىيتتى، مانا ئەمدى ئىككىسى زىنداندا يېتىپتۇ، ئىككىسىنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكلىكى نامەلۇم، چاشقاندەك قېچىپ يۈرۈدۇ. ھېلىقى خەت قىلچىلىك ساختا ئەمەس، ئۇلارنىڭ ماڭا تۇزكورلۇق قىلىش، قەست قىلىش نىيىتىگە كەلگەنلىكى راست، لېكىن مۇنۇ ئەرزىمەس تاشكەنت دورغىسىنىڭ قىلغان بۇ مۇئامىلىسىنى قانداق چۈشەنسەم بولۇر زادى؟ بول دەرگاھتا تۇرغىنىمنىڭ قاماقتا ياكى زىنداندا تۇرغىنىمدىن نېمە پەرقى؟ تېخى مېنىڭ نۆكەرلىرىمگە ئىشەنگىلى بولماسمىش، مەن ئۇلارنى مىڭنىڭ ئارىسىدىن بىرىنى تاللاپ، ساداقىتىنى سىناپ خاس نۆكەر قىلغانمەن.

ئوتقا دېسەم ئوتقا، سۇغا دېسەم سۇغا كىرىدۇ، شېرىن جېنىدىن كەچسە كېچىدۇكى، مەندىن ھەرگىز كەچمەيدۇ. ھېلىقى رىياكار ئەمىرلەرگە سېتىلىپ كېتىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. شەيخ جامالىددىننىڭ نېمە ئوي ـ خىيالى بارلىقىنى بىلمەك ئەجەب تەسكە چۈشتىغۇ. مۇشۇنداق بۇرۇقتۇرما بولۇپ يەنە قانچە ۋاق تۇرارمەن ئەمدى؟ بۇسەيىت سۇلتان ئالىيلىرى بىلەن ئامان ـ ئېسەن كۆرۈشۈش نېسىپ بولسا، ئۇنىڭ قىلغان بۇ ئەدەپسىزلىـ كىنى كۆرسەتمەيدىغان بولسام، ياق، ئاۋۋال ئۇنى راسا بىر ئۇ- چۇقداپ، ئاندىن بۇسەيىت سۇلتان ئالىيلىرىغا چۈشەندۇرۇپ قوي- سامىمۇ بولىدۇ. بۇ دەرگاھتىن قۇتۇلايچۇ قېنى. ئاخىرى مېنىڭ سەۋەبىمدىن ياخشى كۈنلىرىڭ ئاخىرلىشىدىغان ئوخشايدۇ. شەيخ جامالىددىن، ئۆز ۋابالىڭ ئۆز گەردىنىڭگە. راست، بۇسەيىت سۇل- تان ئالىيلىرى قانداقراق تۇرۇۋاتىدىكىن؟ شەيخ جامالىددىن ئۇنى كۆزدىن تۇركمەن دەشتىگە لەشكەر تارتتى دەيدۇ. يالغان سۆزلىـ مىگەن چېغى. لەشكىرىي يۈرۈشى نۇسرەتلىك بولۇپ، رەقىبلىرى ھالاكەتكە يۈز تۇتتىمىكىن؟...»

71

شۇ كۈنلەردە سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا قولىنى كۆيۈۋاتقان ئۇلۇغ ئوتقا تىقىۋالغان بولۇپ، قولىنى يا تارتىۋېلىشنى، يا ئوت- نىڭ ئىچىدە قويۇۋېرىشنى بىلەلمەي قالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قولى ئوتتىن تارتىۋالسىمۇ كۆيەتتى، قويۇۋەرسىمۇ كۆيەتتى، رە- ھىمسىز ئوت ئۇنىڭغا تۇتىشىپ بولغانىدى.

ھەئە، دەشتى قىپچاقنىڭ ھۆكۈمدارى سۇلتان ئوبۇلخەير- خاننىڭ ئۆلۈمى بىلەن، سەمەرقەنت تەختگاھىغا ھەرقاچان تەھدىت

www.uyghurkitap.com

سېلىپ تۇرغان كۈچلۈك دۈشمىنىدىن قۇتۇلغاندەك تۇيغۇغا كې-
لىپ قالغان سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا باشقىچە كۆڭۈل ئازادىچى-
لىكىگە ئېرىشكەنىدى. چۈنكى، ئوبۇلخەيرخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كې-
يىن دەشتى قىپچاق ھاكىمىيىتىنى قولىغا ئالغان ئاكا ـ ئۇكا
قازاق سۇلتانلارغا خېلىدىن بېرى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا نۇر-
غۇن ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ دەشتى قىپچاق سەلتەنەتىنى تارتى-
ۋېلىش كۈرىشىنى قوللىغانىدى. شۇڭا ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغان
كېرەيخان بىلەن جانىبېكخان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ھۇزۇرىغا
نۇرغۇن قىممەت باھالىق سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ
مىننەتدارلىقىنى، ساداقىتىنى بىلدۈرگەنىدى. خۇراسان تەۋەسىدە
تولا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ كەلگەن ھۈسەيىن بايقارا بولسا يې-
قىنقى ئىككى يىلدىن بېرى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا بىلەن تو-
زۇشكەن كېلىشىمگە ئەمەل قىلىپ خېلىلا تىنچىپ قالغان بول-
سىمۇ، ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر ھىرات ئەمىرى يادىكار مۇھەممەد
مىرزا بىلەن گاھى يوشۇرۇن، گاھى ئاشكارا پۈت تېپىشىۋاتاتتى.
ھەرقاچان تەخت ـ سەلتەنەت دەۋاسى قىلىش ئېھتىمالى بولغان
ئىككى مىرزىنىڭ ئاداۋەتلىشىپ قېلىشى، سۇلتان ئەبۇسەئىد
مىرزىنى خېلىلا خاتىرجەم قىلىپ قويغانىدى. چۈنكى، يادىكار
مۇھەممەد مىرزا ھىراتقا ئەمىر بولغان دەسلەپكى يىللاردا ئەبۇسە-
ئىد مىرزىغا ساداقەت بىلدۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، كېيىنچە قا-
نات ـ قۇيرۇقىنىڭ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ سەمەرقەنت تەختىگە
كۆز تىكىشكە ۋە خۇپىيانە ھازىرلىق كۆرۈشكە باشلىغانىدى. ئاي-
غاقچىلىرى ئارقىلىق ھەممىنى بىلىپ تۇرغان سۇلتان ئەبۇسەئىد
مىرزا بۇ ئىككى يوشۇرۇن رەقىبىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەتنى
پۇرسەت دەپ بىلىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت ئوتىغا ھەدەپ
ئوتۇن تاشلاۋاتاتتى. چۈنكى، شاھرۇخىيلار سەلتەنەتنى قايتىدىن
تىكلەش خىيالىدا بولۇۋاتقان يادىكار مۇھەممەد مىرزا بىلەن ئۆمەر
شەيخ ئەۋلادىنى باش كۆتۈرگۈزۈش كويىدا بولۇۋاتقان ھۈسەيىن
بايقارا بىر ـ بىرى بىلەن ئېلىشسا تەبىئىي ھالدا كۈچى خوراپ

ئاجىزلىشاتتى. بەلكىم بىر ـ بىرىنى يوقىتاتتى ـ دە، ئۆزى تـۇ ـ تۇۋاتقان مىرانشاھ ئەۋلادىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تېخىمۇ مۇستەھـ ـ كەملىنەتتى، بۇ تەخت ـ سەلتەنەت دەۋاگەرلىرىدىن ئاسانلا خالاس بولاتتى. شۇ سەۋەبتىن سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ھۇسەيىن بايقارا بىلەن يادىكار مۇھەممەد مىرزىنىڭ گاھ ئاشكارا، گاھ يوشۇرۇن كۆرەشلىرىگە كۆزىنى يۇمۇپ ھېچنېمىنى سەزمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئاخىرقى نەتىجىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى ۋە خاتىرجەم ھالدا توقال خانىشىدىن تۇغۇلغان كىچىك خانزادە ـ سىنىڭ سۈننەت تويىنى كاتتا ھەشەم ـ دەرەم بىلەن ئۆتكۈزۈش بىلەن بولۇپ كەتكەنىدى. نەچچە ئاي داۋاملاشقان سۈننەت تويىنىڭ گاھى ئوغلاق تارتىشىش، گاھى مۇشائىرە، گاھى باراۋەت، گاھى زىياپەت ۋە گاھى جانبازلىق، چېلىشىش، كاماندازلىق ماھارىتى كۆرسىتىش، گاھى ئوۋ تاماشاسى، گاھى ئايدىڭ سەيلىسى قاتارلىق تەنتەنىلىرىگە ئەسىر بولغان سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ مەستخۇش كەيپىنى قارا قويلۇق تۈركمەنلەرنىڭ خانزادىسى ھە ـ سەن ئەلى بۇزدى.

بۇ كۈنلەردە سەمەرقەنت، بۇخارانى چوڭ ئوغلى ئەھمەد مىر ـ زىغا، ھىسار، بەدەخشان، قۇندۇز قاتارلىق ۋىلايەت ـ تۇمەنلەرنى ئىككىنچى ئوغلى مەھمۇد مىرزىغا، پەرغانە ۋادىسىنى تۆتىنچى ئوغلى ئۆمەر شەيخ مىرزىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن سۇلتان ئە ـ بۇسەئىد مىرزا ئۈچىنچى ئوغلى سۇلتان مۇھەممەد مىرزا ۋە تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن باشقا ئوغۇللىرى بىلەن مەرۋگە كېلىپ تۇ ـ رۇۋاتاتتى. سۈننەت تويىمۇ مەرۋدە ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى.

بىرنەچچە قېتىملىق غەلىبىلىك لەشكىرىي يۈرۈشلەردىن كېيىن ئۇلۇغ بوۋىسى، بۈيۈك ئىستېلاچى ئەمىر تۆمۈردىن مىراس قالغان ماۋەرائۇننەھر، پەرغانە، خۇراساننىڭلا ئەمەس، بەلكى ئافغا ـ نىستان، سىيىستان، كىرمان ھەمدە پارسنىڭ ھۆكۈمدارىغا ئايلان ـ غان سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا بەكلا كۆرەڭلەپ كەتكەنىدى. ئۇ ھەرخىل يىغىلىش، باراۋەت، زىياپەتلەردە، چوڭ ـ كىچىك ئوردا

كېچەشلىرىدە شانۇ شەۋكىتىنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى ئەمىر تۆمۈرنىڭ شانۇ شەۋكىتىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى داۋراڭ قىلىپ ماختىناتتى. ئەتراپىدىكى قوشنا ئەل سۇلتانلىرىنىڭ ئۆزىدىن ھېيىقمايدىغانلىرى يوق دەپ قارايتتى.

ئۇ ئۆزىدىن ھامىيلىق تەلەپ قىلىپ، يالۋۇرۇپ كەلگەن قاراقويلۇق تۈركمەنلەرنىڭ خانزادىسى ھەسەن ئەلىنى مەرۋىدىكى ۋاقىتلىق ئوردىسىدا قوبۇل قىلدى.

— خوش، — دېدى شاراب تەسىرىدىن خۇش كەيپ بولغان سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا تەختىنىڭ پايىسىنى سۆيگىنىچە مەدىشىلداپ يىغلاشقا باشلىغان ھەسەن ئەلىگە كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ، — نېمە ئەرزلىرى بولسا ئەزمىلىرىنى ئەزمەي سۆزلىسۇنلار.

— ئى بۈيۈك سەلتەنەت ئىگىسى، ئادالەتپاناھ، — دېدى ھەسەن ئەلى يىغىسىدىن توختاپ، — بىرەر مەملىكەتتە جەبىر - زۇلۇم ۋە پىسق - پاسات كۆچىيىپ، سەلتەنەت تىزگىنى تەخت - سەلتەنەت ساھىبى بولۇش سالاھىيىتى يوق ناكەسلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، بۈيۈك خاقانلار ئۇل پىسق - پاسات، جەبىر - زۇلۇمنى يوقىتىش، ئەدلى - ئادالەت ئورنىتىش نىيىتىدە ئۇل مەملىكەتلەرگە باھادىر ئوغلانلىرىدىن تەشكىللەنگەن ئادالەت قوشۇنىنى ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇشى زۆرۈردۇر. ھەممىگە قادىر ۋە قۇدرەتلىك تەڭرىتائالا ئاشۇ ئادالەت ھامىيسىنىڭ ياخشى نىيىتىنىڭ شاراپىتى بىلەن ئۇل مەملىكەتنى زالىمنىڭ قولىدىن سويۇپ ئالىپ ئادىل پادىشاھقا تاپشۇرىدۇ. مۇددىئا شۇلكى، بىزنىڭ قاراقويلۇق تۈركمەن تەسەررۇپىمىزغا ئاق قويلۇق تۈركمەن تائىپىسىنىڭ خانى ئۇزۇن ھەسەن دېگەن ناكەس پىسق - پاسات پەيدا قىلىپ، سۇيىقەست، ھىيلە ئىشلىتىپ خان ئاتام شاھ جاھاننى شېھىت قىلىپ تەخت - سەلتەنەتنى تارتىۋالدى. بۇنى ئاز دەپ رەئىيەتكە قاتتىق زۇلۇم سالدى. تېخى ئۆزىنى سەر جاھانگىر[1] دەپ

① سەر جاھانگىر — جاھاننى تۇتقۇچى، تىنچىتقۇچى سەركەردە.

ئاتاپ، قوشنا ئەللەرنى ئىستېلا قىلىش كويىغا چۈشمەكتە. شۇڭا جاھاننىڭ بۈيۈك قابىلىيەت ئىگىسىنىڭ دەرگاھىدىن ئادالەت ئىزدەپ كەلدىم.

ھەسەن ئەلىنىڭ دادلاشلىرى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنى ئانچە تەسىرلەندۈرەلمىگەن بولسىمۇ، قاراقويلۇق تۈركمەنلەرنىڭ سۇلتانى ئۇزۇن ھەسەننىڭ ئۆزىنى سەرجاھانگىر دەپ ئاتاپ داۋراڭ قىلىشى قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈرگەننىدى. شۇڭا ھەسەن ئەلىگە قاراپ كۆزىنى چەكچەيتتى.

— ئاشۇ ئۇزۇن ھەسەن ھالىغا باقماي ئۆزىنى سەرجاھانگىر دەپ ئاتىۋاپتىمۇ تېخى؟!

نەچچە يىلدىن بېرى بۈيۈك جاھانگىرلارغا خاس شىجائەت بىلەن نۇرغۇن مەملىكەتلەرنى ئىستېلا قىلغان ۋە شۇنىڭغا يارىشا يامغۇردەك يېغىۋاتقان تۈرلۈك ماختاش، مەدھىيە، پەخرىي ناملار-نىڭ ھاياجىنىدا مەغرۇرلىنىپ يۈرگەن سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ھەرقانداق بىر ئەلنىڭ ھۆكۈمدارىنى مەنسىتمەيتتى. شۇ تاپتا كىچىككىنە قارا قويلۇق تۈركمەن خانلىقىنى ئىستېلا قىلغان ئۇ-زۇن ھەسەننىڭ خىجىل بولماي ئۆزىنى سەرجاھانگىر دەپ ئاتىۋې-لىپ داۋراڭ قىلىشى ئۇنىڭ قاتتىق زىتىغا تەگكەننىدى.

— شۇنداق، قۇدرەتلىك پاناھگاھىم، — دېدى ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ قولى ئارقىلىق دادىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىشقا بەل باغلىغان ھەسەن ئەلى قايتىدىن تىز چۆكۈپ، — شۇ كۈنلەردە ئۇزۇن ھەسەن ھە دەپ لەشكەر توپلاپ، ھازىرلىق كۆرۈۋاتىدۇ، ئالتە ئاي ئىچىدە سەلتەنەت تۇغۇمنى سەمەرقەنت ئوردىسىغا قادايمەن دەپ داۋراڭ سېلىۋاتىدۇ...

— بولدى بەس!

سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى. ئۇزۇن-دىن بېرى ئۇنىڭ بۈنچىلىك غەزەپلەنگىنىنى كۆرمىگەن بارلىق ئەمىر ـ سەركەردىلىرى ۋەھىمىدىن قاتتىقراق نەپەس ئېلىشقىمۇ پېتىنالمىدى. ھەسەن ئەلى ئىككى ئېغىز گەپ بىلەنلا ئۇنى قۇت-

www.uyghurkitap.com

رىتىش مەقسىتىگە تولۇق يەتكەنىدى.

ـــ سۈننەت توي مەرىكىسى هازىردىن باشلاپ تامام، ـــ دېدى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا سارايىنىڭ تىمتاسلىقىنى بۇزۇپ، ـــ هەرقايسى قوشۇننىڭ ئەمىر ـ سەركەردىلىرى پۇختا هازىرلىنىق كۆرگەي، هەپتىدىن كېيىن يولغا چىقىمىز.

شۇ دەقىقىدە سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنى هېچكىم نىيىتىدىن ياندۇرالمايتتى. چۈنكى، سەمەرقەنت تەختىنى قولىغا ئالغان ئون نەچچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭ لەشكەر تارتىپ بېرىپ ئىراقىچە ئىستېلا قىلىش، هەتتا مەككە مۇكەررەمىنىمۇ تەسەررۇپىغا ئېلىش ئارزۇسى بار ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئەنە شۇ ئارزۇنىڭ تۈرتكىسىدە سۇلتان يۇنۇسخاننى شىرازدىن ئالدۇرۇپ كېلىپ، نۇرغۇن لەشكەر بىلەن موغۇلىستان سەلتەنەتىنى ئېلىشقا كۈشكۈرتكەن ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆز ۋاقتىدىكى موغۇلىستان هۆكۈمدارى سۇلتان ئىسان بۇغاخاندىن كېلىدىغان تەهدىتنى توسۇپ، ئىراققا خاتىرجەم يۈرۈش قىلىشقا ئاساس سېلىشنى نىيەت قىلغانىدى. مانا ئىككى يىلدىن بېرى ئۇنىڭ بۇ تەدبىرى تولۇق ئەمەلگە ئاشتى. يۇنۇسخان ئاخىرى موغۇلىستان سەلتەنەتىنى قولىغا ئالدى. يەنە بىر ئەشەددىي رەقىبى ـــ دەشتى قىپچاق هۆكۈمدارى سۇلتان ئوبۇلخەيرخانمۇ ئۆلدى. بۇ زېمىنمۇ ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. هۇسەيىن بايقارا بىلەن يادىكار مۇهەممەد مىرزىدىن ئەنسىرەشنىڭ هاجىتى يوق. ئۇلار شۇ تاپتا بىر ـ بىرىنىڭ پېيىنى قىرقىش بىلەن ئاۋارە. ئۇلارنىڭ مەيلى قايسىسى يېڭىپ چىقسۇن، يەنىلا سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىغا بويسۇنماي ئامالى يوق. گەردەنكەشلىك قىلىمەن دەيدىكەن، ئىتائەتكە سۇنمىغان گەردىنىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئانچە تەس ئەمەس. شۇڭا بۇ تەرەپتىنمۇ خاتىرجەم. مانا ئەمدى، هەسەن ئەلى لەشكەر تارتىشنى دەۋەت قىلىپ ئۆزى كەپتۇ، بۇ دېگەن تېپىلغۇسىز پۇرسەت. ئۇ ئەمدى قارا قويلۇق تۈركمەن قەبىلىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئاق قويلۇق تۈركمەن قەبىلىسىنىڭ خانى ئۇزۇن هەسەنگە جازا يۈرۈ-

شى قىلىش باھانىسى بىلەن ئادالەت بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئەزەربەيجان، ئىراقتا لەشكەر تارتسا تامامەن بولىدۇ، ئۇنى سەۋەبسىز ئۇرۇش قوزغىدى دەپ ھېچكىم ئەيىبلىيەلمەيدۇ، پات يېقىندا سەلتەنەت تۇغى باغداد ئاسمىنىدا لەپىلدەيدۇ، كىمنىڭ ھەقىقىي سەرجاھانگىر ئىكەنلىكىنى خەلقئالەمگە كۆرسىتىپ قويىدۇ.

بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن مەرۋىدىن يولغا چىققان سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا قاراباغقا كەلگەندە ئۇزۇن ھەسەننىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ئۇچراشتى.

سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ سان ـ ساناقسىز سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئۇزۇن ھەسەن بىر تەرەپتىن جەڭگە پۇختا تەييارلىق كۆرسە، يەنە بىر تەرەپتىن سۇلھى تۈزۈپ يېڭىدىن قولغا ئالغان ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىش كويىغا چۈشكەنىدى. ئۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىرلىرىدىن ئەلچى تەشكىللەپ سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ قارارگاھىغا سۇلھى تەلەپ قىلىشقا ئەۋەتتى ۋە سۇلھىنى قوبۇل قىلىپ جەڭ قىلىش نىيىتىدىن يانسا ھەرقانداق شەرتكە كۆنىدىغانلىقىنى، ھەتتا تەۋەلىك بىلدۈرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ناھايىتىمۇ ئەپسۇسكى، ئارقا ـ ئارقىدىن ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى تۈپەيلىدىن تېخى ھاياجىنى بېسىلمىغان، قاتتىق مەغرۇرلىنىپ كەتكەن سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا سۇلھىدىن باش تارتىپ، ئۇزۇن ھەسەننى قىلىچ يالىڭاچلاشقا مەجبۇرلىدى.

سۇلھى ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى پۇتۇنلەي يوققا چىققان ئۇزۇن ھەسەن قاراباغنىڭ ئەپلىك جۇغراپىيىلىك شارائىتىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، جان ـ جەھلى بىلەن مۇداپىئەدە تۇردى ۋە ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ بىرقانچە قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇمىنى ئۇنۇملۇك چېكىندۈردى.

ئۇزۇن ھەسەننى بىر قېتىملىق ھۇجۇمغىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي ئىراق تەرەپكە قاچىدۇ، ئۇنى قوغلاش باھانىسىدا ئىراق زېمىنىغىمۇ باستۇرۇپ كىرىمەن، دەپ خام خىيال قىلغان سۇلتان

uyghurkitap.com

ئەبۇسەئىد مىرزا بۇ كۈچلۈك مۇداپىئە ئالدىدا ئامالسىز قالدى. شۇنداقتىمۇ سەركەردىلىرىنى داۋاملىق ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى.

ھەئە، سۇلتان يۇنۇسخان تاشكەنت ئەمىرى شەيخ جامالىددىننىڭ نەزەربەند قىلىشىغا ئۇچرىغان كۈنلەردە سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئۇزۇن ھەسەن بىلەن قاراباغدا تىركىشىۋاتقىنىغا تۆت ئايدىن ئاشقانىدى. ئەبۇسەئىد مىرزىغا ئوخشاشلا ئىلگىرىكى يۈرۈشلەرنىڭ غەلىبە ـ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن مەغرۇرلىنىپ كەتكەن سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ قاراباغدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ تىركىشىشتىن روھى چۈشكەن، جەڭ قىلىشتىن رايى قايتىپ قالغانىدى. شۇ سەۋەبلىك ھۇجۇم قىلىش ھالىتىدە تۇرغىنى بىلەن مۇداپىئەدە تۇرغان رەقىبلىرىدىن ھەرقاچان تالاپەت يەپ تۇراتتى. جەڭ ۋەزىيىتىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا دەسلىپىدە ئۇزۇن ھەسەننىڭ سۈلھى تەلىپىنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، مانا ئەمدى لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ كېتىشكە يۈزى چىدىمايتتى، ئۇنىمسىز ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىشكە تېخى كۆڭلى ئۇنىمايتتى. باشتا ئېيتقىنىمىزدەك، شۇ كۈنلەردە ئۇ خۇددى قولىنى كۆيۈۋاتقان ئۇلۇغ ئوتقا تىقىۋالغان ئادەمگە ئوخشاپ قالغانىدى. تۆت ئايدىن بېرى كۈچلۈك قارشىلىققا ئۇچراپ بىر ئىزدا تۇرۇپ قېلىشتەك پاسسىپ جەڭ ۋەزىيىتى ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئىشەنچىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويغانىدى. گەرچە تەسەررۇپىدىكى زېمىنلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۈچ ئوغلىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سەلتەنەتكە بولغان ئەندىشىسى بارغانسېرى كۈچىيىپ قالغانىدى. چۈنكى، ھەرقايسى يۇرتلارغا ئەۋەتكەن ئايغاقچىلىرى ئېلىپ كەلگەن مەلۇماتلار ئۇنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەنىدى. ئايغاقچىلارنىڭ يەتكۈزگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ھۇسەيىن بايقارا بىلەن يادىكار مۇھەممەد مىرزا ئوتتۇرىسىدىكى يوشۇرۇن ئاداۋەت ئاشكارا قارشىلىققا ئالماشقان، ھەتتا لەشكەر تارتىپ جەڭ قىلىشقا بېرىپ يەتكەنىدى. چوڭ ئوغلى ــ

سەمەرقەنت ھۆكۈمدارى سۇلتان ئەھمەد مىرزا بولسا ھۈسەيىن بايقارانى قوللاپ يادىكار مۇھەممەد مىرزىغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرغاندى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئوغلىنىڭ بۇ قارارىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا دەماللىققا ھۆكۈم چىقىرالمىدى، ئەمما ئىككى مىرزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەتنى بىر تەرەپ قىلىپ ئاندىن ئۆزۈن ھەسەنگە قارشى لەشكەر تارتمىغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى.

ئايغاقچىلار ئۇنىڭغا يەنە سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ زور قوشۇن بىلەن لەشكەر تارتىپ كېلىپ، تۈركىستان چېگراسىدا پاناھلىنىۋاتقان دەشتى قىپچاق خانزادىسى بۇرۇج ئوغلاننى بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن يوقاتقانلىقىدىن، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن يولغا چىققانلىقىدىن مەلۇمات بەردى. بۇ خەۋەر ئۇنى خېلىلا ئۈمىدلەندۈردى. ئاشۇ يىلى بىر تەرەپتىن ھۈسەيىن بايقارا، بىر تەرەپتىن بۆرگە سۇلتان، مۇھەممەد جوگى ۋە ئۇلارغا ھەمدەم بولۇپ ساتقىنلىق قىلغان تاشكەنت ئەمىرى شەيخ جامالىددىنلارنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالغان ۋاقىتتا، سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، ياۋغا ئارقا تەرەپتىن ئەجەللىك زەربە بېرىپ، مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، ھازىرقىدەك يا ئالدىغا ماڭالماي، يا ئارقىسىغا چېكىنەلمەي تۇرغان پەيتتە ئۇنىڭ يەنە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قېلىشىنى تولمۇ ئارزۇ قىلاتتى.

ئۇ ئەنە شۇنداق ئارزۇنىڭ تۈرتكىسىدە سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئالدىغا چاپارمەن ماڭغۇزۇش خىيالىغىمۇ كەلدى. لېكىن تاشكەنت بىلەن تۈركمەن دەشتىگە جايلاشقان قاراباغنىڭ ئارىلىقى بەكمۇ يىراق ئىدى، يۇنۇسخاننىڭ يېتىپ كېلىشىگە بىرنەچچە ئاي ۋاقىت كېتەتتى. ئۇنىڭغىچە يۇنۇسخاننى ساقلاپ يېتىۋەرگىلى بولمايتتى. چوڭ ئوغلى سۇلتان ئەھمەد مىرزا بولسا دادىسىنىڭ ئەھۋالى بىلەن كارى بولماي ئىككى مىرزىنىڭ جەڭگى ـ جېدىلىگە ئارىلىشىپ قالغانىدى. بۇنداق ۋاقىتتا سەمەرقەنتتە قېپقالغان ئازغى-

www.uyghurkitap.com

ـنە لەشكەرنى يۆتكەپ كەلگەننىڭ پايدىسى يوق ئىدى.

ــ ھۈسەيىن بايقارا يادىكار مۇھەممەد مىرزىدىن ھىراتنى تارتىۋاپتۇ.

ــ يادىكار مۇھەممەد مىرزا ھىراتنى يەنە قايتۇرۇۋاپتۇ.

ــ ھۈسەيىن بايقارا چېكىنىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

ــ يادىكار مۇھەممەد مىرزا ھىراتنى قايتۇرۇۋالغاندىن كې-يىن جىددىي لەشكەر توپلاشقا كىرىشىپتۇ، مەقسەت ـ مۇددىئا-سىنى بىلەلمىدۇق.

ــ ...

باش ـ ئاخىرى يوق خام خىياللار، تۈگىمەس غەم ـ ئەندى-شىلەر ئىلكىدە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغان سۇلتان ئەبۇسە-ئىد مىرزا ئايغاقچىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن يەتكۈزگەن بۇ مەلۇ-ماتلارنىڭ قايسىسىغا ئىشىنىشنى بىلەلمەي تېخىمۇ بەك گاڭگى-رىدى. ئۇ چوڭ خانزادىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ھۈسەيىن بايقارانىڭ يادىكار مۇھەممەد مىرزىدىن ھىراتنى تارتىۋالالايدىغانلىقىنى ئالدىقاچان پەملىگەن ۋە ھۈسەيىن بايقارا ھىراتنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن ئۆزىگە ئىتائەت قىلماس-لىقىدىن ئەندىشە قىلغانىدى. كۈتمىگەن يەردىن يادىكار مۇھەممەد مىرزىدەك ئانچە نامى چىقمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمدىلا ئون سەككىز ـ ئون توققۇز ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان خام سويمىنىڭ ھۈسەيىن بايقارادەك يېتىلگەن سەركەردىدىن ھىراتنى يەنە قايتۇ-رۇۋېلىشى ئۇنى بەكمۇ ھەيرەتتە قالدۇردى.

«ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ ئوغۇز سۈتى كەتمىگەن يادىكار مۇ-ھەممەد مىرزىنىڭ ئاشۇنچىۋالا كارامىتى بارمىدۇ زادى؟ ھۈسەيىن بايقارا ئۇنىڭدىن قانداقسىگە يېڭىلىپ قالغاندۇ؟ يادىكار مۇھەممەد مىرزا لەشكەر جۇغلاپ نېمە ئىش قىلماقچىدۇ؟ ھۈسەيىن بايقارا-نىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچىمىدۇ يە؟ ئۇنداق نىيىتى بولسا لەشكەر توپلاپ يۈرمەيلا ئارقىسىدىن قوغلار بولغىيدى ياكى ئوغلۇم ئەھ-مەد مىرزىنىڭ ھۈسەيىن بايقارانى قوللىغىنىغا ئاداۋەت تۇتۇپ

سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتماقچىمىدۇ؟ بۇنىسى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئۇ ئاشۇنداق تۇزكورلۇق قىلىپمۇ قالۇرمۇ؟ ئەينى ۋاقىتتا كىچىك دېمەي ھىراتقا ئەمىر قىلىپ قويغىنىمنىڭ يۈزىنىمۇ قىلماسمۇ؟ راست، ئۆتكەن يىلى ئايغاقچىلار ئۇنىڭ شاراب ئىچىپ ئولتۇرۇپ: «بۇزرۇكۋار مومام گۆھەرشاد بېگىمنىڭ خۇن قىساسىـ نى ئالماي قويمايمەن» دەپ قەسەم قىلغانلىقىنى يەتكۈزگەنىدى. ئۇنى مەستچىلىكتە شۇنداق جۆيلۈگەن چېغى دەپ ئويلىغانىكەنـ مەن. ئۇنىڭ مومىسى گۆھەرشاد بېگىمنىڭ تەربىيەسىدە چوڭ بولغانلىقىنى نېمىشقا ئويلىمىدىم ـ ھە! شۇ چاغدا ئۇ جادى خاتۇننى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتمىگەن بولسام، تەختگاھىم ھەرگىز تىنـ چىمايتتى. نەۋرىلىرىنى كۆشكۈرتۈپ مىرزا ئۇلۇغبەگدەك دانىشـ مەن ئوغلىنى ئۆلتۈرگۈزگەن ئۇ ھازازۇل مومايىنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلەتتى. مانا ئەمدى بۇ ئاداۋەتكە ئوغلۇم ئەھمەد مىرزىـ نىڭ ھۈسەيىن بايقاراغا كۆمەكلەشكىنى قوشۇلۇپتۇ، دېمەك، يادـ كار مۇھەممەد مىرزىنىڭ نىيىتى يامان. مەيلى شاھرۇخىيلەر ئەۋلادى بولسۇن، مەيلى ئۆمەر شەيخ ئەۋلادى بولسۇن ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەختىنى سەمەرقەنتكە تىكلىمەكچى بولۇشىدۇ، مەنمۇ مىرانشاھ ئەۋلادىنىڭ سەلتەنەت تۇغىنى سەمەرقەنتكە تىكـ لىدىمغۇ؟ ئەسلىدە ھەممىمىز ئەمىر تۆمۈر ئەۋلادى بولغاندىكىن، بۇنچىلىك قان بولۇشۇپ كەتمىسەك بولاتتى. مەنمۇ يامان قىلمىـ دىم، يادىكار مۇھەممەد مىرزىغا ھىراتنى بەردىم؛ ھۈسەيىن بايقاراـ نىڭ خۇراساننىڭ يېرىمىنى ئىستېلا قىلىشىغا يول قويدۇم. مۇـ شۇنچىلىك نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلىشى كېرەك ئىدىغۇ ئۇلار؟ ئوغلۇم ئەھمەد مىرزا يادىكار مۇھەممەد مىرزىغا تاقابىل تۇرالارـ مۇ؟ قانداق بولاركىن، ھۈسەيىن بايقارادەك پىشقان سەركەردە تاقاـ بىل تۇرالمىغان يەردە، ئۇنىڭ تاقابىل تۇرمىقى تەس. پەلەكنىڭ چاقى چۆرگىلەپ، تەلەي يۇلتۇزى يەنە شاھرۇخىيلەر ئەۋلادىغا كۈلۈپ باقارمۇ زادى؟ ياق، بۇنىڭغا ھەرگىز يول قويمايمەن. لېكىن شۇل تاپتا سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمنى چېكىندۈرۈش تولىمۇ نوـ

www.uyghurkitap.com

مۇسلۇق ئىش، ئەغيارلىرىم: ‹قاراڭلار، بۇسەيىت سۇلتاندەك كاتتا جاھانگىر كىچىككىنە ئاق قويلۇق تۈركمەن قەبىلىسىنىڭ بېگى ئۇزۇن ھەسەننىڭ مۇقابىلىسىگە چىقالماپتۇ› دەپ ئارقامدىن كۈلۈشىدۇ، كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇشىدۇ، ئۇزۇن ھەسەننىڭ سۈلھى تەلىپىنى قوبۇل قىلسام بوپتىكەن، ئەمدى پۇشايمان قىلغاننىڭ پايدىسى يوق. دەرھال سەمەرقەنتكە چاپارمەن ماڭغۇزۇپ ئوغلۇم ئەھمەد مىرزىنى يادىكار مۇھەممەد مىرزىنىڭ تەھلىكىسىدىن ئاگاھلاندۇراي، ياغىدىن پۇختا مۇداپىئە كۆرۈشكە ئۈندەي، ئىنىلىرىنىڭ تەسەررۇپىدىن سەمەرقەنتكە ھەمدەمچى لەشكەر يۆتكەشكە پەرمان بېرەي. ئۇنىڭغىچە مۇنۇ ئۇزۇن ھەسەن دېگەن ناكەسنىڭ ئىشىنىمۇ بىر تەرەپ قىلىپ بولۇرمەن. بەش ـ ئالتە ئايدىن بېرى جەڭگە چىقماي مۇداپىئەدە تۇرۇۋېلىپ زېرىكمىدى بۇ بەتبەخت...»

ئۇزۇن ھەسەنى مەيدان جېڭى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، دەپ قارىغان سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا بىلەن سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىخۇدلىشىپ، مۇداپىئەسىنى بوشاشتۇرۇپ قويغانىدى. ھەرقاچان ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان ئۇزۇن ھەسەن ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق ياۋ ئەھۋالىنى پات ـ پات كۆزدىتىپ تۇرۇۋاتاتتى، ئايغاقچىلىرى ئۇنىڭغا ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتقانلىقىنى، روھى چۈشۈپ چۈشكۈنلەشكەنلىكىنى، بىر ئىزدا مىدىرلىماي تۇرۇۋېرىپ، جەڭ قىلىشتىن رايى يېنىپ قالغانلىقىنى، ھە دېسە شاراب ئىچىپ، قىمار ئويناپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىۋاتقانلىقىنى يەتكۈزۈشتى.

«شۇڭا ئۇلارنىڭ بىرە ـ بىرە قىلغان ھۇجۇملىرى ئىلگىرىكىدەك قەھرلىك ئەمەسكەن ـ دە، تەگرى ئىنايەت قىلىپ مېنى بۇ بالا ـ قازادىن ساقلىغان ئوخشايدۇ. شۇنداق، بۇ دېگەن ياۋغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئەپلىك پۇرسىتى. ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلگەن ئوخشايدۇ. ئۇلارغا شۇنداق تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغايكى، كەلگەن جايىغا ئالدى ـ كەينىگە قارىماي چېكىنىشكە مەجبۇر قىلاي، ئۇل ئەبۇسەئىد مىرزا ئاق قويلۇقلارنىڭمۇ ئۇنچە ياۋاش ئەمەسلىكىنى

بىلىپ قويسۇن...»

ئاق قويلۇق تۈركمەن قەبىلىسىنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلە-ـرى پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ، بامدات نامىزىدىن يېنىپلا ياۋ قارار-گاھىغا دەھشەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى.

سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى.

سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا سەركەردىلىرىگە دەرھال ھۇجۇمنى چېكىندۈرۈشكە پەرمان بەردى.

سەركەردىلەرمۇ ئەبۇسەئىد مىرزىغا ئوخشاش چۆچۈپ كەتكە-ندى.

سەركەردىلەر ئۆز قارارگاھلىرىغا قاراپ يۈگۈردى.

تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشكەن لەشكەرلەر ئاللىقاچان پىتىراپ كەتكەنىدى.

سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئۆز قولى بىلەن بىرقانچە قاچقۇن لەشكەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىپمۇ خۇددى بۆرە تەگكەن قوتاندىكى قوي توپىدەك پىتىراپ كەتكەن لەشكەرلىرىنى توسۇيالمىدى. ناغرا ـ كاناي چالدۇرۇپمۇ ئۇلارنى ئۆز تۇغى ئاستىغا جەم قىلال-مىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ياۋ لەش-كەرلىرىنى چېكىندۈرۈش خىيالىدىن ۋاز كەچمىگەنىدى.

ھەئە، ئۇ ئۇزۇن ھەسەننى ئۆزىگە تاقابىل تۇرالىغۇدەك ماغ-دۇرى يوق، ناھايىتى تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن ۋاقىتلىق ئۈستۈن-لۈكنى ئىگىلىۋالدى، جەڭ ۋەزىيىتىدە ھازىرلا ئۆزگىرىش قىلىد-مەن دەپ ئىشەنچ باغلىغانىدى. ناھايىتى ئەپسۇسكى، تاغدەك ئى-شەنگەن سەركەردىلىرى ئاللىقاچان ئىشەنچ، جاسارىتىنى يوقىتىپ قويغان سەۋەبلىك، جان قايغۇسىغا چۈشكەن لەشكەرلىرى بىلەن تەڭ قېچىشىۋاتاتتى. ئۇ بۇنىڭدىن بىخەۋەر ئىدى، سەركەردىلىرىم ھازىرلا لەشكەرلىرىنى يىغىدۇ، جەڭ سېپىنى قايتىدىن تۈزۈپ ياۋنى توسۇيمىز، بەلكىم ئۇلارنى چېكىندۈرۈپ پۈتۈنلەي يوقىتى-مىز، دەپ ئويلايتتى.

www.uyghurkitap.com

سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا بۇ خام خىيالىنى ئۇزاق داۋاملاشتۇرالمىدى، ئۇزۇن ھەسەننىڭ ئەڭ باھادىر لەشكەرلىرىدىن تەشكىللەنگەن چاپاۋۇل① قوشۇنىنىڭ قورشاۋىدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ خىيالىنى يىغىشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. نۆكەرلىرى بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن جان پىدالىق كۆرسىتىپ قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇزۇن ھەسەن لەشكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا يەنىلا تەڭ كېلەلمەيۋاتاتتى.

ــ ئالىيلىرى سىلى چېكىنسىلە، بىز ياۋنى توسۇپ تۇرايلى!

ئەبۇسەئىد مىرزا نۆكەر بېشىنىڭ بۇ ئۆتۈنۈشىگە پەرۋا قىلمىدى. ئۆزىنى ئۇلۇغ بوۋىسى ــ بۈيۈك ئىستېلاچى ئەمىر تۆمۈردىنمۇ شەۋكەتلىك ھېسابلايدىغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇ كاتتا ھۆكۈمدارى، تېخى ھېچقانچە نامى چىقمىغان ئۇزۇن ھەسەندەك بىر سەركەردىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ قېچىشنى ئار كۆرگەنىدى. ياۋ لەشكەرلىرى ئۇنى تېزلا ئەسىرگە ئالدى.

«جەڭدە يېڭىش ـ يېڭىلىش دېگەن بولۇپ تۇرىدۇ، چۈنكى، بۇ جاھان ئىككى ھۆكۈمدار ئۈچۈن ناھايىتى تارلىق قىلىدۇ. ھامان بىرى يەنە بىرىگە بويسۇنىدىغان، ئىتائەت قىلىدىغان گەپ. خەير، دەسلىپىدە ئۆزۈمگە زىيادە ئىشىنىپ كېتىپ، ئۇزۇن ھەسەننى كۆزۈمگە ئىلماي سۈلھى تەلىپىنى قوبۇل قىلمىغانىكەنمەن. كۆزگە ئىلمىغان پۇتقا چوماق دەپ، ئەمدى مەن ئۇنىڭ ئەسىرىگە ئايلاندىم. ئۇنىڭدىن رەھىم ـ شەپقەت تىلىسەم شۇنچە يىللاردىن بېرى قان كېچىپ تىكلىگەن شانۇ شەۋكىتىمنى يەرگە ئۇرغان بولىمەن ھەم رەھىم ـ شەپقەت تىلىشىمنىڭمۇ ھاجىتى يوق. چۈنكى، ئۇ مېنى ئەسىرگە ئالغىنى بىلەن تەسەررۇپۇم، تەخت ـ سەلتەنەت يەنىلا ئۈچ ئوغلۇمنىڭ قولىدا. دېمەك، سەلتەنەت ئۇنىڭ قولىغا ئۆتكىنى يوق. شول تاپتا ئۇنىڭدىن سۈلھى تەلەپ قىلسام رەت قىلىشقا ھەرگىز پېتىنالمايدۇ، بەلكىم ھەددىدىن ئاشقان شەرتلەرنى قويالماسلىقى، تەسەررۇپىغا قوشۇۋالغان قارا

① چاپاۋۇل ــ زەربىدار ئەترەت.

قويلۇق تۈركمەن زېمىنىنى ئېتىراپ قىلىشىنى تەلەپ قىلالماسلىقىمۇ مۇمكىن. سۇلھى بىلەن ئاخىرلاشمايدىغان ياغى تولىمۇ ئاز بولىدۇ. ئۇزۇن ھەسەننىڭ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، ئەزەلدىن ئەسىرگە چۈشكەن ھۆكۈمدارنى غالىب ھۆكۈمدار ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئەمەس. ئۇنداق قىلسا خۇنخور، نامەرد دېگەن ئاتاققا قالىدۇ، ھەم ئۆزىگە ھېسابسىز دۈشمەن تېپىۋالىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ مەن بىلەن سۇلھى تۈزمەي ئامالى يوق. يامىنى كەلسە ئۇنىڭ قويغان شەرتلىرىگە كۆنەرمەن، ياۋ بىلەن سۇلھى تۈزۈشكە ئۇرۇن قالدۇرۇپ قويماي ئۇرۇش قىلغان گۇناھ ئۆزۈمدە. ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن شۇنداق سۇلھى تۈزەيكى، ھەرقاچان كېلىشىمنى يىرتىپ تاشلاپ ئۇرۇش قىلىشقا يوچۇق قالدۇرۇپ قوياي. چۈنكى، ھەرقانداق كېلىشىمنى مۇۋاپىق باھانە ـ سەۋەب بىلەن يىرتىۋەتكىلى ھەم يىرتىۋەتكەندىن كېيىن قايتا تولۇقلىۋالغىلى بولىدۇ، سۇلھىگە كېلىپ بۇ مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلۇۋالسام ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئار ـ نومۇسنى يەنە يۇيىمەن، ئۇزۇن ھەسەننىمۇ ئەسىرلىك خانىسىگە بەند قىلىپ تۇرۇپ سۇلھى تەلەپ قىلغۇزىمەن.. ئاھ تەڭرىم، مەندەك پاسىق، گۇناھكار بەندەڭنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغايسەن، تۆكۈلگەن يۈز ـ ئابرۇيۇمنى، يوقاتقان شان ـ شەۋكىتىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىشىمغا مەدەت بەرگەيسەن...»

ئەپسۇس، ناھايىتىمۇ ئەپسۇسكى، ئەبۇسەئىد مىرزا ئۇزۇن ھەسەن بىلەن سۇلھى تۈزۈش مەقسىتىگە يېتەلمىدى. چۈنكى، ئۇ تاش ساناپ بولغىچە، ئېھتىياتچان، ئەقىللىق ئۇزۇن ھەسەن قوۋم ساناپ بولغانىدى. شۇڭا ئۇ سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنى ئەسىرگە ئالغىنىنى يوشۇرۇپ ياۋ لەشكەرلىرىنى تاكى ھىرات، خۇراسان چېگراسىغىچە قوغلاپ باردى. بۇ جەرياندا ئەبۇسەئىد مىرزا بىلەن پەقەتلا كۆرۈشمىدى.

«... ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسەم سۇلھى تۈزسەم بولىدۇ. سۇلھى تۈزسەم جەڭنى توختاتسام بولىدۇ، جەڭنى توختاتسام ياۋ لەشكەر-

لىرى ئامان قالىدۇ. ياۋ لەشكەرلىرى ئامان قالسا سۇلتان ئەبۇسە ـ ئىد مىرزىنىڭ كۈچى ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇ ھەرقاچان مەن ئۈچۈن يوشۇرۇن خەۋپ، سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنى سۇلھىگە بىر ئۆمۈر ۋاپا قىلىدۇ دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ. ئىنسان دېگەن پەرىشتە ئە ـ مەس، ئادەملەر رەزىل كېلىدۇ. چۈنكى، ئەت بىلەن تېرىنىڭ ئارى ـ سىغا ماكانلىشىۋالغان شەيتان ئىنساننى ھامان رەزىللىككە ئۈندەپ تۇرىدۇ. خان ـ سۇلتانلارنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىقىغا ھامان باھانە ـ سەۋەب تېپىلىپ تۇرىدۇ، بولۇپمۇ سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىدەك بۈيۈك ھۆكۈمدارلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. شۇڭا، ئاۋۋال ئۇنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى تولۇق يوقىتاي، ئۇنى ئون ـ ئونبەش يىل ئىچىدە لەشكىرىي قۇدرىتىنى ئەسلىگە كەل ـ تۈرەلمەس ھالغا چۈشۈرۈپ قوياي، ئۇ ل چاغدا ۋەدىسىگە ۋاپا قىل ـ مايمەن دېسىمۇ ئامالسىز قالىدۇ، ئۇنىڭغىچە مەنمۇ قۇدرەت تې ـ پىۋالىمەن...»

ئۆزۈن ھەسەننىڭ غالىب سەركەردە ـ لەشكەرلىرى قاچقۇن رەقىبلەرگە پەقەتلا ئارام بەرمىدى، تەسلىم بولغانلىرىنى ئەسىرگە ئالدى، قارشىلىق كۆرسەتكەنلىرىنى ئۆلتۈردى، قاچقانلىرىنى قوغلىدى. بۇ جەڭ خۇددى كەڭرى دالىدا توشقان ئوۋلىغانغا ئوخ ـ شاپ قالغانىدى.

ياۋ لەشكەرلىرىنى پۈتۈنلەي تىرىپىرەن قىلىش مەقسىتىگە يەتكەن ئۆزۈن ھەسەن بىردىنلا ئويلىنىپ قالدى. ھەئە، ماۋەرائۇن ـ نەھر، خۇراسان ۋە پەرغانە سەلتەنەتى يەنىلا ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئۈچ ئوغلىنىڭ كونتروللۇقىدا ئىكەنلىكىنى بىردىنلا ئېسىگە ئالغانىدى. شۇڭا ئۇ مەغلۇپ لەشكەرلەرنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ قوغلاشقا، ئوچۇقنى ئېيتقاندا رەقىبىنىڭ تەسەررۇپىغا باستۇرۇپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

«ئەمدى ئۆزۈمگە ھاي بېرەي، ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئوغۇل ـ لىرى بىرلىشىپ كېلىپ ئالدىمنى توسۇسا تەڭ كېلەلمەي، قاچ ـ

ـدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن يەنە. شۇنداق بولۇپ قالسا ھازىر قولغا كەلتۈرگەن غەلىبە ـ نۇسرىتىم ئىككى پۇل بولىدۇ. ئەمدى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا بىلەن سۇلھى تۈزسەم قانداق بولۇر، ھېلىمۇ خېلىدىن بېرى مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى توختىماي تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. يەنە ئاڭلىمىغان قىياپەتكە كىرىۋالسام بولماس، ھېـ ـلىمۇ ئۇنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى ئۇچرىغان يەردە ئەسىرگە ئېلىپ، ئۆلتۈرۈپ، قوغلاپ يۈرۈپ ھالىنى قويمىدىم، ھازىر بۇ بۈيۈك ھۆكۈمدار خۇددى قانات ـ قۇيرۇقلىرىنى يۇڭدىۋەتكەن بىـ چارە بۈركۈتكە ئوخشاپ قالدى...»

ئۇزۇن ھەسەن ئەبۇسەئىد مىرزىنى قېشىغا ئەكېلىشكە بۇيىـ رۇق بېرىپ بولۇپ، شۇ ھامان يەنە يېنىۋالدى.

«خوش، شول تاپتا سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا بىلەن سۇلھى تۈزۈشقۇ ئاسان، ئۇمۇ شۇنى كۈتۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىختىـ يار مېنىڭ قولۇمدا، ئۇنىڭ ھېچقانداق تاللاش ھوقۇقى يوق. شۇنداق تۇرۇقلۇق سۇلھى تۈزۈشكە نېمىشقا ئالدىرايمەن؟ ئاتىسى مېنىڭ قولۇمدا بولغاچقىلا ئۈچ ئوغلى تېخىچىلا ماڭا قارشى لەشـ ـكەر تارتىپ كېلەلمەيۋاتىدۇ، بۇسەيىت سۇلتانىنىڭ لەشكەرلىرىنى يوقاتتىم دېگەن بىلەن ئاشۇ ئۈچ ئوغلىنىڭ قولىدا قانچىلىك لەشكەر بارلىقى نامەلۇم، ئۇلارنىڭ ئىلكىدىكى ئول تەسەررۇپلار تولىمۇ مۇنبەت، ئاھالىسى كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇسەيىت سۇلـ ـتانىنىڭ دەشتى قىپچاق سەلتەنەتىنى قولىغا ئالغان ئاغا ـ ئىنى سۇلتانلاردەك، بۈيۈك موغۇلىستانىنىڭ ھۆكۈمدارى سۇلتان يۇـ نۇسخاندەك ئىتتىپاقداشلىرى بار. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئاشۇ خان ـ سۇلتانلارنىڭ تەخت ـ سەلتەنەتنى قولىغا ئېلىشى ئۈچۈن ھېچـ ـنېمىنى ئايىماي ياردەمدە بولغان. مانا ئەمدى ئۇلاردىن تەلەپ قىلسا قانچىلىك دېسە شۇنچىلىك ياردەمگە ئېرىشەلەيدۇ، دېمەك، ھازىر مېنىڭ قولۇمدا قانات ـ قۇيرۇقى يۇڭدالغان بىچارە بۈرـ كۈتكە ئوخشاپ قالغان بۇسەيىت سۇلتان، سۇلھى تۈزۈپ ئەسىرـ

لېكىن قۇتۇلۇپ سەمەرقەنتكە بېرىۋالسا قايتىدىن قانات ـ قۇي-
رۇق چىقىرىدۇ، بەلكىم ۋەھشىي يولۋاسقا ئايلىنىدۇ. ئۇل چاغدا
مەن يەنە قايتىدىن توشقانغا ئايلىنىمەن. شۇڭا سۇلھى تۈزۈشكە
ئالدىرىماي، لېكىن يا سۇلھى تۈزمەي، يا قويۇپ بەرمەي، يا ئۆل-
تۈرۈۋەتمەي بۇنداق ئۇزۇن مۇددەت نەزەربەندتە ساقلىسامۇ ياخشى
بولماس. ئۇنداق قىلىش ھۆكۈمدارلارنىڭ پەزىلىتىگە ھەرگىز
مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. باشقا سەلتەنەت پاسىبانلىرى خەۋەر تاپسا
مەسخىرە قىلىشىدۇ، قانداق قىلسام بولۇر زادى؟...»

ئۇزۇن ھەسەن ئۇزاق باش قاتۇردى، ئايغاقچىلىرى ھىرات،
سەمەرقەنتتىن ئېلىپ كەلگەن مەلۇماتلارنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ
مۇلاھىزە قىلدى. ئۈچ ـ كېچە كۈندۈز يالغۇز باش قاتۇرۇپ، خى-
يال سۈرۈپ ئولتۇرغان ئۇزۇن ھەسەننىڭ چېھرىدە بىردىنلا مەم-
نۇنىيەت كۈلكىسى پارلىدى، ۋۇجۇدىنى ھاياجانلىق تۇيغۇلار چىر-
مىۋالدى.

«توغرا، شۇنداق قىلاي، سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ سەل-
تەنەتى قارىماققا مۇستەھكەم، قۇدرەتلىك كۆرۈنگەن بىلەن، ئەمە-
لىيەتتە ئىچكى نىزا ـ ئاداۋەتلىرىمۇ خېلى بار ئىكەن؛ ھۇسەيىن
بايقارا ھازىر چوڭ خانزادە سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن ئىتتىپاق
تۈزۈپ ھىرات ئەمىرى يادىكار مۇھەممەد مىرزىغا تاقابىل تۇرۇۋات-
قاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ھاكىمى-
يەت تىكلىگۈسى بار. ئۇ مۇشۇ مەقسەتتە خېلىدىن بېرى تەخت
دەۋاسى قىلىۋاتقان ئەمەسمىدى، دېمىسىمۇ ئەمىر تۆمۈردىن
مىراس قالغان بۇ تەخت ـ سەلتەنەتتە ئۇل بۈيۈك ئىستېلاچىنىڭ
ئىككىنچى ئوغلى بولمىش ئۆمەر شەيخ ئەۋلادىنىڭمۇ نېسىۋىسى
بار. ھۇسەيىن بايقارا بۇ مەقسەت ئۈچۈن ھەرقانداق ۋاستىدىن ئا-
يانمايدۇ؛ يادىكار مۇھەممەد مىرزا بولسا ھىراتنىڭ ئەمىرلىكىگە
شۈكۈر ـ قانائەت قىلىپ ئولتۇرىدىغاندەك ئەمەس، يوقىلىپ كەت-
كىلى ئون يەتتە ـ ئون سەككىز يىل بولغان شاھرۇخىيلەر

ئەۋلادىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بېلىنى مەھكەم باغلىغاندەك قىلىدۇ، شۇڭا، ھازىر مىرانشاھ ئەۋلادى بىلەن ئۆمەر شەيخ ئەۋلادىنىڭ بىرلىشىۋېلىپ ئۆزىگە تاقابىل تۇرغانلىقىدىن قاتتىق نارازى. ئۇ ھەر ئىككى تەرەپتىكىلەرنى تەلتۆكۈس يوقىتىشنىڭ كويىدا؛ ھۇسەيىن بايقارا ھازىر كۆرۈنۈشتە خانزادە سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن كۆمەكلەشكەندەك قىلغان بىلەن، بۇسەيىت سۇلتاننىڭ ئەسىرلىكتىن بوشىنىپ سەمەرقەنت تەختگاھىغا قايتىپ كېلىشىنى، ھالاكەتكە يۈزلىنىش ئالدىدا تۇرغان مىرانشاھ ئەۋلادىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قايتىدىن مۇستەھكەملىۋېلىشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ. دېمەك، ھازىر سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ سەلتەنەتىدە كۈچلۈك تەپرىقە باش كۆتۈرۈكلۈك. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنى سۇلھىگە تەكلىپ قىلىپ قويۇپ بەرسەم، ئاخىرقى ھېسابتا زىيان تارتىدىغىنى ئۆزۈم بولۇپ قالغۇدەكمەن، ئۇنىڭدىن كۆرە سۇلھى تۈزگىنىمدىن تۈزمىگىنىم ياخشىدەك قىلىدۇ، شۇنداق قىلاي. بۇسەيىت سۇلتاننى يادىكار مۇھەممەد مىرزىغا تاپشۇرۇپ بېرەي، بۇنداق قىلسام، بىرىنچىدىن، ھېچكىم مېنى ئەيىبلىمەيدۇ، چۈنكى، ھىرات ھېلىمۇ ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ تەسەررۇپىدا، ئۇنى ھىرات ئەمىرىگە تاپشۇرۇپ بەرسەم قائىدىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، كىشىلەر مېنى بەكمۇ كەڭ قورساقكەن، رەقىبىنى سۇلھىگە زورلىماي مەردلىك بىلەن ئازاد قىلىۋېتىپتۇ، دەپ ئاپىرىن ئوقۇشىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، يادىكار مۇھەممەد مىرزا بۇ ئەھۋالدا بۇسەيىت سۇلتاننى ھەرگىز سەمەرقەنتكە يولغا سېلىپ قويمايدۇ، ئۆلتۈرمىگەن تەقدىردىمۇ زىندانغا سېلىپ ساقلايدۇ. چۈنكى، بۇسەيىت سۇلتان سەمەرقەنت تەختگاھىنى قولىغا ئېلىپ ھىراتقا بارغىنىدا سۇلتان شاھرۇخ مىرزىنىڭ خانىشى گۆھەرشاد بېگىمنى رەھىمسىزلىك بىلەن قەتلى قىلدۇرغان، شۇڭا، شاھرۇخىيلەر ئەۋلادىنىڭ ھەرقانداق بىر ئەزاسى بۇ قىساستىن ھەرگىز كەچمەيدۇ؛ تۆتىنچىدىن، يادىكار

مۇھەممەد مىرزا ئويلىغىنىمدەك ئىش تۇتسا، بۇسەيىت سۇلتاننىڭ ئۈچ خانزادىسى دىققەت ـ نەزەرنى مەندىن يادىكار مۇھەممەد مىرزىغا قارىتىدۇ. ئىچكى قىسىمدا ئاداۋەت ئوتى ئۇلغىيىپ، ئىچكى ماجىرالار ئەۋجىگە چىقىدۇ. مەيلى ئۇلاردىن قايسىسى يەڭسۇن ياكى يېڭىلسۇن، ۋەزىيەت ماڭا پايدىلىق بولىدۇ. ئۇنىڭغىچە مەن سەلتەنەتىمنى مۇستەھكەملىۋالغاچ تۇرىمەن...»

بىر قارارغا كەلگەن ئۇزۇن ھەسەن ھېچنېمىنى بىلمىگەن قىياپەتتە سەمەرقەنتتىكى چوڭ خانزادە سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا قىسقىلا مەكتۇپ يازدى:

*«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم*

*خانزادە سۇلتان ئەھمەد مىرزا جانابلىرىغا يېتىپ مە-لۇم بولغايكى، ئون سەككىزمىڭ ئالەمدىكى تاجدارلارنىڭ سەرخىلى، ئادالەت ھامىيسى، جاھانغا تىنچلىق، ئاسايىشلىق ئۇرۇقىنى چاچقۇچى مۆھتەرەم پەدەرۇ بۇزرۇكلىرى بۇسەيىت سۇلتان ئالىيلىرى قارا قويلۇق تۈركمەنلەرنىڭ قاچقۇن خانزادىسى ھەسەن ئەلىنىڭ يالغان ـ ياۋىداقلىرىغا ئىشىنىپ، كەمىنە ئاجىز نۆكەرلىرىنى ئەدەپلەش بائىسىدىن لەشكەر تارتىپ كەلگەنىدى. مۆھتەرەم بۇسەيىت سۇلتان ئا-لىيلىرىغا چەكسىز ھۆرمەت، ساداقىتىمىز بولغانلىقى ئۈ-چۈن تىغ كۆتۈرۈپ چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدۇق، شۇنداقلا سۇلھى تەلپىمىزنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن جېنىمىزنى ساقلاپ قېلىش مۇددىئاسىدا مۇداپىئەدە تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق. قازارا، قارام سەركەردىلىرىمىزنىڭ بىر قېتىملىق ھۇجۇمىدا شەۋكەتلىك بۇسەيىت سۇلتان ئالىيلىرى قول-مىزغا ئەسىرگە چۈشتى. بىرنەنچىدىن، شەۋكەتلىك خان ئالىيلىرىغا چەكسىز ھۆرمىتىمىز بولغانلىقى ئۈچۈن؛ ئىككىنەنچىدىن، مەردلىكنى، ئادالەتنى، كەڭ قورساقلىقنى ئەلا بىلگەنلىكىمىز ئۈچۈن، شەۋكەتلىك پەدەرۇ بۇزرۇكلى-*

*ـرىغا ھېچقانداق سۇلھى ـ شەرتلەرنى قويماي ئۆز تەسەررۇ-پىغا قايتۇرۇۋېتىشنى ئىختىيار قىلدۇق. ئەسلىدە بۇسەيىت سۇلتان ئالىيلىرىنى ئۇشبۇ مەكتۇپ بىلەن بىللە سەمەر-قەنتكە يولغا سېلىشنى لايىق كۆرگەنىدۇق، ئەمما ئارىلىق يىراق بولغاچقا، يولدا ئالىمادىس بىرەر كېلىشمەسلىك بو-لۇپ قالمىسۇن دەپ، جانابى بۇسەيىت سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ ئەۋلادى ئاھالىسى، ساداقەتمەن نۆكىرى بولمىش ھىرات ئە-مىرى يادىكار مۇھەممەد مىرزا دەرگاھىغا ئەۋەتتۇق. ئۇشبۇ مەكتۇپ قوللىرىغا تەگكەن ھامان دەرھال ھىراتقا بېرىپ پەدەرۇ بۇزرۇكلىرىنى سەمەرقەنتكە قايتۇرۇپ كەتكەيلا، ھەمدە ئۇشبۇ ئەرزىمەس مەكتۇپلىرىمىزنى دەلىللەپ تۇرۇپ ساداقىتىمىزنى بىلدۈرۈپ قويغايلا. شەۋكەتلىك بۇسەيىت سۇلتان ئالىيلىرى ئەسىرگە ئالغانلىق گۇناھىمىزنى ئەپۇ قىلغۇەتكەي، مېھىر ـ شەپقەت كۆرسەتكەيكى، بىزگە دۈش-مەنلىك كۆزى بىلەن قارىمىغاي.*

*ئېھتىرام بىلەن:*

*ئاق قويلۇق تۈركمەنلەرنىڭ ھۆكۈمدارى غازانىبەك ئۇزۇن ھەسەندىن دەپ بىلۈرلا.*

*نامە تامام ۋەسسالام.»*

شۇنداق قىلىپ ئاق قويلۇق تۈركمەنلەردىن مەيدانغا كەلگەن بۇ باھادىر ئەزىمەت، بىر تەرەپتىن سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئوغۇللىرىغا ياخشىچاق بولۇش، يەنە بىر تەرەپتىن يادىكار مۇھەم-مەد مىرزىنىڭ قولى بىلەن سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنى پۈتۈنلەي يوقىتىش ۋە ئەمىر تۆمۈر ئەۋلادلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قايتىدىن جەڭگى ـ جېدەل تېرىش مەقسىتىگە تولۇق يەتكەنىدى.

ھەئە، ئۇزۇن ھەسەن توغرا مۆلچەرلىگەنىكەن. سۇلتان ئە-بۇسەئىد مىرزىنى تاپشۇرۇۋالغان يادىكار مۇھەممەد مىرزا، ئۇزۇن ھەسەننىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئۆزىگە بىكاردىن ـ بىكارغا تاپشۇرۇپ

uyghurkitap.com

بەرگەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويماي، ئۇلۇغ مومىسى خانىش گۆھەرشاد بېگىمنىڭ قىساسىنى ئېلىپ، شاھرۇخىيلار ئەۋلادىنىڭ يۈرىكىدىكى ئار ـ نومۇسنى يۇيۇش ئۈچۈن سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنى قەتلى قىلدۇردى. ماۋەرائۇننەھر سەلتەنەتىگە ئون سەككىز يىلچە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، تەڭرىتاغ ۋادىسى، دەشتى قىپچاقتىن خۇراسان، باغدادقىچە سوزۇلغان بىپايان زېمىننى بىر تاجۇ تەخت ئەتراپىغا توپلاشقا مۇۋەپپەق بولغان، «بۇسەيىت سۇلتان» دېگەن سەلتەنەت نامى خېلى يىراق ـ يىراقلاردىكى ھۆكۈمدارلارنىڭ يۈرىكىگە ئەندىشە، ۋەھىمە پەيدا قىلغان سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ھاياتى ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشتى.

بۇ خەۋەر تېزلا پۈتكۈل خۇراسان، ماۋەرائۇننەھر، پەرغانە، ھەتتا موغۇلىستانلارغا تارقالدى.

دادىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن سۇلتان ئەھمەد مىرزا دەرھال لەشكەر جۇغلاپ يادىكار مۇھەممەد مىرزىغا قارشى ھىراتقا لەشكىري يۈرۈش قىلدى. ئۇنىڭغا ھىراتنى قولىغا ئېلىپلا يەنە تارتتۇرۇپ قويۇپ داغدا قالغان ھۇسەيىن بايقارا ھەمدەمدە بولدى.

72

تاشكەنت.

سۇلتان يۇنۇسخان نەزەربەند قىلىنغان بۇ قورۇنى ئانچە چوڭ دېگىلى بولمىسىمۇ، ئېگىز تام بىلەن قورشالغان ھويلىسىدا ئۆزىگە يارىشا گۈللۈكى، تال ـ باراڭلىق پېشايۋىنى ۋە ئون نەچچە تۈپ مېۋىلىك دەرىخى بار ئىدى. نەزەربەند قىلىنغان ئالتە ـ يەتتە ئايدىن بېرى يۇنۇسخان بۇ ھويلىنىڭ سىرتىغا پەقەتلا چىقىپ

باقمىدى. ھەئە، تاشكەنت ئەمىرى شەيخ جامالىددىن تەرىپىدىن قورۇقچىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇلغان لەشكەرلەر ئۇنى دەرۋازىدىن چىقىشقا يول قويمايتتى، قورۇق تام ۋە ئۆگزىلەردە كېچە ـ كۈندۈز كۆزەتتە تۇرغان لەشكەرلەر بولسا سىرتتىن بىرەر ئادەم تۈگۈل بىرەر ئۇچار قاناتنىمۇ بۇ قورۇق ئىچىگە كىرگۈزمەيتتى.

سۇلتان يۇنۇسخان دەسلەپتە تاجدارلارغا خاس سۈرىنى كۆرسىتىپ، ھەرقاچان دەرۋازىدىن بىر قەدەم نېرى بولمايدىغان لەشكەر بېشىغا ھەيۋە كۆرسىتىپ باقتى.

— كەچۈرسىلە ئالىيلىرى، — دەيتتى لەشكەر بېشى قول باغلىغىنىچە ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، — بىز پەقەت ئەمىر جانابلىرىنىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرىمىز، خىلاپلىق قىلساق كاللىمىز كېتىدۇ.

— ئەمىسە بېرىپ ئۇل دورغاڭغا يەتكۈز. دەرھال كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشسۇن.

— خوش، — دەيتتى لەشكەر بېشى، لېكىن يەنە بېزىرىپ تۇرۇۋېرەتتى.

تۇيۇقسىزلا بۈيۈك ھۆكۈمداردىن تۇتقۇنغا ئايلىنىپ قېلىش سۇلتان يۇنۇسخانغا قاتتىق ھار كەلگەنىدى. ساداقەتمەن نۆكەرلىرىنىڭ ئۆزىگە ساتقىنلىق قىلىپ جېنىغا قەست قىلىشىغا قەتئىي ئىشەنمەيتتى. شەيخ جامالىددىننىڭ ئاشۇنداق يوقىلاڭ باھانە بىلەن لەشكەر ئورۇنلاشتۇرۇپ كۆرگەن بۇ قوغداش تەدبىرىگە ئاران ئىككى ھەپتىلا سەۋر ـ تاقەت قىلالىدى. شەيخ جامالىددىن ئۇنىڭ بىلەن بىر كۆرۈشۈپ قويغىنىچە پەقەتلا قارىسىنى كۆرسەتمىدى. قورۇق تام، ئۆگزە ۋە دەرۋازىدا مىدىرلىماي كۆزەتتە تۇرۇۋاتقان لەشكەرلەر ئۇنىڭغا ئۆزىنى قوغداۋاتقاندەك ئەمەس، قاتتىق نازارەت قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بەرگەنىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ ھويلىنىڭ سىرتىدا ھەرىكەت قىلىش ئەركىنلىكىنىڭ پۈتۈنلەي يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ يەتكەندە غەزىپىنى پەقەتلا باسالمىدى. سەۋر قاچىسىنى سۇندۇرۇۋېتىپ لەشكەر بېشىغا بېسىم ئىشلەتتى، شەيخ

uyghurkitap.com

جامالىددىننى دەرھال چاقىرتىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. ئەمما لەشكەر بېشى ئەدەپسىزلىك قىلمىغىنى، قول باغلاپ ئېھتىرام بىلدۈرگىنى بىلەن ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا پەقەتلا پەرۋا قىلمايتتى. ھەتتە، شۇ كۈنلەردە ئۇ شەيخ جامالىددىننىڭ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۆزىگە ھەيۋە كۆرسەتمەكچى، غۇرۇرىنى سۇندۇرماقچى، يالۋۇرتماقچى بولغانلىقىنى ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى.

سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى، گەپ ـ سۆزلىرىگىچە خەۋەر تېپىپ تۇرغان شەيخ جامالىددىن تۇتقۇنغا ئايلىنىپ قېلىپ تۇرۇقلۇقمۇ ھۆكۈمدارلارغا خاس سالاپىتىدىن چۈشمەيۋاتقان يۇنۇسخاننىڭ ئۆزىگە ئادەتتىكى بىر ئەمىر تەرىقىسىدە مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى، لەشكەر بېشىغا ھە دېسە: «دورغىغا يەتكۈز»، «شەيخ جامالىددىن دەرھال كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشسۇن» دېگەندەك بۇيرۇقلارنى چۈشۈرىدىغانلىقىنى بىلىپ بارغانچە جەھلى قاتقان، يۇنۇسخاننى ئون بەش ـ يىگىرمە كۈندە نەزەربەندتىن ئازاد قىلىپ يولغا سېلىپ قويۇش نىيىتىدىن يېنىۋالغانىدى.

«مەن نېمىگە ئالدىرايتتىم. يەنە ئىككى ـ ئۈچ ھەپتە ئۆتسۇن، ئەھۋالدىن قارىغاندا يۇنۇسبەگ تېخىچە ھوشىنى تاپمىغاندەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ خان ـ سۇلتانلىق كىبىرىنى تاشلىمىغىنىنى، ماڭا ئەمەس ئاشۇ دەرۋازىنى ساقلاۋاتقان ئەرزىمەس لەشكەر بېشىغىمۇ ھۆرمەت قىلغىنى كېرەك ئەمەس، ئەدەپ بىلەن گەپ قىلمىغىنىنى، يېلىنمىغىنىنى بىر كۆرەي...»

ئەنە شۇنداق سەۋەب بىلەن ئىككى ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما شەيخ جامالىددىن يۇنۇسخاننى يالۋۇرغۇزۇش مەقسىتىگە يېتەلمىدى. بۇ ئارىلىقتا تاشكەنتكە سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى يېتىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن شەيخ جامالىددىننىڭ ۋۇجۇدىنى تاشكەنتنى مەركەز قىلغان پەرغانە ۋە تۈركىستاننى تەسەررۇپ قىلغان مۇستەقىل خانلىق قۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا سەلتەنەت سۈرۈش ۋەسۋەسىسى چىرمىۋالدى.

«ياراتقان ئاللاھ ئىگەم ھەرقاچان ئىنسان جۈملىسىدىن بول-

غان بىرىگە سۇلتانلىق تونىنى كىيدۈرۈپ، بېشىغا سەلتەنەت تا ـ
جىنى قوندۇرىدۇ، سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا
يول ئالغان بولسا، ئۇنىڭ سۇلتانلىق تونى تالاشتا قېلىشى ئې ـ
نىق. ئايغاقچىلارنىڭ يەتكۈزگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، شول تاپ ـ
تا چوڭ خانزادىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئاتا قىساسىنى ئېلىش
ئۈچۈن ھۈسەيىن بايقارا بىلەن كۆمەكلىشىپ يادىكار مۇھەممەد
مىرزىغا جازا يۈرۈشى قىلىۋېتىپتۇدەك. دېمەك، مەرھۇم بۇسەيىت
سۇلتاننىڭ شاھلىق تونىنى كىمنىڭ كىيىشى تېخى ئېنىق ئە ـ
مەس. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، يېگانە قۇدرەت ئىگىسى مېنىمۇ
سۇلتانلىق تونىنى كىيىشكە بۇيرۇغان ئوخشايدۇ. جەننەتماكان ئا ـ
با ـ ئەجدادلىرىم ئەزەلدىن بول پەرغانە ۋادىسىدا يۇرتدارچىلىق
قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمىر تۆمۈر ئىستىپلاسىدىن كېيىن تا ـ
كى ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئىتائەت گەردىنىمىزنى سۇنۇپ
پەرمانبەردارلىق قىلىپ كەلدۇق، ئەمدى يەنە قول باغلاپ تۇرۇۋەر ـ
مەي، ئايغاقچىلارنى ماڭغۇزۇپ خانزادە سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ
ئەھۋالىنى ئۇقۇشاي، يەنە تېخى ئەندىجاندىكى ئىنىسى ئۆمەر شەيخ
مىرزىنىڭ پەيلىنىمۇ بىلىپ باقاي. ھە راست، مۇنۇ يۇنۇسبەگنى
ئەمدى قانداق قىلسام بولۇر؟ ئەمدى ئۇنى ئازاد قىلسام ھەرگىز
بولمايدۇ. ئۇ ماڭا قاتتىق ئۆچ بولۇپ كەتتى، ئىككى ئايدىن بېرى
كۆرۈشۈش تەلىپىنى رەت قىلىپ نەزەربەند قىلغىنىمغا ئەمىرلىد ـ
رىنىڭ ساتقىنلىق قىلغانلىقىنى سەۋەب قىلسام ئەمدى ھەرگىز
ئىشەنمەيدۇ، قويۇپ بەرسەم تەسەررۇپىغا بېرىپ سەركەردە ـ لەش ـ
كەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ مەندىن ئۆچىنى ئالماي قويمايدۇ، كال ـ
لىسىنى ئېلىپ قۇتۇلايمۇ يا؟ ياق، ھازىرچە ئالدىرىماي تۇراي.
ناۋادا خانزادە سۇلتان ئەھمەد مىرزا يادىكار مۇھەممەد مىرزىدىن
ئاتا قىساسىنى ئېلىپ، غەلىبە ـ نۇسرەتكە يۈزلىنىپ قالسا، يۇ ـ
نۇسبەگنىڭ ئىشىنى سۈرۈشتۈرمەي قالمايدۇ، ئول چاغدا جاۋاب
بەرمىكىم تەسكە چۈشىدۇ، چۈنكى، بۇسەيىت سۇلتان ئۆلگەن بىد ـ
لەن ئوغۇللىرى بار، يىراقتىكى ئىككى ئوغلىنى نەزەردىن ساقىت

uyghurkitap.com

قىلغاندىمۇ، بۇرنۇمنىڭ ئاستىدا پەرغانە ئەمىرى خانزادە ئۆمەر شەيخ مىرزا بار. يېشى كىچىك بولغان بىلەن ئاچچىقى، جاسارىتى يەتكىچە بار ئۇنىڭ، ئايغاقچىلار ئۇنى ئەندىجاندا خېلى كۆپ لەشكەر توپلاپتۇ دېيىشىۋاتقان. ھىسار، قۇندۇز، بەدەخشانلارنى جوۋ-قۇرۇپ تۇرغان سۇلتان مەھمۇد مىرزىمۇ جىم ياتمىغاندۇ ھەقاچان. بۇ ئاغا ـ ئىنى خانزادىلەرنىڭ چىشىغا ئالدىراپ تەگكىلى بولمايدۇ، ئۇلار بەئەينى ئۈچ تاغدا ياتقان ئۈچ يولۋاسقا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇنۇسبەگنىڭ ئىشىدىن موغۇلىستاندىكى ئەمىر-لىرى خەۋەر تاپماي قالمايدۇ. ناۋادا ئۇلار خەۋەر تېپىپ لەشكەر تارتىپ كېلىپ قالسا، بۇمۇ بېشىمغا يەنە بىر بالا بولىدۇ. ئەس-تاغپۇرۇللا، بۇ يۇنۇسبەگنىڭ ئىشى بېشىمغا راستىنىلا بىر بالا بولامدۇ نېمە؟...»

خىيال قىلغانسېرى شەيخ جامالىددىننى غەم بېسىۋالغانىدى. شۇ تاپتا سۇلتان يۇنۇسخان ئۇنىڭ كېلىنغا تۇرۇپ قالغان سۆڭەك-كە ئوخشاپ قالغانىدى.

«سەگ جېنىدا سۆڭەك يېسە كۆتى بىلەن كېڭىشىپ يەيدۇ. مەنچۇ... بولدىلا، بۇ ئىشلارغا زىيادە باش قاتۇرۇپ يۈرمەي، ئاۋۋال خانزادە سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ باقاي، ھە راست، موغۇلىستانغىمۇ ئايغاقچى ماڭغۇزاي، ۋاقتى كەلگەندە ئەھۋالغا قاراپ بىر ئىش قىلۇرمەن. ئىشقىلىپ يۇنۇسبەگ ئالقى-نىمدا، ماڭا ئامانلىق بەرمەي تۇرۇپ، ئۇنى ئالقىنىمدىن تىرىك ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى ھېچكىم خىيال قىلمىسۇن...»

شەيخ جامالىددىن سەمەرقەنتكە، ھىرات ۋە ئاقسۇغا ئايغاقچى ماڭغۇزغاندىن كېيىن خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالدى.

※ ※ ※

قورۇنىڭ ئىچىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ تۆكۈلۈشكە باشلىغانىدى. سۇلتان يۇنۇسخان دەسلەپكى

مەزگىللەردە بۇ مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەـ
گەندى. ۋاقتىنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ ھەر بىر تۈپ دەرەخنىڭ
نەچچە تالدىن شېخى بارلىقى، غولىدا، شاخلىرىدا قانداق بەلگىـ
لەرنىڭ بارلىقى، ھەتتا بۇ دەرەخلەرگە كۈندە نەچچە قۇشقاچ، پاخـ
تەك ۋە ئاللىقانداق قۇشلارنىڭ كېلىپ قونۇپ يەنە ئۇچۇپ كېتىـ
دىغانلىقىغىچە تەپسىلىي بىلىدىغان بولۇپ قالغاندى.

ھەئە، ئۇ يېقىندىن بېرى دەرۋازا تۈۋىدىكى لەشكەر بېشىغا
پەقەتلا گەپ قىلمايدىغان، قورۇ تېمى، ئۆگزىلەردە كۆزەتتە تۇـ
رۇۋاتقان لەشكەرلەرگە ئاداۋەت بىلەن قارىمايدىغان بولۇپ قالغانـ
دى، بەش ۋاق نامىزىنى ئۆز ۋاقتىدا ئۆتەيتتى، باشقا ۋاقىتلاردا يا
ئولتۇرۇپ، يا قورۇ ئىچىدە ئاستا مېڭىپ خىيال سۈرەتتى؛ بالىلىق
دەۋرىدىن تارتىپ تاكى تەخت ـ سەلتەنەتنى قولىغا ئالغۇچە بولغان
سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەسلەيتتى؛ سۆيۈملۈك خانىشلىرى ئىسان دۆـ
لەت خېنىم، مەلىكە شاھ بېگىم بىلەن ئۆتكۈزگەن تۈنجى شېرىن
توي كېچىسىنى، ئۇلارنىڭ نازلىق، مۇھەببەتلىك تاتلىق قىلىقلىـ
رىنى، كۆيۈنۈشلىرىنى، ھەم دائىم غېمىنى يەپ سەكپارە بولۇشـ
لىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى؛ چوڭ خانىشى ئىسان دۆلەت خېـ
نىم قەيسەرلىك، ئەقىل ـ پاراسەت چېقىپ تۇرغان كۆزلىرى بىـ
لەن يولىغا قاراۋاتقاندەك، كىچىك خانىش مەلىكە شاھ بېگىم
غەم ـ تەشۋىش ئىلكىدە يىغلاپ، چىرايلىق ئاھۇ كۆزلىرىنى
ئىششىتىۋالغاندەك تۇيغۇغا كېلەتتى.

«مەلىكە شاھ بېگىم تولىمۇ ساددا، نازۇك، دىشۋارچىلىقلارغا
چىدىمايدۇ، ئۇنىڭغا ئىسان دۆلەت خېنىم تەسەللى بېرىۋاتقاندۇ
ھەقىچان. ئۇ ئەزەلدىن ئاشۇنداق كەڭ قورساق، كۆيۈمچان، گېزى
كەلگەندە ئەرلەردەك جاسارەتلىك. راست، ئەينى يىلى مەلىكە شاھ
بېگىمنى نىكاھىمغا ئالغىنىمدا مېنى كۈلۈپ تۇرۇپ مۇبارەكلىدـ
گىنى راست بولغىيمىدى. شول چاغدا نە كۆزلىرىدىن ئازاب، نە
چىرايىدىن تاتىرىش سەزمىگەنىدىم. خاتۇن كىشىنىڭ كۆنچىلىكى
يامان كېلىدۇ، ئازابلانماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئەجەب بىلىندۇرـ

www.uyghurkitap.com

مەپتىكەن دېسە، كېيىنمۇ شۇنداق كۈلۈپ يۈردى. مەلىكە شاھ بىرگىمنى كۆندىشى ئەمەس، سىڭلىسى قاتارىدا ئىززەتلىدى، تا ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ رەنجىشىپ، باتىنىشىپ كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىشىپ بەرگىنىنى بىلمەيمەن، شاھ بېگىممۇ شۇنداق، ئۇنى ئۆز ئىنگىچىسىدەك كۆرۈپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ كەلدى، مەلىكىلىكنى پەش قىلماي، ھەر ئىشتا ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىدى. شۇڭا ئۇلار بىلەن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلغانىكەنمەن ـ دە، ئۇلار نەدىدۇر، نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇر؟ شەيخ جامالىددىن ئۇلارنىمۇ نەزەربەندكە ئالدى تايىنلىق، بولمىسا ئىسان دۆلەت خېنىم ئاللىقاچان ئاقسۇغا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا چاپارمەن ئەۋەتكەن بولاتتى. ئۇل سۆيۈملۈك خانىشلىرىم بىلەن ئامان ـ ئېسەن دىدارلىششقا نېسىپ بولۇرمۇ؟...»

ئاشۇ ئىككى خانىشدىن تۇغۇلغان خانزادە ـ مەلىكىلىرى ئېسىگە كېلىش بىلەن يۇنۇسخاننىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئازابلىق تۇيغۇلار بىردىنلا تاراپ كەتتى، ئۇنىڭ ئورنىغا سېغىنىش تۇيغۇلىرى ئالماشتى. باللىرىنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئوماق، تاتلىق قىلىقلىرى، ئەركىلەپ سۆزلەشلىرى كۆز ئالدىدا زاھىر بولدى.

«ئاھ، پەرزەنت پىراقى ئاجايىپ بولىدىكەن. پاراكچىلارنىڭ: ‹ئادەم ئاتىمىز بىلەن ھاۋا ئانىمىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بولمىغان، ئۇلار بارلىق مېھرىنى پەرزەنتلىرىگە بەرگەنىكەن، شۇڭا، ئىنسانلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن كۆرە باللىرىغا كۆيۈنۈشى شۇلاردىن ئۇدۇم قالغانىكەن› دېيىشلىرىنىڭ ئاساسى بار ئىكەن ـ دە. ئەمەلىيەتتە بۇغۇ بىر ھەزەمەت گەپ. لېكىن، پەرزەنت پىراقىغا چىدىماق ئەجەب تەسكەن. سەلتەنەت ئىشلىرى بىلەن بولۇپ ئۇلارنى ئاز ئەركىلەتكەن، ئاز باغرىمغا باسقانىكەنمەن. ئامان ـ ئېسەن كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولسا ئاتىلىق مېھرىمنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تولۇق بېرىمەن. تەربىيەلەشنى ئىنىكئانا، ئەتكە، كۆكۈلداش، كېنىزەكلەرگە تاشلاپ قويماي ئۆزۈم تەربىيەلەيمەن، پەزىلەت ئۆگىتىمەن. ئاھ خۇدا، قۇدرىتىڭ ئۇلۇغ، ھىممەت ـ ئىنا-

يىتىڭ چەكسىزدۇر، ئاشۇ نارەسىدىلىرىمنى يامان كۆز، يامان نىيەتلەردىن ئۆزۈڭ پاناھىڭدا ساقلىغايسەن...»

شۇ كۈنلەردە يۇنۇسخان ھويلىدىكى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ ياپيېشىل تۇرۇشىنى، سارغىيىپ تۆكۈلۈپ كەتمەسلىكىنى ئارزۇ قىلاتتى، گويا ئاشۇ يوپۇرماقلار بىلەن تەڭ بارلىق ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى تۆكۈلۈپ كېتىدىغاندەك ۋايىم يەيتتى. ئەمما ئىزغىرىن كۈز شامىلى يوپۇرماقلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن تۆكەتتى. ھەر بىرتال سارغايغان يوپۇرماق شىرىلداپ چۈشكەندە سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ يۈرىكى سىرقىراپ كېتەتتى.

ئۇ بۇگۈن ناشتىدىن كېيىن قورۇنىڭ ئاپتاپ چۈشكەن يېرىدە بىر ئولتۇرغىنىچە تاكى كۈن چۈش بولغۇچە مىدىرلىماي ئولتۇردى، تۇرقىدىن ۋۇجۇدىنى زىددىيەتلىك خىياللار چىرمىۋالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، قوشۇمىلىرى پات ـ پات تۈرۈلۈپ قالاتتى، كۆزلىرى ھامان ئويچان ئىدى.

«... شۇنداق قىلاي، شەيخ جامالىددىنغا خەت يازاي. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇ مەن بىلەن بۇ يېقىنلاردا كۆرۈشمەيدىغان ئوخشايدۇ، ھېچ بولمىسا ئوي ـ خىياللىرىمنى، مەقسەت ـ مۇددىئالىرىمنىمۇ بولسا بىلدۈرۈپ قوياي...»

يۇنۇسخان ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ خاس ھۇجرىسىغا قايتىپ كىردى. ئاندىن سۇپىنىڭ ئۈستىدىكى شىرەنىڭ ئالدىدا چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئەتىگەندىن بېرى كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنى يېزىشقا كىرىشتى:

*«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم*

*تاشكەنت دورغىسى شەيخ جامالىددىن ئۇشبۇ مەكتۇپۇمنى سالامنامە ئەمەس، ئاگاھنامە دەپ چۈشەنگەي.*

*بىلىپ قالسۇنلاركى: سۈيقەست بىلەن ھەسەت شۇنداق بىر يامان كېسەلكى، كىشىنىڭ قەلبىنى جاراھەتلەپ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. سىلى شول تاپتا*

ۋۇجۇدىنى سۈيىقەست بىلەن ھەسەت چىرمىۋالغان بىچارە بايقۇشقا ئوخشايدىلا. تەن كېسەلگە ھەكىملەر ھەر ئامال بىلەن دورا تاپۇر، بىراق كۆڭۈلگە چۈشكەن كېسەلگە لوقمان ھەكىممۇ ئامالسىزدۇر. بۇنىڭ شىپائى ئول كىشىنىڭ ئۆزىدۇر. دۇنيادا ئىنساننىڭ ئەڭ ئاجىز، چاكىنىسى سۈيىقەستچى كېلۇر. سىلى بىزلەركىم بۈيۈك سەلتەنەت ساھىبىنى ھىيلە ـ مىكىر بىلەن نەزەربەند قىلىپ، بۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى تولىمۇ كۈچلۈك، ئەقىللىق، قۇدرەتلىك ساناپ يۈرۈۋاتىدىلا.

ئەسلىدە سىلىنى قىيامەتلىك بۇرادىرىم بۇسەيىت سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ نۆكىرى دەپ قارىغانلىقىم ھەمدە ئىلگىرى يېپىشكەن تۇزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن مۇسۇلماندارچىلىق سالامىنى بەجا كەلتۈرۈش مۇددىئاسىدا ئالايىتەن تاشكەنتتە توختاپ ئۆتتۈشنى نىيەت قىلغانىدىم، چۈنكى، مۇسۇلمانىنىڭ مۇسۇلمانغا سالام بېرىشى پەرھىز، ئىلىك ئېلىشى قەرز ئەمەسمۇ؟! ناھايىتى ئەپسۇسكى، سىلى بولسىلا قول ئاستىمدىكى بىرقانچە رىياكارلار بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ سۈيىقەست قىلماقچى بولدىلا ۋە بۇ قىلمىشلىرى بىلەن سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىدەك مەرد ـ مەردانە پاسىبانلىرىنىڭ شانۇ شەۋكىتى، ئىززەت ـ ئابرۇيىغا داغ چۈشۈردىلە، چۈنكى ياخشى، ساداقەتمەن ۋەزىر ھەرقاچان ئۆز پاسىبانىنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ساقلايدۇ ۋە بەلكىم ئاشۇرىدۇ، سەلتەنەتكە زىننەت بېرىدۇ. ئۇنىڭ دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى بولۇشىغا كۈچ چىقىرىدۇ، مۇشۇ ئېسىل پەزىلەتلىرى بىلەن ئول ۋەزىرنىڭ ياخشى نام ـ ئاتىقى ئۆز پاسىبانلىرىنىڭ نامى بىلەن ئەل ئارىسىدا ئەلەددامام يادلىنىدۇ. مەسىلەن، پەيغەمبەرلىرىمىزدىن سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ئاسىف ئىبنى بەرخىيا، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىنىسى ھارۇن، ئەيسا ئەلەيھىسسالامغا شەمئۇن، مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالامغا ئەبۇبەكرى سىددىق، بۈيۈك ھۆكۈمدارلاردىن كەيخۇسراۋغا گەۋدەرىز، مەنۇچىرغا سام، ئالىپ ئەرتۇڭاغا پىرانى ۋاسا، رۇستەمگە زاۋارا، بەھرام گۆرگە قۇرارۇز، نۇ-شىرۋانغا بۇزۇرجۇمھۇر.. قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولدى ۋە ساداقىتى بىلەن سەلتەنەت ئىشلىرىغا كۈچ چىقاردى. ھەر-قانداق بىر ئىشتا ئەڭ ئاۋۋال پاسىبانلىرىنىڭ شانۇ شەۋ-كىتى، يۈز - ئابرۇيىنى ئويلىدى. شۇ سەۋەب بىلەن ئۇل زاتلارنىڭ نامى پاسىبانلىرىنىڭ شەۋكىتى، شۆھرىتى بىلەن تەڭ جۇلا تاپتى، ئەل - يۇرتقا تارىدى. بىراق سىلى سادا-قەتمەن، قابىلىيەتلىك ۋەزىر - ئەمىر بولۇشقا لايىق ئىش قىلمىدىلا. سىلىنىڭ بۇ قىلىقلىرى پاسىبانلىرىنىڭ ئابرۇ-يىنى تۆكىدىغان، سەلتەنەتنىڭ ئۇلىنى كولايدىغان بەچچىد-غەرلەر تائىپىسىگە مەنسۇپ قىلىقتۇر.

ئەۋزەل زامان يېتىپ كەلسە پاسىق زامان ئۆزگىرىدۇ. پەقەت جانابى ھەقلا خالىغىنىنى قىلىشقا قادىردۇر، سىلى كۆڭلى تىنىق سۇدەك سۈزۈك، دەرىيادەك كەڭرى، ھەققانىد-يەتنى ياقلاشتا ئوق ۋە نەيزىدەك ئۆتكۈر، ساداقەتكە ۋاپانى ھەمراھ قىلىدىغان ئادەم بولغان بولسىلا دۇنيادىكى بەختىد-يار ئادەملەرنىڭ بىرى بولاتتىلە، ئەپسۇس، ئېھتىرام بىلەن تۇتقان دوستلۇق گۈل - دەستىلىرىمنى ۋاپا سۇلىرى بىلەن سۇغارماقتا يوق، ھەسەت، سۇيىقەست ئوغىلىرى بىلەن پاي-خان قىلىۋەتتىلە. كۆڭۈللىرى يۇندىدەك مەينەت، ئايالللارنىڭ ھەيز لاتىسىدەك بۇلغانغان، نايناق نازىنىنلاردەك تۇتۇرۇق-سىز ئادەم ئىكەنلا.

ھەسەت بىلەن ساداقەتسىزلىك ئىنساندىكى بارلىق. سۇپەتلەرنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن ناچار، ھەممىدىن پەسرەكى بولۇپ، ئۇ تۆۋەن ھىممەت، پاسكىنا تەبىئەتتىن ئاپىرىدە بولىدۇ. مەن نىجاتلىقنى بىر ھەقتىن تىلەيمەن. سىلىدەك پاسكىنا تەبىئەتلىك، تۆۋەن ھىممەتلىك ئادەمدىن قىلچىد-

*لىك مېھىر ـ شەپقەت كۈتمەيمەن. خىياللىرىدا مېنى مۇشۇنداق بىر ئۆمۈر تۇتقۇنلۇقتا مەھكۇم قىلىمەن دەپ ئويلىغان بولسىلا قاتتىق خاتالاشقان بولىدىلا. چۈنكى، ھەرقانداق نىجاتلىق يېگانە قۇدرەت ئىگىسىنىڭ كارامەتلىرىگە باغلىق. مانا بۇلار سىلىگە بەرگەن ئادىل باھايىم ۋە بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغان مۇددىئايىم. ئۇشبۇ مەكتۇپنى يېزىشىمنىڭ بائىسىمۇ ھەم شۇ. ئاخىرىدا جانابى ئاللاھتىن كۆڭۈللىرىگە ئىنساب، تەۋپىق ۋە ھىدايەت تىلەيمەن.*

*بۈيۈك موغۇلىستان تەختگاھىنىڭ تاجدارى سۇلتان يۇنۇسخاندىن دەپ بىلۇرلا.»*

※ ※ ※

مەكتۇپنى ئوقۇپ چىققان شەيخ جامالىددىن غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ شۇ كۈنلەردە كەيپىياتى جايىدا ئەمەس ئىدى. ئايغاقچىلىرى ئۇنىڭغا كۈتكىنىدەك مەلۇماتلارنى يەتكۈزمىگەنىدى. يادىكار مۇھەممەد مىرزا تېخىچىلا ھىراتنى مەھكەم بېسىپ ياتقان،خانزادە سۇلتان ئەھمەد مىرزا بولسا سوغۇققانلىق بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، پەقەت ھۆسەيىن بايقارالا يادىكار مۇھەممەد مىرزا بىلەن تىركىشىۋاتقانىدى. بۇنداق ئەھۋالدا خانزادە سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ سەلتەنەت ئۈلى قىلچىلىك تەۋرىمەيتتى. دېمەك، شەيخ جامالىددىننىڭ ئەمىر تۆمۈر ئەۋلادىدىن بولغان ئۈچ خانزادە ھاكىمىيەت تالىشىپ جەڭ قىلىپ بىر ـ بىرىنى يوقىتىدۇ، ئۆزلۈكىدىنلا تۈگىشىدۇ، ئاخىرقى ھېسابتا تاشكەنتنى مەركەز قىلغان پەرغانە ۋادىسى ماڭا ئۆكچە قالىدۇ دېگەن خام خىيالى كۆپۈككە ئايلانغانىدى. مانا مۇشۇنداق ئىچ پۇشۇقىدا تۇرغاندا سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ تەئەددى، ئەيىبلەشلەر بىلەن تولغان مەكتۇپى ئۇنىڭ تىناق تومۇرىغا تەگكەنىدى. «كۆڭۈللىرى يۇندىدەك مەينەت، ئاياللارنىڭ ھەيز لاتىسىدەك بۇلغانغان، نايناق نازىنىلار-

دەك تۇتۇرۇقسىز ئادەم ئىكەنلا... مەن نىجاتلىقنى بىر ھەقتىن تىلەيمەن، سىلىدەك پاسكىنا تەبىئەتلىك، تۆۋەن ھىممەتلىك ئادەمدىن قىلچىلىك مېھىر ـ شەپقەت كۈتمەيمەن...» دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ كاللىسىدا توختىماي جاراڭلايتتى، چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرىگە قان تولغانىدى. يۇنۇسخاننى ھازىرلا چايناپ ـ چايناپ پۇركۇۋېتىدىغاندەك چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى.

«خەپ يۇنۇسبەگ. تېخى سېنى نەزەربەند قىلغىنىمغا پۇشايمان قىلىپ يۇرۇپتىمەن. ئەمما سەن بىقوۋۇل ھالەتتە تۇرۇپمۇ ماڭا شاھلىق، تاجدارلىق كىبىرىڭنى كۆرسىتىۋاتىسەن، ئىشەنگەن يۆلەنچۈكۈڭ، شاپائەتچىڭ سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئاللىقاچان ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەتكىنىدىن خەۋىرىڭ يوق ـ تە سېنىڭ. ئەسلىدە ماڭا يېلىنىشىڭ، يالۋۇرۇشۇڭ، ھېچ بولمىسا سىلىق ـ سىپايە، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن كۆڭلۈمنى يۇمشىتىشىڭ كېرەك ئىدى. ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ قىلدىڭ. بۇ تەكەببۇرلىقىڭنىڭ دەردىنى تارتىسەن تېخى. قېنى كۆرۈمىز، سېنى بۇ تۇتقۇنلۇقتىن كىم قۇتۇلدۇرۇپ چىقاركىن؟ ئالتە ئايدىن بېرى نەزەربەندتە تۇرساڭمۇ كاتتا ھۆكۈمدارلارغا خاس مەئىشەتلەردىن بەھرىمەن بولدۇڭ، كۈتۈلدۈڭ. ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ، مۇشۇنداق تىل ـ ھاقارەتلەر بىلەن تولغان مەكتۇپنى يازغانلىقىڭ ئۈچۈن سۇبھان توۋا دېگۈزمەيدىغان بولسام، خەپ...»

شەيخ جامالىددىن پۇتۇنلەي ئالتۇن بىلەن قاپلىتىۋالغان چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە قولىدىكى مەكتۇپنى تىتىپ ـ تىتىۋەتتى.

— ئەمىر جانابلىرىغا مەلۇم بولغاي.

شەيخ جامالىددىن تاپىسىدا قول باغلاپ تۇرغان مەھرەمگە گۆلەيدى.

— خوش.

— سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ ئىككى خانىشى ئەمىر جانابلىرىغا دەيدىغان ئەرزىمىز بار دەپ غەلۋە قىلىۋاتىدۇ.

مەلۇماتنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ كاللىسىغا پالىلدە بىر ئەقىل كەل-
دى.

«نەچچە ۋاقتىن بېرى نېمىشقا ئېسىمگە كەلمىگەندۇ، راست-
ئول ھاكاۋۇر يۇنۇسبەگنىڭ خاتۇن ـ بالىلىرى مېنىڭ قولۇمدا
ئەمەسمۇ؟ ئەجەبا ئۇنىڭ خاتۇن ـ بالىلىرى بىلەن پەقەتلا كارى
بولماسمۇ؟ تېخى چوڭ سۆزلەپ ھاقارەتلەپ كېتىشلىرىنى. ئەمدى
يالۋۇرمىغىنىڭنى، مېھىر ـ شەپقەت تىلىمىگىنىڭنى كۆرەي. خەپ
يۇنۇسبەگ، سېنى شۇنداق بىر ھاقارەتلەيكى...»

شەيخ جامالىددىن خىيالىنىڭ ئاخىرىنى يىغىشتۇرۇپ مەھ-
رەمگە قارىدى.

ــ بىرئازدىن كېيىن ئۇلارنى باشلاپ كىرسۇنلار.

ــ خوش.

مەھرەم ئارقىچىلاپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ دەستارپىچ[1] نىڭ ياردىمىدە ئەمىرلىك تون ـ كۇلاسىنى
كىيدى، مەنسەپ ئوتۇغاتىنى تاقىدى، ئاندىن سارايغا چىقىپ تۆر-
دىكى كۇرسىدا ئولتۇردى. ھايال ئۆتمەي سارايغا خانىش ئىسان
دۆلەت خېنىم بىلەن خانىش شاھ بېگىم كىرىپ كەلدى. ئۇلار
يۈزلىرىنى شايى رومال بىلەن يېرىم يۆگىۋالغانىدى. سارايىنىڭ
ئوتتۇرىسىدا توختاپ تەكەببۇرلۇق بىلەن ئولتۇرغان شەيخ جاما-
لىددىنغا قوللىرىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ تۇرۇپ تەۋازۇ بىلەن
سالام بەردى:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، دورغا جانابلىرىغا ئېھتىرام بولغاي.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ــ دېدى شەيخ جامالىددىن ئىككى
خانىشنىڭ سالامىنى ئىلىك ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ.

«ئىككى خانىشنىڭ داڭقى ئەل ـ يۇرتقا بىكارغا تارقالمىغا-
نىكەن ـ دە. راستتىنلا بىر ـ بىرىدىن قېلىشمىغۇدەك گۈزەللەر-
دىن ئىكەن. بۇ ئىككىسىنى پەقەتلا كۇندەشلىك قىلىشمايدۇ،

[1] دەستارپىچ ــ خان، سۇلتان، ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ كىيىنىشىگە مەس-
ئۇل خىزمەتكار.

خۇددى بىر قورساق ئىگىچى ـ سىڭىللاردەك ئىناق ئۆتىدۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم، راست ئوخشايدۇ. يۇنۇسبەگ ئۇلارنى قانداق قىلىپ ئاشۇنداق ئەپ ـ ئىناق ئۆتۈشكە كۆندۈرگەن بولغىيتتى؟ مەن بولسام خۇدانىڭ كۈنى ئاشۇ ئاغىچىلارنىڭ غەلۋە ـ جېدىلىدە يا ـ شايمەن. تا مۇشۇ كەمگىچە ئول تۆت ئاغىچامدىن ھېچبولمىغاندا ئىككىسىنىڭ بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ غىزالانغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىدىم...»

— ئانەزرىتىمگە قەست قىلماقچى بولغان تۈزكورلارنى تۇتتىلىمۇ؟

خانىش ئىسان دۆلەت خېنىمنىڭ ئۇدۇللا سورىغان بۇ سوئالى شەيخ جامالىددىننىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىككى خانىشقا قايتىدىن نەزەر تاشلىدى. ئەسلىدە ئۇ ئىككى خا ـ نىشنى يىغلاپ ـ يالۋۇرۇپ سارايىنى بېشىغا كىيىدۇ، ئۆزلىرىنى سۇلتان يۇنۇسخان بىلەن كۆرۈشتۈرۈشنى ئۆتۈنىدۇ، دەپ پەرەز قىلغانىدى. بىراق ئۇلار قەددىنى تىك تۇتۇپ، شەيخ جامالىددىنغا تىك قاراپ، خۇددى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ قول ئاستىدىكى مەھ ـ رەملەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك تەئەددى بىلەن گەپ سوراۋاتاتتى.

ھەئە، شەيخ جامالىددىن بۇ ئىككى خانىشقىمۇ سۇلتان يۇ ـ نۇسخانغا دېگەن يالغان ـ ياۋىداقلىرىنى تېخىمۇ كۆپتۈرۈپ ئېيت ـ قان ۋە بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ سۇلتان يۇنۇسخاننى ئايرىم جايلاشتۇرغانلىقىنى بىلدۈرگەن، شۇنداقلا خانىشلارنىڭمۇ بىخە ـ تەرلىكىنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى باھانە قىلىپ، ئۇلارنى ھەرىمىدى ـ كى ئايرىم بىر قەسىرگە نەزەربەند قىلغانىدى، تا بۈگۈنگىچە خا ـ نىشلارنىڭ كۆرۈشۈش تەلىپىنى رەت قىلىپ كەلگەنىدى. سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئاللىقانداق بىر كىملەرنىڭ قەستىگە ئۇچراپ قې ـ لىشىدىن ۋايىم يېگەن ئىككى خانىش شەيخ جامالىددىن بىلەن كۆرۈشۈپ، يۇنۇسخاننىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىش نىيىتىدىن پەقەتلا يالتايمىغانىدى.

— ھە... ياق... — شەيخ جامالىددىن بىرئاز دۇدۇقلىدى،

كېيىن دەرھال ئۆزىنى رۇسلىۋالدى، — خانىش ئايىملار خاتىرجەم بولغاي، ئول سۇيىقەستچىلەرنى پات يېقىندا تامامەن يوقىتىمىز. خان ئالىيلىرى ساپلا تۇزكورلارنى تاللاپ ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپتىكەن ئەمەسمۇ، تېخى ئۇلارنى تامامەن دېگۈدەك قولغا چۈشۈرۈپ بولالمىدۇق.

— ھېلىقى رىياكار، نائەھلى، ئاچكۆز ئەمىرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا قالغان مەھرەم ـ نۆكەرلەر ئىنتايىن ئىشەنچلىك، — دېدى خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم، — بىلىشىمىزچە، ھېلىقى تۆت ئەمىرنى ئۆز ۋاقتىدىلا تۇتقان ئىكەنلا.

— شۇنداق، لېكىن شېرىكلىرىنى تېخىچە ئىزدەۋاتىمىز، سوراق قىلىپ تەھقىقلەۋاتىمىز.

— ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدىكى قوشنىدارچىلىق يوسۇنلىرى بويىچە ئول نائەھلىلەرنى ئانھەزرىتىمگە تاپشۇرۇپ بېرىشلىرى، ئۇلارنى ئۆز پاسىبانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يول قويۇشلىرى كېرەك ئىدى. مەيلى ياخشى، مەيلى يامان بولسۇن ئۆزگە ئەل پۇقراسىغا قىلىنغان مۇئامىلە شۇ ئەلنىڭ پاسىبانىغا بىلدۈرۈلگەن مۇئامىلىنى كۆرسىتىدۇ. ئەجەبا ئۆزلىرى تاشكەنتتەك كاتتا شەھەرنىڭ دورغىسى تۇرۇقلۇق مۇشۇنداق سەلتەنەت يوسۇنلىرىنىمۇ بىلمەمدىلا؟

ئىسان دۆلەت خېنىمنىڭ ھە دېسە تەئەددى بىلەن سوئال سورىشى شەيخ جامالىددىننىڭ بىردىنلا ئوغىسىنى قايناتتى:

— خاتۇن كىشى سەلتەنەت ئىشلىرىدىن ئۆزىنى چەتلەشتۇرمىكى لازىمدۇر، — دېدى ئۇ تېرىكىپ، — بۇنداق ئىشلارغا سىلىنىڭ باش قاتۇرۇشلىرى بىھاجەتتۇر. گەرچە خانىشلىق مەرتىۋىلىرى بولسىمۇ، سەلتەنەت ئىشلىرىنى سۈرۈشتۈرۈش ھەققىلىرى يوقتۇر.

— دېمىسىلىمۇ بۇنى بىلگۈچىلىكىمىز بار، — دېدى ئىسان دۆلەت خېنىم شەيخ جامالىددىننىڭ ھەيۋىسىگە پىسەنت قىلماي، — بىز ھېچقاچان خان ئالىيلىرىدىن ھوقۇق، مەجبۇرىيەت تەلەپ

قىلغان ئەمەسمىز ھەم خان ئالىيلىرىمۇ بىزگە ئۇنداق ئىمتىياز بەرمىگەن، بىراق بىز ھازىر ئۆزگە ئەلدە تۇرۇۋاتىمىز، يەنە كېلىپ بارلىق ھەرىكەتلىرىمىز چەكلەنگەن. نە پاسىبانىمىز، نە مۇلازىملىرىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن بىخەۋەرمىز. شول بائىستىن ئۆز ئېلىدىمىزنىڭ غورۇرىنى قوغداشقا، ھەق ـ ھوقۇقىمىزنى بىلدۈرۈپ قويۇشقا جۈرئەت قىلدۇق. ئول تۆت ئەمىر رىياكارلىق قىلغان بولسا ئۆز پاسىبانىغا قىلدى، مۆھتەرەم بۇسەيىت سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ نام ـ ئابرۇيىغا دەخلى يەتكۈزمىدى. شۇڭا بىزگە سەلتەنەت ئىشلىرىنى سۈرۈشتۈردۈڭ، دەپ دوق قىلىشلىرى بىمەنىلىكتۇر. ئانھەزرىتىمىز يېنىمىزدا بولسا ئىدى، بۇ ئىشلار بىلەن زىنھار كارىمىز بولماس ئىدى. بىراق، ئانھەزرىتىم بىلەن كۆرۈشمىگىنىمىزگە بىرنەچچە ئايلار بولدى. ھېچبىر سەۋەبسىز ئەر ـ خاتۇنلارنى ئايرىپ تۇرۇش شەرىئەت ئەھكاملىرىغا خوپ كەلمەيدۇ. سىلى دېگەن ناھايىتى بىر شەھەرنىڭ دورغىسى، ھەرگىزمۇ بىر ئەلنىڭ پاسىبانى ئەمەس، شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ بىخەتەرلىكىمىزدىن ۋايىم يەپ كېتىشلىرى ھاجەتسىز. بىزنى شەھەردىن ساق ـ سالامەت ئۇزىتىپ قويسىلا بارلىق مەجبۇرىيەتلىرى ئادا بولغان بولىدۇ.

خانىش ئىسان دۆلەت خېنىمنىڭ: «سىلى دېگەن ناھايىتى بىر شەھەرنىڭ دورغىسى، ھەرگىزمۇ بىر ئەلنىڭ پاسىبانى ئەمەس» دېگەن سۆزلىرى شۆھرەتپەرەس شەيخ جامالىددىننىڭ يۈرىكىگە نەشتەر بولۇپ سانجىلدى، ئۆزىنى قىلچىلىك نەزەرىگە ئىلمىغانلىقى بەكمۇ ھار كەلدى.

— بولدى بەس! بىزنىڭ قائىدىمىزدە خاتۇن كىشى بىلەن بەس ـ مۇنازىرە قىلمايمىز، — دېدى شەيخ جامالىددىن قاپىقىنى تۈرۈپ.

— شۇنداق، راست دەيدىلا. ئارتۇق گەپ خەر[1]گە يۈك. بۇنى بىزمۇ بىلىمىز. ئەمما سىلىمۇ يولدىن چىقمىسىلا.

① خەر — ئېشەك.

شەيخ جامالىددىننىڭ «خەر ــ ئىشەك» دېگەن لەقىمى بار ئىدى ۋە بۇ لەقەمنى قاتتىق ھار ئالاتتى. بۇنى ئوبدان بىلىدىغان تاشكەنت خەلقى ئۇنىڭ ئالدىدا ئەمەس، ھەرقانداق يەردە ئىشەككە مۇناسىۋەتلىك گەپ ـ سۆز قىلىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىشاتتى، شۇ تاپتا خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم ئۇنىڭ يۈزىدىن يۇ-زىگىلا «ئارتۇق گەپ خەرگە يۈك» دەپ لەقىمىنى تىلغا ئالغانىدى. بىر چەتتە قول باغلاپ تۇرۇشقان ساراي مەھرەملىرى قورققىنىدىن دەرھال يەرگە قارىشىۋالدى. خانىشتىن باشقا ئادەم بۇ گەپنى قىلغان بولسا ئاللىقاچان دەررىگە بېسىلغان بولاتتى.

ئەرۋايى قىرىق گەز ئۆرلىگەن شەيخ جامالىددىن غەزەپ بىلەن كانىيىنى ئەستى:

ــ سىلى نېمە دېمەكچى؟

خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

ــ خان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشمەكچىمىز.

ــ خان ئالىيلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى مۇھىم. ھازىرچە مۇمكىن ئەمەس.

ــ نېمىشقا؟

ــ سۈيىقەستچىلەر تېخى تۇتۇلغىنى يوق.

ــ بۇ گەپلىرى بىلەن ئەمدى بىزنى ئالدىيالمايدىلا. خان ئالىيلىرى سۈيىقەستچىلەردىن ئېھتىيات قىلىشقا توغرا كەلسە ئۆز نۆكەرلىرىدىن ئەمەس، تاشكەنتلىكلەردىن ئېھتىيات قىلىشى كېرەك.

ئىسان دۆلەت خېنىم شەيخ جامالىددىننىڭ كۆزىگە نەشتەر دەك تىكىلدى.

شەيخ جامالىددىننىڭ ۋۇجۇدىنى بىردىنلا تەشۋىش باستى. شۇنداقتىمۇ نەزەرىدە تولىمۇ ئاجىز ھېسابلىنىدىغان ئايال كىشىنىڭ ئالدىدا بېزىرىپ تۇرۇشنى خالىمىدى:

ــ سىلىنىڭ مۇددىئالىرى خان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشۇشمۇ ياكى ئەر دەۋاسى قىلىشمۇ؟

باياتىنبېرى چوڭ خانىشقا يول قويۇپ، ئەدەپ ساقلاپ تۇرغان خانىش شاھ بېگىم بۇ ھاقارەتكە تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى:

ــ ھاياسىزلىق قىلمىسىلا، مۇشۇمۇ بىر شەھەرنىڭ دورغىسى دەيدىغان گەپمۇ؟! جاڭگالدا خەر باققان ئادەممۇ بۇنداق بىھايا سۆزلىمەيدۇ، بىلىپ قالسىلا، بىز دېگەن خانىش، دۆلەت ئانىسى.

لەقىمىنىڭ ئىككىنچى قېتىم تىلغا ئېلىنىشى شەيخ جامالىددىننى بوغۇلدۇرۇپ قويدى.

ــ كېلىڭلار! ــ دېدى ئۇ مەھرەملىرىگە زەردى بىلەن قاراپ، ــ خانىش ـ ئايىملارنى سارايغا ئاپىرىپ قويۇڭلار.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە سارايدىن چىقىپ كەتتى.

«يۇنۇسبەگنى ھاكاۋۇرمىكىن دېسەم ئاغىچىلىرى ئاندىن ئارتۇق ئىكەن. خاتۇن كىشى بىلەن تەڭ بولغانلىقىم ئۇچۇن ئۆزۈمگە ئاز زادى. ئۇلار نەچچە ئايلاپ نەزەربەندتە تۇرۇپمۇ ئەجەب پېتىدىن چۈشمەپتۇيا؟ ئۇلارنىڭ بايامقى گەپلىرى ئاۋامغا تارقىلىپ كېتىدىغان بولسا... ئەمدى ئۇلارغا يۈز ـ خاتىر قىلىشنىڭ ئورنى قالمىدى. دۆلەت ئانىسىمىش تېخى. كىملىكىنى كۆرسىتىمەن ئۇلارغا. شۇنداق قىلاي، باشقا بىرىگە نىكاھلاپ بېرىۋەتسەم خانىشلىقى ئىككى پۇل بولىدۇ، ھايات تۇرۇپ خانىشىنى خەق خوتۇن قىلسا يۇنۇسبەگ نېمە بولۇپ كېتەر ـ ھە؟! شول چاغدا يۇنۇسبەگمۇ، خانىشمۇ ئالدىمدا تىزلانمىغىنىنى كۆرەي...»

ــ خوجا كالان ئالمىلىق باغقا كەلسۇن، ــ دېدى شەيخ جامالىددىن ئارقىسىدىن شەپە چىقارماي كېلىۋاتقان خاس مەھرىمىگە قاراپ.

ــ خوش، ــ دېدى مەھرەم.

شەيخ جامالىددىن تەسكەي تەرەپتىكى ئالمىلىق باغقا قاراپ ماڭدى. بايا تىلغا ئالغان خوجا كالان ئۇنىڭ خاس باغۋىنى بولۇپ، ئايالى يېقىندىلا قازا قىلىپ كەتكەنىدى. باغ بىنا قىلىش، ئۇلاقچىلىق ئىشلىرىدا ئالاھىدە ئىقتىدارى بار بۇ باغۋەن خېلى مۆتىدۆەر كىشىلەردىن سانىلاتتى. ھەرقانداق مېۋە پىشسا باش بۇرنىنى

www.uyghurkitap.com

شەيخ جامالىددىنغا يېگۈزەتتى، مەھكىمىدىكى يۇقىرى ـ تۆۋەن ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ خالىغانچە مېۋە ئۈزۈشىگە يول قويمايد-تى، مېۋە ئۈزگىنىنى سەزسە غوۋغا كۆتۈرۈپ، شەيخ جامالىددىنغا چېقىشتۇراتتى. شۇ سەۋەبتىنمۇ شەيخ جامالىددىن بۇ باغۋەنگە كۆڭلىنى ئالاھىدە يېقىن تۇتاتتى.

«بۈيۈك موغۇلىستان سۇلتانىنىڭ خانىشى ئاددىي بىر باغ-ۋەنگە خاتۇن بولسا نېمىدېگەن كۈلكىلىك ـ ھە؟! بۇ ۋەقەدىن يۇ-نۇسبەگ خەۋەر تاپسا ھوشىدىن كەتمىسىمۇ چوقۇم ئېسىنى يوقى-تىدۇ، خوپ بولدى، كىم ئۇلارنى ماڭا كىبىر كۆرسەتسۇن دەپتۇ. ئاۋۋال ھېلىقى زۇۋانداز چوڭ خانىشنى ياتلىق قىلىۋېتەي. كىچىك خانىشنى...»

شەيخ جامالىددىن شاھ بېگىمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشى ھا-مان كۆڭلىدىن باشقىچە بىر خىيال كەچتى، ئاغزىغا جۇغلاشقان سېرىق سۇنى غورتىدە يۇتۇۋەتتى.

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەمىر جانابلىرىنىڭ ئالتۇن بويلى-رىغا ئېسەنلىك تىلەيمەن.

ئۇ ئالدىدا پۈكلىنىپ تۇرغان خوجا كالانغا كۈلۈپ چىراي ئاچتى:

ـــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. يېقىنراق كەلسىلە. ھە، بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرسىلا.

تۇيۇقسىز چاقىرتىلىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە ئالدىراپ تۇرغان خوجا كالان دەماللىققا ئەمىرنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇ-رۇشتىن قورۇندى. ئادەتتە شەيخ جامالىددىن تۆۋەن دەرىجىلىك خىزمەتكارلىرىغا بۇنداق مۇئامىلە قىلمايتتى.

ـــ ھە، ئولتۇرسىلا.

خوجا كالان ئاستا كېلىپ سۇپىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئول-تۇردى.

ـــ مەزلۇملىرى باقىيغا كەتكەندىن بېرى يالغۇزچىلىق تار-تىپ قالدىلا ھەقچان، ـــ دېدى ئۇ خوجا كالاننى گەپكە سېلىپ.

ــ ئۇنى بىر دېمىسىلە ئەمىر جانابلىرى، ــ دېدى خوجا كالان، ــ ئۆز ۋاقتىدا ئول رەھمەتلىكنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ توقال ئېلىشنى ئويلىمىغانىكەنمىز.

ــ ئەمدى ئويلىشالا؟

ــ جانابلىرىنىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرۈشكە تەييارمىز.

ــ بىر لايىق تېپىپ قويدۇم...

ــ ھەممەتلىرىگە كۆپ رەھمەت، ــ دېدى خوجا كالان گەپنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەيلا، ــ ئول مەزلۇمە كىم بولىدىكىن؟

ــ ئېسىلزادىلەردىن، ــ دېدى شەيخ جامالىددىن قاپساپ كەلگەن كۈلكىسىنى يوشۇرۇپ تۇرۇپ، ــ كېنىزەكلىرى بىلەن خىزمەتلىرىگە بارىدۇ، نىكاھنى ئەتىلا قىلىۋەتسەك قانداق دەيدىلا؟

ــ پەرمانلىرىنى يىرىشقا ھەددىمىز ئەمەس.

ــ ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، ــ دېدى ئۇ گەپ تۈگىدى، دېگەننى قىلىپ.

خوجا كالان يېنىش ـ يېنىشلاپ مىننەتدارلىقنى بىلدۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

※ ※ ※

پېشىن ۋاقتى بولغانىدى.

دەرۋازىدىن ئىجازەتسىزلا كىرىپ كەلگەن ساراي بېگى قاتارلىق تۆت مەھرەمنى كۆرۈپ خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن شاھ بېگىم بىر ئاز تەئەججۈپلەندى. چۈنكى، ئۇلار نەزەربەندتە تۇرغاندىن بېرى بۇ قەسىرگە تاشكەنت ئەمىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەھرەملىرى پەقەتلا كېلىپ باقمىغانىدى. لەشكەرلەر بۇ قەسىرنى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلايتتى.

ــ ئەمىر جانابلىرىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن، ــ دېدى ساراي بېگى قىسقىلا سالام ـ سەھەتتىن كېيىن مۇددىئاسىنى تۇزلا بىلدۈرۈپ، ــ خانىش ئىسان دۆلەت خېنىمدىن ئوردا باغۋىنى خوجا

www.uyghurkitap.com

كالانغا نىكاھ رازىلىقى سوراپ كەلدۇق.
ئىككى خانىش ئوچۇق ئاسماندا تۇيۇقسىز چاقماق چاققاندەك چۆچۈدى.
ــ ئول دورغا بەگنىڭ بېشى ئىششىپ قاپتۇ، ــ دېدى شاھ بېگىم تاتارغان ھالدا، ــ بېرىپ يەتكۈزۈڭلار، بىراۋنىڭ نىكاھىدىكى ئايالنى يەنە بىراۋغا نىكاھلاپ بېرىش شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئۇيغۇن ئەمەس.
مۇشۇنداق نارازىلىقلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن شەيخ جامالىددىن ئاللىقاچان تەييارلىق كۆرگەن ۋە ساراي بېگىنىڭ ئاغزىغا گەپ سېلىپ بەرگەنىدى.
ــ ئەر ـ خاتۇن ئالتە ئايدىن ئارتۇق ئايرىلىپ تۇرسا ئارىدىكى نىكاھمۇ يوقايدۇ، مانا بۇمۇ شەرىئەتنىڭ ھۆكمىدۇر.
شاھ بېگىم يەنە گەپ قىلىشقا ئاغزىنى ئۆمەللىۋىدى، خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم ئۇنى توسۇپ قويدى.
ــ بۇ ئول دورغا بەگنىڭ پەرمانىمۇ ياكى شەرىئەت قازىلىرىنىڭ پەتىۋاسىمۇ؟
ــ ھەر ئىككىلىسى بار، ــ دېدى ساراي بېگى.
ــ ئۇنداق بولسا شەيخ جامالىددىنغا يەتكۈزۈڭلار. مەن رازىلىق بەردىم، ــ دېدى خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم تەمكىنلىك بىلەن، ــ مېنى يۆتكەپ ئەكېتىش ئۈچۈن ئول خوجا كالان خۇپتەندىن كېيىن كەلگەي.
ساراي بېگى ئىشنى ئاسان پۈتكۈزگىنىگە خۇش بولۇپ دەرھال ئارقىسىغا ياندى.
ــ بۇ نېمىدېگەنلىرى خانىش ئالىيلىرى، ــ دېدى شاھ بېگىم قاپىقىنى تۈرۈپ، ــ ئۇنتۇپ قالمىسىلا، ئانھەزرىتىم تېخى ھايات. بۇ يولسىز تەلەپكە بۇگۈن سىلى رازىلىق بەرسىلە، ئەتە نۆۋەت ماڭا كېلىدۇ. ئانھەزرىتىمنى بۇنداق ئاھانەتكە قويغۇچە تايىنلىق ئۆلۈپلا تۈگەشكىنىمىز ئەۋزەل.
ــ كۆڭۈللىرىنى چۈشىنىمەن، ــ دېدى خانىش ئىسان دۆ-

لەت خېنىم مەيۈسلەنگەن ھالدا، — تۇنۇگۇن ئول دورغا بەگ بىلەن بولۇنغان سۆھبەتتىن ئۆزلىرىنىڭمۇ خەۋەرلىرى بار. ئېنىقكى، ئۇ بىزنى مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن قىيىنىماقچى، ئانھەزرىتىمنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى تۆكمەكچى. ھازىر خان ئالىيلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن پەقەتلا خەۋەرسىزمىز، ئول نائەھلى، بەتبەخت بىلەن قىبلىگاھىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق ئاداۋەتلەر بار بۇنىسى بىزگە نامەلۇم. بۇ ئىشقا رازىلىق بەرمەي قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. تېخى پەرمانىمغا سەركەشلىك قىلدى دەپ زۇلۇم سېلىشى، تۆھمەت چاپلاپ جازالىشى مۇمكىن، — خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم ئەتراپىدا تۇرغان كېنىزەكلىرىگە قارىدى، — قاراتوقايدا چېدىرىمىزغا باستۇرۇپ كىرگەن دەشتى قىپچاق خانزادىسى بۇرۇج ئوغلانىنى قانداق بويسۇندۇرغانلىقىمىز ئېسىڭلاردىمۇ قىزلار؟

كېنىزەكلەر تەڭلا جاۋاب بەردى:

— ئېسىمىزدە.

— ئۇنداق بولسا تەييارلىقلىرىمىز پۇختا بولسۇن، ئول خوجا كالان كېلىشى ھامان ئۆلتۈرىمىز.

— راستىنلا ئۆلتۈرەمدۇق؟ — سورىدى ھاياجانلانغان شاھ بېگىم.

— ئەلۋەتتە، — كېسىپلا جاۋاب بەردى ئىسان دۆلەت خېنىم، — كۈيۈسى تېخى ھايات، ئۇنىڭ ئۇستىگە شەرئى نىكاھلىق بىر مەزلۇمەنى نىكاھىڭغا ئال دېسە، نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ماقۇل بولغاندىكىن ئۆز ۋابالى ئۆز گەردىنىگە، لېكىن ئېھتىيات قىلماي بولمايدۇ. پەمىمچە ئول خوجا كالان بۇرۇج ئوغلاندەك سىپاھلاردىن بولمىسىمۇ، قەسىرنىڭ ئەتراپىدا بىزنى نازارەت قىلىۋاتقان لەشكەرلەر بار، ئۇلار تۇيۇپ قالمىسۇن. ئۆزىنى دانا، ئەقىللىق ھەم قۇدرەتلىك چاغلايدىغان ئول خەر مەسەللىك ئەبلەخ، بۈيۈك تاجدار سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ خانىشلىرىنى بىراۋغا خالىغانچە بېرىۋەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ قالسۇن.

www.uyghurkitap.com

— خوجا كالاننى ئۆلتۈرۈۋەتسەك بالاغا قالماسمىزمۇ خانىش ئالىيلىرى؟ — دېدى ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن ۋايىم يېگەن باش كېنىزەك.

— ئۇنى ئۆلتۈرەيلى ياكى ئۆلتۈرمەيلى، بېشىمىزغا بالا ـ قازا ئاللىقاچان كېلىپ بولدى. ئەمۋالدىن قارىغاندا بۇ خوجا كالان دېگىنىمۇ ئۆز خوجىسىغا ئوخشاش ئاڭقاۋ بىر نېمە ئوخشايدۇ، مېنى نىكاھىغا ئېلىشى ئۇخلىماي چۈش كۆرگەنلىكى خالاس. مەن جانابى ئانەزرىتىمنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى، نام ـ شۆھرىتىنى قوغداش ئۈچۈن ھەرقانداق بالا ـ قازاغا ھازىرلىنىپ بولدۇم.

※ ※ ※

خانىش ئىسان دۆلەت خېنىمنىڭ بۇ نىكاھقا ئانچە نارازىلىق بىلدۈرمەيلا ماقۇللۇق بىلدۈرگىنىنى ئاڭلاپ شەيخ جامالىددىن باشقىچە خىياللاردا بولمىدى ۋە بۇ خەۋەرنى يۇنۇسخانغا قانداق ئۇسۇلدا يەتكۈزۈپ، تاماشا كۆرۈشكە باش قاتۇردى.

خۇپتەن نامىزىنى ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۆتكەن خوجا كالان مەيە تەييارلاپ بىرقانچە مۇلازىملىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. شەيخ جامالىددىننىڭ پەرمانىنى قەسرىنى قوغداۋاتقان لەشكەر بېشىغا كۆرسەتتى.

— مەرھەمەت قىلسىلا، — دېدى لەشكەر بېشى.

— مېنى ساقلاپ تۇرۇڭلار، — دېدى خوجا كالان ھەمراھلىرىغا قاراپ.

بىر كېنىزەك ئۇنى سارايىنىڭ ئىچكىرىسىگە باشلىدى، باشقا كېنىزەكلەر ئىشىكلەرنى بىر ـ بىرلەپ تاقىدى.

بولغۇسى ئاپالىنى تېزرەك كۆرۈش تەقەززاسىدا تۇرغان خوجا كالان ھېچقانداق خەۋپ ھېس قىلمايتتى، ياغلىشاڭغۇ چېھرىدە يېڭى توي قىلغان يىگىتلەرگە خاس بىر ھاياجان بالقىيتتى. ئۇ ئۆزىنى باشلاپ ماڭغان كېنىزەكنىڭ تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كەت-

كىتىنىمۇ تۇيمىدى. ئىچكىرى ـ تاشقىرى بولۇپ ئون نەچچە خا ـ
نىغا بۆلۈنگەن بۇ سارايىنىڭ ئۆزۈن دەھلىزىگە ۋە خانىلىرىغا يې ـ
قىلغان بىر تالدىن شام بوشلۇقنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئازراق ـ
مۇ شەپە ياكى ئاۋاز ئاڭلانمايتتى.

«ئەجەب بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيدىغۇ؟ تويى بولىدىغان كېلىن ـ
چەكنىڭ دەرگاھىغا ئوخشىمايلا تۇرىدۇ، ئول جۇۋان قايسى خانىدا
بولغىيتتى؟...»

دەرگۇمان بولغان خوجا كالان باشلاپ ماڭغان كېنىزەكتىن
گەپ سوراش ئۈچۈن شۇنداقلا بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپلا قالدى.
ھېلىقى كېنىزەك يەر يۇتقاندەكلا غايىب بولغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ
يوغانلا بىر ساراي ئۆيگە كىرىپ قالغان بولۇپ، يا ئالدىغا، يا كەي ـ
نىگە مېڭىشنى بىلەلمەي قالغانىدى.

ــ ئېيتىڭلار!

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ قاي ـ
سىبىر قاراڭغۇلۇقتىن ۋىژىلداپ ئۇچۇپ كەلگەن يا ئوقلىرى
خوجا كالاننىڭ دۈمبە، كۆكرەك، يوتا، پاقالچەكلىرىگە سانجىلدى.
شۇ تاپتا ئۇ مەشىق مەيدانىدىكى قارىغا ئېلىش نىشانىغا ئوخشاپ
قالغانىدى، بەرداشلىق بېرەلمەي سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى، ئۆمىلەپ
قېچىشقا ئۇرۇندى، ھايال ئۆتمەي مىدىرلىغۇدەك ھالى قالمىدى،
كۆزلىرىمۇ ئاستا ـ ئاستا خىرەلەشتى.

«ئەمىر جانابلىرى مېنى ئۆيلەپ قويىمەن دەپ يالغان ئېيتىپ
قەستلىگەن ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق يامانلىق قىلمىغان ئى ـ
دىمغۇ؟ خاس باغۋىنى بولغاندىن بېرى ئۇنىڭغا ئەڭ شېرىن، ئەڭ
سەرخىل مېۋىلەرنى يېگۈزدۈم، بىراق ئۇ ماڭا ئەجەل شارابىنى ئىچ ـ
كۈزۈۋاتىدۇ. بۇنداق قىيناپ ئۆلتۈرگۈدەك نېمە گۇناھىم بار بول ـ
غىيتتى؟ ئى تەڭرىم، ھېچكىمنىڭ قىساسىنى ھېچكىمدە قويمايدى ـ
غان ئادالىتىڭ باردۇر، ئول شەيخ جامالىددىندىن ئالىدىغان قىساس ـ
نى ئۆزۈڭگە قويدۇم. ئالدىڭدا بىلىپ ـ بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھ ـ
لىرىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن، توۋا قىلدىم، لائىلاھە ئىللەللاھۇ...»

نېمە سەۋەبتىن ئۆلتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى بىلەلمىگەن شور پېشانە خوجا كالاننىڭ شاھادەت ئېيتىشقا تەمشەلگەن لەۋلىرى بىردىنلا قىمىرلاشتىن توختىدى.

ـــ ئۇ ئۆلۈپتۇ، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ـــ سورىدى باش كېنىزەك تىترىگەن قوللىرى بىلەن خوجا كالاننىڭ يۈزىگە شام تۇتۇپ.

ـــ ئاچچىقىپ سىرتقا تاشلىۋېتىڭلار، ـــ دېدى قورقۇنچتىن چىرايى تاتىرىپ كەتكەن شاھ بېگىم.

ـــ ياق، ھازىرچە ئاشۇنداق تۇرۇۋەرسۇن، ـــ دېدى خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم ھەر دائىم مەسىسىنىڭ قونچىدا تۇرىدىغان كۈمۈش ساپلىق خەنجىرىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ، ـــ بامداتتىن كېيىن تاڭ يورۇغان چاغدا ئاندىن سىرتقا ئاچىقىۋېتەيلى. كىشىلەر بۈيۈك سەلتەنەت ئىگىسى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ خانىشىغا ئۆيلىنىش خىيالىدا بولغان ئادەمنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ قالسۇن.

※ ※ ※

ئەتىسى ناشتىدا ئۆلتۈرۈلگەن شەيخ جامالىددىن خوجا كالاننىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى.

ـــ نېمىدېدىڭ؟ خوجا كالان ئۆلۈپتۇ؟

ـــ شۇنداق ئەمىر جانابلىرى، خوجا كالاننى ياچاق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈپتۇ، ـــ دېدى ساراي بېگى تىترەپ تۇرۇپ.

ـــ قەسىردىكى قورۇقچىلار نېمە ئىش قىلىپتۇ؟

ـــ ئۇلار پەقەتلا تۇيماپتۇ، خوجا كالاننىڭ جەسىتىنى بايا سىرتقا تاشلىۋەتكەن چېغى.

ـــ ئۇل خانىش بۇ نىكاھقا رازىلىق بەرگەن ئەمەسمىدى؟ ئەجەب ئۆلتۈرۈۋېتىشكە پېتىنىپتا؟

ــ خانىش ئىسان دۆلەت بېگىم قەسرىنى قورۇقداۋاتقان لەش-كەر بېشىغا: «مەن دېگەن بۈيۈك سەلتەنەت تاجدارى سۇلتان يۇنۇس-خاننىڭ خانىشى بولىمەن. ھېلىمۇھەم جانابى ئانەزرىتىمىزنىڭ نىكاھىدادۇرمەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق مېنى يەنە بىراۋغا نىكاھلاپ بېرىش مۇسۇلماندارچىلىق شەرئىتىگە راۋا ئەمەس. خوجا كالان دېگەننى مانا مەن ئۆلتۈردۈم. بېرىپ شەيخ جامالىددىنغا ئېيت، خو-جا كالاننىڭ قىساسىنى ئالماقچى بولسا ئۆزى ئالدىمغا كەلسۇن» دەپتۇ. بۇ خانىشنى بوش چاغلىغىلى بولمىغىدەك...

ــ بولدى بەس!

شەيخ جامالىددىن ساراي بېگىگە غەزەپ بىلەن گۈلەيدى، ئاچچىقىنى كىمدىن چىقىرىشنى بىلەلمەي بوغۇلدى. شۇ تاپتا ئۇ بىر تەرەپتىن خانىش ئىسان دۆلەت خېنىمنىڭ جاسارىتىگە قايىل بولسا، بىر تەرەپتىن سۇلتان يۇنۇسخاننى ھاقارەتلەش پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىدىن ھەسرەتلەنمەكتە ئىدى.

«دەرھال قورۇنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان قورۇقچىلارنىڭ ئاغزىنى ئېتىش كېرەك. بۇ ئىش ئەل ـ يۇرتقا تاراپ كەتسە مەس-خىرىگە، سۆز ـ چۆچەككە قالىمەن. يا رەببىم، بۇ يۇنۇسبەگنىڭ خانىشى يولۋاسنىڭ يۈرىكىنى يەۋالغانمۇ نېمە؟! مەزلۇم كىشىمۇ شۇنداق جاسارەتلىك، قارام بولىدىكەن دېسە... شۇڭا يۇنۇسبەگ ئايلاپ قاماقتا ياتسىمۇ خاتۇن ـ بالىلىرىدىن ئەنسىرىمەپتىكەن ئەمەسمۇ...»



تاشكەنتتىكى مەشھۇر تاۋاپگاھلارنىڭ بىرى بولغان ھەزرىتى خاۋەنتەھۇر مازىرىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى مەھەللىگە جايلاشقان

ئوتتۇرىسىدا كىچىككىنە بېغى بار بۇ ھويلا، شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك ئاۋات رەستە ـ كوچىلاردىكى ئالدى ـ ئارقا ھويلىسى بارباغ ـ باراڭلىق ھەشەمەتلىك قەسىرلەرگە سېلىشتۇرغاندا كۆزگە ئانچە چېلىقىپ كەتمەيتتى. ھويلىنىڭ قوش قاناتلىق دەرۋازىسىدىن كىرىشكىلا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تۆت ئېغىزلىق ئۆينىڭ ئالدىغا چىقىرىلغان ئاددىي پېشايۋاننى ئىككى كۆتەك ئۈزۈم تال بارىڭى تامامەن چۈمكىگەنىدى. باراڭدىن ساڭگىلاپ تۇرغان، سارغىيىپ پىشقان ساپاق ـ ساپاق ئۈزۈملەر ئادەمنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرەتتى. ئۈششۈك ھەرىلىرى زىدە بولغان ئۈزۈملەرگە ئولىشىۋالغانىدى. تۇرقىدىن ئەتىگەندىن بېرى ئىشلەپ ئۆيگە قايتقانلىقى كۆرۈنىدىغان مەدىكار سىياقىدىكى ئىككى كىشى ئەتراپقا ئەتتىك قارىۋالغاندىن كېيىن،ھەم يېپىلغان دەرۋازىنى پەم بىلەن ئاچتى ـ دە، غىپپىدە ھويلىغا كىرىپ دەرۋازىنى يەنە ھەم يېپىپ قويدى، ئاندىن ئۇدۇل تال باراڭ ئاستىغا كېلىپ قەستەن يۆتەلدى. شۇ ھامان ياندىكى ئۆيدىن ئوتتۇرا ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى چىقىپ كەلدى ۋە ئاستا پىچىرلىدى:

ــ ئەمىر جانابلىرى قازناقتا ساقلاۋاتىدۇ، كەينىڭلارغا بىرەر تېرىم بىگانىلەر چۈشكەندەك ئەمەستۇ؟

ــ ئېھتىيات قىلىپ كەلدۇق.

ــ كىرگەچ تۇرۇڭلار، مەن كوچا يۈزىنى بىر كۆزىتىۋېتىپ ئاندىن كىرەي.

ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ئەتتىك مېڭىپ كەتتى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ــ دېدى قازناق ئۆيگە كىرىپ كەلگەن ئىككى يىگىت تۆردە ئولتۇرغان ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگكە قاراپ.

قازناقتا ئابدۇلقۇددۇس بەگدىن باشقا يەنە بەش كىشى بار ئىدى.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ــ ئابدۇلقۇددۇس بەگ ئورنىدىن

بىرئازلا قىمىرلاپ قويدى، قالغانلار ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى يى-
گىتكە يۇقىرىدىن جاي كۆرسەتتى.

— قېنى يۇقىرى ئۆتسىلە.

— قوزغىلىشمىسىلا، — دېدى ئىككى يىگىت سۇپىنىڭ لې-
ۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ.

— بولدى، ھۆسلى قىلىشماي جاي ئېلىشسىلا، — دېدى ئە-
مىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ ھەمراھلىرىغا قاراپ، — ھازىر تۆر - پە-
گاھ سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس، — ئۇ ئۆتكۈر
نەزىرىنى ئىككى يىگىتكە ئاغدۇردى، — خوش، ئەھۋالدىن مەلۇمات
بېرىشكەيلا.

— ئىنچىكە كۆزىتىشىمىزدىن مەلۇم بولدىكى، — دېدى
قارامۇتۇق كەلگەن يىگىت ئاۋۋال ئېغىز ئېچىپ، — تاشكەنت
دورغا بېگى شەيخ جامالىددىننىڭ ئوردىسى بىلەن ھەرىمىنى قو-
رۇقداۋاتقان لەشكەرلەر ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئالمىشىدىكەن. ئال-
ماشقانلار سېپىل ئۈستىنى بىر قېتىم چارلاپ بولغاندىن كېيىن
بۇرجقا كىرىپ كېتىدىكەن. بولۇپمۇ تۈن نىسپىدىن كېيىن سې-
پىل ئۈستىنى ئاساسەن چارلىمايدىكەن.

— بەلكىم كۈز كېچىسى سوغۇق بولغاچقا ئۇلار بۇرجدىن
سىرتقا چىقمىسا كېرەك، — دېدى ئورۇق، ئاق پىشماق كەلگەن
يىگىت سۆز ئېلىپ، — ئوردا ئىچىنىڭ مۇھاپىزىتىمۇ ئانچە چىڭ
ئەمەسكەن، كېچىدە ئىككى قېتىم كىرىپ چىقتىم، قورۇقچىلار
كۆزەتخانىنىڭ ئەتراپىدىن نېرىسىغا ئانچە بارمايدىكەن.

— ھەرەمنىڭ مۇھاپىزىتىچۇ؟ — سورىدى ئەمىر ئابدۇلقۇد-
دۇس بەگ.

— شەيخ جامالىددىننىڭ ھەرىمىگە كىرمىگىنىگە خېلى
ۋاقىتلار بولۇپ قاپتۇ.

— سەۋەبىنى بىلەلىدىڭمۇ؟

— ئېنىقلاپ بىلدىم. شەيخ جامالىددىن ھەرەمگە كىرسە ئا-
غىچىلىرى ئوتتۇرىسىدا غوۋغا بولۇرمىش. باش ئاغرىقىدىن قې-

www.uyghurkitap.com

چىپ خېلىدىن بىرى ھەرەمگە ئاياغ ئىزى سالماپتۇدەك. ئوردىسى بىلەن ھەرەمنىڭ ئارىلىقىدا لەخمە يولى بار ئىكەن. كۆڭلى تارتقان توقاللىرىنى ھەرەمئاغىسى ئاشۇ لەخمە ئارقىلىق ئوردىدىكى خاب-گاھىغا ئاچىقىپ بېرىدىكەن.

ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ خىرىلداپ كۈلۈۋەتتى.

ــ ئۆزىنى تاشكەنتتەك كاتتا شەھەرنىڭ دورغىسىمەن دەپ ھۆركىرەيدىغان ئۇل مەمەدان ئەمىر ئاغىچىلىرىدىن قورقىدىكەن ـ دە، ــ ئۇ يېنىدا ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق تەمبەل كىشىگە قاراپ سورىدى، ــ ھازىرغىچە شەھەرگە قانچىلىك يىگىتلىرىمىز سۇ-قۇنۇپ كىرىپ بولدى؟

ــ بۈگۈنگىچە سوقۇنۇپ كىرىپ بولغانلار بىر يۈز ئەللىك-تىن ئاشىدۇ. ئەتە يەنە ئەللىك يىگىت كىرمەكچى.

ــ بولدى، ئەمدى ئۇلار كىرمىسۇن. بىر يۈز ئەللىك نۆكەر يېتەرلىك.

ــ ئۇلار ئازلىق قىلارمىكىن...

ــ ئادەم كۆپ بولسا شەيخ جامالىددىننىڭ خۇپىيە ـ پايلاق-چىلىرى سېزىپ قالىدۇ. ئەللىك ئادەم بىر توپ بولۇپ بۆلۈنەيلى، بۈگۈن تەڭ كېچىدە ھەرىكەتنى باشلايمىز. سەركەردە ئالماس بەگ بىلەن ئەييۇپ مىرزا خان ئائىيلىرىنى قۇتۇلدۇرۇشقا مەسئۇل بولغاي.

ــ باش ئۈستىگە، ــ دېدى بايامقى ئىككى يىگىت.

ــ سەركەردە قۇتلۇق پالۋان بىلەن سەركەردە شىر بەھرام بىر توپقا باش بولۇپ، مەن بىلەن بىللە شەيخ جامالىددىننىڭ ئى-شىنى بىر تەرەپ قىلغاي.

ــ باش ئۈستىگە، ــ دېدى پەرمان تاپشۇرۇۋالغان ئىككى سەركەردە.

ــ قالغانلىرىڭلار ئوردا دەرۋازىسىنى ساقلاۋاتقان لەشكەر-لەرنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىڭلار. ناۋادا شەيخ جامالىددىن ئوردا دەرۋازىسى ئارقىلىق قېچىشقا ئۇرۇنسا دەرھال كاللىسىنى

ئېلىڭلار. ئەلياتقۇدىن ئاۋۋال ئۆز توپۇڭلارغا تەۋە نۆكەرلەر بىلەن جەمئىي بولغايسىلەر.

سەركەردىلەر ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ بىلەن خوشلىشىپ بىر ـ بىرلەپ چىقىپ كەتتى.

※ ※ ※

ھەئە، سۇلتان يۇنۇسخانىنىڭ نەزەربەند قىلىنغانلىق خەۋىرى ئاقسۇغا بەكمۇ كېچىكىپ يېتىپ كەلگەنىدى. شەيخ جامالىددىن بۇ ئىشنى بەكمۇ مەخپىي تۇتقانىدى. سۇلتان يۇنۇسخان بىلەن بولغان ئالاقىسى چورتلا ئۈزۈلۈپ قالغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئىككى ئايغىچە سەۋر قىلىپ كۈتتى. ئاساسلىق قوشۇننى ئېلىپ ئاقسۇغا قايتىپ كەلگەن ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ بىلەن سەركەردە بۇيان-قۇلى ئۇنىڭغا قاراتوقايدا بۈرۈج ئوغلان بىلەن بولغان جەڭنىڭ تەپسىلاتىنى دەپ بېرىپ خېلىلا خاتىرجەم قىلغانىدى. ئەمما مەيلى خان سىرتقا لەشكەر تارتىپ چىقسۇن، مەيلى سەركەردىلەر چىق-سۇن، ئاز بولغاندىمۇ ھەپتىدە بىر قېتىم ئوتتۇرىدا چاپارمەن مې-ڭىپ تۇرىدىغان قائىدە بار ئىدى. بۇ ئارقىلىق ئوردىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى ئەھۋاللارنى بىر ـ بىرىگە يەتكۈزۈپ مەلۇم قىلىپ تۇراتتى. سۇلتان يۇنۇسخاندىن ئىككى ئايغىچە چاپارمەن كەلمە-گەنلىكى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ كۆڭلىدە گۇمان پەيدا قىلىپ قويغانىدى. شۇڭا ئۇ ئاخىر تاشكەنت، ئەندىجان، سەمەرقەنت، ھەتتا ھىراتقىچە ئايغاقچى ماڭغۇزدى ۋە يۇنۇسخاننى شەيخ جاما-لىددىننىڭ ھىيلە بىلەن نەزەربەندكە ئالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى.

— ئۇل شەيخ جامالىددىن نېمە سەۋەبتىن خان ئالىيلىرىنى نەزەربەند قىلغاندۇ؟ — دېدى ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ تەئەججۈپ-لەنگەن ھالدا.

— ھازىر بۇنى مۇلاھىزە قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا جىددىيلەشكەن ھالدا، — سىلى سەركەر-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ده بۇيانقۇلى بىلەن بىر تۈمەن لەشكەر ئېلىپ خان ئالىيلىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ كەلسىلە.

ــ لەشكەر تارتىپ بارساق بولماسمىكىن، ــ دېدى مىرزا ئابدۇلقۇددۇس بەگ.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قاپىقىنى تۈردى.

ــ نېمىشقا؟

ــ بىر تۈمەن لەشكەر بىلەن بارساق شەيخ جامالىددىننى چۆچۈتۈپ قويىمىز، ــ دېدى ئابدۇلقۇددۇس بەگ چۈشەندۈرۈپ، ــ پەمىمچە ئۇنىڭ خېلى كۆپ لەشكىرى بار. ئۇنىڭ ئۇستىگەتاشكەنت شەھىرىنىڭ سېپىلى خېلى مۇستەھكەم. ئالدىن ھازىرلىق كۆرۈپ مۇداپىئەدە تۇرۇۋالسا، ھۇجۇم قىلىپ شەھەرگە كىرمەك تەسكە توختايدۇ. ئەڭ مۇھىم سەۋەب مۆھتەرەم خان ئالىيلىرى ئۇنىڭ قولىدا، ناۋادا بىرلا ھۇجۇم بىلەن نۇسرەت قازىنالمىساق خان ئالىيلىرىنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ، شۇڭا قارامىلىق قىلماي پەم ئىشلەتكىنىمىز ئەۋزەل.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىرپەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈردى.

ــ ئەمىسە قانداق قىلساق بولۇر؟

ــ تاشكەنتنىڭ ئوي ـ دۆڭى ماڭا بەش قولدەك ئايان، ئەمىرۇل ئۇمەرا جانابلىرىغىمۇ مەلۇملۇق، كەمىنىلىرى ئۇزۇن مەزگىل تۈركىستان ۋە ئاتېبشى قەلئەسىدە تۇرغانلىقىم ئۈچۈن پات ـ پات تاشكەنتكە بېرىپ تۇراتتىم، شەھەردە بۇرادەرچىلىك قىلىشىپ ئۆتكەن ئىشەنچلىك دوست ـ يارەنلىرىممۇ ھەم بار، شۇڭا لەشكەرلەر ئارىسىدىن بەش يۈز سەرۋازنى تاللاپ سەركەردە بۇيانقۇلى بىلەن شەپە چىقارماي بارايلى.

ــ بەش يۈز سەرۋاز بىلەن بۇ چوڭ ئىشنى نۇسرەتلىك تەۋرەتكىلى بولۇرمۇ؟

ــ تامامەن مۇمكىن، ــ دېدى ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ ئۆزگە ئىشەنگەن ھالدا، ــ بىز تاشكەنت شەھىرىگە مەدىكار، ھا-

جەتمەن، چاربازارچى سىياقىدا سوقۇنۇپ كىرىمىز ـ دە، شەيخ جامالىددىننى يوشۇرۇنچە ئۆلتۈرۈپ جانابى قىبلىگاھىمىزنى قۇ ـ تۇلدۇرۇپ چىقىمىز.

ــ دېگەنلىرىدەك بولسۇن، ــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا، ــ لېكىن يەنە بىرقانچە سەركەردىنى ياندۇۋالسىلا، دەرھال يولغا چىقىپ ئىشنى تېز پۈتتۈرسۇنلار. ناۋادا خان ئالىيلىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ كېلەلمىسىلە كالىلىلىرى بىلەن جاۋاب قىلىلا.

ــ پەرمانبەردارمەن!

ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ بىلەن سەركەردە بۇيانقۇلىنىڭ تاشكەنتكە كەلگەن ۋاقتى خانىش ئىسان دۆلەت خېنىمنىڭ خوجا كالاننى ئۆلتۈرگەن ۋاقتىغا توغرا كەلگەنىدى. شۇ كۈنلەردە سەر ـ كەردە بۇيانقۇلى ئۈچ يۈز ئەللىك سەرۋاز بىلەن شەھەرنىڭ سىر ـ تىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان بولۇپ، ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ بىرقە ـ سىم سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن مەدىكار، ھۈنەرۋەن، چار ـ بازارچى سىياقىدا شەھەرگە كىرىپ، مۇۋاپىق جاي تاللاپ يوشۇ ـ رۇنغانىدى.

※ ※ ※

تۈن كېچە. بارلىق يۇلتۇزلار تاشكەنت ئاسمىنىغا جۇغلىـ ـ شىۋالغاندەك جىمىرلايتتى. كەچكۈزنىڭ سوغۇق شامىلى ئادەمگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. ئېگىزلىكى، پۇختىلىقى شەھەر سېپىلىدىن قېلىشمايدىغان ئوردا سېپىلى ئۈستىدىكى كۆزەتتە تۇرغان لەشكەرلەر ھازىر كۆرۈنمەيتتى. ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگنىڭ چەبدەس يىگىتلىرى بىر ـ بىرىنىڭ مۈرىسىگە دەسسەپ ئادەمشوتا ھاسىل قىلىپ پەم بىلەن سېپىل ئۈستىگە چىقىۋاتاتتى.

ــ ئارغامچىنى ئىككى تەرەپكە ساڭگىلىتىڭلار، ئارغامچىغا يامىشىپ چىققانلار ئىچىگە سىيرىلىپ چۈشكەچ تۇرسۇن. بىر ـ مۇنچە ئادەم سېپىل ئۈستىدە تۇرۇۋالساق ئاسان كۆزگە چېلىقىپ

www.uyghurkitap.com

قالىمىز. سەركەردە شىر بەھرام ئاۋۋال چۈشۈپ ئوردا ئىچىنى كۆزەتكەچ تۇرسىلا.

پۇختا مەشىق كۆرگەن سەرۋازلار سېپىل ئۈستىدىن ساڭگىلىتىپ بەرگەن ئارغامچىغا مايمۇندەك چاققانلىق بىلەن يامىشىپ چىقىپ، يەنە شۇ چاققانلىق بىلەن سېپىل ئۈستىدىن ئوردا ئىچىگە سىيرىلىپ چۈشەتتى.

بىرنەچچە قېتىم يوشۇرۇنچە كىرىپ ئوردا ئىچىنى خېلى پىششىق بىلىۋالغان سەركەردە شىر بەھرام ھەمراھلىرىنى باشلاپ شەپە چىقارماي ماڭدى.

كۈنچىقىش تەرەپتىكى ھەرەمگە يېقىن سېلىنغان ئىمارەت تۈن قاراڭغۇسىدا قارىيىپ كۆرۈنەتتى.

— شەيخ جامالىددىن ئاشۇ قەسىردە، — دېدى قۇتلۇق پالۋان ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگكە پىچىرلاپ، — ئىچىدە خاس نۆكەرلىرى بولۇشى مۇمكىن.

— قەسىرنىڭ ئارقا ئىشىكى بارمۇ؟

— يوق، مۇشۇ بىرلا ئىشىكى بار. بۇ قەسىرنىڭ يەر ئاستى لەخمىسى ئۇدۇل ھەرەمگە تۇتىشىدىكەن.

ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ يىگىتلەرنى شەرەتلەپ ئەتراپىغا يىغدى.

— قۇلاق سېلىڭلار يىگىتلەر، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى پەس چىقىرىشقا تىرىشىپ، — قەسىرگە كىرگەندىن كېيىن ھەرىكەتىڭلار چاققان بولسۇن. شەيخ جامالىددىننىڭ ھەرقانداق مەھرەمىنى زوۋان چىقارغۇزماڭلار.

سەرۋازلار «بىلدۇق» دېگەننى قىلىپ باش لىڭشىتتى.

سەركەردە شىر بەھرام بىلەن قۇتلۇق پالۋان پەم بىلەن بېرىپ قەسىرنىڭ ئىشىكىگە يېقىنلاشتى. قۇتلۇق پالۋان قوش قاناتلىق نەقىشلىك ئىشىكنى كۈچەپ ئىتتىرىپ باقتى. ئىشىك غىرسىلىدى، ئەمما ئېچىلمىدى، قۇلۇپنى يېقىن تۇتۇپ ئىچىنى تىڭشاپ باقتى. يەڭگىل خورەك ئاۋازى ئاڭلاندى. سەركەردە شىر

بەھرام قوش قاناتنىڭ ئارىلىقىغا خەنجىرىنى تىقىپ ئاستا يۇ-قىرى ـ تۆۋەن سىيرىپ بېقىپ پىچىرلىدى:

ــ ئىچىدىن لوكىلاغلىقكەن.

قۇتلۇق پالۋان قانداق قىلىمىز دېگەننى قىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى.

شىر بەھرام خەنجەرنىڭ بىسىنى لوكىغا تەگكۈزۈپ ئاستا مىدىرلاتتى، ئەتراپىدىكى يىگىتلەر سەركەردىسىنىڭ ھەربىكىتىگە كۆز تىككىنىچە جىمجىت تۇرۇشتى، تەخمىنەن بىر چىلىم تاماكا چەككۈچىلىك بولغان ئارىلىقتا سەركەردە شىر بەھرام خەنجىرىنى توختىماي مىدىرلاتتى. ھەئە، ئۇ خەنجەرنىڭ بىسى ئارقىلىق ئىشىكنىڭ ئىچىدىن بېكىتىلگەن ياغاچ لوكىنى كەينىگە سۈرۈۋاتاتتى. تۇيۇقسىز قوش قانات ئىشىك كەينىگە يېنىپ بىر غېرىچ كەڭلىكتە ئېچىلدى. تەرلەپ كەتكەن شىر بەھرام چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئىشىكنىڭ قوش قانىتىنى پەم بىلەن ئىتتىردى. ئىشىك ئاخىر تولۇق ئېچىلدى. شىر بەھرام بىلەن قۇتلۇق پالۋان ھەمراھلىرىنى كىرىشكە شەرەتلەپ بىرىنچى بولۇپ بوسۇغىدىن ئاتلىدى. ئىككى تال شام ئاستىغا گىلەم سېلىنغان دەھلىزنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئىككى نۆكەر ئىشىك تۈۋىدە تامغا يۆلەنگىنىچە ئۇخلاۋاتاتتى، قۇتلۇق پالۋان بىلەن شىر بەھرام ئىككى نۆكەرگە چاققانلىق بىلەن تاشلاندى ـ دە، بوينىنى زەرب بىلەن قايرىپ يولۇننى ئۈزۈۋەتتى. دەھلىزنىڭ ئاستىغا گىلەم سېلىنغانلىقى ئۈچۈن ماڭسا پەقەتلا شەپە چىقمايتتى. ئۇلار دەھلىزنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى خانىلارغا قارىغاچ ئاستا ئىلگىرىلىدى. مەيلى نۆكەر، مەيلى مۇلازىم، مەيلى ئەر، مەيلى ئايال بولسۇن، يولۇققىنىنى چاققانلىق بىلەن ئۇجۇقتۇرۇشقا باشلىدى، قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەن بولغاچقا بىرسىمۇ قارشىلىق كۆرسىتەلمىدى. ئىچكىرى تەرەپتىكى خېلىلا ھەشەمەتلىك بېزەلگەن ئىككى ئېغىز ئۆي بوش ئىدى. ئەمدى دەھلىزنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى قوش قاناتلىق ئىشىكى دەھلىزگە قارىتىپ قويۇلغان بىرلا ئۆي قالغا-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

نىدى. قۇتلۇق پالۋان ئىشىكنى ئاستا ئىتتىردى، ئىشىك غىد-چىرلاپ ئېچىلىپ كەتتى. ئۇنىڭغىچە ئابدۇلقۇددۇس بەگ بوسۇغىدىن ئاتلاپ بولدى.

ــ قايسىڭ سەن؟

ئەنسىز بىر شەپىدىن ئويغىنىپ كەتكەن شەيخ جامالىددىنىڭ غەزەپتىن چەكچەيگەن كۆزلىرى قېتىپ قالدى، خابگاھنى باستۇرۇپ كىرگەن قارا سايىلەرنى كۆرۈپ تىلى تۇتۇلدى، ئەزايىنى پۈررىدە قارا تەر باستى.

مۇلازىملار ئۇنىڭ ئۇيقۇسىغا دەخلى يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن تامدىكى كۈمۈش شامدانلاردىن پەقەت بىرىنىلا ياندۇرۇپ قويغان بولۇپ، شامدان سارايدەك چوڭلۇقتىكى بۇ خابگاھنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. شامدان ئىشىك تۈۋىگە قويۇلغانىدى. كىرگەنلەر شامغا كەينىنى قىلىپ تۇرغاچقا تېخىمۇ سۈرلۈك، تېخىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى.

ــ بۇ بىز، دورغا بېگىم. بۈيۈك موغۇلىستاننىڭ تاجدارى سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ باھادىرلىرىمىز، ــ دېدى ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس تەمكىنلىك بىلەن.

ــ سى... لەر... نېمە... قى... قىلماقچى...

شەيخ جامالىددىنىنىڭ يېنىدا بەخىرامان ئۇخلاۋاتقان ياش جۇۋان چۆچۈپ ئويغاندى ـ دە، قىلىچ يالىڭاچلاپ تۇرغان بىر توپ كىشىلەرنى كۆرۈپ قورققىنىدىن چىررىدە چىرقىرىۋەتتى. سەر-كەردە شىر بەھرام چاچراپ بېرىپ جۇۋاننىڭ بوغۇزىغا قىلىچ تەڭلىدى.

ــ زۇۋانىڭنى ئۆچۈر.

ۋەھىمىدىن ئېسىنى يوقاتقان جۇۋان تېخىمۇ بەك چىرقىردى، شىر بەھرام قىلىچنى ئۇنىڭ گېلىغا گاچچىدە تىقىۋەتتى. شۇ ھامان جۇۋاننىڭ ئۈنى ئۆچتى.

ھايات قېلىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن شەيخ جامالىددىن جالاقلاپ تىترەشكە باشلىدى.

ــ دەرھال كىيىنىۋالسىلا تەقسىر، ــ دېدى ئەمىر ئابدۇل-قۇددۇس بەگ بۇيرۇق قىلىپ.
قورقۇپ جان - پېنى چىقىپ كەتكەن شەيخ جامالىددىن ئەتراپنى سىيپاشتۇرۇپ كىيىملىرىنى پەقەتلا تاپالمىدى.
ــ ئۇنى كىيىندۇرۇپ قويۇڭلار.
ئىككى يىگىت قىپيالىڭاچ ياتقان شەيخ جامالىددىننى كىيىندۇردى.
ــ سىلى ئۇن سەرۋازنى باشلاپ بېرىپ سەركەردە ئالماس مىرزىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشسىلا، خان ئالىيلىرىنى قۇتۇلدۇرا-لىغان بولسا ئاشۇ يەردە ساقلاپ تۇرسۇن.
ــ باش ئۇستىگە، ــ دېدى سەركەردە شىر بەھرام ۋە ئۇن سەرۋازنى ئەگەشتۇرۇپ ئوردىنىڭ تەسكەي تەرىپىگە قاراپ ماڭدى.
ئۇلار شەيخ جامالىددىننى ئالدىغا سېلىپ ئوردا دەرۋازىسىغا كەلدى. دەرۋازىنى سەركەردە تۇراپ مىرزا بىلەن سەركەردە ئاب-دۇللا دوغلات ئاللىقاچان ئىگىلەپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن سې-پىلنىڭ ئۇستىدىكى بۇرجدا تۇرۇۋاتقان قاراۋۇللار ئۇلارنى ئىككى تەرەپتىن قاپسىۋالغانىدى. ئۇلار ئوتقاش يورۇقىدا بىر توپ يوچۇن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا شۇمشىيىپ تۇرغان ئەمىر شەيخ جامالىددىن-نى كۆرۈپ بىردىنلا بوشىشىپ قالدى.
ــ بۇيرۇق بەرسىلە، قورۇقچىلار قوراللىرىنى تاشلاپ تەس-لىم بولسۇن، ــ دېدى ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ شەيخ جامالىد-دىنغا قاراپ.
ئىككى يېنىدا تۇرغان يىگىتلەر خەنجەرلىرىنى شەيخ جاما-لىددىننىڭ بېقىنىغا تىخىمۇ بەك نىقتىدى.
ــ ھەممىڭلار بۇياققا چۈشۈڭلار، ــ دېدى شەيخ جامالىددىن سېپىل ئۇستىدە تۇرغان لەشكەرلىرىگە قاراپ، ــ مەسۇم بەگ، لەشكەرلەر دەرھال قوراللىرىنى تاشلاپ بۇياققا چۈشسۇن.
مەسۇم بەگ دەرھال قىلىچىنى تاشلاپ، ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلاندى، باشقا لەشكەرلەرمۇ ئۇنىڭغا ئە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گەشتى. سەرۋازلار ئۇلارنى چاققانلىق بىلەن بىر ـ بىرىگە چېتىپ باغلىۋەتتى.

شۇ ئەسنادا سەركەردە شىر بەھرام يېتىپ كەلدى.

ــ ئەمىر جانابلىرىغا مەلۇم بولغاي، خان ئالىيلىرى ئامان ـ ئېسەنكەن. سەركەردە ئالماس مىرزا ئول تەرەپنىڭ ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ قىلىپتۇ.

باياتىنبېرى «سۇلتان يۇنۇسخان يەنىلا مېنىڭ قولۇمدا، ماڭا ئامانلىق بەرمەي تۇرۇپ، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ كېتىمەن دەپ خام خىيال قىلمىسۇن» دەپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ تۇرغان شەيخ جامالىددىننى سەركەردە شىر بەھرامنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلاپ قايتىدىن ۋەھىمە باستى. نومۇس، غۇرۇرنى قايرىپ قويۇپ گۇپپىدە تىزلاندى.

ــ ئىككى ئېغىز چۈشەندۈرۈشۈمگە قۇلاق سالغايلا سەركەردە. بىزنىڭ سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنى قەستلەش مۇددىئايىمىز يوقتۇر. خان ئالىيلىرىنى رىياكار ئەمىرلىرىنىڭ قەستىدىن ساقلاش ئۈچۈن ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى كۆرگەنىمىز...

ــ خان ئالىيلىرىنىڭ نۆكەرلىرى قەيەردە؟

ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ شەيخ جامالىددىننىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلماي غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى.

ــ ئۇلار... ئۇلار زىنداندا. سۇلتان ئالىيلىرىغا قەست قىلماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن...

ــ بولدى بەس! ــ دېدى ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ زەردە قىلىپ، ــ قىبلىگاھىمىزغا كىمنىڭ قەست قىلماقچى بولغانلىقىنى، كىمنىڭ زۇلۇم سالغانلىقىنى بىلگۈچىلىكىمىز بار. دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرسىلە، نۆكەرلەرنى زىنداندىن ئېلىپ چىقسۇن.

شەيخ جامالىددىن مەسۇم بەگكە قارىدى:

ــ پەرمانىمنى يەتكۈزسىلە، زىندان بېگى بارلىق موغۇلىستان نۆكەرلىرىنى زىنداندىن ئازاد قىلىپ، ئوردىغا ئېلىپ كەلسۇن.

مېڭىشقا تەمشەلگەن مەسئۇم بەگنى ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ توختىتىۋالدى.

— ئەسلىرىدە بولسۇن، شەھەر سىرتىدا تۇمەنلىگەن باھادىر لەشكەرلىرىمىز پەرمان كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر كىمىكى سەر-كەشلىك قىلىشقا پېتىنىدىكەن، يەتمىش پۇشتىغىچە قىرىپ تاشلايمەن.

※ ※ ※

زىنداندىن بوشانغان نۆكەرلەر يېتىپ كەلگەندە ئاللىقاچان تاڭ سۈزۈلگەنىدى. ئۇلار ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ قاتارلىق سەر-كەردىلىرىنى كۆرۈپ ئۆزلىرىنىڭ تۇيۇقسىز زىنداندىن قۇتۇلغان-لىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى ۋە ئەسىرگە چۈشكەن لەشكەرلەرنىڭ قوراللىرىنى ئېلىپ جەڭگىۋار ھالەتكە كەلدى. بۇ چاغدا ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ شەيخ جامالىددىنغا پەرمان چۈشۈرگۈزۈپ شە-ھەرنىڭ دەرۋازا، سېپىللىرىنى قوغداۋاتقان لەشكەرلىرىنىمۇ پۈ-تۈنلەي قورالسىزلاندۇرۇپ بولغان ۋە شەھەرنىڭ سىرتىدا ساقلاپ تۇرغان سەركەردە بۇيانقۇلىغا خەۋەر بېرىپ ئۈلگۈرگەنىدى.

«يۇنۇسبەگنىڭ بۇ سەركەردىلىرىنىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا ماڭا ياخشىلىق كەلمىگۈدەك. ئەڭ ياخشىسى يۇنۇس بەگكە يال-ۋۇراي. ئۇنى نەزەربەند قىلغىنىم بىلەن ياخشى كۈتتۇم، ھاياتىغا تەھدىت سالمىدىم. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ مەرھۇم بۇسەيىت سۇلتان ئائىلىلىرىغا بولغان ھۆرمەت ـ ئېھتىرامى زىيادە، نېمىلا دېگەن بىلەن مەن بۇسەيىت سۇلتان ئائىلىلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەھرەملىرىدىنمەن. قاراپ تۇرۇپ كاللامنى ئېلىشقا پېتىنالمايدۇ، بۇنداق قىلسا ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ئەھدىنامى-سىگە خىلاپ بولىدۇ. ئەجەب غاپىل تۇرۇپ قاپتىمەن دېسە. مۇنۇ بەتبەختلەر شەھەرگە قانداق سوقۇنۇپ كىرىۋالغاندۇ، كېچىدىن ئوردامغا قانداق كىرگەندۇ؟ خەپ، ئاشۇ قاراۋۇللارنىڭمۇ، قورۇقچى

كىتاب نۇر
www.uyghurkitap.com

بەگنىڭمۇ بىر ـ بىرلەپ كاللىسىنى ئالمايدىغان بولسام...»

ــ سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشىمەن، ــ دېدى خىياللىرىدىن خېلىلا جانلىنىپ قالغان شەيخ جامالىددىن ئۆزىنى ئەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ، ــ سىلەرنىڭ بۇ قىلمىشىڭلار قوشنا ئەل سەلتەنەتىگە تەئەررۇز قىلغانلىق. تاشكەنت ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمدارىنىڭ تەسەررۇپىدىكى شەھەر. موغۇلىستان بىلەن ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمدارلىرى ئوتتۇرىسىدا زېمىن ـ تەسەررۇپلىرىغا تەئەررۇز قىلىشماسلىق خۇسۇسىدا ئەھدۇ پەرمان بار. سىلەر بۇ كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىۋاتىسىلەر.

ــ ئۇنداقتا سوراپ باقاي، ــ دېدى ئابدۇلقۇددۇس بەگ شەيخ جامالىددىنغا مەسخىرىلىك قاراپ، ــ ئۆزگە ئەلنىڭ زىيارەت قىلىپ كەلگەن پاسىبانىنى بالا ـ چاقا، سەركەردە ـ نۆكەرلىرى بىلەن قوشۇپ نەچچە ئايلاپ قاماپ قويۇش ئاشۇ كېلىشىمدە بارمىدى جانابى دورغا بەگ؟

تىلى تۇتۇلغان شەيخ جامالىددىن ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگكە ئاداۋەت بىلەن قاراپ قويدى.

ــ ئىشقىلىپ مەن سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشىمەن. سىلەرگە ئېيتار سۆزۈم يوق، دەيدىغان گەپىمنىڭ ھەممىسىنى خان ئالىيلىرىغا دەيمەن.

ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلسا سۇلتان يۇنۇسخانىنىڭ باغرى يۇمشاقلىق قىلىپ ھەمدە ئىككى ئەلنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى كۆزدە تۇتۇپ شەيخ جامالىددىنغا رەھىم قىلىدىغانلىقىنى دەرھال ھېس قىلدى.

«ياق، سېنى خان ئالىيلىرى بىلەن ھەرگىز كۆرۈشتۈرمەيمەن، كۆرۈشتۈرسەم خان ئالىيلىرى ساڭا چوقۇم سىلە ـ رەھىم قىلىدۇ. بۈيۈك موغۇلىستان خانىغا قىلغان مۇشۇ ھۆرمەتسىزلىكىڭ ئۈچۈنلا يۈز مەرتەم ئۆلسەڭمۇ ئازلىق قىلىدۇ...»

ــ ئەپسۇس، ــ دېدى ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ، ــ ئول تەلەپلىرىگە قوشۇلسامۇ جانابى قىبلىگا-

ھېمىز بىلەن ھەرگىز كۆرۈشەلمەيدىلا.
ــ نېمىشقا؟ ــ دېدى شەيخ جامالىددىن قاپىقىنى تۈرۈپ.
ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس خىرىلداپ كۈلۈۋەتتى:
ــ ئۆلۈك ئادەم تىرىك ئادەم بىلەن قانداقمۇ كۆرۈشەلىدۇسۇن، كۆرۈشىشىمۇ نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟
شەيخ جامالىددىن گەپنىڭ تېگىگە دەرھال يەتتى.
شەيخ جامالىددىننىڭ ۋۇجۇدىنى قارا تەر باستى، كۆزىگە ئۆلۈم كۆرۈنۈپ، پۇت - قولىدا جان قالمىدى، شۇنداقتىمۇ كۆڭلىگە سايە تاشلاپ تۇرغان ۋەھىمىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇندى:
ــ ھەددىلىرى ئەمەس...
شەيخ جامالىددىننىڭ سۆزى ئاخىرلىشىپ بولغۇچە ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگنىڭ زەرب بىلەن ئۇرغان قىلىچى ئۇنىڭ نەق گەدىنىگە كېلىپ تەگدى، ئۈزۈلۈپ چۈشكەن بېشى ئۈچ قەدەم نېرىغا دومىلاپ كەتتى.

※ ※ ※

بىر يىلغا يېقىن سوزۇلغان تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلۇپ، خوتۇن - بالىلىرى، ئەمىر - سەركەردىلىرى بىلەن قايتىدىن جەم بولغان يۇنۇسخاننىڭ خۇشاللىقى بىر دەملىك بولدى. ھەئە، ئۇ سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەر تاپقانىدى.
ــ ئۇنداقتا ھازىر خانزادە سۇلتان ئەھمەد مىرزا خەتەر ئىچىدە قاپتۇ - دە، ــ دېدى ئۇ قايغۇرغان ھالدا.
ــ بۇ تەرىپىنى بىلەلمىدۇق ئالىيلىرى، ــ دېدى ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ، ــ دېرەكلىرىنى ئېلىشقا ئەۋەتكەن چاپارمەنلەر ئاشۇنداق خەۋەر يەتكۈزدى. شەيخ جامالىددىن بۇ خەۋەرنى ئالىيلىرىدىن سىر تۇتقان چېغى. ھۈسەيىن بايقارا بىلەن يادىكار مۇھەممەد مىرزا تىركىشىۋېتىپتۇ، دېگەن خەۋەرمۇ بار. ئەمما رەھمەتلىك بۇسەيىت سۇلتان ئالىيلىرىنى يادىكار مۇھەممەد مىر-

زىنىڭ قەتلى قىلدۇرغىنى ئېنىق.

سۇلتان يۇنۇسخان بىرپەس خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈردى:

ــ دەرھال ئاقسۇغا چاپارمەن ماڭغاي. ئەمىرۇل ئۆمەرا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا پەرمان تاپشۇرۇۋالغان ھامان سەركەردە ئالتۇن ساقال مىرزىنى باش قىلىپ ئىككى تۈمەن لەشكەر ماڭغۇزغاي، بىز خانزادە سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا بولۇشۇپ ماۋەرائۇننەھر سەلتەنەتىنى ئۇرۇش ئاپىتىدىن خالاس قىلغايمىز.

ــ قىبلىگاھىمىنىڭ سەمىگە سالىدىغان ئىككى قوۋۇز مەسلىھەتىم بار ئىدى، ــ دېدى ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ قول باغلاپ تۇرۇپ.

ــ خوش، ــ دېدى يۇنۇسخان.

ــ ھازىر قىش كىرەي دەپ قالدى. چاپارمەنلەر ھەرقانچە تېز ماڭسىمۇ ئاقسۇغا بېرىپ بولغۇچە قارا قىش بولۇپ بولىدۇ، بۇنداق قەھرىتاندا ئىككى تۈمەن ئاتلىق لەشكەرلىرىمىزنىڭ خەتەرلىك تاغ يوللىرىدىن، قار ـ مۇزلۇق داۋانلاردىن ئاشمىقى بەسى مۇشكۇلدۇر. ئۇلارنى ئاشۇ قارلىق تاغلاردىن، خەتەرلىك داۋانلاردىن ئاشتى دېگەندىمۇ، ئەگەر تولىسى قىرىلىپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ. بىز ئاۋۋال سەمەرقەنت، ھىرات تەرەپكە چاپارمەن ماڭغۇزۇپ ئىچكىرىلەپ ئەھۋال ئۇقۇشۇپ باقايلى، خانزادە سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا مۇددىئايىمىزنى بىلدۈرەيلى، خانزادە ئالىيلىرى ھەقىقەتەن بىزنىڭ ياردىمىمىزگە موھتاج بولسا پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ، باش كۆكلەمگە ئۇلگۇرتۇپ لەشكەر يۆتكەيلى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىر ئىلى ۋادىسىمۇ ئانچە تىنچ ئەمەس. قىبلىگاھىمىزنى ئەندىشىگە سېلىپ قويمايلى دەپ، بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىغانىدۇق.

سۇلتان يۇنۇسخان ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگنىڭ ئورۇنلۇق مەسلىھەتىگە قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدى ۋە سەمەرقەنت، ھىرات تەرەپكە چاپارمەن ماڭغۇزدى.

«خانزادە سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئەھۋالى قانداقتۇ؟ ھو-

سەيىن بايقارا بىلەن كۆمەكلەشسە يادىكار مۇھەممەد مىرزىغا تاقا-
بىل تۇرالايدۇ. ئەمما، ھۈسەيىن بايقارادىن ئۇنىڭغا ۋاپا كېلەرمۇ؟
تەخت ـ سەلتەنەت دەۋاسى قىلماي، ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر
قىلارمۇ؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس. ھۈسەيىن بايقارا مەرھۇم
بۇسەيىت سۇلتان ئالىيلىرى بىلەنمۇ بىرنەچچە مەرتىۋە تۇتۇش-
قان. ئۇنىڭ مۇددىئاسى سەمەرقەنت تەختگاھىنى قولىغا ئېلىش،
ئۇ بۇ مەقسىتىدىن ھەرگىز ئالدىراپ ۋاز كەچمەيدۇ، خانزادە ئۇ-
نىڭغا ئالدىنىپ قالمىسا بولاتتىغۇ. بۇ يەردە ھېچ ئىش قىلماي
قاراپ تۇرسام، جەننەتماكان بۇسەيىت سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ رو-
ھى مېنى ئەيىبلىمەسمۇ ؟ دوستلۇق ئەھدىسىگە ۋاپا قىلمىغان
بولۇپ قالماسمەنمۇ؟...»

— مەلۇم بولغاي، — دېدى ئالدىراش كىرىپ كەلگەن قۇت-
لۇق پالۋان يۇنۇسخاننىڭ خىيالىنى بۆلۈپ، — مىرسالى بارىن
قاتارلىق تۆت ئەمىر ئانىھەزرىتىم بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قى-
لىۋاتىدۇ.

يۇنۇسخان قاپىقىنى تۈردى.

— مۇددىئاسى نېمىكەن؟

قۇتلۇق پالۋان بىر دەقىقە تۇرۇۋېلىپ جاۋاب بەردى:

— ئۇلار قىلغان گۇناھىغا قاتتىق تۇۋا قىلىشتى. «قىبلى-
گاھىمىزدىن يۈز ئۆرۈشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇلكى، ئانىھەزرىتىم
بىزنى موغۇلىستانغا باشلاپ بارغاندىن كېيىن شەھەر ۋە ۋىلايەت-
لەردە تۇرغۇزۇشقا، لەشكەر ۋە نۆكەرلىرىمىزنى تېرىقچىلىق قى-
لىپ ئۆز ھالىنى قامداشقا مەجبۇرلىدى. ئەمما بىزنىڭ ھەم لەش-
كەرلىرىمىزنىڭ شەھەردە مۇقىم تۇرۇشقا، تېرىقچىلىق قىلىپ
كۈن كەچۈرۈشكە مەيلىمىز يوقتۇر. ئۇشبۇ سەۋەبتىن ئەقلىمىز-
دىن ئېزىپ شەيخ جامالىددىن بىلەن كۆمەكلەشكەندۇق. خان ئا-
لىيلىرىنىڭ شەپقەت قىلىشىنى تىلەيمىز» دېيىشىۋاتىدۇ.

سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ گەپ قىلماي تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئە-
مىر ئابدۇلقۇددۇس ئېغىز ئاچتى:

uyghurkitap.com

— ئۇلار تۇنۇگۇن ماڭىمۇ مۇشۇ خۇسۇستا ئەرز يەتكۈزگەنىدى. كالتە پەمىچە، ئۇلارنىڭ قىلمىغانلىقىمىزغا زىيانكەشلىك قىلىش مۇددىئاسى يوقتۇر. پەقەت مۇددىئاسىنى ئالىيلىرىغا يەتكۈزۈشكە پېتىنالماي، شەيخ جامالىدىن ئارقىلىق زورلۇق ئىشلىتىمەكچى بولۇشقان. بىراق شەيخ جامالىدىن ئۇلارنىڭ مۇددىئاسىدىن پايدىلىنىپ ئالىيلىرىغا زۇلۇم سالغىنىنى ئاز دەپ، ئۇلارنىمۇ زىندانغا تاشلاپ يەتكۈچە ئازابلىغان. خان ئالىيلىرى ھەممىدىن خەۋەر تاپتى.

ئۇلارنى ئاشكارىلىغىنىدىن ئىلىكتۇر. ئۇل ئازغۇنلارنىڭ گۇناھىدىن كەچكەيلا.

باشقا سەركەردىلەرمۇ دەرھال قول باغلاشتى:

— ھەممەت قىلغايلا ئالىيلىرى.

سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئۇلۇم خەۋىرى بىلەن كۆڭلى غەش بولۇپ تۇرغان يۇنۇسخان سەركەردىلىرىنىڭ ئىلتىجاسىنى رەت قىلىشقا تەكۈسى كەلمىدى. ھەئە، ئاشۇ رىياكار تۆت ئەمىرنىڭمۇ زىندانغا تاشلانغانلىقىنى ئاڭلاپ قەلبىدىكى ئۆچمەنلىك خېلىلا بېسىلىپ قالغانىدى.

«ئۇل رىياكارلارنى ئۆلتۈرگۈزۈپ باشقىلارغا ئىبرەت قىلغاندىن كۆرە، ھايات قالدۇرۇپ ئەمىر ـ سەركەردىلىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقىنىم ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟ شۇنداق قىلسام ئۇلارلا ئەمەس، باشقىلارمۇ مەندىن مىننەتدار بولىدۇ. مەندىن نارازى بولۇپ يۈرگەنلەرمۇ خىجىل بولىدۇ، ئاسىيلىق قىلىش نىيىتىدىن يانىدۇ. دوستنى رەقىبكە ئايلاندۇرماق ئاسان، رەقىبنى دوستقا ئايلاندۇرماق تەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلى ۋادىسىدا تىنچسىزلىق يۈز بەرگەن بولسا يەنە مۇشۇ ئەمىر ـ سەركەردىلەرگە تايىنىمەن. يەنە تېخى ماۋەرائۇننەھر سەلتەنەتىگە ياردەم بېرىدىغان ئىشلارمۇ بار. سەلتەنەتىمنىڭ ئۇلىنى تولۇق مۇستەھكەم دېيەلمەيمەن. بوپتۇ، ئالدىمدىكى مۇنۇ سەركەردىلىرىمنىڭ يۈز ـ خاتىرىنى قىلاي...»

— ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن كەچتىم، — دېدى يۇنۇسخان سەركەردىلەرگە قاراپ، — پەرمانىمنى يەتكۈزۈپ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇڭلار. ئەمما ھازىرچە ئۇلار بىلەن كۆرۈشكۈم يوق،

كېيىن قوبۇل قىلىمەن.

— خان ئالىيلىرى مەرھەمەتلىكتۇرا! — دېيىشتى بارلىق سەركەردىلەر.

شۇ دەقىقىدە سۇلتان يۇنۇسخان تاشكەنتتە تۇرۇۋېرىش ياكى ئاقسۇغا قايتىپ كېتىش ھەققىدە بىر قارارغا كېلەلمەي قالغاندى. ئەس ـ يادى خانزادە سۇلتان ئەھمەد مىرزىدا قالغاندى. دەرھال سەمەرقەنتكە بارغۇسى، سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلغۇسى، خانزادە سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى يادىكار مۇھەممەد مىرزا بىلەن ھۇسەيىن بايقارانىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلدۇرغۇسى كېلەتتى، ئەمما ئىلكىدە تۈزۈك لەشكەر بولمىغاچقا قۇرۇق قول بېرىشقا كۆڭلى ئۇنىمايتتى. مۇشۇنداق قۇرۇق قول بارسا خانزادىگە ھېچقانداق ياردىمى تەگمەيدىغانلىقى ئۆزىگە ئايان ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەسئۇل مۇھەررىر : ياقۇپ مۇھەممەتروزى
مەسئۇل كوررېكتور : ئابلىمىت بارى
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

ياسىنجان سادىق چوغلان

# باھادىرنامە (3)

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013
تېلېفون نومۇرى : 010-64290862
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ شېڭتۇڭ باسما چەكلىك شىركىتى
نەشرى : 2010 ـ يىل 8 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2014 ـ يىل 3 ـ ئايدا بېيجىڭدا 6 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 1230×880 م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 14.625
باھاسى : 45.00 يۈەن
ISBN 978-7-105-11013-1/I. 2196 (维318)

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

诸王传.3：维吾尔文/亚生江·沙地克著.—北京：民族出版社，2010.7（2014.3重印）
ISBN 978-7-105-11013-1

Ⅰ.①诸... Ⅱ.①亚…Ⅲ.①历史小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2010)第130123号

责任编辑：牙库甫
责任校对：阿布力米提·巴日
封面设计：艾克拜尔·萨力赫
出版发行：民族出版社　http://www.mzcbs.com
社　　址：北京市和平里北街14号　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京盛通印刷股份有限公司
版　　次：2010年8月第1版　2014年3月北京第6次印刷
开　　本：880×1230毫米　大32开
印　　张：14.625
定　　价：45.00元

ISBN 978-7-105-11013-1/I.2196（维318）